قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى
ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى

2 - قىسىم

## مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس

ئالمۇئاتا — 1966

www.uyghurkitap.com

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى

## 2 - قىسىم

### مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

1983

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كوچۈرۈپ نەشر قىلغۇچىدىن

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى II قىسىم» قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بولۇمى تەرىپىدىن سىلاۋيان يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا تۈزۈلگەن. ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىغا كوچۈرۈش جەريانىدا، كىتاپتىكى رۇسچە ئىستاتىلار تەرجىمە قىلىندى ۋە رۇسچە گىراماتىكىلىق ئاتالغۇلار مۇمكىنقەدەر ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ ئېلىندى، شۇنىڭدەك ئەسلى كىتاپتىكى ئىزاھاتلارنىڭ بىر قىسمى تاشلاپ قالدۇرۇلدى.

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى II قىسىم» ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى توغرىسىدىكى بىرقەدەر مۇكەممەل ۋە سىستېمىلىق ئەسەر ھىساپلىنىدۇ. بۇ كىتاپ مەشھۇر تىل مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ كوللىكتىپ ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ يېڭىچە نۇقتىنەزەرلەرگە ئىگە بولۇشى، مەزمۇنغا باي، نەزىريى ئاساسلىرى ئېنىق بولۇشى، تەپسىلى ۋە ئەتراپلىقلىغى جەھەتتىدىن كوزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ. ئۇنىڭدا بەزى تىل ھادىسىلىرى توغرىلىق ئېتىمولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرمۇ ئېلىپ بېرىلغان؛ مىسال سوزلەر، مىسال جۈمىلىلەرمۇ بىرقەدەر تولۇق بېرىلگەن. بىز ئىشىنىمىزكى، بۇ كىتاپ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ۋە ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىلىغى بىلەن شۇغۇللانغۇچى يولداشلارغا پايدىلىق ياردەملەرنى بەرگۈسى.

تەبىئىكى، كىتاپتا يېتىشسىز جايلار، نۇخسانلارمۇ يوق ئەمەس، بۇ قۇسۇرلۇق كىتاپخانلىرىمىزنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالماس، پايدىلىنىش جەريانىدا، كىتاپنىڭ بۇ تەرىپىگە تەنقىدىي مۇناسىۋەتتە بولۇشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

1983 ـ يىل. مارت

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........ 1

مورفولوگىيە ........ 1

مورفولوگىيىگە كىرىشىش ........ 1

مورفولوگىيە ۋە ئۇنىڭ تەكشۈرۈش ئوبيېكتى ........ 1

سۆزنىڭ تەركىبى ........ 7

تومۇر ۋە ياسالما سۆزلەر ........ 8

سۆز ياسىغۇچى ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ........ 16

سۆز ياساش ........ 24

مۇرەككەپ سۆزلەر ........ 27

قوشما ۋە بىرىككەن سۆزلەر ........ 29

قوش سۆزلەر ........ 34

قوش سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ........ 36

قوش سۆزلەرنىڭ سېمانتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ........ 37

قوش سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ........ 40

قوش سۆزلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى ........ 43

قوش سۆز تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ ئورۇن تەرتىپى ھەققىدە ........ 45

سۆز تۈركۈملىرى ........ 46

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈركۈملىرى ھەققىدە ........ 46

ئىسىم ........ 49

ئىسىم توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە ........ 49

جانلىق ۋە جانسىز ئىسىملار ........ 52

رود كاتېگورىيىسى ھەققىدە ........ 53

خاس ۋە ئومۇمىي ئىسىملار ........ 55

ئىسىملارنىڭ سان كاتېگورىيىسى ........ 58

www.uyghurkitap.com

ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كاتېگورىيىسى ........ 64
ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى ........ 72
كېلىشلەرنىڭ ئاساسىي مەنىلىرى ۋە خىزمىتى ........ 77
ئىسىملارنىڭ ياسىلىشى ........ 87
ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ........ 88
I. شەخسنى بىلدۈرگۈچى قوشۇمچىلار ........ 88
II. نەرسە ۋە ئورۇن-جاينى بىلدۈرگۈچى قوشۇمچىلار ........ 94
پېئىللارنىڭ ئاساسىغا ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلار ........ 94
ئىسىملارنىڭ ئاساسىغا ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلار ........ 102
III. ئابستراكت مەنا ئاڭلاتقۇچى قوشۇمچىلار ........ 103
سۈپەتلەرنىڭ ئاساسىغا ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلار ........ 104
ئىسىملارنىڭ ئاساسىغا ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلار ........ 105
پېئىللارنىڭ ئاساسىغا ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلار ........ 105
IV. كىچىكلىتىش، ئەركىلىتىش ۋە ئىززەتلەش قوشۇمچىلىرى ........ 106
V. ئىران تىللىرىدىن كىرگەن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ........ 108
ئا) شەخسنى بىلدۈرگۈچى قوشۇمچىلار ........ 108
ئە) ئورۇن-جاينى بىلدۈرگۈچى قوشۇمچىلار ........ 110
قوشما ۋە بىرىككەن ئىسىملار ........ 110
قوش ئىسىملار ........ 116
قىسقارتىلغان ئىسىملار ........ 118
سۈپەت ........ 120
ئەسلى سۈپەتلەر ........ 124
نىسبىي سۈپەتلەر ........ 125
تۈپ ۋە ياسالما سۈپەتلەر ........ 128
سۈپەت دەرىجىلىرى ........ 130
1. ئاددىي دەرىجە ........ 130
2. سېلىشتۇرۇش دەرىجە ........ 131
3. ئاشۇرما دەرىجە ........ 134
4. كەمىتىش دەرىجە ........ 136

5. سۈپەتلەرنىڭ سۈبېكتىپ باھا كاتېگورىيىسى ........ 137
سۈپەتلەرنىڭ ياسىلىشى ........ 138
سۈپەتلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك يول بىلەن ياسىلىشى ........ 138
ئىسىمدىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ........ 138
پېئىلدىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ........ 142
رۇس تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۈپەتلەر مەسىلىسى ھەققىدە ........ 146
سۈپەتلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق يول بىلەن ياسىلىشى ........ 149
سۈپەتلەرنىڭ ئىسىملىشىشى ........ 152
سۈپەتلەرنىڭ جۈملىدىكى خىزمىتى ........ 156
سان ........ 157
سانلارنىڭ لېكسىكا ـ سېمانتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ........ 159
سانلارنىڭ مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى ........ 160
سانلارنىڭ سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەتلىرى ........ 162
سانلارنىڭ سېمانتىكا ـ مورفولوگىيىلىك تۈركۈملىرى ........ 162
1. ساناق سان ........ 163
"بىر" سۆزى ھەققىدە ........ 166
2. دەرىجە سان ........ 167
3. مۆلچەر سان ........ 169
4. توپلۇق سان ........ 173
5. ئۈرتاق سان ........ 174
6. ئۈلۈش (كەسىر) سان ........ 176
ئالماش ........ 178
1. ئالماشلارنىڭ لېكسىكا ـ سېمانتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ........ 179
2. ئالماشلارنىڭ مورفولوگىيىلىك بەلگىلىرى ........ 180
3. ئالماشلارنىڭ سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەتلىرى ........ 182
ئالماشلارنىڭ تۈرلىرى ........ 183
1. كىشىلىك ئالماشلىرى ........ 184
2. كۆرسىتىش ئالماشلىرى ........ 191
3. سوئال ئالماشلىرى ........ 199

www.uyghurkitap.com

4. ئېنىقلاش ئالماشلىرى ..... 201
5. بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى ..... 204
6. بەلگىسىزلىك ئالماشلىرى ..... 205
7. ئۆزلۈك ئالماشلىرى ..... 207
رەۋىش ..... 209
ئاددىي ۋە مۇرەككەپ رەۋىشلەر ..... 211
رەۋىشلەرنىڭ مەنە جەھەتتىن بولۇنۇشى ..... 213
رەۋىشلەرنىڭ ياسىلىشى ..... 215
I. رەۋىشلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك يول بىلەن ياسىلىشى ..... 216
II. رەۋىشلەرنىڭ مورفولوگىيە ـ سىنتاكسىسلىق يول بىلەن ياسىلىشى ..... 221
III. رەۋىشلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق يول بىلەن ياسىلىشى ..... 222
IV. رەۋىشلەرنىڭ سېمانتىكىلىق يول بىلەن ياسىلىشى ..... 223
فرازېولوگىيىلىك بىرىكمىلەرنىڭ رەۋىش ئورنىدا ئىشلىتىلىشى ..... 229
رەۋىش دەرىجىلىرى ..... 231
رەۋىشلەرنىڭ باشقا سۆز تۈركۈملىرى ۋەزىپىسىدە قوللىنىلىشى ..... 233
رەۋىشلەرنىڭ سىنتاكسىسى ..... 234
پېئىل ..... 236
پېئىلنىڭ ئاساسىي بەلگىلىرى ۋە مەنىلىرى ..... 236
پېئىلنىڭ بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز فورمىلىرى ..... 239
پېئىلنىڭ ياسىلىشى ..... 240
ياسالما پېئىللار ..... 244
باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن ھاسىل بولغان ياسالما پېئىللار ..... 246
مۇرەككەپ پېئىللار ..... 249
مۇرەككەپ پېئىل ..... 260
ياردەمچى پېئىللار ..... 263
پېئىلنىڭ ئىسىملاردىن ياسالغان مۇرەككەپ ئاساسى ..... 273
ئۆتۈملۈك ۋە ئۆتۈمسىز پېئىللار ..... 278

پېئىلنىڭ دەرىجىلىرى ........ 282
ئۆزلۈك دەرىجە ........ 283
ئۆزگە دەرىجە ........ 286
ئۆملۈك دەرىجە ........ 288
مەجبۇر دەرىجە ........ 291
پېئىلنىڭ تۈرلىنىشى ........ 295
پېئىلنىڭ مەيىللىرى ........ 298
بۇيرۇق مەيىل ........ 300
ئېنىق مەيىل ........ 302
خالاش مەيىل ........ 302
شەرت مەيىل ........ 305
گۇمان مەيىل ........ 306
مەقسەت مەيىل ........ 308
زامان كاتېگورىيىسى ........ 309
ھازىرقى زامان ........ 311
كېلىدىغان زامان ........ 315
ئۆتكەن زامان ........ 324
سۈپەت پېئىل ........ 328
سۈپەت پېئىللارنىڭ ياسىلىشى ........ 334
ھال پېئىل ........ 337
ھال پېئىللارنىڭ ياسىلىشى ........ 341
ئىسىمداش ۋە ھەركەت نامى ........ 346
پېئىلنىڭ سىنتاكسىسلىق رولى ........ 352
ياردەمچى سۆزلەر ........ 353
تىركەلمىلەر ........ 355
باغلىغۇچىلار ........ 360
1. بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلار ........ 364
2. ئايرىغۇچى — تەكرار باغلىغۇچىلار ........ 365
3. سەۋەب — نەتىجە باغلىغۇچىلار ........ 366

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

4. شەرتلىك باغلىغۇچىلار ........................................ 368
5. قارىمۇ ـ قارشى باغلىغۇچىلار ........................................ 369
6. ئىزاھلىغۇچى باغلىغۇچىلار ........................................ 370
ئۈلانمىلار ........................................ 370
مودال سۆزلەر ........................................ 379
مودال سۆزلەرنىڭ ئاڭلىتىدىغان ئاساسىي مەنىلىرى ........................................ 381
مودال سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ........................................ 382
مودال سۆزلەرنىڭ باشقا سۆز تۈركۈملىرى بىلەن باغلىنىشى ........................................ 385
ئىملىقلار ........................................ 386
ئىملىقلار توغرىلىق ئومۇمى چۈشەنچە ........................................ 386
ئىملىقلارنىڭ تۈزۈلۈشى ........................................ 387
ئىملىقلارنىڭ تۈرلىرى ........................................ 388
ئىملىقلارنىڭ گىراماتىكىلىق خاراكتېرىستىكىسى ........................................ 393
تەقلىدىي سۆزلەر ........................................ 393
تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ........................................ 396
تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ........................................ 398

## سىنتاكسىس

سىنتاكسىسقا كىرىشىش ........................................ 403
سىنتاكسىس ۋە ئۇنىڭ تەكشۈرۈش ئوبيېكتى ........................................ 403
سۆز بىرىكمىسى ۋە ئۇنىڭ جۈملىدىكى رولى ........................................ 406
سۆزلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق باغلىنىشى ........................................ 413
جۈملە توغرىسىدا ئومۇمى چۈشەنچە ........................................ 422
جۈملە موچىلىرى ........................................ 431
ئاددىي جۈملە ........................................ 434
ئىگە ........................................ 435
خەۋەر ........................................ 440
جۈملىنىڭ ئەگەشمە موچىلىرى ........................................ 447

تولۇقلىغۇچى ........ 448
ئېنىقلىغۇچى ........ 456
ئىزاھلىغۇچى ........ 461
ھالەت ........ 464
بىر خىل موچىلەر ........ 472
ئاددى جۈملىدە سوز تەرتىۋى ........ 481
ئاددى جۈملىلەرنىڭ تۈرلىرى ........ 497
گىراماتىكىلىق جەھەتتىن جۈملىلەر بىلەن باغلانمىغان سوزلەر
ۋە سوز بىرىكمىلىرى ........ 510
قوشما جۈملە ........ 520
قوشما جۈملە توغرىلىق چۈشەنچە ........ 520
جۈملىلەرنى باغلاش ۋە بېقىندۇرۇش ........ 526
باغلانغان قوشما جۈملىلەر ........ 527
بىرىكتۈرۈش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان باغلانغان قوشما
جۈملىلەر ........ 528
قارىمۇ - قارشىلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان قوشما جۈملىلەر ........ 538
ئايرىش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان قوشما جۈملىلەر ........ 542
بېقىندا قوشما جۈملىلەر ........ 543
ئېگە بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەر ........ 545
خەۋەر بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەر ........ 547
تولۇقلىغۇچى بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەر ........ 548
ئېنىقلىغۇچى بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەر ........ 551
ۋاقىت بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەر ........ 552
ئورۇن بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەر ........ 558
سەۋەپ بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەر ........ 559
شەرت بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەر ........ 563
مەقسەت بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەر ........ 567
قارشىلىق بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەر ........ 568
نەتىجە بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەر ........ 569

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com


ھالەت بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەر ........................ 572
مىقدار ـ دەرىجە بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەر ........................ 576
ئوخشىتىش ـ سېلىشتۇرۇش بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەر ........ 577
باغلىغۇچىسىز بېقىندا قوشما جۈملىلەر ........................ 581
بىرلەچچە بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەر ........................ 588
ئارىلاش قوشما جۈملىلەر ........................ 601
كۆچۈرمە ۋە ئۆزلەشتۈرمە گەپلەر ........................ 605
كۆچۈرمە گەپ ........................ 606
ئۆزلەشتۈرمە گەپ ........................ 619

# مۇقەددىمە

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى II قىسىم (I قىسىم 1963-يىلى نەشر قىلىنغان) مورفولوگىيە بىلەن سىنتاكسىس بۆلۈملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە شۇنىڭغا خاس تىل قانۇنلىرىنى ئىزچىل رەۋىشتە بايان قىلىشقا بېغىشلانغان.

مەلۇمكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى تېخى ھەقىقىي ئىلمىي ئاساستا ئەتراپلىق تەتقىق قىلىنمىدى. ئايرىم تىل كاتېگورىيىلىرى پەقەت كېيىنكى ۋاقىتلاردىلا دەسلەپكى تەكشۈرۈش ئوبيېكتى بولۇپ كەلمەكتە. شۇڭلاشقا مورفولوگىيىنىڭ، بولۇپمۇ سىنتاكسىسنىڭ ھەممىلا مەسىلىلىرى مۇشۇ كىتابتا ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي ئىلمىي ئىپادىسىنى تاپتى دەپ ئېيتالمايمىز.

تۈركىي تىللارنىڭ گىراماتىكىسىغا ئائىت ئايرىم تالاش-تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىدىغان مەسىلىلەر باركى، ئۇلار بويىچە ئومۇمەن تۈركولوگىيە دائىرىسىدە ئاخىرقى بىر خۇلاسە چىقىرىلغان ئەمەس. ئاپتورلار كوللېكتىۋى مۇنداق مەسىلىلەردە ئەڭ ئاۋال ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆز تىل پاكىتلىرىغا ئاساسلىنىش بىلەن بىللە، كۆپچىلىك ئالىملار ئىقرار قىلغان كۆزقاراشلارنى ئاساسىي ئورۇنغا قويىدى.

كىتابتا بىرەر مۇھىم مەسىلە بويىچە ئاپتورلارنىڭ ئۆز ئىچىدە كېلىشەلمىگەن پىكىر قارىمۇ-قارشىلىقلىرى يوق. لېكىن ھەر ئاپتورنىڭ ئېگىشلىك ماتېرىيالنى ئىزھار قىلىش ئۇسۇلىدا ۋە يېزىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىستىلىدا بايقىلىدىغان ئۆزگىچىلىكلەر تامامەن بىر ئىزغا كەلتۈرۈلدى دېيىش قىيىن. شۇنداقلا بەزى تىلشۇناسلىق تېرمىنلارمۇ كېلىچەكتە ئويلىنىشنى ۋە قانۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

كىتاپ تۆۋەندىكى ئاپتورلار كوللېكتىۋى تەرىپىدىن يېزىلدى: ئۇ. جامالدىنوۋ — "كوچۇرمە ۋە ئۆزلەشتۈرمە گەپ"؛ ئا.ت. كايداروۋ — "سان"، "ئالماش"، "ياردەمچى سوزلەر"؛ ش، ۋ. كىبىروۋ — "پېئىل"، "ھالەت، قارشىلىق، مەقسەت، ئوخشىتىش-سېلىشتۇرۇش بېقىندى قوشما جۈملىلەر"؛ ز. قاھاروۋ — "ئىملىق سوزلەر"؛ ئى. مۇسازايېۋ — "مودال سوزلەر" "ئېنىقلىغۇچى"، "ئارىلاش قوشما جۈملىلەر"؛ غ. سەدۋاقاسوۋ — "مورفولوگىيىگە كىرىشىش"، سوز تۈركۈملىرى"، "ئىسىم"، "سۈپەت"، "سىنتاكسىسقا كىرىشىش"؛ ئى. سېمەتوۋ — "تەقلىدىي سوزلەر"، "ئاددى جۈملە"؛ ئۇ. جامالدىنوۋ بىلەن ت. تالىپوۋ — "رەۋىش"؛ ك.ش. تۇردىيېۋا بىلەن يۇ. سۇنىۋازوۋ — "بىر خىل موچىلەر"، يۇ. سۇنىۋازوۋ — "قوشما جۈملە".

كىتاپنىڭ قول يازمىسىنى باشتىن-ئاياق قاراپ چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ باھالىق مەسلىھەتلىرى بىلەن يېقىندىن ياردەملەشكەن ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئا. س. پۇشكىن نامىدىكى تىل ۋە ئەدەبىيات ئىنىستىتۇتىنىڭ چوڭ ئىلمىي خادىملىرى، فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ كاندىداتلىرى ئى. ئىسمايىلوۋ بىلەن ك. مىلىيېۋقا ئاپتورلار چوڭ مىننەتدارلىق ئىزھار قىلىدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ كىتاپ ھەققىدىكى پىكىر ۋە تىلەكلىرى كەلگۈسىدە ئۇنىڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشقا ياردەم بەرگەن بولار ئىدى.

بىزنىڭ ئادرېسىمىز: ئالمۇتا، شېۋچېنكو كوچىسى، 28، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى.

# مورفولوگىيە

## مورفولوگىيىگە كىرىشىش

### مورفولوگىيە ۋە ئۇنىڭ تەكشۇرۇش ئوبيېكتى

مورفولوگىيە① گىراماتىكىنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئۇ تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى سوزلەرنى گىراماتىكىلىق نۇقتىنەزەردىن تەكشۇرىدۇ. دېمەك، مورفولوگىيىنىڭ تەكشۇرۇش ئوبيېكتى — سوز.

مەلۇمكى، سوز لېكسىكولوگىيىنىڭمۇ ئوبيېكتى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. لېكىن سوز لېكسىكولوگىيە بىلەن مورفولوگىيىدە تامامەن ئىككى تۇرغۇدىن ھەم باشقا-باشقا مەقسەتلەر بىلەن قارىلىدۇ. ئەگەر سوزلەر لېكسىكولوگىيىدە تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى، لېكسىكىلىق سىستېمىسىنى بىلىش مەقسىدى بىلەن ئۇگىنىلىدىغان بولسا، ئۇلار مورفولوگىيىدە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشنى، سوزلەرنى ئوزگەرتىشكە ئېلىپ بارىدىغان ھەر خىل قانۇن-قائىدىلەرنى بىلىش مەقسىدى بىلەن ئۇگىنىلىدۇ. يەنى لېكسىكولوگىيە ئۇچۇن سوزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى، كېلىپ چىقىشى، ئىستىلىستىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى، تىلدا ئاكتىپ ياكى پاسسىپ تۇردە قوللىنىلىدىغانلىقى مۇھىمدۇر. ئەمدى مورفولوگىيىدە بولسا سوزنىڭ تەركىۋى، گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى تەھلىل قىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىنسان دىگەن سوزنى لېكسىكولوگىيە نۇقتىنەزەردىن مۇنداق تەرىپلەش مۇمكىن: ئۇ ئادەم،

---

① مورفولوگىيە گىرېك تىلىدىكى morphe "فورما"، "شەكىل" ۋە logos "تەلىمات" سوزلىرىدىن تەركىپ تاپقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كىشى دېگەن سۆزلەر بىلەن مەنىداش، ئۇيغۇر تىلىغا ئىران تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن مەنىداش سۆزلەرگە (ئادەم، كىشى سۆزلەرىگە) نىسبەتەن تارراق دائىرىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئاساسەن پوئېزىيە ئىستىلىغا خاس، قانداقتۇ بىر كوتىرەڭگۈ ئاھاڭ، رەڭ ھاسىل قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ۋە باشقىلار. ئەمدى مۇشۇ سۆز مورفولوگىيە تۇرغۇسىدىن: باش كېلىشتە، بىرلىك ساندا تۇرغان جانلىق ئىسىم، كېرەك بولىدىكەن، مەزكۇر سۆز ئىسىمغا خاس ھەممە سۆز تۈرلەش فورمىلىرىدا كېلىش قابىلىيىتىگە ئىگە دەپ تەرىپلىنىدۇ. دېمەك، ھەرقانداق سۆز لېكسىكىلىق ھەم گىراماتىكىلىق مەنىلەرنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت.

مورفولوگىيە سۆزلەرنى ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈش ئوبيېكتى سۈپىتىدە قارىغاندا، تىلنىڭ مورفولوگىيىلىك قانۇنلىرىنى، سۆزلەرنىڭ ئۆزگىرىش ھەم تۈزۈلۈش قانۇنلىرىنى بەلگىلەيدۇ. لېكىن مەزكۇر قانۇن-قائىدىلەر، سۆزلەرنىڭ كونكرېت لېكسىكىلىق مەنىسىدىن، كېلىپ چىقىشى بىلەن ئىستىلىستىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن ۋە ئاكتىپ ياكى پاسسىپ رەۋىشتە قوللىنىلىدىغانلىقىدىن قەتئىنەزەر، ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە ئومۇملاشقان ياكى ئابستراكتلاشقان گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادە قىلغۇچى فورمىلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئەگەر "كىتاپقا" "ئايىغا" "كۆلگە" "تارىخقا" "شامالغا" "ھەقىقەتكە" دېگەن سۆزلەرنى ئالىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرى بىر بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئۇلار تەبىئەتتىكى ۋە جەمىيەت ھاياتىدىكى ھەر خىل نەرسە ۋە چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما بۇ كەلتۈرۈلگەن سۆزلەرنى مورفولوگىيىلىك جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بىرقانچە خۇسۇسىيەتلەر مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، مەزكۇر سۆزلەرنىڭ ھەممىسى بېرىش كېلىش شەكلىدە تۇرۇپ، مەلۇم گىرام-

ماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ؛ لېكسىكىلىق مەنىلەرنىڭ تامامەن باشقا-باشقا بولۇپ كەلگەنلىكىگە قارىماستىن، ئۇلار ئىسىم كاتېگورىيىسىگە خاس سۆزلەردۇر. بۇلاردىن تاشقىرى، مەزكۇر سۆزلەر بىرلىك سانىدىكى جانسىز ئىسىملاردۇر. بېرىش كېلىش قوشۇمچىسى ئارقىلىق پەيدا بولغان گىراماتىكىلىق مەنە شۇنچە ئابستىراكىت خۇسۇسىيەتكە ئىگىكى، ئۇ لېكسىكىلىق مەنىسى تامامەن ھەر خىل بولغان ئىسىملارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدۇ.

سۆزلەرنىڭ كونكرېت مەنىسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولمىغان مۇشۇ ئومۇمىي گىراماتىكىلىق مەنىنى ئىپادە قىلىش ئۇسۇللىرى مورفولوگىيىنىڭ ئاساسىي تەكشۈرۈش ئوبيېكتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مورفولوگىيىنىڭ تەكشۈرۈش ئوبيېكتى يۇقۇرىدىكىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، سۆزلەرنىڭ سېمانتىكىلىق، فورمال ۋە سىنتاكسىسلىق بەلگىلەر ئاساسىدا گۇرۇپپىلارغا ياكى تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشىنىمۇ تەكشۈرىدۇ.

تۈركولوگىيىدە، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقىدا، سۆز ياساش كاتېگورىيىسىمۇ مورفولوگىيىدە قارىلىدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئارقىلىق بىر سۆزنىڭ بىرنەچچە فورمىسى ياسالسۇن ياكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئارقىلىق يېڭى مەنىلىك مۇستەقىل سۆزلەر ھاسىل بولسۇن — بەرىبىر بۇلارنىڭ ھەممىسى كەڭ مەنىدە ئومۇمەن سۆز فورمىلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. سۆز فورمىلىرىنىڭ ياسىلىشى بىلەن سۆزنىڭ تۈزىلىشى بولسا، يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەندەك، مورفولوگىيىدە قارىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، سۆز تۈرلەش بىلەن سۆز ياساش كاتېگورىيىلىرى مەلۇم گىراماتىكىلىق (مورفولوگىيىلىك) قانۇنلارغا تايىنىپ، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىر ئۈلگە ۋە ئوخشاش ئۇسۇللار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. سۆز تۈرلەش ۋە سۆز ياساش ۋاستىلىرى (يەنى تومۇر ۋە قوشۇمچىلار) ئۆزئارا زىچ

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، سۆز ياساش كاتېگورىيىسىنى مورفولوگىيىدە قاراش چوڭ ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى سۆز ياساش جەريانىنى مۇناسىۋەتلىك سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئۆز دائىرىسىدە تەھلىل قىلغاندىلا ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى روشەن گەۋدىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، ئادەتتە، ھەر بىر سۆز تۈركۈمىگە مورفولوگىيىلىك خاراكتېرىستىكا بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا خاس سۆز ياساش سىستېمىسى بېرىلىدۇ.

دېمەك، مورفولوگىيە سۆزنىڭ مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى، فورمىسى ۋە شۇ فورمىلار ئىپادە قىلىدىغان گىراماتىكىلىق مەنە، شۇنداقلا سۆز تۈركۈملىرى ۋە ئۇلارغا خاس سۆز ياساش ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى تەكشۈرۈشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھەر بىر سۆزنىڭ كونكرېت لېكسىكىلىق مەنىسىدىن تاشقىرى، خىلمۇ-خىل مۇناسىۋەتلەرنى بىلدۈرىدىغان ئومۇمىي، گىراماتىكىلىق مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئەگەر "ئىشلەۋاتىمىز" دېگەن سۆزنى ئالىدىغان بولساق، ئۇ پەقەت مەلۇم ھەرىكەتنىلا بىلدۈرۈپ قويماي (بۇ — مەزكۇر سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى)، شۇنداقلا شۇ ھەرىكەتنىڭ ئۆتكەندە ياكى كەلگۈسىدە ئەمەس، بەلكى ھازىر بولۇۋاتقانلىقىنى (زامان)، بىر كىشى ئەمەس، بىرنەچچە كىشىلەر ئارقىلىق ئەمەلگە ئېشىۋاتقانلىقىنى (سان)، "سىلەر" ياكى "ئۇلار" تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى "بىز" تەرىپىمىزدىن بولۇۋاتقانلىقىنى (شەخس) توغرىسىدا خەۋەر قىلىدۇ. سۆزلەرنىڭ مۇنداق مەنىلىرى ئومۇمىي خاراكتېرغا ئىگە. چۈنكى زامان، سان، شەخس چۈشەنچىلىرى "ئىشلەۋاتىمىز" دېگەن سۆزگە نىسبەتەن باشقا ھەرىكەتنى، دېمەك، باشقا لېكسىكىلىق مەنىنى ئىپادە قىلغۇچى كوپلىگەن سۆزلەر ئۈچۈنمۇ ئومۇمىدۇر. مەسىلەن، "ئوقۇۋاتىمىز" "تاشلاۋاتىمىز" "مەجبۇرلاۋاتىمىز" ۋە باشقىلار. مانا دەل مۇشۇ ئومۇمىي مەنىلەر سۆزنىڭ

گراماتىكىلىق مەنىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

تىلدىكى ھەرقانداق سۆز بىرنەچچە گراماتىكىلىق مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، بۇ مەنىلەر مەلۇم ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ. بىرەر گراماتىكىلىق مەنە ھاسىل قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان تىل ۋاستىلىرى گراماتىكىلىق فورما دەپ ئاتىلىدۇ. گراماتىكىلىق فورمىسىز گراماتىكىلىق مەنىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئەستە بولۇش كېرەككى، سۆزنىڭ گراماتىكىلىق مەنىسى تىلدىكى ھەر خىل ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما مۇنداق ۋاستىلەرنىڭ پەقەت سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلاردىنلا بولۇپ كېلىشى ھەم ئۇلارنىڭ ھەممىلا ۋاقىتتا ئۆز ئورنىدا تۇرۇشى شەرت ئەمەس. بەزىدە سۆزنىڭ گراماتىكىلىق مەنىسى جۈملە ئىچىدە ئۆزى باغلىنىپ كەلگەن باشقا سۆزلەر ئارقىلىقمۇ بىلىنىدۇ. مەسىلەن، "كولخوز بېغى"؛ "چاي ئىچتى" دېگەن سۆز بىرىكمىلىرىدىكى "كولخوز" ۋە "چاي" سۆزلىرى قارىماققا باش كېلىش شەكلىدە تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. چۈنكى ئۇلار بىرەر گراماتىكىلىق فورمىسىز قوللىنىلغان. لېكىن ئەسلىدە "كولخوز" ئىگىلىك كېلىش، "چاي" چۈشۈم كېلىش شەكلىدە تۇرۇپ، مەلۇم گراماتىكىلىق مۇناسىۋەتلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنى مەزكۇر سۆزلەر باغلىنىپ كەلگەن "بېغى" "ئىچتى" سۆزلىرى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا مەلۇم بىر سۆزنىڭ بىرنەچچە فورمىلىرى ھەر خىل گراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. سۆزنىڭ تۈرلۈك فورمىلىرى ئاساسەن سىنتاكسىسلىق يول بىلەن، يەنى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، "ئۈستەلنىڭ، ئۈستەلگە، ئۈستەلدىن، ئۈستەلنى، ئۈستەلدە، ئۈستەللەر، ئۈستىلىم، ئۈستىلىڭ، ئۈستىلى" دېگەن سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاساسى تۈرى بولغان "ئۈستەل" سۆزىنىڭ ھەر خىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

فورمىلىرىدۇر. چۈنكى مەزكۇر فورمىلار ”ئۆستەل“ سۆزىگە نىسبەتەن مۇستەقىللىقتا ئىگە ئەمەس، دېمەك، ئۇلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى يىر. ئەمما كەلتۈرۈلگەن فورمىلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا مەھ-سۇس گىراماتىكىلىق مەنە ھاسىل قىلىدۇ.

ئادەتتە، ئۇيغۇر تىلىدا سۆزنىڭ بىر فورمىسى پەقەت بىرلا گىراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ”ئالمىلار“ — ئالمىنىڭ كۆپلىكىنى، ”ئالمىسى“ — ئالمىنىڭ ئۈچىنچى شەخسكە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى، ”ئالمىنىڭ“ — ئالمىغا تەۋەلىكنى بىلدۈرىدۇ ۋە باشقىلار. لېكىن گايىدا بىر گىراماتىكىلىق فورما بىرنەچچە گىراماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ”ئالمىمىز“ — بىرىنچىدىن، ئالمىنىڭ بىزگە، يەنى بىرىنچى شەخسلەرگە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى، ئىككىنچىدىن، ئالمىغا ئىگە بولغان شەخسلەرنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئارىدا ”ئالما“ سۆزىگە ئۇلىنىپ كەلگەن ”-مىز“ قوشۇمچىسى بىردىنلا ئىككى گىراماتىكىلىق مەنىنى (يەنى ئىگىلىك ۋە سان مەنىلىرىنى) ئىپادىلەپ كەلگەن.

تىلدىكى خىلمۇ-خىل گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سۆز فورمىلىرى (مەسىلەن، ”مال“ ”مال-نىڭ“ ”مالنى“ ”مالغا“ ”مالدىن“ ”مالدا“ ”ماللار“ ”مېلىم“ ”مېلىڭ“ ”مېلى“ ”ماللىرىمىز“ ۋە باشقىلار) بىر تومۇردىن ھاسىل بولغان تومۇرداش سۆزلەردىن (مەسىلەن، ”مال“ ”مالچى“ ”مالدار“ ”مالچىلىق“ ”مالخانا“ ۋە باشقىلار) كەسكىن پەرقلىنىدۇ. سۆز فورمىلىرى پەقەت گىراماتىكىلىق مەنىلىرى جەھەتتىنلا ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرى بولسا بىر-بىرىگە ئوخشاشتۇر. مۇستەقىل مەنىلەرگە ئىگە بولغان تومۇرداش سۆزلەرنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز نۆۋىتىدە يۇقۇرىدىكى گىراماتىكىلىق فورمىلاردا قوللىنىلىشى مۇمكىن؛ مەسىلەن، ”مالچى“ — ”مالچىنىڭ“ ”مالچىغا“

"مالچىدا"؛ "مالچىلىق" — "مالچىلىقنىڭ" "مالچىلىققا" "مالچىلىقتا" ۋە باشقىلار.

تۈركى تىللاردا فورما ھاسىل قىلغۇچى ۋە سۆز ھاسىل قىلغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ بۇ خىل پەرقلىرىگە قارىماستىن، ئايرىم قوشۇمچىلار بۇ ئىككى كاتېگورىيىنىڭ قايسىسىغا ياتىدىغانلىقىنى ئېنىقلاش مەسىلىسى ئەتراپىدا خېلى قىيىنچىلىقلار بار. مەسىلەن، ئىسىم ساھەسىدە سۇبيېكتىپ باھا قوشۇمچىلىرى، ئەمدى سۈپەت ۋە پېئىل ساھەسىدە دەرىجە قوشۇمچىلىرى ۋە باشقىلار.

## سۆزنىڭ تەركىۋى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى ھەممە سۆزلەر مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا چوڭ ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى تۈرلىنىدىغان، يەنى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارغا ئىگە سۆزلەردىن ئىبارەت. مۇنداق سۆزلەر پىكىر ئىپادىلەش جەريانىدا گىراماتىكىنىڭ ئېھتىياجىغا بىرلىشىپ، تۈرلۈك فورمىلاردا قوللىنىلىشى مۇمكىن. ئىككىنچىسى تۈرلەنمەيدىغان، دېمەك، سۆز تۈرلىگۈچى مەخسۇس قوشۇمچىلىرى يوق سۆزلەردۇر (مەسىلەن، رەۋىش، ياردەمچى سۆزلەر، ئىملىق ۋە تەقلىدىي سۆزلەر ۋە باشقىلار). بۇ تۈركۈمگە ياتىدىغان سۆزلەر ھەرقانداق شارائىتتا ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى فورمىلىرىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ كۆپچىلىك قىسمى تۈرلىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. شۇڭلاشقا مۇنداق سۆزلەرنى ئاساس ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارغا ئاجرىتىش مۇمكىن. سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنە ئاڭلىتىدىغان قىسمى ئاساس دەپ ئاتىلىدۇ، يەنى سۆزنىڭ سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنى ئېلىپ تاشلىغاندىن كېيىنكى قالغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى

بولىـــدىغان ئاساس بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. جۈملىـــدە سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەپ، سىنتاكسىسلىق خىزمەت ئاتقۇرىدىغان قىسمى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسـىلەن، ”دەپــتەرلىرى-مىزنى“ دېــگەن سۆزنىڭ ئاساسى ـــ لېكسىكىــلىق مەنە ئاڭلىتىدىــغان قىسـمى ـــ ”دەپــتەر“؛ ئۇنىڭغا ئۇلىنىپ كەلگەن ”-لەر“ ”-ىــمىز“ ”-نى“ مورفېمىــلىرى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلاردۇر.

## تومۇر ۋە ياسالما سۆزلەر

ئاساسنىڭ مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىــيەتــلىرىگە قاراپ، ئۇيــغۇر تىلىدىكى سۆزلەر تومۇر ۋە ياسالما ســۆز دەپ ئىككىــگە بولۇنىــدۇ. مەسـىــلەن، ”بــاش“ ”بىل (مەك)“ ”بىــر“ ”ئىــش“ ”ئۇيــغــۇر“ ”چىراي“ ”ئاق“ ”قىز“ ”سۆز“ ”كوك“ تومۇر سۆزلىرىــدۇر. ئەمــدى ”باشچى“ ”بىلىم“ ”بىرىنچى“ ”ئىشلە (مەك)“ ”ئۇيــغۇرچە“ ”چىراي-لىق“ ”ئاقار (ماق)“ ”قىــزچاق“ ”سۆزلە (مەك)“ ”كوكەر (مەك)“ ياسالما سۆزلەر ھېساپلىنىدۇ.

بۇ ئىككى گۇرۇپپىدىكى سۆزلەرنىڭ ئالدىنقىــلىرى، يەنى تومۇر سۆزلەر، مورفولــوگىيىلىــك قىسىمــلارغا بولۇنمــەيــدۇ؛ مەســىلەن، ”باش“ دېــگەن سۆزنى ”با+ش“ ياكى ”ب+ا+ش“ ياكى بولمىــسا ”ب+اش“ شەكلىدە قىسىمــلارغا بولۇش مۇمــكىن ئەمەس. كېيىنكى گۇرۇپپىدىكى سۆزلەر بولسا مەزكۇر تومۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ بىرلىكىدىن تەشكىل تاپــقان. شۇڭ-لاشقا ئۇلارنى ئايرىم قىسىملارغا ئاجرىــتىش مۇمــكىن: ”باش+چى“ ”بىل+ىم“ ”بىر+ىنچى“ ”ئىش+لە (مەك)“ ”ئۇيغۇر+چە“ ”سۆز+لە (مەك)“ ”كوك+ەر (مەك)“ ۋە باشقىلار. دېمەك، ئۇلار مەخــسۇس قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ياســىلىپ، ئۆزلىــرىنىڭ تومۇرلىــرىغا

نىسبەتەن يېڭى سېمانتىكىلىق مەزمۇنغا ئىگە سۆزلەر سۈپىتىدە قېلىپلاشقان.

سۆزنىڭ تومۇرى ئاساسىي، تۈپكى مەنىنى ئاڭلىتىپ، ھەرقاچان مۇستەقىل قوللىنىلىدۇ. سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردا مۇنداق مۇستەقىللىق يوق. ئۇلار پەقەت تومۇرغا ئۇلانغاندىلا يېڭى مەنىلىك سۆز ھاسىل قىلالايدۇ. سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىنىڭ مەنىسى ئاساسىي مەنىنى بىلدۈرىدىغان قىسىمنىڭ (يەنى تومۇرنىڭ) مەنىسى بىلەن باغلىق بولىدۇ. ياسالما سۆزنىڭ مەنىسى ئۇنىڭ تەركىبىگە كىرگەن مورفېمىلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مەنىلەرنىڭ يىغىندىسىدىن كېلىپ چىقىدۇ. دېمەك، سۆزنىڭ تەركىبىگە كىرگەن ھەر بىر ئېلېمېنت، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل قوللىنىلىدىغان ياكى قوللىنىلمايدىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز مەنىسىگە ئىگە. سۆزنىڭ مۇنداق مەنە ئاڭلىتىدىغان قىسمى "مورفېما" دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، "ئىشلىتىلىدىغانلىقى" دېگەن سۆزدە سەككىز مورفېما بار: "ئىش (تومۇر)" "-لە (پېئىل ھاسىل قىلغۇچى قوشۇمچە)" "-ت (مەجبۇر دەرىجىسىنىڭ قوشۇمچىسى)" "-ئىل (ئۆزگە دەرىجىسىنىڭ قوشۇمچىسى)" "-ئە (ھال پېئىلىنىڭ قوشۇمچىسى)" "-دىغان (سۈپەت پېئىلىنىڭ قوشۇمچىسى)" "-لىق (ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە)" "-ئى (ئىگىلىك قوشۇمچىسى)".

تومۇر يالغۇز تۇرۇپمۇ مەنە ئاڭلىتىدىغان، جۈملىنىڭ بىرەر مۇچىسى بولۇپ خىزمەت ئاتقۇرالايدىغان بۆلەكتۇر. ئەسلى ئۇيغۇر سۆزلىرىدە ئۇ كۆپىنچە ئىككى ياكى ئۈچ تاۋۇشتىن ئىبارەت بىر بوغۇملۇق سۆزدۇر. ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ئىككى، گايىدا ئۈچ بوغۇمدىن تەشكىل تاپقان تومۇرلارنىڭ كۆپچىلىكى تارىخىي جەھەتتىن ئەسلى ئىككى ياكى ئۈچ ئۈندىنمۇ ئارتۇق مورفېمىلاردىن تۈزۈلگەن. مەسىلەن، "بوشۇك — بو+شۇك" "يۈرەك — يۈ+رەك" "يامغۇر —

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يامغۇر" "يايلاق — ياي (ياز)+لا+ق" ۋە باشقىلار. كوپ بوغۇملۇق تومۇرلارنىڭ تەركىۋىنى ئېنىقلاش ھەممىلا ۋاقىتتا مۇمكىن بولۋەرمەيدۇ. مەسىلەن، "بۇغداي" "ئالما" "ئاياق" "كىشى" "ياغاچ" ئوخشاش سوزلەرنىڭ تەركىۋى ھازىرقى تىلىمىزدا مەلۇم ئەمەس.

سوز ئاساسىنىڭ تومۇر ياكى ياسالما ئىكەنلىكىنى ئۇلارنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە قاراپ ئاجرىتىمىز. مەسىلەن، "باغۋەن" "سەزگۇر" "تۇزلۇق" دىگەن سوزلەر "باغ" "سەز (مەك)" "تۇز" سوزلىرىنىڭ مەنىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭلاشقا ئۇلارنى ئايرىم قىسىملارغا ئاجرىتالايمىز. لېكىن بەزى سوزلەر ئوتكەن بىر دەۋرلەردە ياسالغان بولسىمۇ، ئۇلارنى ھازىر مورفولوگىيىلىك جەھەتتىن قىسىملارغا (تومۇر ۋە قوشۇمچىلارغا) ئايرىش مۇمكىن ئەمەس. ئېتىمولوگىيىلىك تەكشۇرۇش نەتىجىسىدە بىر سوزنىڭ تەركىۋىدە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئوشۇق مورفېملارنىڭ بارلىغىنى ئېنىقلىشىمىز مۇمكىن، لېكىن ئۇ مورفېملارنىڭ ھەممىسى ياكى بىرەسى (يا تومۇر، يا قوشۇمچە) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمىلىيىتىدە ئىشلىتىلمەيدۇ. مەسىلەن، "ئارقا" سوزى مۇشۇ فورمىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولوگىيىلىك تۇزۇمى نوقتىنەزىرىدىن بىر پۇتۇن مورفېما ھىساپلىنىدۇ ۋە ئۇنى ئايرىم قىسىملارغا ئاجرىتىش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن ئەسلىدە، بۇ سوز "ئار-ۋە-قا" دىگەن ئىككى مورفېمىدىن ئىبارەت. ئارقا ("ئارقاڭغا بۇرۇل)" ۋە "ئارت (ئارتتا قالدى)" سوزلىرىنىڭ تومۇرى — "ئار — " ئۇنىڭغا ئۇلىنىپ كەلگەن قوشۇمچىلار — "-قا ۋە-ت". "ئار" سوزى قەدىمقى تىلدا "كەينى تەرەپ" "شىمال تەرەپ" دىگەن مەنىدە قوللىنىلغان.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئىتتەر (مەك)" تومۇر سوز. لېكىن ئۇ تارىخىي جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا ئىككى مورفېمىدىن ئىبارەت بولۇپ، "ئىت (سىلىشتۇرۇڭ ئىت — ئىشت، ئىككى —

ئىشكى)" قىدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا "ئىتتەرمەك" "سۇرمەك" "قىسمىرلە-
ماق" "تەۋرەتمەك" دىگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن. بارا-بارا مەز-
كۇر "ئىت (ئىشت)" سوزى بىلەن "تەر" قوشۇمچىسى بىرىكىپ، ها-
زىرقى بىر پۈتۈن "ئىتتەر (مەك)" تومۇرىنى ھاسىل قىلغان. خۇددى
شۇنىڭغا ئوخشاش، تۈركى تىللاردىكى "كەل (مەك)" "كەت (مەك)"
پېئىللىرىمۇ، بەزى ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈشىچە، "كە" دىگەن پېئىلغا
"-ل" "-ت" قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسالغان تومۇر-
داش سوزلەردۇر.

ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ئايرىم قىسىملارغا ئاجرالماي، بىر پۈتۈن
تومۇر دەپ تونۇلىدىغان "ئىلقا" "ئىلدام" "ئىلگىرى" "ئىلان"
"ئىلىجىماق (قازاقچە جىلجۇ)" سوزلىرىنى "ئىل-" دىگەن تومۇر
سوزگە مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسالغان
تارىخىي تومۇرداش سوزلەر دەپ تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ.

تىلدا "يېڭى" تومۇر سوزلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئېلىپ بارىدىغان
قانۇنىيەتلەر خىلمۇ-خىلدۇر:

1. تارىخىي ياسالما سوزنىڭ ھەم تومۇرى، ھەم سوز ياسىغۇچى
قوشۇمچىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئۇزلىرىنىڭ مۇستەقىل
قوللىنىلىش ياكى سوز ھاسىل قىلىش قابىلىيىتىدىن تامامەن
مەھرۇم بولغان. مەسىلەن، "كىشەن" سوزى ھازىر ئايرىم قىسىملارغا
ئاجرالمايدىغان تومۇر دەپ تونۇلىدۇ. لېكىن ئۇ ئەسلىدە "كىشە"
دىگەن پېئىلدىن ھەم "-ن" قوشۇمچىسىدىن تەركىپ تاپقان. بۇ
مورفېمالارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ھازىرقى تىلىمىزدا پاسسىپ زاپاسقا
ئوتۇپ كەتكەن ۋە بۇ ئەھۋال "كىشەن" سوزىنى ئاجرالماس بىر
پۈتۈن مورفېما دەپ تونۇشقا ئاساس بولىدۇ.

2. تارىخىي ياسالما سوزنىڭ تومۇرى تىل تەرەققىياتىدا مۇستە-
قىل قوللىنىلىش قابىلىيىتىدىن ئايرىلىپ، لۇغەت تەركىۋىدىن چىقىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قالىدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا ئۇلىنىپ كەلگەن قوشۇمچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئاكتىپ ئىشلىتىلىشى مۇمكىن. مۇشۇ شارائىتتا قوشۇمچە كونا تومۇرغا كۆچۈپ، ئۇنىڭغا سىڭىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە يېڭىۋاشتىن تۈزۈلگەن ”يېڭى“ تومۇر ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن، ”ئاتلا“ ”يېتىلە“ ”مورلا“ ”غىردا“ ”ئۈتلە (قازاقچە ۋىيتتەۋ)“ ”تاتىلا“ ”چەيلە“ ”چارلا“ ”پاتلا“ ئوخشاش سۆزلەردە تەكرارلىنىدىغان ”-لا (-دا)“ قوشۇمچىسى ئەڭ ئۇنۇملۇكتۇر (”سۆزلە“ ”ئىشلە“ ”رېمونتلا“ ”كوزلە“ دېگەنگە ئوخشاش). ئەمما مەزكۇر قوشۇمچە ئۇلىنىپ كەلگەن ”ئات-“ ”يېت-“ ”مور-“ ”غىر-“ ”ئۈت-“ ”تات-“ ”چەي-“ ”چار-“ ”پات-“ سۆزلىرىنىڭ ھازىرقى تىلىمىزدا مۇستەقىل ئىشلىتىلمەيدىغانلىقى قوشۇمچىنىمۇ مۇستەقىل مورفېما بولۇش خۇسۇسىيىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. كەلتۈرۈلگەن سۆزلەر ھازىر تومۇر دەپ قارىلىدۇ. شۇنداقلا ”ئېيىت>ئايت“ ”قايت“ پېئىللىرىدا ”ئېي (ئاي)“ ”قاي (تومۇر)“ ۋە ”-ت (مەجبۇر دەرىجىسىنىڭ كورسەتكۈچى)“ مورفېمىلىرى بار. مەزكۇر ”ئېي (ئاي)“ ۋە ”قاي“ ئېلېمېنتلىرى ئۆزلىرىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرىنى يوقىتىپ، ”-ت“ قوشۇمچىسى بىلەن بىللە تومۇر سۆزلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن.

3. يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن سۆزلەرنىڭ ئەكسىچە، تارىخىي ياسالما سۆزنىڭ تەركىبىگە كىرگەن تومۇر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ساقلاپ، مۇستەقىل قوللىنىلالايدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا ئۇلىنىپ كەلگەن قوشۇمچە سۆز ياساش قابىلىيىتىدىن ئايرىلىپ قالغان. مانا مۇشۇ شارائىتتىمۇ ئىككى مورفېما يۇغۇرۇلۇشۇپ، بىر تومۇر ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن، ”كەڭرى“ ”چاچرا (ماق)“ ”ئاتقۇر (ماق)“ سۆزلىرى تارىخىي جەھەتتىن ”كەڭ+رى“ ”چاچ (سۇنى چاچماق) + را“ ”ئات (مىلتىقتىن ئات) + قۇر“ مورفېمىلىرىدىن ئىبارەت ياسالما سۆزلەردۇر: قوشۇمچىلارنىڭ ئۇنۇمسىز ھالەتكە كېلىپ قېلىشى مۇنا-

سىۋىتى بىلەن تومۇرغا سىڭىپ، پۈتۈن بىر تومۇر سۆزگە ئايلىنىپ كەتكەن.

بۇلاردىن تاشقىرى، تارىخىي ياسالما سۆزلەرنى بارا-بارا تومۇر سۆزگە ئايلاندۇرىدىغان شەرت-شارائىتلاردىن بىرى تۈرلۈك-تۈمەن فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلەردۇر. مەسىلەن، "كۆۋۈك" "ئوچاق" "يىرت(ماق)" سۆزلىرى ئەسلىدە "كۆپ+ئۈك" "ئوت+ئاق"، يىر+ت" مورفېمىلىرىدىن تەركىپ تاپقان. مەزكۇر سۆزلەرنىڭ تومۇرلىرى ("كۆپمەك" "ئوت" "يىرماق") ۋە قوشۇمچىلىرى (-ئۈك: كۆم — كۆمۈك، كۆي — كۆيۈك، تەش — تۆشۈك؛ -ئاق: قوش — قوشاق، يات — ياتاق، ئات — ئاتاق؛ -ت: قارا — قارات، سۆزلە — سۆزلەت، تارا — تارات، يۈگرە — يۈگرەت) هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا مۇناسىپتۇر. لېكىن بۇ ياسالما سۆزلەردە يۈز بەرگەن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر ئۇلارنى تومۇر بولغان هالدا شەكىللىنىشكە ئېلىپ كەلگەن.

دېمەك، تىل تەرەققىياتىنىڭ ئۇزاق ئۆتكەن بىر دەۋرلىرىدە ئىككى، بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق مورفېمىلاردىن تۈزۈلگەن ياسالما سۆز هەر خىل ئوبيېكتىپ سەۋەپلەرگە باغلىق ئاجرالماس بىر تاۋۇش يىغىندىسىغا ئايلىنىپ، تومۇر سۆزلەرنىڭ قاتارىنى ئۈزلۈكسىز تولدۇرۇپ بارىدۇ.

مەلۇمكى، يېڭى سۆزلەر ئىككى، بەزىدە ئۈچ مۇستەقىل سۆزنىڭ ئۆز ئارا بىرىكىشى نەتىجىسىدىمۇ هاسىل بولىدۇ. ئايرىم بىرىككەن سۆزلەر تىلنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا تۈرلۈك مەنىۋى ۋە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچراپ، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى شەكىللىرىدىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ. تەركىۋىي قىسىملىرىنىڭ ئارىسىدىكى سىنتاكسىلىق مۇناسىۋەت ئۈزۈلىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر بارا-بارا بىرىككەن سۆزلەرنى ئايرىم قىسىملارغا (مورفېمىلارغا) بۆلۈنمەيدىغان پۈتۈن بىر سۆز هالىتىگە ئېلىپ كېلىدۇ. مۇنداق تارىخىي بىرىككەن سۆزلەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھازىر ئەمىلىيەتتە تومۇر سۆز دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن، سەگسەن<سەككىز + ئون، توخسەن<توققۇز + ئون، كوكات<كۆك + ئوت، قارىقات>قارا + قات، ئاپا (ر)<ئېلىپ + بار، ئەكەل<ئېلىپ + كەل، ئەكەت<ئېلىپ + كەت ۋە باشقىلار.

بىز يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەنىدەك، تومۇر سۆزلەر كۆپىنچە بىر بوغۇمدىن ئىبارەت بولۇپ كېلىدۇ. ئەمدى ياسالما سۆزلەر بولسا ئاساسەن كۆپ بوغۇملۇقتۇر. چۈنكى ئۇلار تومۇرغا بىر ياكى بىر نەچچە قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن، "ئىش" دىگەن تومۇرغا "-لە" قوشۇمچىسى ئۇلىنىشى بىلەن "ئىشلە" دىگەن ياسالما ئاساس ھاسىل بولىدۇ، ئۇنىڭغا "-م" قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ، ئىككىنچى دەرىجىلىك ياسالما ئاساس "(ئىشلەم)-چان" قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ، ئۈچىنچى دەرىجىلىك ياسالما ئاساس "(ئىشلەمچان)-لىق" قوشۇمچىسى ئۇلىنىش بىلەن تۆتىنچى دەرىجىلىك ياسالما ئاساس (ئىشلەمچانلىق) پەيدا بولىدۇ. بۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاگگلىيۇتىناتىۋ① سىستېمىسىدىكى تىللار قاتارىغا كىرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

تۈركى تىللارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىدە سۆزنىڭ ئاساسى (ياكى تومۇرى) ئۆزىنىڭ تاۋۇش يىغىندىسى جەھەتتىن تۇراقلىق خاراكتېرغا ئىگە. يەنى ئاساسقا ياردەمچى مورفېملار (قوشۇمچىلار) ئۇلانغاندا، ئاساس بىرەر فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىماي، ئۆزىنىڭ دەسلەپكى شەكلىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئەمدى قوشۇمچىلار بولسا ئۆزلىرى ئۇلانغان ئاساسنىڭ رايىغا قاراپ، بىرقانچە فونېتىكىلىق ۋارىيانتلارنىڭ تەشكىل تاپىدۇ. بۇ ھەقتە ن. ك. دمىترىيېۋ مۇنداق دەيدۇ

① ئاگگلىيۇتىناتسىيە — سۆز تومۇرىغا سۆز ياسىغۇچى ياكى سۆز تۈرلەنگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ پەيدىن - پەي ئۇلىنىپ كېلىش ئۇسۇلى.

يازىدۇ: «ئاساسنىڭ تۇرغۇن فونېتىكىلىق تاۋۇش يىغىندىسى ئىكەنلىكى — ئۇنىڭ مەلۇم سېمانتىكىلىق بىرلىك ۋە مۇستەقىل مەنە بىلەن خاراكتېرلەنگەنلىكىدە، نەرسە، ھەركەت ۋە گىراماتىكىلىق مۇناسىۋەتلەرنى قانداق كۆرسىتىش، قانداق بەلگىلەشتە ئىپادىلىنىدۇ. قوشۇمچىنىڭ تاۋۇش يىغىندىسى ئىكەنلىكى — ئۇنىڭ قايسى فونېتىكىلىق ئاساسقا باغلىق بولۇشى ۋە شۇنىڭغا ئەگىشىپ تاۋۇشلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئۆلچەمسىز باغلىنىشىدا، ھەم فونېتىكىلىق ۋارىيانت قاتارىدا ئىپادىلىنىدۇ"①.

ھازىرقى زامان قازاق تىلىنىڭ ئاپتورلىرىمۇ تەخمىنەن مۇشۇ پىكىرنى قۇۋۋەتلەپ، مۇنداق دەيدۇ: "ئاساس...يېڭى سۆزلەرنى ياساشقا خىزمەت قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، سۆز ياسىغۇچى ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنى بىرلەشتۈرەلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ ئاۋالقى تاۋۇش ھالىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ..."②

سۆز ئاساسىنى تەشكىل قىلغۇچى تاۋۇش يىغىندىسىنىڭ ئۆلچەملىكلىكى ياكى ئۆزگەرمەسلىكى توغرىسىدىكى بۇ قانۇنىيەت ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تولۇق مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. باشقا تۈركىي تىللارغا نىسبەتەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ چوڭ بىر ئۆزگىچىلىكى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئاساسقا بەزىبىر قوشۇمچىلار ئۇلىنىش بىلەن مەلۇم فونېتىكىلىق قانۇنلارغا باغلىق شۇ ئاساس تونۇپ بولماسلىق ھالدا ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، سۇ — سۈيى، ياپ — يېپىق، يوپۇق، ئاچ — ئېچىق، ئۇچۇق، باش — بېشى، بالا — بالىسى ۋە

---

① ن. ك. دمىترىيېۋ «باشقىرت تىلىنىڭ گىراماتىكىسى» موسكۋا — لېنىنگراد. 1948 — يىل رۇسچە نەشرى. 43 — بەت.

② «ھازىرقى زامان قازاق تىلى» فونېتىكا ۋە مورفولوگىيە. ئالمۇتا 1962 — يىل رۇسچە نەشرى. 122 — ، 123 — بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باشقىلار. ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەردىمۇ ئەكس ئېتىدۇ: لېكسىكا — لېكسىكىلىق، گىراماتىكا — گىراماتىكىلىق، كىرۇژوك — كىرۇژوگى ۋە باشقىلار. بۇ شارائىتتا سۆزنىڭ تومۇر ۋە قوشۇمچىلارغا ئاجرىلىشى ئادەتتىكىگە قارىغاندا مۇرەككەپلىشىدۇ.

## سۆز ياسىغۇچى ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار

ياسالما ئاساس ئۆزىنىڭ ئاساسىي مەنە ئاڭلىتىدىغان تومۇر مورفېمىسىدىن باشقا، شۇ تومۇرغا بىرەر لېكسىكىلىق ياكى گىراماتىكىلىق مەنە يۈكلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ياردەمچى مورفېمىلاردىن تۈزۈلىدۇ. مۇنداق ياردەمچى مورفېمىلار قوشۇمچە دەپ ئاتىلىدۇ (تۈگمەن+چى، سۆز+لە، كىتاب+لار، ئۈچ+قۇن، تۇز+غاق، ياخ+شى+راق ۋە باشقىلار).

ئۇيغۇر تىلىدا قوشۇمچىلار پەقەت سۆزنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىدۇ. لېكىن ئۇيغۇر تىلىغا خاس بولمىسىمۇ، چەتتىن كىرىپ ئۆزلەشكەن ئايرىم سۆزلەردە سۆز ئالدى قوشۇمچىلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، بىگۇنا، بىمەنە، نالايىق، نائىلاج، ئانتىفاشىست ۋە باشقىلار.

ھازىرقى زامان تىللىرىدىكى قوشۇمچىلارنىڭ كۆپچىلىكى تىل تارىخىنىڭ قەدىمقى بىر دەۋرلىرىدە ئۆز ئالدىغا مەنىسى بار مۇستەقىل سۆزلەر بولغان. ئەلۋەتتە، سۆزنىڭ قوشۇمچىغا ئايلىنىش جەريانى ئۇزاق ۋاقىتنى تەلەپ قىلىدۇ. قوشۇمچىغا ئايلىنىدىغان سۆز ئۆز تەرەققىياتىدا مەنە ۋە فورما جەھەتتىن چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئاۋال ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئوشۇق سۆزلەر بىر بىرى بىلەن سۆز بىرىكمىسى بولغان ھالدا سىنتاكسىسلىق باغلىنىشتا تۇرۇپ، بارا-بارا بىرىكىدۇ. لېكىن بۇ بىرىككەن سۆزنىڭ ياكى سۆز بىرىك-

مىسىنىڭ كېيىنكى ئېلېمېنتلىرى ئۇزاق ۋاقىتلار داۋامىدا مەلۇم بىرلا خىزمەت ئاتقۇرۇپ، ئۇزىنىڭ كونكرېت لېكسىكىلىق مەنىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ ۋە ئۇمۇملاشقان گىراماتىكىلىق مەنە ئاڭلىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇشقا باشلايدۇ. بۇ گىراماتىكىلىق خۇسۇ-سىيەتكە ئىگە بولۇشقا باشلىغان ياردەمچى ئېلېمېنت كوپ ۋاقىتلارغىچە بىردە مۇستەقىل سوز، بىردە قوشۇمچە ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇپ، پاراللېل قوللىنىلىدۇ. ئاخىرىدا قوشۇمچىغا ئايلىنىشقا يۈز تۇتقان بولەك كوپ ۋاقىتلاردا ھەر خىل فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسى-دە ئاستا-ئاستا ئۇزىنىڭ دەسلەپكى فورمىسىدىن يىراقلىشىپ، قىسقىراپ، پۈتۈنلەي قوشۇمچىغا ئايلىنىدۇ، ئەمدى لېك-سىكىلىق مەنىسىنى ساقلاپ قالغان بولەك بولسا تىلنىڭ لۇغەت تەركى-ۋىدە ئوز مۇستەقىللىقىنى داۋام ئەتتۇرۇۋېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئا. ن. كونونوۋ مۇنداق دەپ يازىدۇ: "شۇبھىسىزكى، ھەرقانداق قوشۇمچە بىر زامانلاردىكى مۇستەقىل سوزلەردىن پەيدا بولغان... ئۇزاق مۇددەت ئىشلىتىش نەتىجىسىدە تاق سوز ۋەزىپىسىدىن قېلىپ، گىراماتىكىلىشىپ قوشۇمچىغا ئايلىنىپ قالغان"①

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىل كورسەتكۈچى "-دۇ، -تۇ (بارىدۇ، كېلىدۇ، ئاپتۇ، كەپتۇ)" ئەسلىدە "تۇر- (>تۇرۇر)" پېئىلىدىن، "-كار، -گار" قوشۇمچىسى (خىزمەتكار، زەرگار) "كارى پىشتى" "كېتەر جاھاننىڭ كارى" "كارىڭ نىمە؟" ئوخشاش ئىبارىلەردە ئۇچرايدىغان "كار" سوزىدىن، شۇنداقلا، "-چاق" قوشۇمچىسى (قوزىچاق) مىقدار، مولجال، كىچىكلىكنى بىلدۈرىدىغان "چاق" سوزىدىن (بۇ كاستۇم ماڭا چاق كەلدى، بويىغا چاق) كېلىپ

① ئا. ن. كونونوۋ. ئۆزبېك تىلى گىراماتىكىسى، تاشكەنت. 1948-يىل رۇسچە نەشرى. 93-بەت.

چىققان. ئەمدى كىشى ئاتلىرىغا ئۇلىنىدىغان "-خان (گۈلسۇمخان، ھېلىمخان)" "-ئاخۇن (ھېزىماخۇن، ساۋۇتاخۇن)" "-جان (مەھەمەتجان، مەخمۇتجان)" ئېلېمېنتلىرى بىردە مۇستەقىل سوز، بىردە ھورمەت، ئىززەت مەنىلىرىنى ھاسىل قىلىش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرىدىغان قوشۇمچىلاردۇر①.

ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشۇمچىلار تۈزىلىش ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ، ئاددى ۋە مۇرەككەپ بولۇپ ئىككىگە بولۇنىدۇ. مەسىلەن، "-چى (كولخوزچى)" "-دا (كولخوزدا)" "-لا، -لە (ئىشلە، تۈزلا)" "-ت (ئىشلەت، تۈزلات)" ۋە باشقا ئاددى قوشۇمچىلاردۇر. بەزىبىر قوشۇمچىلار ئىككى، ئۈچ ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئۇرغۇن قوشۇمچىلارنىڭ ئاستا-ئاستا بىرىكىشى ئارقىلىق ياسالغان (يۇقۇرىغا قارالسۇن) ئايرىم مۇرەككەپ قوشۇمچىلار ئۇزئارا شۇنچە جىپسىلىشىپ كەتكەنكى، ئۇلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ نۇقتىسىنەزىرىدىن بىر پۈتۈن ئاددى قوشۇمچە دەپ تونۇلىدۇ. مەسىلەن، ئىسىملار ساھەسىدە شەخسنى بىلدۈرگۈچى "-داش (-دەش)" قوشۇمچىسى تارىخىي "-دا ۋە -ش" ئېلېمېنتلىرىدىن تەركىپ تاپقان.

تىلىمىزدا تاشقىرقى كورۇنۇشى ئوخشاش، لېكىن ئاگلىتىدىغان مەنىسى ۋە خىزمىتى تامامەن ئىككى باشقا ئومونىم قوشۇمچىلار ئۇرغۇن ئۇچرايدۇ: مەسىلەن، ئىسىمنىڭ كىچىكلىتىش، ئەكسلىتىش

① ئۇيغۇر تىلىدا قوشۇمچىلارنىڭ قايسى يوللار ئارقىلىق پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە تولۇقراق مەلۇمات مۇنۇ ماقالىدا بېرىلىدۇ: غ. سەد ۋاقاسوۋ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ سوز ياساش ئۇسۇلىغا ئائىت بىرقانچە مەسىلەلەر "قازاقىستان س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاخباراتى"نىڭ تىل-ئەدەبىيات ۋە سەنئەتشۇناسلىق سەھىپىسى №1(17)، 1961-يىل رۇسچە نەشرى، 62—71-بەتلەر.

مەنە ئاڭلىتىدىغان "-چە (باغچە)" قوشۇمچىسى بىلەن رەۋىش ياسى-غۇچى "-چە (ئۇيغۇرچە)" قوشۇمچىسى، پېئىل ياسىغۇچى "-دا، -دە (ئىزدا، ھەرىدە)" بىلەن ئورۇن-ۋاقىت كېلىشىنىڭ "-دا، -دە (ئالادا، مەلىدە)" قوشۇمچىلىرى، ئىسىمنىڭ "-م" قوشۇمچىسى (توپلام، سايلام) بىلەن ئىگىلىك قوشۇمچىسىنىڭ بىرىنچى شەخسى (بالام) ۋە باشقىلار ئومونىم قوشۇمچىلاردۇر.

بۇنىڭ ئەكسىچە، تاشقىرىقى كورۇنىشى باشقا، لېكىن ئاڭلىتىدى-غان مەنىلىرى ئوخشاش مەنداش قوشۇمچىلار بار. مەسىلەن، "-چى ۋە-شۇناس (تىلچى — تىلشۇناس، تارىخچى — تارىخشۇناس)"، پېئىللار ساھەسىدە مەجبۇر دەرىجىسىنىڭ "-دۇر" "-غۇز" "-ت" قوشۇمچىلىرى (ئالغۇز — ئالدۇر، قارىغۇز — قارات)؛ "-لىك" ۋە "-زار (چىمەنلىك — چىمەنزار، ئۈزۈملۈك — ئۈزۈمزار)" ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر تىلىدا قوشۇمچىلار، ئاڭلىتىدىغان مەنىسىگە ۋە ئاتقۇرىدى-غان خىزمىتىگە قاراپ، سوز ياسىغۇچى ۋە سوز تۇرلىگۇچى بولۇپ ئىككىگە بولۇنىدۇ.

سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئاساسقا ئۇلىنىپ، يېڭى سوز ھاسىل قىلىدۇ، دېمەك، ئۇلار سوزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئوزگەرتىپ، ئىككىنچى بىر مۇستەقىل سوزنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. شۇڭلاشقا سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى يېڭى سوزلەر بىلەن بېيىتىشتىكى مۇھىم ۋاستە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىشلە، ئىشچان، ئىشلەمچان، ئىشسىز ۋە باشقىلار. سوز تۇرلىگۇچى قوشۇم-چىلار بولسا ئاساسقا ئۇلىنىپ، يۇقۇرقىدەك سوزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئوزگەرتمەيدۇ، يەنى ئاساسنىڭ ئاڭلىتىدىغان مەنىسى ئوز پېتىچە ساقلىنىپ قالىدۇ. سوز تۇرلىگۇچى قوشۇمچىلار ئاساسەن جۈملىدىكى سوزلەرنى ئوزئارا باغلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئاتقۇرىدۇ ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەقەت گىراماتىكىلىق مەنە ھاسىل قىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار كېلىش، ئىگىلىك، شەخس ۋە كوپلۇك قوشۇمچىلىرىدىن ئىبارەت.

سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ئۆزى ئۇلانغان ئاساس بىلەن ناھايىتى مەھكەم باغلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ مەنىلىرى ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇشۇش نەتىجىسىدە بىر پۈتۈن لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە بولغان مۇستەقىل سۆز ھاسىل بولىدۇ. دېمەك، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ئۆزى ئۇلىنىپ ھاسىل قىلغان ياسالما سۆزنىڭ تۇراقلىق ۋە مەنىلىك بىر بولىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار بولسا سۆزدە تۇراقلىق خاراكتېرغا ئىگە ئەمەس. ئۇلار پىكىر ئىپادىلەش جەريانىدا جۈملىدىكى مەلۇم سۆز بىلەن ئىككىنچى بىر سۆزنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرسەتسىمۇ، جۈملىدىن تاشقىرى تۇرغاندا ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ، يەنى سۆز بۇ شارائىتتا ئۆزىنىڭ گىراماتىكىلىق فورمىلىرىدىن مەھرۇم ئېتىلىدۇ.

مەلۇم بىر سۆز تۈركۈمى دائىرىسىدە شۇ سۆز تۈركۈمىگە خاس بولغان سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئۇنىۋېرسال خاراكتېرغا ئىگە، يەنى مەسىلەن، كېلىش قوشۇمچىلىرى ھەرقانداق ئىسىمغا ئۇلىنىۋېرىدۇ، ياكى ھەرقانداق پېئىل شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلەلەيدۇ. سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردا مۇنداق ئۇنىۋېرساللىق خۇسۇسىيەت يوق. ھەتتا ئەڭ ئۇنۇملۇك دەپ ھېسابلىنىدىغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىمۇ (مەسىلەن، "-چى" "-لىق" "-لا" ۋە باشقىلار) بەلگىلىك سۆزلەر ياكى سۆز گۇرۇپپىلىرى ئەتراپىدا چەكلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئې. ۋ. سېۋورتيان مۇنداق دەپ يازىدۇ: "تۈركى تىللاردىكى سۆز تۈرلىگۈچى فورمىلار جۈملىنىڭ ھەممە بولەكلىرىدە ئومۇملاشقان ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن سۆز ياسىغۇچىلار كاتېگورىيىسىدىنمۇ كەڭ دەرىجىدە ئابستراكتلاشقان بولۇپ، ئۇ

مۇستەقىل لېكسىكىلىق ـ سېمانتىكىلىق چەكلىمىگە ئىگە.“①

سوز تۈرلىگۈچى فورمىلار سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا قارىغاندا ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىدە ئابستىراكتلاشقان. قانداقلا بولمىسۇن بىر ئوبيېكت ياكى چۈشەنچىنىڭ ئىككىنچى بىر ئوبيېكت ياكى چۈشەنچىگە بولغان ھەر خىل قاتنىشىنى ئىپادىلىگۈچى ئۇقۇملار (مەسىلەن، ئوبيېكتنىڭ ئورۇن ـ جايىنى، ئۇنىڭ بىرەر نەرسە ياكى ئۇقۇمغا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى، بىر ئوبيېكتنىڭ ئىككىنچى ئوبيېكتتىن بولىنىپ چىقىشىنى ۋە باشقىلارنى كورسىتىدىغان مۇناسىۋەت ئۇقۇملىرى) ھەتتا بۇنىڭدىن بىرنەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىمۇ ئاساسەن ھازىرقىدەكلا ئىدى.

سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار مەلۇم دەرىجىدە كونكىرىت مەنىلەرگە باغلىق بولۇپ كېلىدۇ. دىمەك، ئۇلاردىكى ئابستىراكتسىيە يۇقۇرى دەرىجىدە ئەمەس. شۇڭلاشقا تىل، كېرەك بولغان شارائىتتا، سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى باشقا تىللاردىن ئوزلەشتۇرۇپمۇ پايدىلىنالايدۇ.

سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى ئۇلارنىڭ سوز ھاسىل قىلىش قابىلىيىتىگە قاراپ، ئۇنۇملۇك ۋە ئۇنۇمسىز دەپ ئىككى ھالدا كورۇشكە بولىدۇ. ئاساستىن ئوخشاي ئاجرىتىلىدىغان ۋە تىلنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ھالىتىدە بىر ياكى بىرنەچچە سېمانتىكىلىق تۈرگە خاس يېڭى سوزلەرنى ھاسىل قىلىپ، لۇغەت تەركىۋىنى پەيدىن ـ پەي بېيىتىپ بارىدىغان ياردەمچى مورفېما ئۇنۇملۇك قوشۇمچە دەپ سانىلىدۇ، مەسىلەن، تىلىمىزدىكى ”ـلىق (ـلىق، ـلۇق، ـلۈك)“ قوشۇمچىسىنى ئالايلى. بۇ قوشۇمچە ھەم ئىسىم،

① ئې. ۋ سېۋورتيان. تۈركى تىللار گىراماتىكىسى ۋە لېكسىكىسىنىڭ ئوزئارا مۇناسىۋىتى. «تىل تارىخى ۋە نەزىرىيىسى مەسىلىسى»دىن. موسكۋا. 1952 ـ يىل رۇسچە نەشرى، 310 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

ھەم سۈپەت سۆزلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئىسىم ساھەسىدىلا بىرنەچچە سېمانتىكىلىق تۈركۈمگە ياتىدىغان سۆزلەر مۇشۇ "-لىق" مورفېمىسى ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ: ئا) ئاساستا ئىپادىلەنگەن نەرسىنىڭ ئورنىنى (چىمەنلىك، تاشلىق)، ئە) شەخسنىڭ نەدىن، قەيەردىن ئىكەنلىكىنى (قەشقەرلىق، ئالمۇتىلىق)، ب) بىرەر نەرسىگە مولجاللانغان ئوبيېكتنى (كاستۇملۇق، يەكتەكلىك)، ۋ) ئابستراكتلىق ئۇقۇمنى (ياخشىلىق، ئەركىنلىك) ۋە باشقىلارنى بىلدۈرىدۇ. مەزكۇر قوشۇمچە سۈپەت ساھەسىدىمۇ ھەر خىل مەنىلەرنى ئاڭلىتىش قابىلىيىتىگە ئىگە①.

ئۈنۈمسىز قوشۇمچىلارغا ھازىرقى تىلىمىزدا يېڭى سۆز ھاسىل قىلىش قابىلىيىتىدىن ئايرىلىپ قالغان، بەزىدە ئاساستىن ئاجرىتىش قىيىن بولغان ياردەمچى مورفېمىلار ياتىدۇ. ئىسىم ساھەسىدە "-ۋۇل (قاراۋۇل، ياساۋۇل)"، "-ت، -ئەت، -ئۇت، -ئۈت (كوچەت، تۇغۇت، ئۆمۈت)"، "-ئان (ئىلان، ساپان)" پېئىل ساھەسىدە "-قا، -كە" (تومۇقا، ئىچقا)، "-ئا، -ئە (سانا، قانا، كۆچە)" سۈپەت ساھەسىدە "-ئۈچ، -ئۇچ (كۆكۈچ، ئاقۇچ، ساغۇچ)" قوشۇمچىلىرى ئۈنۈمسىز قوشۇمچىلاردۇر. ئايرىم ئۈنۈمسىز قوشۇمچىلار تىلدا ئۇزۇنرىنىڭ ئۈنۈملۈك چېغىدا ئۇرغۇنلىغان سۆزلەرنى ھاسىل قىلغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇلار بارا-بارا ئۆز ئورۇنلىرىنى يېڭى پەيدا بولغان ياكى خىزمىتى كېڭەيگەن ئۈنۈملۈك قوشۇمچىلارغا بوشىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن: "-ق، -ك، -ئاق، -ئەك، -ئۇق، -ئۈك -ئىك،" قوشۇمچىسى XI — XII ئەسىرلەردە بارلىق تۈركى

---

① ھەر بىر سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىنىڭ ئۈنۈملۈك ياكى ئۈنۈمسىز ئىكەنلىكى تۈۋەندە، يەنى مۇناسىۋەتلىك سۆز تۈركۈملىرىنىڭ سۆز ياساش بۆلۈملىرىدە، تولۇق ئېيتىلىدۇ.

تىللاردا ئەڭ ئۇنۇملۇك قوشۇمچە ھېساپلىناتتى. ئەمما ھازىرقى تۈركىي تىللارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئۇنىڭ يېڭى سۆز ھاسىل قىلىش قابىلىيىتى سۇسلىشىپ، ئۇنۇمسىز قوشۇمچىلار قاتارىغا ئۆتۈش ئالدىدا تۇرىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى پەقەت ئۇنۇملۇك ۋە ئۇنۇمسىز دەپ ئىككى توپقىلا بۆلۈپ قويۇش كۇپايە قىلمايدۇ. تىلىمىزدا ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتمىغان، لېكىن يېڭى سۆز ھاسىل قىلىشتا پاسسىپ رول ئوينايدىغان قوشۇمچىلارمۇ بار. مەسىلەن، ئىسىم ساھەسىدىكى "-ما، -مە (كورگەزمە، باسما، تارتما)" "-قۇچ، -كۈچ، -غۇچ-گۈچ (ئۇچقۇچ، ئاتقۇچ، يۇغۇچ)" "-ندا، -ندە، -ۇندا، -ۈندە، -ندە (ئېرىتىندا، بېقىندا، قوشۇندا، بېرىندا، ئۈزۈندە)" قوشۇمچىلىرى پاسسىپ قوشۇمچىلار قاتارىغا كىرىدۇ.

تىل تارىخىدا سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا يۆتكىلىش ئەھۋاللىرىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن رەۋىش ياسىغۇچى "-قىرى، -كىرى، -گىرى (تاشقىرى، ئىچكىرى)" ئېلېمېنتى ئەسلىدە بېرىش كېلىش قوشۇمچىسى بولغان. شۇنداقلا ئىگىلىك قوشۇمچىسىنىڭ بىرلىك ساندىكى بىرىنچى شەخسى (-م، -ىم، -ۇم، -ۈم) ئۆزىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسىدىن تاشقىرى كىشى ئاتلىرىغا ئۇلىنىپ، ئىززەت، ھۆرمەت مەنىسىنى ئاڭلىتىدىغان سۆز ياسىغۇچىغا ئايلانغان. مەسىلەن: خاتە-خانەم، نازۇك-نازۇگۈم، ساۋۇت-ساۋۇتۇم ۋە باشقىلار.

سۆز ياسىغۇچى ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار سۆزدىكى ئورنى، ئۇلىنىش تەرتىۋى بويىچىمۇ ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. ئادەتتە، ئاساسقا ئاۋۋال سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ئۇلىنىدۇ، مانا شۇ ياسالما ئاساسقا تېگىشلىك سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ. قوشۇمچە-

www.uyghurkitap.com

لارنىڭ مۇنداق تەرتىپ بىلەن ئۇلىنىشى ئۇلارغا خاس لېكسىكا-سې-
مانتىكىلىق ۋە گىراممانتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسلىنىدۇ، يەنى
سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار لېكسىكىلىق ۋەزىپە ئاتقۇرۇپ، ئاساسنىڭ
مەنىسىنى ئۆزگەرتىدۇ ۋە يېڭى سۆز ھاسىل قىلىدۇ؛ ئەمدى سۆز
تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار بولسا بىر سۆزنىڭ بىرنەچچە گىراممانتىكى-
لىق فورمىلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ ۋە ئاساسنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى
ئۆزگەرتمەيدۇ.

سۆز تۈرلىگۈچى ئېلېمېنتنىڭ سۆز ياسىغۇچى ئېلېمېنتتىن ئىلگىرى
كېلىش ئەھۋاللىرى ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ئۆيدىكى
(ئۆي+دە+كى)، ئېتىزدىكى (ئېتىز+دا+كى) ئوخشاش سۆزلەردە
ئورۇن ۋاقىت كېلىش قوشۇمچىسى سۈپەت ياسىغۇچى "-كى" ئېلې-
مېنتىدىن ئىلگىرى كەلگەن. شۇنداقلا شەھەرگىچە (شەھەر+گە+چە)
مەكتەپكىچە (مەكتەپ+كە+چە) سۆزلىرىدە بېرىش كېلىش قوشۇم-
چىسى رەۋىش ياسىغۇچى "-چە" قوشۇمچىسىدىن ئىلگىرى تۇرىدۇ
ۋە باشقىلار.

## سۆز ياساش

تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋى توختاۋسىز ئۆزگىرىش ھالىتىدە بولۇپ،
جەمىيەت ھاياتىدىكى بارلىق تەرەققىياتلارنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈ-
رىدۇ: ئۇنىڭغا ئۇرغۇنلىغان سۆزلەر يېڭىدىن قوشۇلىدۇ، ئايرىم
كونا سۆزلەر يېڭى مەنىگە ئىگە بولىدۇ، بىرئاز سۆزلەر ئەمەلىيەتتە
ئۆزلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ، قوللىنىشتىن چىقىپ قالىدۇ ۋە
باشقىلار. لېكىن تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىن كونىراپ چىقىپ قالغان
سۆزلەرگە قارىغاندا يېڭىدىن پەيدا بولغان سۆزلەر بىرنەچچە ھەسسە
ئۇرغۇن. پەقەت ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ

تەرەققىياتىنىلا كوز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدىغان بولساق، ئايرىم سوزلەرنىڭ ئۆزلىرى ئىپادىلەيدىغان نەرسە ۋە چۈشەنچىلىرى بىلەن بىللە تۇرمۇشتىن قالغانلىغىنى (مەسىلەن: بولۇس، قازى، ئىشان، چەلپەك، ئەۋرەز، ساپان، بوغۇسا)، ئەمدى هازىرقى رىئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇرغۇن سوزلەرنىڭ يېڭىسىدىن كېلىپ قوشۇلغانلىغىنى (مەسىلەن: كولخوز، كولخوزچى، پىلان، پىلانلاشتۇرۇش، يېڭىلىغۇ، ئېرىنما، تەۋرەتكۈچ، بەش يىللىق، ئىشلەپچىقىرىش، ئىنتېنسىۋلاشتۇرۇش) بايقاش مۇمكىن.

بۇ كەلتۈرۈلگەن مىساللار لۇغەت تەركىۋىنىڭ ئاساسەن ئىككى يول بىلەن، بىرىنچىدىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس سوز ياساش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق، ئىككىنچىدىن، باشقا تىللاردىن سوز قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق بېيىپ، تەرەققى تاپىدىغانلىغىنى كورسىتىدۇ.

هەرقانداق يېڭى سوز تىلنىڭ پەقەت بىر قېلىپقا چۈشكەن گىراماتىكىلىق قانۇنلىرى بويىچە هاسىل بولىدۇ. لېكىن سوز ياساش تىلنىڭ گىراماتىكىلىق قانۇنلىرىغا تايىنىپ هەركەت قىلىدىغان بولسىمۇ، ئۇنى (سوز ياساشنى) پەقەت گىراماتىكا ساهەسىگىلا خاس كاتېگورىيە دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى سوز ياساش ئىككىنچى تەرەپتىن، لۇغەت تەركىۋىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن، يەنى لېكسىكولوگىيە بىلەنمۇ مەهكەم باغلىق هادىسىدۇر. مانا مۇشۇ خۇسۇسىيەتنى كوزدە تۇتۇپ، سوز ياساش كاتېگورىيىسىنىڭ تىل سىستېمىسىدىكى ئورنى هەققىدە ئاكادېمىك ۋ. ۋ. ۋىنوگرادوۋ مۇنداق دەپ يازىدۇ: "سوز ياساش ئۇسۇلى تىلشۇناسلىق پەنلىرى قاتارىدىن مۇئەييەن ئورۇن تۇتقان بولۇپ، ئۇ لېكسىكولوگىيە بىلەن (تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى تەتقىق قىلىشتا) زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇش بىلەن بىللە، گىراماتىكا، يېڭى شەكىللەرنى ياساش ئىلمى، شۇنىڭدەك

سىنتاكسىسلىق سۆز بىرىكمىلىرى بىلەن تىپخىمۇ زىچ مۇناسىۋەتتە بولىدۇ“ ①.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ياساشنىڭ ئاساسى ئىككى خىل ئۇسۇلى بار: مورفولوگىيىلىك (بىرىكتۈرۈش ياكى قوشۇمچە ئۇلاش بىلەن سۆز ياساش) ۋە سىنتاكسىسلىق (ئانالىتىكىلىق) سۆز ياساش ئۇسۇللىرى.

ئاساسقا ھەر خىل قوشۇمچىلارنى ئۇلاش ئارقىلىق يېڭى سۆز ھاسىل قىلىشنى سۆز ياساشنىڭ مورفولوگىيىلىك (سىنتېتىكىلىق) ئۇسۇلى دەپ ئاتايمىز. سىنتاكسىسلىق (ئانالىتىكىلىق) ئۇسۇل ئارقىلىق مۇرەككەپ سۆزلەر ياسىلىدۇ.

بەزىبىر تۈركولوگلار سۆز ياساشنىڭ لېكسىكىلىق، سېمانتىكىلىق ۋە فونېتىكىلىق ئۇسۇللىرىمۇ بار دېگەن پىكىرنى ئېيتىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ سېمانتىكىلىق ۋە فونېتىكىلىق سۆز ياساش دەپ ئاتىلىدىغان تۈرلىرىنى سۆز ياساش كاتېگورىيىسىنىڭ تەركىۋىدە قاراش قىيىن.

ئومۇمەن ئالغاندا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ياساشنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۇسۇلى سىنتاكسىسلىق ئۇسۇلغا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ ئۈنۈملۈكلىكى جەھەتتىن بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. دېمەك، جەمئىيەت ھاياتىنىڭ تەرەققىياتىغا باغلىق پەيدا بولىدىغان يېڭى سۆزلەر ئاساسەن قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ياسىلىدۇ. شۇڭلاشقا تىلىمىزدا قوشۇمچىلار ئارقىلىق ياسالغان سۆزلەر مۇرەككەپ سۆزلەرگە

---

① ۋ. ۋ. ۋىنوگرادوۋ. ئا. ئا. شاخماتوۋنىڭ سۆزنىڭ گراماتىكىلىق شەكلى ۋە ھازىرقى زامان رۇس تىلىنىڭ سۆز تۈركۈملىرى توغرىسىدا دېگەن سۆزىدىن نەقىل «ئا. ئا. شاخماتوۋ ھازىرقى زامان رۇس تىلى ھەققىدىكى دىسېرتاتسىيىلەر» موسكۋا مائارىپ نەشرىياتى. 1952 ـ يىل. 14 ـ بەت.

قارىغاندا بىرنەچچە ھەسسە نۇرغۇن. لېكىن مەزكۇر سۆز ياساش ئۇسۇللىرىنى ھەر بىر سۆز تۈركۈمىنىڭ دائىرىسىدە قارايدىغان بولساق، باشقىچىرەك ئەھۋالنى كۆرۈش مۇمكىن. مەسىلەن، ئىسىم، سۈپەت، پېئىل كاتېگورىيىلىرىدە سىنتاكسىسلىق ئۇسۇلغا نىسبەتەن مورفولوگىيىلىك ئۇسۇل ئۈنۈملۈك؛ بۇنىڭ ئەكسىچە، سان، ئالماش، رەۋىش تۈركۈملىرىدە سىنتاكسىسلىق ئۇسۇل يېتەكچى رول ئوينايدۇ. ئەمدى ياردەمچى سۆزلەردە بولسا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار تامامەن يوق.

تارىخى جەھەتتىن تىلدا قايسى سۆز ياساش ئۇسۇلى ئىلگىرى پەيدا بولدى دېگەن سوئالغا ئېنىق جاۋاب بېرىش تەس. لېكىن قوشۇمچىلارنىڭ مەلۇم قىسمى سۆز بىرىكمىلىرىدىن پەيدا بولغان دەپ ھېساپلىساق، سىنتاكسىسلىق ئۇسۇل مورفولوگىيىلىك ئۇسۇلدىنمۇ ئىلگىرى بولغان دېگەن مەنتىقىي خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ.

## مۇرەككەپ سۆزلەر

بىز يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەنىدەك، ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ياساشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى قوشۇمچىلاردۇر. لېكىن قوشۇمچىلار ئۆزىنىڭ يېڭى سۆز ھاسىل قىلىش تېخنىكىسىنىڭ ئاددى ۋە ئاسانلىقىغا، فورما جەھەتتىن باي ۋە ئەۋرىشىملىكىگە قارىماستىن، سۆز ياساشنىڭ ھەممىلا تەلەپلىرىنى بىردەك تولۇق قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. تىلنىڭ يېڭى سۆزگە بولغان ئېھتىياجىنى ئۆتەشتە قوشۇمچىلار ئۇسۇلى بىلەن بىللە سىنتاكسىسلىق ئۇسۇلمۇ ناھايىتى چوڭ خىزمەت ئاتقۇرىدۇ. دېمەك، مەزكۇر ئىككى ئۇسۇلنىڭ تۈپكى مەقسىدى بىر، ئەمما سۆز ياساش تېخنىكىسى يېقىدىن ئېلىپ قارىغاندا، ئۇزئارا چوڭ پەرقلەرگە ئىگە.

بارلىق تۈركى تىللاردىكى مۇرەككەپ سۆزلەرگە ئوخشاش ئۇي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غۇر تىلىدىكى مۇرەككەپ سۆزلەرنىڭمۇ ئۇزاق تارىخى بار. سۆز ياساشنىڭ بۇ ئۇسۇلى قەدىمقى دەۋرلەردىن تارتىپ، تا بۈگۈنكى كۈنگىچە تىلىمىزنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى بېيىتىشتا مۇھىم رول ئويناپ كېلىۋاتىدۇ.

مۇرەككەپ سۆزلەر لۇغەت تەركىۋىنىڭ چوڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىبىرلىرى پەيدا بولۇش تارىخى يېقىندىن ئېلىپ قارىغاندا شۇنچە كونىكى، ھەتتا ئايرىم تەركىۋىي قىسىملىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىغىدىن ئايرىلىپ، لۇغەت تەركىۋىدىن چىقىپ قالغان ياكى ھەر خىل فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە دەسلەپكى شەكلىدىن ئايرىلىپ قالغان. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا: قارىمۇچ، قارىقات، كوكات، قاشقىبېدە، توغاچ، ئاپار، بۈگۈن، بۇ يىل، قېينانا ئوخشاش سۆزلەرنىڭ تەركىۋىنى ئاجرىتىش، ئۇلارنىڭ چوقۇم مۇرەككەپ سۆزلەر ئىكەنلىكىنى بىلىش مەخسۇس ئېتىمولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىلا ئېنىقلىنىشى مۇمكىن.

مۇرەككەپ سۆزلەرنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى قايسى دەۋردىن باشلىنىپ، قايسى دەۋردە شەكىللەندى دېگەن سوئالغا ئېنىق جاۋاپ بېرىش ناھايىتى قىيىن. چۈنكى ئۇ تىل تەرەققىياتىنىڭ تارىخىدىكى بىرەر دەۋرىنىڭلا مېۋىسى ئەمەس. مەزكۇر ئۇسۇل ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياساش كاتېگورىيىسىنىڭ دەل بۈگۈنكى كۈندىكىدەك ئاساسىي ئۇسۇللىرىدىن بىرى بولسۇن ياكى بولمىسۇن (ئۇ شەرت ئەمەس)، ئۇنىڭ ئېلېمېنتلىرىنىڭ قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپ مەۋجۇتلۇغىنى تىل پاكىتلىرى روشەن كورسىتىپ بېرەلەيدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇرەككەپ سۆزلەرنى ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈشلىك ۋە سېمانتىكىلىق بەزىبىر ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ، تۆت گۇرۇپپىغا ئاجرىتىش مۇمكىن: قوشما سۆزلەر، بىرىككەن سۆزلەر، قوش سۆزلەر ۋە قىسقارتىلغان سۆزلەر.

# قوشما ۋە بىرىككەن سۆزلەر

تۈركىي تىللاردا تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ھەل بولماي كېلىۋاتقان، ئەڭ قىيىن تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىدىغان مەسىلىلەردىن بىرى ئادەتتىكى سۆز بىرىكمىلىرى بىلەن قوشما سۆزلەرنىڭ، قوشما سۆزلەر بىلەن بىرىككەن سۆزلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەرنى بەلگىلەش، ئېنىقلاش مەسىلىسىدۇر. ئەسلىدە سۆز بىرىكمىلىرى، قوشما سۆز ھەم بىرىككەن سۆزلەر مۇرەككەپ سۆز ھاسىل قىلىش جەريانىنىڭ ئىزچىل رەۋىشتە ئەمەلگە ئاشىدىغان ئۈچ تەرەققىيات باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنى بىرىنچى ھەم دەسلەپكى تەرەققىيات باسقۇچى — سۆز بىرىكمىلىرى، ئىككىنچى تەرەققىيات باسقۇچى — قوشما سۆزلەر، ئەمدى ئۈچىنچى ھەم ئاخىرقى تەرەققىيات باسقۇچى — بىرىككەن سۆزلەردۇر. بىرىككەن سۆزلەرنىڭ ئۆتكەندىن كېيىنكى تەرەققىياتى ھازىرقى تىل نۇقتىسنەزىرىدىن ئايرىم قىسىملارغا ئاجرىتىشقا قىيىن بولغان تومۇر سۆزلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ (بۈگۈن، كوكات، توغاچ، قوماچ دېگەنگە ئوخشاش). ئاۋال ئىككى ياكى ئۈچ سۆز ئادەتتىكى سۆز بىرىكمىسى ھالىتىدە قاتار تۇرغاندا يېڭى مەنە ئاڭلاتمايدۇ. سۆز بىرىكمىسىنىڭ تەركىۋىگە كىرگەن تەركىۋىي قىسىملارنىڭ ئۆز ئارا سىنتاكسىسلىق باغلىنىشى ئاكتىپ خاراكتېرغا ئىگە. لېكىن زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن، مەزكۇر سۆز بىرىكمىسى مۇرەككەپ سۆز ياساشتا خاس قانۇن-قائىدىلەرگە باغلىق، ئاستا-ئاستا پۈتۈن بىر مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئاجرالماس لېكسىكىلىق ھادىسىلەر يىغىندىسى ھاسىل قىلىشى مۇمكىن. قوشما سۆز دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بۇ لېكسىكىلىق ھادىسىلەر يىغىندىسى پەقەت بىر ئاساسىي ئۇرغۇغا ئىگە بولىدۇ، جۈملىدە مەلۇم بىرلا سىنتاكسىسلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىزمەت ئاتقۇرىدۇ. تەركىۋىي قىسىملارنىڭ ئارىسىدىكى سىنتاكسىسلىق باغلىنىشى خىرەلىشىپ، بارا-بارا ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ. لېكىن ئۇ ئۇزاق ۋاقىتلار داۋامىدا قوشما سۆز پېتىچە قېلىپ، بىرىككەن سۆز دەرىجىسىگە كۆتىرىلەلمەيدۇ.

تىلدىكى قىيىندىن ئاسانغا، مۇرەككەپلىكتىن ئاددىيلىققا يۆتكىلىش مايىللىقىغا باغلىق ھالدا، قوشما سۆزلەرنىڭ تەركىۋىي قىسىملىرى فونېتىكا جەھەتتىن بىر-بىرىگە ماسلىشىپ، ئۆزئارا تېخىمۇ جىپسىلىشىشقا باشلايدۇ. نەتىجىدە لېكسىكىلىق مەنىسى ۋە شەكلى يېقىندىن ئاددىي سۆزلەرگە ناھايىتى يېقىن تۇرغان بىرىككەن سۆزلەر كېلىپ چىقىدۇ. ئەلۋەتتە، مۇرەككەپ سۆزلەرنىڭ ياسىلىشىدىكى بۇ ئىزچىل جەريان كىشىلەرنىڭ ئەركىگە باغلىق ئەمەس، بەلكى تىلنىڭ ئىچكى تەرەققىيات قانۇنلىرى بويىچە ئۆز-ئۆزىدىن بولۇپ تۇرىدىغان جەرياندۇر.

سۆز بىرىكمىلىرى بىلەن قوشما سۆزلەر تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئۆزئارا پەرقلەنمەيدۇ: ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ تەركىۋىگە كىرگەن تەركىۋىي قىسىملار فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچرىماي، بىر-بىرىدىن بۆلەك يېزىلىدۇ. مەسىلەن: تومۇر قوشۇق؛ (ئۆيگە) كېلىپ بارىدۇ؛ ئىككى يىللىق (ئوقۇش) — سۆز بىرىكمىلىرى؛ تومۇر يول، كېتىپ بارىدۇ، بەش يىللىق ("بەش يىللىق پىلان" مەنىسىدە) — قوشما سۆزلەر. لېكىن بۇ ئىككى كاتېگورىيىنىڭ ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا لېكسىكا-سېمانتىكىلىق ۋە گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە؛ يەنى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىۋىدىكى تەركىۋىي قىسىملار ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى يوقاتماي، ئۆز ئالدىغا مەنە ئاڭلىتىدۇ ھەم ئۇلار مەلۇم سىنتاكسىسلىق باغلىنىش ئاساسىدا يانداشىپ كېلىدۇ، سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ھەر بىر تەركىۋىي قىسمى كۆپ ۋاقىتلاردا جۈملىنىڭ مۇستەقىل موچىسى بولالايدۇ (تومۇر قوشۇق دېگەن سۆز بىرىكمىسىدە تومۇر — ئېنىقلىغۇچى، قوشۇق —

ئېنقىلانغۇچى). ئەمدى قوشما سوزلەرنىڭ تەركىۋىگە كىرگەن تەر-
كىۋىي قىسىملارنىڭ ئارىسىدىكى تارىخىي سىنتاكسىسلىق باغلىنىش
ئۇز ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ، تەركىۋىي قىسىملار ئايرىم-ئايرىم لېكـ-
سىكىلىق مەنە ئاڭلىتىش خۇسۇسىيىتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ ۋە
لېكسىكىلىشىش نەتىجىسىدە بىر پۇتۇن يېڭى مەنە ھاسىل قىلىدۇ.
بۇلاردىن تاشقىرى، قوشما سوزلەر جۇملە ئىچىدە پەقەت مەلۇم بىرلا
سىنتاكسىسلىق خىزمەت ئاتقۇرىدۇ. مەسىلەن: ئاق كوڭۇل، ئاق
ساقال (مەنسەپ ئېتى ۋە ھورمەت ئۇچۇن ئېيتىلىدىغان سوز)، ئەم-
گەك كۇن، قارا بۇغداي، ئات چاپار، ئىشلەپ چىقىرىش، غەم
يىمەك، ئۇچ تارتماق، ھېچبىر، ھېچقايسى ئوخشاش قوشما سوز-
لەرنى ئالىدىغان بولساق، ھازىرقى تىل توغرىسىدىن ئۇلارنىڭ تەر-
كىۋىي قىسىملىرى ئارىسىدا سىنتاكسىسلىق باغلىنىش يوق ياكى
ناھايىتى سۇسلاشقان. بۇ ھەقتە س.ن. مۇراتوۋ مۇنداق دەپ يازىدۇ:
"سوزلەرنىڭ مۇنداق تۇزۇلۇشىنى سىنتاكسىسلىق تەھلىل قىلىش
مەنىسىز. بۇنىڭغا ئوخشاش سوز بىرىكمىلىرىنى تەھلىل قىلىش مور-
فولوگىيىلىك، لېكسىكا-سېمانتىكىلىق ياكى ئېتىمولوگىيىلىك بولۇشى
مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ، سوز ھاسىل قىلىش نەتىجىسىدە كېلىپ
چىققان تۇراقلىق سوز بىرىكمىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئۇلارنىڭ كومپونېنت-
لىرى (تەركىۋىي قىسىملىرى)نىڭ بىرىكىشىدە سىنتاكسىسلىق قائىدى-
لەرگە باغلىق بولمايدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھاسىل بولۇش مەسىلىسىگە
كەلسەك، ئەگەر ئۇلار ھەتتا شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، ئەركىن
سوز بىرىكمىلىرى قېلىپلىرىنىڭ بازىسىدا، بۇزۇلۇش ۋە سىنتاكسىس-
لىق باغلىنىشلارنىڭ "خۇنۇكلىشىشى" ئاساسىدا يۇز بېرىدۇ"①.

---

① س.ن. مۇراتوۋ «تۇركى تىللاردىكى تۇراقلىق سوز بىرىكمىلىرى»،
موسكۋا. 1961، رۇسچە نەشرى، 26-بەت.

تەركىۋىي قىسىملارنىڭ ئارىسىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلۈشى ھەم مەنە جەھەتتىدىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولۇشى قوشما سۆزلەرنى تىلىمىزدىكى ئاددىي سۆزلەرگە يېقىنلاشتۇرىدۇ. شۇڭلاشقا سۆز تۈرلىگۈچى ياكى سۆز ياسىغۇچى مورفېمىلار قوشما سۆزنىڭ ئاخىرقى تەركىۋىي قىسمىغا ئۇلىنىدۇ؛ مەسىلەن: ئەمگەك كۈنىنىڭ، ئەمگەن كۈنگە، ئەمگەك كۈنىمىز، ئاق كۆكۈل، ئاق كۆكۈللۈك ۋە باشقىلار.

قوشما سۆزلەر بىلەن بىرىككەن سۆزلەر ياسىلىش تېخنىكىسى جەھەتتىدىن، شۇنداقلا لېكسىكا ـ سېمانتىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىدىن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ كېلىدۇ. دېمەك، بىز يۇقۇرىدا قوشما سۆزلەرگە نىسبەتەن ئېيتىپ ئۆتكەن خاراكتېرىستىكا بىرىككەن سۆزلەرگىمۇ خاس. ئۇلارنىڭ پەرقى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، قوشما سۆزلەر بۆلەك يېزىلىدۇ ھەم قوشما سۆزلەرنىڭ تەركىۋىي قىسىملىرى ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى فونېتىكىلىق شەكلىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئەمدى بىرىككەن سۆزلەر بولسا، مۇرەككەپ سۆزلەرنىڭ ياسىلىشىدىكى ئاخىرقى باسقۇچ بولغانلىقتىن، ئۆزئارا بىرىكىپ يېزىلىدۇ ھەم مۇشۇ بىرىكتۈرۈش ئادىتىگە باغلىق ھەر خىل فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن: قارا ياغاچ>قارىياغاچ، ئالتە شەھەر>ئالتىشەھەر، مىرزا ئەخمەت>مىرزەخمەت، بىلەك ئۈزۈك>بىلەيزۈك، بارار ئىدى>باراتتى، ئوقۇپ ياتىدۇ>ئوقۇۋاتىدۇ ۋە باشقىلار.

بەزىبىر بىرىككەن سۆزلەر تەركىۋىي قىسىملىرىنىڭ ھازىرقى تىلىمىزدا چۈشىنىكسىز بولۇپ قېلىشىغا ئاساسىي سەۋەپ تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. لۇغەت تەركىۋىنىڭ دائىمەن ئۆزگىرىش ھالىتىدە بولىدىغانلىقىغا باغلىق، ئايرىم سۆزلەر قوللىنىشتىن چىقىپ قالىدۇ. مەسىلەن:

تىلىمىزدىكى قارىقات، قارىمۇق، قارىمۇچ دېگەن سۆزلەرنىڭ بىرىنچى تەركىۋى قىسىملىرى "قارا" دېگەن سۈپەتتۇر. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئىككىنچى تەركىۋى قىسىملىرى بولسا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىن چىقىپ قالغان ئارخائىك سۆزلەردۇر. پەقەت ئېتىمولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىلا مەزكۇر "— قات، — مۇق، — مۇچ" سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى ئېنىقلاشقا بولىدۇ. ئەسلىدە "— قات" مىۋە، يېمىش، "— مۇق" (سېلىشتۇرۇڭ: يېسمۇق) "دان، ئۇرۇق، — مۇچ" (سېلىشتۇرۇڭ: قازاقچە بۇرىش، ئۆزبېكچە مۇرچ) "لازا" دېمەكتۇر. شۇنداقلا "ئاللىقاچان" "ئاللىقانداق" "سىنچاي" ئوخشاش بىرىككەن سۆزلەرنىڭ دەسلەپكى تەركىۋى قىسىملىرىمۇ ئۆز مۇستەقىللىقىدىن ئايرىلىپ قالغان.

2. بەزىبىر بىرىككەن سۆزلەرنىڭ چۈشىنىكسىز تەركىۋى قىسىملىرى ھازىرقى تىلىمىزدا يالغۇز تۇرۇپ مەنە ئاڭلىتىشى مۇمكىن. لېكىن مۇشۇ مۇستەقىل سۆز بىرىككەن سۆزنىڭ تەركىۋىدە ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، بارا-بارا چوڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرگە دۇچار بولىدۇ. مۇنداق سۆزلەر فونېتىكا جەھەتتىن شۇنچە ئۆزگەرگەنكى، ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى شەكلىنى تامامەن يوقىتىدۇ. بۇ خىل سۆزلەرنىڭ ئەسلى شەكلىنى پەقەت فونېتىكىلىق قائىدىلەرگە ئاساسلانغان ئىلمىي تەكشۈرۈش ئىشىنىڭ نەتىجىسىدىلا ئېنىقلاش مۇمكىن، مەسىلەن: بىلەيزۈك، كوكات، كۈندۈز، بۈگۈن، توغاچ، يامپاش، كوممۇ قوناق، قاشقىبېدە دېگەن بىرىككەن سۆزلەرنىڭ تەركىۋىگە كىرگەن "بىلەك+ئۈزۈك، كوك+ئوت، كۈن+يۈز، بۇ+كۈن، توق+ئاش، يان+باش، كوممە+قوناق، قەشقەر+بېدە" سۆزلىرى يالغۇز-يالغۇز تۇرۇپ قوللىنىلىۋېرىدۇ. ئەمما ئۇلار بىرىككەن سۆزلەرنىڭ تەركىۋى قىسىملىرى سۈپىتىدە ئۇزاق يىللار بويى خىزمەت ئاتقۇرۇپ، مەلۇم فونېتىكىلىق قائىدىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بويىچە ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى شەكىللىرىدىن ئايرىلىپ قالغان.

3. بىرىككەن سۆزنىڭ چۈشىنىكسىز تەركىۋىي قىسمى مەدىنى ئالاقە ـ قاتناشلار نەتىجىسىدە چەت تىللاردىن ئۆزلەشكەن ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قائىدىلىرى بويىچە ئۆزگىرىپ كەتكەن سۆزلەر بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ”ئاشلەڭپۇڭ“ دېگەن بىرىككەن سۆزنىڭ چۈشىنىكسىز ئىككىنچى تەركىۋىي قىسمى (لەڭپۇڭ) خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن ئىككى سۆزدىن ئىبارەت: لىڭ>لياڭ ــ سوغ، سالقىن؛ فۇڭ>پۇڭ ــ پۇرچاق ئۇنىدىن تەييارلانغان پۇڭ. ”ئاشپۇزۇل“ سۆزىنىڭ چۈشىنىكسىز ئىككىنچى تەركىۋىي قىسمى (پۇزۇل) خەنزۇ تىلىدىن ئۆزلەشكەن پۇزى ــ دۇكان، لاۋكا دېمەكتۇر. ”قەلەمتۇرۇش“ سۆزىنىڭ چۈشىنىكسىز تەركىۋىي قىسمى (تۇرۇش) ئىران تىللىرىدىن كىرگەن ”تەراش“ (سېلىشتۇرۇڭ: ھەيكەلتاراش، سەرتاراش>ساتىراچ) ”قىرماق، يونىماق“ دېگەن سۆزدۇر ۋە باشقىلار.

## قوش سۆزلەر

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى قوش سۆزلەر مەخسۇس ئىلمىي تەكشۈرۈش ئوبىېكتى بولغان كاتېگورىيىدۇر. قوش سۆزلەر مۇرەككەپ سۆز ھاسىل قىلىشنىڭ ئاساسى ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك تۈرىدىن بىرى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ياسىلىش تېخنىكىسى جەھەتتىن، شۇنداقلا لېكسىكا ـ گىراماتىكىلىق ۋە فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە قوشما سۆز ۋە بىرىككەن سۆزلەردىن پەرق قىلىنىدۇ. بۇ پەرق ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: 1) قوشما ۋە بىرىككەن سۆزلەر تەركىۋىي قىسىملىرىنىڭ ئۆزئارا تارىخىي سىنتاكسىسلىق باغلىنىش-

دىن، يەنى تەركىۋىي قىسىملارنىڭ بىر بىرىگە بېقىنىپ، تاۋلىنىپ تۇرۇشىدىن كېلىپ ياسىلىدۇ. قوش سوزلەرنىڭ ياسىلىشىدا بۇ خۇسۇسىيەت يوق، بەلكى قوش سوز تەركىۋىي قىسىملارنىڭ ئۇزئارا مەنىۋى تەڭپۇڭلۇغى، تەڭداشلىغى ئاساسىدا جۇپلىشىدۇ؛ 2) قوشما ۋە بىرىككەن سوزلەرنىڭ تەركىۋىي قىسىملىرىنىڭ ئورۇن تەرتىۋىنى گىراماتىكىلىق (سىنتاكسىسلىق) قانۇنىيەتلەر بەلگىلەيدۇ، ئەمدى قوش سوزدىكى تەركىۋىي قىسىملارنىڭ ئورۇن تەرتىۋى بولسا، سېمانتىكىلىق ۋە فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلەر ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ؛ 3) قوش سوزنىڭ تەركىۋىي قىسىملىرى مورفولوگىيىلىك تەركىۋى جەھەتتىدىن بىر خىل بولۇپ كېلىشى شەرت، يەنى ئىككى ئىسىم (ئاتا-ئانا، قوغۇن-تاۋۇز)، ئىككى سۇپەت (ئاق-قارا، ياخشى-يامان)، ئىككى سان (بەش-ئالتە، ئونبەش-ئون ئالتە)، ئىككى پېئىل (هاسىراپ-هومۇدەپ، باردى-كەلدى) ۋە باشقىلار. قوشما ۋە بىرىككەن سوزلەردە بۇ خۇسۇسىيەتنىڭ بولۇشى شەرت ئەمەس. مەسىلەن: بەلباغ (ئىسىم+ئىسىم)، ئاق كوڭۇل (سۇپەت+ئىسىم)، قولى ئوچۇق (ئىسىم + سۇپەت)، بەشئاتار (سان + پېئىل) ۋە باشقىلار.

قوش سوزلەر سوز تۇركۇملىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۇچرايدۇ. ئەمما جۇپلىنىشكە تولاراق مايىل بولغان سوز تۇركۇملىرى ئىسىم، سۇپەت، پېئىل، رەۋىش ۋە تەقلىدىي سوزلەردىن ئىبارەت.

كەڭ مەنىسىدە قوش سوزلەر كاتېگورىيىسىنىڭ تەركىۋىدە تەكرار سوزلەرمۇ قارىلىدۇ. لېكىن تەكرار سوزلەرنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى، ئاڭلىتىدىغان مەنىلىرى ۋە بەزىبىر گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ئەسلى قوش سوزلەردىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭلاشقا تۇركىلوگىيىدىكى كېيىنكى تەكشۈرۈشلەردە تەكرار سوزلەرنى قوش سوزلەردىن بولۇۋېلىپ، مۇستەقىل كاتېگورىيە سۇپىتىدە قاراش غەرىزىمۇ بار. بۇ ھەقتە س. ن مۇراتوۋ مۇنداق نەتىجىگە كېلىدۇ: "... قوش

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سوزلەر تەركىۋىي قىسىملىرىنىڭ مۇتلەق جۈپ بولۇشلۇق قائىدىسى ۋە تەركىۋىي قىسىملار دىكى تەكرارلىنىشلارنىڭ تولۇق ئوخشاش بولۇش قائىدىسى، شۇنىڭدەك، بۇ ئىككى كاتېگورىيىنىڭ بىر بىرىدىن پەرقلىنىدىغان گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى شۇنى كورسىتىدۇكى، قوش سوزلەر ۋە تەكرار سوزلەر تۈركى تىللاردىكى تۇراقلىق سوز بىرىكمىلىرى سىستېمىسىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ"①.

قوش سوزلەر لېكسىكا ـ سېمانتىكىلىق، گىراماتىكىلىق ۋە فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرگە باي كاتېگورىيىدۇر، ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىغا قىسقىچە توختىلىپ ئوتەيلى.

## قوش سوزلەرنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى

ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا تەركىۋىي قىسىملىرىنىڭ مۇستەقىل قوللىنىلىدىغان ياكى قوللىنىلمايدىغانلىقىغا قاراپ، قوش سوزلەر توۋەندىكى تۈرلەرگە بولۇنىدۇ:

1. ھەر ئىككى تەركىۋىي قىسمى لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە ھەم مۇستەقىل ئىشلىتىلىدىغان قوش سوزلەر؛ مەسىلەن: ئاتا ـ ئانا، ساق ـ سالامەت، كورگەن ـ بىلگەن، ئاق ـ قارا، ئاكا ـ ئۇكا، يىمەك ـ ئىچمەك ۋە باشقىلار.

2. يا ئالدىنقى، يا كېيىنكى تەركىۋىي قىسمى مۇستەقىل قوللىنىلمايدىغان قوش سوزلەر؛ مەسىلەن: ئاغىنە ـ ئۇكىگە، قاچا ـ قومۇچ، تۇپاق ـ تورۇم، تومۇر ـ تەسەك، غىل ـ پال، قىپ ـ قىزىل،

---

① س. ن. مۇراتوۋ. تۈركى تىللاردىكى تۇراقلىق سوز بىرىكمىلىرى. موسكۋا. 1961 ـ يىلى رۇسچە نەشرى 63 ـ بەت.

ئات ـ مات، توپمۇ ـ توغرا ۋە باشقىلار.
3. ھەر ئىككى تەركىۋىي قىسمى لېكسىكىلىق مەنىسىنى يوقاتقان ھەم مۇستەقىل قوللىنىلمايدىغان قوش سوزلەر؛ مەسىلەن: گۆكۈر ـ مۆكۈر، ئەلەي ـ بەلەي، ئاپاق ـ چاپاق، ئوكتەي ـ توكتەي، ئىمىر ـ چىمىر.
بۇلارنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تۈرلىرى نۇرغۇن ئۇچرايدۇ، ئەمدى ئۈچىنچى تۈرى بولسا ناھايىتى ئازدۇر.

## قوش سوزلەرنىڭ سېمانتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى قوش سوزلەرنىڭ ياسىلىشىدا تەركىۋىي قىسىملارنىڭ سېمانتىكىلىق مۇناسىۋىتى ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ. تىلدا ئۇچرىشىدىغان ھەرقانداق ئىككى سوزنى جۈپلەشتۈرۈپ ئېيتىش بىلەنلا قوش سوز ياساش مۇمكىن ئەمەس. ئىككى سوز مەلۇم بىر ئۇقۇم دائىرىسىنىڭ ئىچىگە كىرىدىغان نەرسە ۋە چۈشەنچىنى ئىپادىلەپ كەلگەن شارائىتتىلا جۈپلىشىپ، قوش سوز ھاسىل قىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئالما ـ ئۆرۈك، قوغۇن ـ تاۋۇز، ئاكا ـ ئۇكا، يەر ـ سۇ، يۇقۇرى ـ توۋەن ئوخشاش قوش سوزلەرنىڭ تەركىۋىي قىسىملىرى ئوزئارا مانا شۇنداق يېقىنلىق مۇناسىۋەتتىن كېلىپ جۈپلەشكەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئالما ـ قوغۇن، ئۆرۈك ـ تاۋۇز شەكلىدە قوش سوز ھاسىل قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى تەركىۋىي قىسىملارنىڭ ئاڭلىتىدىغان مەنىسى ھەر خىل چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.
تەركىۋىي قىسىملارنىڭ سېمانتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى قوش سوزلەر ئۈچ توپقا بولۇنىدۇ.
1. ھەر ئىككى تەركىۋىي قىسمى بىر خىل چۈشەنچىلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىپادىلىگۈچى قوش سۆزلەر؛ مەسىلەن: ئاتا ـ بوۋا، گېزىت ـ ژورنال، بەش ـ ئون، ئۆي ـ جاي، سەۋزە ـ پىياز، قار ـ يامغۇر، يۈرەك ـ باغىر، ئەتە ـ ئۆگۈن، ئەر ـ خوتۇن، زاۋۇت ـ فابرىكا، ئېتىز ـ ئېرىق ۋە باشقىلار.

تەركىبىي قىسىملىرى ئۆزئارا مەنداش، سىنونىم قوش سۆزلەر؛ مەسىلەن: جىگەر ـ باغىر، غەم ـ قايغۇ، ئۆرپ ـ ئادەت، رەسىم ـ يوسۇن، ئامان ـ ئېسەن، تىنچ ـ ئامان، ساق ـ سالامەت، ئوت ـ چۆپ، چاڭ ـ توپا، گەپ ـ سۆز، ئاياق ـ تاۋاق، چول ـ باياۋان ۋە باشقىلار.

3. تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ مەنىسى بىر ـ بىرىگە قارشى، ئانتونىم قوش سۆزلەر؛ مەسىلەن: ياخشى ـ يامان، ئىلگىرى ـ كېيىن، چوڭ ـ كىچىك، يۇقىرى ـ تۆۋەن، ئېگىز ـ پەس، ئاچچىق ـ چۈچۈك، ھۆل ـ قۇرۇق، ئازدۇر ـ كۆپتۇر ۋە باشقىلار.

قوش سۆزلەرنىڭ، شۇ جۈملىدىن تەكرار سۆزلەرنىڭ ئاساسىي سېمانتىكىسى تەركىبىي قىسىملارنىڭ ئايرىم مەنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياكى تەركىبىي قىسىملارنىڭ ئايرىم مەنىلىرىدىن يۇغۇرۇلغان جەملەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش سېمانتىكىسىدۇر. بەزىدە قوش سۆزلەر ئىدىئوملۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھالەتتە قوش سۆزنىڭ مەنىسى ئايرىم تەركىبىي قىسىملارنىڭ مەنىسىدىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ (مەسىلەن: كۆز ـ قۇلاق بولماق — غەمخورلۇق قىلماق، كەلسە ـ كەلمەس پاراڭ قىلماق — بىمەنە، كېلىشمىگەن سۆزنى قىلماق، ئىت ـ قۇش — مال ـ ۋارانغا زىيان يەتكۈزىدىغان ھەر خىل يىرتقۇچ ھايۋان ۋە باشقىلار).

ۋاھالەنكى، قوش سۆزلەرنىڭ جەملەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بىر پۈتۈن ۋە كەڭ سېمانتىكىسى ئۆزئارا نۇرغۇنلىغان زىل مەنە ئاھاڭلىرىغا بولۇنىدۇ. ئۇلار ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. بەزىبىر قوش سۆزلەر جەملەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: "ئاتا ـ ئانا" دېگەن قوش سۆز دەسلەپكى ئاتا ۋە ئانا سۆزىدىن جۈپلىشىپ، ئۇنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم تەركىۋىي قىسىملىرى ئاڭلىتىدىغان ھەر بىر مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان پۈتۈن ئومۇمى مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، مەزكۇر تۈپقا ياتىدىغان بىر خىل قوش سۆزلەر تەركىۋىي قىسىملارنىڭ مەنە يىغىندىسىنىلا ئەمەس، بەلكى شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا نەرسە ۋە چۈشەنچىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: "قۇرۇت ـ قوڭغۇز" دېگەن قوش سۆز، قۇرۇت ۋە قوڭغۇزدىن تاشقىرى، ئومۇمەن ئومىلىگۈچى ھەرقانداق ھاشارەتكە نىسبەتەن قوللىنىلىۋېرىدۇ. بۇ تۈپقا مۇنۇ قوش سۆزلەر ياتىدۇ: ئابروي ـ ئاتاق، ئازگال ـ دوڭ، ئالا ـ بېشىل، ئالما ـ ئۆرۈك، ئارپا ـ بۇغداي، ئات ـ مات، ئات ـ ئۇلاق، ئاتارمەن ـ چاپارمەن، ئاشقان ـ تاشقان، باش ـ كوز، باغ ـ ۋاران، گۈل ـ چېچەك، گەپ ـ سوز، داپ ـ دۇمباق، دورا ـ دەرمەك، دوست ـ دۈشمەن، ئىگەر ـ جابدۇق، چەت ـ چورە، شام ـ چىراق، يامغۇر ـ يېشىن، قار ـ يامغۇر، غوجۇن ـ قاچا، ھول ـ قۇرۇق ۋە باشقىلار.

2. ئايرىم قوش سۆزلەر مەلۇم بىر ئۇقۇمنى ئەل ۋە ئېنىق كۆرسەتمەي، مولچەر بىلەن، تەخمىنەن ئېيتىش مەنىسىنى ئاڭلىتىدۇ؛ مەسىلەن: ئەتە ـ ئۆگۈن، بۈگۈن ـ ئەتە، بىر ـ ئىككى، ئىككى ـ ئۈچ، توت ـ بەش، ئون ـ ئونبەش، يىگىرمە ـ ئوتتۇز ۋە باشقىلار.

3. بەزىبىر قوش سۆزلەر ھەرىكەتنىڭ بىر قېتىم ئەمەس، بىرنەچچە قېتىم تەكرارلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ مەسىلەن: قاراپ ـ قاراپ، تۈرۈپ ـ تۈرۈپ، بارا ـ بارا، پار ـ پار، شارت ـ شارت، كۆلە ـ كۆلە، ئېيتىپ ـ ئېيتىپ ۋە باشقىلار.

4. ئايرىم قوش سۆزلەر ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدىكى ھەرىكەتنىڭ، مۇناسىۋەتنىڭ بىۋاستە بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ مەسىلەن: قولمۇ ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قول، كوزمۇ ـ كوز، يەكمۇ ـ يەك، بەتمۇ ـ بەت ۋە باشقىلار.
5. ئايرىم قوش سوزلەر ھەركەتنىڭ ياكى بىرەر ھادىسىنىڭ بىر خىل ئەمەس، بەلكى بىردە ئۇنىداق، بىردە مۇنىداق ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ مەسىلەن: تاراق ـ تۇرۇق، تارس ـ تۇرس، غاژ ـ غۇژ، غاچ ـ غۇچ غاراچ ـ غۇرۇچ، شالدۇر ـ شۇلدۇر، چىك ـ چاك ۋە باشقىلار.
6. گايى بىر قوش سوزلەر نەرسىنىڭ ساپا دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپ كورسىتىش ئۇچۇن خىزمەت قىلىدۇ؛ مەسىلەن: قىپ ـ قىزىل، قاپ ـ قارا، ئاپپاق، سۇپ ـ سۇزۇك، ئوپ ـ ئوخشاش، ياپ ـ يېشىل، ساپ ـ سېرىق، كوپ ـ كوك ۋە باشقىلار.

## قوش سوزلەرنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى

قوش سوز ياساشقا بىۋاستە قاتنىشىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن بىرى فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلەردۇر. تەركىۋىي قىسىملارنىڭ ئۆزئارا ئاھاڭداش، قاپىيىداش بولۇپ كېلىشى ئومۇمەن قوش سوزنىڭ جاراڭلىق ئاڭلىنىشىنى، تەركىۋىي قىسىملارنىڭ لېكسىكا ـ سېمانتىكىلىق بىرلىكىنى تەمىنلەيدۇ.
ئۇيغۇر تىلىدىكى قوش سوزلەرنىڭ تەركىۋىي قىسىملىرى تۆۋەندىكى فونېتىكىلىق ھادىسىلەر نەتىجىسىدە ئۆزئارا ئاھاڭداش بولۇپ كېلەلەيدۇ.
1. قاپىيە. قاپىيىداش قوش سوزلەرنىڭ ھەر ئىككى تەركىۋىي قىسمىنىڭ ئاخىرىدىكى بوغۇملار ياكى بىر، ئىككى ھەرپ تەكرارلىنىدۇ؛ مەسىلەن: ئاتارمەن ـ چاپارمەن، ئاكا ـ ئۇكا، تاقۇر ـ تۇقۇر، ئېپى ـ جېپى، ئالمان ـ تالمان، كۆنى ـ تۆنى، كەتمەن ـ بىگەن، مۆۋە ـ چىۋە، ئوپۇر ـ توپۇر، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل ۋە باشقىلار.

2. ئاھاڭداشلىق. ئاھاڭداشلىق قانۇنى بويىچە قوش سۆز تەركىۋى قىسىملىرىنىڭ دەسلەپكى ئۈزۈك تاۋۇشلىرى تەكرارلىنىپ، ئاھاڭداشلىق ھاسىل بولىدۇ؛ مەسىلەن: تاغ-تاش، سىلىق-سىپايە، كىيىم-كېچەك، قۇرۇت-قوڭغۇز، مال-مۈلۈك، نەغمە-ناۋا، پارچە-پۇرات، پەم-پاراسەت، رەڭگى-روھى، شان-شۆھرەت ۋە باشقىلار.

3. تەكرارلىنىش. تەكرارلىنىش قانۇنى بويىچە قوش سۆزنىڭ تەركىۋى قىسىملىرىدا سوزۇق تاۋۇشلار تەكرارلىنىدۇ؛ مەسىلەن: ئاتا-ئانا، ئاندا-ساندا، خۇشال-خۇرام، ئاز-ماز، ئالاق-جالاق، بىت-چىت، گۇگۇر-موگۇر، ئىبلىق-سىلىق، ئىرىم-جىرىم، مالا-ماتاڭ، ئوت-چوغ، ساپان-سايمان ۋە باشقىلار.

4. ئۈيغۇنلىشىش. ئۈيغۇنلىشىش قانۇنى بويىچە ئۈزۈك تاۋۇشلار قوش سۆز تەركىۋى قىسىملىرىنىڭ بېشىدىمۇ، ئوتتۇرىسىدىمۇ، ئاخىرىدىمۇ تەكرارلىنىدۇ؛ مەسىلەن: تاراق-تۇرۇق، شاپۇر-شۇپۇر، زورلۇق-زومبۇلۇق، كېرەك-ياراق، ئىمىر-چىمىر، ۋاراڭ-چۇرۇڭ ۋە باشقىلار.

بەزىدە يۇقۇرىدىكى فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلەرنىڭ ھەر ئىككىسى ياكى ئۈچى بىرلا قوش سۆزدىن تېپىلىشى مۇمكىن؛ مەسىلەن: زورلۇق-زومبۇلۇق، ئارۋاڭ-سارۋاڭ ئوخشاش قوش سۆزلەردە ھەم قاپىيە، ھەم ئاھاڭداشلىق، ھەم تەكرارلىنىش ھادىسىلىرى جەملەنگەن.

شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، قوش سۆزلەرنىڭ تەركىۋى قىسىملىرى ھەممىلا ۋاقىتتا تاۋۇشلارنىڭ تەكرارلىنىشى نەتىجىسىدە ئاھاڭداش بولۇپ كېلىشى شەرت ئەمەس. تىلىمىزدىكى بەزىبىر قوش سۆزلەرنىڭ تەركىۋى قىسىملىرىدا مۇنداق خۇسۇسىيەت تامامەن بايقالمايدۇ؛ مەسىلەن: ئەگەر-توقۇم، ئىلىم-پەن، جان-دىل، ئېرىق-ئۆستەڭ، ئازگال-دوڭ، مال-ئوقەت، ئوت-چۆپ، ئاق-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

كوك ۋە باشقىلار.

تەكرارلانغان قوش سۆزلەرنىڭ ئايرىم تۈرلىرىدە، شۇنداقلا كۆچەيتكۈچ بوغۇملۇق قوش سۆزلەردە ئىزچىل رەۋىشتە يۈز بېرىدىغان فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلەر بار. مەسىلەن، بولۇپمۇ تەقلىدىي سۆزلەرگە تەۋە قوش سۆزلەردە تەقلىت قىلىنىدىغان ئاۋۇش ياكى كۆرۈنۈشنىڭ ھەر خىللىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئادەتتە ئىككىنچى تەركىبىي قىسمىدىكى سۆزۈق ئاۋۇش ئۆزگىرىدۇ: تاراق ـ تۇرۇق، غاراس ـ غۇرۇس، شاپۇر ـ شۇپۇر، غاچ ـ غۇچ، گۈپ ـ غاپ، ۋال ـ ۋۇل، پال ـ پۇل، شار ـ شۇر، قارس ـ قۇرس ۋە باشقىلار. بۇ ئارىدا بىرىنچى تەركىبىي قىسمىدىكى ئا ئاۋۇشى ئىككىنچى تەركىبىي قىسمىدا ئۇ ئاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. نان ـ پان، چاي ـ پاي تۈرىدىكى تەكرارلانغان قوش سۆزلەردە ئىككىنچى تەركىبىي قىسمىنىڭ باش قىسمى ئۆزگىرىدۇ، يەنى ئەگەر ئىككىنچى تەركىبىي قىسىم ئۈزۈك ئاۋۇشتىن باشلانغان بولسا، شۇ ئۈزۈك ئاۋۇشنىڭ ئورنىغا "م، پ" گايىدا "چ، س" ئاۋۇشلىرى كېلىدۇ، مەسىلەن: كىتاپ ـ مىتاپ، قول ـ پول، سوز ـ پوز، قوراي ـ چوراي، مىۋە ـ چىۋە ۋە باشقىلار. ئەگەر ئىككىنچى تەركىبىي قىسىم سۆزۈق ئاۋۇشتىن باشلانغان بولسا، مەزكۇر "م، پ، س" ئاۋۇشلىرى ئۇنىڭ ئالدىدىن قوشۇلىدۇ؛ مەسىلەن: ئاش ـ پاش، ئۇستەل ـ مۇستەل، ئىش ـ پىش، ئويۇن ـ پويۇن، ئورۇك ـ مورۇك، ئاندا ـ ساندا، ئالدىراپ ـ سالدىراپ ۋە باشقىلار.

كۈچەيتكۈچىلىك ھاسىل قىلغۇچى قوش سۆزلەر ئىككىنچى تەركىبىي قىسمىنىڭ دەسلەپكى بوغۇمىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا "پ" ئاۋۇشىنى قوشۇۋېلىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. دېمەك، بۇ كۈچەيتكۈچىلىك رول ئوينايدىغان بوغۇم (بىرىنچى تەركىبىي قىسىم) "پ" ئاۋۇشى بىلەن ئاياقلىشىپ، ھەر دائىم يېپىق بوغۇم بولۇپ كېلىدۇ؛ مەسىلەن: قىپ ـ قىزىل، قاپ ـ قارا، ئوپ ـ ئوچۇق، كوپ ـ كوك، ئاپ ـ ئاشكارا،

ياپ ـ يالىڭاچ، بەپ ـ بەلگىلىك ۋە باشقىلار.

## قوش سوزلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى

تەركىۋىي قىسىملىرىنىڭ مورفولوگىيىلىك تەركىۋىگە قاراپ، قوش سوزلەرنى چوڭ ئىككى توپقا بولۇش مۇمكىن. بىرىنچى توپقا ئىككى تومۇر سوزدىن ياسالغان قوش سوزلەر ياتىدۇ؛ مەسىلەن: ئاتا ـ ئانا، تاغ ـ تاش، يەر ـ سۇ، تام ـ تورۇس، ئوي ـ جاي، ئىت ـ قۇش ۋە باشقىلار. ئېتىمولوگىيىلىك جەھەتتىن ئايرىم قىسىملارغا ئىگە، لېكىن ھازىرقى تىل توغرىسىدىن بولۇشكە بولمايدىغان، شۇنداقلا ھازىرقى تىلدا مۇستەقىل تۇرۇپ مەنە ئاڭلاتمايدىغان سوزلەردىن ياسالغان قوش سوزلەرمۇ مۇشۇ توپقا قوشۇلىدۇ، مەسىلەن: قار ـ يامغۇر (قار+يام+غۇر)، ئوتۇن ـ ياغاچ (ئوت+ئۇن+ياغاچ)، ئاغىنە ـ ئوڭگە (ئاغا+ئىنى+ئوڭگە)، ئات ـ مات، قىپ ـ قىزىل (قىپ+قىز+ىل) ۋە باشقىلار.

ئىككىنچى توپقا ئىككى ياسالما سوزدىن تەركىپ تاپقان قوش سوزلەر ياتىدۇ. سوز ياسىغۇچى قوشۇمچە، ئادەتتە، ھەر ئىككى تەركىۋىي قىسىمدا بىردەك بولۇپ كېلىدۇ. قوش سوزنىڭ تەركىۋىي قىسىملىرىدا ئۇچرايدىغان قوشۇمچىلار ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ـ لىق (ـ لىق، ـ لۇق، ـ لۈك): زورلۇق ـ زومبۇلۇق، تۇرلۇق ـ تۈرلۈك، شانلىق ـ شوھرەتلىك، ئويلۇك ـ ئوقەتلىك ۋە باشقىلار.

2. ـ غان (ـ گەن، ـ قان، ـ كەن): قالغان ـ قاتقان، تەرگەن ـ تۈككەن، كورگەن ـ بىلگەن، يىگەن ـ ئىچكەن ۋە باشقىلار.

3. ـ ئا (ـ ئە)، ـ ي: بارا ـ بارا، كورە ـ كورە، ھارماي ـ تالماي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋە باشقىلار.

4. -پ (-ىپ، -ۇپ، -ۈپ): بېرىپ-بېرىپ، ھېرىپ-ئېچىپ، يېتىپ-قوپۇپ ۋە باشقىلار.

5. -ئار (-ئەر)، -س: بولار-بولماس، بىلىنەر-بىلىنمەس، كورەر-كورمەس ۋە باشقىلار.

6. -ش (-ىش، -ۇش، -ۈش): ئېلىش-بېرىش، يۈرۈش-تۇرۇش، كىرىش-چىقىش ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر تىلىدا ياسالما سوزلەردىن تەركىپ تاپقان قوش سوزلەر كوپچىلىكنى تەشكىل قىلىدۇ.

قوش سوز تەركىۋىي قىسىملىرىنىڭ يا پەقەت تومۇر سوزلەر، يا ياسالما سوزلەر بولۇپ كېلىشى شەرت ئەمەس. بەزىدە تومۇر بىلەن ياسالما سوز، بەزىدە، ئەكسىچە، ياسالما سوز بىلەن تومۇرمۇ جۈپلىشىۋېرىدۇ؛ مەسىلەن: ئوي-سېزىم، سودا-سېتىق، يار-يولەك، ئاغرىق-ساق، يەم-چوپ، بىلىم-پەن ۋە باشقىلار.

سوز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ كەلگەن تەركىۋىي قىسىملاردىن جۈپلەشكەن قوش سوزلەر ئاز ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ئاندا-مۇندا (ئورۇن كېلىش)، ئولدۇم-تالدىم (شەخس قوشۇمچىسى)، ئىچى-قارنى (ئىگىلىك قوشۇمچىسى)، ئونى-بۇنى (چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى) ۋە باشقىلار.

قوش سوزنىڭ تەركىۋىي قىسىملىرى بىر خىل سوز تۈركۈمىدىن بولۇپ كېلىشى شەرت، يەنى ئىككى ئىسىم، ئىككى سۈپەت، ئىككى سان، ئىككى پېئىل ۋە باشقا تەركىۋىي قىسىملار قايسى سوز تۈركۈملىرىگە تەۋە بولسا، ئۇلار جۈپلىشىپ قوش سوز ياسالغاندىمۇ ئاساسەن شۇ سوز تۈركۈمىگە بېرىپ قوشۇلىدۇ؛ مەسىلەن: ئات-ھارۋا، دەل-دەرەخ — ئىسىم، ئالا-بېشىل، توپ-تولۇق — سۈپەت، بەش-ئون، يىگىرمە-ئوتتۇز — سان، ئىشلەپ-ئىشلەپ، بىلىنەر-بىلىنمەس —

پېسىل، جاراڭ-جۇرۇڭ، ۋال-ۋۇل — تەقلىدىي سۆز ۋە باشقىلار. پەقەت مۇناسىۋەتنىڭ بىۋاسىتىلىغىنى بىلدۈرىدىغان "قولىمۇ-قول، باشمۇ-باش" تۈرىدىكى قوش سۆزلەرلا ئىسىملاردىن تەركىب تاپقان بولىشىمۇ، رەۋىش كاتېگورىيىسىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، بەزىبىر مۇستەقىللاشقان قوش سۆزلەرمۇ بار: باردى-كەلدى (كېلىم-كېتىم مەنىسىدە)، يېمەك-ئىچمەك، تەرگەن-تىككەن ۋە باشقىلار.

## قوش سۆز تەركىۋىي قىسىملىرىنىڭ ئورۇن تەرتىۋى ھەققىدە

قوش سۆز تەركىۋىي قىسىملىرىنىڭ ئورۇن تەرتىۋى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ: 1) تەركىۋىي قىسىملارنىڭ بوغۇم سانى بىردەك بولمىغان شارائىتتا ئاز بوغۇملۇق سۆز كۆپ بوغۇملۇق سۆزدىن ئىلگىرى كېلىدۇ؛ مەسىلەن: شاخ-شۇمبا، شان-شۆھرەت، ئات-ئۇلاق، كۆچ-قۇۋۋەت، توي-تاماشا، چول-باياۋان، داپ-دۇمباق، زاڭ-زاكون ۋە باشقىلار. 2) تەركىۋىي قىسىملارنىڭ بوغۇم سانى بىردەك بولغان شارائىتتا سوزۇق تاۋۇشتىن باشلانغان سۆز ئىلگىرى كېلىدۇ؛ مەسىلەن: ئوت-چۆپ، ئادا-جۇدا، ئاتارمەن-چاپارمەن، ئويۇن-كۈلكە، ئېغىر-بېسىق ۋە باشقىلار.

قوش سۆز تەركىۋىي قىسىملىرىنىڭ ئورۇن تەرتىۋى سېمانتىكىلىق قانۇنىيەتلەرگىمۇ باغلىق. ئەگەر سۆز تىل ئەمەلىيىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بولسا ھەم ئۇنىڭ مەنىسى ئېنىق بولسا، ئۇ ئىلگىرى كېلىدۇ.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان فونېتىكىلىق ۋە سېمانتىكىلىق قانۇنىيەتلەر ھەممىلا ۋاقىتتا ئىزچىل ئەمەلگە ئېشىۋەرمەيدۇ، بەلكى ئۇلارغا رىئايە قىلماي، گايىدا بۇ قانۇنىيەتلەرگە زىت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەكىللەنگەن قوش سۆزلەرمۇ بار؛ مەسىلەن: ئويمان-دوڭ، تويا-چاڭ، خوتۇن-قىز، مانان-چاڭ ئوخشاش قوش سۆزلەردە كۆپ بوغۇملۇق سۆز ئاز بوغۇملۇق سۆزدىن ئىلگىرى كەلگەن. دەرت-ئەلەم، پىتنە-ئىغۋا، تەك-ئوتاق ئوخشاش قوش سۆزلەردە ئۈزۈك تاۋۇشتىن باشلانغان سۆز ئىلگىرى كەلگەن. شۇنداقلا ئايرىم قوش سۆزلەرنىڭ تەركىۋىي قىسىملىرى جانلىق خاراكتېرغا ئىگە بولۇپ، بىرىنىڭ ئورنىغا ئىككىنچىسى ئالمىشىپ قوللىنىلىۋېرىدۇ؛ مەسىلەن: ياخشى-يامان — يامان-ياخشى، تۇرلۇك-تۇمەن — تۇمەن-تۇرلۇك، توپا-چاڭ — چاڭ-توپا ۋە باشقىلار.

مۇرەككەپ سۆزلەرنىڭ يەنە بىر تۈرى قىسقارتىلغان سۆزلەردۇر. قىسقارتىلغان سۆزلەر پەقەت ئىسىم كاتېگورىيىسىگىلا خاس بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلەر ”ئىسىم“ بولۇمىدە قارىلىدۇ.

## سۆز تۈركۈملىرى

### ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈركۈملىرى ھەققىدە

ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى ھەممە سۆزلەر، ئۇلارنىڭ ئاڭلىتىدىغان مەنىلىرىگە ھەم گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ، سۆز تۈركۈملىرى دەپ ئاتىلىدىغان بىرنەچچە لېكسىكا-گىرامماتىكىلىق توپلارغا بولۇنىدۇ.

مەلۇم بىر سۆزنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن شۇ سۆزنىڭ ئۆزىگە خاس سېمانتىكىسى، مورفو-لوگىيىلىك شەكلى ۋە سىنتاكسىسلىق خىزمىتى ئېتىۋارغا ئېلىنىدۇ. تىلىدىكى ھەرقانداق سۆزنى مەزكۇر ئۈچ ئولچەم نۇقتىسىنەزىرىدىن

ئانالىز قىلغان تەقدىردىلا، بىرىنچىدىن، ھەقىقەتەن نەچچە سۆز تۈركۈمىنىڭ مەۋجۇتلۇغى، ئىككىنچىدىن، مەلۇم سۆزنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمگە تېگىشلىك ئىكەنلىگى بىلىنىدۇ.

سۆزنىڭ سېمانتىكىلىق بەلگىسى ئۇنىڭ شەيئى، بەلگە، ھەرىكەت ئوخشاش مەنىلەرنى ئىپادىلەپ كېلىشىدۇر. مەسىلەن، سۆز شەيئىنى ئىپادىلىسە، — ئىسىم، ئەمدى ئۇ شەيئىنىڭ بەلگە-خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرسە، — سۈپەت، ھەرىكەتنى بىلدۈرسە، پېئىل بولىدۇ ۋە باشقىلار. لېكىن سۆزلەرنى سۆز تۈركۈمگە بۆلۈشتە پەقەت سېمانتىكىنىلا ئېتىۋارغا ئېلىش كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇ چاغدا ”ئېلىش، بېرىش، ئوقۇش، ئوقۇشماسلىق“ ئوخشاش سۆزلەرنى پېئىلغا، ”ياشلىق، قىزىللىق“ ئوخشاش سۆزلەرنى سۈپەتكە ياتقۇزۇشقا توغرا كەلگەن بولار ئىدى. چۈنكى مەزكۇر سۆزلەر ئاساسەن ھەرىكەت ۋە سۈپەتنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسىملاردۇر.

سۆزنىڭ سىنتاكسىسلىق بەلگىسى ئۇنىڭ جۈملىدە ئاتقۇرىدىغان خىزمىتىدۇر. مەسىلەن، ئىسىملار جۈملىدە ئاساسەن ئىگە ۋە تولدۇرغۇچى، سۈپەتلەر ئېنىقلىغۇچى، پېئىللار خەۋەر، رەۋىشلەر ھالەت بولۇپ خىزمەت ئاتقۇرىدۇ. لېكىن سۆزلەرنى ئۇلارنىڭ پەقەت سىنتاكسىسلىق خىزمىتىگە قاراپلا سۆز تۈركۈملىرىگە ئاجرىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ چاغدا ”ئالتۇن سائەت، ياغاچ ئۆي، سېغىنىغان يار، كورەر كۆز“ ئوخشاش سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ بىرىنچى تەركىۋىي قىسىملىرىنى (ئالتۇن، ياغاچ، سېغىنىغان، كورەر) سۈپەتكە خاس سۆزلەر دەپ تەرىپلەشكە توغرا كەلگەن بولار ئىدى. چۈنكى ئۇلار ئېنىقلىغۇچى بولۇپ خىزمەت ئاتقۇرىدۇ. لېكىن ھەقىقەتتە ئۇلار ئىسىم (ئالتۇن، ياغاچ، پېئىل (سېغىنغان، كورەر) ۋە باشقىلاردۇر.

دېمەك، لۇغەت تەركىۋىدىكى سۆزلەرنىڭ ھەم مەنىسى، ھەم شەكلى، ھەم سىنتاكسىسلىق خىزمىتى بىردەك ھېساپقا ئېلىنىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شارائىتتىلا لېكسىكا ـ گىراماتىكىلىق تۈپلارغا، يەنى سۆز تۈركۈملىرىگە توغرا تەقسىم قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر ئەڭ ئالدى بىلەن مۇستەقىل سۆزلەر ۋە ياردەمچى سۆزلەر بولۇپ، ئىككى تۈپكە ئايرىلىدۇ.

مۇستەقىل سۆزلەر دەپ ھەم لېكسىكىلىق ھەم گىراماتىكىلىق مەنىسى بار، جۈملىدە ھەرقاچان بىرەر مۇچە بولۇپ خىزمەت ئاتقۇرىدىغان سۆزلەرنى ئاتايمىز.

ياردەمچى سۆزلەر دەپ لېكسىكىلىق مەنىسى يوق، پەقەت گىراماتىكىلىق مەنە ئىگىلىگەن سۆزلەرنى ئاتايمىز. ياردەمچى سۆزلەر ئالاھىدە تۇرۇپ جۈملە مۇچىسى بولالمايدۇ. ئۇلار بەزىدە جۈملە بىلەن جۈملىنىڭ ياكى سۆز بىلەن سۆزنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ، بەزىدە مۇستەقىل سۆزلەرگە بىرەر مەنە ئاھاڭىنى قوشۇپ بېرىش خىزمىتىنى ئاتقۇرىدۇ.

مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن ياردەمچى سۆزلەر دائىم زىچ مۇناسىۋەتتە تەرەققى ئېتىپ بارىدۇ. دېمەك، ئۇلار ئۆزگەرمەيدىغان، بىر قېلىپتا قېتىپ قالغان كاتېگورىيىلەر ئەمەس. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى سۆزلەرنىڭ بىسىم كۆپچىلىكى ئەسلىدە مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىشىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان. ھەتتا بەزىدە مەلۇم بىر سۆزنىڭ ئۆزى، ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ، بىردە مۇستەقىل سۆز، بىردە ياردەمچى سۆز بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: بۇرۇن چىققان قۇلاقتىن، كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئۇزار دېگەن ماقالىدىكى ”بۇرۇن“ ”كېيىن“ سۆزلىرى مۇستەقىل لېكسىكىلىق مەنىلىرىنى ساقلاپ، جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرىدۇ. ئۇلار رەۋىشلەردۇر. لېكىن مەزكۇر سۆزلەر ”دەرستىن بۇرۇن“ ”ئىشتىن كېيىن“ ئوخشاش سۆز بىرىكمىلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى يوقىتىپ، ياردەمچىلىك ۋەزىپە ئاتقۇرۇپ كەلگەن. مۇستەقىل سۆزلەر

بىلەن ياردەمچى سۆزلەر ئارىسىدىكى مۇنداق ئوتتۇنچىلىك ھالىتىدە تۇرغان ئېلېمېنتلار تىل ئەمەلىيىتىدە دائىم ئۇچرايدۇ.

مۇستەقىل سۆزلەر تۈپىنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەرمۇ مەنىسى ۋە گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن بىردەك ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئومۇمى ئوخشاشلىق تەرەپلىرى بىلەن بىر قاتاردا (مەسىلەن، مۇستەقىل لېكسىكىلىق مەنە ئاڭلىتىدىغانلىقى، جۈملىنىڭ مەلۇم ئەزاسى بولالايدىغانلىقى ۋە باشقىلار)، ئۆزئارا روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بەلگىلىرىمۇ بار (مەسىلەن، مەخسۇس مورفولوگىيىلىك كۆرسەتكۈچلىرى، جۈملىدىكى خىزمىتى ۋە باشقىلار). مەزكۇر لېكسىكا ــ گىرامماتىكىلىق بەلگىلەر مۇستەقىل سۆزلەرنى ئىسىملار ۋە پېئىللار دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە مۇمكىنچىلىك بېرىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە ئىسىملار ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش ۋە رەۋىش دەپ ئاتىلىدىغان سۆز تۈركۈملىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ.

ياردەمچى سۆزلەر ئۆزئارا تىركەلمىلەر، باغلىغۇچىلار ۋە ئۇلانمىلار بولۇپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

بۇلاردىن تاشقىرى، ئۇيغۇر تىلىدا مودال سۆزلەر، تەقلىدىي سۆزلەر ۋە ئىملىق سۆزلەر دەپ ئاتىلىدىغان سۆز تۈركۈملىرىمۇ بار.

شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈركۈملىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: 1) ئىسىم، 2) سۈپەت، 3) سان، 4) ئالماش، 5) رەۋىش، 6) پېئىل، 7) تىركەلمىلەر، 8) باغلىغۇچىلار، 9) ئۇلانمىلار، 10) مودال سۆزلەر، 11) ئىملىقلار، 12) تەقلىدىي سۆزلەر.

## ئىسىم

### ئىسىم توغرىسىدا ئومۇمى چۈشەنچە

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئىچىدە ئىسىم كاتېگورىيىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى تارقىسى

ئالاھىدە چوڭ ئورۇن تۇتىدۇ. چۈنكى مۇستەقىل مەنىگە ئىگە بولغان ۋە جۈملىنىڭ بىرەر ئەزاسى بولالايدىغان ھەممە سوز تۇركۇملىرى ئىسىملارغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىكتۇر. مەسىلەن، سۇپەت نەرسىنىڭ (يەنى ئىسىمنىڭ) سۇپىتىنى، سان نەرسىنىڭ سانىنى، پېئىل نەرسىنىڭ ئىش ــ ھەركىتىنى بىلدۇرىدۇ ۋە باشقىلار. باشقىچە ئېيتقاندا، ئىسىملار باشقا مۇستەقىل سوز تۇركۇملىرىنىڭ تىلدىكى ھەم سېمانتىكىلىق، ھەم گىراماتىكىلىق خىزمىتىنى ئۇزلىرىگە بېقىندۇرىدۇ.

تىلنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئىسىم كاتېگورىيىسى ئۆزىگە خاس لېكسىكا ــ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان ھالدا سۇپەت، سان، ئالماش ئوخشاش سوز تۇركۇملىرىنى بىر بىرىدىن پەرق قىلىشنىڭ ئاساسىي ئامىللىرىدىن بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. "ئىسىم كاتېگورىيىسى گىراماتىكىلىق مەركەز"، ــ دەيدۇ ئاكادېمىك ۋ. ۋ. ۋىنوگرادوۋ.

ئىسىم كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان سوزلەر لېكسىكا ــ سېمانتىكىلىق جەھەتتىن تەبىئەتتىكى ھەم جەمىيەت ھاياتىدىكى جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ، شۇنداقلا ئوبيېكتىلىق خۇسۇسىيىتى بار بارلىق چۈشەنچىلەرنىڭ ئېتىنى بىلدۇرىدۇ، يەنى جانلىق نەرسىلەرنىڭ (ئادەملەر، ھايۋانات، ئۇچار قانات، ھاشارەت ۋە باشقىلار)، نەرسە ــ ئوبيېكت ۋە ئوسۇملۇكلەرنىڭ (تاغ ــ دېڭىز، يەر ــ سۇ، ياغاچ ــ تاش، قاچا ــ قومۇچ، ئۆي ــ ئىمارەت، گىيا، گۈل ۋە باشقىلار) ۋەقە ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ (شامال، چېقىلغان، گۈلدۇرماما، ئاسمان، ئىنقىلاپ، تارىخ، ئاۋۇش ۋە باشقىلار)، تۇرلۇك ھەركەت، ھالەت، مۇناسىۋەت ياكى بەلگىلەرنىڭ (ئوقۇش، سېزىم، ئوي، ئەقىل، مۇھەببەت، ئۇيقا، تۇيغۇ، ئىشەنچ، ياخشىلىق، ياشلىق، توقچىلىق ۋە باشقىلار)ناملىرىنى ئىپادە قىلىدۇ.

ئىسىم كاتېگورىيىسىگە تېگىشلىك بولغان سوزلەر پەقەت كونكرېت

نەرسىلەرنىلا ئەمەس، شۇنداقلا ئابستراكت ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەرنىمۇ ئىپادە قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئابستراكت ھەم كونكرېت ئىسىملار بولۇپ ئىككى توپقا بولۇنىدۇ.

ئادەتتە، كوز بىلەن كورۇپ، قول بىلەن تۇتۇشقا مۇمكىن بولغان نەرسە-ئوبيېكتلارنىڭ ئىسمىنى بىلدۇرگۇچى سوزلەر كونكرېت ئىسىملار دەپ ئاتىلىدۇ؛ مەسىلەن: ياغاچ، قۇم، جوزا، سۇ، كوينەك، دۇگەت ۋە باشقىلار.

ئويلاش، پەرەز قىلىش قابىلىيىتى ئارقىلىق تونۇلىدىغان، ئوبيېكتلىق خۇسۇسىيىتى بار چۈشەنچە ۋە ئۇقۇملارنىڭ ئاتىلىرى ئابستراكت ئىسىملار دەپ ئاتىلىدۇ؛ مەسىلەن: پىكىر، يۈگرۈش، قىزىلىق، مېھىر-شەپقەت، تۇيغۇ، قايغۇ-ھەسرەت، ھالەت، تەرەققىيات ۋە باشقىلار

تارىخىي جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا، ئابستراكت مەنە ئاڭلىتىدىغان ئىسىملار كونكرېت مەنە ئاڭلىتىدىغان ئىسىملاردىن كېيىن پەيدا بولغان. بۇنى تىلدىكى نۇرغۇن پاكىتلار دەلىللەپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن: دېخانچىلىق، بالىلىق دېگەن ئابستراكت ئىسىملار دېخان، بالا دېگەن كونكرېت ئىسىملاردىن ياسالغان. ئەمما ئادەملەرنىڭ ئويلاش، پىكىر قىلىش قابىلىيىتى تەرەققىي ئەتكەنسېرى، ئەكسىچە، ئابستراكت مەنە ئاڭلىتىدىغان ئىسىملارنىڭ ئاساسىدا كونكرېت ئىسىملار پەيدا بولىدۇ؛ مەسىلەن: تەشكىلات — تەشكىلاتچى، قوزغىلاڭ — قوزغىلاڭچى، پىكىر — پىكىرداش، سوھبەت — سوھبەتداش ۋە باشقىلار.

ئىسىملارغا خاس گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەر سان، كېلىش ۋە ئىگىلىك كاتېگورىيىلىرىدىن ئىبارەت. ئومۇمەن، ئىسىملارغا مەنسۇپ بولغان ئوبيېكتلىق مەنە، يەنى ئىسىملارنىڭ ئومۇمىي سېمانتىكىسى، مۇشۇ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، ئۇلار ئۆز-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچىگى ئادرېسى

ئارا مەھكەم باغلىنىشتا بولىدۇ. مەسىلەن، بىرلىك ساندا قوللىنىلىدىغان ئىسىم نەرسە ياكى چۈشەنچىنىڭ تەبىئەتتە ھەم جەمىيەت ھاياتىدا ئۇچرىشىدىغان مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كوپلىگەن باشقا نەرسە ياكى چۈشەنچىلەرگە نىسبەتەن يالغۇزلۇغىنى ۋە بىردىن ئارتۇق ئەمەسلىگىنى بىلدۈرىدۇ (شەھەر، كىتاپ، رەسىم ۋە باشقىلار)؛ بۇنىڭ ئەكسىچە، كوپلۈك ساندا قوللىنىلىغان ئىسىم بىر بىردىن بولەك ياشىيالايدىغان كوپلىگەن تۈردەش ياكى جەملىگۈچى نەرسە ۋە ھادىسىلەرنى ئىپادىلەيدۇ (شەھەرلەر، كىتاپلار، رەسىملەر ۋە باشقىلار).

سىنتاكسىسلىق خىزمىتى جەھەتتىن ئىسىم جۈملىدە ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ھالەت بولۇپ كېلەلەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى جۈملىنىڭ ئىگىسى ھەم تولدۇرغۇچىسى بولۇشتىن ئىبارەت.

## جانلىق ۋە جانسىز ئىسىملار

ئۇيغۇر تىلىدا جانلىق ۋە جانسىز ئىسىملارنى بىر بىرىدىن ئايرىپ كورسىتىدىغان گىراماتىكىلىق بەلگە يوق: ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ تۈرلىنىش سىستېمىسى، جۈملىدىكى خىزمىتى بىر خىل. يالغۇز بىر نەرسە، ئىسىملارغا قويۇلىدىغان سوئال ئادەتتىكە نىسبەتەن كىم؟ قالغان بارلىق جانلىق، جانسىز نەرسىلەرگە، ئابستراكت ئۇقۇملارغا نىسبەتەن نىمە؟ دېگەن سوئاللاردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر تىلىدىكى جانلىق ۋە جانسىز ئىسىملار ئۆزئارا ئاساسەن مەنە جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

# رود كاتېگورىيىسى ھەققىدە

ئۇيغۇر تىلى پەقەت جانلىق ئىسىملارنىلا جىنسقا بولۇش خۇسۇ-
سىيىتىگە ئىگە. بۇ رۇس تىلىدىكى جانلىق نەرسىلەرگە باغلىق
قوللىنىلىدىغان مۇژسكوي رود بىلەن ژېنسكىي رودقا مەنە جەھەت-
دىن بىرئاز ئوخشاپ كېلىدۇ. تىلىمىزدىكى جانلىق ئىسىملارنىڭ
جىنس پەرقلىرى تۆۋەندىكى يوللار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

1. لېكسىكىلىق يول. سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى شۇ
سۆزلەرنىڭ قايسى جىنسقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ؛
مەسىلەن: ئەر — ئايال، ئاتا — ئانا، بوۋا — موما، ئوغۇل — قىز، ئاكا —
ھەدە، ئىنى — سىڭىل، بۇغا — مارال، خوراز — مېكىيان، ئايغىر — بايتال
ۋە باشقىلار.

2. سىنتاكسىسلىق يول. جىنسقا نىسبەتەن بىتەرەپ بولىدىغان
سۆزلەرنىڭ قايسى جىنسقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن،
ئۇلارنىڭ ئالدىغا ياكى كەينىگە مەخسۇس سۆزلەر قويۇلىدۇ؛ مەسى-
لەن: ئايال كىشى — ئەر كىشى، ئوغۇل بالا — قىز بالا، ئەركەك
موزاي — چىشى موزاي، ئۆدەكنىڭ ئەركىكى — ئۆدەكنىڭ چىشىسى،
جەرەننىڭ تېكىسى — جەرەننىڭ ئۆشكىسى ۋە باشقىلار. مىساللار:

قىز بالا دېگەن نەرسە
قىزىل ئەتلەسنى كىيسە...

(خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى)

دەرت ئەلەملەر كېلىدۇ
ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا...

(خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى)

ئايال كىشى — ئۆينىڭ بەركىتى. (ماقال). ئاغرىقنىڭ سانجىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يامان، ئىتنىڭ قانجۇغى يامان. (ماقال).

بۇ مىساللاردىكى قىز بالا، ئوغۇل بالا، ئايال كىشى، ئىتنىڭ قانجۇغى دىگەن ئىبارىلەر مۇناسىۋەتلىك ئىسىملارنىڭ جىنىس پەرقىنى كورسىتىدۇ.

3. مورفولوگىيىلىك يول. ئۇيغۇر تىلىدا رۇس تىلىدىن ۋە ئەرەپ تىلىدىن كىرگەن قوشۇمچىلار بار. ئۇلار شەخسنى ئىپادىلەيدىغان ئايرىم سوزلەرگە ئۇلىنىپ، ژىنىسكىي رود هاسىل قىلىدۇ؛ مەسىلەن: ئىستۇدىنتكا، كومىسومولكا، تىراكتورىستكا، ئارتىستكا، ماشىنىستكا، تېلېفۇنىستكا ئوخشاش سوزلەردىكى "-كا" ئېلېمېنتى رۇس تىلىنىڭ، مۇئەللىمە، شائىرە، مەھبۇبە، ئوخشاش سوزلەردىكى "-ئە" ئېلېمېنتى ئەرەپ تىلىنىڭ ژىنىسكىي رود هاسىل قىلغۇچى قوشۇمچىلىرىدۇر. ئەمما بۇ "-كا، -ئە" ئېلېمېنتلىرى پەقەت رۇس ۋە ئەرەپ تىللىرىدىن كىرگەن سوزلەردىلا قوللىنىلىپ رود كاتېگورىيىسىنى بىلدۈرىدۇ، يەنى ئۇلار ئۇيغۇر تىلىغا ئۇزلىرىنىڭ پۈتكۈل مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى بىلەن بىللە كىرىپ ئۇزلەشكەن هەم ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇز ئەسلى سوزلىرىگە ئۇلىنىپ، هىچقاچان جىنىس پەرقىنى بىلدۈرمەيدۇ. مىساللار: توختىخان روزاخۇنوۋا... تىراكتورىستكا بولۇپ ئىشلىگىنىگە 15 يىلدىن ئوشۇغراق بولدى. ("ك. ت." نازۇگۇمنىڭ رولىدا ياش ئارتىستكا ر. جامانوۋا... خېلىدىن بېرى ئويناپ كەلمەكتە. ("ك. ت."). ياش شائىرە پاتىگۈل سابىتوۋا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا ئەدەبىياتقا ئالاهىدە قىزىققان ئىدى. ("ك. ت.").

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەرەپ تىلىدىن قوبۇل قىلىنىغان بەزى كىشى ئاتلىرىدىمۇ رودقا ئايرىتىش خۇسۇسىيىتى ساقلىنىپ قالغان. بۇ ئاردا بەزى كىشى ئاتلىرىغا "-ئە" قوشۇمچىسىنى ئۇلاش ئارقىلىق ئايال كىشىلەرنىڭ ئىسمى هاسىل بولىدۇ؛ مەسىلەن: ئىسمىن —

ئىمىنەم، سىيلىم — سىيلىمەم، رىزۋان — رىزۋانەم، رەھىم — رەھىمەم، ھىمىت — ھىمىدەم، كامىل — كامىلەم، رەشىت>رەشىدەم، قۇرۋان — قۇرۋانەم، ساھىت>سايىت — ساھىدەم① ۋە باشقىلار.

رۇس تىلىدىن ئۆزلەشكەن ”-ئوۋ، -ئېۋ، -ئىن“ قوشۇمچىلىرى ئەر كىشىلەرنىڭ، ”-ئوۋا، -ئىۋا، -ئىنا“ قوشۇمچىلىرى ئايال كىشىلەرنىڭ پەمىلىلىرىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ ئۇنۇملۇك قوشۇمچىلارنىڭ بىر ئارتۇقچىلىقى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلار يۇقۇرىدىكى ”-كا، -ئە“ ئېلېمېنتلىرىغا ئوخشاش چەتتىن ئۆزلەشكەن ئايرىم سۆزلەرنىڭ تەركىۋىدىلا قوللىنىلماي، بەلكى ئۇيغۇر تىلىدىكى كىشى ئاتلىرىغا ئۇلىنىپمۇ جىنس پەرقىنى بىلدۈرىدۇ؛ مەسىلەن: توختاخۇنوۋ — توختاخۇنوۋا، ئەلىيېۋ — ئەلىيېۋا، ئابدۇللىن — ئابدۇللىنا ۋە باشقىلار.

## خاس ۋە ئومۇمى ئىسىملار

مەلۇم شەخس ياكى ئايرىم شەيئى، ھادىسە ۋە چۈشەنچىلەرنى باشقا شەخس ياكى ئايرىم شەيئى، ھادىسە ۋە چۈشەنچىلەردىن ئاجرىتىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن بېرىلگەن مەخسۇس ناملارنى خاس ئىسىملار دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن: قاسىم، غۇلجا، تارىم، خانتەڭرى، تەكلىماكان، ئوكتەبىر، مارس، كاسپىي ۋە باشقىلار.

بىر تۈرلۈك، بىر خىل نەرسە، ھادىسە ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ ئومۇمى ناملىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار ئومۇمى ئىسىملار دەپ

① مەزكۇر ئايال كىشى ئاتلىرىنىڭ ئاخىرىدىكى ”-م“ قوشۇمچىسى ئىززەت، ھۆرمەت مەنىسىنى ھاسىل قىلىدىغان قوشۇمچىدۇر. بۇ ھەقتە «ئىسىملارنىڭ ياسىلىشى»غا قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئادەم، شەھەر، دەريا، تاغ، دالا، ئىنقىلاپ، پىلانېتا، دېڭىز ۋە باشقىلار.

خاس ئىسىملارغا تۆۋەندىكىلەر كىرىدۇ:

1) شەخسلەرنىڭ ئىسمى، پەملىسى، دادىسىنىڭ ئىسمى، تەخەللۇس ۋە لەقىمى: مەخمۇت قەشقەرى، ئۆمەر مۇھەممەدى، نۇرەخمەت، دىلبەر، نىمشېھىت، ئالېكساندىر سېرگېيېۋىچ پۇشكىن، قۇيۇن، ئۇيغۇر تۇغلى؛ 2) گېوگرافىيىلىك ئاتالغۇلار، تارىخىي ۋەقە ئاتلىرى، تەشكىلاتلار، گېزىت ــ ژورنال ۋە ئەدەبىي ئىلمىي ئەسەرلەرگە بېرىلگەن ناملار: ئالمۇتا، چوڭ ئاقسۇ، «قانلىق يەك-شەنبە»، ئوكتەبىر، «دىنامو»، «كوممۇنىزىم تۇغى»، «تارىم»، «ئېغىر كۈنلەردە»، «كاپىتال» ۋە باشقىلار؛ 3) ئاسترونومىيىلىك ئاتالغۇلار: مارس، ساتۇرن، يۇپىتېر، يەر، كۈن، ئاي ۋە باشقىلار. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، يەر، كۈن، ئاي دېگەن سۆزلەر پەقەت مۇناسىۋەتلىك پىلانېتلارنىڭ مەخسۇس ئېتى بولغان ھالدىلا خاس ئىسىم بولالايدۇ: مەسىلەن: يەر كۈن ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ. قالغان بارلىق شارائىتتا ئومۇمى ئىسىم بولىدۇ؛ مەسىلەن: كۈن كەچ كىردى، ئاي يورۇغاندا، يەر يۇقۇرىسى، يەر تۈۋىنى ۋە باشقىلار؛ 4) ئۆي ھايۋانلىرىغا (ئىت، ئات، كالا ۋە باشقىلار) مەخسۇس بېرىلگەن ناملار: ئۇچار، بورىۋاس، كېرىلاق، مۇمۇ، تارلان، چالىقۇيرۇق، ياپال ۋە باشقىلار.

ياسىلىشى جەھەتتىن خاس ئىسىملار بىلەن ئومۇمى ئىسىملار بىر بىرىگە يېقىن مۇناسىۋەتتە بولىدۇ، يەنى خاس ئىسىملارنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئومۇمى ئىسىملار، بۇنىڭ ئەكسىچە، ئومۇمى ئىسىملارنىڭ ياسىلىشىغا خاس ئىسىملار ئاساس بولالايدۇ. مەسىلەن: توختاخۇن، گۈلزار، مارالۋېشى، ئوكتەبىر، شەرق، غەرب دېگەن خاس ئىسىملار ئومۇمى ئىسىملاردىن ياسالغان بولسا، ئالمۇتىلىق،

قەشقەرلىق، ستاخانوۋچى، مىچۇرىنچى، ماكسىم (پۇلېموت)، بوستان (رەخ)، رىنتگىن ئوخشاش ئومۇمى ئىسىملار خاس ئىسىملارنىڭ ئاساسىدا ياسالغان. ھەر ھالدا تىلىمىزدا خاس ئىسىملاردىن ئومۇمى ئىسىملارنىڭ ياسىلىشى خېلىلا كەم ئۇچرايدۇ.

خاس ئىسىملار بىلەن ئومۇمى ئىسىملارنىڭ بىر بىرىگە بۇنىڭدەك ئالمىشىپ يوتكىلىپ، بىر بىرىنى تولدۇرۇپ تۇرۇشى سوزلەرنىڭ مەنىسى بىلەن شەكىللىرىنىڭ ئوزگىرىشىگە باغلىق. خۇددى مۇشۇ مەنە ئوزگىرىشلىرى نەتىجىسىدە تىلىمىزدا شەكلى بىر، مەنىسى باشقا ئومۇنىم سوزلەر توغۇلۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئوكتەبىر — ئاينىڭ نامى (نويابىر، دېكابىر دىگەنگە ئوخشاش)، ئوكتەبىر — ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنىڭ نامى؛ شەرق — يەر يۇزىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپى؛ شەرق — كۈن چىقىش ئەللىرى؛ ۋەتەن — ئەل، يۇرت؛ ۋەتەن — سوۋېتلەر سويۇزى ۋە باشقىلار.

خاس ئىسىملارغا نىسبەتەن ئومۇمى ئىسىملار مەنە ئوزگىچىلىكلىرىگە ناھايىتى باي. بەزى ئومۇمى ئىسىملارنىڭ مەنىسى بىر خىل شەخس، نەرسە ۋە ۋەقەلەرنى يالغۇزلۇق، بىرلىك سۈپىتىدە بولۇپ-بولۇپ كورسىتىدۇ؛ مەسىلەن: نان، چاي، گوش، چەكچى، ئوفىتسېر، بالا، كىتاپ، جوزا، كارۋات ۋە باشقىلار. ئايرىم ئومۇمى ئىسىملار بولسا، بۇنىڭ ئەكسىچە، بىر خىل نەرسىلەرنىڭ جەمئىسىنى بىلدۈرىدۇ؛ مەسىلەن: ئوزۇق-تۈلۈك، ئوت-چۆپ، ئارمىيە، خەلق، ئاشلىق، يەل-يېمىش ۋە باشقىلار. يەنى ئوزۇق-تۈلۈك دىگەن ئىسمىدا يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن نان، چاي، گوش ۋە باشقىمۇ يىمەك-ئىچمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى جەملەنگەن بولىدۇ. يەل-يېمىش دىگەن سوزنىڭ مەنىسىمۇ ئۈرۈك، ئالما، نەشپۈت، قارا ئۈرۈك، ئالىچا، شاپتۇلا ئوخشاش مىۋىلەرنى جەملەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىدۇ.

تۈزلىشى يېقىدىن خاس ئىسىملارمۇ، ئومۇمى ئىسىملارمۇ ھەم ئاددىي، ھەم مۇرەككەپ بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. دېمەك، بۇ جەھەتتىن ئۇلار بىر بىرىدىن پەرق قىلىنمايدۇ؛ مەسىلەن: ئادەم، بالا، دەرەخ، جۇمھۇرىيەت، ئوقۇش، مەملىكەت، رۇقىيەم — ئاددىي ئىسىملار؛ سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى، قارا دېڭىز، بالا-چاقا، ئويمانابايتوقاي، تۇرسۇن مەھەممەت — مۇرەككەپ ئىسىملار.

## ئىسىملارنىڭ سان كاتېگورىيىسى

ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملار مەنە ۋە شەكىل جەھەتتىن يا بىرلىك ساندا، يا كۆپلۈك ساندا قوللىنىلىدۇ. بىرلىك سان نەرسە، ۋەقە ھادىسە ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ بىردىن ئارتۇق ئەمەسلىكىنى، يالغۇز-لۇغىنى ياكى ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن ھەم ئاجرالماسلىقىنى ئاڭلىتىدۇ؛ مەسىلەن: ئۆي، قەلەم، ئات، تراكتور، شەھەر، يېزا، دەرسخانا، باشلىق، ئازادلىق، مۇھەببەت، بەخت ۋە باشقىلار. كۆپلۈك سان بولسا نەرسىلەرنىڭ بىردىن ئارتۇقلىقىنى، نۇرغۇنلىقىنى ئاڭلىتىدۇ؛ مەسىلەن: ئۆيلەر، قەلەملەر، ئاتلار، تراكتورلار، شەھەرلەر، يېزىلار ۋە باشقىلار.

باشقا تۈركى تىللارغا ئوخشاش، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك مەنىسى ئاساسەن ئۈچ تۈرلۈك ئۇسۇل بىلەن ياسىلىدۇ. ئۇلار مورفولوگىيىلىك، سىنتاكسىسلىق ھەم لېكسىكىلىق ئۇسۇللار-دىن ئىبارەت.

1. مورفولوگىيىلىك ئۇسۇل. سۆزنىڭ ئاساسىغا ئۇلىنىپ شۇ ئاساستا ئىپادە قىلىنغان شەيئىنىڭ كۆپلىكىنى ئاڭلىتىدىغان بىردىن-

بىر قوشۇمچە "ـ لار، ـ لەر" قوشۇمچىسىدۇر①. كوپلۇك قوشۇمچىسى سوزنىڭ تومۇرىغا (م.: ئىشلار، كولخوزلار)؛ ياسالما ئاساسقا (م.: ئىشچىلار، كولخوزچىلار)، ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن بەزى سوزلەرگە (م.: دادىملار، داداڭلار)، شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ ئىككىنچى شەخسىدىن كېيىن (م.: باردىڭلار، ئالدىڭلار، كوردۇڭلار ۋە باشقىلار) ئۇلىنىپ كېلىدۇ. ئەگەر باشقا سوز تۇركۇملىرى، شۇ جۈملىدىن سۈپەتلەر، ئىسىملارغا ئايلىنىپ، ئىسىملاشقان بولسا، ئۇ چاغدا مۇنداق سوزلەرگىمۇ كوپلۇك قوشۇمچىسى ئۇلىنىۋېرىدۇ؛ مەسىلەن:

ئاتالىقلار، ئانالىقلار

دەستە ـ دەستە گۈل ئىكەن.

ئاتاسىزلار، ئاناسىزلار

كويۇپ ئوچكەن كول ئىكەن.

(خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى)

ئۇيغۇر تىلىدىكى كوپلۇك قوشۇمچىسى ھەر خىل مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ. ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن تومۇر ياكى ئاساس ئىپادىلەپ تۇرغان ئىسىمنىڭ كوپلىگىنى ئاڭلىتىدۇ؛ مەسىلەن: باغ ــ باغلار، زاۋۇت ــ زاۋۇتلار، ئادەم ــ ئادەملەر، كوچا ــ كوچىلار ۋە باشقىلار.

جۈملىدە كوپلۇك قوشۇمچىسى ئۇلىنىدىغان سوزلەر شۇ جۈملىنىڭ

---

① ئۇيغۇر تىلىدىكى كوپلۇك قوشۇمچىسى پەقەت ئىككى ۋارىيانتتىلا ئىگە بولۇپ، سوز تومۇرىنىڭ ياكى ئاساسىنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى قېلىن بولسا، ـ لار، ئىنچىكە بولسا، ـ لەر شەكلىدە ئۇلىنىدۇ؛ مەسىلەن: بالا ــ بالىلار، ئوي ــ ئويلەر ۋە باشقىلار. ئەمما قوشۇمچە، كىتابچە، ئۇرۇقچە، ماقالە ئوخشاش ئاز بىر قىسىم سوزلەرنىڭ ئاخىرى ئىنچىكە بولسىمۇ، ئۇلارغا قېلىن ـ لار ۋارىيانتى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن: قوشۇمچىلار، كىتابچىلار ۋە باشقىلار. كوپلۇك قوشۇمچىسى ئىگىلىك ھەم شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ ئىككىنچى شەخسىدە تۇرغان سوزلەرگىمۇ ھەر قاچان پەقەت "ـ لار" شەكلىدە ئۇلىنىدۇ؛ مەسىلەن: ئويۇڭ ــ ئويۇڭلار، كوردۇڭ ــ كوردۇڭلار ۋە باشقىلار.

بىر خىل مۇچىلىرى بولۇپ كەلسە، كوپلۇك قوشۇمچىسى، ئادەتتە، ئاخىرقى سوزگىلا ئۇلىنىدۇ-دە، شۇ بىر خىل مۇچىلەرنىڭ ھەممىسىگە تېگىشلىك دەپ تونۇلىدۇ. مەسلەن: تەنتەنىلىك مەجلىسكە ئىشچى، كولخوزچى، مۇئەللىم ۋە ئوقۇغۇچىلار قاتناشتى دىگەن جۇملىدە ”-لار“ قوشۇمچىسى پەقەت ئاخىرقى ئوقۇغۇچى سوزىگە ئۇلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، جۇملىنىڭ ئومۇمى مەنىسىگە قاراپ، ئىشچىلارنىڭمۇ، كولخوزچىلارنىڭمۇ، مۇئەللىملەرنىڭمۇ نۇرغۇنلىغىنى بىلىمىز.

جۇملىنىڭ بىر خىل مۇچىلىرىدە كوپلۇك قوشۇمچىسىنى پەقەت مۇشۇ تۇردىلا قوللىنىش شەرت ئەمەس. بۇنىڭ ئەكسىچە، ھەر بىر بىر خىل مۇچە ئوز ئالدىغا كوپلۇك قوشۇمچىسىغا ئىگە بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. مەسلەن: پارتكوم فاكۇلتېتلارنىڭ، دېكانلارنىڭ، كافېدرا باشلىقلىرىنىڭ ئىستودېنتلارنى تەربىيىلەشتىكى ۋە ئوقۇتۇشتىكى جاۋاپكارلىغىنى يۇقۇرى كوتىرىشى...لازىم. (”ك. ت.) بۇ جۇملىدىكى پاكۇلتېت مۇدىرى، كاپېدرا باشلىغى دىگەن بىر خىل مۇچىلەرنىڭ ھەرقايسىسى كوپلۇك شەكلىدە كەلگەن. ياكى: ماتور رېمونتلاشتا ھ. قۇربانوۋ، ئا. گايىتوۋ، يۇ. ئىمىروۋ ۋە تىراكتورنىڭ ئىچكى قىسىملىرىنى رېمونتلاشتا م. چىنتايېۋ، س. ئىبىدەشوۋ، ئى. مۇسايېۋ، د. لاسىيېۋ، سوقا ۋە سيالكىلارنى رېمونتلاشتا ت. يۇسۇپوۋ، م. ئىمنوۋ، ئە. ئايداروۋ ھەم س. رازىيېۋلار ياخشى ئىش ئۇلگىلىرىنى كورسەتتى (”ك. ت.“) دىگەن جۇملىدىن كوپلۇك قوشۇمچىسىغا باغلىق ئىككى ئوزگىچىلىكنى بايقاشقا بولىدۇ. بىرىنچىدىن، ”رازىيېۋلار“ دىگەن سوزدىكى ”-لار“ قوشۇمچىسى سوقا ۋە سيالكا رېمونتلىغۇچىلار بىلەن بىللە ھەم ماتور رېمونتلىغۇچى، ھەم تىراكتورنىڭ ئىچكى قىسىملىرىنى رېمونتلىغۇچى شەخسلەرنىڭمۇ نۇرغۇنلىغىنى بىلدۇرسە (دىمەك ”-لار“ قوشۇمچىسى شۇلارنىڭ

ھەممىسىگە ئورتاق بولۇپ كەلسە)، ئىككىنچىدىن، بۇ ئارىدا "-لار" قوشۇمچىسى "رازىيېۋ" ئاتلىق كىشىلەرنىڭ ياكى شۇ رازىيېۋنىڭ كۆپلىگىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ يالغۇز ئەدەبلىگىنى بىلدۈرىدۇ. داداملار كېلىۋاتىدۇ، سادىرلار دەرستىن چىقتى، سادىقجانلارنىڭ ئوقۇشى ئاياقلىشىۋاتاتتى. (ھ. ئا.) دېگەن جۈملىلەردىكى كۆپلۈك قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن سۆزلەر "دادام بىلەن باشقىمۇ كىشىلەر"، "سادىر ھەم ئۇنىڭ يېنىدىكى باشقا بالىلار"، "سادىقجان ۋە باشقىلار" دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ.

كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىرنەچچە كىشىگە ئورتاق بىر نەرسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرگىمۇ ئۇلىنىدۇ. مەلۇم بىر كىشىگە: ئۆيلىرىڭلارنى ياساپ تۈگەتتىڭلارمۇ؟ بۇ يىل سەيلىكلىرىڭلار ياخشى بولدىمۇ؟ دەپ سوئال قويۇشىمىز مۇمكىن. ئەمما بۇ ئارىدا كۆپلۈك قوشۇمچىسى ئۆينىڭ، سەيلىكنىڭ كۆپلىگىنى بىلدۈرمەيدۇ، بەلكى شۇ ئۆي ۋە سەيلىككە ئورتاق ئىگە بولغان شەخسلەرنىڭ بىرنەچچە ئىكەنلىگىنى ئاڭلىتىدۇ.

كۆپلۈك قوشۇمچىسى ھەممە ۋاقىتتا ئاساستا ئىپادە قىلىنغان نەرسىنىڭ كۆپلىگىنى بىلدۈرىۋەرمەيدۇ. مەسىلەن، تۇمۇقاپ ياتقان كىشى: باشلىرىم، بەللىرىم ئاغرىۋاتىدۇ دەپ ئېيتىشى مۇمكىن. ئەمما بۇنىڭدىن كۆپلۈك قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن باش، بەل سۆزلىرى "پۈتكۈل بىلىم" دېگەن ئومۇملاش مەنە ئاھاڭىنى ئاڭلىتىدىغانلىقىنى بىلىمىز.

بەزىدە كۆپلۈك قوشۇمچىسى ئورۇن-جاينى بىلدۈرىدىغان خاس ئىسىملارغا ئۇلىنىپ، شۇنىڭغا ئوخشاش خۇسۇسىيەتكە ئىگە باشقىمۇ جايلارنى، ئۇنىڭغا قاراشلىق تېررىتورىيەنى ئاڭلىتىدۇ؛ مەسىلەن: ھازىر تاشكەنتلەردە كۈن ئىسسىق. دەم ئېلىشتا ئالمۇتۇلارغا بېرىپ قايتماقچىمەن ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئادەتتە، شاناشقا بولمايدىغان نەرسىلەرنىڭ ئىسمىغا كوپلۇك قوشۇمچىسى ئۇلانغاندا، شۇ نەرسىلەرنىڭ تۈر-تۈرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ؛ مەسىلەن: ياغلار، بوغدايلار، سۇلار، شامالىلار ۋاهاكازا. قارلار ياغدى، شامالىلار چىقتى دىگەن جۈملىلەردە قار ۋە شامالنىڭ كوپلىكى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ هەر ۋاقىتتا، بىرنەچچە قېتىم، بىرنەچچە جايلاردا ياققانلىقى هەم چىققانلىقى بىلىنىدۇ.

كوپلۇك قوشۇمچىسى هورمەت، ئىززەت مەنىسىنىمۇ ئاڭلىتىدۇ؛ مەسىلەن: تۇققان كورۈش نىيەتلىرى ياخشى ئىش، ئات توغرىسىدىكى گەپلىرىگە قوشۇلالمايمەن. ("ش. ئە. س.") ئىمام: — داستىخانلىرى بەرىكەتلىك بولسۇن، نەزىرلىرى مەقبۇل بولغاي. ئامىن ئالاهۇئەكبەر، — دەپ ئورنىدىن قوپتى. ("ش. ئە. س.") كوپلۇك قوشۇمچىسىنىڭ مۇنداق هورمەت مەنىسىدە ئىشلىتىلىشى كوپرەكى جانلىق تىلغا ۋە گۈزەل ئەدەبىياتقا خاستۇر.

ئەگەر كوپلۇك قوشۇمچىسى ساناق سانلارغا ۋە مەنىسى ۋاقىت بىلەن باغلىق ئايرىم سوزلەرگە ئۇلىنىدىغان بولسا، تەخمىنلىك مەنىسى ئاڭلىنىدۇ؛ مەسىلەن: بوۋاينىڭ يېشى ئاتمىشلاردا ئىدى. يىگىرمە سائەت يەتتىلەردە تامام بولدى ۋە باشقىلار.

يۇقىرىقىدە، جۈملىدىن خەلق قوشاق ۋە بېيىتلىرىدا، كوپلۇك قوشۇمچىسى نەرسىنىڭ كوپلىكىنى بىلدۈرۈش ۋەزىپىسىدىن مەهرۇم ئېتىلىپ، پەقەت شېئىرنىڭ بوغۇم ئولچىمىنى تەڭشەش، كەلتۈرۈش ياكى جۈملىدە قانداقتۇ بىر تەسىرلىك ئاهاڭ هاسىل قىلىش مەقسىدى بىلەنلا قوللىنىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ئالچىرنىڭ قىزلىرى، يىغلىما ئەمدى،
بەختىڭنى يورۇتار مايىنىڭ سۇبهىسى.
كۇرەشسەڭ، هارمىساڭ، هەممە كەلگۈسىڭ
گويا بىزلەردەك نۇرلۇق بولغۇسى.

(ز. ق.)

* * *

بىزنىڭ يارنىڭ باغلىرىدا
سەبدە گۈلى بىر قۇچاق.
ئوڭ يېنىمغا ئوق تېگىپتۇ،
سول يېنىمغا يۈز پىچاق.

(فولك.)

* * *

باغدىكى بوچا تېرەكتەك
بويلىرىڭنىڭ تۈزلىگى،
تالدا سارغايغان ئۈزۈمدەك
لەۋلىرىڭ سۈزۈكلىگى...

(فولك.)

بۇ مىساللاردا كەلگەن بىزلەردەك، باغلىرىدا، بويلىرىڭنىڭ، لەۋلىرىڭ (نىڭ) دىگەن سۆزلەرگە ئۇلانغان كوپلۇك قوشۇمچىسىنىڭ جانلىق خاراكتېرغا ئىگە ئىكەنلىگىنى بايقاش قىيىن ئەمەس. چۈنكى بىز دىگەن سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىدىن كوپلۇگىنى بىلىمىز؛ كېيىنكى ئىككى كۇپلىت بېيىتتا قوللىنىلغان بوي، باغ سۆزلىرىگە "-لار" قوشۇمچىسى ئۇلانغان تەقدىردىمۇ، مەزكۇر سۆزلەر بىرلىك سانىدا ئىشلىتىلگەن.

2. لېكسىكىلىق ئۇسۇل. ئۇيغۇر تىلىدا شۇنداق ئىسىم سۆزلەر باركى، ئۇلار كوپلۇك قوشۇمچىسى ئۇلانماي تۇرۇپلا كوپلۇك مەنىسىنى ئاڭلىتىدۇ. دىمەك، مۇنداق سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئەسلى كوپلۇك ئۇقۇمىنى ئىپادە قىلىدۇ. بۇ تۈركۈمگە، بىرىنچىدىن، ساناشقا مۇمكىن بولمايدىغان تۈرلۈك ئۇششاق نەرسىلەر-نىڭ ئاتلىرى كىرىدۇ؛ مەسىلەن: چاچ، يۇڭ، تېرىق، بۇغداي، ئوت-چوپ ۋە باشقىلار. مۇنداق نەرسىلەرنى ئايرىپ كورسىتىش ئۈچۈن ئادەتتە ساناق سان بىلەن تال دىگەن سۆز قاتار قوللىنىلىدۇ؛

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشقەدەم تور بېكىتى

مەسىلەن: بىر تال چاچ، ئىككى تال بۇغداي دېگەنگە ئوخشاش.

3. سىنتاكسىسلىق ئۇسۇل. بىرنەچچە سۆزلەرنى سۆز تىزمىسى رېتىدە ياكى قوش سۆز رېتىدە قاتار قوللىنىش ئارقىلىقمۇ كۆپلۈك مەنىسىنى ھاسىل قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ تۆۋەندىكىچە تۈرلىرى بار:

ئا) ئېنىقلىغۇچى سۆز ساناق سان بولۇپ كەلسە، ئېنىقلانغۇچى سۆز (يەنى ئىسىم) كۆپلۈك مەنىدە قوللىنىلىدۇ؛ مەسىلەن: بەش قول بىردەك ئەمەس. (ماقال.) مۇشۇ كۈندە كولخوزدا 20 مىڭغا يېقىن قوي، 2 مىڭ سىيىر، مىڭدىن ئوشۇق يىلقا، 500 گە يېقىن چوشقا بار. ("ك. ت.")

ب) ئېنىقلىغۇچى سۆز تەكرار قوش سۆز بولۇپ كەلسە، ئېنىقلانغۇچى سۆز (ئىسىم) كۆپلۈك مەنىدە قوللىنىلىدۇ؛ دۆگا-دۆگا چوپ، كورا-كورا ماي، قورا-قورا قوي، ئۆي-ئۆيدە رادىيو ۋە باشقىلار.

ۋ) كۆپ، جىق، نۇرغۇن، تولا، بىرنەچچە، بىرقانچە، تالاي، بىر تالاي ئوخشاش سۆزلەردىن كېيىن كەلگەن ئىسىمغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىردە ئۇلىنىدۇ، بىردە ئۇلانمايدۇ. ئەمما بۇ ھەر ئىككىلا شارائىتتا كۆپلۈك مەنە ھاسىل بولىدۇ؛ مەسىلەن: كۆپ كىشى — كۆپ كىشىلەر، بىرنەچچە كىتاب — بىرنەچچە كىتابلار، تالاي شەھەر — تالاي شەھەرلەر ۋە باشقىلار.

## ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كاتېگورىيىسى

مەلۇم بىر شەيئىنىڭ I، II ياكى III شەخسلەرنىڭ بىرىگە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە ئىگىلىك كاتېگورىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، ئىگىلىك كاتېگورىيىسى شەيئىنى ئىگىلەيدىغان شەخس بىلەن شۇ شەخسكە قاراشلىق

بولغان شەيئى ئارىسىدىكى گىراممانىكىلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى مىساللاردىن كۆرۈشكە بولىدۇ؛ مەسىلەن: دەپتىرىم، دەپتىرىڭ، دەپتىرى، ئاتام، ئاتاڭ، ئاتىسى. بۇ كەلتۈرۈلگەن سۆزلەر مورفولوگىيىلىك تەركىۋى جەھەتتىن ئىككى مورفىمىغا بۆلۈنىدۇ؛ يەنى: 1) سۆزنىڭ تومۇرى — شەيئى — ئوبيېكت (دەپتەر، ئاتا) مەنىسىنى ئاڭلىتىدۇ؛ 2) قوشۇمچىلار "-ئىم(-م)، -ئىڭ (-ڭ)، -ئى (-سى)" تومۇردا ئىپادە قىلىنغان شەيئىنىڭ قايسى شەخسكە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىگىلىك كاتېگورىيىسى ھەممە ۋاقىتتا شەخس بىلەن شەيئى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىلا ئىپادىلەپ قويماي، بەلكى شەيئى بىلەن شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىمۇ ئىپادىلەيدۇ؛ يەنى I ۋە II شەخسلەردە ئىگىلىگۈچى دائىمەن كىشىلىك ئالماشلاردىن بولۇپ كېلىدىغان بولسا (م. : مېنىڭ پۇتۇم، سېنىڭ پۇتۇڭ)، III شەخسدە ھەم شەخسى، ھەم شەيئى بولۇشى مۇمكىن؛ مەسىلەن: ئۇنىڭ پۇتى، قاسىمنىڭ پۇتى، ئۈستەلنىڭ پۇتى، بىزنىڭ بېغىمىز، كولخوزنىڭ بېغى ۋە باشقىلار.

شەيئىنىڭ بىرەر شەخس ۋە ئوبيېكتقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان قوشۇمچىلار ئىگىلىك قوشۇمچىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى شەخسلەرگە نىسبەتەن ئۈچ خىل، يەنى I شەخس، II شەخس، III شەخسلەرگە تېگىشلىك شەيئىنىڭ سانىغا نىسبەتەن ئىككى خىل، يەنى بىرلىك ۋە كۆپلۈك بولۇپ كېلىدۇ؛ ئۇلىنىدىغان سۆزنىڭ سوزۇق ياكى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان ياكى ئاياقلاشمىغانلىقىغا، لەۋلەشكەن ياكى لەۋلەشمىگەنلىكىگە قاراپ، ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ھەرخىل فونېتىكىلىق ۋارىيانتلاردا قوللىنىلىدۇ. بۇلاردىن تاشقىرى، بىرلىك سانىدىكى II

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شەخسلىك ئىگىلىك قوشۇمچىسىنىڭ سىپايە تۈرى بار①؛ مەسىلەن: بالىڭىز، ماشىنىڭىز، قەلىمىڭىز، دوكلاتىڭىز، ئۆيىڭىز، ئەھۋالىڭىز ۋە باشقىلار.

ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن روشەن كۆرۈشكە بولىدۇ.

سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە ئۇلىنىدىغان ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى

| شەخسلەر | بىرلىك سان | كۆپلۈك سان | مىساللار |
| --- | --- | --- | --- |
| I شەخس | ـ م | ـ مىز | ئاكام، ئالمام، توگەم، مەھەللەم، ئاكىمىز، ئالمىمىز، توگىمىز، مەھەللىمىز |
| II شەخس | ـ ڭ | ـ ڭلار | ئاكاڭ، ئالماڭ، توگەڭ مەھەللەڭ، ئاكاڭلار، ئالماڭلار، توگەڭلار، مەھەللەڭلار |
| سىپايە تۈرى | ـ ڭىز | — | ئاكىڭىز، ئالمىڭىز، توگىڭىز، مەھەللىڭىز، |
| III شەخس | ـ سى | ـ سى | ئاكىسى، ئالمىسى، توگىسى، مەھەللىسى |

سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان بەزى ئىسىملارغا، بولۇپمۇ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان ئىسىملارغا، ئىگىلىك

---

① جانلىق ئۇيغۇر تىلىدا بۇنىڭ كۆپلۈك تۈرىمۇ قوللىنىلىشى مۇمكىن؛ مەسىلەن: تەلۋىتىڭىزلار، ئىشىڭىزلار، تەلەپلىرىڭىزلار، ئىشلىرىڭىزلار ۋە باشقىلار. ئەمما بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ نورمىسى بولالمايدۇ.

قوشۇمچىلىرى I شەخسىدە ”-رىم، -رۇم، -رۈم“ II شەخسىدە ”-رىڭ، رۇڭ، -رۈڭ“ III شەخسىدە ”-رى“ شەكلىدە ئۇلىنىدۇ؛ مەسىلەن:

I شەخس سىيارىم، توخورۇم دورۇم، پەلتورۇم
II شەخس سىيارىڭ، توخورۇڭ، دورۇڭ، پەلتورۇڭ
III شەخس سىيارى، توخورى، دورى، پەلتورى.

مەزكۇر سوزلەرنىڭ بەزى بىرلىرىنىڭ ”ر“ تاۋۇشى بىلەن يېزىلىشى ئىملا قائىدىلىرىدىمۇ ئەكس ئېتىلگەن. مەلۇمكى، ”ر“ تاۋۇشى، سوزلەردە ئۇزىنىڭ قانداق فونېتىكىلىق شارائىتتا تۇرغانلىغىغا قاراپ، بىردە چۇشۇپ قېلىش، بىردە قايتىپ ئورنىغا كېلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۇنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى تىلدىكى ئوخشاشلىق قانۇنىغا ئاساسەن تەركىۋىدە ”ر“ تاۋۇشى تامامەن يوق سوزلەرگىمۇ ئوتۇپ (تارقىلىپ)،

ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان سوزلەرگە ئۇلىنىدىغان ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ جەدۋىلى

| شەخسلەر | ئاخىرقى بوغۇم لەۋلەشمىگەن بولسا: بىرلىك سان | ئاخىرقى بوغۇم لەۋلەشمىگەن بولسا: كوپلۇك سان | ئاخىرقى بوغۇمى لەۋلەشكەن بولسا: بىرلىك سان | ئاخىرقى بوغۇمى لەۋلەشكەن بولسا: كوپلۇك سان |
|---|---|---|---|---|
| I شەخس | -ىم | -ىمىز | -ۇم، ۈم | -ۇمىز، -ۈمىز |
| II شەخس | -ىڭ | -ىڭلار | -ۇڭ، -ۈڭ | -ۇڭلار، -ۈڭلار |
| سىپايە تۈرى | -ىڭىز | — | -ۇڭىز، -ۈڭىز | — — |
| III شەخس | -ى | -ى | -ى | -ى |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇ سۆزلەر ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەندە، تومۇر بىلەن قوشۇمچىنىڭ ئارىلىقىغا "ر" تاۋۇشى قىستۇرۇلۇۋالىدۇ.

مىساللار: ئات — ئېتىم، ئېتىڭ، ئېتىڭىز، ئېتى؛ ئېتىمىز، ئېتىڭلار، ئېتى؛
قوي — قويۇم، قويۇڭ، قويىڭىز، قويى؛ قويىمىز، قويۇڭلار، قويى؛
ئوي — ئويۇم، ئويۇڭ، ئويىڭىز، ئويى، ئويىمىز، ئويۇڭلار، ئويى.

تۈركولوگىيىدە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ كىشىلىك ئالماشلاردىن كېلىپ چىققانلىقى مەلۇم دەرىجىدە ئىسپاتلانغان. ئايرىم تۈركشۇناسلىق ئەسەرلەردە بىرلىك ساندىكى I شەخسلىك ئىگىلىك قوشۇمچىسى "-ىم" (ھەرخىل فونېتىكىلىق ۋارىيانتلىرى بىلەن) "مەن" دېگەن كىشىلىك ئالماشتىن، ئىككىنچى شەخسلىك ئىگىلىك قوشۇمچىسى "-ىڭ" (ۋارىيانتلىرى بىلەن) "سەن" دېگەن كىشىلىك ئالماشتىن، ئەمدى كۆپلۈك ساندىكى I شەخسلىك ئىگىلىك قوشۇمچىسى "-مىز" (ۋارىيانتلىرى بىلەن) "بىز" دېگەن كىشىلىك ئالماشتىن كېلىپ چىققان دېگەن پىكىر ئېيتىلىدۇ.

ئىگىلىك قوشۇمچىسىنىڭ سىپايە تۈرى "-ىڭىز" بىرلىك ساندىكى II شەخسلىك ئىگىلىك قوشۇمچىسى "-ىڭ" ۋە كۆپلۈكنى بىلدۈرىدىغان ئارخائىك "-ىز" قوشۇمچىلىرىدىن ئىبارەت.

III شەخس قوشۇمچىسى "-ى" ۋە "-سى" قوشۇمچىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئېتىمولوگىيىسى تېخى ئېنىقلانغان ئەمەس.

ئىگىلىگۈچى شەخس (بەزىدە ئوبيېكت) بىلەن ئىگىلەنگۈچى ئوبيېكت (بەزىدە شەخس) سان جەھەتتىن تۈرلۈك فورمىلاردا كېلىشى مۇمكىن. ئۇنى تۆت ھالدا كۆرۈشكە بولىدۇ:

1. ئىگىلىگۈچى شەخسمۇ، ئىگىلەنگۈچى ئوبيېكتمۇ بىرلىك ساندا قوللىنىلىدۇ؛ مەسىلەن:

I شەخس مېنىڭ كىتاۋىم
II شەخس سېنىڭ كىتاۋىڭ

III شەخس ئۇنىڭ (ياكى بىبلىئوتېكىنىڭ، ئاسمىنىڭ) كىتاۋى.

2. ئىگىلىگۈچى شەخس بىرلىكتە، ئىگىلەنگۈچى ئوبيېكت كوپلۈكتە قوللىنىلىدۇ؛ مەسىلەن:

I شەخس مېنىڭ كىتاپلىرىم

II شەخس سېنىڭ كىتاپلىرىڭ

III شەخس ئۇنىڭ (ياكى بىبلىئوتېكىنىڭ، ئاسمىنىڭ) كىتاپلىرى.

3. ئىگىلىگۈچى شەخسمۇ، ئىگىلەنگۈچى ئوبيېكتىمۇ كوپلۈك ساندا قوللىنىلىدۇ؛ مەسىلەن:

I شەخس بىزنىڭ كىتاپلىرىمىز

II شەخس سىلەرنىڭ كىتاپلىرىڭلار

III شەخس ئۇلارنىڭ (ياكى بىبلىئوتېكىلارنىڭ، ئاسمىلارنىڭ) كىتاپلىرى.

4. ئىگىلىگۈچى شەخس كوپلۈكتە، ئىگىلەنگۈچى ئوبيېكت بىرلىكتە قوللىنىلىدۇ؛ مەسىلەن:

I شەخس بىزنىڭ كىتاۋىمىز

II شەخس سىلەرنىڭ كىتاۋىڭلار

III شەخس ئۇلارنىڭ (ياكى بىبلىئوتېكىلارنىڭ، ئاسمىلارنىڭ) كىتاۋى.

ئىگىلەنگۈچى شەيئىنى ئىپادىلەيدىغان سوزگە كوپلۈك قوشۇمچىسى ئىككى خىل مەقسەت بىلەن ئۇلىنىشى مۇمكىن. بىرىنچىدىن، ئەگەر كوپلۈك قوشۇمچىسى ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىدىن ئىلگىرى ئۇلانسا ئۇ چاغدا ئىگىلەنگۈچى شەيئىنىڭ كوپلىكىنى ئاڭلىتىدۇ؛ مەسىلەن: دەپتەرلىرىم، يولداشلىرىم، قوللىرىڭ، باللىرىڭ، كولخوزچىلىرى، سۇلىرى ۋە باشقىلار. ئىككىنچىدىن، ئەگەر كوپلۈك قوشۇمچىسى ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىدىن كېيىن ئۇلىنىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئىگىلەنگۈچى شەيئىنىڭ كوپلىگىنى بىلدۇرمەيدۇ، بەلكى

”-لار“ قوشۇمچىسى بۇ شارائىتتا باغلىغۇچىلىق خىزمەت ئاتقۇرۇپ، بىنتاكسىسلىق رول ئوينايدۇ؛ مەسىلەن: سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلار (سىلەرنىڭ ئۆيۈڭ ئەمەس)، سىلەرنىڭ بېغىڭلار (سىلەرنىڭ بېغىڭ ئەمەس) ۋە باشقىلار. دىمەك، ”-لار“ قوشۇمچىسى بۇ ئارىدا كوپلۇك ساندىكى II شەخسلىك ئىگىلىگۈچى شەخسىنى (يەنى سىلەرنىڭ دىگەن سوزنى) بىرلىك ساندىكى II شەخسلىك ئىگىلەنگۈچى شەيئى بىلەن (يەنى بېغىڭ دىگەن سوز بىلەن) باغلاشتۇرىدۇ.

بىز يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئوتكەنىدەك، ئىگىلىك كاتېگورىيىسى شەيئىنى ئىگىلەيدىغان شەخس بىلەن شۇ شەخسكە قاراشلىق شەيئى ئارىسىدىكى گىراماتىكىلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان بولغانلىقتىن، بۇ ئىككىسى ھەر قاچان بىر بىرىگە بېقىندا بولۇپ كېلىدۇ؛ يەنى ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلانغان سوز ھەر دائىم ئۆزىدىن ئىلگىرى ئىگىلىك كېلىشتە تۇرغان سوزنى تەلەپ قىلىدىغان بولسا، بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىگىلىك كېلىشتە تۇرغان سوز ئۆزىدىن كېيىن ئىگىلىك قوشۇمچىسىدا تۇرغان سوزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ باغلىنىش، ئادەتتە، مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن بەزى شارائىتتا، ئېنىقراق ئېيتقاندا، بىرلىك ھەم كوپلۇك ساندىكى ئۈچىنچى شەخستە ھەم كوپلۇك ساندىكى ئىككىنچى شەخستە ئايرىم ئۆزگىچىلىكلەر بايقىلىدۇ. بىرىنچىدىن، III شەخستە ئىگىلىگۈچى سوزگە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلانماسلىغى مۇمكىن؛ مەسىلەن: كولخوز يېرى، چىراق تۈۋى، يەر يۈزى، ئوز ئورنى، ئوي كىشىسى، تالا كىشىسى ۋە باشقىلار.

باققا كەلدىم تاڭ سەھەردە
تاماشا قىپ باغ ئىچىنى.
بۇلبۇل سايرار گۈل بەرگىدە،
كوكۈل ئاچار ئۇنىڭ ئۈنى.
(ق. ب.)

**ياخشى مېھمان — ئاش ئۈستىگە، يامان مېھمان — گەپ ئۈستىگە.** (ماقال.) **بوشۇك بالىسى — بەگ بالىسى.** (ماقال.) **چىراق تۈۋى قاراڭغۇ.** (ماقال) ۋە باشقىلار.

ئىككىنچىدىن، كوپلۇك ساندىكى II شەخسدە ئىگىلەنگۈچى سوزگە ئىگىلىك قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلانماسلىقى مۇمكىن؛ مەسىلەن: بىزنىڭ باغ، بىزنىڭ ئۆي، بىزنىڭ مەھەللە، بىزنىڭ كۇلۇپ، بىزنىڭ بالا ۋە باشقىلار:

بىزنىڭ مەھەللە تاغ باغرىغا جايلاشقان؛
كورۇپمىدىڭ بىزنىڭ ئېتىز ئىچىنى،
ئارپا، تېرىق، بۇغداي بىلەن قىچىنى،

(ئى. ب.)

يۇقۇرىدا قارىلىپ ئوتكەن قوشۇمچىلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئىگىلىك كونكرېت ئىگىلىك دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇنىڭدا شەيئىنىڭ كىمگە ياكى نېمىگە تېگىشلىك ئىكەنلىكى ئوچۇق كورۇنۇپ تۇرىدۇ. ئەمدى ئالماش ياكى ئىسىملارغا ”-نىڭكى“① قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان ئىگىلىك ئابستراكتلىق ئىگىلىك دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ”-نىڭكى“ قوشۇمچىسى ئۇلانغان سوز ئۈچ شەخسنىڭ بىرىگە (يەنى ماڭا، ساڭا ياكى ئۇنىڭغا) تېگىشلىك بولماي، بەلكى باشقا بىر شەيئى شۇ ”-نىڭكى“ قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن سوزگە تېگىشلىك بولىدۇ؛ مەسىلەن: كىتاپ بىبلىئوتېكىنىڭكى، ئۆي بىزنىڭكى، باغ كولخوزنىڭكى ۋە باشقىلار.

---

① ”-نىڭكى“ ئىگىلىك كېلىشىنىڭ ”-نىڭ“ قوشۇمچىسىدىن ھەم ”-كى“ ئېلېمېنتىدىن تەركىپ تاپقان مۇرەككەپ قوشۇمچە. ئۇيغۇر تىلىدا بۇ قوشۇمچە ئوزبېك، قازاق، قىرغىز ۋە باشقا بەزى تۈركىي تىللاردىكىگە ئوخشاش ”-نىكى“ شەكلىدىمۇ ئۇچرايدۇ. ئەمما ”-نىڭكى“ شەكلىدە يېزىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىمەك، ئابستراكتلىق ئىگىلىك كونكرېت ئوبيېكتتىن خالى بولغان ئىگىلىكنى ئىپادىلەيدۇ؛ مەسىلەن: مېنىڭكى، سېنىڭكى، ئۇنىڭكى، بىزنىڭكى، سىلەرنىڭكى، ئۇلارنىڭكى، ساۋۇتنىڭكى، رېداكسىيەنىڭكى ۋە باشقىلار. ئابستراكتلىق ئىگىلىك شەكلىدىكى سوز جۈملىدە خەۋەر بولىدۇ-دە، ئۇنىڭغا قاراشلىق سوز باش كېلىشتە تۇرسا، ئىگە بولۇپ كېلىدۇ؛ مەسىلەن: ژورنال ئەخمەتنىڭكى، مال كولخوز-نىڭكى ۋە باشقىلار.

ئابستراكتلىق ئىگىلىكنىڭ قوشۇمچىسى "-نىڭكى" بەزىدە "كى" ئېلىمىنېتسىزلا، پەقەت "-نىڭ" شەكلىدىمۇ قوللىنىلىشى مۇمكىن؛ مەسىلەن: پۇتكۇل بايلىق خەلقنىڭكى ياكى پۇتكۇل بايلىق خەلقنىڭ، كېلىچەك ياشلارنىڭكى ياكى كېلىچەك ياشلارنىڭ ۋە باشقىلار.

## ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى

ئىسىملار جۈملە تەركىۋىدە شۇ جۈملىنىڭ بىرەر مۇچىسى بولۇپ خىزمەت ئاتقۇرۇشى ئۈچۈن، مەلۇم بىر كېلىش شەكلىدە تۇرۇشى شەرت. دىمەك، ئىسىملارنىڭ سىنتاكسىسلىق خىزمىتى ھەم جۈملىدىكى باشقا مۇچىلەر بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتتە بولۇشى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ (ئىسىملارنىڭ) بىرەر كېلىش شەكلىدە تۇرۇشىغا باغلىق.

كېلىش قوشۇمچىلىرى ئاساسەن ئىسىمنى پېئىلدىن بولغان باشقا مۇچىلەر بىلەن باغلاشتۇرىدۇ، يەنى ھەركەتنىڭ ئوبيېكتىنى (ئىشىمنى تۈگەتتىم)، ھەركەتنىڭ چىققان يېرىنى (موسكۋادىن كەلدى)، ھەركەتنىڭ ئورنىنى (شەھەردە تۇرىدۇ)، ھەركەتنىڭ يونۇلۇشىنى (مەكتەپكە كەتتى) بىلدۇرىدۇ. كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ ئىچىدە

ئىسىمنى ئىگىلىك شەكلىدىكى ئىككىنچى بىر ئىسىم بىلەن باغلاش-
تۇرىدىغان يالغۇز قوشۇمچە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسىدۇر (تالىپ-
نىڭ كىتاۋى، كىتاپنىڭ بېتى).

كېلىش قوشۇمچىلىرى سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىگە ھېچبىر
ئۆزگىرىش كىرگۈزمەيدۇ، ئۇلار تۈرلۈك گىراماتىكىلىق مەنىلەر
ھاسىل قىلىدۇ.

كېلىش قوشۇمچىلىرى سۆزنىڭ ئاساسىغا ئۇلىنىدۇ، ئۇلار كۆپلۈك
ۋە ئىگىلىك شەكلىدە تۇرغان ئىسىملاردىن كېيىنمۇ كېلىۋېرىدۇ
(ئۆيگە، ئۆيلەرگە، ئۆيىگە، ئۆيلىرىمىزگە). ئىسىملاردا بىر سۆزگە
ئىككى كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ بىردىنلا ئۇلىنىپ كېلىشى مۇمكىن
ئەمەس.

ئايرىم چاغلاردا بەزىبىر سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار، جۈملىدىن
كېلىش قوشۇمچىلىرى، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىدىن ئىلگىرى كېلىشى
مۇمكىن؛ مەسىلەن: يېزىدىكى (يېزا+دا+كى)، مەكتەپنىڭكى
(مەكتەپ+نىڭ+كى)، كۆلۈپقىچە (كۆلۈپ+قا+چە)، مەرتلەرچە
(مەرت+لەر+چە) ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر تىلىدا ئالتە تۈرلۈك كېلىش بار: باش كېلىش، ئىگىلىك
كېلىش، چۈشۈم كېلىش، بېرىش كېلىش، چىقىش كېلىش،
ئورۇن-ۋاقىت كېلىش.

باش كېلىشتە تۇرغان ئىسىمنىڭ مەخسۇس قوشۇمچىسى بولمايدۇ.
ھەرقانداق ئىسىمنىڭ ياكى ئىسىملاشقان سۆزنىڭ ئاساسى (ياسالما
ئاساس ياكى تومۇر)، شۇنداقلا كۆپلۈك، ئىگىلىك شەكلىدە كەلگەن
سۆزلەر باش كېلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. باش كېلىشتە تۇرغان
سۆز ئاساسەن كىم؟ (ئادەم، ئىنژېنېر)، نېمە؟ (ئۈستەل، شامال)
دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ بېرىدۇ.

ئىگىلىك كېلىشىنىڭ مورفولوگىيىلىك كۆرسەتكۈچى ”-نىڭ“

www.uyghurkitap.com

قوشۇمچىسىدۇر. تەلەپپۇزدا مەزكۇر قوشۇمچە لەۋلەشكەن بوغۇملۇق سۆزلەردىن كېيىن ”ـنۇڭ، ـنۈڭ“ بولۇپمۇ ئېيتىلىدۇ (قولنۇڭ، كۆلنۈڭ)، لېكىن يېزىقتا پەقەت ”ـنىڭ“ شەكلىدە قوبۇل قىلىنغان. ئىگىلىك كېلىشىنىڭ سوئالىلىرى — كىمنىڭ؟ (ئادەمنىڭ، ئىنژېنېر-نىڭ)، نىمىنىڭ؟ (ئۈستەلنىڭ، شامالنىڭ).

چۈشۈم كېلىشىنىڭ قوشۇمچىسى — ”نى“. ئۇيغۇر پوئېزىيەسىدە بۇ قوشۇمچىنىڭ ”ـن“ شەكلىمۇ ئۇچرايدۇ:

يۈرەك سىرىن ئېيتىشقا
ئەرك بېرەي تىلىمغا...

(ھ. ب.)

ئەگەر پەسلىن سورار بولساڭ، ھەمەلدۇر،
ئەگەر ئايدىن ئېسە، بىلىسىن دۈئانى.

(ب. ن.)

چۈشۈم كېلىش شەكلىدە تۇرغان ئىسىم كىمنى؟ (ئادەمنى، ئىنژېنېرنى)، نىمىنى؟ (ئۈستەلنى، شامالنى) دىگەن سوئاللارغا جاۋاپ بېرىدۇ.

بېرىش كېلىشىنىڭ قوشۇمچىلىرى ”ـغا، ـگە، ـقا، ـكە، ـقە“ سوزۇق تاۋۇش ياكى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان قېلىن بوغۇملۇق سۆزلەرگە ”غا (ئوقۇغۇچىغا، چايغا)“ ئىنچىكە بوغۇملۇق سۆزلەرگە ”ـگە (مەھەللىگە، ئۆيگە)“ شەكلىدە ئۇلىنىدۇ؛ جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان قېلىن بوغۇملۇق سۆزلەرگە ”ـقا (كىتاپقا)“ ئىنچىكە بوغۇملۇق سۆزلەرگە ”ـكە (مەكتەپكە)“ شەكلىدە ئۇلىنىدۇ؛ ”ق“ تاۋۇشى بىلەن ئاياقلاشقان ئىنچىكە بوغۇملۇق سۆزلەرگە ”ـقە“ شەكلىدە ئۇلىنىدۇ (خەلققە، شەرققە)، سوئاللىرى: كىمگە؟ (ئادەمگە، ئىنژېنېرغا)، نىمىگە؟ (ئۈستەلگە، شامالغا).

چىقىش كېلىشىنىڭ قوشۇمچىلىرى — ”ـدىن، ـتىن“ يەنى سۆزنىڭ ئاخىرى سوزۇق تاۋۇش ياكى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش

بىلەن تۈگىسە، "ـ دىن" جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن تۈگىسە، "تىن" بولۇپ ئۆلىنىدۇ. لەۋلەشكەن بوغۇملۇق سوزلەردىن كېيىن "ـ دۇن، ـ دۈن" بولۇپمۇ ئىپتىلىدۇ (قولىدۇن، ئۆيىدۈن)، لېكىن ئۇ يېزىقتا ئەكس ئىپتىلمەيدۇ. سوئاللىرى — كىمدىن؟ (ئادەمدىن، ئىنىزىنېردىن)، نىمىدىن؟ (ئۈستەلدىن، شامالدىن)، نەدىن؟ قەيەردىن؟ (ئېتىزدىن، ئالمۇتىدىن)، قاچاندىن؟ (تونۈگۈندىن، قىشتىن).

ئورۇن ـ ۋاقىت كېلىشىنىڭ قوشۇمچىلىرى — "ـ دا، ـ دە، ـ تا، ـ تە". سوزۇق تاۋۇش بىلەن ياكى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن تۈگىگەن قېلىن بوغۇملۇق سوزلەرگە "ـ دا (يېزىدا، ئارالدا)"، ئىنچىكە بوغۇملۇق سوزلەرگە "ـ دە (ئۆيدە، سەھەردە)" شەكلىدە ئۇلىنىدۇ؛ جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن تۈگىگەن قېلىن بوغۇملۇق سوزلەرگە "ـ تا (ئوقۇشتا)" ئىنچىكە بوغۇملۇق سوزلەرگە "ـ تە (بىلەكتە)" بولۇپ ئۇلىنىدۇ. سوئاللىرى: كىمدە؟ (ئادەمدە، ئىنژېنېر-دا) نىمىدە؟ (ئۈستەلدە، شامالدا)، نەدە؟ (موسكۋادا، يايلاقتا)، قاچان؟ (يازدا، كۈزدە).

ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن سوۋېت ـ ئىنتېرناتسىئونال سوزلىرىنىڭ ئاخىرىدىكى جاراڭلىق "ب، ۋ، گ، د" تاۋۇشلىرى جانلىق تىلىمىزدا جاراڭسىز "پ، ك، ت" بولۇپ ئىپتىلىدۇ؛ مەسىلەن: كۇلۇب — كۇلۇپ، ئارخىۋ — ئارخىپ، پېداگوگ — پېدا-گوك، زاۋۇد — زاۋۇت ۋە باشقىلار. جانلىق تىلدىكى مۇشۇ خۇسۇسى-يەت ئېتىۋارغا ئېلىنىپ، مەزكۇر سوزلەرگە كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ جاراڭسىز تاۋۇشتىن باشلانغان ۋارىيانتلىرى ئۇلىنىدۇ: كۇلۇپقا، كۇلۇپتىن، ئارخىپقا، ئارخىپتىن، پېداگوككا، پېداگوكتىن، زاۋۇتقا، زاۋۇتتىن ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

### كېلىشلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇمچىلىرى بىلەن سوئاللىرىنى تۆۋەندىكى ئىسخېمىدىن كۆرۈش مۇمكىن

| تەرتىۋى | كېلىشلەرنىڭ ئېتى | قوشۇمچىلىرى | سوئاللىرى |
|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 |
| 1 | باش كېلىش | — | كىم، كىمىم، كىمىڭ، كىمىڭىز، كىملەر، كىملىرىمىز، كىملىرىڭلار، كىملىرى، نىمە، نىمەم، نىمەڭ، نىمەڭىز، نىمىسى، نىملەر، نىملىرىمىز، نىملىرىڭلار، نىملىرى ۋە باشقىلار. |
| 2 | ئىگىلىك كېلىش | ـنىڭ | كىمنىڭ، كىمىمنىڭ، كىمىڭنىڭ، كىمىڭىزنىڭ كىمىنىڭ، كىملەرنىڭ، كىملىرىمىزنىڭ كىملىرىڭلارنىڭ، كىملىرىنىڭ، نىمىمنىڭ، نىمەمنىڭ، نىمەڭنىڭ، نىمىڭىزنىڭ، نىمىسىنىڭ، نىملەرنىڭ، نىملىرىمىزنىڭ، نىملىرىڭلارنىڭ، نىملىرىنىڭ ۋە باشقىلار. |
| 3 | چۈشۈم كېلىش | ـنى، ـن | كىمنى، كىمىمنى، كىمىڭنى، كىمىڭىزنى، كىمنى، كىملەر، كىملىرىمنى، كىملىرىڭنى، كىملىرىنى، كىملىرىڭلارنى، نىمىنى، نىمەمنى، نىمەڭنى، نىمىڭىزنى، نىمىسىنى، نىملەر، نىملىرىمنى، نىملىرىڭنى، نىملىرىنى، نىملىرىڭلارنى ۋە باشقىلار. |
| 4 | بېرىش كېلىش | ـغا، ـگە، ـقا، ـكە | كىمگە، كىمىمگە، كىمىڭگە، كىمىڭىزگە، كىمىگە، كىملەرگە، كىملىرىمىزگە، كىملىرىڭلارغا، نىمىگە، نىمەمگە، نىمەڭگە، نىمىمىزگە، نىمىسىگە، |

| | | | |
|---|---|---|---|
| | | | نىمىلەرگە، نىمىلىرىمىزگە، نەگە، نەلىرىمىزگە، نەلىرىڭلارغا، قەيەرگە، قەيىرىڭلارغا ۋە باشقىلار. |
| 5 | چىقىش كېلىش | -دىن، -تىن | كىمدىن، كىمىمدىن، كىمىڭدىن، كىمىڭىزدىن، كىمىدىن، كىملەردىن، كىمىمىزدىن، كىملىرىڭلاردىن، نىمىدىن، نىمىڭىزدىن، نىملىرىڭلاردىن، نەدىن، قەيەردىن ۋە باشقىلار. |
| 6 | ئورۇن-ۋاقىت كېلىش | -دا، -دە، -تا، -تە | كىمدە، كىمىمدە، كىمىڭلاردا، كىملىرىمىزدە، نىمىدە، نىمىسىدە، نىملىرىڭلاردا، نەدە، قەيەردە، قاچان ۋە باشقىلار. |

مىساللار:

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1. ب. ك. | ئالما | ئات | دەرىزە | ئورۇك | خەلق |
| 2. ئى. ك. | ئالمىنىڭ | ئاتنىڭ | دەرىزىنىڭ | ئورۇكنىڭ | خەلقنىڭ |
| 3. چ. ك | ئالمىنى | ئاتنى | دەرىزىنى | ئورۇكنى | خەلقنى |
| 4. ب. ك. | ئالمىغا | ئاتقا | دەرىزىگە | ئورۇككە | خەلققە |
| 5. چ. ك. | ئالمىدىن | ئاتتىن | دەرىزىدىن | ئورۇكتىن | خەلقتىن |
| 6. ئو. - ۋ.ك. | ئالمىدا | ئاتتا | دەرىزىدە | ئورۇكتە | خەلقتە |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1. ب. ك. | كۇلۇپ | ئارخىپ | پىداگوگ | زاۋۇت |
| 2. ئى. ك. | كۇلۇپنىڭ | ئارخىپنىڭ | پىداگوگنىڭ | زاۋۇتنىڭ |
| 3. چ. ك. | كۇلۇپنى | ئارخىپنى | پىداگوگنى | زاۋۇتنى |
| 4. ب. ك. | كۇلۇپقا | ئارخىپقا | پىداگوگقا | زاۋۇتقا |
| 5. چ. ك. | كۇلۇپتىن | ئارخىپتىن | پىداگوگتىن | زاۋۇتتىن |
| 6. ئو. - ۋ.ك. | كۇلۇپتا | ئارخىپتا | پىداگوگتا | زاۋۇتتا |

## كېلىشلەرنىڭ ئاساسىي مەنىلىرى ۋە خىزمىتى

ئۇيغۇر تىلىدا ھەر بىر كېلىش شەكلى بىرنەچچە گىراماتىكىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەنە ھاسىل قىلالايدۇ. لېكىن مەلۇم بىر كېلىشنىڭ ئاگلىتىدىغان ئاساسىي بىر مەنىسى بولىدۇ. مەسىلەن، ئىگىلىك كېلىش تەۋەلىكنى، بېرىش كېلىش يۆنىلىشنى بىلدۈرىدۇ ۋە باشقىلار.

كېلىشلەرنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق خىزمىتىمۇ خىلمۇ-خىلدۇر. ئۇلار ئىسىملارنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن (ئاساسەن پېئىللار بىلەن) بولغان گىراماتىكىلىق باغلىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن مۇنداق باغلىنىش پەقەت كېلىشلەر بىلەنلا ئەمەس، بەزىدە تىركەلمىلەر ئارقىلىقمۇ ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا، كېلىشلەر بىلەن ئايرىم تىركەلمىلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق خىزمىتى بىربىرىگە ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇشقا كەتتى — ئوقۇش ئۈچۈن كەتتى. ماشىندا كەتتى — ماشىنا بىلەن كەتتى ۋە باشقىلار.

باش كېلىش. باش كېلىشتە تۇرغان ئىسىم ئادەم، نەرسە ۋە ھەر خىل چۈشەنچىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرۈپ، باشقا ھەممە كېلىشلەرنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ.

باش كېلىش شەكلىدىكى سۆز جۈملىدە ئاساسەن ئىگە بولۇپ خىزمەت ئاتقۇرىدۇ. مەسىلەن: رەئىس قوڭغۇراق جاراڭلاتتى. (ن. ئى.) ئالما گۈلى گۈل بولماس... (قوشاق)

باش كېلىش شەكلىدىكى ئىسىم جۈملىنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى (مۇرات ياغاچ ئۆي سالدى) ۋە خەۋىرى بولۇپمۇ كېلەلەيدۇ. جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ خىزمەت ئاتقۇرغان باش كېلىشتىكى ئىسىمنى تۆۋەندىكى ئۈچ ھالەتتە كۆرۈش مۇمكىن: 1) ئىسىمغا خەۋەرنى بىلدۈرىدىغان ”-دۇر“ ”-تۇر“ ئېلېمېنتى ئۇلىنىپ كېلىدۇ؛ مەسىلەن: ئادەم كۆركى يۈزدۇر، يۈزنىڭ كۆركى — كۆز، ئېغىز كۆركى تىلدۇر، تىلنىڭ كۆركى — سۆز. (ماقال.) 2) قوشما خەۋەرنىڭ تەركىۋىدە قوللىنىلىدۇ؛ مەسىلەن: باغنى باقساڭ، باغ بولۇر، پاتمان-پاتمان ياغ بولۇر. (ماقال.) ھېچبىر ياردەمچى كۆرسەتكۈچ-

لەرسىزلا خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ؛ مەسىلەن: ئاش — قولى، ئىش — كېسىلى. (ماقال.) ئالتۇن ـ كۈمۈش — تاش، تېرىق ـ قوناق — ئاش. (ماقال.)

ئىگىلىك كېلىش. كېلىش شەكلىدە تۇرغان ئىسىم ئىككىنچى بىر ئىسىم بىلەن باغلىنىپ، ئۇنى ئۆزىگە بېقىندۇرىدۇ، يەنى ئۇ بېقىندا سۆز بىلەن بىللە باغلىغۇچى تۈزىلىشنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

قۇشلارىڭنىڭ سايرىشى — ئارامى جانىنىڭ،
سۇلارىڭنىڭ شاقىرىشى — ھەركىتى تەنىنىڭ.

(ل. م.)

ئەقىللىقنىڭ قەدرى ئاخماقنىڭ يېنىدا بىلىنەر. (ماقال.)

ئۇيغۇر تىلىدا ئىگىلىك كېلىش شەكلىدىكى ئىسىم ئاساسەن خۇسۇسلۇق، تەۋەلىك، خاسلىق ۋە تېگىشلىك ياكى مۇناسىۋەتلىك بولۇش ئوخشاش مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ. ئاتاپ ئېيتقاندا، ئىگىلىك كېلىش ئۆزى بېقىندۇرۇپ كېلىدىغان ئىگىلىك شەكلىدىكى سۆز بىلەن بىللە تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1) ئىگىلىك شەكلىدىكى سۆز ئىپادىلەپ تۇرغان شەخس ياكى شەيئىنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلىدىكى سۆز ئىپادىلەپ تۇرغان شەخس ياكى شەيئىگە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ مەسىلەن: ئالىمنىڭ دەپتىرى، ئۆمەرنىڭ شېئىرلىرى، ئۆينىڭ تېمى، تامنىڭ ھۇلى، قىزنىڭ چېچى ۋە باشقىلار.

2) پۈتۈننىڭ ياكى تۈپنىڭ بىر بۆلىكىنى ئاجرىتىپ كۆرسىتىدۇ: ئەينەكنىڭ قىرىندىسى، ناننىڭ پارچىسى، كۆپنىڭ بىرى، مىڭنىڭ بىرى ۋە باشقىلار. گايىدا "ـنىڭ" قوشۇمچىسىنىڭ ئورنىغا چىقىش كېلىشنىڭ "ـدىن، ـتىن" قوشۇمچىلىرىنى قوللىنىش بىلەنمۇ مەزكۇر مەنىنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ؛ مەسىلەن: ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەشى — ئوقۇغۇچىلاردىن بەشى، مىڭنىڭ بىرى — مىڭدىن بىرى ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

3) ئاجرىتىش، تەكتلەپ كۆرسىتىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ؛ مەسىلەن: قوغۇننىڭ تاتلىقى، ئالمىنىڭ قىزىلى، ئاتنىڭ ياخشىسى، ھاۋانىڭ ئالىسى، گۈلنىڭ سېرىقى ۋە باشقىلار.

4) بىرەر ھەرىكەت ياكى ھالەتكە بولغان مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ؛ مەسىلەن: سۇنىڭ ئېقىشى، يامغۇرنىڭ يېغىشى، بۇلبۇلنىڭ سايرىشى، تاشنىڭ ئېتىشى، ئىستۇدېنتنىڭ ئوقۇشى ۋە باشقىلار.

5) بىرەر ئورۇن-جاي ياكى ۋاقىتقا بولغان مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ: تاغنىڭ شامىلى، قەشقەرنىڭ قىزى، ئالمۇتانىڭ ئالمىسى، يازنىڭ ئوتتۇرىسى، ئاۋغۇستنىڭ بېشى. يىلنىڭ ئاخىرىسى ۋە باشقىلار.

6) ئىسىملاشقان سۈپەت باغلىغۇچى تۈزىلىشىدە كەلگەندە، بەلگە ۋە خۇسۇسىيەتتىكى ئارتۇقلۇقنى بىلدۈرىدۇ: گۈزەللىك-گۈزىلى، ياخشىلارنىڭ ياخشىسى، لېنىن تىرىكلەرنىڭ ئەڭ تىرىكى. (ل.م.)

مەلۇم شارائىتتا ئىسىمغا ئۇلىنىشى كېرەك بولغان ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ. يوشۇرۇن ھالدا كەلگەن ئىگىلىك كېلىش تۆۋەندىكى مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ:

1) ئومۇمەن خاسلىقنى، بىرەر شەخس، نەرسە، ئورۇن-جاي ياكى ۋاقىتقا مەنسۇپلۇقنى بىلدۈرىدۇ؛ مەسىلەن: كولخوز يېرى، ئوكتەبىر ئىنقىلابى، دالا بۈركۈتى، كوز نۇرى، ئۇيغۇر خەلقى ۋە باشقىلار.

2) نامغا قويۇلغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ؛ مەسىلەن: سادىر قىشلىقى، «ئەمگەك» كولخوزى، «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتى، ئاباي پروسپېكتى، پۇشكىن كوچىسى ۋە باشقىلار.

3) ۋاقىتقا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنىڭ كونكرېت ناملىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ مەسىلەن: ماي ئېيى، ياز پەسلى، شەنبە كۈنى، بىرمىڭ توققۇز يۈز ئاتمىش تۆتىنچى يىلى ۋە باشقىلار.

باغلىغۇچى تۈزۈلۈشىدە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ قوللىنىلىشى بىردەك ئەمەس. ئايرىم چاغلاردا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسىنى چۈشۈرۈپ ئېيتىشقا تامامەن بولمايدۇ؛ مەسىلەن: ئاسمىنىڭ ئاكىسى، مېنىڭ كىتاۋىم ۋە باشقىلار. بەزىدە ئىگىلىك كېلىش بىردە چۈشۈرۈلۈپ، بىردە چۈشۈرۈلمەي قوللىنىلىۋېرىدۇ؛ مەسىلەن: ياز كۈنى — يازنىڭ كۈنى. مەكتەپ بېغى — مەكتەپنىڭ بېغى ۋە باشقىلار. ئەمدى ئايرىم ھاللاردا بولسا، ئەكسىچە، ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى تامامەن چۈشۈپ قالىدۇ؛ مەسىلەن: سوۋېت ھۆكۈمىتى، ئۇيغۇر خەلقى، ئىيول ئېيى، سۇ ئامبىرى ۋە باشقىلار.

يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئەگەر ئىگىلەنگۈچى شەخس ياكى شەيئى ئىگىلىگۈچى شەخس ياكى شەيئىنىڭ شەخسى خۇسۇسى بولسا ياكى ئۇنىڭغا بىۋاستە تەئەللۇق بولۇپ كەلسە، ئۇ چاغدا "-نىڭ" قوشۇمچىسى چۈشۈرۈلمەي قوللىنىلىدۇ؛ ئەمدى ئىگىلەنگۈچى شەيئى ئىگىلىگۈچى شەيئىگە ئومۇمەن ئالاقىدار، تېگىشلىك، مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلمىسە، "-نىڭ" قوشۇمچىسىنىڭ قوللىنىلىشى شەرت ئەمەس. دەل مۇشۇ شارائىتتا باغلىغۇچى شەكىلدىكى تۈزۈلۈشىنىڭ ئاڭلىتىدىغان مەنىسى "-لىق" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ھاسىل بولغان سۈپەتلەرنىڭ مەنىسىگە ئوخشاش كېلىدۇ؛ مەسىلەن: پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى — پېداگوگىكىلىق ئىنستىتۇت، جەمىيەت ئىشى — جەمىيەتلىك ئىش، ئانا مېھرى — ئانىلىق مېھىر ۋە باشقىلار

ئىگىلىك كېلىش شەكىلدىكى ئىسىم جۈملىدە ئاساسەن ئېنىقلىغۇچى بولۇپ خىزمەت ئاتقۇرىدۇ؛ مەسىلەن: ھاكىملارنىڭ ئۆيى چىرايلىق. (ئو. م.) پادىشانىڭ كۆڭلىگە يەنە بىر غەم قوشۇلۇپتۇ. (فولك. ) مېھمانىنىڭ كەلمىگى ئۈزىدىن، كەتمىگى ساھىپخانىدىن. (ماقال.) ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇرەككەپ ئىگە، تولدۇرغۇچى، ھالەت ۋە خەۋەرنىڭ تەركىۋىدە كېلىشى مۇمكىن؛ قاشتېشى يەردىن چىقار، ئىشلىمىسە جابدۇق بولماس. (ماقال.) خوشنا ھەققى ـ تەڭرى ھەققى. (ماقال.) بۇلارنى كىيىندۇردۇمدە، قويۇق يىغىۋاتقان قار ئاستىدا ئالدىمغا سېلىپ ئېلىپ كەتتىم. (ئو.م.)

ئىگىلىك كېلىش شەكلىدىكى ئىسىم جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپمۇ كېلەلەيدۇ؛ مەسىلەن: سۇ سۇلايمانىنىڭ، يەر قادىرنىڭ، ئاسمىنىڭغا ئاگاھ بول. (ماقال.)

چۈشۈم كېلىش. چۈشۈم كېلىش شەكلىدىكى ئىسىم ھەر دائىم ئۆتۈملۈك پېئىل بىلەن باغلىنىپ، ھەرىكەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان شەخس ياكى شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ، يەنى ئوبيېكتنى بىۋاستە كۆرسىتىدۇ؛ مەسىلەن: ئېرىقنى يىغلاپ چاپساڭ، سۇنى ئويناپ تۇتىسەن. (ماقال.) ئۆكۈزنى ئالدىدىكى كىشىدىن ئالماستىن، تەلمۈرۈپ ئاغزىنى ئاچتى. (م.ھ.)

چۈشۈم كېلىشتىكى سۆز، خۇددى ئىگىلىك كېلىشكە ئوخشاش، تولۇق شەكلدە (يەنى "ـ نى" قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن ھالدا) ۋە قوشۇمچىسىز ئۇچرايدۇ. "ـ نى" قوشۇمچىسى يوشۇرۇنغان شارائىتتا، سۆز تاشقىرقى شەكلى جەھەتتىن باش كېلىشتىن پەرق قىلىنمايدۇ.

چۈشۈم كېلىشتىكى سۆز جۈملىدە ھەرقاچان تولدۇرغۇچى بولۇپ خىزمەت ئاتقۇرىدۇ؛ مەسىلەن:

مەرىپەت ئىزلە، ئېرىنمە،
سەرپ ئەتكىن كۈچۈڭنى.
بوياق بىلەن بويىغىچە تېشىڭنى،
ئىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى.
(ل. م.)

ئەگەر ئۆزى باغلىنىپ كەلگەن سۆز بىلەن بىرلىكتە قوشما سۆز ياكى تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلسا، ئۇ چاغدا مۇرەككەپ

ئىگە، تولدۇرغۇچى، خەۋەر، ئېنىقلىغۇچى ۋە ھالەتلەرنىڭ تەركىۋىدە كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: قېتىق ئىچكەن قۇتۇلدى. تاۋاق يالىغان تۇتۇلىدى. (ماقال.) — ئىگە؛ ئەمەل قىلمىساڭ، ئەجىر تاپمايسەن. (ماقال.) — خەۋەر؛ جان ئالغۇچى ئەزرا ئىلنىڭ يولدىشى بولسام. دوستلىرىمغا قەست قىلغانلىنىڭ جېنىنى ئالسام. (قوشاق.) — ئېنىقلىغۇچى.

بېرىش كېلىش. بېرىش كېلىش شەكلىدىكى ئىسىم ئاساسەن ئىش – ھەركەت قارىتىلغان شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئاساسىي مەنىسى شۇنچە كەڭكى، ئۇ ئۇز ئارا ئورۇن، ۋاقىت، ئوخشىتىش، سەۋەب، مەقسەت قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مەنىلەرگە بولۇنىدۇ. شۇڭلاشقا بېرىش كېلىش كىمگە؟ نىمگە؟ دىگەن سوئاللار-دىن تاشقىرى، نەگە؟ قاچان؟ نىمشقا؟ نىمە ئۈچۈن؟ ئوخشاش سوئاللارغىمۇ جاۋاپ بولۇپ كېلەلەيدۇ.

بېرىش كېلىش ئاساسەن تۆۋەندىكى مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ:

1) ھەركەت قارىتىلغان (يونەلگەن) شەخس، شەيئى ياكى تەرەپنى بىلدۈرىدۇ؛ مەسىلەن: ئايشە ئاچا ئۆز جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. (ن.ئى.) س س س ر ئالى سوۋېتنىڭ دېلىگاتسىيىسى موسكۋاغا يېتىپ كەلدى. ("ك. ت.") تويغا بارساڭ تويۇپ بار... (ماقال.)

2) ئىش – ھەركەتنىڭ ۋاقتىنى، قەرەلىنى بىلدۈرىدۇ؛ مەسىلەن: ئاخشاملىققا مەن بارسام، يارىم ئۆيىدە بارمۇ؟ (قوشاق.) پاتەم ئۈچ كۈنگە سورۇنۇپ كەتتى. بىر سائەتكە يېقىن ۋاقىت ئوتتى ۋە باشقىلار.

3) ئىش – ھەركەتنىڭ مەقسىدىنى بىلدۈرىدۇ؛ مەسىلەن: شۇكۈن-دىن باشلاپ مەن موزدۇزغا شاگىرتلىققا كىردىم. (ئو. م.) قاسىم ئوقۇشقا كەتتى. ئوقۇغۇچىلار دەم ئېلىشقا چىقتى ۋە باشقىلار. مۇشۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شارائىتتا سۆزگە ئۇلىنىپ كەلگەن بىرىش كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ ئورنىغا ئۈچۈن تىركەلمىسىنى قوللىنىش ئارقىلىقمۇ مەزكۇر مەنىسىنى ھاسىل قىلىش مۇمكىن: ئوقۇشقا ــ ئوقۇش ئۈچۈن، دەم ئېلىشقا ــ دەم ئېلىش ئۈچۈن ۋە باشقىلار.

4) ئوبيېكتىنىڭ بىرەر شەخس ۋە نەرسىگە بېغىشلانغانلىقىنى، ئاتالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ مەسىلەن:

ئايۋانىڭغا ۋاسا بولاي،
سارىيىغا ــ پەنجىرە.
تەلپىكىڭگە قاما بولاي،
ئىشىكىڭگە ــ زەنجىرە.
(قوشاق.)

بىرىش كېلىشىنىڭ سۆز جۈملىدە تولدۇرغۇچى ھەم ھالەت بولۇپ خىزمەت ئاتقۇرىدۇ (يۇقۇرىدىكى مىساللارغا قاراڭلار).

ئەستە بولۇش كېرەككى، بىرىش كېلىش قوشۇمچىسى بەزىبىر كىشىلىك ۋە كۆرسىتىش ئالماشلارغا ئۇلانغان چاغدا، ئىككى خىل ئۆزگىچىلىك بايقىلىدۇ. بىرىنچىدىن، ”مەن، سەن، ئۇ“ دېگەن كىشىلىك ئالماشلىرى بىرىش كېلىش شەكلىدە ”ماڭا، ساڭا، ئاڭا“ (ئاخىرقىسى ئاساسەن پوئېزىيە تىلىدا) بولۇپ تۈرلىنىدۇ، يەنى سۆزنىڭ تومۇرى بىلەن قوشۇمچىسى فونېتىكىلىق تەركىۋى جەھەتتىن تامامەن ئۆزگىرىپ كېتىدۇ (قازاق تىلىدىكى ماعان، ساعان، ئوعان سۆزلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇڭ). ئىككىنچىدىن كوپچىلىك كۆرسىتىش ئالماشلىرى ئىگىلىك كېلىش شەكلىدە تۈرۈپلا بىرىش كېلىش قوشۇمچىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، يەنى بىرىش كېلىش قوشۇمچىسى مەزكۇر سۆزلەرنىڭ تومۇرىغا بىۋاستە ئۇلانمايدۇ؛ مەسىلەن: ئۇنىڭغا (ئوغا ئەمەس)، بۇنىڭغا (بۇغا ئەمەس)، مۇنۇنىڭغا (مۇنۇغا ئەمەس)، ئەۋۇنىڭغا (ئەۋۇغا ئەمەس) ۋە باشقىلار.

چىقىش كېلىش. چىقىش كېلىشىنىڭ سۆز تۈۋەندىكى مەنىلەرنى

ئاڭلىتىدۇ:

1) ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ باشلىنىش جايىنى، چىققان ئورنىنى بىلدۈ-رىدۇ؛ مەسىلەن: سادىق بىلەن پاتەم كۆلۈپتىن تېخى يېڭىلاياندى. (ئو. م.) لەمپىنىڭ ئۈ بېشىدىن بۇ بېشىغا كوز تاشلىدى. (م. ھ.) كوپ ئۆتمەيلا بىردىنكىي يېزىسىدىن ئوتىنىڭ يورۇغى كورۈندى (ئا. چ.)

2) ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ باشلىنىش ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ؛ مەسىلەن: ئاۋۋەلدىن مىڭىڭ ئىدى، ئىزلىۋىدىم دورا بولدى. (ماقال.) ھىكايە باشلانماستىن تورۇپلا ئۈ مەسىلىگە چۈشەندى. (م. ھ.) «كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتى 1921 ـ يىلدىن تارتىپ چىقىشقا باشلىغان ۋە باشقىلار.

3) شەيئىنىڭ نىمىدىن ئىشلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ مەسىلەن: ياغاچتىن سېلىنغان ئوي، تاشتىن ياسالغان ھەيكەل، قارىقاتتىن قايىنتىلغان ۋارىنا، ئىپەكتىن كوينەك كىيدى ۋە باشقىلار.

4) ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرىدۇ؛ مەسىلەن: سىز ئۈنى بىلمىگەنلىكتىن مەندىن ئاغرىندىڭىز. (فولك.) باي ـ غوجامنىڭ دەستىدىن، قۇتۇلالماي يىغلايدۇ. (قوشاق.) تەلىيىمنىڭ يوقىدىن، بىر يامانغا چۈشتۇم مەن. (قوشاق.)

5) سېلىشتۇرۇش دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئاتتىن ئېگىز، ئىتتىن پەس. (تېپىشماق.) قويىدىن يۇۋاش، بالىدىن شىرىن؛ تاغمۇ ـ تاغلاردىن ئېگىز، ئاغى بۇلاقنىڭ تاغلىرى. (قوشاق.) ۋە باشقىلار.

6) توپنىڭ ياكى بىر پۈتۈن نەرسىنىڭ پارچىسىنى، بولىكىنى ئاجرىتىپ كورسىتىدۇ: سەمەت ئەلاچى ئوقۇغۇچىلاردىن بىرىدۇر. قوغۇندىن بىر تىلىم يىمەك، چايدىن بىر يۇتۇم ئىچمەك ۋە باشقىلار.

چىقىش كېلىشىكى سوز:

1) جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ خىزمەت ئاتقۇرىدۇ؛ مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۇمرۇغ قۇش بالىلىرىدىن سوراپتۇ... (فولك.) يىغلىمايمەن دېگەن ئىدىم، كۆزۈمدىن بىر تامچە ياش چىقمىدى. (ئۇ. م.) ئۇ يازدىن بۇيرۇق كەلدى. (فولك.)

2) ھالەت بولۇپ كېلىدۇ؛ مەسىلەن: يېڭىدىن كەلگەن ئۈچ مېھماننىڭ ھەرقايسىسى بىر-ئىككى قېتىمدىن سەھنىگە چىقىپمۇ ئۈلگۈرگەن. (ج. ب.) ھەممىدىن قارىغۇجىنى تېخى كۈن چىقماستىن ئىلگىرى، سەھەردە كۆرۈش قىزىق... (ئا. ك.)

ئورۇن-ۋاقىت كېلىشى. ئورۇن-ۋاقىت كېلىشى تۆۋەندىكى مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:

1) ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئورنىنى بىلدۈرىدۇ؛ مەسىلەن: جانەم يېزىنىڭ چېتىدىكى يار بويىدا بويىنى قىسىپ... قالدى. (م. ھ.) كىشىلەر كوچىلاردا ئۇياقتىن-بۇياققا ئۆتكۈن ئۆتكەندەك يۈرۈپتۇ (فولك.) ۋە باشقىلار.

2) نەرسىنىڭ جايلاشقان ئورنىنى بىلدۈرىدۇ؛ مەسىلەن: ناۋان-ناۋاندا چۈشۈمگە كىرىپ قالىدۇ: پۇتىدا چورۇق، بېشىدا توپە، ئۈچىسىدا ئەسكى جۇۋا، بېلىدە قاپ-قارا بولۇپ كەتكەن پوتا (ئۇ. م.) قەندەلدە قەن، چەينەكتە چاي، ئىچمىسىلە قانداق قىلاي. (فولك.)

3) ۋاقىت مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ؛ مەسىلەن: ئالاردا ئالمان، بېرەردە بەزگەك. (ماقال.) لېكىن مەن ماڭغاندا، ئاتامنىڭ كۆزىدىن سىماپقا ئوخشاش ياش تامچىلىرى ئاق ساقاللىرىنى بويلاپ چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. (ئۇ. م.) ئۈچ ئاي ئون ئالتە كۈن بولغاندا، دەشتى گويىدىكى چىنار تۈۋىگە يېتىپتۇ. (فولك.)

4) ئىش-ھەرىكەت ۋاستىسىنى، قورالىنى بىلدۈرىدۇ؛ مەسىلەن: ئاشلىقنى كومبايندا ئوردى؛ خەتنى قەلەمدە يازدى؛ ئېتىز ھارۋىدا كەتتى. پۇتىنىڭ ئۈچىدا دەسسەپ، بۇلبۇلگويا بار ئالتۇن

قەپەزنىڭ تۈۋىگە بېرىپتۇ. (فولك.) ھوردا پىشقان نان ۋە باشقىلار.
5) نەرسىنىڭ نېمىدىن ياسالغانلىقىنى، نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ مەسىلەن: شايىدا شاپاق دوپپام، شاپتولا شېخىدا قالدى. (قوشاق.) كونده تىكىلگەن توقۇم؛ ئۇندا قاينىتىلغان شىلىم ۋە باشقىلار.
6) ھالەتنى، ۋەزىيەتنى بىلدۈرىدۇ؛ مەسىلەن:

سەن ئۇ ياقتا، مەن بۇ ياقتا ھەسرەتتە،
قانداق ئويناپ، كۈلەي مۇنداق چاغلاردا.
— (س. ئە.)

كوكۇللۇك ئەر-خوتۇنلۇقتا بىر نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ... مەلىكىنىڭ ئىشقىدا يانغان يۈرىكىدىكى مۇھەببەت يالقۇنىنى بېسىپتۇ، (فولك.) ئۇغرىلىنىدىغان يەرلەرنى ماكسىمال دەرىجىدە پايدىلىنىشنى قولغا كەلتۈردى. ("ك. ت.")
7) "— ماق" گايىدا "— ش" شەكلىدىكى ھەركەت نامىلىرىغا ئۇلىنىپ، ئىش-ھەركەتنىڭ داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: سۇغىرىش ئىشلىرىنى قىزغىن يۈرگۈزمەكتە. ("ك. ت.") بولۇق ئۆسكەن كۆزلۈك بۇغداي زىرائىتىنى زوقمەنلىك بىلەن كورمەكتە. ("ك. ت.") قوشۇمچە ئوزۇقلاندۇرۇش ئىشلىرى ئىتتىك سۈرئەت بىلەن يۈرۈۋاتماقتا. ("ك. ت.")
ئورۇن كېلىشىكى سوز جۈملىدە تولدۇرغۇچى ۋە ھالەت بولۇپ خىزمەت ئاتقۇرىدۇ (يۇقۇرىدىكى مىساللارغا قاراڭسۇن).

## ئىسىملارنىڭ ياسىلىشى

ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملار سىنتاكسىسلىق يول بىلەن، يەنى مەخسۇس ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئارقىلىق ھەم ئانالىتىكىلىق يول بىلەن؛ يەنى ئىككى، گايىدا ئۈچ سوزنى بىرىكتۈرۈش، ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوشۇش، ياكى قىسقارتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنى ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

## ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىسىم ياساش ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاڭلىتىدىغان مەنىسىگە قاراپ، ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى تۆۋەندىكىچە تۆت گۇرۇپپىغا بۆلۈش مۇمكىن: 1) شەخسنى بىلدۈرگۈچى قوشۇمچىلار؛ 2) ھەرخىل شەيئى ۋە ئورۇن-جاينى بىلدۈرگۈچى قوشۇمچىلار؛ 3) ئابستىراكتلىق مەنە ئاڭلاتقۇچى قوشۇمچىلار؛ 4) كىچىكلىتىش، ئەركىلىتىش، ئىززەت-ھۆرمەت قوشۇمچىلىرى.

## I. شەخسنى بىلدۈرگۈچى قوشۇمچىلار

1. "-چى". بۇ قوشۇمچە تۈركى تىللاردا، شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدا، ئەڭ كونا ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك قوشۇمچىدۇر. "-چى" قوشۇمچىسىنىڭ ئاڭلىتىدىغان مەنىسى ۋە ئۇنىڭ يېڭى سۆز ھاسىل قىلىشتىكى رولى ھەققىدە ئۆز ۋاقتىدا ئەلىشىر ناۋايى باھالىق پىكىر ئېيتقان ئىدى. ئەلىشىر ناۋايى تۈركى تىللاردا "-چى" قوشۇمچىسى مەنسەپنىڭ، مۇتەخەسسىسلىكنىڭ ئىزھارى سۈپىتىدە قوللىنىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتۈش بىلەن بىللە، پارس تىلىدىمۇ مۇشۇ "-چى" قوشۇمچىسىنىڭ ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ۋە پارسلارنىڭ بۇ قوشۇمچىنى تۈركى تىللاردىن ئۆزلەشتۈرگەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقلىرىدا "-چى" قوشۇمچىسى بىردىن-بىر ئۈنۈملۈك بولغان ھالدا نۇرغۇنلىغان سۆزلەردە ئۇچرايدۇ: ئاغىچى

(غەزنىچى)، ئالىمچى (ئالغۇچى)، ئولۇتچى (قاتىل، ئۆلتۈرگۈچى)، ئاچۇنچى (ئالەمنى باشقۇرغۇچى)، پاشچى (باشچى)، ئۆتەڭچى (قەرزدار)، بېرىمچى (بەرگۈچى) ۋە باشقىلار.

"-چى" قوشۇمچىسىنىڭ ئاتقۇرىدىغان ۋەزىپىسى بولۇپمۇ سوۋېت دەۋرىدە بۇرۇنقىغا نىسبەتەن كېڭىيىپ، يېڭى ئىسىملارنى ھاسىل قىلىشتىكى رولى ھازىرقى تىلىمىزدا تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆز ئەسلى سۆزلىرىگە ھەم چەتتىن كىرگەن ئەرەب، پارس سۆزلىرىگە ئۇلىنىپ، يېڭى سۆز ياسىغاندىن تاشقىرى، سوۋېت-ئىنتېرناتسىئونال سۆزلىرىگە ئۇلىنىپمۇ يېڭى ئىسىم ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن: ئانالىزچى، تابېلچى، فوتبولچى ۋە باشقىلار.

"-چى" قوشۇمچىسى ئاساسەن ئىسىملارغا ئۇلىنىدۇ ۋە تۆۋەندىكى مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ.

ئا) مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئاتلىرىغا ياكى پەملىلىرىگە ئۇلىنىپ، شۇ نام بىلەن ئاتىلىدىغان ئىجتىمائىي ھەركەتكە، ئىلمى-سىياسىي ئېقىمغا، كۆز قاراشقا ياكى بىر ئىش جەريانىغا مەنسۇپ بولغۇچى شەخسنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ماركسچى، لېنىنچى، مىچۇرىنچى، گاگانوۋاچى، تۇرسۇنئايچى ۋە باشقىلار.

ئە) تەشكىلات، مەھكىمە ياكى بىرەر ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئىپادە قىلغۇچى ئىسىملارغا ئۇلىنىپ، شۇ تەشكىلات، مەھكىمە ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ئەزا بولغان ياكى شۇنىڭدا خىزمەت قىلىدىغان شەخسنى بىلدۈرىدۇ.

ب) ئادەم بالىسىنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن مۇھىم بولغان ھەرخىل شەيئى ۋە ۋاستىلەرنى ئىپادە قىلغۇچى ئىسىملارغا ئۇلىنىپ، شۇ تومۇردا ياكى ئاساستا ئىپادە ئېتىلگەن شەيئى ياكى ۋاستە بىلەن مەشغۇل بولغۇچى، ئۇنى كەسىپ ئەتكۈچى شەخسنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: بېلىقچى، كەتمەنچى، تومۇرچى، ناقچى، ئوغاقچى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئوۋچى، ئوتۇنچى، سۇچى، ياغاچچى ۋە باشقىلار.

ۋ) تومۇردا ياكى ئاساستا ئىپادە قىلىنغان شەيئىنى باشقۇرغۇچى،
ئۇنى ھەركەتكە كەلتۈرگۈچى شەخسنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ماشىنىچى، تىراكتورچى، كومبايىنچى، پىلىموتچى، تىرامۋايچى،
يېڭەكچى، ئاپتوماتچى، قوزغىلاڭچى، تۈگمەنچى ۋە باشقىلار.

گ) بىرەر ھايۋان، ئۇچار قانات ياكى ئۇسۇملۈكنى بېقىپ
ئۆستۈرگۈچى، ئۇنى تەربىيىلىگۈچى، شۇ ئىش بىلەن مەشغۇل
بولغۇچى شەخسنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: كوممۇقوناقچى، يىلقىچى،
پادىچى، قوشچى، گۈلچى، قوغۇنچى، كوكناتچى ۋە باشقىلار.

غ) ئىسىم، ئالماش ۋە باشقا سوز تۈركۈملىرىگە قوشۇلۇپ،
شەخسنىڭ بىرەر ھەركەتكە مايىل ياكى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە
ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: يالغانچى، زورلۇقچى،
پروگۇلچى، دوقچى، ئالدامچى، گۈۋاچى، مەنمەنچى، يالاقچى.

د) مەنىسى ئىش ـ ھەركەت بىلەن باغلىق ئىسىملارغا ئۇلىنىپ،
شۇ ئاساستا ئىپادە قىلىنغان ئۇقۇمنىڭ ئاتقۇرغۇچىسىنى بىلدۈرىدۇ
(سۇبيېكتنى ئىپادىلەيدۇ). مەسىلەن: ياماقچى، باسقۇنچى، بوياقچى،
قاراقچى، بۇلاڭچى، ھايداقچى، تەشۋىقاتچى ۋە باشقىلار.

"ـچى" قوشۇمچىسى ئۆزىنىڭ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان مەنە ۋە
ۋەزىپىلىرىدىن باشقا تومۇردا ياكى ئاساستا ئىپادە قىلىنغان شەيئى
بىلەن سودا قىلغۇچى، شۇ شەيئىنى سېتىش ئىشى بىلەن مەشغۇل
بولغۇچى شەخسنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: سۇتچى، كوكچى،
ماشچى، لازىچى ۋە باشقىلار.

"ـچى" قوشۇمچىسى بەزىدە ئۇچار قانات ۋە باشقىمۇ مەخلۇقـ
لارنىڭ ئېتىنى ئاڭلىتىدىغان ئىسىملارنى ھاسىل قىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ
بۇ ۋەزىپىسى ناھايىتى ئۇنۇمسىز. مەسىلەن: يىلقىچى، (ئۇچارـ
قاناتنىڭ بىر تۈرى)، توشقانچى (ئۇچارـ قاناتنىڭ بىر تۈرى)،

سېسىقچى (رۇسچە — خورىيەك) ۋە باشقىلار.

2. -داش، -دەش. "-داش" قوشۇمچىسى تۈركى تىللارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك قېدىمقى زامانلاردىن بېرى بار. مەسىلەن، ھازىرقى قازاق تىلىدا: -داس، -دېس، -تاس، تېس، -لاس، -لېس؛ ئۆزبېك تىلىدا ئۇنىڭ پەقەت قېلىن "-دوش" شەكلى مەۋجۇت. ئۇيغۇر تىلىدا بولسا سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىنىڭ تەركىۋىدە لەۋلەشكەن ئىنچىكە "ئۈ" تاۋۇشى بار سۆزلەرگە "-دەش" بولۇپ ئۇلىنىدۇ (مەسىلەن: ئۈن — ئۈندەش، تۆر — تۆردەش، كۆن — كۆندەش ۋە باشقىلار)، قالغان بارلىق شارائىتتا "-داش" شەكلىدە قوللىنىلىدۇ.

تۈركى تىللاردىكى "-داش" قوشۇمچىسىنىڭ تەركىۋىنى ئېنىقلاش خۇسۇسىدا كۆپلىگەن تۈركولوگلار ئۆز پىكىرلىرىنى ئېيتقان ئىدى① ئۇيغۇر تىلىدىكى "-داش" قوشۇمچىسىنىڭ تەركىۋىدە ئىككى مورفېما بار: 1. -دا — پېيىل ھاسىل قىلغۇچى قوشۇمچە؛ 2. -ش — ھەرىكەت نامىنى ئاڭلىتىدىغان ئىسىم ھاسىل قىلغۇچى قوشۇمچە. بۇ ئىككى مورفېما ئۆزئارا بىرىكىپ، پۈتۈن بىر مۇرەككەپ "-داش" قوشۇمچىسىنى ھاسىل قىلغان.

كېلىپ چىقىشى (ئەسلى) بىر بولغان ھالەتتىمۇ ئورتاق پېيىلنىڭ "-لاش، -لەش" قوشۇمچىسى بىلەن ئىسىمنىڭ "-داش، -دەش" قوشۇمچىسى فونېتىكىلىق تەركىۋى جەھەتتىن، ئاندىن كېيىن

---

① ئا. ن. كونوۋ «تۈرك تىلى گرامماتىكىسى»، 64 - بەت. موسكۋا، 1941 - يىل نەشرى. موشۇكىتاپتا، تۈركولوگلاردىن نېمەت بىلەن بانگنىڭ "داش" قوشۇمچىسىنىڭ تەركىۋى توغرىسىدا ئېيتقان پىكىرلىرىگە قىسقىچە ئوبزور بېرىلىدۇ. ن. ئوستروموۋ «سارت تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى»، 49 - بەت. تاشكەنت، 1910 - يىل رۇسچە نەشرى. ئا. گۇلياموۋ «ئۆزبېك تىلىنىڭ "داش" قوشۇمچىسى»، 31 — 34 بەتلەر. فرۇنزى 1946 - يىل رۇسچە نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

مەنىسى جەھەتتىدىن بىر بىرىدىن ئاستا ـ ئاستا بولۇنۇپ كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەسىلەن: سوھبەتلەش دىسەك، ئۇنى بىردىنىلا ئورتاق پېئىل دەپ بىلىمىزدە، سوھبەتداش دىسەك، ئورتاقلىقنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم كېلىپ چىقىدۇ.

"ـ داش" قوشۇمچىسى شەخسلەرنىڭ تومۇردا ئىپادە قىلىنىغان شەيئىگە ئورتاق ئىكەنلىگىنى، بىرلىگىنى، ئومۇمىلىغىنى ئاڭلىتىدىغان ئىسىملارنى ھاسىل قىلىدۇ، يەنى "ـ داش" قوشۇمچىسى ئارقىلىق پەيدا بولغان ئىسىم ئىككى شەخسنىڭ مەلۇم بىر شەيئىگە نىسبەتەن ئورتاقلىق، ئومۇمىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىگىنى بىلدۈرىدۇ. دىمەك، ئۇ بەلگە ـ خۇسۇسىيەت شۇ شەخسلەرنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە خاس بولۇپ كېلىدۇ: زامانداش، مەسلەكداش، ۋەتەنداش، پىكىرداش، سەپداش، قېرىنداش، تىلەكداش، يۇرتداش ۋە باشقىلار.

"ـ داش" قوشۇمچىسى ئارقىلىق پەيدا بولغان بەزىبىر ئىسىملار شەخسنى بىلدۈرمەيدۇ ۋە ئۇلار مەنە جەھەتتىدىن سۇپەتلەرگە يېقىن. مەسىلەن: ئاھاڭداش، ئۈندەش، تۇردەش ۋە باشقىلار①

3. ـ لىق، ـ لىك، ـ لۇق، ـ لۈك. شەھەر، يېزا، يەر سۇ ۋە باشقا جايلارنىڭ ئېتىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا ئۇلىنىپ، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق شەخسنى، شۇ يەردىن كەلگەن (ياكى شۇ جايدىن چىققان) كىشىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم ھاسىل قىلىدۇ؛ مەسىلەن: موسكۋالىق، لېنىنگرادلىق، تاشكەنتلىك، قەشقەرلىق، ئاقسۇلۇق،

---

① ئايرىم قوشۇمچىلار (مەسىلەن: ـ لىق، ـ لىك، ـ لۇق، ـ لۈك، ـ ما، ـ مە، ـ قا، ـ كە، ـ غا، ـ گە، ـ م، ـ ىم، ـ ئۇم، ئۈم ۋە باشقىلار) ئىككى، گايىدا ئۈچ سېمانتىكىلىق گۇرۇپپىغا ياتىدىغان ئىسىملارنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭلاشقا مەزكۇر قوشۇمچىلارنىڭ ئاڭلىتىدىغان مەنىلىرى بىلەن ۋەزىپىلىرى مۇناسىۋەتلىك گۇرۇپپىلاردا قارىلىدۇ.

شەھەرلىك، يېزىلىق ۋە باشقىلار.

4. -غۇچى، -گۈچى، -قۇچى، -كۈچى. ئۇيغۇر تىلىدىكى "-غۇچى" قوشۇمچىسى ئۆزىنىڭ مورفولوگىيىلىك تەركىۋى جەھەتىدىن قازاق، ئۆزبېك، تاتار، ئەزەربەيجان، باشقىرت، تۈرۈك ۋە باشقا تىللاردىكى مۇشۇ مەنىنى ئاڭلىتىدىغان قوشۇمچىدىن پەرق قىلىنىدۇ.

"-غۇچى" قوشۇمچىسى ئۇيغۇر تىلىدا، تەخمىنەن باشقا تۈركى تىللاردىكىگە ئوخشاش، تومۇردا ياكى ئاساستا ئىپادە قىلىنغان ئىش-ھەركەتنى ئاتقۇرغۇچى ياكى ئەمەلى ئىشتا ئاساسىي رول ئوينايدىغان مەلۇم بىر ھەركەتنى ئاتقۇرۇش، ئادا قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغۇچى شەخسنى بىلدۈرىدۇ؛ مەسىلەن: ئوقۇغۇچى، يازغۇچى، قوغدىغۇچى، كۆزەتكۈچى، ئاتقۇچى، ساتقۇچى ۋە باشقىلار.

5. -ئوۋ، -ئوۋا، -ىن، -ئىنا. ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن مەزكۇر سوۋېت ئىنتېرناتسىئونال قوشۇمچىلىرى كىشى ئاتلىرىغا ئۇلىنىپ شەخسنىڭ پەمىلىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ قوشۇمچىلار ئىلگىرى (ئاساسەن ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن ئاۋال) ئۇيغۇر تىلىدا بولمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى ياكى قىزى (مەسىلەن: مەمەت ئوغلى، كېرىم قىزى) دىگەن سۆزلەر قوللىنىلاتتى. ھازىر بۇ قوشۇمچىلار، بارلىق باشقا تۈركى تىللاردىكىگە ئوخشاش، كىشى پەمىلىلىرىنى ھاسىل قىلىشتا بىردىن-بىر ئۈنۈملۈك ھىساپلىنىدۇ: قاسىموۋ، قاسىموۋا، مۇھەممەدىۋ، مۇھەممەدىۋا، ئابدۇللىن، ئابدۇللىنا ۋە باشقىلار①.

---

① بۇلاردىن باشقا ئۇيغۇر تىلىدىكى سوۋېت-ئىنتېرناتسىئونال قوشۇمچىلىرىنىڭ بىرلىكى ئۆزلىرىنىڭ پۈتكۈل مورفولوگىيىلىك تۈزىلىشى بىلەن بىللە كىرىپ ئۆزلەشكەن ۋە ئۇلار ئۇيغۇر سۆزلىرىگە ئۇلىنىپ، يېڭى سۆز ھاسىل قىلالمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

6. ئىران تىللىرىدىن كىرگەن ”-ى“ قوشۇمچىسى شەخسنىڭ
ئىسمىغا ئۇلىنىپ، كىشلەرنىڭ پەمىلىلىرىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن
خىزمەت قىلىدۇ. ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ئۇنىڭ پەمىلە ھاسىل قىلىش
قابىلىيىتى رۇس تىلىدىن كىرگەن ”-ئوۋ، — ئىن“ قوشۇمچىلىرىغا
قارىغاندا ناھايىتى تۆۋەن؛ مەسىلەن: قادىرى، ئەزىزى، شەھىدى
ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر تىلىدا شەخسنى بىلدۈرگۈچى يەنىمۇ بىرنەچچە قوشۇمچىلار
بار. لېكىن ئۇلار ھازىر ئۆزلىرىنىڭ يېڭى ئىسىم ھاسىل قىلىش
قابىلىيىتىدىن تامامەن مەھرۇم قىلىنغان: — غۇچ، — گۈچ، —
قۇچ، — كۈچ، — ئۇچقۇچ، ئۆز گۈچ؛ — ۋۇل - قاراۋۇل، ياساۋۇل؛ —
غۇن، - قۇن - قاچقۇن، تۇتقۇن؛ — ئاق - قاچاق، قوناق.

## II. نەرسە ۋە ئورۇن - جاينى بىلدۈرگۈچى قوشۇمچىلار

ئۇيغۇر تىلىدا بۇ تۈركۈمگە ياتىدىغان قوشۇمچىلار ئاساسەن،
پېئىللارنىڭ ۋە بەزىدە ئىسىم، سۈپەت، ئىملىقلارنىڭ ئاساسىغا
ئۇلىنىپ، تەبىئەتتىكى تۈرلۈك شەيئىلەرنى، ئادەم بالىسىنىڭ
ئېھتىياجلىرىنى ئۆتەيدىغان ھەر خىل قورال - جابدۇقلارنى، ئورۇن -
جاينى، تۇمۇردا ياكى ئاساستا ئىپادە قىلىنغان ئىش - ھەركەتنىڭ
ئوبيېكتىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كونكرېت ئىسىملارنى ھاسىل
قىلىدۇ.

### پېئىللارنىڭ ئاساسىغا ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلار

1. ”-ق، -ك، -ئاق، -ئەك، -ئىق، -ئىك، -ئۇق،

-ئۈك".

"-ق" قوشۇمچىسى قەدىمقى تۈركى تىللارنىڭ بارلىغىدا، شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدا، ئەڭ ئۈنۈملۈك قوشۇمچە بولغان ھالدا نۇرغۇنلىغان ئىسىملارنى ھاسىل قىلغان. لېكىن ھازىر پەقەت سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدىن باشقا ھەممە تۈركى تىللاردا بۇ قوشۇمچە ئۆزىنىڭ ئاۋالقىدەك يېڭى ئىسىم ھاسىل قىلىش قابىلىيىتىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئۈنۈمسىز قوشۇمچىلارغا ئايلانغانلىغى بايقىلىدۇ. دېمەك، ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا "-ق" قوشۇمچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن يېڭى ئىسىم ئاساسەن ياسالمايدۇ؛ ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ئۈنۈملۈك دەۋرىدە ھاسىل قىلغان ناھايىتى كۆپ ئىسىملىرىنىڭ تەركىۋىدىلا ساقلىنىپ قېلىۋاتىدۇ.

"-ق" قوشۇمچىسى تومۇردا ياكى ئاساستا ئىپادە قىلىنغان ھەركەت نەتىجىسىدە پەيدا بولغان تۈرلۈك ئوبيېكتلارنى (مەسلەن: كېسەك، ياماق، قۇراق)، ھەركەت قوراللىرىنى ياكى ھەركەت ۋاستىسىنى (مەسلەن: گۈرجەك، پىچاق، چۇشاق)ۋە باشقا مەنىلەرنى ئاڭلىتىدىغان ئىسىملارنى ھاسىل قىلىدۇ.

2. "-قا، -كە، -غا، -گە، -قۇ، -غۇ". مەزكۇر قوشۇمچە ھازىرقى تۈركى تىللاردا ئۆزىنىڭ ئۈنۈملۈك خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ كېتىپ بارغان قوشۇمچىلاردىن بىرىدۇر.

"-قا" قوشۇمچىسى ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ھەر دائىم پېئىللارنىڭ ئاساسىغا ئۇلىنىپ، تۈرلۈك قورال-جابدۇق ئاتلىرىنى، ئورۇن-جاينى ۋە بۇنىڭدىن باشقىمۇ كونكرېت مەنىگە ئىگە بولغان ئىسىملارنى ھاسىل قىلىدۇ: چاپقا، تۇتقا، ئاسقا، قاپقا، چالغا، سۈزگە، سۈپۈرگە، تەپكە، بوسۇغا، بۇرغا، ئىچىتقا، تېرىلغۇ ۋە باشقىلار.

"-قا"ئاز مولچەردە مەلۇم بىر خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان شەخس-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىمۇ ئاڭلاتقانلىقى بايقىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ مەنىسى تەرەققىي قىلماي قالغان؛ مەسىلەن: ئىزىتقا، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى بىلگە (مۇدرىتىس) ۋە باشقىلار.

3. "-غۇچ، -گۇچ، -قۇچ، كۇچ". -غۇچ قوشۇمچىسى ئىسىملارنى ئاز ھاسىل قىلىدىغان قوشۇمچىلار قاتارىغا كىرىپ، تۈركىي تىللارنىڭ كۆپچىلىكىدە ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى "-غۇچ" قوشۇمچىسى ئورۇنلاش، ئاتقۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان قورال-سايمانلارنى بىلدۈرىدۇ: باسقۇچ، ئاچقۇچ، كولىغۇچ، كورسەتكۈچ، يەلپىگۈچ ۋە باشقىلار.

بۇ قوشۇمچە ئارقىلىق ئىش-ھەركەت نەتىجىسىدە پەيدا بولغان ئىسىملارمۇ ھاسىل بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ ۋەزىپىسى ناچار تەرەققىي قىلغانلىقتىن، مۇشۇ مەنىنى ئاڭلىتىدىغان ئىسىملار ئاز ئۇچرايدۇ؛ مەسىلەن: تۇگۈچ، چىگىچ ۋە باشقىلار.

4. "-ما، -مە. -ما، -مە" قوشۇمچىسى تۈركىي تىللارنىڭ ئىلمىي گىراماتىكىلىرىدا "چولتا ئىنفىنىتىۋ*" ("كېسىك ئىنفىنىتىۋ") دەپ ئاتىلىپ (ئۇنىڭ مۇنداق ئاتىلىشىغا سەۋەب — -ما، -مە قوشۇمچىسى ئىنفىنىتىۋنىڭ "-ماق، -مەك" قوشۇمچىسىدىن ئاخىرقى "ق، ك" تاۋۇشلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ئارقىلىق ياسالغان)، ئىسىملارنى ئاز ھاسىل قىلىدىغان قوشۇمچىلار قاتارىغا قوشۇلىدۇ.

بۇ قوشۇمچە قەدىمقى يېزىق يادىكارلىقلىرىدا "-ماق، -مەك" فورمىسىدا قوللىنىلىپ، ھەركەت نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ھاسىل قىلغان. مەسىلەن: بىلمەك، كورمەك، ئاچماق، ئالماق ۋە

---

* ئىنفىنىتىۋ: پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى.

باشقىلار. لېكىن بارا-بارا ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى "-ق، -ك" تاۋۇشلىرى چۈشۈپ قېلىپ، "-ما، -مە" فورمىسى پەيدا بولغان. بۇ كېيىن پەيدا بولغان "-ما، مە" ئۇزىنىڭ ئاۋالقى تۈرى — -ماق، -مەك قوشۇمچىسىدىن فورمىسى، مەنىسى ھەم ۋەزىپىسى جەھەتتىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرق قىلىپ چىققان ۋە ئۇ، مۇستەقىل قوشۇمچە بولغان ھالدا، ئۇز تەرەققىياتىنى داۋام قىلغان.

ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا "-ما، -مە" قوشۇمچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ياسالغان ئىسىملار ئاساسەن تومۇردا ياكى ئاساستا ئىپادە قىلىنغان ھەركەتكە تېگىشلىك بولغان شەيئىنى، ھەركەت ئوبيېكتىنى ياكى ئىش-ھەركەت نەتىجىسىدە پەيدا بولغان ئوبيېكتىنى ئاڭلىتىدۇ: باسما، تارتما، سۇرمە، سىرتما، كورگەزمە، توسما، گەزلىمە، شاقىراتما، بولمە ۋە باشقىلار.

5. "-م (-ئىم، -ئۇم، -ئۈم، -ئام)". بۇ قوشۇمچە ئىلگىرى تۈركى تىللاردا ئۈنۈملۈك قوشۇمچە سانىلىپ، ناھايىتى نۇرغۇن ئىسىملار ھاسىل قىلغان. ئەمما ئۇ ھازىرقى تۈركى تىللاردا، شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدا، ئۇزىنىڭ ئاۋالقىدەك ئۈنۈملۈك رەۋىشتە ئىسىم ھاسىل قىلىش قابىلىيىتىنى ئاستا-ئاستا يوقىتىپ كېلىۋاتىدۇ، يەنى ئۇنىڭ ياسىسىپ قوشۇمچىلار قاتارىغا ئوتۈپ كېتىپ بارغانلىقى بايقىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا -م (-ئىم، -ئۇم، -ئۈم، -ئام) قوشۇمچىسى ئارقىلىق پەيدا بولغان ئىسىملار:

ئا) ھازىرقى شەيئىنى ياكى ئىش-ھەركەت نەتىجىسىدە پەيدا بولغان كونكرېت شەيئىلەرنى ئاڭلىتىدۇ: توپلام، كىيىم، قاتلام، توقۇم، قاينام، كوكلەم ۋە باشقىلار.

ئە) بەزىبىر پېئىللارغا ئۇلىنىپ، ئولچەمنى، ئولچەش مىقدارىنى ئىپادە قىلىدۇ: مۇنداق چاغلاردا، ئادەتتە، ساناق سانلار بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تارقاتقۇچىسى

بىرلىكتە قوللىنىلىدۇ: يۇرتۇم، سىقىم، چامدام، چىمدىم، بوغۇم، ئۇچۇم، (بىر) سىپلىم (چاي) ۋە باشقىلار.

6. "–ندا (–ئىندا، –ئۇندا، –ئۈندە)". ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا "–ئىندا" قوشۇمچىسىمۇ، يۇقۇرىدا ئېيتىلىپ ئۆتكەن قوشۇمچىلارغا ئوخشاش، ئىسىملارنى ئاز ھاسىل قىلىدۇ.

"–ئىندا" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ئىسىم ئىش–ھەرىكەت نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان شەيئىنى ياكى شەيئىنىڭ ھەرىكەتتە دائىملىقىنى، ھەرىكەت نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان يىغىندىلىقنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ: يۇيۇندا، تاشلاندا، قىرىندا، يىغىندا، چېپىندا، ئېرىتىندا، ئۆزۈندە، كېسىندە ۋە باشقىلار.

7. "–ماق، –مەك". بۇ قوشۇمچە بەزىبىر تۈركى تىللاردا، شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدا، ئىنفىنىتىۋنىڭ كورسەتكۈچىسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكى "–ماق، –مەك" قوشۇمچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ياسالغان ئىسىملاردا پىئىللىق مەنىلەرمۇ بىلىنىپ تۇرىدۇ. مۇشۇ سەۋەپتىن مۇنداق ئىسىملار شەيئىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە، ئىش ۋە ھالەتنىمۇ ئىپادە قىلىشى مۇمكىن. "–ماق، –مەك" قوشۇمچىسى ئاساسەن قورالنى، ئىش–ھەرىكەت نەتىجىسىدە پەيدا بولغان شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ھاسىل قىلىدۇ؛ شۇنداقلا تومۇردا ئىپادىلەنگەن ئىش–ھەرىكەتنى ئاتقۇرغۇچى خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان نەرسىنى بىلدۈرىدۇ.

"–ماق، –مەك" قوشۇمچىسى ئۇيغۇر تىلىدا ئىلگىرى–كېيىن پەقەت بىرئازلا ئىسىم سوزلەرنى ھاسىل قىلغان ئۇنۇمسىز قوشۇمچىدۇر: چاقماق، ئىلمەك، توقماق، سىرتماق، يىمەك، ئىچمەك (يىمەك–ئىچمەك)، قۇيماق، سويماق، تىزمەك ۋە باشقىلار.

8. "–غاق (–گەك، –قاق، –كەك)". بۇ قوشۇمچە سوزنىڭ

تومۇرىغا ئۇلىنىپ، قورال، ئەسۋاپ، ئوبيېكت، ئورۇن-جاي، ئىش-ھەركەت نەتىجىسى ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش مەنىلەرنى ئاڭلىتىدىغان ئىسىم سۆزلەرنى ھاسىل قىلىدۇ.

"-غاق (-گەك، -قاق، -كەك)" قوشۇمچىسىنىڭ ئاڭلىتىدىغان مەنىسى بىز يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن -ئاق (-ئەك، -ئۇق، -ئۈك، ئىك، -ق، -ك) قوشۇمچىسىنىڭ ئاڭلىتىدىغان مەنىسىگە ناھايىتى يېقىن ھەم بۇ ئىككى قوشۇمچىنىڭ كېلىپ چىقىش تېگى (ئەسلى) بىر بولغان دەپ تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئې. ۋ. سېۋورتيان مۇنداق پىكىر ئېيتىدۇ: "ئۇنۇمسىز قوشۇمچە '-قاق، -غاق، -گەك، -كەك' قەدىمقى ۋە ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى، شۇنىڭدەك بەزى باشقا تۈركى تىللاردىكى "ئاق" قوشۇمچىسىنىڭ ۋارىيانتى بولۇپ، "-ق" مۇ "ئاق" قوشۇمچىسىنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، "-قاق" قوشۇمچىسى خېلى زور ئۇنۇملۇك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. لېكىن ئۆزبېك تىلىدا ۋە باشقا بەزى تۈركى تىللاردا بۇ قوشۇمچە پەقەت لۇغەتلەردىلا ئىز قالدۇرغان بولۇپ، ئىستىمالدىن مەھرۇم قىلىنغان".①

"-غاق (-گەك)، -قاق (-كەك)" قوشۇمچىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا تۆۋەندىكى ئىسىملار پەيدا بولغان: ئو(ر)-غاق، چاقماق، تۇتقاق، پاتقاق، پىشلىغاق، تۇزغاق ۋە باشقىلار.

9. "-غۇن (گۈن)، -قۇن (-كۈن)". تۈركى تىللاردا مەلۇم لېكسىكىلىق قاتلامنى تەشكىل قىلغان قوشۇمچىنىڭ بىرى مۇشۇ "-قۇن" قوشۇمچىسىدۇر.

---

① ئې. ۋ. سېۋورتيان «تۈركى تىللارنىڭ گىراماتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق سېلىشتۇرمىسى». «تىل نەزىرىيىسى مەسىلىسى ۋە تارىخ مەسىلىسى» 345-بەت. موسكۋا 1952-يىل رۇسچە نەشرىدىن.

www.uyghurkitap.com

ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا بۇ قوشۇمچە يېڭى ئىسىملارنى ھاسىل قىلىشتا پاسسىپ رول ئوينايدۇ. ”-قۇن“ قوشۇمچىسى پەقەت پېئىللارنىڭ تۈپ تومۇرىغىلا ئۇلىنىپ، تومۇردا ئىپادىلەنگەن ئىش-ھەركەتكە خاس بولغان شەيئىنى ھادىسىنى ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئىپادە قىلىدىغان ئىسىملارنى ھاسىل قىلىدۇ: ئۇچقۇن، كەلكۈن، ئۆزگۈن، توسقۇن، يۇلغۇن (ئوسۇملۇك ئېتى)، قىرغىن، تاشقىن، كۆچكۈن، يالقۇن ۋە باشقىلار.

10. ”-غان (-گەن)، -قان (-كەن)“. بۇ قوشۇمچە ئۈنۈمسىز قوشۇمچىلارنىڭ قاتارىغا ياتىدۇ؛ ھازىرقى تىلىمىزدا ئۇنىڭدا يېڭى ئىسىم ھاسىل قىلىش قابىلىيىتى تامامەن يوق.

”-غان“ قوشۇمچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا تۆۋەندىكى ئىسىملار ھاسىل بولغان: تۇققان، شۇۋىرغان، چېقىلغان، قورغان، سۆتلىگەن (ئوسۇملۇكنىڭ بىر تۈرى)، قاپقان ۋە باشقىلار.

11. ”-ئىن (-ئۇن، -ئۈن)“. ”-ئىن“ قوشۇمچىسى بۇنىڭدىن ئىلگىرى بىرئازلا ئىسىملارنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ئۆزىنىڭ يېڭى سۆز ھاسىل قىلىش قابىلىيىتىدىن تامامەن ئايرىلىپ قالغان ئۈنۈمسىز قوشۇمچىلارغا ئايلاندى. بۇ قوشۇمچە فورما ۋە سېمانتىكا جەھەتتىن بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ”-قۇن“ (-قىن، -غۇن، -گۈن، -كۈن) قوشۇمچىسىغا يېقىن.

”-ئىن“ قوشۇمچىسىمۇ ئاساسەن تومۇردا ئىپادە قىلىنغان ھەركەت بىلەن باغلىق بولغان شەيئىسىنى، ھەركەت جەريانىنى ۋە بەزىدە ھەركەتنىڭ سۇبيېكتىنى بىلدۈرىدۇ: ئېقىن، تېپىن، تۈگۈن، يىغىن، ئۆتۈن، قېلىن، قويۇن ۋە باشقىلار.

12. -مىش (-مۇش، -مۈش). بۇ قوشۇمچە ئىسىم ھاسىل قىلىشتا ئۈنۈمسىز قوشۇمچىنىڭ بىرىدۇر. ئەزەربەيجان، تۈرك تىللىرىدا ئۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەت پېئىلىنىڭ ”-غان“ (مەسىلەن: بارغان،

كەلگەن دىگەنگە ئوخشاش سۆزلەردىكى)" قوشۇمچىسى ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن "-قىن (-قۇن، -گۈن، -كۈن)"، "-غان (-گەن، -قان، -كەن)" قوشۇمچىلىرى بىلەن "-مىش (-مۇش، -مۈش)" قوشۇمچىسى تارىخىي مەنىداش سۆز (يەنى سۆزلەرگە ئۇلىنىپ، ئاڭلىتىدىغان مەنىلىرى بىر بىرىسىگە يېقىن، ئەمما تۈرى، فورمىسى باشقا) قوشۇمچىلار بولغان.

"-مىش (-مۇش، -مۈش)" قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان ئىسىم نەرسىنى، شەيئىنىڭ ئىپتىنى ۋە ئىش-ھەركەت نەتىجىسىنى ئاڭلىتىدۇ.

"-مىش (-مۇش، -مۈش)" قوشۇمچىسى ئۇيغۇر تىلىدا كونا قالدۇق رېتىدە مۇنداق سۆزلەردە ئۇچرايدۇ: ئۇتمۇش، تۇرمۇش، يېمىش، قىلمىش، تارمۇش، ئۇقۇمۇش (لۇق) ۋە باشقىلار

پىئىللارنىڭ ئاساسىغا ئۇلىنىپ، قورال-سايمان، ئورۇن، جاي ۋە ئىش-ھەركەت نەتىجىسىدە پەيدا بولغان باشقىمۇ كونكرېت شەيئى-لەرنى ئىپادە قىلىدىغان قوشۇمچىلار يۇقۇرىدىكىلەردىنلا ئىبارەت بولماي، بەلكى پۈتكۈل ئۆز تارىخىدا بىرنەچچىلا ئىسىمنى ھاسىل قىلىپ، كېيىن ئۆزىنىڭ سۆز ياساش قابىلىيىتىدىن تامامەن مەھرۇم ئېتىلگەن تۆۋەندىكى ئۈنۈمسىز قوشۇمچىلارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: -ئان، -ن — ئىلان ("ئىل" دىگەن سۆز تۈركى تىللاردا "سىلجىماق، ئومىلىمەك" دىگەن مەنىلەرنى ئاڭلاتقان)، ساپان ("ساپماق" پىئىلىنىڭ تومۇرىغا ئۇلانغان)، كىشەن (كىشە دىگەن سۆز قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا "چۈشىمەك، باغلىماق" دىگەن مەنىلەردە قوللىنىلغان): -داق، -دۇق — قونداق، قورداق، قالدۇق، ها(ر) دۇق؛ -ئاك-ك — تۇزاك، قىساك، بۇلاك-تالاك ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئىسىملارنىڭ ئاساسىغا ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلار

1. "-لىق (-لىك، -لۇق، لۈك)". "-لىق"قوشۇمچىسى بارلىق تۈركى تىللاردا دىگۈدەك قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپ، تا ھازىرقى دەۋرگىچە ئەڭ ئۈنۈملۈك قوشۇمچىلاردىن سانىلىدۇ. پەقەت بەزىبىر تۈركى تىللاردا، مەسىلەن، ياقۇت تىلىدا، ئۇزىنىڭ ئاۋالىقىدەك ئاكتىپ رەۋىشتە سوز ياساش قابىلىيىتىنى يوقاتقان.

تۈركى تىللارنىڭ كوپچىلىگىدە بۇ قوشۇمچە ئوزىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا ئاساسىي ئىككى تۈرگە بولۈنگەن: ئۇنىڭ بىرىنچىسى "-لىق" (فونېتىكىلىق ۋارىيانتلىرى بىلەن)، ئىككىنچىسى "-لى" (فونېتىكىلىق ۋارىيانتلىرى بىلەن). يەنى "-لىق"قوشۇمچىسىنىڭ ئاخىرىدىن "ق" (ك، غ، گە)تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قىلىشى نەتىجىسىدە شەكىللەشكەن (مەسىلەن، قازاق تىلىدا: ئاغاشتى، تائۇلى، ئورىندى، ئۈيلى، كىرپىكتى). ئومۇمەن، سوز ئاخىرىدىكى "ق، ك، گ، غ" تاۋۇشلىرىنىڭ چۈشۈپ قىلىشى، بۇ ئارىدا "-لىق" قوشۇمچىسىنىڭ "-لى" بولۇپ شەكىللىنىشى، تۈركى تىللار فونېتىكىسىغا خاس بىر قانۇنىيەتتۇر.

ئەمدى ئۇيغۇر تىلىدىكى"-لىق" قوشۇمچىسىنى ئالىدىغان بولساق، ئۇ ئوزىنىڭ مۇشۇ شەكلىنى قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپ ساقلاپ كەلمەكتە①.

① قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىق يادىكارلىقلىرىدا مەزكۇر قوشۇمچىنىڭ "-لىق، -لىك، -لۇق، -لۈك" ۋارىيانتلىرى بىلەن بىللە "-لىغ، -لىگ، -لۇغ، -لۈگ" ۋارىيانتلىرىمۇ بولغان: بىلىگلىگ بەگ ئەردى، ئۇقۇشلۇغ ئۇدۇغ. قاراڭ: س. ئې. مالوۋ «قەدىمقى تۈركى تىللار يارىكارلىقلىرى» 241-بەت. موسكۋا — لېنىنگراد، 1951-يىل رۇسچە نەشرى.

”ـلىق“ قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ئىسىملار تۆۋەندىكى كونكرېت مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ:

ئا) تەبىئەتتىكى ھەر خىل شەيئىلەرنى ئىپادە قىلىدىغان ئىسىملارغا ئۇلىنىپ، شۇ شەيئىنىڭ نۇرغۇن جايلاشقان ئورنىنى كۆرسىتىدىغان ئىسىملارنى ھاسىل قىلىدۇ: جاڭگاللىق، پاتقاقلىق، چىمەنلىك، سامانلىق، چونەكلىك ۋە باشقىلار؛

ئە) بەزىبىر كونكرېت مەنە ئاڭلىتىدىغان ئىسىملارغا ئۇلىنىپ، بىرەر نەرسىگە بېغىشلانغان، شۇنىڭغا ئولچەپ كېسىلگەن، تەيىنلەنگەن ياكى بەلگىلىك بىر ۋاقىتقا بەلگىلەنگەن نەرسىلەرنى ئاڭلاتقۇچى ئىسىملارنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن: ئوتتۇكلۇك، كېيىملىك، كاستۇملۇق، تونلۇك، يامغۇرلۇق، ئەستەرلىك، يەڭلىك ۋە باشقىلار.

بۇ تۈركۈمگە تۆۋەندىكى ئۈنۈمسىز قوشۇمچىلارمۇ ياتىدۇ: ـدۇرۇق (ـدۇرۇك، ـتۇرۇق، ـتۇرۇك) — ئېغىزدۇرۇق، ساقالدۇرۇق، بويۇنتۇرۇق، ساپانتۇرۇق، كەمەلدۇرۇك، ئومۇلدۇرۇك ۋە باشقىلار؛ ـگەي، ـكەي — كۆنگەي، تەسكەي.

تۆۋەندىكى ئۈنۈمسىز قوشۇمچىلار سۈپەتلەرنىڭ ئاساسىغا ئۇلىنىپ، ئىسىم ھاسىل قىلىدۇ. ـمۇق — قارىمۇق، يېسىمۇق؛ ـچا، ـچە — قىزىلچا، كوكچە (قوغۇننىڭ بىر تۈرى)؛ ـسۇل — ئاقسۇل (بۇنىڭغا بوقسۇل دىگەن سوزنى سېلىشتۇرۇپ كورۇڭ)؛ ـچۇق — قارىچۇق (كوز قارىچۇغى)؛ ـمەك — خەمەك ۋە باشقىلار.

”ـئىلداق“ (ـئىلدەك، ـئۇلداق، ـئۇلدەك) قوشۇمچىسى ئىملىق سوزلەرنىڭ ئاساسىغا ئۇلىنىپ، ئىسىم ھاسىل قىلىدۇ: قارسىلداق، ۋاقىلداق توقۇلداق، چىڭكىلدەك، چاڭىلداق ۋە باشقىلار.

## III. ئابستراكت مەنە ئاڭلاتقۇچى قوشۇمچىلار

ئۇيغۇر تىلىدا ئابستراكت مەنە ئاڭلىتىدىغان ئىسىملار ئاساسەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىز يۇقۇرىدا قاراپ ئۆتكەن كونكرېت مەنە ئاڭلاتقۇچى قوشۇمچىلار ئارقىلىقمۇ ياسىلىۋېرىدۇ. ئىلگىرى مۇنداق قوشۇمچىلارنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى تار بولغان بولسىمۇ، كېيىن ئۇزۇن ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا مەنىسى ۋە ۋەزىپىسى جەھەتتىن ئاستا-ئاستا كېڭىيىپ، ھەم كونكرېت، ھەم ئابستراكت مەنىلەرنى ئاڭلىتىدىغان بىرنەچچە سېمانتىكىلىق تۈركۈملەرنى ۋە بەزىدە ئىككى خىل سوز تۈركۈمىنى ھاسىل قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان.

## سۈپەتلەرنىڭ ئاساسىغا ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلار

1. "-لىق (-لىك، -لۇق، -لۈك)". "-لىق" قوشۇمچىسى سۈپەتلەرنىڭ ئاساسىغا ئۇلىنىپ، شۇ ئاساستا ئىپادە ئېتىلگەن ساپاغا، بەلگە-خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان ئابستراكت ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ: ياخشىلىق، يامانلىق، تەڭلىك، ئېگىزلىك، چىرايلىقلىق ۋە باشقىلار.

"-لىق" قوشۇمچىسى يوقلۇقنى بىلدۈرىدىغان "-سىز" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ھاسىل بولغان ياسالما سۈپەتلەرگە ئۇلىنىپمۇ، ئابستراكت ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ: سۇسىزلىق، ھوقۇقسىزلىق، كۈچسىزلىك، گۇناسىزلىق ۋە باشقىلار.

2. -چىلىق (-چىلىك). "-چىلىق" قوشۇمچىسى سۈپەتلەرنىڭ ۋە بەزىدە رەۋىشلەرنىڭ ئاساسىغا ئۇلىنىپ، ھالەتنى بىلدۈرىدىغان ئابستراكت ئىسىم ھاسىل قىلىدۇ: ئەرزەنچىلىك، قىممەتچىلىك، كوپچىلىك، ئازچىلىق، قىيىنچىلىق ۋە باشقىلار.

ئابستراكت مەنە ئاڭلىتىدىغان ئىسىم ھاسىل قىلىشنىڭ بۇ تۈرلىرى ئەڭ ئۇنۇملۇك ھېساپلىنىدۇ.

## ئىسىملارنىڭ ئاساسىغا ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلار

1. "-لىق (-لىك، -لۇق، لۈك)". "لىق" قوشۇمچىسى شەخسنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا، مەسىلەن، ئائىلە ئەزالىرىنى، ياش-قېرىلىقنى، يېقىنچىلىقنى ياكى شەخسنىڭ بىرەر ئۆزگىچىلىكىنى ئاڭلىتىدىغان ئىسىملارغا ئۇلىنىپ، ھالەت ۋە ۋەزىيەتنى، پائالىيەتنى ياكى مەلۇم بىر خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان ئابستىراكت ئۇقۇمنى ئىپادە قىلىدۇ: بالىلىق، ياشلىق، ئانىلىق، ئاتىلىق، قېرىلىق، قەھرىمانلىق، ئەزلىك، گىراژدانلىق ۋە باشقىلار.

2. "-چىلىق (-چىلىك)". "-چىلىق" قوشۇمچىسى كونكرېت مەنە ئاڭلىتىدىغان ئىسىملارنىڭ ئاساسىغا ئۇلىنىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىنىڭ، مەلۇم بىر كەسىپ ئورنىنىڭ ياكى پائالىيەتنىڭ ئابستىراكتلىق ئېتىنى ئىپادىلەيدۇ: دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق، يىپەكچىلىك، باغۋەنچىلىك، تۆمۈرچىلىك، بېلىقچىلىق ۋە باشقىلار.

بۇ قوشۇمچىلارمۇ ناھايىتى ئۈنۈملۈكتۇر.

## پېئىللارنىڭ ئاساسىغا ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلار

1. "-لىق (-لىك، -لۇق، -لۈك)". ئۈنۈملۈك "-لىق" قوشۇمچىسى "-غان" ياكى "-ش" (بولۇشسىزلىق "-ما"دىن كېيىن) قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ياسالغان سۈپەت پېئىلغا ئۇلىنىپ، ئىش-ھەرىكەت نەتىجىسىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن بەلگىنى ياكى ھالەتنى ئىپادىلىگۈچى ئابستىراكتلىق ئىسىملارنى ھاسىل قىلىدۇ: تەربىيىلەنگەنلىك، ئادەتلەنگەنلىك، چۈشەنمەسلىك، تۈزمەسلىك ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2. "-ش، (-ئىش، -ئۇش، -ئۈش)". ئۇيغۇر تىلىدا "-ش" قوشۇمچىسى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئۈنۈملۈكلىكى ۋە قوللىنىلىش دائىرىسىنىڭ ناھايىتى كەڭلىكى بىلەن كۆزگە چۈشىدۇ. بۇ قوشۇمچە، پېئىللارغا ئۇلىنىپ، ئاساستا ئىپادە قىلىنغان ھەرىكەتنىڭ نامىنى ئاڭلىتىدۇ: ئوقۇش، يېزىش، سوزلەش، مېڭىش، تۇرۇش ۋە باشقىلار.

بۇلاردىن باشقا پېئىللارنىڭ ئاساسىغا ئۇلىنىپ، ئابستىراكتلىق مەنە ھاسىل قىلىدىغان قوشۇمچىلارنىڭ بارلىقى ئۈنۈمسىز بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇنىڭغا تۆۋەندىكى قوشۇمچىلار ياتىدۇ:

1. -ق، -ك، -ئاق، -ئەك، -ئىق، -ئىك، -ئۇق، -ئۈك: ساناق، بويرۇق، يولەك، تىلەك، سېتىق، سىناق، قوناق، سۇنۇق؛

2. -قا، -كە، -غا، -گە، -قۇ، -كۈ: كۆلكە، ئۇيقا، سەزگۈ، تۇيغۇ، ئۇرغۇ؛

3. -م، -ئىم، -ئۇم، -ئۈم: چىقىم، سايلام، ئېقىم، كۆتۈم، كېلىشىم، چۆشۈم، كىرىم، چىدام، بىلىم؛

4. -ما، -مە: قوللانما، ئەسلەتمە، بىرلەشمە، كىرىشمە، باشلانما؛

5. -چ: ئىشەنچ، چۆشەنچ، قورقۇنچ، ۋە باشقىلار.

## IV. كىچىكلىتىش، ئەكىلىتىش ۋە ئىززەتلەش قوشۇمچىلىرى

بۇ گۇرۇپپىغا ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەكىلىتىش، كىچىكلىتىش، ئىززەتلەش، ياخشى كۆرۈش ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرگۈچى، سۆبېكتىنىڭ مەلۇم ئوبېكتقا، ئادەمگە بولغان شەخسى مۇناسىۋىتىنى ئىپادە قىلغۇچى قوشۇمچىلار كىرىدۇ. بۇ قوشۇمچە، بىرىنچىدىن، پەقەت ئىسىم سوزلەرگىلا ئۇلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، باشقا ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئوخشاش سوزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى يۇنۇلەي ئۆزگەرتىۋەتمەستىن، پەقەت ئۇنىڭغا قانداقتۇ بىر قوشۇمچە

مەنە (يېڭى ئاھاڭ) بېرىدۇ. مەسىلەن: باغ، قوزا، ئەخمەت، دېگەن سۆزلەرگە "ـچە، ـچاق، ـجان" قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ، باغچە، قوزىچاق، ئەخمەتجان دېگەن سۆزلەرنى ھاسىل قىلىشقا بولىدۇ. لېكىن مۇشۇ قوشۇمچىلار ئۇلىنىش ئارقىلىق پەيدا بولغان يېڭى سۆز-لەرنىڭ مەنىلىرى يۇقۇرقى تومۇر سۆزلەر ئىپادە قىلىدىغان مەنىلەر-دىن تامامەن بولەك ئەمەس. چۈنكى "ـچە" قوشۇمچىسى ئۇلىنىش بىلەن ياسالغان "باغچە" ئادەتتىكى باغدىن كىچىكرەك بولغان باغنىلا ئىپادىلەيدۇ؛ قوزا دېگەن سۆزگە، "ـچاق" قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ، ئادەمنىڭ قوزىغا بولغان ياخشى كورۇش، ئامراقلىق تۇيغۇسىنى بىلدۇرىدىغان قوزىچاق دېگەن سۆز ھاسىل بولىدۇ؛ "ـجان" قوشۇمچىسى ئەخمەت دېگەن كىشى ئىسمىغا ئۇلىنىپ، خۇددى شۇ كىشىنى ئەكىلىتىش، ھورمەتلەش، ئىززەت مەنىسىنى بىلدۇرۇش ئۇچۇن خىزمەت قىلىدىغان ئەخمەتجان دېگەن سۆز ھاسىل بولغان.

شۇنداق قىلىپ، باغ بىلەن باغچە، قوزا بىلەن قوزىچاق ۋە ئەخمەت بىلەن ئەخمەتجان سۆزلىرى ئاساسەن بىرلا ئۇقۇمنى ئىپادىلىگۈچى سۆزلەردۇر.

ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا كىچىكلىتىش، ئەكىلىتىش قوشۇمچىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ـچاق (ـچەك، ـچۇق، ـچۇك، ـچىق، چىك): تايچاق، قوزىچاق، قاپچۇق، كولچەك، بالىچۇق؛

2. ـچە: دەپتەرچە، بولۇمچە، باغچە؛

3. ـجان: ئەخمەتجان، ئاكىجان، ئۇكجان، يارىجان؛

4. ـئاي: تۇرسۇنئاي، تولۇنئاي، پوچۇنئاي؛

5. ـلاق: بوتىلاق، تايلاق، ئوغلاق.

بۇ قوشۇمچىلارنىڭ 1ـ، 2ـ، 3ـتۇرلىرى ئۇنۇملۇك، 4ـ، 5ـ، تۇرلىرى ئۇنۇمسىزدۇر.

ئىززەتلەش ۋە ھورمەتلەش قوشۇمچىلىرى:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

1. ـ م (ـ ئىم، ـ ئۇم، ـ ئۈم): ئايىشەم، رۇقىيەم، پاتەم، مىرۋانەم، رىبىيمەم، داۋۇتۇم، ساۋۇتۇم؛

2. ـ خان: ئانارخان، ئازنىخان، خاسىيەتخان، غۇلامخان، خىزىرخان، ئەلاخان؛

3. ـ ئاخۇن: نۇراخۇن، يۇسۇۋاخۇن ئىسرايىلاخۇن، مەمەتئاخۇن.

بۇ تۈركۈمدىكى قوشۇمچىلارنىڭ ئالدىنقىسى ئۇنۇملۇك ۋە كېيىنكى تۈرلىرى ئۇنۇمسىز.

## ۷. ئىران تىللىرىدىن كىرگەن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

ئىران تىللىرىدىن كىرگەن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئۆزلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن سۆزلەر بىلەن پۈتكۈل بىر تۈزۈلۈشتە كىلىش بىلەن بىللە، ئەرەپ ۋە ئۇيغۇر سۆزلىرىگىمۇ قوشۇلۇپ، تۈرلۈك مەنىلەرگە ئىگە بولغان ئىسىملارنى ھاسىل قىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلىدىغان ئىران تىللىرىدىن كىرگەن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ھەممىسى كونكرېت مەنىنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

### ئا) شەخسنى بىلدۈرگۈچى قوشۇمچىلار

1. "ـ كار (ـ كەر، ـ گار، ـ گەر)". بۇ قوشۇمچە پارسچە "كاردان (قىلماق، ئەتمەك)"پېئلىدىن پەيدا بولغان.

ئۇيغۇر تىلىدا "ـ كار"قوشۇمچىسى كۆپىنچە ئىران تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلىشىپ كەتكەن سۆزلەرگە ئۇلىنىپ، كەسىپ ئىگىسىنى، تۇمۇردا ئىپادە ئېتىلگەن ئوبيېكت بىلەن مەشغۇل بولغۇچى شەخسنى، ئاتقۇرغۇچىنى، ئىشلەپچىقارغۇچى شەخسنى بىلدۈرىدۇ: بىناكار، سەنئەتكار، خىزمەتكار، سودىگەر، ھىلىگەر، دورىگەر، زەرگەر،

جاۋاپكار، ئەيىپكار ۋە باشقىلار.

2. "-كەش". "-كەش" قوشۇمچىسى پارىسچە كاشىدان (تارتـ-ماق، كوتەرمەك، قوشماق) پېئىلدىن كېلىپ چىققان. بۇ قوشۇمچە شەخسنى ئۇنىڭ كەسپىدە ئاساسىي رول ئوينىغۇچى ئوبيېكت ئارقىلىق بىلدۈرىدۇ ۋە شەخسنىڭ مەلۇم بىر بەلگە-خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كورسىتىدۇ: هارۋىكەش، كىراكەش، مېهنەتكەش، ئويۇنكەش، پوچتىكەش، زىيانكەش ۋە باشقىلار

3. "-دار". بۇ قوشۇمچە داشتان (ئىگە بولماق، ئىگىلىمەك) پېئىلدىن قىسقارغان. "دار" قوشۇمچىسى شەخسنىڭ ئاساستا ئىپادە قىلىنغان نەرسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ياكى مەلۇم بىر ۋەزىپىنى ئاتقۇ-رۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان شەخسنى بىلدۈرىدۇ: هاكىمدار، مالدار، يارىدار، تەرەپدار ئەمەلدار ۋە باشقىلار.

4. "-خور". بۇ قوشۇمچە خوردان (يېمەك، ئىچمەك) پېئىلدىن قىسقارغان. -خورقوشۇمچىسى تومۇردا ئاكىلىشلغان نەرسىنى ئار-تۇقچە ئىستېمال قىلغۇچى شەخسنى بىلدۈرىدۇ: چايخور، هاراقخور، پارىخور، قانخور، غەمخور ۋە باشقىلار.

5. "-ۋاز". بۇ قوشۇمچە "باختان (ئوينىماق)" دىگەن پېئىلدىن قىسقارغان. "-ۋاز" قوشۇمچىسى تومۇردا ئىپادە قىلىنغان ئوبيېكت بىلەن مەشغۇل بولغۇچى شەخسنى بىلدۈرىدۇ: بودىنىۋاز، قىمار-ۋاز، كەكلىكۋاز، دارۋاز، مەسخىرىۋاز، ئىشقىۋاز، قىلىچۋاز ۋە باشقىلار.

6. "-مەن". بۇ قوشۇمچە شەخسنىڭ بىرەر نەرسىگە ياكى بىرەر سۈپەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: هونەرمەن، زوقمەن، كوچمەن، دانىشمەن، ئاتارمەن، چاپارمەن ۋە باشقىلار.

7. "-شۇناس". بۇ قوشۇمچە شىناختان (بىلمەك، ئۆگەنمەك، تونۇماق) پېئىلدىن قىسقارغان بولۇپ، ئاساستا ئىپادە قىلىنغان بىلىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ساھەسىنى ئۆگەنگۈچى شەخسنى، ئۇنىڭ مۇتەخەسسىسلىگىنى بىلدۈرىدۇ: تىلشۇناس، تارىخشۇناس، شەرقشۇناس ۋە باشقىلار.

بۇلاردىن باشقا ئىسىملارنى ناھايىتى ئاز ھاسىل قىلغان "-پەز" (پارسچە "پوختان — پىشۇرماق، قايناتماق" پېئىلدىن قىسقارغان) ۋە -ۋەن (بۇنىڭ ئەسلى "پانا" سوزى بىلەن بىردۇر) قوشۇمچىلىرىمۇ شەخسنى بىلدۈرىدۇ: ئاشپەز، سامسىپەز، باغۋەن، ھويلىۋەن ۋە باشقىلار.

ئە) ئورۇن-جاينى بىلدۈرگۈچى قوشۇمچىلار

1. "-ستان". "-ستان" قوشۇمچىسى ئاساستا ئىپادە قىلىنغان نەرسىنىڭ جايلاشقان ئورنىنى بىلدۈرىدۇ: قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، داغىستان، ھىندىستان، گۇرستان ۋە باشقىلار.

2. "-خانا". "خانا" قوشۇمچىسى ئاساستا ئىپادە قىلىنغان ئوبيېكت ياكى نەرسىنىڭ مەھكىمىسىنى، ئىمارىتىنى بىلدۈرىدۇ: باسمىخانا، كىتاپخانا، كېسەلخانا، چايخانا، ئوتۇنخانا، ياتاقخانا، ئاجايىپخانا، ئىشخانا ۋە باشقىلار.

3. "-دان". بۇ قوشۇمچە ئاساستا ئىپادە قىلىنغان شەيئىنى قويۇش ياكى ساقلاش ئۈچۈن ھاجەت بولغان مەخسۇس قورالىنى بىلدۈرىدۇ: قەندان، شامدان، كۈلدان، چامدان (جامە — ئىران تىللىرىدا كىيىم دېگەن سوزدۇر).

ئۇيغۇر تىلىدا ئورۇن-جاينى بىلدۈرىدىغان "-زار-شەن" قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ياسالغان سوزلەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ: چىمەنزار، ئۈزۈمزار، ئورمانزار، گۈلزار، گۈلشەن ۋە باشقىلار.

## قوشما ۋە بىرىككەن ئىسىملار

مۇرەككەپ ئىسىملارنى ھاسىل قىلىش ئۇسۇلى ناھايىتى قەدىمىي

ھادىسە بولۇش بىلەن بىللە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئۇنۇملۇكتۇر. ئۇيغۇر تىلىنىڭ پەقەت سوۋېت دەۋرىدىكى تەرەققىياتىنىلا كوز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدىغان بولساق، لۇغەت تەركىۋىگە كىرىپ قوشۇلغان سوز ۋە تېرمىنلارنىڭ مەلۇم قىسمىنى مۇرەككەپ ئىسىملار تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن: بەش يىللىق، ئىشلەپچىقىرىش، كوزقاراش، دەم ئېلىش، سۇ ئامبىرى، تومۇر يول، ئەمگەك كۈن ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان سوزلەر ئۇيغۇر خەلقىدە كېيىن پەيدا بولغان نەرسە ۋە چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

قوشما ۋە بىرىككەن سوزلەر ئەسلىدە ئىككى ياكى ئۈچ سوزنىڭ سىنتاكسىسلىق باغلىنىشى نەتىجىسىدە ۋە ئاددى سوز بىرىكمىلىرىنىڭ بارا-بارا لېكسىكىلىشىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدۇ. ئەمما بولۇپمۇ كونكرېت نەرسىلەرنى ئىپادە قىلغۇچى قوشما ۋە بىرىككەن ئىسىملارنىڭ ياسىلىشىدا گراماتىكىلىق قانۇنىيەتلەر بىلەن بىر قاتاردا سېمانتىكىلىق قانۇنىيەتلەرمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھەرقانداق ئىككى ياكى ئۈچ سوزنى ئېلىپ، ئۇلارنى سىنتاكسىسلىق باغلىنىشتا تۇرغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇش بىلەنلا بىر تۇتاش سېمانتىكىغا ئىگە بولغان مۇرەككەپ ئىسىمنى ھاسىل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇ مۇرەككەپ ئىسىمنىڭ تەركىۋىگە كىرگەن سوزلەر ئوزلىرى ئىپادىلەپ تۇرغان نەرسە ۋە چۈشەنچىنىڭ ماھىيىتىنى مەلۇم دەرىجىدە تولۇق ئېچىپ تەسۋىرلەپ بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

قوشما ۋە بىرىككەن ئىسىملارنىڭ ياسىلىشىغا بىۋاستە مۇناسىۋىتى بار سېمانتىكىلىق قانۇنىيەتلەرنى ئاساسەن توت تۈرگە بولۇشكە بولىدۇ.

1. نەرسىنىڭ ئوزىگە خاس خۇسۇسىيىتىگە، سۈپىتىگە قاراپ ياسىلىدىغان قوشما ۋە بىرىككەن ئىسىملار. مەسىلەن، ”ھۇقۇش“ دىگەن بىرىككەن ئىسىمنىڭ تەركىۋىدە ”ھۇ“ ۋە ”قۇش“ دىگەن ئىككى سوز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بار. بىرىنچى تەركىۋى قىسمى (ھۇ) يالغۇز تۇرۇپ مەنە ئاڭلاتمايدۇ. مەزكۇر سۆز ھۇقۇشنىڭ چاقىرغاندا ئاڭلىنىدىغان ئۈنىگە كىشىلەرنىڭ تەخلىت قىلىشىدىن پەيدا بولغان. مەلۇمكى، "قۇش" دىگەن سۆز ئومۇمىي ئىسىم بولۇپ، ئۇنىڭغا بارلىق ئۇچار قاناتلار كىرىدۇ. لېكىن شۇ ئومۇمنىڭ ئىچىدىن يالغۇز بىر قۇشنى ئايرىپ، ئالاھىدە كۆرسىتىش ئۈچۈن، مانا شۇ قۇشقا خاس خۇسۇسىيەتنى (يەنى بۇ ئارىدا ئۇنىڭ ئۈنىنى) ئېتىۋارغا ئېلىپ، "قۇش" دىگەن سۆز بىلەن قاتارلاشتۇرۇپ قوللانغان، نەتىجىسىدە "ھۇقۇش" دىگەن بىرىكمە ئىسىم ھاسىل بولغان.

"قىزىلگۈل" دىگەن بىرىكمە ئىسىمنىڭ تەركىۋىگە كىرگەن "قىزىل" ۋە "گۈل" سۆزلىرى مەلۇم بىرلا گۈلنىڭ سۈپىتىگە، رەڭگىگە قاراپ ئېلىنغان ۋە شۇ گۈلنىڭ ئەڭ ئاساسىي بەلگە-خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادە قىلىدۇ. شۇڭلاشقا مەزكۇر سۆزلەر بىرىكىپ، ئۇنىڭ ئېتىغا ئايلانغان.

2. ئوخشىتىش قانۇنى بويىچە ھاسىل بولغان مۇرەككەپ ئىسىملار. مەسىلەن، "توگىقۇش" دىگەن ئىسىم "توگە" ۋە "قۇش" سۆزلىرىدىن ياسالغان. ئۇنىڭ بىرىنچى تەركىۋى قىسمى (توگە) ھېچبىر مەقسەتسىز ئەمەس، بەلكى ئاڭلىق تۈردە ئەتەي ئېلىنغان، يەنى نامەلۇم قۇشنىڭ تاشقى شەكلىنى، تۇرقىنى ئادەم ئۆزىگە مەلۇم بولغان توگىگە ئوخشىتىپ، "توگىقۇش" دەپ نام بەرگەن. "ئودەكتۇمشۇق" دىگەن ھايۋاننىڭ ئېتىمۇ ئوخشىتىش نەتىجىسىدە پەيدا بولغانلىقى مەلۇم. چۈنكى بۇ ھايۋان ئودەككە ئوخشايدىغان بولۇپ، خۇددى ئودەككە ئوخشاش، سۇنىڭ تېگىدىن ئوزۇق ئىزلەپ تاپىدۇ. توخو كوزى (گۈلنىڭ ئېتى)، ئادەمگۈل، قامچا گۈل، تېكىساقال، ئاي پالتا، تاشپاقا، قاغىتۇمشۇق، موزاي بېشى، تاشكومۇر ئوخشاش مۇرەككەپ ئىسىملارمۇ مەزكۇر قانۇنىيەت ئاساسىدا ياسالغان.

3. نەرسىنىڭ ئاتقۇرىدىغان خىزمىتىگە (ۋەزىپىسىگە)، ئەمەلىگە قاراپ ياسالغان مۇرەككەپ ئىسىملار. مەسىلەن: قىسماق، قىرغۇچ، ئات چاپار، مۇز يارغۇچ، ئورۇن باسار، چۇكا سالغۇچ، يىڭناغۇچ، باش كېسەر، چاچ باغ ۋە باشقىلار.

4. تەبىئەت ھادىسىلىرى ياكى مەلۇم بىر تارىخىي ۋەقە قايسى بىر يەردە يۈز بەرسە، شۇ ۋەقەنى ئىپادىلىگۈچى سۆزلەر مەزكۇر يەرنىڭ ئېتىغا ئايلىنىپ، نەتىجىدە مۇرەككەپ يەر ـ سۇ ئاتلىرى پەيدا بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ”تاشتىقارىسۇ“ دىگەن سۆز ـــ يېزا ئېتى، ھەقىقەتەن، تاشتىقارىسۇ يېزىسىنىڭ (ئالمۇتا ئوبلوسىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدا) يەر شارائىتى قۇمۇشلۇق، سازلىق بولۇپ، خۇسۇسەن قىش كۈنلىرى سازدىن چىققان قارىسۇ تېشىپ، كۆۋرەپ كېتىشى مۇمكىن، يېزىدا پات ـ پاتلا بولۇپ تۇرىدىغان بۇ ۋەقە بارا ـ بارا ئۇنىڭ ئېتىغا ئايلىنىپ كېتىشى تەبىئىي نەرسە (تاشتى + قارا + سۇ > تاشتىقارىسۇ).

نەتىجىدە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئادەتتە، كىشىلەر ئەتراپتىكى تەبىئەت ھادىسىلىرى ياكى تەبىئەتتىكى يالغۇز بىرلا نەرسە ئۈستىدە بىر بىرى بىلەن پىكىر ئېلىشقان چاغدا، ئۇ نەرسىنىڭ ئەڭ مۇھىم بولغان بەلگىلىرىنى ئىككىنچى نۆۋەتتىكى باشقا بەلگە ـ خۇسۇسىيەتلەر ـ دىن بۆلۈپ كۆرسىتىدۇ. ئەگەر شۇ ئاساسىي بەلگە نەرسىنىڭ ماھىيـ ـتىنى ۋە مەزمۇنىنى بىرقەدەر تولۇق ئىپادىلىيەلەيدىغان بولسا، بارا ـ بارا ئۇنىڭ ئىسمىغا ئايلىنىدۇ. نەرسىنىڭ بۇ ئاساسىي بەلگىلىرى بەزىدە تولۇق بىر جۈملە ئارقىلىق بېرىلىشى مۇمكىن (مەسىلەن، تاشتى قارىسۇ. تاشتى ـــ خەۋەر، قارا ـــ ئېنىقلىغۇچى، سۇ ـــ ئىگە)، لېكىن زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر سۆز شەكلىدە ئېيتىلىشى نەتىجـ ـسىدە ئۇ جۈملىنىڭ قايسىبىر مۇچىلىرى قىسقىراپ قېلىشى مۇمكىن (تاشتىقارىسۇ يېزىسىنى يەرلىك خەلق تاشتىقارا دەپ قىسقارتىپ

ئېيتىدۇ). تىلدىكى مۇشۇ خۇسۇسىيەت، مەسىلەن، قارغۇ ياپىلاق (قۇشنىڭ ئېتى) دىگەن بىرىككەن ئىسىمنىڭ ئەسلى "قارغۇ" "ياپىلاق" قۇش ئىدى، بۇنىڭدىن "قۇش" دىگەن سوز چۈشۈپ قىلىپ، ئۇنى ئېنىقلايدىغان ئىككى بىر خىل ئېنىقلىغۇچىلار ئۆزئارا بىرىكىپ كەتكەن دەپ تەخمىن قىلىشقا مۇمكىنچىلىك بېرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشما ۋە بىرىككەن ئىسىملارنىڭ ئاڭلىتىدىغان مەنىلىرى خىلمۇ-خىل ۋە ناھايىتى كەڭ. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزى ئىپادىلەيدىغان نەرسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ مەخسۇس بىر مەنىنى ئىپادىلەپ كېلىشى مۇمكىن. مانا شۇ سەۋەپتىن قوشما ۋە بىرىككەن سوزلەرنى ئۇلارنىڭ ئاڭلىتىدىغان مەنىلىرىگە قاراپ سېمانتىكىلىق تۈرلەرگە بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

ھەر بىر تەركىۋى قىسىمنىڭ سوز تۈركۈملىرىگە تېگىشلىك بولۇپ كېلىشى جەھەتىدىن ئېلىپ قارىغاندا، قوشما ۋە بىرىككەن ئىسىملار تۆۋەندىكى تۈركۈملەرگە بولۇنىدۇ.

1. ئىسىم + ئىسىم. بۇ تۈركۈمگە ياتىدىغان مۇرەككەپ ئىسىملارنىڭ ئۆزىنى تەركىۋى قىسىملارنىڭ مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ ئۈچ ھالدا كورۈشكە بولىدۇ:

ئا) ھەر ئىككى تەركىۋى قىسىم تومۇر سوزلەردىن تەركىپ تاپقان مۇرەككەپ ئىسىملار: ئەتىر سوپۇن، ئەتىر گۈل، ئاش تاختا، نان تاختا، كوز ئەينەك، توش خالتا، تىل تۇمار، بوز تورغاي، تېكىساقال، بەلگۈرجەك، تاشكومۇر، توگە تاپان، ئادىمىزات، تۇز خالتا ۋە باشقىلار.

ئە) باغلىغۇچى تۇزلىشىدىكى ئىككى تەركىۋى قىسىمدىن تۈزۈلگەن مۇرەككەپ ئىسىملار: ئاش كوكى، جەمبىل كوكى، بورە قارغۇسى، قۇش بېگى، پاقا يوپۇرمىغى، توخۇ كوزى، كوك بېشى، شېكەر سۇيى (قوغۇن).

ب) تەركىۋىي قىسىملىرىنىڭ بىرى ياكى ھەر ئىككىلىسى سۆز تۈرلىگۈچى ياكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىلەن كەلگەن مۇرەككەپ ئىسىملار: كوز قاراش، ئىشلەپچىقىرىش، بەش يىللىق، سۈت ئەمگۈچىلەر (ئەسلىدە سۈتنى ئەمگۈچىلەر)، ئات چاپار (ئەسلىدە ئاتنى چاپار)، قولتۇق تاياق، قوشۇق سالغۇچ (ئەسلىدە قوشۇقنى سالغۇچ) ۋە باشقىلار.

2. سۈپەت + ئىسىم. بۇ تۈركۈمدىكى مۇرەككەپ ئىسىملارنىڭ بىرىنچى تەركىۋىي قىسمى توپ ياكى ياسالما سۈپەت، ئىككىنچى تەركىۋىي قىسمى بولسا باش كېلىش شەكلىدە تۇرغان ئىسىمدىن ئىبارەتتۇر: ئاقسۇ، ئاقتاۋات (قوغۇن)، ئاقسوڭەك، قارىئورۇك، كوك قارغا، قارىقات، ھولۇق نان، قايناقسۇ ۋە باشقىلار.

3. ئىسىم + پېئىل. ئات باقار، ئات چاپار بورەيەمەس، باش كېسەر ۋە باشقىلار.

4. سان + ئىسىم: ئالتيشەر، توققۇزتولۇق، توققۇز كوز، ئۇچ بۇلۇڭ، توت بۇلۇڭ، توت قۇلاق، ئوتتۇز ئوغۇل، ئەللىك بېشى، يۈز بېشى، مىڭ بېشى ۋە باشقىلار.

5. پېئىل + ئىسىم: ئۇچار قانات، يانارماي، يانار تاغ، كېلىچەك (كېلەر + چاغ) قالغانتام، توختىغوجا، تۇرسۇنبۇۋى ۋە باشقىلار.

6. سان + پېئىل: بەشئاتار، قوش ئاتار، ئالتە ئاتار ۋە باشقىلار.

7. پېئىل+پېئىل: بېسۋالدى (قوغۇن)، يەپ قاچار، ئېلىپ ساتار، تىلدۋالدى، سېتىۋالدى ۋە باشقىلار.

8. ئىملىق سۆز + ئىسىم: ھۇقۇش، چاڭ قاغا، گۇلدۇرماما، بوقاپاق، ۋاھارمان (قوغۇن) ۋە باشقىلار.

9. سۈپەت + سۈپەت: قارغۇ ياپىلاق (قۇش)، قارىتورۇق (يېزا ئىبتى)، ئاقاركە (ئاققۇشقا قويۇلغان ئات) ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن قوشما ۋە بىرىككەن ئىسىملارنىڭ 1 ــ، 2 ــ، 3 ــ، 4 ــ تۈرلىرى ئۇنۇملۇك، قالغانلىرى ئۇنۇمسىزدۇر.

## قوش ئىسىملار

ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىم ھاسىل قىلىشنىڭ ئۇنۇملۇك تۈرلىرىدىن بىرى قوش سۆز ھاسىل قىلىش ئۇسۇلىدۇر. قوش سۆزلەرنى، شۇ جۈملىدىن قوش ئىسىملارنى ياساشتىكى ئاساسىي نەرسە تەركىبىي قىسىملارنىڭ ئۆزئارا سېمانتىكىلىق مۇناسىۋىتىدۇر. قوش سۆز ھاسىل قىلىشتا فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلەرمۇ ئالاھىدە چوڭ رول ئوينايدۇ.

قوش سۆزلەرنىڭ ھەر ئىككى تەركىبىي قىسمى ھەر قاچان بىر خىل سۆز تۈركۈمىدىن، يەنى پەقەت ئىسىم سۆزلەردىن ئىبارەت بولىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، تەركىبىي قىسىملىرى ئىككى خىل سۆز تۈركۈمىدىن ئىبارەت بولۇپ كەلگەن قوش سۆزنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس.

قوش سۆزلەر بىر نەچچە سېمانتىكىلىق تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈپ تۆۋەندىكى مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ.

1. باشقا نەرسە ياكى ۋەقەلەرگە نىسبەتەن روشەن ئاجرىلىپ، بۆلۈنۈپ تۇرىدىغان، لېكىن بەزىبىر خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە مەنە جەھەتتىن بىر بىرىگە يېقىن كېلىدىغان سۆزلەر قوشۇلۇپ، شۇ نەرسە ياكى ۋەقەلەرنىڭ ئومۇمى ئىسمىنى ئاڭلىتىدۇ. بۇ شارائىتتا پەيدا بولغان قوش سۆزنىڭ مەنىسى ئايرىم تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ مەنىلىرىگە قارىغاندا، مەلۇم دەرىجىدە ئابستىراكتلىشىدۇ. مەسىلەن: ئالما ــ ئۆرۈك، قوغۇن ــ تاۋۇز، ئويۇن ــ كۈلكە، ئوزۇق ــ تۈلۈك، ئۈنچە ــ مارجان، دۇتار ــ تەمبۇر، ئوتۇن ــ ياغاچ، ئۇرۇق ــ تۇققان، قۇرۇت ــ قوڭغۇز ۋە باشقىلار.

تەركىۋى قىسىملىرى ئۆزئارا مەنىداش: ئوت-چۆپ، كۆچ-قۇۋۋەت، ئاغىنە-ئۆلگە، بالا-چاقا، ھىس-تۇيغۇ، چۆل-باياۋان، قورال-جابدۇق ئوخشاش قوش سۆزلەر، تەركىۋى قىسىملىرىنىڭ مەنىسى بىر بىرىگە قارىمۇ-قارشى: دوست-دۈشمەن، كېچە-كۈندۈز، قىش-ياز، يەر-كۆك، ئېلىش-بېرىش، بېرىش-كېلىش ئوخشاش قوش سۆزلەرمۇ، يۇقۇرىدىكىدەك جەملەش مەنىسىنى ئاڭلىتىدۇ.

2. بەزى قوش ئىسىملار ئومۇملاش، جەملەش مەنىسىنى ئاڭلىتىدىغان قوش سۆزلەرنىڭ ئەكسىچە، پارچىلاش، توپ-توپقا ئاجرىتىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مۇنداق مەنىگە بولغان قوش سۆزلەر تەركىۋى قىسمىنىڭ ئىككى قېتىم تەكرارلىنىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: "باللار توپ بولۇشۇپ مەكتەپكە ماڭدى" دېگەن جۈملە بىلەن "باللار توپ-توپ بولۇشۇپ مەكتەپكە ماڭدى" دېگەن جۈملىنىڭ مەنىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى. ئالدىنقى جۈملىدىكى توپ سۆزى تەكرارلانماي قوللىنىلغانلىقتىن، مەكتەپكە ماڭغان باللارنىڭ پەقەت بىر توپ ئىكەنلىكىنى، ئەمدى كېيىنكى جۈملىدە بولسا مۇشۇ سۆز ئىككى قېتىم تەكرارلانغانلىقتىن، مەكتەپكە ماڭغان باللارنىڭ بىرنەچچە توپ ھاسىل قىلىپ ماڭغانلىقى بىلىنىدۇ. بۇ تۈركۈمگە ئېرىق-ئېرىق، ساي-ساي، قورا-قورا، ئۆي-ئۆي (-دىن، -گە)، شاخ-شاخ (شاخ-شېخىنى كۆتىرەلمەي بولغان ئۆرۈك) ۋە باشقا ئىسىملار كىرىدۇ.

3. قوش ئىسىملارنىڭ بىر تۈركۈمى ئاساسىي تەركىۋى قىسىمدا ئىپادە قىلىنغان نەرسىگە ئوخشاشلىق مەنىسىنى ئاڭلىتىدۇ: مەسىلەن: ئات-مات، چاي-پاي، نان-پان، سۈت-مۈت، مېۋە-چېۋە ۋە باشقىلار. مۇنداق قوش سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى تەركىۋى قىسمى مەنىسىز بولۇپ، بىرىنچى تەركىۋى قىسمىنىڭ ساداسى ھېساپلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

”نان ـ پان“ دېگەن قوش سوز ”نان ھەم شۇنىڭدەك نەرسىلەر“، ئات ـ مات“ دېگەندە ”ئات ـ ھەم باشقىمۇ ئۇلاقلار“ دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ئالدىنقى تەركىۋى قىسمىدىن كېيىن ”ـ مۇ“ ئېلېمېنتىنى ئۇلاش ئارقىلىق تەكرارلىنىپ ئېيتىلىدىغان قوش سوزلەر ئىسىم سوزلەردىن ياسالغان بولسىمۇ، ھەركەتنىڭ بىۋاستە بولغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر ھاسىل بولىدۇ؛ مەسىلەن: مەن ئۇنىڭ بىلەن يۈزمۇ ـ يۈز كورۇشتۇم؛ كىتابنى قولمۇ ـ قول تاپشۇردۇم ۋە باشقىلار.

قوش ئىسىملارمۇ خۇددى ئاددى ئىسىملاردەك تۇرلىنىدۇ (ئاتا ـ ئانىلار، ئاتا ـ ئانىغا ۋە باشقىلار)، يېڭى سوزلەرنى ھاسىل قىلىشقا ئاساس بولالايدۇ (بالا ـ چاقىلىق، بالا ـ چاقىسىز ۋە باشقىلار)، جۇملە ئىچىدە ئىگە، تولدۇرغۇچى، شۇنداقلا ئېنىقلىغۇچى ۋە خەۋەر بولۇپ كېلەۋېرىدۇ.

## قىسقارتىلغان ئىسىملار

بىرنەچچە سوزلەردىن تەركىپ تاپقان ھەر خىل مەھكىمە، رېسپۇبلىكا، دولەت ئاتلىرى ئۇزلىرىنىڭ تولۇق شەكلىدە قوللىنىلىشى بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ كوپچىلىگى قىسقارتىلغان ھالدىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ــ ش ئۇ ئار، ماشىنا ـ تىراكتور ئىستانسىسى ــ م ت س، رايونلۇق سوۋېت ــ رايسوۋېت، ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى ــ ئاق ش ۋە باشقىلار.

سوزلەرنى قىسقارتىش يولى بىلەن سوز ھاسىل قىلىش ئۇسۇلى ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلىنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە پەقەت ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىنلا ئۇزلەشتى ۋە ھازىر مۇنداق قىسقارتىلىغان سوزلەر جانلىق تىلىمىزدىمۇ، ئەدەبىي تىلىمىزدىمۇ كەڭ قوللى-

ىنلىپ كىلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىدە بولۇپمۇ رۇس تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن قىسقارتىلغان سوزلەر ناھايىتى كوپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: كولخوز، سوۋخوز، ئوبلسوۋىت، رايسوۋىت، رايئىسپولكوم، پارتكوم ۋە باشقىلار. ئەمما ئەمىلىيەتتە ئۇيغۇر تىلى كوپچىلىك مۇنداق سوزلەرنىڭ قايسى سوزلەردىن قىسقارغانلىغىنى ھەم ئۇلارنىڭ تولۇق شەكلىنى ئىتىۋارغا ئالمايدۇ، بەلكى پۇتۇن بىر تومۇر سۇپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ. مانا شۇڭلاشقا ئۇلار خۇددى ئاددى تومۇرلارغا ئوخشاش تۇرلىنىپ، يىڭى سوز ھاسىل قىلىشقا ئاساس بولا لايدۇ. مەسىلەن: كولخوزغا، كولخوزدىن، كولخوزچى، كولخوزلاشتۇرماق، كولخوزچىلىق ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر تىلىدىكى قىسقار تىلغان ئىسىملارنى توۋەندىكىچە ئۇچ ھالدا كورۇشكە بولىدۇ:

1. رۇس تىلىدىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ، قىسقىرايدىغان سوزلەرنىڭ ئورۇن تەرتىۋى ھەم مۇشۇ سوزلەردىن قىسقارغان سوزلەرنىڭ شەكلى ئوخشاش بولۇپ كىلىدۇ؛ مەسىلەن: پارتبىلىت — پارتىيە بىلىتى، م ت س — ماشىنا-تىراكتور ئىستانسىسى، پارتكوم — پارتىيە كومىتىتى. پارتسىيىزد — پارتىيە سىيىزى ۋە باشقىلار.

2. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوز سوز تەرتىۋىگە ئىتىۋارەن قىسقارتىلغان سوزلەر. مەسىلەن: ب م ت — بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى، م خ ر — موڭغۇل خەلق رىسپۇبلىكىسى، ئا ق ش — ئامىرىكا قوشما ئىشتاتلىرى ۋە باشقىلار.

3. رۇس تىلىدىكى سوزلەرنىڭ تەرتىۋىگە ئىتىۋارەن قىسقارتىلغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر جامائەتچىلىگىگە چۇشىنىشلىك بولۇپ كەتكەن قىسقارما سوزلەر. مەسىلەن: س س س ر، ب ئا گ ئۇ، ر س ف س ر، كولخوز، سوۋخوز، ك پ س س ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر تىلىدا سوزلەرنى قىسقارتىش يوللىرىمۇ ئاساسەن رۇس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىلىدىكىگە ئوخشاش. ئۇلار تۆت تۈرلۈك.

1. سوزلەرنىڭ بىرىنچى ھەرپلىرىنى ئېلىش ئارقىلىق قىسقارتىش يولى؛ مەسىلەن: م ت م، ب ل ك س م، ش ئۇ ئار، گ ئې س، ز ئى ل ۋە باشقىلار.

2. دەسلەپكى سوزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى ھەم قالغان سوزلەرنىڭ بىرىنچى ھەرپلىرىنى ئېلىش ئارقىلىق قىسقارتىش يولى؛ مەسىلەن: قاز س س ر، ئوز ك پ م ك (ئۆزبېكىستان كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ مەركىزىي كومىتېتى) ۋە باشقىلار.

3. سوزلەرنىڭ دەسلەپكى بوغۇملىرىنى ئېلىش ئارقىلىق قىسقارتىش يولى؛ مەسىلەن: كولخوز، سوۋخوز، پارتكوم.

4. دەسلەپكى سوزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى ھەم ئىككىنچى سوزنىڭ تولۇق شەكلىنى ئېلىش ئارقىلىق قىسقارتىش يولى؛ مەسىلەن: پارتبىلېت، بىوكومبىنات، زوئوپارك، ئورگكومىتېت، رايسوۋېت ۋە باشقىلار.

## سۇپەت

تىلنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق مەنىلىرى بويىچە باشقا سوز تۈركۈملىرىگە نىسبەتەن ئوزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، ئاستا ـ ئاستا بولۇنۇپ چىققان سوز تۈركۈملىرىدىن بىرى سۇپەتلەردۇر. ن. ئا. باسكاكوۋنىڭ تەكشۈرۈشى بويىچە تۈركى تىللاردا ئىسىم، سۇپەت ۋە رەۋىشلەر بىر بىرىدىن ئاجرالماي، پۈتۈن بىر سوز تۈركۈمى سۈپىتىدە خىزمەت ئاتقۇرۇپ كەلگەن ئىدى. تىل تەرەققىياتىنىڭ كېيىنكى بىر دەۋرلىرىدە ئۇلار لېكسىكىلىق مەنىسى، سىنتاكسىسلىق خىزمىتى ۋە مورفولوگىيىلىك شەكلى جەھەتتىن ئوزىگە خاس ئوزگىچىلىكلىرى

بىلەن تونۇلۇپ، مۇستەقىل سوز تۈركۈملىرى بولغان هالدا شەكىللەشكەن. ئىسىم، سۈپەت ۋە رەۋىشلەرنىڭ ئومۇمى بىر سوز تۈركۈمىدىن كېيىنرەك بولۇنۇپ چىقىپ، مۇستەقىللىققا ئىگە بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان ئايرىم پاكىتلارنى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىيىتىدىنمۇ بايقاش مۇمكىن. مەسىلەن: سۈپەتلەر، بىرتەرەپتىن، ئىسىملار بىلەن، ئىككىنچى يېقىدىن، رەۋىشلەر بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتتە بولۇپ، لېكسىكا-گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە ئايرىم ئوخشاشلىقلارغا ئىگە. مەلۇمكى، سۈپەتلەر نەرسىنىڭ ساپاسىنى، بەلگىسىنى بىلدۈرىدۇ ۋە ئىسىملار بىلەن باغلىنىپ كېلىپ، قانداق؟ دىگەن سوئالغا جاۋاپ بېرىدۇ. ۋاهالەنكى، ساپا ۋە بەلگىنى بىلدۈرۈش ئايرىم ئىسىملارغىمۇ خاس؛ مەسىلەن: ياخشىلىق، قىزىللىق، چىرايلىقلىق ۋە باشقىلار. لېكىن مەزكۇر سوزلەردىكى سۈپەتلىك خۇسۇسىيەت ئوبيېكت بولغان هالدا پەرەز قىلىنىدۇ، يەنى ئۇلار نەرسە بىلەن باغلىنىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ساپاسىنى بىلدۈرمەيدۇ، بەلكى شۇنداق ساپاغا ئىگە بولغان ئابستراكتلىق ئۇقۇمنىڭ ئوزىنى ئىپادىلەيدۇ. تىلىمىزنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى ئايرىم سوزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى سۈپەتلەر بىلەن ئىسىملارغا نىسبەتەن بىتەرەپ ئىكەنلىكىدىن، دېمەك، جۈملىدىن تاشقىرى تۇرغاندا ئۇلارنىڭ سۈپەتكە ياكى ئىسىمغا تەئەللۇقلىقىنى ئايرىۋېلىش قىيىن بولىدىغانلىقىدىن قەتئىنەزەر (مەسىلەن: كوك پىياز-كوككە تويۇنماق، ئاغرىق ئادەم-ئاغرىقنى كۇتمەك، قېرى بوۋاي-قېرىلار كەلدى ۋە باشقىلار)، ئايرىم مورفولوگىيىلىك شەكىللەرمۇ مەزكۇر ئىككى سوز تۈركۈمى ئۈچۈن بىردەك خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن: -لىق، (-لىق، -لۇق، -لۈك)، -ما (-مە)، -غاق (-گەك)، -قاق (-كەك) قوشۇمچىلىرى بىردە، بىز يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئوتكەندەك، ئىسىملارنى هاسىل قىلىدىغان بولسا، بىردە سۇلۇق (ئورۇك)،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۆزلۇق (سۇ)، ئىقىللىق (بالا)، يۇرۇشلۇك (ئات)، كوتەرمە (ئاش-پۇزۇل)، قايتۇرما (كىرزىك)، كوچۇرمە (گەپ)، تىپىسلىغاق (يەر)، ئۇركۈگەك (ئات)، ئۇسكەك (سىيىر) ئوخشاش سۈپەتلەرنى ھاسىل قىلىدۇ.

سىنتاكسىسلىق خىزمىتى جەھەتىدىنمۇ ئىسىملار بىلەن سۈپەتلەر-نىڭ ئارىسىدا ئىبىتارلىق ئوخشاشلىقلار بار. سۈپەتلەر جۈملىدە ئاساسەن ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدىغان بولسا، مۇنداق خۇسۇسىيەت ئىسىملارغىمۇ خاستۇر. ئالتۇن سائەت، ياغاچ ئۆي، تومۇريول ئوخشاش سوز بىرىكمىلىرىدىكى ئالتۇن، ياغاچ، تومۇر دىگەن ئىسىملار نەرسىنىڭ (سائەت، ئۆي) نىمىدىن ئىشلەنگەنلىگىنى كورسىتىپ، ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرىدۇ ھەم خۇددى سۈپەتلەرگە ئوخشاش قانداق؟ دىگەن سوئالغا جاۋاپ بولىدۇ.

سۈپەتلەرنىڭ ئوزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى تووەندىكىلەردىن ئىبارەت.

1. سۈپەتلەر باشقا سوز تۈركۈملىرىدىن (مەسىلەن: ئىسىم، رەۋىش ۋە سۈپەت پېئىللاردىن) ئەڭ ئالدى بىلەن لېكسىكىلىق مەنىسى جەھەتىدىن پەرقلىنىدۇ، يەنى ئۇ:

ئا) نەرسىنىڭ رەڭگىنى - تۈسىنى بىلدۈرىدۇ: قىزىل، كوك، يېشىل، سېرىق، قارا، ھال، جەدە، بېغىررەڭ، ھاۋارەڭ؛

ئە) نەرسىنىڭ ساپاسىنى بىلدۈرىدۇ: ياخشى، يامان، ئەسكى، ئوسال، ئوبدان، تۈزۈك، چىرايلىق، سەت، پىششىق، چىرىك؛

ب) نەرسىنىڭ شەكلىنى، ھەجمىنى، ئولچىمىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇزۇن، قىسقا، كالتا، يىراق، يېقىن، ئەسىر، ئۇچلۇق، چوڭ، كىچىك، ئۇششاق، ئېغىر، يېنىك، دۈگلەك، سوزۇق؛

ۋ) نەرسىنىڭ تەمىنى، پۇرىغىنى بىلدۈرىدۇ: تاتلىق، شېرىن، ئاچچىق، چۈچىمەل، قېرىق، خۇشبۇي؛

گ) نەرسىنىڭ (كوپرەگى ئادەم ھايۋانلارنىڭ) مىجەز-خۇلقىنى، كەيپىياتىنى بىلدۈرىدۇ: يۇۋاش، شوخ، شەپشەك، موڭكىگەك، توسۇن، قۇۋ، سىپايە، مومىن.

2. سۈپەتلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك بەلگىسى رېتىدە تۆۋەندىكى قوشۇمچىلارنى كورسىتىپ ئوتۇش مۇمكىن: -سىز-چەكسىز (دالا)، بولۇتسىز (ئاسمان)، جانسىز (تەبىئەت)؛ -راق، -رەك، -ئىراق، -ئىرەك-چوڭىراق، كىچىگىرەك، ياخشىراق، پاكاراق؛ -ئۇچ، -ئۇچ-ئاقۇچ، كوكۇچ، ساغۇچ؛ -دىكى-ئويدىكى، شەھەردىكى ۋە باشقىلار. قىپ-قىزىل، ئاپ-ئاشكارا، سۈپ-سۈزۈك، قاپ-قارا ئوخشاش جىددى شەكىللەرمۇ سۈپەتلەرگە خاستۇر.

3. سۈپەتلەر جۈملىدە ئوز مەنىسىدە قوللىنىلسا، شۇ جۈملىنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى ياكى خەۋىرى بولۇپ خىزمەت ئاتقۇرىدۇ. مەسىلەن: بازنىڭ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز چىرايلىق ئايدىڭلىق، لېكىن قىسقا تۈنلىرىنى ئۇنىڭ خىيالى بىلەن ئوتكۈزەتتىم. (ئو. م.) گوزەل ئوزى، چىۋەر ئوزى، ئىشچان ئوزى، زەيتۇنەم-كومسومولكا-ھۆر باغ قىزى. (ئى. س.) بالىلىرىم ئۇششاق، پۇتۇمغا چۇشەك. (ماقال.)

سۈپەتلەر ئىسىمغا تەئەللۇق گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەرنىڭ (كوپلۈك، كېلىش، ئىگىلىك ۋە باشقا كاتېگورىيىلەرنىڭ) ھەممىسىدىن مەھرۇمدۇر. ئەگەر ئىسىمغا خاس بولغان مەزكۇر گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەرنىڭ قايسى-قايسىسىنى بولمىسۇن قوبۇل قىلغان بولسا، ئۇ چاغدا سۈپەتلەر ئىسىملارغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن: ئاتلىقلار، ئاتلىقلار دەستە-دەستە گۈل ئىكەن، ئاتىسىزلار، ئانىسىزلار كۆيۈپ ئوچكەن كۈل ئىكەن. (قوشاق.) ئېگىزنىڭ ئاچچىقى كەلگىچە، پاكارنىڭ جېنى چىقىپتۇ. (ماقال.) يامانىنىڭ ياخشىسى بولغىچە ياخشىنىڭ يامىنى بول، قاردىمۇقنىڭ دېنى بولغىچە، بۇغدايىنىڭ سامىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بول. (ماقال.) دىمەك، بۇ شارائىتتا ئىسىملاشقان سۈپەتلەر، خۇددى ئىسىملارغا ئوخشاش، جۈملىدە ئىگە ياكى تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرىدۇ.

سۈپەتلەر جۈملە ئىچىدە پېئىل بىلەن سىنتاكسىسلىق باغلىنىشتا كەلسە، ھالەت بولۇپ خىزمەت ئاتقۇرىدۇ. لېكىن ئۇ لېكسىكىلىق مەنىسى جەھەتتىن ئۆزىنىڭ سۈپەتلىك خۇسۇسىيىتىنى يوقاتمايدۇ. مەسىلەن: **مۇرات كەلسە، ئاتلىق كېلىدۇ. باغدا بۇلبۇللار چىرايلىق سايرىماقتا.**

سۈپەت شەيئىنىڭ بەلگە-خۇسۇسىيىتىنى بىۋاسىتە بىلدۈرۈشى مۇمكىن ياكى شۇ بەلگە-خۇسۇسىيەتنى بىر شەيئىنىڭ باشقا بىرەر شەيئى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قاراپ بىلدۈرۈشى مۇمكىن. مانا شۇنىڭغا قاراپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەتلەر ئەسلى سۈپەتلەر ۋە نىسبىي سۈپەتلەر بولۇپ ئىككىگە بولۇنىدۇ.

## ئەسلى سۈپەتلەر

ئەسلى سۈپەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاڭلىتىدىغان لېكسىكىلىق مەنىسى جەھەتتىن ئىلگىرىدىنلا شەيئىنىڭ رەڭگىنى، ساپاسىنى، شەكلىنى، ھەجمىنى ۋە باشقىمۇ بەلگىلىرىنى بىۋاسىتە كۆرسىتىپ، سېزىش ئەزالىرى بىلەن تونۇلىدىغان سۆزلەردۇر. مەسىلەن: ئاق، قارا، كۆك، سېرىق، يېشىل، ياخشى، يامان، ئۇزۇن، قىسقا، چوڭ، كىچىك، ئورۇق، سېمىز، دۈگىلەك، ياپىلاق، ياش، قېرى، نېپىز ۋە باشقىلار.

سېمانتىكىسىدىن تاشقىرى، ئەسلى سۈپەتلەرگە خاس يەنە بىر ئۆزگىچىلىك شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلار نىسبىي سۈپەتلەردىن بەزىبىر گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەنمۇ پەرقلىنىدۇ. ئەسلى سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىگە سۈپەت دەرىجىلىرىنى ھاسىل

قىلىدىغان كۈچەيتكۈچ بوغۇمى، شۇنداقلا ”-راق (-رەك، -ئىراق، -ئىرەك)“ قوشۇمچىسى بىردەك ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن: قارا-قاپ-قارا، قاراراق، ئۇزۇن — ئۇپ-ئۇزۇن، ئۇزۇنراق، ياخشى — ياپ-ياخشى، ياخشىراق، يوغان-يوپ-يوغان، يوغانراق ۋە باشقىلار. كەمسىتىش دەرىجىسىنىڭ ”-ئۇچ (-ئۈچ)“ ”-متۇ“ قوشۇمچىلىرىمۇ پەقەت ئايرىم ئەسلى سۈپەتلەرگىلا ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن: ئاق-ئاقۇچ، قىزىل-قىزغۇچ، كۆك-كۆكۈچ، سېرىق-ساغۇچ، قارا-قارامتۇل. مانا بۇ كۈچەيتكۈچ بوغۇمى بىلەن (قىپ-قىزىل، دۈپ-دۈگىلەك، ئاپ-ئاشكارا) دەرىجە قوشۇمچىلىرى (قىزىلراق، قىزغۇچ، كۆكۈچ) ئەسلى سۈپەتلەرگە خاس مورفولوگىيىلىك بەلگىلەردىن بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

## نىسبىي سۈپەتلەر

نىسبىي سۈپەتلەر شەيئىگە خاس بەلگە-خۇسۇسىيەتنى ئۇنىڭ باشقا بىرەر شەيئىگە بولغان ھەرخىل مۇناسىۋىتى، قاتنىشى ياكى نىسبىتى ئارقىلىق بىلدۈرىدۇ. ئۇلار سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئارقىلىق باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن ياسالغاندۇر. مەسىلەن: بالىلىق ئۆي-گۈلستان، بالىسىز ئۆي-گورستان (ماقال.) دىگەن جۈملىدىكى بالىلىق، بالىسىز دىگەن نىسبىي سۈپەتلەر ئۆينىڭ بەلگە-خۇسۇسىيىتىنى بالىنىڭ بار ياكى يوق ئىكەنلىكىگە قاراپ بىلدۈرۈپ كەلگەن. بۆگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما. (ماقال.)، قاچىغان ئات، ئۈسكەك سىيىر، تارتىنچاق قىز دىگەن جۈملە ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدە ئۇچرايدىغان بۆگۈنكى، قاچىغان، ئۈسكەك، تارتىنچاق ئوخشاش سۆزلەر ئىش، ئات، سىيىر، قىز دىگەن ئىسىملارنىڭ نىسبىي سۈپىتىنى كۆرسىتىپ كەلگەن.

www.uyghurkitap.com

قوشۇمچىلار ئارقىلىق ياسالغان تۆۋەندىكى سۆزلەر نىسبىي سۈپەتلەرگە ياتىدۇ: ئاتاقلىق (ئالىم)، ئاكادېمىيىلىك (تىياتىر)، گىرامماتىكىلىق (قۇرۇلۇش)، كۆزلۈك (قوغۇن)، يازلىق (ئالما)، ئاتلىق (ئەسكەر)، ئىچكى (ئىشلار)، بۈگۈنكى (گېزىت)، يېزىدىكى (دوستلار)، كويۇمچان (ئانا)، تېپىلغاق (يەر)، چۈشلۈك (غىزا) ۋە باشقىلار.

نىسبىي سۈپەتلەر ھەرقاچان ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولغان بىرەر شەيئى ياكى چۈشەنچىنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭ (شەيئىنىڭ) نىسبىي بەلگىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. نىسبىي سۈپەتلەرنى ھاسىل قىلغۇچى قوشۇمچىلار مۇنداق قاتناشنىڭ، مۇناسىۋەتنىڭ كۆرسەتكۈچى بولۇپ سانىلىدۇ. مەسىلەن: ئىشچان، كۆرەشچان، تىرىشچان كۆينەكچان ئوخشاش نىسبىي سۈپەتلەرنىڭ كۆرسەتكۈچى ”-چان قوشۇمچىسىدۇر.

نىسبىي سۈپەتلەر ئىسىم، پېئىل، رەۋىش ئوخشاش سۆز تۈركۈملىرىدىن مەخسۇس سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئارقىلىق ياسىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ مەنىسى ئۆزلىرى ياسالغان دەسلەپكى تۈپ سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى ئەسلىتىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن بەزىدە نىسبىي سۈپەتلەر ئۆزلىرى ياسالغان دەسلەپكى سۆزلەرنىڭ مەنىداش سۆزى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: شەھەرلىك ئادەم — شەھەرنىڭ ئادىمى، دۆلەتلىك مۇكاپات — دۆلەت مۇكاپىتى، فونېتىكىلىق قائىدە — فونېتىكا قائىدىسى، تۇزسىز تاماق — تۇزى يوق تاماق ۋە باشقىلار.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەسلى سۈپەتلەرگە خاس مورفولوگىيىلىك بەلگىلەر بەزىبىر نىسبىي سۈپەتلەردىمۇ تېپىلىدۇ. مەسىلەن، جىددىيلىك ھاسىل قىلغۇچى كۈچەيتكۈچ بوغۇمى ھەم سېلىشتۇرما دەرىجىسىنىڭ ”-راق (-رەك، -ئىراق، -ئىرەك)“ قوشۇمچىسى

نۇۋەندىكى نىسبىي سۈپەتلەرگىمۇ ئۆلىنىدۇ: سۇلۇق — سۇپ - سۇلۇق، كۆچلۈك — كۆپ - كۆچلۈك، يورۇق — يوپ - يورۇق، ئۇنۇملۇك — ئۇنۇملۇگرەك، يورۇق — يورۇقراق ۋە باشقىلار. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇرغۇنلىغان ياسالما سۈپەتلەر، دىمەك، باشقا سوز تۈركۈملىرىدىن قوشۇمچىلار ئارقىلىق پەيدا بولغان نىسبىي سۈپەتلەر، بارا - بارا پۈتۈن بىر تومۇرغا ئايلىنىپ، تومۇر بىلەن قوشۇمچە ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ سۇسلىشىشى نەتىجىسىدە ئۇلار ئەسلى سۈپەتلەرگە يوتكەلگەن. ئۇيغۇر تىلىدىكى قىزىق (قىزىماق)، تولۇق (تولماق)، تىنىق سۇ (تىنماق)، ئىسسىق (ئىسسىماق)، ئۆزاق (ئۆزىماق)، ئىشتىك (ئىشتىمەك)، قاشاڭ (قاشارماق)، يوغان (يوغارماق)، قىزىل (قىزارماق) ئوخشاش سوزلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار ئارقىلىق ياسالغانلىغىنى دەلىللەش قىيىن ئەمەس. لېكىن ئۇلار مەلۇم دەۋر ئىچىدە ھەم مەنىسى جەھەتتىن (چۈنكى ئۇلار نەرسىنىڭ بەلگە-خۇسۇسىيىتىنى بىۋاستە كورسىتىدۇ)، ھەم گىراماتىكىلىق بەلگىسى جەھەتتىن (مەزكۇر سوزلەرگە ئەسلى سۈپەتكە خاس مورفولوگىيىلىك شەكىللەر ئادەتتىكىچە ئۇلىنىۋېرىدۇ: قىپ - قىزىق، قىزىغراق، توپ - تولۇق، تولۇغراق) ئەسلى سۈپەتلەر بولۇپ رەسمىلەشكەن. بۇ ھال ئەسلى سۈپەتلەر بىلەن نىسبىي سۈپەتلەر ئارىسىدا كەسكىن پەرقنىڭ يوقلۇغىنى، ئەكسىچە، ئۇلار ھەرقاچان بىر بىرىنى تولدۇرۇپ، ئوزئارا يېقىن مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىغىنى كورسىتىدۇ. ئەگەر تۈرلۈك سۈپەت مەزمۇنى قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن نىسبىي سۈپەتلەرنىڭ قاتارى كوپىيىپ تۇرىدىغان بولسا، ئوزنۆۋىتىدە نىسبىي سۈپەتلەر بارا - بارا ئەسلى سۈپەتلەرنىڭ قاتارىنى كوپەيتىپ تۇرىدۇ.

# تۈپ ۋە ياسالما سۈپەتلەر

سۈپەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مورفولوگىيىلىك تەركىۋىگە قاراپ تۈپ ۋە ياسالما سۈپەتلەر دەپ ئىككىگە بولۇنىدۇ. بىرەر سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىسىز ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى شەيئىنىڭ بەلگىسىنى بىلدۈرۈشكە قابىل سوزلەر تۈپ سۈپەتلەر دەپ ئاتىلىدۇ. تۈپ سۈپەتلەرنى تومۇر ۋە قوشۇمچىلارغا ئاجرىتىش مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن: ئاق، قارا، بوز، قوڭۇر، سۇر، ھال، ئەگىر، چا(توخو)، چوڭ، كىچىك، پاكا ۋە باشقىلار.

سۈپەتتىن ياكى باشقا سوز تۈركۈملىرىدىن مەخسۇس قوشۇمچىلار ئارقىلىق پەيدا بولغان سوزلەرنى ياسالما سۈپەتلەر دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن: چىرايلىق، سۇمباتلىق، يېقىملىق، يېقىمسىز، كوڭۇللۈك، موڭكىگەك، ئۆسكەك، تەپكەك، ئۆيچان، تەلەپچان، سوزۇق، قايناق، ئاقۇچ، كوكۇچ ۋە باشقىلار.

مورفولوگىيىلىك شەكىل جەھەتتىدىن تۈپ سۈپەتلەر توپىغا ياتىدىغان سوزلەر (كوك، يېشىل) مەنە جەھەتتىدىن ئەسلى سۈپەتلەرگە كىرىدىغان سوزلەرگە توغرا كېلىدۇ. لېكىن ياسالما سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك نىسبىي سۈپەت بولالمايدۇ. چۈنكى ”-ئۇچ“ (-ئۈچ)، ”-راق“ (-رەك، -ئىراق، -ئىرەك) قوشۇمچىلىرى ئەسلى سۈپەتلەرنى نىسبىي سۈپەتلەرگە ئايلاندۇرماي، بەلكى شۇ ئەسلى سۈپەتلەرنىڭ دەرىجىلىرىنى ھاسىل قىلىش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرىدۇ، دىمەك، مەزكۇر قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ كەلگەن سۈپەتلەر مورفولوگىيىلىك تەركىۋى جەھەتتىدىن ياسالما بولۇشىغا قارىماستىن (ئاقۇچ، كوكۇچ، ئاقىراق، كوكۇرەك، ئاقۇچىراق، كوكۇچىرەك)، ئەسلى سۈپەتلەر قاتارىدا قېلىۋېرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزىبىر سۈپەتلەرنى ھازىرقى ھالىتىگە قاراپلا تۈپ سۈپەتلەرگە ياتقۇزۇش مۇمكىن بولسىمۇ، ئېتىمولوگىيىسىگە نەزەر سېلىش بىلەن ئۇلارنى ئايرىم قىسىملارغا ئاجرىتىشقا بولىدۇ. مەسى-لەن: تۇۋەندىكى قىزىق (قىز-ىق)، تولۇق (تول-ئۇق)، تىنىق سۇ (تىن-ئىق)، قاشاڭ (قاشا-ڭ)، يوغان (يوغا-ن) ئۇچۇق (ئاچ-ئىق>ئۇچ-ئۇق)، تاتلىق (تات-لىق)، يېشىل (ياش-ئىل>يېش-ئىل) قاتارلىق سۈپەتلەرنى تارىخىي نۇقتىنەزەردىن ياسالما سۈپەتلەر دەپ تونۇيمىز. لېكىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ھالىتىدە ئۇلار تۈپ سۈپەتلەر تۈپىگە كىرىدۇ. مۇشۇ سەۋەپتىن ئۇمۇمەن سۈپەت-لەرنى تۈپ ۋە ياسالما دەپ ئىككىگە بۆلۈش بەزىدە شەرتلىك خاراكتېرغا ئىگە.

سۈپەتلەر بىر سوزدىن ياكى بىرنەچچە سوزدىن ئىبارەت بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. مانا مۇشۇ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، ئۇلارنى ئاددىي سۈپەتلەر ۋە مۇرەككەپ سۈپەتلەر دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ. پەقەت بىر سوزدىن تەركىب تاپقان سۈپەتلەر ئاددىي سۈپەتلەردۇر. ئاددىي سۈپەتلەر تۈپ ياكى ياسالما بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: يىراق، ئېگىز، تۈز، چوڭقۇر، قاراڭغۇ، تارىخىي، مېخانىكىلىق، گېئوگرافى-يىلىك ۋە باشقىلار.

ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئۇشۇق سوزلەردىن ياسالغان سۈپەتلەر مۇرەككەپ سۈپەتلەردۇر. مۇرەككەپ سۈپەتلەرنىڭ ھەر بىر تەركى-ۋىي قىسمى بىردە تۈپ، بىردە ياسالما سوزلەردىن ئىبارەت بولۇپ كېلىۋېرىدۇ. مۇرەككەپ سۈپەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە شەكلى بىردەك ئەمەس. ئۇلار ئۆز ئارا بىرىككەن سۈپەتلەر، قوش سۈپەتلەر ھەم قوشما سۈپەتلەر بولۇپ شەكىللەشكەن. مەسىلەن: كوك ئالا، توق قىزىل، كوز ئەينەكلىك (ئادەم)، سېغىز توپىلىق (يەر)، ئاق ساقال-لىق (بوۋاي)، بېغىر رەڭ، قىپ-قىزىل، ئاپپاق، پاكا-پاكا، ئۇش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شاق ـ ئۇششاق ۋە باشقىلار.

## سۈپەت دەرىجىلىرى

نەرسىنىڭ ئۆزىگە خاس بەلگە ـ خۇسۇسىيىتى (رەڭگى، ساپاسى، ھەجمى، شەكلى، پۇرىقى، تەمى ۋە باشقىلار) ھەممىلا ۋاقىتتا بىر ـ دەك دەرىجىدە بولۇپ كەلمەيدۇ. مەلۇم نەرسىنىڭ پەقەت بىرلا بەلگىسىنىڭ ئۆزى بىردە ئادەتتىكىچە، بىردە ئارتۇق، بىردە كەم بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: ”قىزىل“ رەڭ قىپ ـ قىزىل، ناھايىتى قىزىل، قىزىلراق، قىزغۇچ ھالىتىدە، نەرسىنىڭ تەمى ”ئاچچىق“ ئاچچىقتىن ئاچچىق، ناھايىتى ئاچچىق، ئاچچىقراق دەرىـ جىدە ئۇچرايدىغانلىقى مەلۇم. شۇنداقلا ”ئۇزۇن“ دېگەن بەلگە ھاياتتا ئۇچرىشىدىغان ھەر خىل نەرسە ۋە چۈشەنچىلەرگە نىسبەتەن ھەر خىل دەرىجىدە، تۈرلۈك مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ. شۇ بەلگىنىڭ ئارتۇق ياكى كەملىكى نەرسىلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش، قىياس قىلىش ئارقىلىق تونۇلىدۇ.

دەرىجە كاتېگورىيىسى سۈپەتلەرنى باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن روشەن ئايرىپ كۆرسىتىدۇ، دېمەك، ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن سۈپەتـ لەرگە خاس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا سۈپەتلەرنىڭ تۆت دەرىجىسى بار: ئاددىي دەرىجە، سېلىشتۇرۇش دەرىجە، ئاشۇرما دەرىجە ۋە كەمىتىش دەرىجە.

### 1. ئاددىي دەرىجە

ئاددىي دەرىجە سۈپەتلەرنىڭ باشقا دەرىجىلىرىنى ھاسىل قىلىشتا قاتنىشىدىغان ئاساسىي شەكىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا مەلۇم

نەرسىنىڭ ئۆزىگە خاس بەلگە ـ خۇسۇسىيىتىنى باشقا نەرسىلەردىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگە ـ خۇسۇسىيەتلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسىتىش، بەلگىنىڭ ئارتۇق يا كەملىگىنى دەرىجىلەپ تەكىتلەش خۇسۇسىيىتى يوق. خۇددى مۇشۇ جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا، ئاددى دەرىجە دەپ ئاتىلىپ يۈرگەن سۆپەتلەر پەقەت شەرتلىك تۈردىلا "سۆپەت دەرىجىلىرى" كاتېگورىيىسىگە قوشۇلىدۇ. قازاق تىلىدىكى سۆپەت دەرىجىلىرىنى مەخسۇس تەكشۈرگەن ئالىم غ.غ. مۇسابايېۋ: "ئاددى دەرىجە" دەپ ئاتىلىدىغان سۆپەتلەردە دەرىجە مەنىسى يوق... دېمەك، ئاددى دەرىجە دەپ ئاتىشىمىزنىڭ ئۆزى ناتوغرا"① دىگەن پىكىرنى ئېيتىدۇ. ھەقىقەتەن، ئاددى دەرىجە تىلىمىزدىكى سېلىشتۇرۇش، ئاشۇرما ۋە كەمىتىش دەرىجىلىرىنىڭ مەنىلىرىنى ئۆزئارا ئاجرىتىش ئۈچۈن شەرتلىك تۈردە ئېلىنغان خالىس، بىتەرەپ فورمىدۇر. شۇڭلاشقا ئاددى دەرىجىنىڭ مەخسۇس گىراماتىكىلىق بەلگىسى يوق. ئۇنىڭغا دەرىجە ھاسىل قىلغۇچى شەكىللەردىن مەھرۇم ئېتىلگەن ھەممە سۆپەتلەر كىرىدۇ. مەسىلەن: ئېگىز (ئاسمان)، قىزىل (قىزىلداش)، بوز (ئات)، تار (كوچا)، سالقىن (ھاۋا)، سۇر (كاستۇم)، كەڭ (ئېتىز)، ھالىلىق (تۇرمۇش) ۋە باشقىلار.

## 2. سېلىشتۇرۇش دەرىجە

نەرسىلەرنىڭ (شەيئىلەرنىڭ) ھەرقانداق سۆپىتىنى ئۆزئارا قىياس قىلىش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلاردىكى بەلگىنىڭ ئارتۇق

① غ.غ. مۇسابايېۋ «قازاق تىلىنىڭ سۆپەت دەرىجىلىرى» 34 ـ بەت. ئالمۇتا، 1951 ـ يىل، قازاقچە نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياكى كەملىگىنى كۆرسىتىش سېلىشتۇرۇش دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ئىككى ياكى بىرنەچچە نەرسىگە خاس ساپانىڭ بىر بىرىگە نىسبەتەن ئارتۇق ياكى كەم دەرىجىدە ئىكەنلىگى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەتلەرنىڭ سېلىشتۇرۇش دەرىجىسى ئىككى تۈرلۈك ئۇسۇل بىلەن ياسىلىدۇ.

1. مورفولوگىيىلىك ئۇسۇل. سۈپەتنىڭ سېلىشتۇرۇش دەرىجىسىنى ھاسىل قىلغۇچى بىردىن ـ بىر مورفولوگىيىلىك شەكىل "ـ راق" (ـ رەك، ـ ئىراق، ـ ئىرەك) قوشۇمچىسىدۇر. مەسىلەن: ياخشىراق، ئەسكىرەك، تولۇقراق، ئەرزەنرەك ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر تىلىدا "ـ راق" (ـ رەك، ـ ئىراق، ـ ئىرەك) قوشۇمچىسى مەلۇم شارائىتلارغا قاراپ ئاساسەن ئىككى مەنە ئاڭلىتىدۇ. بىرىنچىدىن، قىياس قىلىنىۋاتقان بەلگە ـ خۇسۇسىيەتنىڭ، ساپانىڭ باشقا بەلگە ـ خۇسۇسىيەت ۋە ساپالارغا نىسبەتەن بىرئاز ئارتۇق، كۈچلۈك ئىكەنلىگىنى بىلدۈرىدۇ. "ـ راق" قوشۇمچىسى ئۇلانغان سۈپەت مەزكۇر مەنىنى ئاڭلىتىشى ئۈچۈن كۆپچىلىك ۋاقىتتا ئۇزىدىن ئالدىن كەلگەن ئىسىمنىڭ چىقىش كېلىشتە ۋە بېرىش كېلىشتە تۇرۇشىنى ياكى مەزكۇر شەكىللەر بىلەن بىللە "قارىغاندا، كۆرە، نىسبەتەن" دېگەن سۆزلەرنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. گايىدا خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تۇزىلىشنىڭ بولۇشى شەرت ئەمەس؛ مەسىلەن: ئەمما كېچىسى كۈندۈزگە قارىغاندا ئوڭايىراق، لېكىن تاتلىق ئۇيقۇلۇك كېلىدۇ. (ئو.م.) تاشكەنت ئالمۇتىغا نىسبەتەن چوڭراق شەھەر. شاپتولا ئورۇكتىن كۆرە يوغانراق.

ئىككىنچىدىن، قىياس قىلىنىۋاتقان بەلگە ـ خۇسۇسىيەتنىڭ، ساپانىڭ باشقا بەلگە، خۇسۇسىيەت ۋە ساپالاردىن كۆرە بىر ئاز كەم، كۈچسىز ئىكەنلىگىنى بىلدۈرىدۇ. تۆۋەندىكى مىساللارنى ئۇزئارا

سېلىشتۇرۇپ كورەيلى: ئالدىمىزدا ئېگىز بىر تاغ كورۈندى — ئالدىمىزدا ئېگىزرەك بىر تاغ كورۈندى؛ ياش بالا ئىكەن — ياشراق بالا ئىكەن، بۇ مىساللاردىكى "ئېگىزرەك" "ياشراق" دېگەن سۈپەتلەر "ئېگىز" "ياش" دېگەن سۈپەتلەرگە نىسبەتەن مۇناسىۋەتلىك بەلگە-خۇسۇسىيەت مىقدارىنىڭ سەل كەملىگىنى، كۈچسىزلىگىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ شارائىتتا "-راق" قوشۇمچىسىنىڭ مەنىسى "سەل"، "بىرئاز" دېگەن سوزلەرنىڭ مەنىسىگە توغرا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا: سەل پاكا — پاكاراق، بىرئاز قېلىن — قېلىنراق، سەل يىراق — يىراقراق ئوخشاش سۈپەتلەرنى ئۆزئارا ئورۇن ئالماشتۇرۇپ قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ.

"-راق" قوشۇمچىسى سۈپەتلەردىن تاشقىرى رەۋىشلەرگە (چاپسانراق، تېزرەك، بۇرۇنراق، ئەتىگەنرەك)، سۈپەت پېئىل ۋە ھال پېئىللارغا (ئىشلىگەنرەك، ھەر ئىشقا چىنىققانراق، كورۈۋېرەك، ئاڭلىۋېراق كەپ قىل)، ئالماشلارغا (قانداقراق، مۇنداقراق، شۇنداقراق، ئۆزىرەك)، گاھىدا ئىسىملارغا (ئەخلەترەك بۇغداي، تاشراق يەر) ئۇلىنىۋېرىشى مۇمكىن. لېكىن ھەممە شارائىتتا "-راق" قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن بۇ سوزلەر ئۆزلىرىگە خاس بەلگىنىڭ دەرىجىسىنى كورسىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

2. سىنتاكسىسلىق ئۇسۇل. بۇ ئۇسۇل بويىچە سۈپەتلەرنىڭ سېلىشتۇرۇش دەرىجىسى سۈپەت ۋە ئىسىملارنىڭ، بەزىدە ئايرىم ياردەمچى ئېلېمېنتلارنىڭ مەلۇم سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدۇ. سېلىشتۇرۇش دەرىجىسىنىڭ سىنتاكسىسلىق ئۇسۇلىنى ئىككى ھالدا كورۈشكە بولىدۇ: بىرىنچىدىن، مەزكۇر دەرىجىنى ھاسىل قىلغۇچى تۈزىلىشتىكى ئىسىم چىقىش كېلىشىدە تۇرۇپ، سۈپەت بولسا ئاددى دەرىجە پېتىچە قېلىۋېرىدۇ: تاشتىن قاتتىق، بالدىن تاتلىق، جاندىن ئەزىز ۋە باشقىلار. مىساللار:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاتتىن ئىگىز، ئىتتىن پەس. (تېپىشماق.) ئۇلۇمدىن قاتتىق نەرسە بارمۇ دۇنيادا! (ج.ب.) ۋاپاسىز قېرىنداشتىن ۋاپادار خوشنا ياخشى. (ماقال.)

مۇشۇ تۈزىلىشتە كەلگەن سۈپەتلەرگە بەزىدە «-راق» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشى مۇمكىن؛ مەسىلەن: ... يىراقتىكى تۇققاندىن يانىدا خوشنام ياخشىراق. (قوشاق.) قوغۇن تاۋۇزدىن شىرىنراق ۋە باشقىلار.

ئىككىنچىدىن، سېلىشتۇرۇلىدىغان سۆز (ئىسىم) بېرىش كېلىش شەكلىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن «قارىغاندا» «نىسبەتەن» دېگەن ياردەمچى ئېلېمېنتلار قوللىنىلىدۇ ۋە بۇ تۈزىلىشتە كەلگەن سۈپەت ئاددىي دەرىجە ھالىتىدە قېلىۋېرىدۇ. مەسىلەن: تاشكەنتكە قارىغاندا ئالمۇتا سالقىن. قوغۇشۇن مىسقا نىسبەتەن يۇمشاق.

### 3. ئاشۇرما دەرىجە

نەرسىنىڭ بەلگە-خۇسۇسىيىتىنى ئادەتتىكىدىن ئاشۇرۇپ كۆرسىتىدىغان سۈپەت دەرىجىسىنى ئاشۇرما دەرىجە دەپ ئاتايمىز.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسىنى ھاسىل قىلىدىغان مەخسۇس قوشۇمچە يوق. ئۇلار پەقەت سۆز بىرىكمىلىرى ھەم ئايرىم قوش سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، يەنى ئاشۇرما دەرىجە پەقەت سىنتاكسىسلىق يول بىلەنلا ياسىلىدۇ.

1. ئاددىي دەرىجە شەكلىدە تۇرغان سۈپەتنىڭ ئالدىدىن: ناھايىتى، ئىنتايىن، ئەڭ، خويما، تولىمۇ، تازىمۇ، قالتىس، زىيادە، تەسلىم دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ناھايىتى ئاق، ئەڭ ئۇزۇن، تولىمۇ تاتلىق، تەسلىم ئىگىز، قالتىس ياخشى ۋە باشقىلار.

2. مەلۇم بىر سۆپەت ئىككى قېتىم تەكرارلىنىپ، ئۇنىڭ ئالدىن-قىسى چىقىش كېلىشتە تۇرۇش ئارقىلىق ئاشۇرما دەرىجە ياسىلىدۇ؛ مەسىلەن: ئاچچىقتىن ئاچچىق، ئۇزۇندىن ئۇزۇن، ئاقتىن ئاق، سەت-تىن سەت، چوڭقۇردىن چوڭقۇر ۋە باشقىلار.

3. كۈچەيتكۈچ بوغۇملۇق قوش سوزلەر سۆپەتنىڭ ئاشۇرما دەرى-جىسىنى ھاسىل قىلىدۇ؛ مەسىلەن: قاپ-قارا، قىپ-قىزىل، كوپ-كوك، تاپ-تازا، ئاپ-ئاشكارا ۋە باشقىلار. خۇددى مۇشۇ يول بىلەن پەيدا بولغان سۆپەتلەر سۆپەتلەرنىڭ جىددى شەكلى دەپ ئاتىلىدۇ، يەنى مەزكۇر سۆپەتلەر كوپرەگى رەڭ-تۈسنى بىلدۈرۈپ كېلىش بىلەن بىللە، مەنە جەھەتتىن بەلگىنىڭ ناھايىتى ئارتۇقلى-غىنى كورسىتىپ، ئاشۇرما دەرىجە ھاسىل قىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا سۆپەتلەرنىڭ جىددى شەكلى پەقەت كۈچەيتكۈچ بوغۇملۇق قوش سوزلەردىنلا ئىبارەت ئەمەس. جانلىق تىلدا سوز ئۇرغۇسىنى بىرىنچى بوغۇمغا كوچۇرۇپ، مانا شۇ بوغۇمنى ئالاھىدە كۈچلۈك ئاھاڭ بىلەن ئېيتىمىز. مەسىلەن: يۇمشاق نان، نېپىز قەغەز، تاتلىق قوغۇن، مۇزدەك سۇ ۋە باشقىلار. سۆپەتلەرنى مۇشۇ تۈردە قوللىنىشتىكى بىردىن-بىر مەقسەت نەرسىنىڭ سۆپىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ئارتتۇرۇپ ئىپادىلەشتىن ئىبارەت. جانلىق تىلدا سۆ-پەتلەردە جىددى ئاھاڭ ھاسىل قىلىشنىڭ بۇ ئۇسۇلى تىل تارىخىدا ئاستا-ئاستا ئەدەبىي تىلغىمۇ ئوتۇپ، سۆپەت كاتېگورىيىسى ساھە-سىدە بىرنەچچە سوزلەردە ئوز ئەكسىنى تاپقان. تىلىمىزدىكى: ئىسسىق، ئىللىق، قاتتىق، ئاچچىق، ئۇششاق، ئاپپاق (ئەسلى ئاپ-ئاق) ئوخشاش سۆپەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قوش ئۇزۇك تاۋۇشلار تىلىمىزدىكى مۇشۇ قانۇنىيەتكە بىنائەن پەيدا بولغان. جىددىلىك ھاسىل قىلىشنىڭ بۇ ئۇسۇلى بولۇپمۇ رەۋىش كاتېگورىيىسىدە خېلى تەرەققى تاپقانلىغى كورۈنىدۇ. تەقلىدىي ۋە تەسۋىرىي سوزلەردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارقىتىش مۇنبىرى

"ـ ئىدا" قوشۇمچىسىنىڭ ئالدىدىن تومۇرنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش جۈپلىنىدۇ؛ مەسىلەن: تاق ـ ق ـ ئىدە ـــ تاققىدە، سوپ ـ پ ـ ئىدە ـــ سوپپىدە، ۋاژ ـ ژ ـ ئىدە ـــ ۋاژژىدە، دىك ـ ك ـ ئىدە ـــ دىككىدە ۋە باشقىلار.

4. سۈپەتنىڭ ئىككى قېتىم تەكرارلىنىپ ئېيتىلىشى ئارقىلىقمۇ ئاشۇرما دەرىجە پەيدا بولىدۇ؛ مەسىلەن: قارا ـ قارا قاشلىرىڭغا قاتسامچۇ مېنى، قارا قاشنىڭ بازىرىدا ساتساڭچۇ مېنى... ئىگىز ـ ئىگىز دوڭلەردىن سىرىلدىم تۈزگە... (فولك) بۇ مىساللاردىكى سۈپەتلەر نەرسىنىڭ بەلگىسىنى ئاشۇرۇپ كۆرسىتىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى مۇناسىۋەتلىك ئىسىملارنىڭ (شەيئىلەرنىڭ) كۆپلىكىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق ئىسىملار، ئادەتتە، كۆپلۈك شەكلىدە تۇرىدۇ؛ مەسىلەن: چوڭ ـ چوڭ بىنالار، ئۇزۇن ـ ئۇزۇن كوچىلار، قىزىل ـ قىزىل ئالمىلار ۋە باشقىلار. بەزىدە، بولۇپمۇ پوئېزىيىدە، مۇناسىۋەتلىك ئىسىمنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسىنى قوبۇل قىلىش شەرت ئەمەس؛ مەسىلەن: قارا ـ قارا قاشلىرىم، سومبۇل ـ سومبۇل چاچلىرىم، قارا قاشنى دەپ يۈرۈپ، قارغا قالدى ئاشلىغىم. (فولك).

### 4. كەمستىش دەرىجە

نەرسىنىڭ رەڭگىنى ئادەتتىكىدىن كۈچسىز قىلىپ، كېمەيتىپ كۆرستىدىغان سۈپەتلەر كەمستىش دەرىجىنى ھاسىل قىلىدۇ. كەمستىش دەرىجە ھاسىل قىلغۇچى قوشۇمچىلار "ئۈچ" (ـ ئۇچ) ۋە پەقەت "قارا" دىگەن سۈپەت تەركىۋىدىلا ئۇچرايدىغان "ـ متۇل" قوشۇمچىسىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: ئاق ـــ ئاقۇچ، كۆك ـــ كۆكۈچ، سېرىق ـــ ساغۇچ، قىزىل ـــ قىزغۇچ، قارا ـــ قارامتۇل.

## 5. سۈپەتلەرنىڭ سۇبيېكتىپ باھا كاتېگورىيىسى

سۇبيېكتىپ باھا كاتېگورىيىسى، يەنى سۇبيېكتنىڭ مەلۇم ئوبيېكتقا ياكى شەخسكە بولغان خۇسۇسى كۆز قارىشىنى، ئۆز باھاسىنى ئىپادىلەش خۇسۇسىيىتى، ئەڭ ئالدى بىلەن ئىسىملارغا خاستۇر (بۇ ھەقتە ئىسىملارنىڭ كىچىكلىتىش، ئەركىلىتىش، ئىززەتلەش قوشۇمچىلىرىغا قاراڭ). لېكىن سۈپەتلەر ساھەسىدىكى سۇبيېكتىپ باھا كىچىكلىتىش، ئەركىلىتىش مەنىسىنى بىلدۈرمەيدۇ، بەلكى شەخسنىڭ مەلۇم بەلگە ـ خۇسۇسىيەتكە بولغان قانداقتۇ بىر ئىججابى كۆز قارىشىنى ئىپادە قىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا سۈپەتلەر ساھەسىدە سۇبيېكتىپ باھا ھاسىل قىلغۇچى بىردىن ـ بىر فورمانت "ـ قىنا" (ـ كىنە)، "ـ غىنا" (ـ گىنە) قوشۇمچىسىدۇر؛ مەسىلەن: ئاقىنا، كوككىنە، كىچىككىنە، چوڭغىنا، ئىگىزگىنە، ئاچچىققىنا ۋە باشقىلار.

سۇبيېكتىپ باھا مەنىسى ئايرىم سۈپەتلەرنىڭ ئالدىدىن "بىر" سۆزىنى قوللىنىش ئارقىلىقمۇ پەيدا بولىدۇ؛ مەسىلەن: بىر ئوبدان، بىر چىرايلىق، بىر تاتلىق، بىر ئەپلىك، مىساللار: شالۋۇرنى كاۋاپ قىلسام، بىر تاتلىق بېغىر بولدى. (سادىر.) ئىتلارنىڭ ھاۋشۇشلىرى بىر چىرايلىق ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. (ئو.م) كۆزۈمگە بىر ئىللىق كۆرۈندۇ (ج.ب.)

"ـ غىنا" (ـ گىنە) "قىنا" (ـ كىنە) قوشۇمچىسى سۈپەتلەردىن تاشقىرى رەۋىشلەرگە، سۈپەت پېئىل ۋە ھال پېئىللارغىمۇ ئۇلىنىدۇ ۋە ئاساسەن سۇبيېكتىپ باھا مەنىسىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ؛ مەسىلەن: چاپسانغىنا كەل، ئازغىنا ھايال قىل، خوشال ـ خۇرامغىنا يۈرمەك، سۈزۈلۈپكىنە تاڭ ئاتتى، سەكرەپكىنە تۇر، ئوقۇمۇشلۇققىنا ئادەم ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## سۈپەتلەرنىڭ ياسىلىشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەتلەر، خۇددى باشقا مۇستەقىل سۆز تۈركۈملىرىگە ئوخشاش، ئاساسىي ئىككى ئۇسۇل ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئۇلار مورفولوگىيىلىك ۋە سىنتاكسىسلىق سۆز ياساش ئۇسۇللىرىدىن ئىبارەت. سۆزلەرنى قىسقارتىش ئارقىلىق يېڭى سۆز ياساش سۈپەت كاتېگورىيىسىگە خاس ئەمەس.

## سۈپەتلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك يول بىلەن ياسىلىشى

سۈپەت ھاسىل قىلىشنىڭ قەدىمى ھەم ئەڭ ئونۇملۇك ئۇسۇلى مورفولوگىيىلىك ئۇسۇل بولۇپ، ئۇ سۈپەت كاتېگورىيىسىگە خاس مەخسۇس سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. قوشۇمچىلار ئارقىلىق ھاسىل بولغان سۈپەتلەرنىڭ مەنە دەرىجىسى ناھايىتى كەڭ ۋە مورفولوگىيىلىك تەركىۋى جەھەتتىنمۇ خىلمۇ-خىل. تىلىمىزدىكى سۈپەتلەر ئاساسەن ئىسىم ۋە پېئىللاردىن ياسىلىدۇ. باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن پەيدا بولغان سۈپەتلەر كەم ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاڭلىتىدىغان مەنىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت

## ئىسىمدىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

1. "-لىق، -لىك، -لۇق، -لۈك". "-لىق" ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك قوشۇمچىلاردىن بىرى بولۇپ، ئىسىملار بىلەن بىللە سۈپەتلەرنىمۇ ھاسىل قىلىدۇ. بۇ قوشۇمچە ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا

كوپچىلىك تۈركى تىللار تارىخىدا ئۆزىنىڭ مەنىسى ۋە فونېتىكىلىق تەركىۋى جەھەتتىدىن كوپ ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچرىغان. باشقىرت، ئۆزبېك، قىرغىز، قازاق، قارا قالپاق ۋە باشقا تىللاردا مەزكۇر قوشۇمچىنىڭ تولۇق شەكلى "-لىك" (فونېتىكىلىق ۋارىيانتلىرى بىلەن) ئاساسەن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە سۈپىتىدە، ئەمدى ئۇنىڭ "-لى" (فونېتىكىلىق ۋارىيانتلىرى بىلەن) شەكلى بولسا پەقەت سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ قېلىپلاشقان. بۇ ئېيتىلغان تۈركى تىللاردا "-لىق" قوشۇمچىسىنىڭ ئاخىرىدىكى "ق" (ك، غ، گ) تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ۋە ئۇلارنىڭ "-لى" بولغان هالدا شەكىللىنىشى، بارا-بارا مەنىسى جەھەتتىدىنمۇ بولۇنۇپ چىقىشى قانۇنىي نەرسە.

ئۇيغۇر تىلىدا قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپ بۇ قوشۇمچە ئۆزىنىڭ تولۇق شەكلىنى ساقلاپ ئىسىم ۋە سۈپەت هاسىل قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىپ كەلمەكتە①.

"-لىق" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان سۈپەتلەر تۆۋەندىكى مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ:

ئا) سوزنىڭ ئاردىدا ئىپادە قىلىنغان نەرسە ياكى ئۇقۇمغا ئىگە بولغان بەلگە-خۇسۇسىيەتنى، ئۇنىڭ ئارتۇق مىقداردا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ مەسىلەن: سۇلۇق ئورۇك، تۇزلۇق چاي، چىرايلىق قىز، يوللۇق كوينەك، يېقىملىق مۇناسىۋەت، گۇمانلىق پاراڭ ۋە باشقىلار.

ئە) ئاساستا ئىپادە قىلىنغان نەرسە ياكى ئۇقۇمغا "تېگىشلىك،

---

① قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى يادىكارلىقلىرىدا بۇ قوشۇمچە "-لىغ، -لىگ، -لۇغ، -لىگ شەكلىدە قوللىنىلغان. مەسىلەن: بىلىگ-لىگ بەگ ئەردى، ئوقۇشلۇغ ئودۇغ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەئەللۇق ياكى ئۇنىڭغا خاس" دىگەن مەنە ئاڭلىتىدۇ؛ مەسىلەن: يازلىق ئالما (يازلىغى پىشىدىغان، ياز پەسلىگە خاس ئالما)، كۈزلۈك قوغۇن (كۈز كۈنى پىشىدىغان، دىمەك، كۈز پەسلىگە خاس قوغۇن). بۇ خىل سۈپەتلەرگە شۇنداقلا: ئاكادىمىيىلىك تىياتىر، پىداگوگىكىلىق ئىنستىتۇت، جەمىيەتلىك ئىشلەپچىقىرىش، ئاپتورلۇق ھوقۇق، دوستلۇق مۇناسىۋەت، دوكتورلۇق دىسسىرتاتسىيە ۋە باشقا سۆزلەر ياتىدۇ.

"-لىك" قوشۇمچىسىنىڭ مۇشۇ مەنە ئاڭلىتىش خىزمىتى ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىياتى مۇناسىۋىتى بىلەن كىڭەيمەكتە. شۇڭلاشقا "-لىق" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسىلىپ، بىرەر نەرسە ياكى ئۇقۇمغا تىگىشلىك، ئۇنىڭغا خاس دىگەن مەنە ئاڭلىتىدىغان سۈپەتلەرنى بۈگۈنكى ھاياتىمىزغا بېغىشلانغان گېزىت ۋە ژورنال ماقالىلىرىدا نۇرغۇن ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

"-لىق" قوشۇمچىسى ئاڭلىتىدىغان بۇ مەنە كايىدا باغلىغۇچى شەكلىدىمۇ بېرىلىدۇ. بۇ شارائىتتا ئالدىنقى سۆزگە ئۇلىنىپ كېلىش كېرەك بولغان ئىگىلىك كېلىشىنىڭ قوشۇمچىسى (-نىڭ) ئادەتتە چۈشۈپ قالىدۇ؛ مەسىلەن: پىداگوگىكىلىق ئىنستىتۇت — پىداگوگىكا ئىنستىتۇتى، جەمىيەتلىك ئىش — جەمىيەت ئىشى، فونېتىكىلىق قائىدە — فونېتىكا قائىدىسى، ئانىلىق مېھىر — ئانا مېھرى ۋە باشقىلار.

ب) "-لىق" قوشۇمچىسى "-ش" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ئايرىم سۆزلەرگە ئۇلىنىپ، بىرەر ئىش-ھەركەت ئۈچۈن يارا قلىقنى، مايىللىقنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ھاسىل قىلىدۇ؛ مەسىلەن: يۈرۈشلۈك ئات، تۇرۇشلۇق ئۆي، يىيىشلىك تاماق، ئوقۇشلۇق پارالك ۋە باشقىلار. مەزكۇر قوشۇمچىنىڭ مۇنداق مەنە ھاسىل قىلىدىغان تۈرى ئۈنۈمسىزدۇر.

2. "ـ سىز". "ـ سىز" قوشۇمچىسى سۈپەت ھاسىل قىلغۇچى ئەڭ ئۇنۇملۇك قوشۇمچە بولۇپ، ئاساستا ئىپادە قىلىنغان نەرسە ياكى ئۇقۇمنىڭ يوقلۇغىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: بۇلۇتسىز ئاسمان، سۇسىز چۆل، جانسىز تەبىئەت، پايدىسىز پۇشايمان، ئىلاجىسىز تۆۋەپ ۋە باشقىلار. مەنە جەھەتتىن ـ سىز قوشۇمچىسى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ـ لىق قوشۇمچىسىنىڭ ئەكس مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: باللىق ئۆي ـ بازار، بالىسىز ئۆي ـ مازار دىگەن ماقالدىكى باللىق سوزى بالىنىڭ بارلىغىنى بىلدۈرسە، بالىسىز دىگەن سوز، ئەكسىچە، بالىنىڭ يوقلۇغىنى ئاڭلىتىدۇ.

3. "ـ قى، ـ كى". بۇ قوشۇمچە نىسبىي سۈپەتلەرنى ھاسىل قىلىشتىكى ئەڭ ئۇنۇملۇك قوشۇمچىلاردىن بىرىدۇر. بۇ قوشۇمچە ئارقىلىق ياسالغان سۈپەتلەر نەرسە ياكى ئۇقۇمنىڭ ئورۇن ياكى ۋاقىتقا بولغان مۇناسىۋىتىنى، ئۇنىڭغا خاسلىقنى بىلدۈرىدۇ؛ مەسىلەن: يۇقۇرقى، تۆۋەنكى، ئاستىنقى، ئۈستۈنكى، بۇلتۇرقى، بۇ يىلقى ۋە باشقىلار.

نەرسىنىڭ ئورۇن ياكى ۋاقىتقا بولغان مۇناسىۋىتىنى كورسىتىدىغان سۈپەت ھاسىل قىلغۇچى مۇنداق قوشۇمچىلار بەزىدە سوزنىڭ تومۇرىغا بىۋاستە ئۇلانماي، بەلكى ئورۇن-ۋاقىت كېلىش شەكلىدە تۇرغان سوزلەردىن كېيىنمۇ ئۇلىنىۋېرىدۇ، لېكىن بۇ يول بىلەن ياسالغان سۈپەتلەرمۇ خۇددى يۇقۇرىدىكى مەنىنى ئاڭلىتىدۇ. مەسىلەن: باغدىكى (باغ ـ دا ـ كى)، تاغدىكى (تاغ ـ دا ـ كى)، شەھەردىكى (شەھەر ـ دە ـ كى)، كىتاپتىكى (كىتاپ ـ تا ـ كى) ۋە باشقىلار.

4. "ـ چان". بۇ ئۇنۇمسىز قوشۇمچىلاردىن بىرى بولۇپ، ئاساسەن ئىككى تۈرلۈك مەنە ئاڭلىتىدۇ:

ئا) شەخسنىڭ بىرەر ئىش ـ ھەركەتكە مايىللىغىنى، شۇنىڭغا يېقىنلىغىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەر ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئىشچان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشلەمچان، ئويچان، كويۇمچان، خىيالچان، ھەركەتچان، نومۇسچان، ئۆيقىچان، ئاغرىقچان، سوغچان، ئىسسىقچان① كۆرەشچان ۋە باشقىلار.

ئە) شەخسنىڭ ئاساستا ئىپادە قىلىنغان نەرسىگە ياكى بەلگە-خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ھاسىل قىلىدۇ؛ مەسىلەن: كوينەكچان، پەلتۇچان، ئوتۇكچان ۋە باشقىلار.

5. "-سىمان". بۇ قوشۇمچە ئاساسەن جانلىق تىلدا ئىشلىتىلىدىغان ئايرىم سوزلەردە قوللىنىلىپ، ئەدەبىي تىلدا ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ. ئۇ بىرەر نەرسىنىڭ تومۇردا ئىپادە قىلىنغان نەرسىگە تەخمىنەن ئوخشاشلىقىنى كورسىتىدىغان سۈپەتلەرنى ھاسىل قىلىدۇ؛ مەسىلەن: بورىسىمان ئىت، جوزىسىمان تاش، شاپتۇلسىمان ئۆرۈك، ئادەمسىمان مايمۇن ۋە باشقىلار.

ئەدەبىي تىلدا مەزكۇر قوشۇمچىنىڭ ئاڭلىتىدىغان مەنىسى بىرىش كېلىش شەكلىدە تۇرغان سوزدىن كېيىن "ئوخشاش" دىگەن سوزنىڭ قاتار قوللىنىلىشى ئارقىلىق بىرىلىدۇ؛ مەسىلەن: بورىسىمان ئىت — بورىگە ئوخشاش ئىت، جوزىسىمان تاش — جوزىغا ئوخشاش تاش، شاپتۇلسىمان ئۆرۈك — شاپتۇلغا ئوخشاش ئۆرۈك ۋە باشقىلار.

## پېئىلدىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

1. "-ق، -ك، -ئىك، -ئۇق، -ئۈك". بۇ قوشۇمچە پېئىلدىن ھەم ئىسىم، ھەم سۈپەت ھاسىل قىلغۇچى تارىخىي ئۈنۈملۈك قوشۇمچە

---

① "-چان" قوشۇمچىسى توغرىدىن-توغرا سۈپەتلەرنىڭ ئاساسىغا ئۇلانمايدۇ. لېكىن "سوغچان" "ئىسسىقچان" دىگەن سۈپەتلەر سوغى ئاشماق، ئىسسىغى ئاشماق دىگەندە قوللىنىلغان ئىسىملاشقان سۈپەتلەردىن ھاسىل بولدى دەپ تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ.

بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ھالىتىدە ئۇزنىڭ سوز ياساش قابىلىيىتىنى سۇسلاشتۇرغان. ئۇنىڭ پەقەت ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىلا ئەمەس، بەلكى ھەممە تۈركى تىللاردا ئۇنۇمسىز قوشۇمچىلار قاتارىغا ئوتۇپ كېتىپ بارغانلىقى مەلۇم.

"-ق" قوشۇمچىسى ئىش-ھەركەت ياكى ھالەتكە باغلىق بولغان بەلگە-خۇسۇسىيەتنى ئىپادىلەيدۇ. مەزكۇر قوشۇمچە ئارقىلىق ياسالغان سۇپەتلەر ئاساسەن ئىش-ھەركەت نەتىجىسىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن بەلگىنى بىلدۈرىدۇ؟ مەسىلەن: سۇزۇك سۇ، ئوچۇق ئاسمان، چىرىك ياغاچ، ئىشتىك پىچاق، قۇرۇق ئوتۇن، ئاچچىق لازا ۋە باشقىلار.

2. "-غاق (-گەك، -قاق، -كەك)". "غاق" قوشۇمچىسى شەخسنىڭ ياكى بىرەر نەرسىنىڭ تومۇردا ئىپادە قىلىنغان ئىش-ھەركەت بويىچە قابىلىيىتىنى، ئارتۇقلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۇپەتلەرنى ھاسىل قىلىدۇ؛ مەسىلەن: ئۇرۇشقاق، ئۇيۇشقاق، يىپىشقاق، ياتقاق، ئۇسكەك، تەپكەك، موڭگەك ۋە باشقىلار.

3. "-چاق (-چەك، -چۇق، -چۈك)". بۇ ئۇنۇمسىز قوشۇمچىلاردىن بىرى بولۇپ، ئاساسەن ئوزلۇك دەرىجە شەكلىدىكى پېئىللارغا ئۇلىنىدۇ ۋە تەخمىنەن "-غاق" قوشۇمچىسىغا ئوخشاش شەخسنىڭ ياكى نەرسىنىڭ بىرەر ئىش-ھەركەتتىكى ئارتۇقلۇق بەلگىسىنى بىلدۈرىدىغان سۇپەتلەرنى ھاسىل قىلىدۇ؛ مەسىلەن: ئېرىنچەك، ياسانچۇق، ئۇيالچاق، قىزغانچۇق، قورقۇنچاق① كوڭۈلچەك ۋە باشقىلار.

---

① "قورقۇنچاق" سوزىنىڭ مورفولوگىيىلىك تەركىۋى، باشقا مۇشۇ مەنىدىكى سوزلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، "قورق-ئۇن-چاق" بولۇش كېرەك دەپ تەخمىن قىلىمىز ("قورقۇنۇش، قورقۇنۇشلۇق" سوزلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كورۇڭ). پەقەت فونېتىكىلىق ئوزگىرىش نەتىجىسىدىلا ئۇنىڭ "-قان" قوشۇمچىسى تەسادىپى سۇپەت پېئىل قوشۇمچىسىغا ئوخشاپ قالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

4. "-ما، -مە". ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىم ھەم سۈپەت ھاسىل قىل-غۇچى ياسىسىپ قوشۇمچىلاردىن بىرىدۇ. "-ما" قوشۇمچىسى پېئىللار-نىڭ ئاساسىغا ئۇلىنىپ، ئىش-ھەرىكەت نەتىجىسىدە پەيدا بولغان بىرەر بەلگە-خۇسۇسىيەتنى ئىپادىلىگۈچى سۈپەتلەرنى ھاسىل قىلىدۇ؛ مەسىلەن: كوچمە قىزىل تۇغ، پۈكلىمە مىلتىق، ئاسما كۆۋ-رۈك، قايتۇرما كېزىك، توقۇما فابرىكا، بويىما چاپان، كوتەرمە ئاش-پۇزۇل ۋە باشقىلار.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سۈپەت ياسىغۇچى ئاساسىي قوشۇم-چىلار مانا مۇشۇ يۇقۇرىدىكىلەردىن ئىبارەت. لېكىن بۇلاردىن تاش-قىرى پۈتكۈل ئۇز تارىخىدا ساناقلىق سوزلەرنىلا ھاسىل قىلىپ، تەرەققى قىلىنماي قالغان ئايرىم ئۇنۇمسىز قوشۇمچىلار بار. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: -غۇر، -گۈر، -قۇر، -كۈر — ئۈتكۈر، تاپقۇر، سەزگۈر، ئۇچقۇر، ئالغۇر؛ -ئىلداق (-ئىل-دا-ق)؛ -ئىلدەك (-ئىل-دە-ك)، -ئۇلداق (-ئۇل-دا-ق)؛ ئۇلدەك (-ئۇل-دە-ك) — چاكىلداق ۋاژىلداق، دۇقۇلداق، چىكىلدەك؛ -چىل — ئەپچىل، ئىزچىل-غىن، -گىن-قىن-كىن — كەسكىن، قىزغىن.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ھەر خىل مەدەنى ئالاقە-قاتناش-لار نەتىجىسىدە باشقا سىستېمىلىق تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بار. مۇنداق قوشۇمچىلارنىڭ ھەممى-سىگە خاس ئومۇمى بىر خۇسۇسىيەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلار ئاساسەن مانا شۇ چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سوزلەر تەركىۋىدىلا ئۇچرايدۇ. شۇڭلاشقا ئەسلى ئۇيغۇر سوزلىرىگە بۇنىڭدەك قوشۇمچى-لار ئۇلىنىپ پەيدا بولغان سۈپەتلەر ناھايىتى ئاز. باشقا سىستېمىلىق تىللاردىن كىرگەن قوشۇمچىلار سۈپىتىدە "-ئىي، -ئي، -ۋىي" ۋە ئىران تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن "بى-، نا-، بە-" سوز ئالدى

قوشۇمچىلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن.

1. "-ئىي-ئى، -ۋىي" قوشۇمچىلىرى بىرەر شەخس ياكى نەرسىنىڭ سۆز ئاساسىدا ئىپادىلەنگەن شەخس ياكى نەرسىگە تېگىشلىك، مۇناسىۋەتلىك ياكى ئۇنىڭغا خاس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ھاسىل قىلىدۇ؛ مەسىلەن: ئەدىبىي ئەسەر، سەمىمىي دوستلۇق، تەبىئىي بايلىق، ئىلمىي ئىش، تارىخىي ۋەقە ۋە باشقىلار.

"ئىي، -ئى، -ۋىي" قوشۇمچىسىنىڭ ئاڭلىتىدىغان مەنىسى مەلۇم دەرىجىدە "-لىق" قوشۇمچىسىنىڭ مەنىسىگە يېقىن. مۇنداق ھالدا ئۇلار بەزىدە بىر بىرىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىۋېرىشى مۇمكىن؛ مەسىلەن: پارتىيىۋىي — پارتىيىلىك، خىمىيىۋىي — خىمىيىلىك.

2. "بى-، نا-" سۆز ئالدى قوشۇمچىلىرى، خۇددى "-سىز" قوشۇمچىسى ئوخشاش، ئاساستا ئىپادىلەنگەن نەرسە ياكى ئۇقۇمنىڭ يوقلۇق بەلگىسىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ھاسىل قىلىدۇ؛ مەسىلەن: بىئارام، بىئەدەپ، بىپەرۋا، بىگۇنا، بىھۇدە، بىخەۋەر، ناتوغرا، نائىلاج، نالايىق، ناھەق، نارازى ۋە باشقىلار.

"بى-، نا-" سۆز ئالدى قوشۇمچىلىرىنىڭ ئاڭلىتىدىغان مەنىسى، "سىز" قوشۇمچىسىدىن تاشقىرى، گايىدا "ئەمەس، يوق" سۆزلىرى بىلەنمۇ بېرىلىشى مۇمكىن؛ مەسىلەن: ناتوغرا — توغرا ئەمەس، نائىلاج — ئىلاج يوق، نارازى — رازى ئەمەس، نالايىق — لايىق ئەمەس ۋە باشقىلار.

3. "بە-". ئۇيغۇر تىلىدا ساناقلىق سۆزلەر تەركىۋىدىلا ئۇچراپ، سۈپەت ياسىغۇچى "-لىق" قوشۇمچىسىغا ئوخشاش، ئاساستا ئىپادە قىلىنغان نەرسىگە ئىگىلىكنى بىلدۈرۈش مەنىسىنى ئاڭلىتىدۇ؛ مەسىلەن: بەدۆلەت، بەقۇۋۋەت ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# رۇس تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۈپەتلەر مەسىلىسى ھەققىدە

مەلۇمكى، ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى جەھەتتىن تازا سۈپەت دەپ تونۇلىدىغان رۇس سۆزلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يوق. ئومۇمەن ئىسىملاردىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ بارلىغى دىگۈدەك بىرەر كونكرېت مەنىنى ئىپادىلەيدىغانلىغى ئۈچۈن، ئۇلار بىر تىلدىن ئىككىنچى بىر تىلغا ئۆتۈپ سىڭىشىپ كېتەلمەيدۇ. لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا رۇس تىلىدىكى ئىسىملاردىن ياسالغان سۈپەتلەرنىڭ مەنىسىنى بىرىشتە مۇناسىۋەتلىك ئىسىملارغا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆز ئەسلى قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ پايدىلىنىمىز. رۇس سۆزلىرىنىڭ ئاساسىدا ئۇيغۇرچە قوشۇمچىلار ئارقىلىق سۈپەت ھاسىل قىلىش ئەڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇللاردىن بىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ؛ مەسىلەن: ئىستۇدېنتلىق ھايات، تالانتلىق يازغۇچى، رايونلۇق كومىتېت، رېسپۇبلىكىلىق يىغىن، پېداگوگىكىلىق ئىنستىتۇت؛ لامپىسىز. ترامۋايسىز، پەلتۇچان، كېپكىچان، گىمناستۇركىچان ۋە باشقىلار.

ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن ئاساسەن رۇس تىلىنىڭ ئىجابىي تەسىرى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا سۈپەتلەرگە باغلىق نۇرغۇنلىغان يېڭى ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەر پەيدا بولدى. لېكىن مۇنداق يېڭى ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەرنى ئىپادە قىلغۇچى رۇس تىلىنىڭ سۈپەتلىرىنى پۈتۈنلەي مورفولوگىيىلىك تۈزىلىشى، يەنى تومۇر ھەم سۆز ياسىغۇچى ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلىرى بىلەن قوبۇل قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى سۈپەتلەر بىر تىلدىن ئىككىنچى بىر تىلغا يۆتكىلىشكە ناھايىتى چوڭ قارشىلىق كۆرسىتىدىغان ئەڭ تۇراقلىق كاتېگورىيىلەردىن بىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. بۇنىڭدىن

تاشقىرى، رۇس تىلىدىكى سۆپەتلەرنىڭ ئاگلىتىدىغان مەنىسىنى مۇناسىۋەتلىك سوزلەر ئاساسىغا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس سۆپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەش ھەممىلا ۋاقىتتا مۇمكىن بولىۋەرمەيدۇ. سەۋەبى ئەسلى ئۇيغۇرتىلى قوشۇمچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا مەلۇم بىر دائىرىدىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەنە ئاگلىتىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر تىلىدا ئىلگىرى بولمىغان ۋە جەمىيەت ھاياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كېيىن پەيدا بولغان ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەرنى، جۈملىدىن رۇس تىلىدىكى نۇرغۇنلىغان سۆپەتلەرنىڭ ئاگلىتىدىغان مەنىسىنى تولۇق ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ. مەسىلەن، رۇسچە: "ئاكتىپنى" "پاسسىپنى" "كوممۇنالنىي" دىگەن سۆپەتلەرنىڭ ئاگلىتىدىغان مەنىسىنى ئۇلارنىڭ قوشۇمچىلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، بىرەر ئۇيغۇرچە قوشۇمچە بىلەن ھاسىل قىلىشقا بولمايدۇ.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ زامان تەلىۋىگە لايىق بېيىش، تەرەققى قىلىش ئەرزىدىن تۇغۇلغان بۇ ئەھۋال ئۆز نۆۋىتىدە سوز ياساش ساھەسىدە بەزىبىر يېڭى قانۇنىيەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بۇ ئارىدا رۇس تىلىدىكى كوپلىگەن سۆپەتلەرنىڭ مەنىسىنى ئۇيغۇر تىلىدا ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ تۇۋەندىكى ئىككى يولىنى كورسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن. بىرىنچىدىن، رۇس تىلىدا ئىسىمدىن ھاسىل بولغان سۆپەتلەرنى سوز ياسىغۇچى ھەم سوز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلىرىدىن مەھرۇم قىلىپ يېڭىۋاشتىن ئىسىمغا ئايلاندۇرىمىز-دە، ئۇنى سۆپەت ئورنىدا ئېنىقلىغۇچى خىزمىتىدە قوللىنىمىز. يېڭىۋاشتىن ئىسىمغا ئايلانغان سوز (يەنى ئېنىقلىغۇچى خىزمىتىنى ئاتقۇرىدىغان مەزكۇر رۇس سوزى) قوشۇمچىسى يوشۇرۇنغان ئىگىلىك كېلىش شەكلىدە، ئەمدى ئېنىقلانغۇچى سوز بولسا ئىگىلىك قوشۇمچىسىنىڭ ئۈچىنچى شەخسىدە تۇرىدۇ؛ مەسىلەن: Советская Литература — سوۋېت ئەدەبى-

ياتى، Московский поезд — موسكۋا پويىزى، партийный съезд — پارتىيە سېيىزى، заводской комитет — زاۋۇد كومىتېتى، Электрическая лампа — ئېلېكتر لامپىسى، Объединенная Арабская республика — بىرلەشكەن ئەرەپ رېسپۇبلىكىسى ۋە باشقىلار.

ئېنىقلىغۇچى سۈپەت ۋە ئېنىقلانغۇچى ئىسىم شەكلىدىكى تۈزۈلىشنى كېرەك يېرىدە باغلىغۇچى شەكىلدە قوللىنىش (مەسىلەن: جەمىيەتلىك ئىش — جەمىيەت ئىشى، شەھەرلىك ئادەم — شەھەر ئادىمى ۋە باشقىلار) ئۇيغۇر تىلىدا ئىلگىرىدىن بېرى بار. لېكىن بۇ ئامال رۇس تىلىدىكى سۈپەتلەرنى ئۇيغۇرچە ئىپادە قىلىش مۇھتاجلىقىغا قاراپ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆز ۋەزىپىسىنى بۇرۇنقىسىغا نىسبەتەن تېخىمۇ ئاكتىپلاشتۇرغانلىقى ئوچۇق كورۇندۇ.

ئىككىنچىدىن، رۇس تىلىدا ئىسىملاردىن ‑альн‑, ‑уальн‑, ‑онн‑, ‑тивн‑, ‑ивн‑. ‑ональн‑ قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ياسالغان سۈپەتلەر ئۇيغۇر تىلىدا قىسقارتىلغان هالدا مۇنۇ تۈردە بېرىلىدۇ: гениальный — گېنىئال، горизонталбный — گورىزونتال، индустриалный — ئىندۇستريال، инструментальный — ئىنسترۇمېنتال، интернациональный — ئىنتېرناتسىئونال، колониальный — كولونىئال؛ профессионалный — پروفېسسونال، объективный — ئوبيېكتىپ، агрессивный — ئاگرېسسىپ، реакционный — رېاكسىون، революционный — رېۋولىيۇتسىون ۋە باشقىلار.

ئالدىنقى پونكىتتا كورسىتىلگەن سوزلەرگە نىسبەتەن ئۇيغۇر تىلىدا قىسقارتىلىپ ئىشلىتىلىدىغان مەزكۇر سوزلەرنىڭ پەرقى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلار رۇس تىلىدا مۇستەقىل قوللىنىلمايدۇ: مەسىلەن: گېنىئال، ئاكتۇئال، پروگرېسسىۋ، ئىنتېنسىۋە رېئاكسى‑

ئون، رېۋوليۇتسىئون ۋە باشقىلار. لېكىن بۇ سۆزلەر ھەرقانداق كىشىنىڭ ئاڭ-سېزىمىدا تىلدىكى ئوخشاشلىق قانۇنى ئاساسىدا (يەنى يۇقۇرىدىكى ئۇسۇل بويىچە) رۇس تىلىدىكى سۆپەتلەرنىڭ ئۇيغۇرتىلىدا ئىسمىغا ئايلانغان شەكلى دەپ پەرەز قىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ سۆزلەر تىلىمىزدا پەقەت ئېنىقلىغۇچى رولىنى ئاتقۇرىدىغان ئىسىملار بولغان ھالدىلا قارىلىشى لازىم. قىسقارتىلىپ قوللىنىلىدىغان مۇنداق سۆزلەرنى قانداقتۇ بىر ”-ئىۋ، -ل، -ئال، -ئىئون“ قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ياسالغان سۆپەتلەر دەپ قاراش ھەقىقەتتە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

ическ-ий قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان سوۋېت-ئىنتېرناتسىئونال سۆزلىرىنىڭ مەنىسى ئۇيغۇر تىلىدا ئاساسەن ”-لىق“ قوشۇمچىسى بىلەن بېرىلىدۇ؛ مەسىلەن: фонетический — فونېتىكىلىق، Грамматический — گىراماتىكىلىق، анатомический — ئاناتومىيىلىك ۋە باشقىلار. لېكىن بولۇپمۇ ئۆزبېك تىلىنىڭ تەسىرىدىن ئۇيغۇر تىلىدىكى ئايرىم سۆزلەر كوممۇنىستلىق دېيىش ئورنىغا كوممۇنىستىك، سوتسىيالىستلىق دېيىش ئورنىغا سوتسىيالىستىك، ئىدېئالىستلىق دېيىش ئورنىغا ئىدېئالىستىك، ھەتتا گىراماتىك، فونېتىك، لېكسىك، سىنتاكتىك، ئاكادېمىك بولۇپ يېزىلىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ ئايرىملىرىنى ئادەتلىنىپ قالغانلىقتىنلا ”-لىق“ قوشۇمچىسىز سوتسىيالىستىك، كاپىتالىستىك شەكلىدە قوللىنىش مۇمكىن. ئەمما بۇ سۆپەتلەرنى دەل مۇشۇ تۈردە قوبۇل قىلىش ھەم نەزىرىيىلىك، ھەم پىراكتىكىلىق نوقتىنەزەردىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەبىئىتىگە يوچۇن ھالدۇر.

## سۆپەتلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق يول بىلەن ياسىلىشى

سۆز ھاسىل قىلىشنىڭ سىنتاكسىسلىق ئۇسۇل بويىچە ياسالغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە تارقاتقۇچىسى

سۈپەتلەرنى، ئۆزلىرىنىڭ تۈزىلىش ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ، ئۈچ تۈرگە بولۇش مۇمكىن:

1) ئىككى، گايىدا ئۈچ سۆزنىڭ قاتار قوللىنىلىشى ئارقىلىق ياسالغان قوشما سۈپەتلەر؛ 2) قوش سۈپەتلەر؛ 3) بىرىككەن سۈپەتلەر.

1. مۇرەككەپ سۈپەتلەرنىڭ ئىچىدە قوشما سۈپەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ناھايىتى ئۈنۈملۈكلىكى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چۈشىدۇ. تەركىۋى قىسىملىرىنىڭ سۆز تۈركۈملىرىگە تېگىشلىك بولۇپ كېلىشى يېقىدىن ئېلىپ قارىغاندا، قوشما سۈپەتلەر تۆۋەندىكى تۈرلەرگە ئىگە:

ئا) سۈپەت+ئىسىم+لىق (-لىك، -لۇق، -لۈك). مەسىلەن: قارا قاشلىق، سومبۇل چاچلىق. ئورە ياقىلىق، يېشىل سىرلىق، ئۇزۇن يىللىق، كۆك چىمەنلىك ۋە باشقىلار.

ئە) ئىسىم+ئىسىم+-لىق. مەسىلەن: كۆز ئەينەكلىك، سېغىز تۇپىلىق، بۇغداي ئۆڭلۈك، قىر بۇرۇنلۇق، بوتا كۆزلۈك، كەكە ساقاللىق ۋە باشقىلار.

ب) سان+ئىسىم+-لىق، مەسىلەن: ئىككى تۈرلۈك، ئۈچ كۈنلۈك، بەش يىللىق، قوش ئىتەكلىك، توت موتۇرلۇق، ئونبەش تاشلىق (سائەت)، بىر ئايلىق ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر تىلىدا قوشما سۈپەتنىڭ بۇ تۈرلىرى ناھايىتى نۇرغۇن ئۇچرايدۇ.

ۋ) ئىسىم+ئىسىم. مەسىلەن: ئىلان باش، ھاۋا رەڭ، بېغىررەڭ، خۇمار كۆز، تاش بېغىر، قاپاق باش، كاۋا قوساق، كەكە ساقال، قوشماقاش، بۇقا بويۇن ۋە باشقىلار.

گ) سۈپەت+سۈپەت. مەسىلەن: توق قىزىل، ئاچ سېرىق، ئالا يېشىل، كۆك تاغىل، كۆك ئالا، قارا قويۇق ۋە باشقىلار.

د) سۈپەت+ئىسىم. مەسىلەن: ئالا قول، ئاق كۆڭۈل، كۆك كۆز، شور تۇمشۇق، قارا كۆز، ئاچ كۆز ۋە باشقىلار.

ئې) ئىگىلىك قوشۇمچىسىنىڭ ئۈچىنچى شەخستە تۇرغان ئىسىم+سۈپەت. مەسىلەن: چىچى ئۇزۇن، كۆڭلى توق، قولى ئوچۇق، نىيىتى ياخشى، بويى ئۇزۇن، قولى قىسقا، سۆزى شىرىن، قىلىغى تاتلىق، خورىگى چوڭ، مۇشتۇمى زور ۋە باشقىلار.

2. ئۇيغۇر تىلىدا قوش سۈپەتلەر مۇرەككەپ سۈپەتلەرنىڭ مەلۇم قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

ئا) كۈچەيتكۈچ بوغۇملۇق قوش سۈپەتلەر. مەسىلەن: قىپ-قىزىل، كۆپ-كۆك، ساپ-سېرىق، قاپ-قارا، ئوپ-ئوچۇق، ئاپپاق، سۈپ-سۈزۈك، ئىپ-ئېگىز، ساپ-سالقىن، ئۇپ-ئۇزۇن ۋە باشقىلار.

ئە) تەكرارلانما قوش سۈپەتلەر. مەسىلەن: ياخشى-ياخشى، ئۇزۇن-ئۇزۇن، پاكا-پاكا، پاكىزا-پاكىزا، تۈرلۈك-تۈرلۈك، ئۇششاق-ئۇششاق، ئاپپاق-ئاپپاق، كۆك-كۆك، كىچىك-كىچىك ۋە باشقىلار.

ب) تەركىۋىي قىسىملىرى ئۆزئارا سىنونىم ياكى قارىمۇ-قارشى قوش سۈپەتلەر. مەسىلەن: ئەگرى-دوناي، سۈرلۈك-دەھشەتلىك، چوڭ-كىچىك، ئېگىز-پەس، ياخشى-يامان، ئاق-قارا، ئىسسىق-سوغ، بېخىل-پېخسىق، ئېغىر-يېنىك، تۈرلۈك-تۈمەن ۋە باشقىلار.

ۋ) تەركىۋىي قىسىملىرىنىڭ بىرى مۇستەقىل مەنىگە ئىگە ئەمەس قوش سۈپەتلەر. مەسىلەن: چالا-بۇلا، تارتاپچۇق، كالتا-كۇلتا، ئوي-دوڭغۇل، تاتۇق-ساتۇق، مايتۇق-سايتۇق ۋە باشقىلار.

3. تىلىمىزدا، يۇقىرىدا ئېيتىلغانلاردىن تاشقىرى بىرىككەن

www.uyghurkitap.com

سۈپەتلەرمۇ بار. لېكىن ئۇلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: خاپانباش، قارىچىلان، ئالىجاناپ، ئالىقانات (ئادەم)، قىزىلماي (ئات)، ئارىسالدا، ئەستايىدىل، ۋەتەنپەرۋەر، ئىنسانپەرۋەر، تىنچلىقپەرۋەر، ئالەمشۇمۇل ۋە باشقىلار.

## سۈپەتلەرنىڭ ئىسىملىشىشى

ئىسىم بىلەن سۈپەتلەرنى بىر بىرىدىن پەرق قىلىشتىكى ئەڭ ئاساسىي ئۆلچەم ئۇلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. تىلىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان سۈپەتلەر مەلۇم شارائىتتا ئۆزلىرىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىدىن، يەنى نەرسىنىڭ بەلگە ـ خۇسۇسىيىتىنى ئىپادە قىلىش خۇسۇسىيىتىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، خۇددى شۇنداق بەلگە ـ خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان نەرسىنىڭ ئۆزىنى بىلدۈرۈپ كېلىشى مۇمكىن. مۇنداق سۈپەتلەر ئوبيېكتلىق مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئىسىم تۈركۈمىدىكى سۆزلەر قاتارىغا يۆتكىلىدۇ، يەنى ئىسىملىشىدۇ. مەنە جەھەتتىن يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە ئىسىملاشقان سۈپەتلەر ئىسىملارنىڭ ھەممە تۈرلىنىش سىستېمىسىنى، گىرامماتىكىلىق خىزمىتىنى ئۆزىگە قوبۇل قىلىدۇ. دېمەك، ئۇلار كېلىش، كوپلۇك ۋە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن ئادەتتىكىچە تۈرلىنىدۇ، جۈملىدە ئاساسەن ئىگە ياكى تولدۇرغۇچى خىزمىتىنى ئاتقۇرىدۇ. مەسىلەن: ياخشىغا ئىشارەت، يامانغا جۇۋالدۇرۇز. (ماقال.) سىپايە سىرىنى يوشۇرماس، پۇچۇق ــ بۇرنىنى. (ماقال.) تەلەيسىزگە سۇ كەلسە، سۇ بېشىدىن يار ئالار. (ماقال.) بىلمىسىزگە ئىش يوق، ئىشسىزغا ــ ئاش. (ماقال.) كونا يېڭىنى ساقلايدۇ. (ماقال.)

ئىسىم كاتېگورىيىسىگە ئۆتكەن سۈپەتلەرگە خاس بىر ئۆزگىچىلىك

شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلارنىڭ ئومۇمى لېكسىكىلىق مەنىسى تارى-
يىدۇ ۋە كونكرېتلىشىدۇ. تازا سۈپەت تۈرلۈك-تۈرلۈك نەرسە ۋە
چۈشەنچىلەرگە تېگىشلىك ساپانى ئومۇمەن، ئابستراكىت ھالدا كور-
سىتىدۇ؛ مەسىلەن: ئاق قەغەز، ئاق كوينەك، ئاق ئالما، ئاق كەپتەر،
ئاق تېرەك، ئاق مونچاق، ئاق ئىت ۋە باشقىلار. بۇ ئىبارىلەردە
تەكرارلانغان "ئاق" دىگەن سۈپەتنىڭ مەنە دائىرىسى ناھايىتى كەڭ
ۋە خىلمۇ-خىلدۇر. مەزكۇر سۈپەت ئىسىملارغا ئايلىنىش بىلەن
نەرسىلەرنىڭ ساپاسىنى ئومۇمى ھالدا بىلدۇرمەي، بەلكى پەقەت
شۇنداق ساپاغا ئىگە بولغان كونكرېت شەيئىنىلا ئىپادە قىلىدۇ.
"ئاق" سوزى ئۇيغۇر تىلىدا قىسمەن "سۈت-قېتىق" دىگەن بىرلا
نەرسىنى بىلدۇرىدۇ① مەسىلەن: ئاق بار ئۆيدە بەرىكەت بار (ماقال.)
خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، "ياخشى" دىگەن سۈپەتمۇ نۇرغۇنلى-
غان مەنە ئاھاڭلىرىغا ئىگە: ياخشى ئىش، ياخشى ئات، ياخشى پىكىر،
ياخشى كونسېرت ۋە باشقىلار. لېكىن ئۇ ئىسىملاشقاندىن كېيىن
ئاساسەن "ياخشى ئادەم" دىگەن بىرلا كونكرېت مەنە ئاڭلىتىدۇ.
بۇنى تۆۋەندىكى مىساللاردىن كورۇش مۇمكىن: ياخشىدىن ئات
قالىدۇ، ياماندىن — دات، (ماقال.) "ياخشى كورگىنىنى ئېيتار،
يامان — يىگىنىنى" (ماقال.) ياخشى جەڭدە، ھورۇن كاڭدا. (ماقال.)
ياخشىنى ياندا شتۇر، يامانىنى ئاداشتۇر. (ماقال.) ياخشى بىلەن يول-
داش بولساڭ، يېتەرسەن مۇراتقا، يامان بىلەن يولداش بولساڭ،
قالارسەن ئۇياتقا. (ماقال.)
سۈپەتلەرنىڭ ئىسىمغا ئايلىنىش دەرىجىسى بىردەك ئەمەس. بۇ

① "ئاق" بۇنىڭدىن تاشقىرى كوزنىڭ ئېقى، تۇخۇمنىڭ ئېقى، كونتررى-
ۋولىيۇتسىئونېر (مەسىلەن: قىزىللار ئاقلارنى يەڭدى) مەنىلىرىدىمۇ قوللىنى-
لىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

جەريانىنى ئاساسەن ئىككى هالدا كورۇشكە بولىدۇ.

1. بەزىبىر سۈپەتلەر ئىسىملىشىش نەتىجىسىدە زامانىمىز ئۇتتۇشى بىلەن ئىسىم بولغان هالدا مۇستەقىللىككە ئىگە بولغان. دېمەك، مۇنداق سوزلەر هەم سۈپەت، هەم ئىسىم كاتېگورىيىلىرىگە بىردەك تېگىشلىك بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: كوك — كوك كوينەك (سۈپەت)، مال كوككە تويىدۇ (ئىسىم)، قىزىل — قىزىل ئالما (سۈپەت)، بالىغا قىزىل چىقتى (ئىسىم)، هەربى — هەربى خىزمەت (سۈپەت)، هەر-بىلەر سەپكە تىزىلدى (ئىسىم) ۋە باشقىلار. سېمانتىكىلىق تەرەققىيات قانۇنى بويىچە هەم سۈپەت، هەم ئىسىم بولۇپ قېلىپلاشقان مەزكۇر سوزلەرنىڭ مەنىلىرى لوغەتلەردىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

2. سۈپەتلەرنىڭ بىسىم كوپچىلىكى جۈملە ئىچىدە مەلۇم تىل قانۇنلىرىغا ئاساسەن ئىسىملارنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىپ، ئىسىملىشىدۇ. لېكىن ئىسىملىشىشنىڭ ئەڭ ئومۇملۇك يولىنى تەشكىل قىلىدىغان مۇنداق سۈپەتلەرنىڭ ئىسىمغا ئايلىنىش دەرىجىسى ئاساسىي بىر شارائىتنىڭ ئەتراپىدا چەكلەنگەن. سۈپەتلەرنىڭ ئىسىملاشقانلىقىنى كورسىتىدىغان بىردىن-بىر شارائىت جۈملىدىن ئىبارەت. ئەگەر ئىسىمغا ئايلانغان مۇناسىۋەتلىك سۈپەتنى جۈملىدىن بولەك ئېلىپ قارايدىغان بولساق، ئۇ ئوزىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى جەهەتتىن سۈپەت پېتىچە قېلىۋېرىدۇ. دېمەك، جۈملە ئىچىدە ئىسىملاشقان سۈپەتلەرنىڭ مەنىسى تۇراقلىق ئەمەس. مۇستەقىل مەنىگە ئىگە بولۇپ رەسىملەشمىگەن مۇنداق سوزلەر لۇغەتتە ئىسىم بولغان هالدا بېرىلمەيدۇ؛ مەسىلەن: ئىگىزنىڭ ئاچچىقى كەلگىچە، پاكارنىڭ جېنى چىقار. (ماقال.) ياخشىنى ماختىساڭ، يارىشىدۇ، يامانىنى ماختىساڭ، ئادىشىدۇ. (ماقال.) ئەقىلسىز بىلەن پولويىسىگىچە، ئېقىللىق بىلەن تاش توشۇ. (ماقال.) ۋە باشقىلار.

سۈپەتلەرنى ئىسىملىشىشقا ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ ئاساسى ئامىل،

بىرىنچىدىن، ئومۇمەن سوزنىڭ كوپ مەنىلىك بولۇپ كېلىشكە مايىللىقىدىن ئىبارەت. سۇپەتلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى ھەرقانداق سوز ئۇزىنىڭ سېمانتىكىلىق تەرەققىياتى نەتىجىسىدە بارا-بارا بىر نەچچە مۇستەقىل مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. ھەتتا بىر سوزنىڭ ئىككى تۇرلۇك مەنىسى ۋاقىت ئوتكەنسېرى بىر بىرىدىن شۇنچە يىراقلاپ كېتىدۇكى، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى بىر چاغلاردا ئىككى تۇرلۇك مەنە ئاڭلاتقان بىر سوز بولغانلىقىنى بىلىش قىيىنغا چۇشىدۇ. خۇددى مۇشۇ يول بىلەن تىلدا ئومونىملارمۇ پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: ئوي — 1) ئويماق پىيىلنىڭ بۇيرۇق تۇرى، 2) ئوي ئويلىماق دىگەنىدىكى ئىسىم. كوچ — 1) كوچمەك پىيىلنىڭ بۇيرۇق تۇرى، 2) كوچ كوچتى دىگەنىدىكى ئىسىم ۋە باشقىلار.

يۇقۇرىدا، بىرىنچى پونكىتتا قارالغان سۇپەتلەرمۇ (ئاق، كوك، قىزىل، ھەربى ۋە باشقىلار) مانا مۇشۇ سېمانتىكىلىق تەرەققىيات نەتىجىسىدە ئىككى (گايىدا ئۇنىڭدىنمۇ ئوشۇق) مۇستەقىل مەنىلەرگە ئىگە بولغان كوپ مەنىلىك سوزلەردۇر. شۇڭلاشقا ئۇلار ھەم سۇپەت، ھەم ئىسىم بولۇپ قېلىپلاشقان.

سۇپەتنى ئىسىملىشىشقا ئېلىپ بارىدىغان ئىككىنچى بىر ئامىل تىلدىكى، مەيلى ئايرىم سوزلەرنى بولسۇن، مەيلى جۇملىلەرنى بولسۇن، قىسقارتىپ، ئىخچاملاپ ئېيتىش غەرىزىدۇر. ”ئېلىپ بار“ دىيىش ئورنىغا ”ئاپار“ ”ئېلىپ كەل“ دىيىش ئورنىغا ”ئەكەل“ ”ئېلىپ كەت“ دىيىش ئورنىغا ”ئەكەت“ دەپ قوللىنىش — ئادەتتىكى نەرسە. ”ناماشامگۇل“ دىگەن سوز ”ناماشامدا ئېچىلىدىغان گۇل“ دىگەن ئىبارىدىن قىسقارغانلىقى چوقۇم. جۇملە ئىچىدە ئىسىمغا ئايلانغان سۇپەتلەرنىڭ تەبىئەتىگە سەپسېلىش بىلەن شۇ نەرسىنى بايقاش مۇمكىنكى، مەزكۇر قىسقارتىپ، ئىخچاملاپ ئېيتىش غەرىزىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باغلىق ئېنىقلانغۇچى سۆز (يەنى ئىسىم) چۈشۈپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆبىېكتىلىق مەنىسى ئېنىقلىغۇچى سۆزگە (يەنى سۈپەتكە) يۈكلىنىدۇ. دېمەك، شۇ ئېنىقلىغۇچى سۆز جۈملە ئىچىدە ھەم ئىسىمنىڭ، ھەم سۈپەتنىڭ مەنىسىنى ئۆز بويىغا سىڭدۈرۈپ، ئىسىملىشىدۇ. ئاز سۆز بىلەن كۆپ مەنە ئاڭلىتىش غەرىزى بولۇپمۇ خەلق ماقال ۋە تەمسىل-لىرىگە بىردىن-بىر خاس خۇسۇسىيەتتۇر. شۇڭلاشقا ئىسىملاشقان سۈپەتلەرنى ئۇيغۇر خەلق ماقال ۋە تەمسىللىرىدىن ناھايىتى كۆپ ئۇچرىتىش مۇمكىن؛ مەسىلەن: **ياخشى** (ئادەم) نىڭ شاراپىتى، يامان (ئادەم) نىڭ كاساپىتى. **ياخشى**(نەرسە)نى كورمەك بار. چوڭ (كىشى) دىن ئاتا، كىچىك (بالا) دىن بالا. بورە قېرىسا، قويلۇقى (كۈچى) بار ۋە باشقىلار.

## سۈپەتلەرنىڭ جۈملىدىكى خىزمىتى

سۈپەتلەر نەرسىنىڭ سۈپىتىنى، يەنى رەڭگىنى، ساپاسىنى، تۈرلۈك بەلگە-خۇسۇسىيەتلىرىنى، ھەجمىنى، شەكلىنى، تەمىنى ۋە باشقى-لارنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى بولغانلىقتىن، ئۇلار جۈملىدە ئاساسەن ئېنىقلىغۇچى خىزمىتىنى ئاتقۇرىدۇ. مەسىلەن: چىرايلىق ياز كېتىپ، پېشىللىق دۇنياسى سېرىققا ئايلىنىدۇ. سىم-سىم يامغۇر، ئۇزۇن، قاراڭغۇ كۈز كېلىشى بىلەن، بىز مەھەللىدە بايىقى ئەسكى، قاراڭغۇ، زەي ئۆيىمىزدە... (ئو.م.) مېنىڭ ئاخىرقى يوپۇرماقنىڭ قانداق چۈشكىنىنى كورگۈم كېلىدۇ. ("ك.ت") خۇمداندىكى ئىگىز، سېرىق ياردىكى قۇشلار چىرىلدىشىپ، بىزنى قارشى ئالاتتى. (ئو.م.) ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئاغرىقچان ئانىسى، ئەلەتەك گۈلسۈمبۈۋى، مەڭگۈلۈك قاراڭغۇ كېچە ئىچىدە قالغان قارغۇ دەرا تاغا ئۆتكەندەك بولدى. (ھ.ئا.)

سۈپەتلەر جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپمۇ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن: كويدۇرسىمۇ كۈن ياخشى. (ماقال.) ئىشلىمىگەن ئەردىن تۇققان توخۇ ياخشى. (ماقال.) ئەمگەك قىلساڭ، يەر سېخى. (ماقال.) ئاستا ماڭغانمۇ ماڭغان، توختاپ قالغان يامان. (ماقال.) ئانا، نىمىشقا ئۇنداق ئۇ، ھاكىملارنىڭ ئۆيى چىرايلىق؟...(ئۇ.م.)

## سان

سان كاتېگورىيىسى ئۆزىنىڭ مەنىسى ۋە جۈملىدىكى خىزمىتى جەھەتتىن سۈپەتلەرگە بىر قەدەر يېقىن تۇرىدۇ. بۇ يېقىنلىق تولاراق ئۇلارنىڭ گراممانىكىلىق بەلگىلىرىدىن بايقىلىدۇ؛ سېمانتىكا جەھەتتىن ئۇلار ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە. مەسىلەن، سۈپەتلەر شەيئىنىڭ ساپاسىنى، تۈر-شەكلىنى، رەڭگىنى ۋە باشقا سۈپىتىنى ئىپادىلەيدىغان بولسا، سانلار شۇ شەيئىنىڭ سانىنى، مىقدارىنى، مولچېرى بىلەن ھېساۋىنى، رەتلىك تەرتىۋىنى كۆرسىتىدۇ. سۈپەتمۇ، سانمۇ تىل ئەمەلىيىتىدە ئاساسەن ئىسىم سۆزلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك قوللىنىلىدۇ: ياخشى ئادەم، ئەقىللىق ئادەم؛ بەش ئادەم، بىرىنچى ئادەم، ئۈچ-تۆت ئادەم ۋە باشقىلار.

تارىخىي خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئىنسان ھاياتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە كىشىلەر ئەتراپىدىكى جانلىق ۋە جانسىز شەيئىلەرنىڭ ھېساۋىنى پەقەت بارماقلارنىڭ ياردىمى بىلەنلا ساناپ بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىدى. بۇ ھەقتە ف.ئېنگېلسنىڭ تۆۋەندىكى پىكرى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر: "سان ۋە شەكىل چۈشەنچىلىرى ئاللىقەيەردىن ئەمەس، بەلكى رېئال دۇنيادىنلا ئېلىنغان. كىشىلەرنىڭ ساناشقا، يەنى بىرىنچى ئارىفمېتىك ھېساپ چىقىرىشقا ئۈگىنىشى ئۈچۈن ياردەم قىلغان ئون بارماق ھەرنەرسە بولۇشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇمكىن، لېكىن زادىلا ئاق ـ ئەقىلنىڭ ئەركىن ئىجات مەھسۇلى ئەمەس."①

مەشھۇر تەبىئەتشۇناس چارلىز داروىن ئۆزىنىڭ "بىگل نامىلىق ھەربى پاراخوتتىكى سەپەر" ناملىق ئەسىرىدە قەدىمقى ئاۋستىرالىيە خەلقلىرى ئۈچۈن بىر زامانلاردا ئۈچ دېگەن سۆزنىڭ نۇرغۇنلۇق، كۆپلۈك مەنىسىنى ئاڭلاتقانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتكەن ئىدى. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش "5" سانىمۇ تۈركىي خەلقلەر ئۈچۈن ساناش سىستېمىسىنىڭ ئەڭ "ئىگىز چوققىسى" بولغان.

تىل تەرەققىياتىنىڭ كېيىنكى بىر دەۋرلىرىدە تىلىنىڭ ئەمىلىي تەلەپلىرىگە ۋە ئۇنىڭ ئالاقە ۋەزىپىسىنىڭ كېڭىيىشىگە بىنائەن سان كاتېگورىيىسى پەقەت لېكسىكا ساھەسىدىلا ئەمەس، شۇنداقلا ئۇلار ساپا ئۆزگىرىشلىرىگە ئۇچرىغان. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، شۇنداقلا باشقا تۈركىي تىللاردا، 11، 12، 13، 14، 15، 41، 83 ۋە باشقا. دەپ ساناش مۇرەككەپ سانلار سىستېمىسىنىڭ نورمىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. لېكىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا ساناش سىستېمىسىنىڭ تامامەن باشقا تۈرى ئىشلىتىلگەن ئىدى. بۇنى 159 ـ بەتتىكى جەدۋەلدىن روشەن كۆرۈش مۇمكىن②.

ساناق سىستېمىسىنىڭ بۇ ساپا ئۆزگىرىشى ھازىرقى زامان تۈركىي تىللارنىڭ ھەممىسىدە بىردەك ئەمەس. ھەتتا بۇ قەدىمىي سىستېمىنى ساقلاپ قالغان سېرىق ئۇيغۇرلار تىلىدىمۇ خېلى ئۆزگىرىشلەر يۈز

① ف. ئېنگېلس «ئانتى ـ ديۇرىنگ» تاشكەنت، 1957 ـ يىل نەشرى، 53 ـــ 54 ـ بەتلەر.

② سېرىق ئۇيغۇرلار تىلىدا ساقلانغان بۇقەدىمقى ساناق سىستېمىسى س. ئې. مالوۋنىڭ «تۈركى تىللاردىكى ساناق ھەققىدە، تەكشۈرۈش» («ئاكادېمىك ن. يا. مارر»غا تەقدىم، 1935 ـ يىل نەشرى، 271 ـــ 277 بەتلەر) دېگەن ئەمگىكىدىن ھازىرقى يېزىق نورمىسىغا يېقىنلاشتۇرۇپ ئېلىندى.

| هازىرقى سىستېما | قەدىمىي سىستېما |
|---|---|
| 1 | 2 |
| ئون بىر "11" | پىر يىگىرمە |
| ئون ئالتە "16" | ئالت يىگىرمە |
| يىگىرمە "20" | ئىشكون ( <ئىشكي ئون)، يىگىرمە |
| يىگىرمە بىر "21" | پىر ئوتۇس |
| ئوتتۇز "30" | ئۈچۈن ( <ئۈچ ئون) |
| ئوتتۇز بىر "31" | ئۈچ ئون بىر ( <ئۈچ ئون پىر) |
| قىرىق "40" | توت ئون ( <توت ئون) |
| قىرىق ئۈچ "43" | توت ئون ئۈچ ( <توت ئون ئۈچ) |
| ئەللىك "50" | پىسئون |
| ئەللىك بىر "51" | پىسئون پىر |
| ئاتمىش "60" | ئالت ئون ( <ئالتى ئون) |
| يەتمىش "70" | يىت ئون |
| سەكسەن "80" | سەككىس ئون |
| توقسەن "90" | توقۇس ئون |
| يۈز "100" | يۈز |
| مىڭ "1000" | مىڭ |

بەرگەنلىگى مەلۇم. س. ئې. مالوۋنىڭ ئېيتىشچە سېرىق ئۇيغۇرلار تىلىدىكى قەدىمقى ساناش سىستېمىسى پەقەت 11 دىن 30 غىچە بولغان ساناقتا ساقلانغان.

## سانلارنىڭ لېكسىكا - سېمانتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى

سانلارغا خاس ئاساسىي لېكسىكا - سېمانتىكىلىق خۇسۇسىيەتنىڭ بىرى — ئۇلارنىڭ ئابستراكت مەنىگە ئىگە بولۇشى. سانلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پۈتكۈل تور ئادرېسى

مەنىسى پەقەت كونتېكستتا، بولۇپمۇ ئۇلار شەيئىلەرنى ئىپادىلىگۈچى سۆزلەر بىلەن گىراماتىكىلىق مۇناسىۋەتتە تۇرغاندىلا كونكرېتلىشىدۇ. مەسىلەن، جۈملىدىن بولغۇپ، ئالاھىدە قوللانغاندا، بەش، ئالتىنچى، يۈز دېگەن سانلار كونكرېت مەنىگە ئىگە ئەمەس. ئەكسىچە، مەزكۇر سۆزلەر: بەش قول بىردەك ئەمەس (ماقال.) ئالتىنچى ئايدا ئاغرىق يوق. (ماقال.)، يۈز تەڭگەڭ بولغىچە، يۈز ئوڭگەڭ بولسۇن. (ماقال.) دېگەن مىساللار تەركىۋىدە تۇرۇپ قول، ئاي، تەڭگە دېگەن نەرسىلەرنىڭ كونكرېت سانىنى، سان تەرتىۋىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىدىمۇ ئومۇمى ئابستراكتسىيەدىن كونكرېتلىق مەنىگە ئۆتىدۇ.

## سانلارنىڭ مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى

سانلار مورفولوگىيىلىك تەركىۋى، تۈزىلىشى ۋە ئىنىقلاش خىزمىتى جەھەتتىن بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

سانلار مەخسۇس سۆزلەر (بىر — 1، ئىككى — 2، ئۈچ — 3، بەش — 5، يۈز — 100، مىڭ — 1000) ۋە سۆز بىرىكمىلىرى (ئون بىر — 11، ئونبەش — 15، سەكسەن يەتتە — 87، توقسەن توققۇز — 99) ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلگەن مۇرەككەپ سانلار ئىككى تۈرلۈك ئۇسۇل بىلەن: 1) ئونلۇق سانغا بىرلىك سانلارنى (ئون+ئىككى)، يۈزلۈك سانغا ئونلۇق ۋە بىرلىك (يۈز+ئەللىك+ئۈچ)، مىڭلىق سانلارغا يۈزلۈك+ئونلۇق+بىرلىك (مىڭ+بەشيۈز+ئوتتۇز+بەش) سانلارنى ئۇلاپ قوشۇش ئارقىلىق؛ 2) ئونلۇق، يۈزلۈك، مىڭلىق ئوخشاش چوڭ سانلارنىڭ ئالدىدىن شۇ تەرتىپكە مۇۋاپىق بىرلىك (بىريۈز)، ئونلۇق+بىرلىك

(ئون+ئىككى+مىڭ)، يۈزلۈك+ئونلۇق+بىرلىك (بىر يۈز+ئەللىك+بىر+مىڭ)، مىڭلىق+يۈزلۈك+ئونلۇق+بىرلىك (بەش مىڭ+بىر يۈز+يىگىرمە+بىر+مىليون) سانلارنى قوشۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

سانلار، مورفولوگىيىلىك تەركىۋىگە قاراپ، تومۇر ۋە ياسالما، ئاددىي ۋە مۇرەككەپ بولۇپ بولۇنىدۇ. تومۇر سانلار: بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت، بەش، ئالتە، يەتتە، سەككىز، توققۇز، ئون، يىگىرمە، ئوتتۇز، قىرىق، ئەللىك، ئاتمىش، يەتمىش، سەكسەن، توقسەن، يۈز، مىڭ. ئەمما تارىخىي جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا، بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىككى مورفېمىدىن تۈزۈلگەن: سەكسەن (سەككىز ئون).

سانلار "-ىنچى، -لىغان // -لىگەن" ۋە ئايرىم سانلارغا ئۇلىنىدىغان "-ئەۋ (بىرەۋ)، -(ئى) لەن (ئىككىيلەن)" -ئەر (بىرەر)" ئوخشاش مورفولوگىيىلىك كۆرسەتكۈچلەرگە ئىگە. بۇ قوشۇمچىلار ئارقىلىق ياسالغان سانلار ياسالما سانلار تۈپىنى تەشكىل قىلىدۇ. تومۇر ۋە ياسالما سانلار ئاددىي سانلارنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاددىي سانلار ئاساسىدا مۇرەككەپ سانلار ھاسىل بولىدۇ ۋە ئۇلار مەلۇم قائىدە بويىچە ساناقنىڭ مۇرەككەپ سىستېمىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

سانلارغا قوشۇمچىلار ئۇلاش ئارقىلىق ۋە شۇنداقلا ھەرخىل ئانالىتىكىلىق يوللار بىلەن يېڭى سۆزلەرنى ھاسىل قىلىشقا بولىدۇ ۋە شۇلارنىڭ ھېساۋىغا باشقا سۆز تۈركۈملىرىمۇ بېيىيدۇ. مەسىلەن: بىراق، بىرەتولا، بىردىن، بىركىشى، بىرىكمە، بىرىكمەك، بىرىنچىلىك، بىرلىك، بىرەر-يېرىم، بىرەن-سەرەن، بىرتالاي، بىر ياقلىق، بىرتەرەپلىمە، بىرقىسما، بىرمۇنچە، يەنە بىر، بەزىبىر ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## سانلارنىڭ سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەتلىرى

سانلارنىڭ سىنتاكسىسلىق خىزمىتى ئۇلارنىڭ ئېنىقلىغۇچى ياكى ئىسىم مەنىسىدە تۇرۇشىغا باغلىق. ئېنىقلىغۇچى مەنىسىدىكى سانلار جۈملىدە دائىم ئېنىقلىغۇچى بولۇپ خىزمەت ئاتقۇرىدۇ ۋە ئۆزى ئېنىقلايدىغان سۆزدىن ئىلگىرى تۇرىدۇ. بەزىدە سان ئۆزىدىن كېيىنكى ئېنىقلىغۇچىنىڭ (ياكى ئېنىقلىغۇچىلارنىڭ) ئېنىقلىغۇچىسى بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. بۇ شارائىتتا پۈتۈن بىر قوشما سۈپەت ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: بەش تونىلىق (ماشىنا)، ئىككى قەۋەتلىك (ئۆي)، يەتتە يىللىق (پىلان) ۋە باشقىلار.

سانلار ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدىن تاشقىرى بەزىدە كونتېكستقا باغلىق جۈملىدە ئىگە ۋە پېئىللارنىڭ سانلىق ساپاسىنى، ھالىتىنى بىلدۈرۈپ، ھالەت، خەۋەر، تولدۇرغۇچى خىزمىتىنى ئاتقۇرۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئون بىر — تاق سان. يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس. (ماقال.) بېشىڭ ئىككى بولمىغىچە، مېڭىڭ ئىككى بولماس. (ماقال.) قىزنىڭ جېنى — قىرىق. (ماقال).

## سانلارنىڭ سېمانتىكا - مورفولوگىيىلىك تۈركۈملىرى

سانلارمۇ باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە ئوخشاش، لېكسىكا - سېمانتىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە مۇۋاپىق ئۆز ئارا بىرنەچچە تۈركۈمگە بولۇنىدۇ. لېكىن بۇ تۈپلار سان جەھەتتىن بارلىق تىللاردا بىرخىل ئەمەس. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىدا سان 7 تۈردىن ئىبارەت بولسا، قازاق تىلىدا — 6 تۈرلۈك، تاتار تىلىدا — 5 تۈرلۈك، قارايىم تىلىدا — 4 تۈرلۈك بولۇپ

بولۇنىدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبىنى ھەر بىر تىلنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئىزلەش لازىم. مەسىلەن، تاتار، قارايىم تىلىدا "-ئاۋ// -ئېۋ// -يېۋ// -ئوۋ// -يېۋ" فورمىسى ساناق سانلارنىڭ "1" دىن "10" غا قەدەر (بىرەۋ-ئوناۋ)، قازاق تىلىدا "1" دىن "7" گە قەدەر ئۇلانسا، ئۇيغۇر تىلىدا پەقەت "1" سانىغا (بىرەۋ) ئۇلىنىپ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئالماش مەنىسىگە ئىگە بولىدۇ. شۇنىداقلا ئۆزبېك تىلىدىكى "-تا (<تال: بىرتال)" قوشۇمچىسى (مەسىلەن: بىتتە، يېتتە) مەزكۇر تىللارنىڭ بىرىدىمۇ ئۇچرىمايدۇ.

سانلارنىڭ تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشىدىكى ھەرخىللىق ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى ئەسەرلەردىمۇ بايقىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سانلار لېكسىكا-سېمانتىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ 6 توپقا بۆلۈنىدۇ: 1) ساناق سان، 2) دەرىجە سان، 3) مۆلچەر سان، 4) توپلۇق سان، 5) ئوتاق سان ۋە، 6) كەسىر سان.

## 1. ساناق سان

ئەتراپتىكى ھەممە جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ پەقەت سانىنىلا، سانلىق مۆلچەرىنىلا كۆرسىتىدىغان سۆزلەرنى ساناق سان دەپ ئاتايمىز.

ساناق سانلارغا سانلىق ئۇقۇمنى، ھېساپنى ئىپادىلىگۈچى بىر، ئىككى، ئۈچ، ئون، ئونبەش، ئوتتۇز، ئەللىك، يۈز ئوخشاش سۆزلەر ياتىدۇ. ساناق سانلار، ئىپتىلىشىدىكى بەزى فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرنى ئېتىۋارغا ئالمىغاندا، تۈركى تىللارنىڭ بارلىقىغا ئوتاق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلار دەرىجىگە قاراپ، ئۆز ئارا بىرلىك سانلار (1، 2، 3، 4، 5، 6، 7، 8، 9)، ئونلۇق سانلار (10، 20، 30، 40، 50، 60، 70، 80، 90)، يۈزلۈك سانلار (100، 200، 300، 400، 500، 600، 700، 800، 900). مىڭلىق سانلار (1000، 2000، 3000، 4000، 5000، 6000، 7000، 8000، 9000، 10000، 100000) بولۇپ بولۇنىدۇ. ئەمىلىيەتتە تولاراق ئىشلىتىلىدىغان ساناق سانلارمۇ مانا مۇشۇلا①.

ساناق سانلار مورفولوگىيىلىك تۈزىلىشى جەھەتتىن چوڭ ئىككى توپقا بولۇنىدۇ: ئاددى ساناق سانلار ۋە مۇرەككەپ ساناق سانلار.

ئاددى ساناق سانلار. بۇ گۇرۇپپىنى تىلنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى نەزىرىدىن② ئايرىم گىراماتىكىلىق ئېلېمېنتلارغا بولۇنمەيدىغان ۋە بىر تۇتاش لېكسىكىلىق ئاساس سۈپىتىدە ھىس قىلىنىدىغان ئەينى ئۇيغۇر سوزلىرى تەشكىل قىلىدۇ.

ئاددى ساناق سانلار يۇقۇرىدا كورسىتىلگەن بىرلىك (1، 2، 3، 4، 5، 6، 7، 8، 9)، ئونلۇق (10، 20، 30، 40، 50، 60، 70، 80، 90)، يۈزلۈك (100)، مىڭلىق (1000) سانىنى ۋە "مىليون، مىليارت" سوزلىرىنى يەنى ھەممىسى بولۇپ 22 سوزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ سانلار ئاساسىدا ناھايىتى چوڭ، ھەتتا چەكسىز مۇرەككەپ سانلارنى ياساش مۇمكىن.

مۇرەككەپ ساناق سان. مۇرەككەپ ساناق سانلارنىڭ ھەممىسى ئاددى سانلارنىڭ بىر بىرىگە قوشۇلۇشىدىن ئانالىتىكىلىق ئۇسۇل

---

① بۇنىڭدىن خەلئارالىق "مىليون، مىليارت" ئوخشاش سانلار ئىشلىتىلمەيدۇ دىگەن پىكىر تۇغۇلماسلىغى كېرەك.

② ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتمىش، يەتمىش سوزلىرى تارىخەن "ئالت(ە)مىش، يەتت(ە) ـ مىش" مورفېمىلىرىدىن، شۇنداقلا "سەكسەن، توقسەن" سوزلىرى "سەككىز ـ ئون، توققۇز ـ ئون" سوزلىرىدىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئۇلار، "يىگىرمە، ئەللىك" سوزلىرىگە ئوخشاش، ھازىر بىر تومۇر بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

بىلەن ياسىلىدۇ. سان مەنىسىنىڭ مۇرەككەپلىشىشىگە باغلىق ساناق سانلارنىڭ تۈزىلىشىمۇ مۇرەككەپلىشىۋېرىدۇ. مەسىلەن: بەش مىليارت سەككىز يۈز توقسەن توققۇز مىليون ئۈچ يۈز ئەللىك مىڭ تۆت يۈز سەكسەن ئالتە — 5899350486. پەننىڭ مەخسۇس ساھەلىرىدە (ئارىفمېتىكا، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە ۋە باشقىلار.) بۇ سانلارنىڭ تەركىۋى ئون، يۈز، ھەتتا مىڭ، مىليون ھەسسە ئۇسۇشى مۇمكىن. بۇ شارائىتتا سانلارنىڭ ھېساپسىز بىر بىرىگە قوشۇلۇشى مەيدانغا كېلىدۇ.

ساناق سانلار ئىسىم سوزلەرنىڭ ئالدىدىن كەلگەندە، سانلىق ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ. ئۇلار ئېنىقلانغۇچى سوز بىلەن ھېچقانداق مورفولوگىيىلىك فورمىسىز ياندىشىش ئارقىلىق باغلىنىدۇ (مەسىلەن: بەش يىل).

ساناق سانلارنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىگى شۇكى، ئۇلار تىل ئەمەلىيىتىدە ئۇزىدىن كېيىن ۋە ئېنىقلانغۇچى ئىسىم سوزلەرنىڭ ئالدىدىن مەخسۇس ساناق سوزلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن: ئون تال ئالما، ئۈچ تۇپ ئورۇك، بىر قۇچاق ئوتۇن، تۆت غۇلاچ ئاغامچا ۋە باشقىلار. مىساللار: ئىككى جۇپ توخۇ بىلەن تۆت تال توخۇم ئىككى يۈز تەڭگە بولىدۇ دىگەنگە كىم ئىشىنىدۇ؟ (ن ئە ل.)
تاپقىنى گۈل كەلتۈرەر، تاپالمىغىنى — بىر باش پىياز... (فولك.)

ساناق سانلار باشقا سوزلەر بىلەن بەزىدە كېلىش قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق باغلىنىپ تۈرۈشى ۋە ھەرخىل گىراماتىكىلىق مەنە ئاڭلىتىشى مۇمكىن. مەسىلەن: "ئەخمەت بەش سائەتتە يېتىپ كېلىدۇ" دىگەن جۈملىدە بىر تۈرلۈك مەنە ئاڭلانسا، "ئەخمەت سائەت بەشتە يېتىپ كېلىدۇ" دىگەندە، ئىككىنچى تۈرلۈك مەنە ئاڭلىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ”بىر“ سۆزى ھەققىدە

”بىر“ تىلدا قوللىنىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ۋە كۆپ مەنىگە ئىگە سۆز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ باشقا سۆزلەر بىلەن تۈرلۈك سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە تۇرۇپ، ھەرخىل خىزمەت ئاتقۇرىدۇ.

1) ”بىر“ سۆزى كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆزىنىڭ كونكرېت لېكسىكىلىق (سانلىق) مەنىسىنى يوقىتىپ، ئومۇملىق ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: بىر يۇرتلۇق، بىر تۈرلۈك، بىر قىسما، بىر قاتار، بىر ئوبدان، بىر تال (زادى مەنىسىدە) ۋە باشقىلار. بۇ سۆز بىرىكمىلىرى ”بىر“ سۆزىنىڭ سانلىق مەنىسىدىن يىراقلىشىشى، ئابستىراكتسىيىلىشىشى نەتىجىسىدە تۇراقلىق خاراكتېرغا ئىگە بولىدۇ ۋە قوشما سۆزلەرنى ھاسىل قىلىدۇ.

2) ”بىر“ سۆزى ئىسىملىشىپ، ئىسىمغا خاس تۈرلۈك گىراماتىكىلىق فورمىلارنى قوبۇل قىلىش ۋە جۈملىنىڭ مۇستەقىل مۇچىسى بولۇش قابىلىيىتىگە ئىگە. مەسىلەن: بىرىگە نان قايغۇسى، بىرىگە — جان. (ماقال.) بىرى ئاخچا يىغسا، بىرى خالتا تىكەر. (ماقال.) بىرنىڭ كاساپىتى مىڭغا. (ماقال.) بۇ مىساللاردىكى ”بىر“ سۆزى كىشى، ئادەم دېگەن سۆزنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىپ، بەلگىسىز مەنە ئاڭلىتىدۇ. دېمەك، ئىسىملاشقان ”بىر“ سۆزى كۆپلۈك، ئىگىلىك ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

3) ”بىر“ سۆزى بەزىدە ھېچبىر كونكرېت لېكسىكىلىق مەنە ئاڭلاتماستىن، ئۆزى بىلەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بولغان سۆزنىڭ سان، ساپا، ئورۇن-ۋاقىت جەھەتتىن ئېنىقسىزلىقىنى ياكى ئومۇمى خاراكتېرغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا

ئۇنى "بەلگىسىزمۇچە" ياكى "بەلگىسىز ئالىدى قوشۇمىچە" دەپمۇ ئاتايدۇ. ئا. ن. كونونوۋنىڭ ئېيتىشىچە، بەلگىسىز مۇچىنىڭ مەنە ۋە خىزمىتى ئۇزى مۇناسىۋەتلىك سوزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى بىلەن مەھكەم باغلىق بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ سوز جۇملىنىڭ رايىغا قاراپ ھەم سان، ھەم ئېنىقسىزلىقنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: مەن بىركىشى بىلەن شېرىك بۇغداي تېرىماقچى بولغان ئىدىم. (ن ئە ل.) بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلمايدۇ، بىر — يامانلىق. (ماقال.)

4) "بىر" سوزى ھەر خىل سوزلەرنى، بولۇپمۇ، مۇرەككەپ سوزلەرنى، ھاسىل قىلىشتا سوز ياسىغۇچى قۇرۇلمىلىق ئېلېمېنت سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن: ھەر بىر، گايى بىر، بىردەم، بىرئاز، بىرمۇنچە، بىر تالاي، بىر خىل، بىرەر-يېرىم ۋە باشقىلار.

5) "بىر" سوزى بەزىدە جۇملىنىڭ باشقا مۇچىلىرى بىلەن گىراماتىكىلىق مۇناسىۋىتى يوق مودال سوزلەر سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ ۋە ئۇ شارائىتتا سوزلىگۈچىنىڭ ئوبيېكتقا سەلبىي ياكى ئىجابى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: بىر ئىشتىن قول بوشمايۋاتىدۇ. بىر پەيتى كېلىپ قالىدۇ-دە.

## 2. دەرىجە سان

ئۇرمۇشتىكى ھەرقانداق جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ مەلۇم بىر رەتتىكى، قاتاردىكى ساناش تەرتىۋىنى، دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان سانلار دەرىجە سان دەپ ئاتىلىدۇ.

دەرىجە سانلار ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان ساناق سانلارغا "ئىنچى" قوشۇمچىسىنى، سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان ساناق سانلارغا "-نچى" قوشۇمچىسىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: بىر-ىنچى، بەش-ىنچى، ئون-ىنچى، يۈز-ىنچى، ئالتە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نچى>ئالتە ـ نچى، يەتتە ـ نچى>يەتتە ـ نچى ۋە باشقىلار.

دەرىجە سانلار نەچچىنچى؟ قانچىنچى؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.

دەرىجە سانلار، سانلارنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاش، ئابستراكت مەنىگە ئىگە. لېكىن مەلۇم بىر رەتتىكى، قاتاردىكى شەيئىلەرنىڭ پەقەت بىرىنىلا ياكى ئىككىسىنىلا ئالاھىدە ئايرىپ، تەكىتلەپ كۆرسىتىش جەھەتتىن ئۇلار ھەرقاچان كونكرېتلىقنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: دىلبەر — بەشىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىسى. بۇ جۈملىدە دىلبەرنىڭ پەقەت بەشىنچى سىنىپنىڭلا (تۆتىنچىسىنىڭمۇ، ئالتىنچىسىنىڭمۇ ئەمەس) ئوقۇغۇچىسى ئىكەنلىكى ئالاھىدە تەكىتلىنىپ تۇرىدۇ. دېمەك، "بەشىنچى" دېگەن دەرىجە سانىنىڭ مەنىسىدە ئومۇملۇق ياكى تەخمىن ئاھاڭى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئەگەر ساناق سانلارنى قوشلاپ ئېيتىش ئارقىلىق بىز ئادەتتە تەخمىن، ئومۇملۇق مەنىنى ئاڭلاتساق (مەسىلەن، بەش ـ ئالتە) دەرىجە سانلارنى قاتار ئېيتقاندا، ئۇنداق مەنە ئاڭلانمايدۇ. مەسىلەن: مېھمانخانىدىكى نومۇرلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى — يىگىرمە سەككىزىنچى، يىگىرمە توققۇزىنچى نومۇرلار. بۇ مىساللاردىكى قاتار ئېيتىلغان دەرىجە سانلار باشقا نومۇرلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت شۇ ئىككى (28 ـ، 29 ـ) نومۇرنىلا بولۇشلىپ، كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى جەھەتتىن دەرىجە سانلارمۇ ئاددىي ۋە مۇرەككەپ بولۇپ كېلىدۇ. مۇرەككەپ دەرىجە سانلاردا "ـ ىنچى // ـ نچى" قوشۇمچىسى ئەڭ ئاخىرقى سانغا ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر مىڭ توققۇز يۈز ئاتمىش بەشىنچى يىل (1965 ـ يىل).

دەرىجە سانلار ئىسىملىشىش ئارقىلىق ئىگىلىك، كۆپلۈك ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن: گايىتنىڭ تۆت ئوغلى بار ئىدى. تۆتىنچىسى — مۇشۇ ئىسرائىل، ئۇ بۇ يىل ئەسكەر ـ

لىككە باردۇ. كەنجە قىزى — تۆرا بۇۋى بەشىنچىدە ئوقۇيدۇ.

دەرىجە سانلاردىن يېڭى سۆز ناھايىتى ئاز ياسىلىدۇ. ئىنقىلاپتىن كېيىنكى دەۋردىلا رۇس تىلىنىڭ تەسىرى بىلەن "بىرىنچى-لىك، ئىككىنچى-لىك" ئوخشاش سۆزلەر مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن: دۆلەتكە گۆش تاپشۇرۇشتا بىزنىڭ كولخوز بىرىنچىلىككە ئىگە بولدى.

## 3. مولچەرسان

ھەرقانداق جانلىق ۋە جانسىز نەرسىنىڭ سان-ھېساۋىنى دەل، توغرا ئەمەس، بەلكى تەخمىنەن كۆرسىتىدىغان سانلارنى مولچەرسان دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن: ئۈچ-تۆت كۈندىن كېيىن بىز يايلاققا كۆچىمىز.

بۇ مىسالدىكى "ئۈچ-تۆت" سۆزىنىڭ مەنىسىدىن ھېچبىر كونكرېتلىق ئاڭلانمايدۇ: يايلاققا كۆچۈش ئۈچ كۈندىن كېيىنمۇ ياكى تۆت كۈندىن كېيىنمۇ بىز ئۈچۈن ئېنىق ئەمەس؛ بىزگە پەقەت ئۈچىنچى كۈن بىلەن تۆتىنچى كۈننىڭ بىرىدە ياكى شۇ ئىككى كۈننىڭ داۋامىدا كۆچۈش مۇمكىن ئىكەنلىكىلا مەلۇم.

مولچەرسانلار قانچە؟ نەچچە؟ قانچىلىك؟ قانچىلاردا؟ نەچچىلەردە؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.

مولچەرسانلارنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەر ئىككى تۈرلۈك ئۇسۇل بىلەن ھاسىل بولىدۇ: 1) بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇسۇل، يەنى ساناق سانلارنىڭ ئاساسىغا مەخسۇس قوشۇمچىلارنى ئۇلاش ئارقىلىق، 2) ئانالىتىكىلىق ئۇسۇل، يەنى ئىككى ساناق ساننىڭ مەلۇم تەرتىپتە قوش سۆز سۈپىتىدە قاتار ئىشلىتىلىشى ئارقىلىق.

1) ئۇيغۇر تىلىدا مولچەرسانلار كۆپىنچە ساناق سانلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاخىرىغا ”-چە“① قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. لېكىن ”-چە“ قوشۇمچىسى ئارقىلىق ساناق سانلارنىڭ ھەممىسىدىن بىردەك مولچەرسان ھاسىل قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىم. تىل ئەمەلىيىتىدە مەزكۇر قوشۇمچە تولىسى ”چوڭ“ ۋە ”تولۇق“ سانلارغا ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن: بەشچە، ئونچە ئونبەشچە، يىگىرمىچە، ئوتتۇزچە، ئەللىكچە، يۈزچە، مىڭچە ۋە باشقىلار. لېكىن ئۇ، 1، 2، 9، 18، 21، 102، ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ”كىچىك“ ۋە ”ئارىلاش“ سانلارغا ئۇلانمايدۇ، يەنى تىل تەجرىبىسىدە، مەسىلەن: ”بىرچە“، ”ئىككىچە“، ”توققۇزچە“، ”ئون سەككىزچە“، ”يىگىرمە بىرچە“، ”يۈز-ئىككىچە“ تەخلىتىدە ئىشلىتىلمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەۋىنى، ئەلۋەتتە، ”-چە“ قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسىلىدىغان سانلارنىڭ سېمانتىكىسىدىن ئىزلەش لازىم. ھەقىقەتەنمۇ، بۇ سانلارنىڭ مەنىسىگە خاس مولچەر، تەخمىن ئاھاڭلىرى بىرلىك سانلارنى (1، 2، 3، 8، 9) ۋە ئونلۇق، يۈزلۈك، مىڭلىق سانلار بىلەن كەلگەن بىرلىك سانلارنى (11، 12، 13، 18، 19، 51، 59، 99، 101، 1002، 1999 ۋە باشقىلار)، شۇنداقلا چوڭ سانلارغا نىسبەتەن كىچىك سانلارنى ئىپتىۋارغا ئالماستىن، ئەكسىچە، ئۇلارنى جەملەپ، تولۇق سانلار ئەتراپىدا توپلاپ ئېيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن: كالىنىن نامىدىكى كولخوزدا يۈزچە ئاپتوموبىل ۋە باشقا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بار.

”-چە“ قوشۇمچىسى، ئادەتتە، ساناق سانلارنىڭ ئاساسىغا

---

① ”-چە“ قوشۇمچىسىنى ”چاق // چاغ“ سۆزىدىن كېلىپ چىققان دەپ تەخمىن قىلىمىز. ”چاغ“ سۆزىدىن ”چاغلىق، چاغلا، چاغلىماق“ سۆزلىرى ھاسىل بولغان. قازاق تىلىدىكى ”شاقتى (ون شاقتى - ئونچە)“ سۆزىمۇ ئەنە شۇ ”چاغلىق“ سۆزى بىلەن تومۇرداش.

بىۋاستە ئۇلىنىدۇ، لېكىن ئۇ بەزىدە "-لار // -لەر" كوپلۇك قوشۇمچىسىدىن كېيىنمۇ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: بىزنىڭ مەكتەپ-تىن ئونلارچە پىئونېرلار لاگېرغا ئەۋەتىلدى.

"لار" كوپلۇك قوشۇمچىسىنىڭ ئۆزىمۇ بەزىدە مولچەر، تەخمىن مەنىسىنى ئىپادىلەپ تۇرۇشقا باغلىق "-چە" قوشۇمچىسى بىلەن قاتار كەلگەندە (-لار-چە)، مەزكۇر مولچەر، تەخمىن ئاھاڭىمۇ بىر قەدەر كۈچىيىدۇ.

"-چە" قوشۇمچىسى ئۆزىدىن كېيىن ھېچقانداق قوشۇمچە قوبۇل قىلمايدۇ. بەزى تىللاردا، مەسىلەن، قازاق تىلىدا، "-چە" قوشۇم-چىسى يوق، ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك تەڭ قىممەتتى سۈپىتىدە شاقتى، -داي // -دەي، -تاي // -تەي" فورمىلىرى ئىشلىتىلىدۇ: ون شاقتى، ەلۋ دەي ۋە باشقىلار.

2) مولچەرسانلار ئون، يۈز، مىڭ، مىليون ئوخشاش تولۇق سانلارغا "-لىغان // -لىگەن" قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىقمۇ ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئونلىغان ئادەم، يۈزلىگەن ئۆي، مىڭلىغان مال، مىليونلىغان يۇلتۇز، مىليارتلىغان پۇت ئاشلىق ۋە باشقىلار. دېمەك، مەزكۇر قوشۇمچە① ئارقىلىق ياسالغان مولچەرسانلارنىڭ سېمانتىكىسى مولچەر، تەخمىن مەنىسىدىن تاشقىرى بارلىقتىكى شەيئىلەرنى چوڭ-چوڭ گۇرۇپپىلارغا (ئونلۇق، يۈزلۈك، مىڭلىق ۋە باشقىلار) توپلاپ، جەملەپ ئېيتىش مەنىسى بايقىلىدۇ.

3) "-ئەر" قوشۇمچىسى ئارقىلىق پەقەت "بىر" سۆزىدىنلا

---

① "-لىغان // -لىگەن" قوشۇمچىسى ئىككى ئېلېمېنتتىن تەركىب تاپقان: پېيىل ياسىغۇچى قوشۇمچە "لا- // لە" ۋە سۈپەت پېيىل قوشۇمچىسى "-غان // -گەن". لېكىن "ئونلىغان، يۈزلىگەن" دېگەن مولچەر سان فورمىسىدىن سۈپەت پېيىللارغا خاس ھەركەت بەلگىسى ئاڭلانمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

مولچەرسان ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: بىرەر كۈندىن كېيىن تېپىلغۇ باشلىنىدۇ. "ـ ئەر" قوشۇمچىسىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ئانچە روشەن ئەمەس.

4) مولچەر سانلار كوپىنچە ساناق سانلارنىڭ قوش سوز سۈپىتىدە قاتار ئىپتىلىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: بىر ـ ئىككى، ئىككى ـ ئۈچ، ئۈچ ـ تۆت، تۆت ـ بەش، بەش ـ ئالتە، ئالتە ـ يەتتە، يەتتە ـ سەككىز، ئون ـ ئونبەش، يىگىرمە ـ ئوتتۇز، قىرىق ـ ئەللىك، ئاتمىش ـ يەتمىش ۋە باشقىلار.

لېكىن ساناق سانلارنى قوش سوز سۈپىتىدە ئىشلىتىشتىمۇ بەزى لېكسىكا ـ سېمانتىكىلىق ۋە سىنتاكسىسلىق ئالاھىدىلىكلەر بايقىلىدۇ. جۈملىدىن، ئۇدۇل كەلگەن ئىككى ساناق ساندىن قوش سوز ياساشقا بولمايدۇ. ئادەتتە، كىچىك سان چوڭ ساننىڭ ئالدىدىن كېلىدۇ. مەسىلەن: بەش ـ ئالتە، لېكىن "ئالتە ـ بەش" ئەمەس، بىرلىك سانلار بىلەن ئونلۇق سانلار، ئونلۇق سانلار بىلەن يۈزلۈك سانلار ("بەش ـ ئەللىك، " "ئونبەش ـ يۈز بىر" ئوخشاش) قاتار ئىپتىلالمايدۇ. دېمەك، قوش مولچەر سانلارنىڭ ياسىلىشى بىرلىك سانلار بىرلىك سانلار بىلەن، ئونلۇق سانلار ئونلۇق سانلار بىلەن قاتار تۇرۇشنى، شۇنداقلا ئاز سانلار كوپ سانلارنىڭ ئالدىدىن كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

5) ساناق سانلار: قەدەر، ئارتۇق، يېتەرلىك، تارتا، دىگۈدەك، چامىلىق، يېقىن ئوخشاش سوزلەر بىلەن سىنتاكسىسلىق ئۇسۇل ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەندىمۇ مولچەر مەنىسىنى ئىپادە قىلىدۇ. مەسىلەن: يۈزگە قەدەر (ئادەم)، ئەللىكتىن ئارتۇق (بالا)، مىڭغا يېتەرلىك (دەپتەر) ۋە باشقىلار

## 4. توپلۇق سان

بارلىقتىكى شەيئىلەرنىڭ ساننى ئالاھىدە توپلارغا، گۇرۇپپىلارغا بولۇپ-بولۇپ كورستىدىغان سان فورمىلىرىنى توپلۇق سان دەپ ئاتايمىز.

توپلۇق سانلار ساناق سانلارنىڭ ئاساسىغا "-لاپ // -لەپ" (ھال پېئىل) ۋە "-دىن // -تىن"① (چىقىش كېلىش) قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: سىلەر ئونلاپ كەلسەڭلەرمۇ، يۈزلەپ كەلسەڭلەرمۇ، بىز قوبۇل قىلىمىز، خىزمەتتىڭلاردا بولىمىز. كولخوزچىلار كۆلۈپقا توتتىن، بەشتىن يىغىلىشقا باشلىدى.

مەزكۇر قوشۇمچىلارنىڭ قوش ۋە تەكرار سانلارنىڭ ئىككىنچى تەركىۋىي قىسىملىرىغا ئۇلىنىشى ئارقىلىقمۇ توپلۇق سانلار ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: بەش-بەشلەپ، ئون-ئونلاپ، ئون-ئونبەشتىن، قىرىق-ئەللىكتىن، يۈز-يۈزدىن ۋە باشقىلار.

توپلۇق سانلار مەزكۇر سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا مۇۋاپىق ۋە ئۇلارنىڭ قوش سوز، تەكرار سوز سۈپىتىدە ئىشلىتىلىشىگە باغلىق بىرنەچچە سېمانتىكىلىق مەنىلەرگە ئىگە.

بىرىنچىدىن، يۇقۇرىدىكى توپلۇق سانلارنىڭ بارلىق تۈرى شەيئىلەرنىڭ مەلۇم مىقداردا بىر قېتىم ئەمەس، بەلكى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىنىدىغانلىغىنى كورستىدۇ. مەسىلەن: ئوندىن، ئون-ئوندىن، ئونلاپ، ئون-ئونلاپ دىگەن تولۇق سانلارنى ئالساق،

① "-دىن // -تىن" قوشۇمچىسى سانلارغا ئۇلىنىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ چىقىش كېلىشكە خاس گىراماتىكىلىق مەنىسىدىن تامامەن قول ئۈزىدۇ. ئۇنى "ئۆيدىن" ۋە "ئوندىن"سوزلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق روشەن كورۇشكە بولىدۇ.

بۇلار مەنە جەھەتتىن بىر بىرىگە ناھايىتى يېقىن: ئۇلارنىڭ ھەممىسى شەيئىنىڭ ئارتۇقمۇ ئەمەس، كەممۇ ئەمەس شۇ بىر مەلۇم مىقداردا (يەنى ئوندىن) تەكرارلىنىپ كېلىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ تۇرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، مەزكۇر سانلار شەيئىلەرنى توپلاپ كۆرسىتىشى بىلەن بىر قاتاردا، كونكرېتلىق ۋە مولچەر مەنىلىرىنىمۇ ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: ئوندىن، ئون-ئوندىن، ئونلاپ، ئون-ئونلاپ دېگەندە تەكرارلىنىدىغان شەيئىنىڭ سانى "ئوندىن" كەم ياكى ئارتۇق بولماسلىقى شەرت. ئەمدى: ئون-ئونبەشتىن، قىرىق-ئەللىكتىن، يۈزلەپ-يۈز ئەللىكلەپ، مىڭلاپ-مىليونلاپ دېگەن توپلۇق سانلارنىڭ سېمانتىكىسىدىن مەزكۇر مەنىلەردىن تاشقىرى تەخمىن، مولچەر مەنىلىرىمۇ ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، "-دىن // -تىن" فورمىسى بولۇپ-بولۇپ، ئايرىپ-ئايرىپ ئېيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولسا، "-لاپ // -لەپ" فورمىسىدا كونكرېتسىزلىق مەنىسى كۈچلۈكرەك. مەسىلەن: بۇ ۋادىغا كۆچۈپ كەلگەنلەر يۈز-يۈزدىن بولۇپ، بىرنەچچە مەھەللە تۈزىدۇ. تىلىڭ يەرلەردە يۈزلەپ يېڭى مەكتەپلەر سېلىنماقتا. بۇ مىساللاردىكى "يۈزلەپ" سۆزى يېڭى مەكتەپلەر سانىنىڭ يۈز ئەمەس، بەلكى بىرنەچچە يۈز ئىكەنلىكىنى روشەن ئاڭلىتىپ تۇرىدۇ.

مانا مۇشۇ مەنىگە بىنائەن مەكتەپ گىرامماتىكىسىدا "-لاپ // -لەپ" فورمىسى ئارقىلىق ياسالغان سانلار ئالاھىدە ئەمەس، بەلكى مولچەر سان كاتېگورىيىسىدە قارىلىپ كەلمەكتە.

## 5. ئورتاق سان

مەلۇم بىر ئىش-ھەركەتكە قاتناشقان كىشىلەرنىڭ ئىككى، ئۈچ ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى ياكى بىرنەچچە كىشىنىڭ بىر

ئىش-ھەرىكەتكە مۇناسىۋەتلىك ۋە ئورتاق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئورتاق سانلار دەپ ئاتىلىدۇ.

ئورتاق سانلار ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا "-لەن // -ئىلەن" (جانلىق تىلدا: -ئۆلەن) قوشۇمچىسىنى ئىككى، ئۈچ، تۆت، بەش ساناق سانلىرى ئاساسىغا بىۋاستە ئۇلاش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: ئىككىيلەن، ئۈچەيلەن، تۆتەيلەن، بەشەيلەن.

"-لەن // -ئىلەن (-ئۆلەن)" فورمىسى مەنە جەھەتتىن شەخس قوشۇمچىسىنىڭ I شەخس كۆپلۈك سان فورمىسىغا (-مىز) ناھايىتى يېقىن. شۇڭلىغا باغلىق ئۇلارنى مەلۇم كونتېكستلاردا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ: ئىككىيلەن // ئىككىمىز، ئۈچەيلەن // ئۈچىمىز ۋە باشقىلار.

"-ئىلەن // -لەن" فورمىسى كۆپچىلىك تۈركىي تىللاردا ئۇچراشمايدۇ. ئۇنى تارىخىي جەھەتتىن "بىرلەن" فورمىسىدىن كېلىپ چىققان دەپ تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ.

"بىلەن" سۆزى دەسلەپ ئىككى، ئۈچ، تۆت، بەش ۋە باشقا ساناق سانلارنىڭ بىۋاستە ئۆزىگە ئۇلانماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ (II شەخس بىرلىك سان -ئىڭ // يىڭ) ئىگىلىك فورمىسىدا تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان بولۇشى ئېھتىمال. مەسىلەن: ئىككى-(ئى)ڭ بىلەن، ئۈچ-ىڭ بىلەن ۋە باشقىلار. "-نىڭ" فورمىسىنىڭ تىل تەرەققىياتى نەتىجىسىدە ئىختىيارىي خاراكتېرغا ئىگە بولۇشىغا (مەسىلەن: كولخوزنىڭ مېلى // كولخوز مېلى) ئوخشاش، "-ئىڭ // -ىڭ" قوشۇمچىسىمۇ ئىختىيارىي رەۋىشتە بەزىدە چۈشۈرۈلۈپ، مەزكۇر مورفولوگىيىلىك بىرلىكنىڭ "ئىككى-لەن، ئۈچ-ىلەن، تۆت-ىلەن" شەكلىدە ئېيتىلىشى دەستۇرگە ئايلانغان بولۇشى مۇمكىن.

دېمەك، سانلارنىڭ مەزكۇر فورمىسى تۆۋەندىكى تەرەققىيات جەريانىغا ئىگە دەپ قاراشقا بولىدۇ: بەش-ىڭ + (بىرلەن>بىلەن>

www.uyghurkitap.com

ئىلەن>لەن)>بەش(ىك)+ىلەن // لەن>بەشلەن (ئىككىلەن)[①].

ئورتاق سانلارنى تەشكىل قىلغۇچى سوزلەر قانچىڭلار؟ نەچچىڭلار؟ دىگەن سوئالغا جاۋاپ بولۇپ تۇرىدۇ. بەزىدە كىملەر؟ نىمىلەر؟ دىگەن سوئالغىمۇ جاۋاپ بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ۋاقىتتا جاۋاپ مەخمۇت، ساۋۇت، قۇرۋان، مەن — توتەيلەن (بارىمىز) — تەخلىتىدە بىرىلىدۇ. بەزى ئالىملار ئورتاق سانلارغا نەچچەيلەن؟ قانچەيلەن؟ دىگەن سوئال قويۇلىدۇ دەپ تەرىپلەيدۇ. تىل ئەمىلىيىتىدە تەچچىمىز؟ نەچچىڭىز؟ قانچىمىز؟ قانچىڭىز؟ (بارىسىز) ئوخشاش سوئاللارنىڭ قويۇلۇشى مۇمكىن. لىكىن نەچچەيلەن؟ قانچەيلەن؟ (بارىسىز) دەپ سورىمايدۇ.

## 6. ئۇلۇش (كەسىر) سان

تۇرمۇشتىكى هەرقانداق شەيئىلەرنىڭ سان جەهەتتىن بىرنەچچە بولەكلەردىن ياكى بولەكنىڭ مەلۇم قىسمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كورسىتىدىغان سانلار ئۇلۇش سانلار دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئاهالىنىڭ ئۇچتىن ئىككىسىنى ياشلار تەشكىل قىلىدۇ. بۇ مىسالدىكى "ئۇچتىن ئىككى" دىگەن ئۇلۇش سان ئاهالىنى تەڭ ئۇچ قىسىمغا بولگەندىكى تەڭ ئىككى قىسمى ياشلار ئىكەنلىكىنى كورسىتىپ تۇرىدۇ. لىكىن ئۇچتىن ئىككى ئۇلۇش سانى ئاهالىنىڭ ئومۇمى سانىنىمۇ، شۇنداقلا ياشلار سانىنىڭ كونكرىت مولچىرىنىمۇ ئىپىنىق

---

① ئوغۇز گورۇپپىسىدىكى تىللاردا هازىرمۇ "بىلەن" سوزى "ئىلەن" فورمىسىدا ئىپتىلىدۇ (سېل.: بولماق — ئولماق ۋە باشقىلار). شۇنداقلا "— ئىڭ" قوشۇمچىسىنىڭ ئاخىردىكى "— ڭ"مۇ چۈشۈپ قالىدۇ. ئەگەر "ئوچ — ىلەن" فورمۇسىنىڭ هاسىل بولۇشىغا ئوغۇز تىلىنىڭ تەسىرى باردىسەك، سەرپ ئىلمى تەخمىنەن مۇنداق بولۇشى مۇمكىن: ئوچ — ىك — ئىلەن> ئۇچ — ە(ڭ) — لەن>ئۇچ — ىلەن.

كورسەتمەيدۇ. يەنى قانچىسى؟ نەچچىسى؟ دېگەن سوئالغا جاۋاپ بولۇپ تۇرغان "ئۈچتىن بىرى" ئۈلۈش سانىنىڭ كونكرېت مولچىرى ئاھالىنىڭ ئومۇمى سانىنى بىلگەندىلا ئېنىقلىنىدۇ.

ئۈلۈش سانلار تۈزىلىشى جەھەتتىن دائىمەن مۇرەككەپ بولۇپ كېلىدۇ. ئۇلار ساناق سانلارنىڭ ئاساسىغا تىلىمىزدىكى مەلۇم گىراماتىكىلىق قوشۇمچىلارنى ئۇلاش ياكى مەلۇم سىنتاكسىسلىق باغلىنىشلارنىڭ ياردىمى بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

ئۈلۈش سانلار ياسىلىش ئۇسۇلىغا، يەنى "ماتېماتىكىلىق ئەمەلگە" مۇۋاپىق، تەركىۋىي قىسىملىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە تۇرۇشىغا قاراپ، بىرنەچچە تۈرگە بولۇنىدۇ:

1) ئۈلۈش سانىنىڭ تەركىۋىدىكى سوزلەرنىڭ بىرىنچىسى (بىرىنچى تەركىۋى قىسمى) چىقىش كېلىش فورمىسىدا، ئىككىنچىسى (ئىككىنچى تەركىۋى قىسمى) III شەخس ئىگىلىك فورمىسىدا تۇرىدۇ. مەسىلەن: بەشتىن ئىككىسى (2/5)، يۈزدىن بىرى (1/100) ۋە باشقىلار.

2) ئۈلۈش سانىنىڭ تەركىۋىدىكى سوزلەرنىڭ بىرىنچىسى ئىگىلىك كېلىش فورمىسىدا، ئىككىنچىسى II شەخس ئىگىلىك فورمىسىدا تۇرىدۇ. مەسىلەن: ئىككىنىڭ بىرى (1/2)، بەشىنىڭ بىرى (1/5)، مىڭنىڭ بىرى (1/1000) ۋە باشقىلار.

3) ئەگەر ئۈلۈش سانلارنىڭ تەركىۋىدىكى ئىككىنچى تەركىۋىي قىسمىدىن كېيىن "قىسىم"، "بولەك" ("بولچەك") سوزلىرى كەلسە، مەزكۇر ئىگىلىك قوشۇمچىسى سانلارغا ئۇلانماي، بەلكى شۇ سوزلەرگە ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن: توتنىڭ بىر قىسمى، مىڭنىڭ بىر بولىكى ۋە باشقىلار.

4) "ماتېماتىكىلىق ئەمەلنىڭ" مۇرەككەپلىكىگە باغلىق ئۈلۈش سانلار ھەرقانداق سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بولۇشى ۋە باشقا سوزلەر بىلەن ھەر تۈرلۈك گىراماتىكىلىق فورمىدا باغلىنىپ تۇرۇشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇمكىن. مەسىلەن: يەرنىڭ ئۇچتىن ئىككىسى دېڭىزلارغا بېرىلىدى دېگەندە ئۇچتىن ئىككىسى ئۆزىدىن ئىلگىرى كەلگەن تولدۇرغۇچى "يەر" سۆزىنىڭ ئىگىلىك كېلىش فورمىسىدا تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمدى "-نىڭ" فورمىسى ئارقىلىق ياسالغان ئۈلۈش سانلار (مىڭنىڭ بىرى) ھەرقاچان سۆز ئالدىدا كېلىشنى خالايدۇ.

ئۈلۈش سانلارنىڭ پەقەت ئىككىنچى تەركىۋي قىسمىلىرىلا گىراماتىكىلىق قوشۇمچىلار بىلەن ئۆزگىرىشى مۇمكىن. مەسىلەن: بەشنىڭ بىرى (-نى، -سى، -دىن، -گە، -نىڭ، -دە).

5) ئۇيغۇر تىلىدا ئۈلۈش ساننى بىلدۈرىدىغان "يېرىم، چارەك" ئوخشاش مەخسۇس ساناق سۆزلەرمۇ بار. مەسىلەن: "ئىككىدىن بىر" (1/2) دېيىشنىڭ ئورنىغا "يېرىم" "توتتىن بىر" (1/4) دېيىشنىڭ ئورنىغا "چارەك" دەپمۇ ئىيتىشقا بولىدۇ. تىلدىكى: پۈتۈن، يېرىم، چارەك، تەڭ، بولەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ساناق سۆزلەر شەيئىلەرنىڭ ھەرقانداق ئۈلۈش مەنىسىدىكى سانلىق سۈپىتىنى ئېنىقلاشتا ئاكتىپ قاتناشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: بىر پۈتۈن ئۇچتىن ئىككى، بىر يېرىم، ئۇنىڭ تەڭ يېرىمى، ئىككى چارەك ۋە باشقىلار.

## ئالماش

نەرسىنىڭ ئېتىنى، نامىنى، سۈپىتىنى، ساننى ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش پېيل بەلگىلىرىنى بىۋاستە كورسەتمەيدىغان، لېكىن پەقەت نەرسىنىڭ بەلگىلىرىنى، ساننى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا بەلگىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ كورسىتىدىغان سۆزلەرنى ئالماشلار دەيمىز.

ئالماشلارنىڭ ھەر دائىم ئىسىم، سۈپەت، سان ۋە باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىشى (ئورۇن باسارلىق قىلىشى) ئۇلارنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن ھېساپلىنىدۇ. بۇنى

تىۋەندىكى مىساللاردىن روشەن كۆرۈشكە بولىدۇ: 1) ماناپ ئەپەندىدىن مول ھوسۇل ئالغان ئەمگەك قەھرىمانى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلغار تەجرىبىسىنى دائىمەن ياشلارغا ئۆگىتىپ كەلمەكتە. 2) بىزنىڭ بېغىمىزدا ئاق، سېرىق، ھال، قىزىل گۈللەر ئۆسىدۇ. مۇنداق گۈللەر خوشنىمىزنىڭ بېغىدىمۇ بار. 3) يىگىرمە ــ ئونلۇق سان. ئۇ بەشكە كەسىرسىز بۆلۈنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالماشلار باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن ئۈچ تۈرلۈك بەلگىسى ئارقىلىق، يەنى لېكسىكا ـ سېمانتىكىلىق مەنىسى، مورفولوگىيىلىك فورمىلىرى ۋە سىنتاكسىسلىق خىزمىتى ئارقىلىق پەرقلىنىدۇ.

## 1. ئالماشلارنىڭ لېكسىكا ـ سېمانتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

ئالماش كاتېگورىيىسىنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەرنىڭ مەلۇم بىر سۆز تۈركۈمى سۈپىتىدە قېلىپلىشىشى، سۆزسىز، ئۇلارنىڭ لېكسىكا ـ سېمانتىكىلىق مەنىسىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە باغلىق. ئاكادېمىك ۋ. ۋ. ۋىنوگرادوۋنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: "تۈرلۈك ئالماشلار لېكسىكىلىق ۋە سېمانتىكىلىق بەلگىلەر ئاساسىدىلا بىرلىككە كېلىشى مۇمكىن". مەسىلەن: ئىسىمىي سۆزلەر (ئىسىم، سۈپەت، سان...) ئالاھىدە تۇرۇپ مەلۇم بىر شەيئىنىڭ كونكرېت خۇسۇسىيەتلىرىنى (ئېتىنى، بەلگىسىنى، سان ـ ساپاسىنى...) ئىپادىلەيدىغان بولسا، ئالماشلاردا ئۇنداق مەنىۋىي كونكرېتلىق يوق. ئالماشلارنىڭ كونكرېت مەنىسى پەقەت كونتېكىستتىلا بايقىلىدۇ. مەلۇم كونتېكىستتىن ياكى كونتېكىستتىكى ئۆزى مۇناسىۋەتلىك سۆزدىن بۆلۈپ ئېلىنغان ئالماش پەقەت ئابستىراكىت ئۇقۇمنى، كونكرېتسىزلىقنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئۇ" "بىز" ئالماشلىرى، ئالاھىدە تۇرغاندا، ھېچقانداق كونكرېتلىقنى، يەنى مەلۇم نەرسىنىڭ نامىنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۈپىتىنى، سانىنى ۋە باشقا كونكرېت خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرمەيدىغانلىقى، قايسى ۋە قانداق نەرسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى نامەلۇم.

ئالماشلارنىڭ لېكسىكا ـ سېمانتىكىلىق مەنىسىگە خاس يەنە بىر خۇسۇسىيەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلار ئارقىلىق سۆزلىگۈچىنىڭ (سۇبيېكتنىڭ) ئوبيېكتقا بولغان ھەرقانداق شەخسىي مۇناسىۋىتى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: "ئابدۇلھەي، سېنى مەن ئۆزەم كوردۇمغۇ" دىگەن جۈملىدىكى ئالماشلار (سېنى، مەن، ئۆزەم) سۆزلىگۈچىنىڭ ئىككىنچى بىر شەخسكە بولغان بىۋاسىتە مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. "ئاۋۇ كورۇنگەن ــ بىزنىڭ ئۆي" دىگەن جۈملىدىكى "ئاۋۇ" كۆرسىتىش ئالمىشى، بىرىنچىدىن، ئوبيېكتنى ئېنىقلاپ تۇرسا، ئىككىنچىدىن، شۇ ئوبيېكتقا تىڭشۇغۇچىنىڭ (ئىككىنچى بىر شەخسنىڭ) دىققىتىنى جەلپ قىلىش ئارقىلىق شۇ ئۆينىڭ سۆزلىگۈچى سۇبيېكتتىن بەلگىلىك بىر يىراقلىقتا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىتىدۇ. بەزى ئالماشلار شەيئى ۋە ھادىسە ھەققىدىكى سۆزلىگۈچىنىڭ سوئالىنى ئىپادىلەيدىغان بولسا، يەنە بىرلىرى بىر نەرسىنى ئىككىنچى نەرسىدىن ئاجرىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، بىر نەرسىنىڭ ئىككىنچى بىر نەرسىگە تېگىشلىك، مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ.

## 2. ئالماشلارنىڭ مورفولوگىيىلىك بەلگىلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالماشلار ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋىي ئۆزگىچىلىكلىرىگە قاراپ ئىككى تۈرگە بولۇنىدۇ: 1) ئوبيېكتلىق مەنە ئاڭلىتىدىغان ئالماشلار ۋە 2) شەيئىنىڭ بەلگىسىنى ئىپادىلىگۈچى ئالماشلار.

ئالماشلارنى مۇنداق تۈرلەرگە بولۇش ئۇلارنىڭ مورفولوگىيىلىك تەبىئىتىنى ئېچىپ بېرىشكە، قايسى سۆز تۈركۈمىگە مۇناسىۋەتلىك

تىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ قانداق مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەنلىكىنى ئېنىقلاشقا ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن، ئوبېكتلىق مەنە ئاڭلىتىدىغان ئالماشلار مورفولوگىيىلىك خىزمىتى جەھەتتىن ئىسىملىق ئالماشلارنى تەشكىل قىلسا، شەيئىنىڭ بەلگىسىنى بىلدۈرىدىغان ئالماشلار ئېنىقلىغۇچى ئالماشلارنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىسىملىق ئالماشلار مەلۇم شارائىتلاردا، ئىسىملارغا ئوخشاش، كېلىش، ئىگىلىك ۋە كوپلۇك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ، ئېنىقلىغۇچى ئالماشلار ئۆز مەنىسىدە ئىشلىتىلگەندە، مەزكۇر تۈرلىنىش فورمىلىرىنىڭ بىرىنىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلار پەقەت ئىسىملاشقان ھالەتتىلا تۈرلىنىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالماشلارنى مورفولوگىيىلىك نوقتىسىنەزەردىن ئېلىپ قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىزچىل گىراممانىكىلىق نورمىغا بېقىنمايدۇ، سۆزلاشقا ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق قائىدە چىقىرىش تەس: ئالماشلارغا مورفولوگىيىلىك خاراكتېرىستىكا بەرگەندە، ئۇلارنىڭ ئايرىم گۇرۇپپىلىرىغا خاس مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنىلا ئاتاپ كېتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، كىشىلىك، كورسىتىش ئىگىلىك، بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى، ئىسىملارغا ئوخشاش كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ. لېكىن مۇشۇ تۈرلىنىش قائىدىسىنىڭ ئۆزىدىنمۇ ھەربىر ئالماشقا خاس ئالاھىدىلىكلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن، كىشىلىك ئالماشلارنى كېلىشلەر بىلەن تۈرلىگەندە، ئىگىلىك ۋە چۈشۈم كېلىشتە ئۇلارنىڭ تومۇرىدىكى "ن" تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى (مېنى، سېنى، مېنىڭ، سېنىڭ) بايقالسا، بېرىش كېلىشتە (ماڭا، ساڭا) بەزى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. شۇنىڭغا ئوخشاش، بەزى كورسىتىش ۋە سوئال ئالماشلىرى (ئەنە، مانا، قېنى...) كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تامامەن تۈرلەنمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە قارىغاندا، ئالماشلاردا سۆز ھاسىل قىلىش جەريانى ناھايىتى كۈچسىز، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئالماشلارنىڭ يېڭى سۆزلەر ھاسىل قىلىشى ناھايىتى سۇس.

ئالماشلار كۈچلۈك ئابستراكتسىيىگە دۇچار بولۇشى نەتىجىسىدە تىلنىڭ باشقا كاتېگورىيىلىرىگە، جۈملىدىن قوشۇمچىلارغا ۋە ياردەمچى سۆزلەرگە ئوتتۇش قابىلىيىتىگە ئىگە. مەسىلەن، پېئىلنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى (مەن بارد-ىمەن، سەن بارد-ىسەن، بىز بارد-ىمىز، سىز بارد-ىسىز)، نەرسىنىڭ شەخسكە مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى (مېنىڭ بالا-م، سېنىڭ بالا-ڭ، ئۇنىڭ بال-ىسى، بىزنىڭ بال-ىمىز، سىزنىڭ بال-ىڭىز...) ئالماشلاردىن كېلىپ چىققانلىقى سۆزسىز.

يەكۈنلەپ كەلگەندە، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالماشلار تۆۋەندىكى مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. 1) ئۇلار مۇستەقىل سۆز تۈركۈملىرىدىن ھىساپلىنىدۇ؛ 2) ئۇزئارا ئىسىملاشقان ۋە ئىنىقلىغۇچى تۇپلارغا بولۇنىدۇ؛ 3) ئاساسەن ئۆزلىرى مۇناسىۋەتلىك سۆز تۈركۈملىرىنىڭ مورفولوگىيىلىك بەلگىلىرىنى ئەكس ئېتتىدۇ، لېكىن ئىسمى سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش فورمىلىرىغا ئالماشلارنىڭ ھەممىسى بىردەك ۋە ئىزچىل رىئايە قىلمايدۇ؛ 4) ئالماشلار تەركىۋى ۋە تۈزىلىشى جەھەتتىن مۇرەككەپلەشكەن قەدىمىي كاتېگورىيىلەردىن ھىساپلىنىدۇ؛ 5) ئالماشلاردا سۆز ھاسىل قىلىش جەريانى مەلۇم دەرىجىدە سۇسلاشقان. 6) كۈچلۈك ئابستراكتسىيە نەتىجىسىدە ئالماشلارنىڭ باشقا گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەرگە، بولۇپمۇ ياردەمچى قوشۇمچىلارغا ئوتتۇش غەرىزى بېسىم.

### 3. ئالماشلارنىڭ سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەتلىرى

ئالماشلارنىڭ سىنتاكسىسلىق خىزمىتى ئۇلارنىڭ ئېنىقلاش ۋە

ئىسىملىشىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بولۇشىغا باغلىق. يەنى ئېنىقلىغۇچى گۇرۇپپىنى تەشكىل قىلغۇچى ئالماشلار جۈملىدە پەقەت ئېنىقلىغۇچى مۇچىلەرنىڭ خىزمىتىنى ئاتقۇرسا، ئىسىملاشقان ئالماشلار جۈملىدىكى باشقا مۇچىلەرنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ.

ئالماشلار ئەركىن ۋە تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ باشقا تەركىۋىي قىسىملىرى بىلەن گىراماتىكىلىق مۇناسىۋەتتە بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇلارنىڭ دائىمەن ئۆزىگە بېقىنىپ تۇرىدىغان ئېنىقلىغۇچىسى ۋە ھالىتى بولمايدۇ.

دېمەك، ئالماشلارنىڭ سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەتلىرى دېگەندە، بىز ئۇلارنىڭ تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆزدە تۇتىمىز: 1) ئالماشلارنىڭ سىنتاكسىسلىق خىزمىتى ئۇلارنىڭ ئېنىقلاش ۋە ئىسىملىشىش خۇسۇسىيەتلىرىگە بىۋاستە باغلىق؛ 2) باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە، بولۇپمۇ ئىسىم، سۈپەت، سانلارغا قارىغاندا، ئالماشلارنىڭ سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسى خېلى چەكلەنگەن ۋە جۈملىدە قوللىنىلىش دائىرىسىمۇ تار؛ 3) ئالماشلار ھەر تۈرلۈك قوشما جۈملىلەرنى تۈزۈشتە ۋە ئۇلارنى ئىستىل جەھەتتىن مۇكەممەللەشتۈرۈشتە ئەجايىب رول ئوينايدۇ.

## ئالماشلارنىڭ تۈرلىرى

ئالماش كاتېگورىيىسى لېكسىكا-سېمانتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ، ئۆز ئارا يېقىن بىرنەچچە تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

لېكىن ئالماشلارنى مۇشۇ لېكسىكا-سېمانتىكىلىق ئۆلچەم ئاساسىدا بۆلۈش مەسىلىلىرىدە ھەر خىل پىكىرلەر مەۋجۇت. بۇنى بىز تۈركىي تىللاردىكى ئالماشلارنىڭ بۆلۈنۈشىدىمۇ روشەن كۆرىمىز. مەسىلەن: قارىقالپاق تىلىدا ئالماشلار 6 تۈرگە، باشقىرت ۋە قازاق تىللىرىدا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

7 تۈرگە بولۇنسا، ئۆزبېك، تۈرك تىللىرىدا ئۇلار 8 تۈرگە بولۇنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالماشلار يەتتە تۈرگە بولۇنىدۇ: 1) كىشىلىك ئالماشلىرى؛ 2) كۆرسىتىش ئالماشلىرى؛ 3) سوئال ئالماشلىرى؛ 4) ئېنىقلاش ئالماشلىرى؛ 5) بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى؛ 6) بەلگىسىزلىك ئالماشلىرى؛ 7) ئۆزلۈك ئالماشلىرى.

## 1. كىشىلىك ئالماشلىرى

شەخسكە مۇناسىۋەتلىك ۋە كىشىلەرنىڭ ئىسمى ئورنىغا ئالمىشىپ ئېيتىلىدىغان سۆزلەر كىشىلىك ئالماشلار دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار كىم؟ كىملەر؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. بۇ توپقا ياتىدىغان سۆزلەرنىڭ كىشىلىك ئالماشلار دەپ ئاتىلىشىمۇ تاسادىپىي ئەمەس. بۇ ئالماشلار پەقەت كىشىلەرگىلا مەنسۇپ، يەنى كىشىلەرنىڭ ئېتى، ئىسمى ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

كىشىلىك ئالماشلارغا: "مەن، سەن، سىز، ئۇ، بىز (بىزلەر)، سىلەر، ئۇلار" سۆزلىرى ياتىدۇ. ئۇلار شەخسنى ۋە ئۇنىڭ بىرلىك، كۆپلۈكىنى بىلدۈرۈشكە قاراپ، ئۆزئارا تۆۋەندىكىچە بولىدۇ.

| شەخس | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|
| I شەخس | مەن | بىز (بىزلەر) |
| II شەخس | سەن (سىز) | سىلەر |
| III شەخس | ئۇ | ئۇلار |

تۈركشۇناسلىق ئەسەرلەردە ئېيتىلغان ئايرىم پىكىرلەرگە قارىغاندا، "مەن" "سەن" كىشىلىك ئالماشلىرى تارىخىي جەھەتتىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

فورمىسىدا ئىشلىتىلسە، ئۇيغۇر تىلىدا ئۇ II شەخس بىرلىكنىڭ پەقەت سىپايە فورمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۇيغۇرتىلىدا ”مەن“ دەپ ئېيتىش ئورنىغا بەزىدە ”بىز“ ”بىزلەر“ دەپ ئېيتىش، شۇنداقلا ”سەن“ سۆزىنىڭ ئورنىغا تولاراق ”سىز“ ”سىلى“① شەكلىدىكى ئالاھىدە سىپايە مەنە ئاڭلىتىدىغان ئالماشلارنى ئىشلىتىش مايىللىقىغا باغلىق. نەتىجىدە ”سىز“ كىشىلىك ئالمىشى كوپلۇك كاتېگورىيەسىدىن بىرلىك كاتېگورىيىسىگە ئوتكەن ۋە ”سىز“نىڭ ئورنىدا ”سىلەر“ فورمىسى ئىشلىتىلىدۇ②

”مەن“ كىشىلىك ئالمىشى، ئادەتتە ئوزىدىن كېيىن كوپلۇك قوشۇمچىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ③ ئەكسىچە، ”بىز“ سوزى ”-لەر“ قوشۇمچىسىنى قوبۇل قىلىشقا مايىل. ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا كوپلۇك قوشۇمچىسى بىلەن تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭسىزمۇ I شەخس كوپلۇك مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

”ئۇ“ (باشقا تىللاردا: ئۇ، ئول، ئۇل، ئال، ۋال) III شەخس بىرلىك ئالمىشىنىڭ مەنىسى باشقا كىشىلىك ئالماشلىرىغا قارىغاندا خېلى كەڭ: ئۇ ئادەملەرگە، شۇنداقلا بارلىق جانلىق ۋە جانسىز شەيئىلەرگە نىسبەتەن ئىشلىتىلىدۇ. شۇ خۇسۇسىيىتىگە باغلىق ”ئۇ“ كورسىتىش ئالماشلىرى كاتېگورىيىسىگىمۇ كىرىدۇ. ئۇنىڭغا ”-لار“ قوشۇمچىسىنى ئۇلاش ئارقىلىق III شەخس كوپلۇك ئالمىشى (ئۇلار) ھاسىل بولىدۇ.

---

① ناھايىتى چوڭ ئىززەتنى، سىپايىلىقنى بىلدۈرىدىغان ”سىلى“ ئالمىشى ۋە ئۇنىڭ پېئىل شەكلىدىكى كورۇنۇشى (سىلى كەلسىلە، سىلى ئالسىلا) كوپىنچە جەنۇب ئۇيغۇرلىرىنىڭ جانلىق تىلىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئەسلى: سىلى > سىزلىرى.

② ھازىرقى زامان ئوزبېك تىلىدىمۇ ”سىز“ ۋە ”سىزلەر“ كوپلۇك مەنىسىدە قاتار ئىشلىتىلىدۇ.

③ جانلىق تىلدىكى ”سەنلەر“ فورمىسى ئەدەبىي تىلدا پەقەت ئىستىلىستىكىلىق مەقسەت بىلەن قوللىنىلىشى مۇمكىن.

كىشىلىك ئالماشلىرىنىڭ ئاساسىي مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى — ئىسىملار ئوخشاش كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى. (188 ـ بەتتىكى جەدۋەلگە قاراڭ)

كىشىلىك ئالماشلارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشىدە تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەر بايقىلىدۇ. ئا) "مەن" "سەن" كىشىلىك ئالماشلىرى ئىگىلىك ھەم چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەندە، تومۇردىكى "ن" تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ: مېنىڭ (مەن ـ نىڭ)، سېنىڭ (سەن ـ نىڭ)، مېنى (مەن ـ نى)، سېنى (سەن ـ نى).

ئە) "مەن، سەن، ئۇ" ئالماشلىرى بېرىش كېلىشتە "ماڭا، ساڭا، ئۇنىڭغا" (قازاق تىلىدا: ماغان، ساغان، ئوغان)، چىقىش كېلىشتە ـ "مېنىڭدىن//مەندىن، سېنىڭدىن//سەندىن، ئۇنىڭدىن" (قازاق تىلىدا: مېنىن، سېنىن، ئودان)، ئورۇن كېلىشتە ـ "مېنىڭدە//مەندە، سېنىڭدە//سەندە، ئۇنىڭدا//ئۇندا" (قازاق تىلىدا: مېندې، سېندې، ئوندا)؛

ب) ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيىتىگە باغلىق "مەن" "سەن" كىشىلىك ئالماشلىرىدىكى بوغۇم ياسىغۇچى "ە" سوزۇق تاۋۇشى ئىگىلىك، چۈشۈم، چىقىش، ئورۇن ـ ۋاقىت كېلىشلىرىدە "ـ ئې" تاۋۇشىغا①، بېرىش كېلىشتە "ـ ئا" (ماڭا، ساڭا) تاۋۇشىغا ئۆتىدۇ؛ "بىز" (بىزلەر)، "سىلەر" ئالماشلىرىدىكى "ئى" تاۋۇشى بارلىق كېلىشلەردە ئۆزگەرمەيدۇ؛

ۋ) III شەخس ئالمىشى "ئۇ"غا بېرىش كېلىش قوشۇمچىسى (ـ غا) پەقەت ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسىدىن كېيىن ئۇلىنىدۇ: "ئۇ ـ نىڭ ـ غا (سېلىشتۇرۇڭ: قازاق ئو ـ غان؛ ئەزەر ـ بەيجان ـ ئون ـ ئا؛ قۇمۇق —

① ف. گ. ئىسخاكوۋنىڭ (مەزكۇر ئەسىرىدە، 226 ـ بەت) «ئۇيغۇر تىلىدا 'ە' تاۋۇشى بېرىش كېلىشتىن باشقا كېلىشلەردە ئۆزگەرمەيدۇ" دېگەن پىكرىگە قوشۇلۇشقا بولمايدۇ.

| كېلىشلەر | بىرلىك | | | كۆپلۈك | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 2 | | | 3 | | |
| بېرىش كېلىش | مەن | سەن | ئۇ | بىز (بىزلەر) | سىلەر | ئۇلار |
| ئىگىلىك كېلىش | مېنىڭ | سېنىڭ | ئۇنىڭ | بىزنىڭ بىزلەرنىڭ | سىلەرنىڭ | ئۇلارنىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | مېنى | سېنى | ئۇنى | بىزنى (بىزلەرنى) | سىلەرنى | ئۇلارنى |
| بېرىش كېلىش | ماڭا | ساڭا | ئۇنىڭغا | بىزگە (بىزلەرگە) | سىلەرگە | ئۇلارغا |
| چىقىش كېلىش | مېنىڭدىن (مەندىن) | سېنىڭدىن (سەندىن) | ئۇنىڭدىن | بىزدىن (بىزلەردىن) | سىلەردىن | ئۇلاردىن |
| ئورۇن-ۋاقىت كېلىش | مېنىڭدە (مەندە) | سېنىڭدە (سەندە) | ئۇنىڭدا | بىزدە (بىزلەردە) | سىلەردە | ئۇلاردا |

ئو ـ گار؛ باشقىرت ــ ئو ـ غا).

گ) I، II، III شەخس بىرلىك ئالماشلىرى چىقىش ۋە ئورۇن ـ ۋاقىت كېلىشلەردە ئىككى ۋارىيانتتا ئىگە. ئۇلار: 1) تۈرلەنگۈچى ئاساسقا بىردىن ئىككى قوشۇمچىسىنىڭ (ـ نىڭ ـ دىن، ــ نىڭ ـ دە) قاتار ئۇلىنىشى ئارقىلىق ۋە 2) تۈرلەنگۈچى ئالماش ئاساسىغا "ـ دىن، ـ دا ∥ ـ دە" قوشۇمچىلىرىنىڭ بىۋاستە ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ؛ 1) مې (ن) ـ نىڭ ـ دىن، سې(ن) ـ نىڭ ـ دىن، ئۇ ـ نىڭ ـ دىن؛ مې (ن) ـ نىڭ ـ دە، سې (ن) ـ نىڭ ـ دە، ئۇ ـ نىڭ ـ دا؛ 2) مەن ـ دىن، سەن ـ دىن؛ مەن ـ دە، سەن ـ دە؛ لېكىن "ئۇ"نىڭ قازاق تىلىدىكىدەك "ئودان" (ئۇ ـ دىن) فورمىسى يوق[1]

كىشىلىك ئالماشلىرى جۈملىدە ئىگە، خەۋەر، ئېنىقلىغۇچى، تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

بىز دۈشمەننى تاپتۇق، تاپىمىز،
تارمار ئېتىمىز پۈتكىچە.
(ئى. س.)

بۇ جۈملىدە "بىز" ــ ئىگە. ئوتكەن جۈمەدە توشقان ئەكىلىپ بەرگەن ئاغىنىڭىز ــ مەن. (ن ئەل.) "مەن" ــ خەۋەر. مەن سېنىڭ ماڭا بېغىشلىغان خىياللىرىڭنى، ئويلىرىڭنى هازىرقى تۈزىلىشكە بېغىشلايمەن. (ئو. م.) "مەن" ــ ئىگە، "سېنىڭ" ــ ئېنىقلىغۇچى، "ماڭا" ــ تولدۇرغۇچى.

جۈملىدىكى خەۋەر پېيلىنىڭ شەخس فورمىلىرى كىشىلىك

---

[1] "ئۇنى، ئۇنىڭ" بەزىدە "ئېنى، ئېنىڭ" شەكلىمۇ ئىشلىتىلىدۇ:

ــ مېنىڭ ئوسكەن ئېلىم ـ
مېنىڭ بەخت بېغىم،
سويۇپ يىدىم ئېنىڭ نېنىنى (ئى. س.)
كوك قومۇشقا ئوتنى ياقسام،
مەن ئېنى كويمەس دىدىم...(فولك.).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالماشلاردىن بولغان ئىگىنىڭ فورمىسىغا مۇۋاپىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ،
يەنى شەخس فورمىلىرى سۈپىتىدە تەكرارلىنىپ كېلىدۇ:

مەن "مەن" دەپ يازسام،
ئوقۇغاندا دوستۇم،
سىزمۇ "مەن" دەپ ئوقۇيسىز...
(ئى. س.)

— سەن ياساۋۇلنىڭ ئۆلىشىنى بىلىدىكەنسەن؛ ئەمدى ئۆزەڭنىڭ قاچان ئۆلىدىغانلىغىڭنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى پادىشا.
(ن ئە ل.)

كىشىلىك ئالماشلارنىڭ سىنتاكسىسلىق خىزمىتى ھەر قاچان خەۋەر پېيلىنىڭ خەۋەر خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ دىسىدۇق. لېكىن ئىگە ۋە تولدۇرغۇچى رولىدىكى ئالماشلار پروزا تىلىدا تولىسى كورۇنۇپ تۇرسىمۇ، پو ئېزىيىدە، بولۇپمۇ ماقال ۋە تەمسىللەردە. ئۇلار يوشۇرۇن تۇرىدۇ:

(مەن)① قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن تىڭشا.
(مېنىڭ) دەشنەم يېگىنىم ـ بەش نان يېگىنىم.
(سەن) ئات مىنسەڭ، ئاتاڭغا باقما.
(سېنىڭ) تەگگەڭ مىڭغا يەتكىچە، ئۇڭگەڭ مىڭغا يەتسۇن.
(ئۇ) ئۆلمەن دىسە، ئۇرمەن دەيدۇ.
(ئۇنىڭ) ئالمىغى بار، سالمىغى يوق، بېغى بار، غېمى يوق.
(سىز) ئامانەتنى تۇتماڭ، يوقالسا، تۆلەرسىز، تام تۈۋىدە ئولتۇرماڭ، يىقىلسا، ئۆلەرسىز.

---

① ئىسكوپكا ئىچىدە مەزكۇر ماقال ۋە تەمسىللەردىكى خەۋەر پېيلىنىڭ خەۋەر خۇسۇسىيىتىگە ئىگە قوشۇمچىلىرىغا مۇۋاپىق ئېيتىلىدىغان، لېكىن يوشۇرۇن تۇرىدىغان جۈملە موچىلىرى (ئىگە، تولدۇرغۇچى) كەلتۈرۈلدى.

## 2. كۆرسىتىش ئالماشلىرى

رېئال تۇرمۇشتىكى بارلىق جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ سۆزلىگۈچى سۇبيېكتتىن يىراق-يېقىنلىقىنى، كونكرېت ۋە كونكرېتسىزلىقىنى تەكىتلەش، ئىشارەت قىلىش ئارقىلىق كۆرسىتىپ تۇرىدىغان سۆزلەرنى كۆرسىتىش ئالماشلىرى دەيمىز. كۆرسىتىش ئالماشلىرى ئادەتتە قايسى؟ دىگەن سوئالغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.

ئالماشنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاش، كۆرسىتىش ئالماشلىرىمۇ سان جەھەتتىن ئانچە كۆپ ئەمەس؛ ئۇلارغا: " ئۇ، بۇ، شۇ، مۇنۇ، مانا ئۇ، مانا، ماۋۇ، مانا بۇ، مۇشۇ، مانا شۇ، ئەيىنە (ئەنە)، ئەنە ئۇ، ئاشۇ، ئەنەشۇ، ئاۋۇ، ئەنەبۇ، ئۇشبۇ" سۆزلىرى ياتىدۇ.

كۆرسىتىش ئالماشلىرى كىشىلىك ئالماشلىرىدىن مەنىسىنىڭ تېخىمۇ يۇقۇرى دەرىجىدە ئابستراكتسىيىلەشكەنلىكى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئەگەر كىشىلىك ئالماشلىرى ئاساسەن شەخسكە نىسبەتەن ئىشلىتىلسە، كۆرسىتىش ئالماشلىرى شەخسنىمۇ ۋە ھەرقانداق شەيئىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. ئەگەر كىشىلىك ئالماشلىرى ئىسىملىشىشقا مايىل بولۇپ كەلسە، كۆرسىتىش ئالماشلىرىدا ئېنىقلىغۇچى خۇسۇسىيەت ئۈستۈن تۇرىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ كۆرسىتىش ئالماشلىرى جۈملىدە ئاساسەن سۈپەت ئېنىقلىغۇچى تەخلىتىدە كېلىدۇ. مەسىلە: — بۇ دىگىنىڭ ناھايىتى توغرا — دەپ مۆمىن قىزغىن قۇۋۋەتلىدى. مۇشۇ يەردە چۈشۈپ قالاي! — دىدى گۈلى. (سەلكىن.) كىشىنىڭ قەيىرى ئاغرىسا، شۇ يېرىنى سۆزلەيدۇ. (ماقال.)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئاۋۇ تۇرغان نىمە ئىكەن، تاغ ئوخشاش؟
— خاماندىكى ئىسىل دۇنيا ـ ئالتۇن ئاش.
(ئى. ب.)

ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆرسىتىش ئالماشلىرى مورفولوگىيىلىك تەركىۋى، ياسىلىش ئۇسۇلى، مەنىسى ۋە جۈملىدىكى خىزمىتى جەھەتتىن بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. مەسىلەن، كۆپچىلىك تۈركولوگلار تۈركى تىللاردا كۆرسىتىش ئالماشلىرى ئاساسەن ئۈچ تومۇر سۆزدىن (بۇ، ئۇ، شۇ) ئىبارەت بولۇپ، قالغانلىرىنىڭ بارلىغى شۇ ئۈچ تومۇر سۆزنىڭ ئاساسىدا ئانالىتىكىلىق ئۇسۇل بىلەن تۈزۈلگەن دېگەن پىكىرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىمۇ مەزكۇر ئۈچ ئالماشنىڭ كۆپلىگەن باشقا ياسالما ئالماشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا بىردىن-بىر مەنبە بولغانلىغىنى كۆرىمىز. بۇ، بىرىنچىدىن، مەزكۇر ئۈچ ئالماشنىڭ كېلىپ چىقىشى تۈركى تىللاردا بىر مەنبەگە ئىگە ئىكەنلىگىنى كۆرسەتسە، ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ھەر بىر تىلنىڭ ئۆزىگىلا خاس فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە مۇۋاپىق ئۆزگىرىپ، ھەر تۈرلۈك شەكىلگە ئىگە بولغانلىغىنى دەلىللەيدۇ. مەسىلەن: "شۇ>شۇل؛ سۇ/ياق.: سۇبۇ/شۇ؛ سو سول؛ شو شول؛ سول شول: شول ئوشول؛ شۇل ئۇشۇل؛ ئۇشول، ئۇشۇل، ئۇشۇ، ئۇش، ئوشو؛ ئۇشۇل، ئوشول...." تۈركى تىللارنىڭ پاكىتلىرىنى سېلىشتۇرۇش شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى "بۇ" ئالمىشى ئەسلى "بۇل" سۆزىدىن، "ئۇ" سۆزى "ئۇل" شەكلىدىن، ئەمدى "شۇ" ئالمىشى بولسا، "شۇل" شەكلىدىن كېلىپ چىققان①.

① ھەتتا ن. ئا باسكاكوۋ (مەزكۇر ئەسىرىنىڭ 273 ـ بېتىدە) "بۇ، شۇ، ئۇ" ئالماشلىرى تارىخىي جەھەتتىن "مەن، سەن، ئۇ" ئالماشلىرىدىن كېلىپ چىققان دېگەن پىكىرنى ئېيتىدۇ: مەن (مە ـ ن // بە ـ ن // مى ـ ن) > بۇ؛ سەن (سە ـ ن // سى ـ ن // سە ـ ن // خە ـ ن) > شۇ (سو // شۇ)؛ ئۇ (ئو // ئول // ئۇل // ئال) > ئۇ.

تۈزىلىشى جەھەتتىن مۇرەككەپلەشكەن كورسىتىش ئالماشلىرى قاتارىغا ئۇيغۇر تىلىدا: "مونۇ، مۇشۇ، ئاشۇ، ئاۋۇ، ئۇشبۇ، ئەنە، مانا، مانا شۇ، مانا بۇ، ئەنە شۇ" ئوخشاش سوزلەر ياتىدۇ. تۈركى تىللاردا بۇ تەخلىتتىكى مۇرەككەپ ئالماشلار ھەر خىل شەكىللەرگە ئىگە. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئاساسىي ئۈچ ئالماشنىڭ بىرىكمىلىك ۋارىيانتلىرى دەپ تەرىپلىسەك، بەزىلىرى توغرىلىق ئۇنى ئېيتىشقا بولمايدۇ. چۈنكى تۈركى تىللاردىكى بەزى مۇرەككەپ ئالماشلار پەقەت ئاساسى بىر سوزنىڭ فونېتىكىلىق ۋارىيانتلىرى بولۇپ كەلسە، بەزىلىرى ھەر خىل ئاساستىن ۋە مەخسۇس مورفېمىلار ئارقىلىق ياسالغان سوزلەردۇر. مەسىلەن، قازاق تىلىدىكى "ٴتيۋ، اناۋ، سوناۋ، مناۋ، وسى، وسناۋ"، قىرغىز تىلىدىكى "تىگى، تىگىل، تېتىگى"، تۇۋا تىلىدىكى "Дуу، ДҮҮ، Доо، Дөө"، ياقۇت تىلىدىكى "ئىتى، بىلى، سىتى"، ئۆزبېك تىلىدىكى "ئۇشە" كورسىتىش ئالماشلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يوق. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالماشنىڭ "مۇشۇ" "ئاشۇ" "ئاۋۇ" شەكىللىرىمۇ مەزكۇر تىللاردا ئۇچراشمايدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى: "مونۇ، ئاۋۇ، مۇشۇ، ئاشۇ" ئالماشلىرى ئەسلى "مانا-ئۇ، ئەنە-ئۇ، مانا-شۇ، ئەنە-شۇ" مورفېمىلىرىدىن تۈزۈلگەن. بۇ يەردىكى "ئۇ، شۇ" ئالماشلىرى بىزگە مەلۇم. لېكىن "مانا" ۋە "ئەنە" سوزلىرىنىڭ تومۇر ياكى ياسالما سوز ئىكەنلىكى تېخى روشەن ئەمەس. تەخمىن قىلىش كېرەككى، "مانا" ۋە "ئەنە" سوزلىرى تارىخىي جەھەتتىن "بۇ، ئۇ" ئالماشلىرى ئاساسىدا پەيدا بولغان. چۈنكى، بىرىنچىدىن "بۇ" ۋە "ئۇ" ئالماشلىرى* كېلىشلەر بىلەن تۈرلەنگەندە، بەزىدە تومۇردىن كېيىن "-ن" ئېلېمېنتىنى قوبۇل قىلىدۇ. مەسىلەن: بۇ — بۇندا // مۇندا، مىندا؛ ئۇ — ئۇندا: مەن بارمايمەن ئۇندا، ياركېلەرمىكىن مۇندا... (قوشاق.) ئىككىنچىدىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەزى تۈركى تىللاردا تۈرلەنگۈچى ئاساستىكى "-ن" ئېلېمېنتى①
"د" ۋە "ن" دىن باشلىنىدىغان (-دا، -نا، -دىن، -نىن) كېلىش
قوشۇمچىلىرى بىلەن جىپسىلىشىپ، بىر ئېلېمېنتقا ئايلىنىپ كېتىش
فاكتىسى بايقىلىدۇ. شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى "مانا" ۋە
"ئەنە" (باشقا تۈركى تىللاردا: بىنا، مېنى، مېنە، منا، منى ۋە
ئانا، ئەنى، ئانى) كورسىتىش ئالماشلىرى كېلىپ چىققان. ئەمدى
ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات نەتىجىسىدە "مانا" "ئەنە" سوزلىرى
ئاساسىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى: مونۇ، ئاۋۇ، مۇشۇ، ئاشۇ ياسالما ئالماشلىرى
مەيدانغا كەلگەن بولۇشى ئېھتىمال.

ئادەت بويىچە، بەزى ئالىملار كورسىتىش ئالماشلىرىنىڭ ئاساسى
ئۈچ فورمىسىنى (بۇ، ئۇ، شۇ)، ئۇلارنىڭ بولۇشلۇقتىكى مۇناسىۋىتىنى
ۋە كونكرېتلىقنى بىلدۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە بىنائەن، ئۈچ بالداقتا
بولۇپ قارىسا، بەزىلىرى ئۇلارنى شەيئىنىڭ سوزلىگۈچىدىن ھەرقان-
داق يىراقلىقتا ئىكەنلىكىنى كورسىتىش خۇسۇسىيىتىگە قاراپ ئاجرى-
تىدۇ. مەسىلەن، ن. ئا. باسكاكوۋنىڭ پىكرى بويىچە كورسىتىش
ئالماشلىرى بوشلۇقتىكى مۇناسىۋەتكە قارىغاندا كوپرەك ئېنىقلىق ۋە
كونكرېتلىق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ، "... ھازىرقى زامان ئۇيغۇر
تىلىدىكى: "بۇ، ئۇ، شۇ، ئۇشبۇ // موشۇ،" دىگەن كورسىتىش ئالماش-
لىرىنى بوشلۇقتىكى مۇناسىۋەتكە باغلىنىدۇ دىگەندىن كورە، ئۇلارنى
كوپرەك كونكرېتلىق ۋە ئېنىقلىق بەلگىلىرى بىلەن باغلىنىدۇ، دىگەن
تۈزۈك ("بۇ" ۋە "ئول" بوشلۇق بەلگىلىرى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە
باغلىنىدۇ)② ـــ دەپ كېلىپ، كورسىتىش ئالماشلىرىنى كونكرېتلىقنى

---

① "ن" ئېلېمېنتىنىڭ ئۆزىنى بەزى ئالىملار "بول،ئول" سوزلىرىنىڭ ئاخىرى-
دىكى "ل"نىڭ فونېتىكىلىق ۋارىيانتى دەپ قارايدۇ.

② ن. ئا. باسكاكوۋ «نوغاي تىلى ۋە ئۇنىڭ دىئالېكتى». موسكۋا 1940-
يىل رۇسچە نەشرى، 272 ـــ 273 ـ بەتلەر.

بىلدۈرىدىغان ۋە كونكرېتلىقنى بىلدۈرمەيدىغان ئالماشلار دەپ ئىككى تىپقا بولۇپ قارايدۇ.

دېمەك، كۆرسىتىش ئالماشلىرىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىدىن بىردە نەرسىلەرنىڭ بوشلۇقتىكى ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى، بىردە ئۇلارنىڭ كونكرېتلىقى ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇلارنىڭ سېمانتىكىلىق تەبىئىتى، مەنىۋى ۋە تەسىرلىك مەنىلىرى① پەقەت كونتېكستىلا نامايەن بولىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق ئالماشنىڭ مەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرى جۈملە تەركىۋىدە، ئۇلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش، قارىمۇ-قارشى قويۇش ئارقىلىقلا ئېنىقلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن، كۆرسىتىش ئالماشلىرى سۆزلىگۈچىگە مۇناسىپ ھەر خىل لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى (بۇ، مونو، مۇشۇ، ئەنە) سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن بىۋاستە كۆرۈۋاتقان ياكى گەپنىڭ ماھىيىتىدىن ياخشى خەۋەردار بولغان نەرسىلىرى ھەققىدە ئېيتىلىدۇ. بەزى ئالماشلار (مەسىلەن: ئۇ، شۇ) سۆزلىگۈچىنىڭ، تىڭشىغۇچىنىڭ دىققىتىدىن ئاشقىرى نەرسىلەرنى ئاڭلىتىدۇ: مەن سىزنىڭ شۇ خېتىڭىزنى يۈرۈگۈمگە بېسىپ، جەڭگە ئاتلىنىپ يۈرەتتىم. (سەلكىن.) بۇ جۈملىدە گەپ مەلۇم بىر خەت توغرۇلۇق بولۇۋاتىسىمۇ، لېكىن ئۇ خەت ھازىر بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا يوق. "مانا بۇ، مانا شۇ، ئەنە ئۇ، ئەنە شۇ، ئۇشبۇ" ئوخشاش مۇرەككەپ ئالماشلار ئارقىلىق سۆزلىگۈچى تىڭشىغۇچىنىڭ دىققىتىنى كونكرېت نەرسىگە جەلپ قىلىدۇ، ئۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەر خىل كونكرېتلىق مەنىلىرىگە

---

① مەسىلەن: "ئەۋۇ" دېگەن سۆز ئارقىلىق مەلۇم يىراقلىقتىكى نەرسىنى كۆرسەتسەك، ئۇنى "ئە ـ ئە ـ ئەۋۇ" دەپ سوزۇپ، ئالاھىدە ئاھاڭ بىلەن ئېيتقاندا، شۇ نەرسىنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ يىراقتا تۇرىدىغانلىقى ھېس قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاراپ، كورستىش ئالماشلىرى دېيكتىكلىق ئانا فورىسكلىق، دېيتېرمىنا تىۋلىق ۋە پرېپاراتىۋلىق دېگەن گۇرۇپپىلارغا بولۇنىشى مۇمكىن①.

كورستىش ئالماشلىرىنىڭ كونتېكىستىكى مەنىلىرى ئۇلارنىڭ باشقا سوزلەرگە (ھەتتا ئىبارە، جۇملىلەرگە) بولغان سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئېنىقلىنىدۇ. چۈنكى كورستىش ئالماشلىرى بىر خىل ياكى ھەر خىل نەرسىلەرنىڭ بەلگە ـ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئارىسىدىن مەلۇم بىر بەلگە خۇسۇسىيىتىنىلا بىلىۋېلىش ۋە شۇنىڭغا تىگىشلىك چىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. شۇ ئالاھىدە بولىنىۋېلىنىدىغان، ئەكىتلەپ كورستىلىدىغان نەرسە ياكى بەلگە قايسى سوز تۇركۇمىگە تېگىشلىك بولسا (ئىسىم، سۈپەت، سان، رەۋىش، پەيزىدە ئالماشنىڭ ئۆزى)، ئۇنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان كورستىش ئالمىشىمۇ شۇ سوز تۇركۇمىگە خاس لېكسىكا ـ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ:

ئا) كورستىش ئالماشلىرى ئىسىم ئېنىقلىغۇچى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇزۇن بۇرۇتلىرى تولغانغان يېشى ئەللىكلەردە بار بىرسى، ئۇنىڭ يېنىدا يۇز ـ كوزى قىپ ـ قىزىل، چاچىگا ساقال، يوغان قوساق ژارىپ بولۇس كورۇندى. بۇلار غا دىيىشىپ يەرگە چۈشتى. (سەلكىن.) بۇ جۇملىدىكى "ئۇنىڭ" ئالمىشى ئىسىملاشقان "بىرسى" سوزىنى ئالماشتۇرۇپ كەلسە، ئىككىنچى جۇملىدىكى بۇلار "بىرسى" بىلەن ژارىپ بولۇشنى كورستىپ تۇرىدۇ.

ئە) كورستىش ئالماشلىرى سۈپەت ئېنىقلىغۇچى ئورنىدا ئىشلىـ

---

① ئا. ن. كونونوۋ «ھازىرقى زامان ئوزبېك ئەدەبىي تىلىنىڭ گىراماتىكىسى»، موسكۋا ـ لېنىنگراد 1960 ـ يىل. رۇسچە نەشرى 174 ـ 178 ـ بەتلەر.

تىلىدۇ. مەسىلەن:

قىزىل گۈلنى ۋە شۇگۈل كەبى
يىگىت قىزنى باغرىغا باستى.
(ئا. مۇت.)

"شۇگۈل" دىگەندىكى "شۇ" ئالمىشى "گۈل" سوزىنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى ــ "قىزىل" سوزىنى كورسىتىپ تۇرىدۇ.

ب) كورسىتىش ئالماشلىرى سانىدىن بولغان خەۋەرنى تەكىتلەپ تۇرۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: يىغىنىغا كەلگەنلەرنىڭ سانى ــ 50، ئۇنىڭ يېرىمىدىن كوپى ــ ئاياللار، ئەللىك سانىنىڭ ئورنىدا "ئۇ" سوزى ئىشلىتىلگەن، چۈنكى ئەللىكنىڭ يېرىمىدىن كوپى ئاياللار دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ.

ۋ) كورسىتىش ئالماشلىرى شۇندىقلا ئالماشلارنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ــ ئالغىنىڭ زادى شۇمۇ! ــ دەپ ھەيرانلىق بىلەن سورىدى كاتىپ، ــ شۇ، ــ دىدى سادىر بېشىنى ئېگىپ، (ئى. م.) بۇ جۈملىدە سوئال شەكلىدە ئېيتىلغان "شۇمۇ" ئالمىشىغا جاۋابەن "شۇ" ئالمىشى ئىشلىتىلگەن.

گ) كورسىتىش ئالماشلىرى، ئادەتتە پېئىلنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلمەيدۇ. لېكىن ئۇلار خەۋەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئايرىم ئىبارە، جۈملە، ھەتتا بىر نەچچە جۈملە ئارقىلىق بىرىلگەن پىكىرنىمۇ كورسىتىشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئەپەندى "قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلىمەن" دەپ ماختىنىپ يۈرىدىكەن. بۇنى پادىشا ئاڭلاپ قىلىپ، ئەپەندىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئوۋغا ئېلىپ چىقىپتۇ. (ن ئە ل.) ئىككىنچى جۈملىدىكى "بۇنى" سوزى ئىلگىرىكى جۈملىدە ئېيتىلغان پىكىرگە تولۇق ۋاكالەتلىك قىلىپ تۇرىدۇ.

كورسىتىش ئالماشلىرى ئىسىملىشىش ئارقىلىق مەلۇم سوز تۈرلەنگۈچى قوشۇمچىلارنى قوبۇل قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە. شۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇزىدىمۇ كورسىتىش ئالماشلىرىنىڭ قوشۇمچىلار بىلەن تۇرلىنىشى (مەسىلەن: ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن) بىر خىل ئەمەس. مەسىلەن: "بۇ" "مۇشۇ" ئالماشلىرى تىل ئەملىيىتىدە: بۇنۇم، بۇنۇڭ، بۇنۇڭىز، بۇنىسى؛ بۇنۇمىز، بۇنۇڭلار، بۇنىسى؛ مۇشۇ: مۇشۇم // مۇشۇرۇم، مۇشۇڭ // مۇشۇرۇڭ، مۇشۇسى؛ مۇشۇمىز، مۇشۇڭلار، مۇشۇسى (مۇشۇنىسى)؛ "مۇنۇ" ئالمىشى ـ مۇنۇرۇم، مۇنۇرۇڭ، مۇنۇرۇڭىز، مۇنۇسى؛ مۇنۇرىمىز، مۇنۇرۇڭلار، مۇنۇسى شەكلىدە ئىشلىتىلسە، "ئۇ" ئالمىشى ـ ئۇنىڭ، ئۇنۇڭىز، ئۇنىسى // ئۇسى؛ ئۇلىرىڭ، شەكلىدە، "شۇ" ئالمىشى ـ شۇنۇڭ، شۇنۇڭىز، شۇنىسى // شۇسى؛ ئاشۇنىڭ، شۇنىمىز①، شۇلىرىڭ شۇنىسى شەكلىدە، "ئاشۇ" ئالمىشى ـ ئاشۇنىڭ، ئاشۇنۇڭىز، ئاشۇلىرىڭ، ئاشۇسى شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ. شۇنداقلا "مانا، ئۇشبۇ، ئەينە" ئالماشلىرى كوپلۇك قوشۇمچىسىنى زادى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۇرلەنمەيدۇ.

كورسىتىش ئالماشلىرىنىڭ ئۇزلىرىگە خاس سوز ياسىغۇچى مەخسۇس قوشۇمچىلىرى يوق. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇزلىرى ھەرقانداق مۇرەككەپ يېڭى سوزلەرنىڭ (مەسىلەن: ئانچىلىك، شۇنچىلىك، شۇڭلاشقا، ئانداق، مۇنداق، شۇنداق، ماشتاق // مۇشۇنداق، ئاشۇنداق؛ بۈگۈن (<بۇ-كۈن)، ئۇگۈن (<ئەۋۇ-كۈن)، بۇ يىل // بۇژىل (<بۇ-ژىل)...) ۋە تۇراقلىق سوز بىرىكمىلىرىنىڭ (مەسىلەن: قوشما رەۋىشلەرنىڭ: شۇ پەيتتە، شۇ مەزگىلدە، شۇ ھازادا، شۇ ھالەتتە، شۇ ئارىدا، شۇ چاغدا، شۇ تەخلىتتە، شۇ دەقىقىدە، شۇ ۋاخلاردا، شۇ تاپتا، شۇ زامان، شۇ قەدەر، شۇ كەمگىچە، شۇ كەمدە، شۇ پوسۇندا، شۇ مەزگىلدە، شۇ ھالدا، شۇندىلا، شۇ ئانىدا، شۇنىدىن كېيىن،

① پەقەت كوپلۇك ساندا "بىزنىڭ شۇنۇمىز" شەكلىدە ئېيتىلىشى مۇمكىن.

شۇنچە، ئانچە، مۇنچە، شۇنچىۋالا، بۇ دەم، بۇ دەمدە، بۇدورەم، بۇ قېتىم، مانا شۇنداق، ئەنە شۇنداق ۋە باشقىلار) تۈزىلىشىگە ئاساس بولىدۇ.

ئايرىم كورسىتىش ئالماشلىرىنىڭ گىراممىتكىلىشىش جەريانىدا باشقا سوز تۈركۈملىرىگە ئوتۇشمۇ بايقىلىدۇ. مەسىلەن:

— شۇ، بىر گەپ بار دىدىم باي ئاكاملارنىڭ بۇ "مەرتىلىگىدە". (سەلكىن.) مانا، تۇرغاناي ھەدە، مېنىڭ قايغۇم شۇ يەردىن باشلاندى. (سەلكىن.) بۇ جۈملىلەردىكى "شۇ" "مانا" كورستىش ئالماشلىرى مودال سوزلەر كاتېگورىيىسىگە ئوتكەن.

### 3. سوئال ئالماشلىرى

شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئىسمىنى، سۈپىتىنى، سان ھىساۋىنى، ئورۇن - جايىنى، ئەمەل - ھەركىتىنى ۋە باشقا ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشكە قارىتىلغان سوئال سوزلەر سوئال ئالماشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سوئال ئالماشلىرى سان جەھەتتىن ئانچە كوپ ئەمەس. ئۇلار مۇنۇلار: كىم؟ نىمە؟ قانچە؟ قانچىنچى؟ نەچچە؟ نەچچىنچى؟ قايسى؟ قانداق (قايداق؟) قېنى؟ نەدە؟ قايەردە؟ قاياقتا؟ قايان؟...

سوئال ئالماشلىرىنىڭ ئوز ئالدىغا بىر لېكسىكا - سېمانتىكىلىق گۇرۇپپىنى تەشكىل قىلىشى ئاساسەن ئۇلارنىڭ نەرسە ۋە ھادىسىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشكە، ئېنىقلاشقا قارىتىلغان سوئاللىق مەنىسىگە باغلىق. چۈنكى سوئال ئالماشلىرىنى ئومۇمى گىراممىتكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ گۇرۇپپىغا بىرلەشتۈرۈش ناھايىتى تەس. ئۇلار ئاساسەن ئوزلىرىگە جاۋاپ بولۇپ تۇرغان سوزلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك فورمىلىرى بىلەن سىنتاكسىسلىق خىزمىتىگە مۇۋاپىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە

بولىدۇ. مەسىلەن: كىم؟ نىمە؟ سۆزلىرى ئاساسەن ئىسىملارغا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، شۇلارغا ئوخشاش كېلىش، ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ، كوپلۇك فورمىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. مەسىلەن: كىم — كىمنىڭ، كىمنى، كىمگە، كىمدىن، كىمدە، كىمىم، كىمىڭ، كىمى، كىملەر، كىمڭلار، كىملىرى ۋە باشقىلار.

لېكىن بەزى سوئال ئالماشلىرى كېلىش ۋە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنمەسلىكىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: قېنى؟ نەدە؟ قايەردە؟ قانداق؟ ئالماشلىرى. ئەمدى، قايسى؟ نەچچە؟ قانچە؟ نەچچىنچى؟ قانچىنچى؟ ئالماشلىرىنى ئالساق، ئۇلار كېلىشلەر بىلەن تولۇق تۈرلىنىدۇ (مەسىلەن: قايسى؟ قايسىنىڭ؟ قايسىنى؟ قايسىغا؟ قايسىدىن؟ قايسىدا؟...)، لېكىن ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنى تولۇق قوبۇل قىلمايدۇ. مەسىلەن: قايسى؟ نەچچە؟ قانچە؟ ئالماشلىرى I، II شەخس بىرلىك سان فورمىسىدىكى ئىگىلىك قوشۇمچىسىنى بىۋاستە قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلار پەقەت ئېنىقلىغۇچى سۆزلەردىن كېيىن كېلىدۇ. (قايسى پۇتۇم؟ قايسى پۇتۇڭ؟...)؛ مەزكۇر ئالماشلارغا ئىگىلىك قوشۇمچىسىنىڭ قالغان فورمىلىرى (قايسىمىز؟ قايسىڭلار؟ قايسى؟ قانچىمىز؟ قانچىڭلار؟ قانچىسى؟...) تولۇق ئۇلىنىدۇ. قاچان؟ سۆزى بولسا، پەقەت بېرىش ۋە چۇشۇم كېلىشلىرىنىڭ فورمىلىرىنى (قاچانغا؟ قاچاندىن؟) قوبۇل قىلىدۇ.

سوئال ئالماشلىرى تۈزۈلىشى جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا، ھەممىسى دېگۈدەك① مۇرەككەپ سۆزلەر قاتارىغا ياتىدۇ. مەسىلەن: نىمە؟

---

① ھەتتا "كىم؟" سۆزىنىمۇ بەزى ئالىملار (ۋ. شوتتا، ۋ. كوتۋىچ) ئىككى ئېلېمېنتتىن، جۈملىدىن موڭغۇل تىلىدىكى كۆم–ئۈن — كىشى (بورات – موڭغۇل تىلىدا خۈن — كىشى قەدىمىي تۈرك تىلىدا كۆن — كىشىلەر، ياقۇت تىلىدا – كىنى — ئۇ) دېگەن سۆزلەردىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ.

قانچە؟ قايسى؟ قېنى؟ قانداق؟ قايەردە؟ قاچان؟ سوزلىرى، تارىخى جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا، ئىككى ۋە ئۈچ ئېلېمېنتتىن تۈزۈلگەن. جۈملىدىن، "نىمە؟" سوزى تۈركى تىللارنىڭ بىر ئازىدا ئىشلىتىلىدىغان "نې؟ // نە؟" مورفېمىسى بىلەن "ما // مۇ" (نە ـ ما // مۇ)① سوئال ئۇلانمىسىدىن تەركىپ تاپقان. "نە" شەكلى پەقەت ئۇيغۇر فولكلورىدا ئۇچرايدۇ:

ئاسماندىكى بوز تورغاي
سايرىساڭ نە بولغاي...
(فولك.)

"قاچان؟" سوزىمۇ ئېتىمولوگىيىلىك ئۈچ مورفېمىدىن تۈرىدۇ: قا-چان<قاي-چان<قاي-چائان<قاي-چايىن<قاي-چاغ-ىن (چاق-ىن).

دىمەك، سوئال ئالماشلىرى تۈزىلىشى جەھەتتىن خۇسۇسەن (نې، قاي) ئېلېمېنتلىرىنىڭ ئاساسىدا تەرەققى قىلغان② بۇنى تۈركىي تىللار-دىن ئېلىنغان پاكىتلار تولۇق دەلىللەپ بېرەلەيدۇ.

### 4. ئىنىقلاش ئالماشلىرى

تۈرمۇشتىكى بارلىق جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنى توپ-لاشتۇرۇش، جەملەشتۈرۈش ياكى ئۇز ئارا ئاجرىتىش ئارقىلىق

---

① جانلىق تىلدىكى "نەمۇ" ئالمىشى "نەمە؟" بىلەن كېلىپ چىققىنى بىر. لېكىن ئۇلار ھازىر ئىككى تۈرلۈك مەنىۋى تۈسكە ئىگە. شۇنداقلا "نە" تۈۋەن-دىكى سوزلەر تەركىۋىدە ئۇچرايدۇ: نېمىشكە (<نې-مە-ئىش-قا). نېچۈك (<نە-چۈك)، نەچچە (<نە-چچە)، نەدە (<نە-دە)...

② مەكتەپ گىرامماتىكىسىدىكى "يوقلۇق ئالماشلىرى" دىگەن تېرمىننىڭ ئورنىغا "بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى" دەپ ئېلىشنى مۇۋاپىق كوردۇك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېنىقلاپ تۇرىدىغان ئالماشلار ئېنىقلاش ئالماشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ①

ئېنىقلاش ئالماشلىرى مۇنۇلار: ھەممە، بارلىق، بارچە، بەرى، پۈتكۈل، پۈتۈن، تامام، تۈگەل، جىمىكى // جىمى، ھەر، ھەر كىم، ھەر بىر، ھەر نىمە، ھەرقانداق، ھەرقايسى. ئۇلار: كىم؟ نىمە؟ قانداق؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ بېرىدۇ. باشقا ئالماشلارغا ئوخشاش، ئۇلارمۇ ئىسىملىشىش ۋە ئېنىقلاش خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن: بەرى، ھەر كىم، ھەر نىمە ئوخشاش سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاساسى فورمىسىدا تۇرۇپ، ئىسىملاشقان ئالماشلارنى تەشكىل قىلسا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئېنىقلىغۇچى ئالماشلار بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ كۆپچىلىگى ئىسىملىشىشقا مايىل بولىدۇ (بارلىق ـ بارلىغى، ھەممە ـ ھەممىسى...). مەسىلەن: كەڭ ئېتىزلىق، كۆك چىمەن يايلاق، قارا ـ قارا قوي، پادا ـ پادا يىلقا ـــ مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى كولخوز بايلىغى. ("ك. ت.")

ئېنىقلاش ئالماشلىرىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىدىن ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇش (يەككىلەش) مەنىسى روشەن بايقىلىدۇ. مەسىلەن: پۈتكۈل ئەللەرنىڭ پرولېتارىياتلىرى، بىرلىشىڭلار! شۇنداق قىلىپ، بارلىق قوي فېرمىلىرىدا ساغلىقلارنى تولدۇرۇش ئىشى تەشكىللىك ھالدا باشلاندى. ("ك. ت.") ھەممە بالانى باشلىغان ـــ

---

① ئالماشلارنىڭ بۇ تۈرىنى قازاق تىلىدا ـ "جالپىلاۋ" ئۆزبېكچە ـــ "بىر گەلىك"، تاتارچە ـــ "بىلگىلەۋ" ئالماشلىرى دەپ ئاتايدۇ. بۇ ـــ ئالماش گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەرنىڭ سانى ۋە مەنىسىنىڭ بارلىق تىللاردا بىردەك ئەمەس ئىكەنلىگىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: قازاق تىلىدا "ـــ بەرى، بارلىق، بارشا، بار، كۈللى، بۈكىل، بۈتىن، تۈگەل"، ئۆزبېك تىلىدا" ـــ ھەممە، بارچە، بارى، ھەركىم، ھەر قانديي". تاتار، باشقىرت تىللىرىدا ئۇلاردىن تاشقىرى ـــ ھەتتا "ئۈز" سۆزىمۇ ئېنىقلاش ئالماشلار قاتارىغا قوشۇلىدۇ.

سەن. ھەر كاللىدا ــ بىرخىيال. (ماقال.) ھەر كىم ئۆز ئۆيىدە ــ پادىشا. (ماقال.)

جىمى ئالەم گۇۋا بولسۇن سېنىڭدىن ئۆزگە يايرىم يوق...
(فولك)

بۇ جۈملىلەردىكى "پۈتكۈل، بارلىق، ھەممە، جىمى" سوزلىرىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى بىر بىرىسىگە ناھايىتى يېقىن. ئۇلار ئۆزلىرى ئېنىقلاپ تۇرغان "ئەل، قوي فېرمىسى، بالا، ئالەم" سوزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىۋاتقان ئۇقۇمنىڭ مەلۇم بىر دائىرىدىكى ئومۇمىلىقىنى، كوللېكتىۋلىقىنى ئالاھىدە كورسىتىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ سوزلەرنىڭ سېمانتىكىسى شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى مۇمكىن قەدەر تولۇق ئۆز ئىچىگە ئېلىش، توپلاشتۇرۇش، جەملەشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولسا، "ھەر، ھەر كىم" ئوخشاش ئالماشلار، ئەكسىچە، مەلۇم كلاس، توپ، گۇرۇپپا، كاتېگورىيىلەرنى تەشكىل قىلغۇچى شەخس ۋە شەيئىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئايرىم شەخس ۋە شەيئىلەرنىلا بولۇپ، ئاجرىتىپ كورسىتىش، ئېنىقلاش، تەكىتلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

مانا مۇشۇ سېمانتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ، ئۆزبېك ۋە باشقا تىللاردا① مەزكۇر ئالماشلارنى ھەتتا ئىككى مۇستەقىل گۇرۇپپىغا بولۇپ قاراش دەستۇرىمۇ بار. بۇ، ئەلۋەتتە، مەلۇم دەرىجىدە دۇرۇس:

ئۇيغۇر تىلىدا ئېنىقلاش ئالماشلىرىنى، كېلىپ چىقىشى ۋە تۈزۈلۈشىگە قاراپ، ئۈچ توپقا بولۇپ قاراشقا بولىدۇ. بىرىنچى

---

① «ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلى» تاشكەنت، 1957 ـ يىل نەشرى 376 ــ بەت. بۇ ئەسەردە ئۇلار "بىرگە لىك ئالماشلارى" ۋە "بېلگىلەش ئالماشلارى" دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۈپقا ئەسلى تۈركى تىللارغا ئورتاق تومۇر سۆزلەرگە مورفولوگىيىلىك قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلۇنۇشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان ياسالما ئالماشلار كىرىدۇ. مەسىلەن: "بار" سۆزىنىڭ ئاساسىدا "ـ لىق، ـ لىغى، ـ چە، ـ چىسى، ـ ئى" قوشۇمچىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن "بارلىق، بارلىغى، بارچە، بارچىسى، بەرى (< بار ـ ى)" ئالماشلىرى، شۇنداقلا "پۈت" تومۇرىغا "ـ ئۈن، ـ كۈل" قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق "پۈتۈن" (< پۈت ـ ئۈن)، "پۈتكۈل" (< پۈت ـ كۈل)①، "تۈگە" تومۇرىغا ـ ل // ـ ن فورمانتىنى ئۇلاش ئارقىلىق "تۈگەل" (< تۈ ـ گە ـ ل // ن)② ئالماشلىرى تۈزۈلگەن. ئىككىنچى تۈپنى ئەرەب تىلىدىن كىرگەن "تامام" (تامام خەلق)، "جىمى // جىمىكى" ئىران تىللىرىدىن كىرگەن "ھەر" "ھەممە" سۆزلىرى تەشكىل قىلىدۇ. ئۈچىنچى تۈپقا "ھەر" سۆزى بىلەن "كىم، نىمە، قانداق، قايسى" ۋە "بىر" سۆزلىرىنىڭ ئانالىتىكىلىق يول بىلەن بىرىكىشى ئاساسىدا ياسالغان ئالماشلار كىرىدۇ.

### 5. بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى

شەخس ۋە شەيئىلەرنىڭ مەلۇم ئىش ـ ھەركەتكە قاتنىشىشى

---

① ن. ك. دمىترىيېۋ («باشقىرت تىلى گىراممانىكىسى» موسكۋا لېنىنگراد 1948 ـ يىل، رۇسچە نەشرى 106 ـ بەت) ۋە ن. ئا. باسكا كوۋنىڭ («قارا قالپاق تىلى» 292 ـ بەت) پىكرى بويىچە، "پۈت // بۈتە ـ" سۆزى، ئېتىمولوگىيىلىك جەھەتتىن ئەسلى ئۇسمەك ۋە پۈتمەك مەنىسىدىكى پېئىل تومۇرىدۇر.

② "تۈگەل" سۆزىنى "تۈگەتمەك، تۈگىمەس"، قازاق تىلىدىكى "تۈگەۋ، تۈگەسۋ، تۈگەنىدەۋ" سۆزلىرىنىڭ تومۇرى "تۈگە" دەپ تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ.

(ۋاقىت، ئورۇن سەۋەپ...) يوقلىغىنى كۆرسىتىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ باشقا شەيئىلەرگە بولغان مۇناسىۋىتىنى ئېنىكار قىلىدىغان سۆزلەر بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى① دەپ ئاتىلىدۇ.

بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى كىم؟ نىمە؟ قانداق؟ دىگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. ئۇلار مۇنۇلار: ھېچ، ھېچكىم، ھېچنىمە، ھېچنەرسە، ھېچقانداق، ھېچقايسى، ھېچبىر، بىرمۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى ئاساسەن ئىران تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن ۋە ئالاھىدە تۇرۇپ ئېنىكار مەنىسىنى ئاڭلىتىدىغان "ھېچ" سۆزى بىلەن سوئال ئالماشلىرىنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بەزىدە "ھېچ" سۆزى "بىر" سۆزى بىلەن ۋە "بىر" سۆزىنىڭ ئۆزى "-مۇ" ئۇلانمىسى بىلەن بىللە تۇرۇپمۇ بولۇشسىزلىق ئالماشلارنى ھاسىل قىلىدۇ.

بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى ھەر قاچان پېئىلنىڭ بولۇشسىزلىق فورمىسىدا تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن: بۇنى سىزنىڭدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. بۇ ھېچ (قاچان) كۆپلۈك قىلمايدۇ...

### 6. بەلگىسىزلىك ئالماشلىرى

ئەتراپتىكى جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ سۆزلىگۈچى ئۈچۈن ئېنىقسىزلىغىنى، ئۇلارنىڭ كىم، نىمە، نەچچە، قانداق، قانچە ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس، بەلگىسىز ۋە نامەلۇملىغىنى كۆرسىتىدىغان سۆزلەر بەلگىسىزلىك ئالماشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

بەلگىسىزلىك ئالماشلىرى ھەرقانداق نەرسە ۋە ھادىسىلەرنىڭ

---

① مەكتەپ گىراماتىكىسىدىكى "يوقلۇق ئالماشلىرى" دىگەن تېرمىننىڭ ئورنىغا "بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى" دەپ ئېلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

www.uyghurkitap.com

سۈپەت ـ بەلگىلىرىنى، سان ـ ساپاسىنى، ماكان ـ جايىنى ئوچۇق ۋە ئېنىق كۆرسىتىشنىڭ ئورنىغا، ئىككىلىنىش، تەخمىن ۋە گۇمان قىلىش ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: بىز قانداقتۇ بىر ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشەندۇق. ("ك.ت") موشۇ جۈملىدىكى "قانداقتۇ بىر" ئالمىشى "ۋەقەنىڭ" قانداق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كونكرېت سۈپىتىنى، خاراكتېرىنى ئوچۇق ئەمەس، بەلكى تەخمىن قىلىش ئارقىلىق كۆرسىتىدۇ.

بەلگىسىزلىك ئالماشلىرىغا مۇشۇ سۆزلەر ياتىدۇ: ئاللىقانداق، كىمدۇ بىرى (بىرسى)، قايسى بىرى (بىرسى)، قانداقتۇ بىر (بىرى، بىرسى)، بىر، بىرەر، بىراۋ، بىرەرسى، بىرلىرى، گايىبىر، بەزىبىر، بەزەن، پالان، پالانچى ۋە باشقىلار. بەلگىسىزلىك ئالماشلىرى "كىم؟ نىمە؟ قانداق؟" سوئاللىرىغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.

بەلگىسىزلىك ئالماشلىرى: 1) سىنتاكسىسلىق، 2) ئانالىتىكىلىق، 3) سىمانتىكىلىق پەرق قىلىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن ئالماشلارمۇ بار. بىرىنچى تۈپقا "بىر" سۆزى ئاساسىغا "ـ ئەر، ـ ئەۋ، ـ ئەسى، ـ لىرى" قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىش ئارقىلىق ياسالغان "بىرەر، بىرەۋ، بىرەسى، بىرلىرى" ئوخشاش سۆزلەر كىرىدۇ. ئىككىنچى تۈپقا ياتىدىغان ئالماشلارنى "كىم؟ نىمە؟ قانداق؟" سوئال ئالماشلىرى ۋە "ـ دۇ" (<دۇر)، "ـ تۇ" (<تۇر) سوئال قوشۇمچىلىرى (كىمدۇ؟ نىمدۇ؟ قانداقتۇ؟) بىلەن بەلگىسىزلىك مەنە ئىپادىلىگۈچى "ئاللى①، ـ قايسى، ـ بەزى، ـ گايى قانداق؟ قاچان ۋە بىر" (ئاللىقاچان، گايىبىر، بەزىبىر، بىرى، بىرسى) سۆزلىرىنىڭ بىرىكمىلىرى تەشكىل قىلىدۇ. ئۈچىنچى تۈپقا بەلگىسىزلىك مەنىسىگە ئىگە بولغان "بىر" ۋە "بىرەۋ" سۆزلىرى

② "ئاللى" سۆزى ئۇيغۇر تىلىدا ئالاھىدە تۇرۇپ مەنە ئاڭلاتمايدۇ.

ياتىدۇ. ئىران تىللىرىدىن كىرگەن "بەزەن، پالان" (شۇلارنىڭ ئاساسىدا تۈزۈلگەن بەزىلەر، پالانچە، پالان-پۇستان) سۆزلىرىمۇ بەلگىسىزلىك ئالماشلىرىغا كىرىدۇ.

## 7. ئۆزلۈك ئالماشلىرى

سۆزلىگۈچىنى باشقا شەخسلەرنىڭ ئارىسىدىن، شەيئى ۋە هادىسىلەردىن ئالاھىدە بولۇپ، گەۋدىلەندۈرۈپ كۆرسىتىدىغان سۆزلەر ئۆزلۈك ئالماشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۆزەڭگە راۋا كۆرمىگەننى باشقىلارغىمۇ راۋا كۆرمە. (ماقال.)

يىلنىڭ تۆگەل تۆت پەسلىدە كۆرسەڭ ئۇنى،
باھار ئايىنى ئەسلىتىدۇ كۈلۈشلىرى.
گۈزەل ئۆزى، چېۋەر ئۆزى، ئىشچان ئۆزى،
زەيتۇنەم — كومسومولكا — ھورباغ قىزى.
(ئى.س.)

بۇ جۈملىلەردىكى "ئۆزەڭگە" سۆزى "باشقا بىرىگە ئەمەس، شۇ سۇبېكتنىڭ ئۆزىگىلا" دېگەن مەنىنى ئاڭلاتسا، ئۆزى "بارلىق گۈزەللىك، چېۋەرلىك، ئىشچانلىق خۇسۇسىيەت پەقەت زەيتۇنەمگىلا خاس" ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ.

ئۆزلۈك ئالماشلار ئالاھىدە تۈرۈپ① "سۆۋي"② مەنىسىنى ئاڭلى-

① "ئۆز" سۆزى پەقەت ئىگىلىك فورمىلىرىدىلا ئىشلىتىلىدۇ دېيىدىغان پىكىرلەرمۇ يوق ئەمەس.

② "ئۆز" سۆزىنىڭ ئەينە شۇ دېگەن مەنىسىگە قاراپ، ئۇنى بەزىلەر (ن.ك. دمىترىيېۋ، ۋ.ن. خانگىلدىن، ن.ئا. باسكاكوۋ...) ئېنىقلاش ئالماشلىرىنىڭ قاتارىغا قويىدۇ. لېكىن بىز بۇ سۆزنىڭ ئېنىقلاش مەنىسىدىن تاشقىرى ئۆزلۈك مەنىسىنىمۇ بارلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ (مەسىلەن: ئۆزەمنىڭ بالام // ئۆز بالام)، ئۇنى ئۆزلۈك ئالماشلىرى گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىمدىغان ئۆز سۆزىنىڭ ئاساسىدا تەرەققى قىلغان ئىگىلىك فورمىلىرى-دىكى ياسالما سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئۆز، ئۆزى، ئۆزەم، ئۆزەڭ، ئۆزىڭىز (ئۆزلىرى)، ئۆزىمىز، ئۆزەڭلار (ئۆزلىرىڭلار)، ئۆزلىرى. ئۆزلۈك ئالماشلىرى كىم؟ كىملەر؟ دىگەن سوئالغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.

ئۆزلۈك ئالماشلىرىنىڭ ئاساسىدىكى "ئۆز" تومۇر سۆزىنىڭ مەنىسى ۋە كېلىپ چىقىشى ھەققىدە تۈركولوگىيەدە ھەر خىل پىكىرلەر بار. مەسىلەن، ن. ك. دمىترىۋ باشقىرت تىلىدىكى ئۆز سۆزى توغرىلىق مۇنداق دەپ يازىدۇ: "ئۆز، سۆزى تارىخىي ۋە ھەقىقىي رەۋىشتە ماھىيەت، مەركەز، ئاساس دىگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ"①. ن. ئا. باسكاكوۋ: "ё з (ئۆزى، شەخسەن) سۆزى ئىسىم — ё зек دىگەن بۇ مەركەز ھەم تۈپ نەرسە بىلەن سېمانتىكىلىق باغلىنىش ساقلايدۇ"② دەيدۇ. ئۆزلۈك ئالماش "ئۆز" سۆزىنىڭ "ё зек" سۆزىدىن كېلىپ چىققىنى توغرۇلۇق پىكىرنى ئا. ن. كونونوۋمۇ ئېيتىدۇ. لېكىن بىزنىڭ تەخمىن قىلىشىمىز بويىچە، "ئۆز" سۆزى "ئۆزەك // ئەزەك" (مەسىلەن: سارئۆزەك دىگەندىكى) سۆزىدىن ئەمەس، ئەكسىچە "ئۆزەك" سۆزى "ئۆز" سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. "ئۆز" سۆزى قەدىمىي تۈرك تىللىرىدىن كېلىۋاتقان مۇستەقىل تومۇر سۆزلەردىن بولۇپ، ئۇ ئۆزىدىن باشقىمۇ ياسالما سۆزلەرنىڭ تەركىۋىدە ئۇچرايدۇ: ئۆزگە، ئۆزلۈك (پېئىل، ئات، ئالماش)، ئۆزلىگىدىن، ئۆزگەرمەك، ئۆزئارا، ئۆزگىچە، ئۆزىچە، ئۆزلەشتۈرمەك، ئۆز سىنمەك ۋاھاكازا③. دىمەك، "ئۆزەك // ئۆزەك" "ئۆز"

① م. ك. دمىترىۋ «باشقىرت تىلى گىراماتىكىسى» 105 ـ بەت.
② ن. ئا. باسكاكوۋ «نوغاي تىلى ۋە ئۇنىڭ دىئالېكتى» 293 ـ بەت.
③ بۇلارنىڭ ھەممىسى تىلنىڭ باشقا لېكسىكا ـ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرىگە ئۆتكەن.

سوزىدىن كېيىن ھاسىل بولغانلىقى سوزىسىز.

## رەۋىش

رەۋىش ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ بەلگىسىنى، بەلگىنىڭ (سۈپەت ياكى رەۋىشلەرنىڭ) ۋە بەزىدە شەيئىنىڭ بەلگىسىنى بىلدۈرۈپ، جۈملىدە ئاساسەن تۇرلۇك ھالەت ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرىدۇ.

رەۋىش ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ بەلگىسىنى ئىپادىلىگەنىدە، ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىش جەريانىنى، ئورنىنى، ۋاقتىنى، ھالىتىنى، بەزىدە دەرىجە ـ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ. مىساللار: تاشقىرىدا شامال بىلەن ئارىلاش يامغۇر ياغماقتا ئىدى. ("د.ق.") ھېلىمۇ شۇ ۋەدەمدىن يانغىنىم يوق. (ج.ب.) بۇ ياشلار ئىشلەپ يۈرۈپ ئىنستىتۇتلاردا سىرتتىن ئوقۇشقا قارار قىلدى. ("ك.ت.") سەن كىشىلەرگە ئانچە ئىشەنمەيسەن. (م.گ.)

رەۋىش بەلگىنىڭ بەلگىسىنى ياكى شەيئىنىڭ بەلگىسىنى ئىپادىلەپ كەلگەندە بولسا، ئۇلارنىڭ دەرىجە ۋە مىقدارىنى كورسىتىدۇ. مىساللار: بىر ياغلىق توقاچ بولسا، جامالىڭغا چىلاپ يىسەم، تېخىمۇ ياخشى بولار ئىدى. (فولك.) شۇنداقتىمۇ، تالاي ئىشلارنى قىلىپ تۈگەتتۇق. (ئو.م.)

رەۋىشلەر باشقا سوز تۈركۈملىرىدىن تۆۋەندىكى بەلگىلىرى بىلەن پەرقلىنىدۇ:

1. رەۋىشلەرنىڭ لېكسىكا ـ سېمانتىكىلىق بەلگىسى. رەۋىشلەر، باشقا سوز تۈركۈملىرىگە ئوخشاش ئوزىگە خاس سېمانتىكىسىغا، يەنى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ بەلگىسىنى، بەلگىنىڭ بەلگىسىنى بىلدۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

توغرا، بەزىدە سۈپەت، ھال پېئىل ۋە تەقلىدىي، تەخلىدىي

www.uyghurkitap.com

سوزلەرمۇ ئىش ـ ھەركەتنىڭ بەلگىسىنى بىلدۈرۈپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: "ئۇ ياخشى ئوقۇيدۇ. سەن ئالدىراپ سوزلىدىڭ. ئەخمەت غال ـ غال تىترىدى." جۈملىلىرىدىكى "ياخشى" "ئالدىراپ" ۋە "غال ـ غال" سوزلىرى ئىش ـ ھەركەتنىڭ قانداق ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى بىلدۈرۈپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇزلىرىنىڭ ئەسلى ئاڭلىتىدىغان مەنىلىرىنى يوقاتمىغان. شۇڭلاشقا ئۇ سوزلەر ئوز تۈركۈمى دائىرىسىدە قالىۋېرىدۇ.

شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئوتۇش كېرەككى، ئايرىم سىمانتىكىلىق تۈركۈمدىكى رەۋىشلەر جۈملىدە ۋاقىتلىق سۈپەت ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇپ كېلىش ئورۇنلىرىمۇ ئۇچرايدۇ، لېكىن ئۇلار رەۋىش تۈركۈمى دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن: ئىلدام ئات، ئۇيغۇرچە ئۇسۇل، يۇقۇرى ھوسۇل...

رەۋىشلەرگە خاس خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىرى يەنە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، باشقا سوز تۈركۈملىرىگە تېگىشلىك بەزى سوزلەر مەلۇم بىر فورمىدا تۇراقلىنىپ كېلىشى نەتىجىسىدە بارا ـ بارا يېڭى بىر لېكسىكا ـ سىمانتىكىلىق مەنىگە ئىگە بولىدۇ ۋە رەۋىشلىنىدۇ: بۇرۇن، بۇگۈن، قولمۇ ـ قول، ئاندا، باشقا، بىردىن، بارا ـ بارا، ھارماي ـ تالماي، بەش قولدەك....

2. رەۋىشلەرنىڭ گىرامماتىكىلىق بەلگىلىرى. رەۋىشلەرنىڭ تۆۋەندىكىچە مورفولوگىيىلىك بەلگىلىرى بار: ئا) ئوزىگە خاس سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە: ـ چە، ـ دەك (ـ تەك)، ـ چىسىغا، ـ چىلىك، ـ لاپ (ـ لەپ)، ـ قىرى، (ـ گىرى)... ئە) تۈزىلىشى ۋە ياسىلىشى جەھەتتىن باشقا سوز تۈركۈملىرى (ئىسىم، سۈپەت، پېئىل...) بىلەن مۇناسىۋەتتە بولىدۇ؛ ب) باشقا سوزلەر بىلەن گىرامماتىكىلىق ئالاقىدا بولغاندا، ئوز فورمىسىنى ئوزگەرتمەيدۇ — تۈرلەنمەيدۇ.

رەۋىشلەر بەزىدە سوز تۇرلىگۇچى قوشۇمچىلارنى ئېلىشى مۇمكىن. بۇ شارائىتتا سوز تۇرلىگۇچى قوشۇمچىلار ئۇزلىرىنىڭ سوز تۇرلەش خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ، ئىككىنچى بىر سىمانتىكىغا ئىگە رەۋىشلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. مەزكۇر قوشۇمچىلار رەۋىشلەرگە تۇرلۇك مەنە ئاھا-ڭىنى بېرىش ئۇچۇن خىزمەت قىلىدۇ. ئايرىم ھاللاردا بولسا باشقا سىمانتىكىغا ئىگە رەۋىشلەرنى ھاسىل قىلىدۇ: "ھازىر — ھازىرغا — ھازىردىن، كېچە — كېچىسى — كېچىلىرى..." مەلۇم بولدىكى، ئايرىم رەۋىشلەرگە سوز تۇرلىگۇچى قوشۇمچىلار ئۇلانسىمۇ، سۇپەتلەرگە ئوخشاش دائىم ئىسىملىشىپ كەتمەي، ئۇز تۇركۇمى دائىرىسىدە قالىۋېرىدۇ. بۇ بولسا پەقەتلا رەۋىشلەرگە خاس خۇسۇسىيەت بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

3. رەۋىشلەر جۇملىدە ئاساسەن ھالەت ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرىدۇ («رەۋىشلەرنىڭ سىنتاكسىسغا» قارالسۇن).

ئەنە شۇ لېكسىكا-گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر رەۋىشلەرنى باشقا سوز تۇركۇملىرىدىن پەرقلەپ تۇرىدۇ.

## ئاددى ۋە مۇرەككەپ رەۋىشلەر

رەۋىشلەر مورفولوگىيىلىك تۇزىلىشى جەھەتتىن ئاددى ۋە مۇرەك-كەپ بولۇپ ئىككىگە بولۇنىدۇ.

ئاددى رەۋىشلەر ئۇز نوۋىتىدە تۇپ ۋە ياسالما رەۋىشلەر بولۇپ ئىككىگە بولۇنىدۇ.

تۇپ رەۋىشلەر. ھازىرقى زامان تىلىمىزدا ئايرىم مورفېمىلارغا بولۇنمەيدىغان رەۋىشلەر تۇپ رەۋىشلەر دەپ ئاتىلىدۇ: "ئەڭ، بەك، ئىنتايىن، چاپسان، ئىلدام، كوپ، جىق، بۇرۇن، ئاۋال، ھازىر، ھىلى، ئاران، ئەتتەي، ئەمدى؛ ئەتە؛ تاڭلا، كېيىن، ئىلگىرى،

www.uyghurkitap.com

يۇقۇرى، نېرى، بېرى» ئوخشاش رەۋىشلەر شۇلار قاتارىغا كىرىدۇ.

يۇقۇرىدىكى تۈپ رەۋىشلەرنىڭ بەزى بىرلىرىنى تارىخىي جەھەتتىن ئايرىم قىسىملارغا بۆلۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن، «ئەتە، تاڭلا، ئەمدى، كېيىن، ئىلگىرى، يۇقۇرى، نېرى، بېرى» سۆزلىرى «ئەر+تە، تاڭ+دا>لا، ئەم+دى، كەد+ىن، ئىل+گە+رى، يۇ+قا+رۇ، نە+رۇ، بە+رۇ» شەكلىدىكى مورفېملاردىن تەشكىل تاپقان بولسىمۇ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئايرىم قىسىملارغا بۆلۈنمەيدىغان بىر پۈتۈن سۆز دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ۋە «بۇرۇن، كۆپ، ئاز» دېگەن رەۋىشلەرگە ئوخشاشلا تۈپ رەۋىشلەر تۈپىگە كىرىدۇ. ئورۇن-ۋاقىت، بېرىش ۋە چىقىش كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ ئايرىم سۆزلەردە قېتىپ قېلىشى نەتىجىسىدە رەۋىشلەشكەن «باشتا، يېقىندا، باشقىدىن، بىردىن، ئۇزاققا، زورغا» ئوخشاش سۆزلەرمۇ دەل شۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. مۇنداق سۆزلەر ھازىر رەۋىش سۆز تۈركۈمىنىڭ دەرىجىسىدە ئايرىم قىسىملارغا بۆلۈنمەيدۇ.

ياسالما رەۋىشلەر. رەۋىش ياسىغۇچى مەخسۇس قوشۇمچىلارنىڭ سۆزلەرگە ئۇلىنىشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان رەۋىشلەر ياسالما رەۋىشلەرگە كىرىدۇ: ئۇيغۇرچە، كونىچىسىغا، ئويچىلىك، ئۇزاقىچە، مالچىلاپ، توغرىسىغا، كېچىلەپ، تاشتەك، پۈتۈنلەي، ئاساسەن، مەردانە...

مۇرەككەپ رەۋىشلەر. سۆزلەرنىڭ بىرىكىشى، ئىككى سۆزنىڭ قاتار كېلىشى، بىر سۆزنىڭ تەكرارلىنىشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان رەۋىشلەر ۋە شۇنداقلا تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ رەۋىشلەر ئورنىدا ئىشلىتىلىشى مۇرەككەپ رەۋىشلەر تۈپىنى تەشكىل قىلىدۇ: بۈگۈن، تۈنۈگۈن، بۇ يىل، ئابايا، ئالىلقاچان، ھەر دائىم، بىر كۈنى، بىر ۋاقىتتا، شۇ چاغدا، ئۇ يەردە، ئاستا-ئاستا، يۈزمۇ-يۈز، نېرى-بېرى، ئامان-ئېسەن، سەل-پەل، خۇشال-خۇرام، كەينى-كەينى-

دىن، ئۈستى ـ ئۈستىگە، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا، كۆز يۇمۇپ ئاچقىچە، ھەدەپ، پۈت ـ قولى يەرگە تەگمەي، بەش قولدەك، بىركۈنى بولمىسا، بىر كۈنى...

## رەۋىشلەرنىڭ مەنە جەھەتتىن بۆلۈنۈشى

رەۋىشلەر، ئاڭلىتىدىغان مەنىسىگە قاراپ، ھالەت ۋە ئېنىقلىغۇچى رەۋىشلەر بولۇپ چوڭ ئىككى توپقا بۆلۈنىدۇ.

1. ھالەت رەۋىشلەر. ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ قانداق ئەمەلگە ئېشىشىدىكى مەزگىلىنى، ئورنىنى ۋە سەۋەپ ـ مەقسىدىنى بىلدۈرىدۇ ۋە تۆۋەندىكى سېمانتىكىلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

ۋاقىت رەۋىشى. ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىش جەريانىدىكى تۈرلۈك مەزگىللىك چۈشەنچىلەرنى بىلدۈرىدۇ ۋە "قاچان؟ قاچاندىن بېرى؟ قاچانغىچە؟" دېگەن سوئاللارنىڭ بىرىگە جاۋاپ بېرىدۇ: ھازىر، ھېلى، بايا، بالدۇر، بۇرۇن، دائىم، ھامان، بىزمان، بۈگۈن، ئۆگۈن، يېڭىراقتا، باشتا، بىردە، شۇندا، ھازىرغا، ھېلىتىن، ئاندىن، دەسلەپ، كېچىلەپ، كېچىچە، ئەتىگىچە، شۇڭغىچە، ئالدىن، كېيىن، ئاللىقاچان، ھەر ـ دائىم، كۈنى ـ تۈنى، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ، پات ـ يېقىندا، سەھەرمۇ ـ سەھەر، بىر كۈنى، قاغا قارىق دېمەستە، قۇم چېچەكلىگەندە...... مىساللار: بار ئىدى بۇرۇن بىر غېرىپ ئادەم. (ر.ق.) جانەم بولسا، باشتا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بۇ ئەنسىرەشلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى. (م.ھ.) مەن تۈنۈگۈن ياكى بۈرناكۈن ئىسمىشكە ئېلىپ كەلمىدىڭىز دېمەكچىمەن. (ئا.ق.) ئالتاي ياز، ئالتاي قىش، "مىشمىشلار" دېگۈدەكمىش. (ئى.ب.)

ئورۇن رەۋىشى. ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئورنىنى ۋە ئۇنىڭ مەلۇم بىر ياققا قارىتىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، قايەردە؟ قايەردىن؟ قايەرگە؟ ۋە باشقا سوئاللارنىڭ بىرىگە جاۋاپ بېرىدۇ: ئىلگىرى، تاشقىرى، ئىچىرى، ئاندا، مۇندا، ئالدىدا، ئارقىدا، تۆۋەندىن، ئارقىغا، ئۇ ياقتا، شۇ يەردىن، بىر يەردە، ھەريان، يىراق ـ يېقىنغا، يان ـ ياندىن، ئېرى ـ بېرى، ئاللىقا ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياقلاردا...... مىساللار: نازۇك كۆڭلى ئامرىقىدىن بىردەم نېرى بولارمۇ؟ (قوشاق.) مەن بارايمىكىن ئاندا، يارگىلەرمىكىن مۇندا. (قوشاق.) تاماق ئىچىپ بولغىچە، ئۇ ياقتىن ـ بۇياقتىن ھەر خىل پاراڭلار بىلەن ئولتۇرۇشتى. (ج.ب.)

سەۋەپ ـ مەقسەت رەۋىشى. ئىش ـ ھەركەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدىكى سەۋەپ ۋە مەقسىدىنى بىلدۈرىدۇ ۋە: نىمە ئۈچۈن؟ نىمە سەۋەپتىن؟ نىمە مەقسەت بىلەن؟ دىگەن سوئاللارنىڭ بىرىگە جاۋاپ بېرىدۇ. رەۋىشلەرنىڭ باشقا سېمانتىكىلىق تۈرلىرىگە نىسبەتەن سەۋەپ ـ مەقسەت رەۋىشلىرى ئىنتايىن ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىدۇ، كەم ئىشلىتىلىدۇ: قەستەن، ئەتتەي، ئەتەيىن، ئەتەيلەپ، ئامالسىزلىقتىن، ئىلاجىسىزلىقتىن، بىكادىن ـ بىكار... مىساللار: مەن ئەخمەق قۇلۇقىنىڭ كۆڭۈللىرىنى كەچۈر، بىلمەسمەن، قەستەن ئەمەس، نادانلىغىمدىن گۇنا قىلغانلىغىمنى ئۆزەڭ بىلىسەن. (م.گ.) قاشانىڭ تاختاي ـ لىرىنىڭ بىرىنى ئەتەي سۇغۇرۇپ تاشلىغان ئىدى. (ل.س.) ئۇ ئامالسىزلىق ـ تىن شۇ جايدا قېلىشقا رازى بولدى.

II ئېنىقلىغۇچى رەۋىشلەر. ئىش ـ ھەركەتنىڭ ساپاسىنى، ئۇنىڭ ـ دىكى بەلگىلەرنىڭ سانىنى ۋە ئۆلچىمىنى بىلدۈرىدۇ ۋە ھالەت رەۋىشى، دەرىجە ـ مىقدار رەۋىشى بولۇپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**ھالەت رەۋىشى.** ئىش ـ ھەركەتنىڭ قانداق ھالدا ئەمەلگە ئاشقان ـ لىغىنى بىلدۈرىدۇ، ”قانداق؟ قانداق قىلىپ؟ قانداق ھالدا؟ كىمدەك؟ نىمدەك؟“ دىگەن سوئاللارنىڭ بىرىگە جاۋاپ بېرىدۇ: ئىلدام، تېز، پات، چاپسان، دەرھال، ئۇمۇمەن، مەردانە، بىردەك، ئوچ ـ قاندەك، پۈتۈنلەي، ئوڭدىسىغا، ئاستىن، ئۆيېچىلىك، ئۇيغۇرچە، مەرتلەرچە، خوشال ـ خورام، ئولاش ـ چولاش، بارا ـ بارا، پەيدىن ـ پەي، سوزمۇ ـ سوز، ياڭۋاشتىن، باشقا، سوزسىز، بەش قولدەك، بىر ئورۇندا، بىر قويۇندا، بىر ئېغىزدىن، كوز ئېچىپ يۇمغىچە... مىساللار: پلاستىنكىنى تارتىپ ئالساق، سۇنىڭ دەررۇ كوتىرىلىپ، سىلىندىرنى تولدۇرغانلىغىنى كورىمىز. (خىمىيە.) تانلىق ئۇيقىغا كىرگەن ئالىمجان بىردىن ئۇخانىمدى. (”د. ق“) ئالدىغا بېيىسېنبى

چاپمۇ- چاپ چىقىپ كەلدى. (م. ئە.) ھەر بىر سىيىرنىڭ خۇلقى- مىجەزىنى بەش قولدەك بىلىۋېلىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ("ي. ج.")

دەرىجە- مىقدار رەۋىشى. ئىش- ھەركەتنىڭ مىقدار- دەرىجىسىنى، سانىنى، ئۆلچىمىنى بىلدۈرىدۇ ۋە "قانداق؟ قانچە؟ قانچىدىن؟" دېگەن سوئاللارنىڭ بىرىگە جاۋاپ بېرىدۇ.

دەرىجە- مىقدار رەۋىشلىرىنى، ئاڭلىتىدىغان مەنىسىگە قاراپ، كۈچەيتىتۈرۈش ۋە كۈچىسىزلەندۈرۈش رەۋىشلىرى دەپ ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈش مۇمكىن.

كۈچەيتىتۈرۈش رەۋىشلىرى: ئەڭ، بەك، زەپ، ناھايىتى، ئىنتايىن، قەۋەت، بىدەستۈر، ھىساپسىز، تولا (مۇ)، ئاجايىپ، ئارمانسىز، خويما، تازا، ئۈنچىۋالا، مۇنچىۋالا، شۇنچىلىك، خېلى، جىق، نۇرغۇن، تالاي، ھارغىچە. مىساللار: شۇنىڭدىن بېرى ئۇ ۋاقىتنىڭ تولىمۇ ئاستا ئۆتىۋاتقانلىقىغا شىكايەت قىلمايدىغان بولدى. (ر. ت.) كەلگۈسى كولخوز باغ- ۋاراندىن تېخىمۇ نۇرغۇن ھوسۇل ئېلىشقا ئۈمىت باغلىماقتا. ("ك. ت.") لەززەتلىنەرسەن ئارمانسىز تولا. (ن. ئى.)

كۈچىسىزلەندۈرۈش رەۋىشلىرى: ئاز، سەل، ئاران، زورغا، بىر ئاز، ئاز- ماز، سەل- پەل، ئانچە- مۇنچە، قىلچىلىك، تىرناقچىلىك. مىساللار: ئاز قىل، ئۈز قىل. (ماقال.) كېيىنكى ئىككى كۈنى سەل- پەللا ئىسسىمدە بار. (يۇ. ف.)

## رەۋىشلەرنىڭ ياسىلىشى

رەۋىشلەر، ئادەتتە، تۆت تۈرلۈك — مورفولوگىيىلىك، مورفولوگىيە- سىنتاكسىسلىق، سىنتاكسىسلىق ۋە سېمانتىكىلىق يول بىلەن ياسىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## I. رەۋىشلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك يول بىلەن ياسىلىشى

بۇ قەدەمدە دەۋرلەردىن تارتىپ مەۋجۇت ئۇسۇل بولۇپ، سوزلەرگە ھەر خىل قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن يېڭى رەۋىشلەر بارلىققا كېلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. "-چە". بۇ رەۋىش ياسىغۇچى ئۈنۈملۈك قوشۇمچىلاردىن بولۇپ، ئىسىم، سۈپەت، ئالماش ۋە رەۋىشلەرگە ئۇلىنىشى ئارقىلىق رەۋىش ياسايدۇ.

"-چە" قوشۇمچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ياسالغان رەۋىشلەر ئىش-ھەركەتنىڭ ھالىتىنى، ۋاقتىنى، دەرىجە-مىقدارىنى ياكى شۇ بەلگىنىڭ باشقا بىر بەلگىگە ئوخشاشلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مىساللار: چوڭغا چوڭچە، كىچىككە ئوڭچە. (ماقال.) سوزلەشلىرى بىردەك — ئۇيغۇرچە، ئارىلاپ-ئارىلاپ بالىلارغا خاس زوقمەنلىك بىلەن رۇسچىمۇ سوزلەپ قويىدۇ. (ج. ب.) مېنى ئانچە-مۇنچە جىملىكەندەك بولدى. (م. ھ.) ئىشلىسەڭ، ھوسۇل بىرەي خالىغانچە، تېز ئۇتاپ، مېنى كۈتكىن ئېرىنمىگىن. (ھ. ئى.) ئۇ جۈرئەتدىن قىلچە بەھرى بولسا، گەرچە مېنىڭ مەقسەت-مۇرادىم ھەل بولغىنى شۇ. (م. ز.)

بەزىدە "-لار، -لەر" شەكلىدىكى ئىسىملارغا "-چە" قوشۇمچىسى ئۇلىنىشى بىلەنمۇ رەۋىش ياسىلىدۇ. مەسىلەن: مەرتلەرچە، ئۇستازلارچە، ئىنسانلارچە، باتۇرلارچە، چوڭلارچە....

"-لارچە (-لەرچە)" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان رەۋىشلەر مەنە جەھەتتىن ئاساسەن "-چە" ئارقىلىق ياسالغان رەۋىشلەرگە يېقىن. ئەمما "-لارچە (-لەرچە)" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان

رەۋىشلەر بىر بەلگە بىلەن ئىككىنچى بىر بەلگىنىڭ ئوخشاشلىغىدىكى ئومۇمىلىقنى ئاڭلىتىدۇ. مەسىلەن: بىزمۇ باشقا ئادەملەرگە ئوخشاش ئىنسانلارچە ياشارمىز. (ج. ب.) قېرىنداشلارچە ئۇزۇتۇپ قويدۇق. (ھ. ھ.)

2. "-چىسىغا (-چىسىگە)". بۇ قوشۇمچە ئەسلى "-چە، -سى، -گە" قاتارلىق قوشۇمچىلاردىن تەركىب تاپقان؛ ئىسىم ۋە سۈپەتلەرگە ئۇلىنىشى ئارقىلىق ئىش-ھەركەتنىڭ ھالىتىنى ۋە ئوخشاشلىغىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەرنى ھاسىل قىلىدۇ: دىخانچىسىغا، موزدوزچىسىغا، يىگىتچىسىغا، كونىچىسىغا، ياشلارچىسىغا... مىساللار: ياشلارچىسىغا غەيرەت بىلەن ئىشلەش بىزنىڭ كولخوزدا ئادەتكە ئايلانغان. بىز كونىچىسىغا سېلىنغان بىر يوغان ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق. ئىشۇخىم ئۇزۇن ئەلتىر شەپكىسىنى يىگىتلەرچىسىگە گەجگىسىگە قويۇپ... (ئا. ك.)

3. "-چىلىك". ئەسلى "-چە" ۋە "-لىك" قوشۇمچىلىرىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئىسىملارغا، سۈپەتلەرگە ۋە كىشىلىك ئالماشلارغا ئۇلىنىشى ئارقىلىق ئىش-ھەركەتتىكى بەلگىنىڭ ئوخشاشلىغىنى، دەرىجە-مىقدارىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ: ئۆيچىلىك، بىزچىلىك، سەنچىلىك، بۈگۈنكىچىلىك. مىساللار: كۆڭلۈم-باھار، بەختىم-پارلاق، دىلىم-شات، ئۇ، دوستلىرىم، قىلچىلىك يوق ئارمىنىم، (ئى.ب.) -ھەي ھاماقەت، تاغاڭنى سەن چاغلىساڭ ئاسان، سەنچىلىكقۇ بىلىسەممۇ، ئۇرۇشتا چاققان. ("ك. ن.") ھەر قانداق تارانچى بالىسى مېنىڭچىلىك ناخشا ئېيتالمايدىغۇ. (ج. ب)

4. "-چىلاپ". ئەسلى "-چە، -لا، -پ" قوشۇمچىلىرىدىن تەركىب تاپقان بۇ قوشۇمچە ئاساسەن ئىسىملارغا ئۇلىنىپ، ئىش-ھەركەتتىكى بەلگىنىڭ ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇيغۇرچىلاپ، تۇلۇمچىلاپ، خورازچىلاپ، ھايۋانچىلاپ... مىساللار: پىلنىڭ تېرىسىنى تۇلۇمچىلاپ سويغىن، بىرىنگە گوش، بىرىنگە سۇ ئالايلى. (چۆچەك.) ئۇيغۇرچىلاپ يېزىپ كېتەي بىر غەزەل، قولۇمدىكى قەلەم بىلەن تاش ئويۇپ. (ھ. ئى.)

5. "-غىچە (-گىچە، -قىچە، -كىچە)". ئەسلى "-غا" ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

"-چە" قوشۇمچىلىرىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، سۈپەت، رەۋىش ۋە ئالماشلارغا ئۇلىنىشى ئارقىلىق ئىش-ھەرىكەتنىڭ بەلگىنىڭ ۋاقتىنى ۋە ئۇنىڭ چېكىنى بىلدۈرىدۇ: ھازىرغىچە، خېلىغىچە، ئۈزۈندىغىچە، شۇڭغىچە... مىساللار: ئۇ ھازىرغىچە شۇ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ كېلىۋاتىدۇ. ("ك. ت.") بوۋاي ئۈزاققىچە مومىيغا گەپ قىلالماي ئولتۇرۇپتۇ. (چوچەك.) شۇڭغىچە ئاڭلانماي تۇرغان تامدىكى سائەت ئۇنلۇك چېكىلداپ، ئون ئىككىنى كورسەتتى. (ھ. ئا.)

6. "-داق (-دەك، -تاق، -تەك)". ئىسىملارغا، سۈپەتلەرگە سانلارغا ۋە سۈپەت پېئىللارغا ئۇلىنىپ، ئىش-ھەرىكەتنىڭ بەلگىنىڭ ئوخشاشلىقىنى ۋە ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ: ئەينەكتەك، ناۋاتتەك، تاشتەك، يېگىدەك، ھازىرقىدەك، لايىقىسىزدەك، ھەر قېتىمقىدەك، شۇنداق، ئۇنداق، بىزدەك، ئۇچقاندەك، ئۇيالغاندەك، ئولگىدەك، بىردەك...... مىساللار: بۆرۈنتىدەك كوڭۈل ئىشەنچلىك بولسىچۇ، كاشكى. ("د.ق.") كوكتە يۇلتۇز ئۇيالغاندەك، ئاي قارايدۇ ئىگىز چىقىپ. (ھ. ئى.) مەنمۇ ئىدىم سىڭىندەك، سەنمۇ بولارسەن مېنىڭدەك. (ماقال.) قاقشاشلار يۇرت ئىچىدىكىلەرگە بىردەك ئەمەس ئىدى. (م. ھ.) يۇرەكتە كۈچلۈك ئارزۇ ئوتتەك ياندى. (ھ. ھ.)

7. "-لاپ // -لەپ". پېئىل ياسىغۇچى "-لا" ۋە ئۆتكەن زامان ھال پېئىلىنىڭ "-پ" قوشۇمچىلىرىدىن تەركىب تاپقان بۇ قوشۇمچىنىڭ ياردىمى بىلەن ياسالغان رەۋىشلەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى، ھالىتىنى ۋە دەرىجە-مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: كېچىلەپ، ھەپتىلەپ، كوپلەپ، ياخشىلاپ، سائەتلەپ.... مىساللار: كېچىلەپ تونۇيالمىدىم، كىملەر ئىدى قېشىڭدىكى؟ (قوشاق.) ئاغرىق پاتمانلاپ كىرىدۇ، مىسقاللاپ چىقىدۇ. (ماقال.) ئاي، ھەپتىلەپ ياتار ئىكەن ئوڭكۆرىدە بىر ئېيىق. (م. ز.)

8. "-(س) ىغا، -(س) ىگە". بۇ قوشۇمچە ئەسلىدە ئىگىلىك قوشۇمچىسى "-سى" ۋە بېرىش كېلىشىنىڭ "-غا (-گە)" قوشۇمچىلىرىدىن تەركىب تاپقان. بۇ قوشۇمچىنىڭ ياردىمى بىلەن ياسالغان رەۋىشلەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ قانداق ھالدا

ئەمەلگە ئاشقانلىغىنى بىلدۈرىدۇ: ئوڭدىسىغا، تىكىسىگە، ئۇزۇنىغا، توغرىسىغا، تەتۈرىسىگە.... مىساللار: ئەمەت.... دۇتارنى توغرىسىغا تۇتقان بويى، ھېچ كىمگىمۇ قارىماي، تالاغا چىقىپ كەتتى. (ج. ب.) ئۇ ئىككى ئالقىنىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، ئوڭدىسىغا ياتتى. (ج. ب.)

9. "-ئىدە". بۇ قوشۇمچە تەخلىدىي ۋە تەسۋىرىي سۆزلەرگە، بەزى رەۋىش ۋە سۈپەتلەرگە ئۇلىنىشى ئارقىلىق رەۋىش ياسايدۇ. "-ئىدە" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان رەۋىش ئىش- ھەركەتنىڭ تېز، بىردىن ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: جىغغىدە، لاسسىدە، ۋاللىدە، شارتتىدە، تاققىدە، شاققىدە، لىسسىدە، جىققىدە، زىچچىدە، تىككىدە، شۈككىدە...... مىساللار: "مەن سېيىت باينىڭ ئوغلىمەن!..." دەپ ئۆزىنى لاسسىدە تاشلىۋەتتى. (ن. ئى.) "ۋايىيەي، ئولدۇمىغۇ" دەپ پىشانىسىغا ئالقىنىنى شاققىدە ئۇردى. ("د. ق.") ئانام ماڭلىيىمدىن سۆيدىدە، كۆزىگە جىققىدە ياش ئالدى. (ئو. م.)

10. "-ئى (-سى)". بۇ قوشۇمچە ئەسلىدە ئىگىلىك قوشۇمچىسىنىڭ ئۈچىنچى شەخسىدۇر. ئۇ، ۋاقىت چۈشەنچىسىنى ئاڭلىتىدىغان ئىسىملارغا ئۇلىنىپ، ۋاقىت رەۋىشلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ: كۈزلىگى، يازلىغى، كېچىسى، كۈندۈزى. مىساللار: كومبىنىنىڭ كىلىتكىلىرى ھەر يىلى ئەتىيازلىغى، يازلىغى، كۈزلىگى بولۇنۇپ ئۆسۈپ، يېڭى چەمبەرنى ھاسىل قىلىدۇ. (بوتانىكا.)

بۇلاردىن تاشقىرى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېڭى سۆز ياساش خۇسۇسىيىتىدىن مەھرۇم بولۇپ، پەقەت ئايرىم سۆزلەردىلا ئۆزىنىڭ ئارخائىك فورمىسىنى ساقلاپ قالغان ئۈنۈمسىز قوشۇمچىلارمۇ بار. ئۇلار ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردۇر:

11. "-ئۇن (-ئۇن، -ىن)"①. بۇ قوشۇمچە ئارقىلىق ياسالغان

---

① مەزكۇر قوشۇمچە ئايرىم تۈركشۇناسلىق ئەدەبىياتلاردا" -(ئى)ن ۋە -(ئۇ) ن" شەكلىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رەۋىشلەر ئادەتتە ئىش-ھەرىكەت بەلگىسىنىڭ ۋاقتىنى، ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ. ئالدىن، كېيىن، ئاستىن، ئۈستۈن، يوشۇرۇن، كەچقۇرۇن.... مىساللار: مەن ئارتۇق ۋە يالغان سۆزلەرنى ئېيتىپ ئۆلگۈرمەستىن، ئۇ ئالدىن بايقىۋالاتتى. (م.گ.) بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىن جىددىي پەرق قىلىنىپ، ئۇ پوئېمىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ("ئۇ. س")

12. "-قىرى (-كىرى، -گىرى)". بۇ قوشۇمچە "-قا" ۋە "-رۇ" قوشۇمچىلىرىدىن تەركىپ تاپقان. "-قىرى" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئورنىنى، ۋاقتىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر ياسىلىدۇ: يۇقۇرى، ئىچكىرى، تاشقىرى، ئىلگىرى. مىساللار: ئىشىكنى ئېچىپ، ئەيمىنىمەي ئىچكىرى كىرىپ ئولتۇرۇڭ. (چوچەك.) ئۇ قاشلىرىنى يۇقۇرى كۆتىرىپ، ماڭلاي تېرىلىرىنى تۈرۈپ، قاراپلا قالدى. (ئو. م.)

مەزكۇر مۇرەككەپ قوشۇمچىنىڭ ئىككىنچى ئېلېمېنتى "-رى" قوشۇمچىسى ئارقىلىقمۇ رەۋىش ياسىلىدۇ: نېرى، بېرى، كەڭرى. مىساللار: ئۇلار ھېچكىمنى نېرى ئۆتكەزمىدى. (ل. س.) كولخوزچىلارنىڭ روھى يۇقۇرى، غەيرىتى ئادەم ئېيتقۇسىز كەڭرى. ("ك .ھ.)

13. "-لەي، -تىن، -ئىرتىن". بۇ قوشۇمچىلار ئارقىلىق ساناقلىق رەۋىشلەر ياسىلىدۇ: پۈتۈنلەي، تىرىكلەي، ئاستىرتىن، ئۈستىرتىن. مىساللار: ئەمەتكام رەنجىشنى تامامەن ئۇنتۇپ، پۈتۈنلەي باشتىن ئۆزىنى غەم-قايغۇ. ("ك. ھ.")...ئاستىرتىن خەۋەر بەرگۈچىلەر بار. ("ك. ت.")

14. "-ئەن". بۇ قوشۇمچە ئەسلى ئەرەب تىلىدا چوشۇم كېلىش قوشۇمچىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا ئۇ ئۆزىنىڭ كېلىش قوشۇمچىسى سۈپىتىنى يوقىتىپ، سۆز ياساش دەرىجىسىگە كۆتىرىلگەن ۋە ئىش-ھەرىكەتنىڭ ھالىتىنى، ۋاقتىنى، مەقسىدىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەرنى ھاسىل قىلىدۇ: ئومۇمەن، خۇسۇسەن، شەخسەن، تەخمىنەن، قەستەن، بەزەن...بۇ قوشۇمچە ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەردىلا ئىشلىتىلىدۇ. مىساللار: ھەر ھالدا بەزەن بۇ نەرسە

ئۈنىڭدا ئېغىر كېلىدىغانىدەك كۆرۈنەتتى. (م. گ.) ئۇمۇمەن مېنىڭ ساڭا ئىچىم ئاغرىيدۇ. ("د. ق.")

15. "-ئانە". "-ئانە"پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەر تەركىۋىدە كېلىدۇ. مۇنداق رەۋىشلەر مەنىسى جەھەتتىن "-لارچە (-لەرچە)" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان رەۋىشلەرگە ئوخشايدۇ: دوستانە — دوستلارچە، ۋەھشىيانە — ۋەھشىلەرچە، قەھرىمانانە — قەھرىمانلارچە... مىساللار: زور كۆرسەتكۈچلەرنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە پىداكارانە ئەمگەك قىلماق. ("ك. ت") يېڭىچە كۈن بىلەن داغدام يوللاردا مەردانە يۈرۈشكە بولغان چىن كېپىل. (م. ز.) كۈندەك كۈلەر، ئايدەك تولار، گۈزەل تاڭ باغلىرىدا ئىشقىيانە ئالاردىم. (ن ئى.)

## II. رەۋىشلەرنىڭ مورفولوگىيە-سىنتاكسىسلىق يول بىلەن ياسىلىشى

ئورۇن-ۋاقىت، بېرىش ۋە چىقىش كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ ئايرىم سۆزلەردە "قېتىپ" قېلىشى نەتىجىسىدە مورفولوگىيە-سىنتاكسىسلىق ئۇسۇل بىلەن ياسالغان رەۋىشلەردە بارلىققا كېلىدۇ. بۇ ئۇسۇل بىلەن ياسالغان رەۋىشلەردە كېلىش قوشۇمچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ سۆز تۈرلەش خۇسۇسىيەتلىرىنى تامامەن يوقىتىدۇ.

1. ئورۇن-ۋاقىت كېلىش قوشۇمچىسى كۆپچىلىك سۆز تۈركۈملىرىگە ئۇلىنىشى بىلەن كۆپ مىقداردىكى رەۋىشلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. بېرىش ۋە چىقىش كېلىشلەرگە نىسبەتەن ئورۇن-ۋاقىت كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ رەۋىش ياساش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ: باشتا، يېقىندا، ئەزەلدە، يېڭىراقتا، بەزىدە، بىردە، كەچتە، سەھەردە... مىساللار: باشتا ۋەدىسىز شۇنداق، ھەرگىز ئايرىلماس بولغان. (قوشاق.) يېقىندا ئىنستىتۇتنىڭ ئىلمىي سوۋېتى بولۇپ ئۆتتى. ("ك. ت") سەھەردە ئويغىنادۇرمەن، ئىلاندەك تولغىنادۇرمەن. (قوشاق.) تاشقىرىدا شامال بىلەن ئارىلاش يامغۇر ياغماقتا ئىدى. ("د. ق.") بىردە بوران، بىردە شۇۋىرغان قىش كۈنى، بىراق كاڭغا تىقىلمايمىز ئىش كۈنى. (ئى. ب.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2. بېرىش كېلىش قوشۇمچىسى ئاساسەن ئىسىم، سۈپەت ۋە رەۋىشلەرنىڭ ئۈزىگە ئۇلىنىپ رەۋىش ھاسىل قىلىدۇ: زورغا، باشقا، بىكارغا، ھازىرغا، خېلىگە، ئۆرگە، يادقا، بىزمانىلىققا، ئۇڭغا، سولغا، ئارىغا، ئۆزاققا. مىساللار: نىكىتا دۈپتىن ياسالغان قوش قانات ئىشىكنى زورغا ئاچتى. (ئا. ت.) بۇ ھال ئۇزۇلمىدى. ("د. ق.") بوۋاي مۇناجەتنى باشتىن - ئاياق يادقا بىلەتتى. (م. گ.) ئاتلە قاغا بىر بولۇپ، ئالدى قوشۇمنى ئارىغا. (قوشاق).

3. چىقىش كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق رەۋىشلەر ياسىلىدۇ، لېكىن "-دىن (-تىن)" قوشۇمچىسىنىڭ سوز ياساش دەرىجىسى، يۇقۇرىدىكىلەرگە قارىغاندا، سەل چەكلەنگەن: ھىلىتىن، باشتىن، مۇندىن، سەھەردىن، تۇيۇقسىزدىن، يېڭىۋاشتىن، يېقىندىن، باشقىدىن، بىردىن.

III. رەۋىشلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق يول بىلەن ياسىلىشى

سىنتاكسىسلىق يول بىلەن مۇرەككەپ رەۋىشلەر ياسىلىدۇ. مۇرەككەپ رەۋىشلەر قوش رەۋىشلەر، بىرىككەن رەۋىشلەر ۋە قوشما رەۋىشلەر بولۇپ ئۈچكە بولۇنىدۇ.

قوش رەۋىشلەر. مۇستەقىل ئىككى سوزنىڭ قاتار كېلىشى ياكى بىر سوزنىڭ ئەينەن تەكرارلىنىشى ئارقىلىق قوش رەۋىشلەر ياسىلىدۇ. قوش رەۋىشلەر ياسىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ تەركىۋىي قىسىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتىن جۈپ ۋە تەكرار رەۋىشلەر بولۇپ ئىككىگە بولۇنىدۇ.

جۈپ رەۋىشلەر. مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى ۋە ئاگلىتىدىغان مەنىسى تەرىپىدىن مۇستەقىل ئىككى سوز قاتار كېلىشى نەتىجىسىدە جۈپ رەۋىشلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ.

جۈپ رەۋىشلەر تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:

1. ھەرخىل تۈركۈمدىكى قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ قاتار كېلىشى ئارقىلىق: ئىلگىرى ـ كېيىن، ئاندا ـ مۇندا، ئاستىن ـ ئۈستۈن، كېچە ـ كۈندۈز، كۈنى ـ تۈنى، يۇقۇرى ـ تۆۋەن...... مىساللار: كېچە ـ كۈندۈز، قىشۇ ـ ياز، سۇدا ئۈزگەن ئاق ئۆدەك. (ھ. ئى.) ئاغدۇرماق بولۇپ ئاستىن ـ ئۈستۈن كېلىدۇ مۇھىت، دولقۇنلىرى يۇلماق بولۇپ، سەكرەيدۇ كوككە. ("يا. ئا.")

2. مەنىداش سۆزلەرنىڭ قاتار كېلىشى ئارقىلىق: ئامان ـ ئېسەن، ساق ـ سالامەت، ھارماي ـ تالماي، ئۇزۇل ـ كېسىل، يەككە ـ يالغۇز، تەك ـ ئۇرتاق، خوشال ـ خورام، ئاندا ـ ساندا ...... مىساللار: كوپ ئادەم دۇئا قىلدى، ئامان ـ ئېسەن يانسۇن دەپ. (قوشاق.) نوزۇگۇم يەككە ـ يالغۇز شۇ يامۇلغا سولاندى. (ب. ن.)

3. قارشى مەنىلىك ۋە مەنىداش سۆزلەرنىڭ بىرى ياكى ھەر ئىككىلا تەركىۋىي قىسمى مورفولوگىيىلىك كۆرسەتكۈچلەرنى ئېلىشى ئارقىلىق ياسالغان جۈپ رەۋىشلەر: ئايدا ـ يىلدا، مەڭگۇ ـ ئەبەتكە، يېقىن ـ ئارىدا، بىلىنەر ـ بىلىنمەس، يىراق ـ يېقىندىن. مىساللار: ـ ھە، ئەلۋەتتە! يات ـ يېقىندا كېلىدۇ. (م. گ.) مۇشۇ باغدا تۇرۇپ يەڭ، قىشۇ ـ يازدا بىر تىنماي، باھار ئەتتىڭ بىلمەن. (ئى. ب.)

تەكرار رەۋىشلەر. بىر سۆزنىڭ، تۈپ ۋە ياسالما بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەينەن تەكرارلىنىشى بىلەن ئىش ـ ھەركەتنىڭ بەلگىنىڭ كۈچەيتىلگىنىنى، داۋاملىقلىغىنى ۋە تەكرارلانغانلىغىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. تەكرار رەۋىشلەر تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:

1. ئىسىم بىلەن ئىسىمنىڭ تەكرارلىنىشى ئارقىلىق: سەپ ـ سەپ، رەت ـ رەت، توپ ـ توپ، قەۋەت ـ قەۋەت، پاتمان ـ پاتمان، ئۈستى ـ ئۈستىگە، مەزگىل ـ مەزگىلدە، كەينى ـ كەينىدىن... مىساللار: باغنى باقساڭ، باغ بولۇر، پاتمان ـ پاتمان ياغ بولۇر. (ماقال.) ئۇ ساقايغانسېرى مەزگىل ـ مەزگىلدە بۇ دېرىزىلەرنى بىرئاز ئېچىپ قويىدىغان بولدى. (ۋ. ك.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

2. پېئىل فورمىلىرىنىڭ تەكرارلىنىشى ئارقىلىق: بارا - بارا، قايتا - قايتا، ئارىلاپ - ئارىلاپ، يېنىپ - يېنىپ - ياندۇرۇپ، ياندۇرۇپ... مىساللار: بارا - بارا ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە ئۆگىنىشىپ كەتتۇق. ("د. ق.") ئارىلاپ - ئارىلاپ پالۋانغا كۆزىنى ئالايتىپ قاراپ قويىتتى. (ئا. ق.)

3. رەۋىش - تەخلىدىي ۋە تەسۋىرىي سۆزلەرنىڭ، سان، سۈپەت ۋە ئالماشلارنىڭ ئەينەن تەكرارلىنىشى ئارقىلىق كۆپلىگەن رەۋىشلەر ياسىلىدۇ. رەۋىش بىلەن رەۋىش تەكرارلانغاندا، ئىش - ھەركەتنىڭ بەلگىنىڭ كۈچەيتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بەزىدە بولسا يېڭى سىمانتىكىغا ئىگە رەۋىشلەرنى ھاسىل قىلىدۇ: ئاران - ئاران، كېيىن - كېيىن، مىغ - مىغ، دەس - دەس، بىر - بىر، ئۇزاق - ئۇزاق، نەچچە - نەچچە... مىساللار: ماھىنۇرنىڭ كوتىرەڭگۈ كۆكسى چاپسان - چاپسان ھەركەتلىنەتتى. ("ك. ت.") كولخوز دېگەن مىغ - مىغلا، رايكوم دېگەن، مەن ساڭا ئېيتاي، ھەممە رايوندا بىرلا. (ج. ب.) بۇ ھەقتە خېلى جايلاردا ئۇزاق - ئۇزاق ئويلايتتىم. ("د. ق.") جانانغا باردىم بول كېچە، بىر - بىر بېسىپ ئاستاغىنە. (قوشاق.)

4. قاتار كەلگەن ئىككى سۆزنىڭ ئىككىنچى سۆزى بىرىنچىسىنىڭ فونېتىكىلىق ۋارىيانتى بولسىمۇ ياكى ھەر ئىككىلا "سۆز" ئالاھىدە تۇرغاندا مەنە ئاڭلاتمىسىمۇ، لېكىن ئىككىسىنىڭ يىغىندىسى جۈپ رەۋىشلەر ھاسىل قىلىدۇ: تەل - توكۇس، ئارا - چۇدە، سەل - پەل، ئاز - ماز، ئولاش - چولاش، ئالمان - تالمان، ئۆكتەي - توكتەي، ئوپۇل - توپۇل ...مىساللار: كېيىنكى ئىككى كۈنى سەل - پەل ئېسىمدە بار. (يۇ. ف.) لېكىن يېنىمدىكىلەر كورۇپ قالمىسۇن دەپ، ئالمان - تالمان ياغلىق بىلەن ئېرتىۋەتتىم. (ئو. م.) ئۇ كىيىم - كېچەكلىرىنى ئوپۇل - توپۇل كىيىپ، كوچىغا چىقىپ كەتتى. (ج. ب)

5. ئىسىم، سۈپەت ۋە باشقا سۆز تۈركۈملىرى ئەينەن تەكرارلانغاندا، ئۇلارنىڭ بىرىنچى تەركىۋىي قىسمى "-مۇ" ئېلېمېنتىنى ئېلىشى بىلەنمۇ تەكرار رەۋىشلەرنىڭ تەركىۋى تولدۇرۇلۇپ بارىدۇ:

يىلمۇ-يىل، سۆزمۇ-سۆز، تەكمۇ-تەك، نەقمۇ-نەق، دۆرمۇ-دۆر، دەلمۇ-دەل، يەكمۇ-يەك ...... مىساللار: كولخوزنىڭ ئىقتىسادى يىلمۇ-يىل يۇقۇرى بالداقتا كۆتىرىلمەكتە. ("ك. ت.") كىرپىكلىرى خەنجەر — تىكمۇ-تىك تۇردى، تېخىمۇ لاۋۇلداپ يالقۇن ئىپادە. (ر. ف.) بىز بېرىلگەن پىروگىراممىنى دەلمۇ-دەل ئورۇنلىماقتىمىز. ("ك. ت.")

بىرىككەن ۋە قوشما رەۋىشلەر. تىل تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم بىر باسقۇچىدا ئىنتىلىغۇچى ۋە ئىنقىلانغۇچى شەكلىدىكى سۆزلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن بىرىكىپ كېتىشى نەتىجىسىدە بىرىككەن رەۋىشلەر پەيدا بولىدۇ (بۆگۈن، بۇيىل، نەۋاق). ئەمدى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەر قاتار تۇرۇپ، بىر مەنە ئاڭلىتىدىغان بىرىكمەلەر قوشما رەۋىشلەر توپىنى تەشكىل قىلىدۇ (ئۇ يەردە، ھەرقاچان). بىرىككەن ۋە قوشما رەۋىشلەر خىلمۇ-خىل ياسىلىش يوللىرىغا ئىگە:

1. ئىككى ياكى ئۈچ سۆزنىڭ ياندىشىپ كېلىپ بىرىكىشى نەتىجىسىدە بەزىبىر فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، بىر سۆز دەرىجىسىگە كېلىپ قالغان بىرىككەن رەۋىشلەر. مۇنداق رەۋىشلەرنىڭ بەزىلىرى چەتتىن قوبۇل قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن: بۆگۈن (بۇكۈنى)، بۈلتۈر (بىريىلىدۇر)، تۈنۈگۈن (تۈن-ئە-كۈن)، بۈرناكۈن (بۈرۈن-ئا-كۈن)، ئۈكۈنى (ئۈكۈنى)، ئاللىقاچان (ئاللا-قاچان)، مەشەدە (ماناشۇ يەردە)، ماياقتا (مانا بۇ ياقتا)، ئەستايىدىل (ئەزتەگى-دىل)، دەستاۋال، دەرھال... مىساللار: ئۇ بۈلتۈر كورسىنى تاماملاپ، ھازىر مۇشۇ يەردە مۇئەللىملىك قىلىۋاتىدۇ. ("ك. ت.") سىز شەدىن شەگە شۇجانەمنى ئىزلەپ كەلدىڭىز. (م. ھ.) مەھسۇلاتلارنىڭ مولچىلىقىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەستايىدىل كىرىشىۋاتقان كىشىلەر. ("ك. ت.")

2. بىرىنچى تەركىۋى قىسمى بىر ساناق سانى ۋە "ئۇ، بۇ، شۇ، ئاۋۇ، مۇنۇ (ماناشۇ)" ئالماشلىرىدىن، ئىككىنچى تەركىۋى قىسمى ئورۇن ۋە ۋاقىت مەنىسىنى ئاڭلىتىدىغان سۆزلەرنىڭ باش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئورۇن-ۋاقىت، بىرىش ۋە چىقىش فورمىلىرىدا كېلىشى ئارقىلىق قوشما رەۋىشلەر ياسىلىدۇ: بىردەم، بىرئاز، بىر چاغدا، بۇ يەردە، شۇياقتىن، ئۇ يەرگە، ئۇ ۋاقىتتا، شۇ چاغ، بۇ دورەم، ئاشۇ كۈنى......مىساللار: ئىككىسى ئېلىپ كەلگەن يۈكنى بىر دەمدە چۇشۇرۇپ جايلىدى-دە، ئاتنى چىقاردى. (م.ھ.) ئۇ ۋاقىتتا شۇ زامانىلا بىزنىڭ ھەر ئىككىمىزنى بىللە بىر قېپىنغا ئېسىۋېتەتتى. (پ.) بۇ دەمدە ئويۇن قىلسام، قاراپ كۈلگىدەك بوپتۇ. (قوشاق.)

3. ھەر، ھېچ، ھەممە ئوخشاش ئالماشلاردىن كېيىن تۈرلۈك فورمىلاردا كەلگەن سوزلەر ياردىمى بىلەن ياسىلىدۇ: ھەرقاچان، ھەر دائىم، ھەر ياقتىن، ھېچنەدە، ھېچيەردىن، ھەممە ياقتا... مىساللار: ئېلىمىزنىڭ ياشلىرى ئويناق، قىزىق ئىشلەپ، قىزىق ئوينايدۇ ھەر جايدا. (ئى. س.) يالۋۇرۇپ ساڭا ھەركۈن، ياد ئېتىپ سېنى ھەر تۈن. (قوشاق.) بۈگۈن سېغىنىپ ئىزلىسەممۇ ھەممە جايدىن، مەن ئۇمەرنى تاپمىدىم. ("ك. ھ.")

4. ھەر خىل فورمىلاردا تۇراقلىنىپ قالغان سوزلەرنىڭ قاتار كېلىشى بىلەنمۇ مۇرەككەپ رەۋىشلەر ياسىلىدۇ. بۇ خىلدىكى قوشما رەۋىشلەر دەرىجىسىگە كوتىرىلگەن بىرىكمىلەرنى بىرەر قائىدە ئاساسىدا بىرىش مۇمكىن ئەمەس: كۈنى كېچە، كۈنى بۇرۇن، ئوتكەن يىلى، يازكۈنى، تاڭ سەھەردە، چىڭقى چۈشتە، نېرى ياقتا، بېرى ياققا، ئوز ۋاقتىدا، گايى چاغدا ...... مىساللار: يار قەدرىنى بىلگەندە، تاڭ سەھەردە يىغلارسەن. (قوشاق.) نېرى ياقتا، دېڭىزنىڭ چېتىدە، بۇلارنىڭ ھەددى-ھېساۋى يوق. (م. گ.) فابرىكا ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى تېز ئارىدا ھەل قىلىشقا باشلىدى. ("ي. ج.") يازكۈنى تومۇزلاردا، ياز ئاخىرى كۈزلەردە، قىش كۈنى مىچىتلاردا، يۇردۇم مەن تىلەككىدە. (قوشاق.)

5. قوشما رەۋىشلەر توپىغا شۇنداقلا ئىسىم، سۈپەت ۋە ئالماشلاردىن كېيىن "بىلەن، كېيىن، بېرى، بويى، ھالدا، تۇردە، يوسۇندا، رەۋىشتە" ئوخشاش تىركەلمىلەرنىڭ كېلىشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان رەۋىشلەرنى ياتقۇزۇشقا بولىدۇ. بۇ خىلدىكى بىرىكمىلەرنىڭ ئىككىنچى

ئېلېمېنتى هازىرقى زامان تىلىمىزدا ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى ئىسىملىق ۋە سۈپەتلىك مەنىلىرىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، ئۇلاردىن يىراقلىشىپ كەتكەن، يەنى گىراماتىكىلىنىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە ۋە ئۆزلىرىدىن ئالدىن كەلگەن سۆزلەر بىلەن بىرلىكتە قوشما رەۋىشلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا، ”كېيىن، بىلەن، بويى، بېرى، هالدا“ ئوخشاش تىركەلمىلەر قوشۇمچە ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرىۋاتقاندەك كۆرىنىدۇ: ئالدى بىلەن، كۈنى بىلەن، جان ـ تېنى بىلەن، نوۋەت ـ نوۋەت بىلەن، ئىنتىزارلىق بىلەن، ئۆمۈر بويى، كۈنى بويى، يىلدىن بېرى، شۇندىن بېرى، ئاندىن كېيىن، سەلدىن كېيىن، كەڭ رەۋىشتە، خوشال هالدا، ئاڭلىق تۈردە ... مىساللار: ئۇ تاغ سۈيى بەگىۋاش ئىدى. كۈنى بىلەن، تۈنى بىلەن، تاشلار بىلەن سوقۇشا ـ سوقۇشا بىر ياققا ئاقاتتى. (ئو. م.) دېڭىزچىلار قىرغاقتا قارىغاندەك ئىنتىزارلىق بىلەن قاراشتۇق. (ھ. ئا.) كۆپتىن بېرى كۆرمىگەن ئاغىنەمنى ئۆستەڭ بويىدا ئۇچراتتىم. (م. ب.) سەلدىن كېيىن ئۆيىنىڭ يورۇغى روشەنلىشىپ ... (ج. ب.) ـــ مەن مەكتەپتە ئۆگىنىۋاتىمەنغۇ! ـــ دەپ خوشال هالدا بېشىنى كۆتەردى. (ج. ب.) ئۆمۈر بويى قىينالغان كەمبەغەللەرگە ئازاتلىق. (قوشاق.)

6. ئىسىم، سۈپەت ۋە رەۋىشلەرنىڭ بىرىنچى تەركىۋىي قىسمى چىقىش كېلىش، ئىككىنچىسى بېرىش كېلىش (بەزىدە ئالماشلىغىمۇ مۇمكىن) قوشۇمچىلىرىنى ئېلىپ تۇراقلىنىپ قالغان سۆز بىرىكمىلىرىدىنمۇ نۇرغۇن قوشما رەۋىشلەر ياسىلىدۇ. بۇ خىلدىكى قوشما رەۋىشلەر سۆز بىرىكمىلىرىدىن بارلىققا كەلگەچكە، ئۇلارنى تەكرار رەۋىشلەر قاتارىغا كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ ۋە سىزىقچىسىز يېزىش ھەقىقەتكە مۇۋاپىق: يىلدىن يىل (غا)، كۈندىن كۈن (گە)، بىكاردىن بىكار (غا)، بوشتىن بوش (قا)، ئوچۇقتىن ئوچۇق، هېلىدىن هېلى (غا)، تولدىن تولا، يالغۇزدىن يالغۇز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## IV. رەۋىشلەرنىڭ سېمانتىكىلىق يول بىلەن ياسىلىشى

تىل تەرەققىياتى جەريانىدا باشقا سۆز تۈركۈمىگە خاس سۆزنىڭ ئەسلى ئاڭلىتىدىغان مەنىسى كېڭىيىپ بېرىشى نەتىجىسىدە ئىككىنچى بىر يېڭى مەنىدە قوللىنىلىشقا باشلايدۇ ۋە نەتىجىدە ئالاھىدە ــ ئالاھىدە مەنە ئاڭلىتىدىغان ئىككى سۆز مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ خىلدىكى يېڭى سۆزنىڭ ياسىلىشى سېمانتىكىلىق ئۇسۇل دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىسىملار سېمانتىكىلىق ئۇسۇل ئارقىلىق رەۋىشلەشكەندە، شەيئىنىڭ نامىنى بىلدۈرمەي، ئەكسىچە، ئىش ــ ھەرىكەتنىڭ بەلگىسىنى ئاڭلىتىدىغان سۆزگە ئايلىنىدۇ.

سۆز تۈركۈملىرىدىن كۆپىنچە ئىسىم، سۈپەت ۋە ھال پېئىللار رەۋىشكە ئۆتىدۇ. رەۋىشلەشكەن ئىسىملار: بۇرۇن، سەھەر، كۈندۈز، كېچە، كەچ، ئۇزا، ئاخشام ... مىساللار: بىر كۈنى غىلاجىدىن قىرمىدىن ناھايىتى كەچ قايتتى. ("ي. ج") بار ئىدى بۇرۇن بىر غېرىپ ئادەم، ئۆتتى بەزى ئاچ، بەزىدە توق ھەم. (ر. ق.) ئۇ ئاخشاملا يەنە تاڭ ئاشۇرۇلۇپ، تېخى ئۇتقىمۇ تويمىغان. (ھ. ئا.)

رەۋىشكە ئۆتكەن سۈپەتلەر شەيئىنىڭ بەلگىسىنى ئاڭلىتىشتىن مەھرۇم بولۇپ، ئىش ــ ھەرىكەتنىڭ بەلگىسىنى بىلدۈرىدۇ: يېڭى، تازا، راسا، ئاجايىپ، ساپ، سۆزسىز، شەكسىز، تۇيۇقسىز، شۈبھىسىز، ئۈزلۈكسىز، ھېساپسىز، ئارمانسىز، قىلىقسىز، توختىلىسىز ... مىساللار: پويىز ئۆدېلنايا ئىستانسىسىغا تېخى يېڭىلا كەلدى. (ل. س.) مانا مۇنداق قىپ ــ قىزارغان يوغان ئالما ئالتاغىنىڭ ئېتىگىدە تازىمۇ تولا. (ئى. س.) لېكىن ئۆزىنىڭ بىدەستۇر زور بىتىگە كېلىشىپ تۇرغان يۈزىنى ئاستا سۈرتۈپ بۇرۇلدى. (ھ. ئا.)

ھال پېئىللارنىڭ رەۋىشكە ئۆتۈشى: يەنە، تولا، قايتا، باوا ئۆزە، ئۆرە، قىيا، ئۇدا، بۇلجۇتماي، ئۇنچىقماي ...... مىساللار: مېنىڭ ئۇلارنى

ئوقۇغىننم بار، كىنولاردىنمۇ بەك تولا كورگىنىم بار ...(ئۆ.م.) ئۇ دەرھال سۇننڭ يۈزىگە لەيلەپ چىقىدۇ، سۇيۇلىدۇ، پاقىرايدىغان تامچىغا ئايلىنىپ، بارا ـــ بارا يوقاپ كېتىدۇ. (خىمىيە.) سوۋېتلەر سويۇزى ھەرخىل جەمىيەت تۈزۈ مىدىكى دولەتلەرنىڭ تىچلىقتا قاتار ياشاش سىياستىنى بۇلجۇتماي يۈرگۈز- مەكتە. ("ك. ت.")

ھال پېئىللار ئىش ـ ھەركەتنى بىلدۈرۈشى بىلەن بىر قاتاردا بەزىدە جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىدە قوللىنىلىشى ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەركەتنىڭ بەلگىسىنى ئاڭلىتىشىغا، يەنى رەۋىشلەرگە ئوتۇپ كېتى- شىگە ئېلىپ كېلىدۇ.

باشقا سوز تۈركۈمىدىكى سوزلەر رەۋىشلەشكەندە شۇ سوزلەرنىڭ دەسلەپكى لېكسىكىلىق مەنىسى پۈتۈنلەي ئوزگىرىپ كېتىپ، يېڭى لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، "بۇرۇن" دىگەن سوز بىر ئورۇندا ئادەمنىڭ سېزىش ئەزاسى، "ئۇ بۇرۇن كەلدى" دىگەن جۈملىدە بولسا، ئىش ـ ھەركەتنىڭ بەلگىسىنى ئاڭلىتىدۇ ۋە باشقىلار.

## فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەرنىڭ رەۋىش ئورنىدا ئىشلىتىلىشى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بىر سوز ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان نۇرغۇن تۇراقلىق سوز ـ ئىبارىلىق بىرىكمىلەر بار. ئۇلار بىر نەچچە سوزلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇشىغا قارىماي، ئىش ـ ھەركەتنىڭ ئورنىنى، ۋاقتىنى ۋە ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. رەۋىشلەر ئورنىدا ئىشلىتىلگەن فرازېئولوگىيىلىك بىرىك- مىلەر تووەندىكى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە: ئۇلارنىڭ ئورۇن ـ تەرتى- ۋىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ (ئالماشتۇرغان تەقدىردە، مەنىسىز سوزلەرنىڭ يىغىندىسىغا ئايلىنىدۇ)؛ فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەر- دىكى سوزلەر ئوزلىرىنىڭ ئەسلى لېكسىكىلىق مەنىسىنى يوقىتىدۇ ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇ پۈتۈن بىر سىنتاگما كوچمە مەنىدە (بۇ ئورۇندا رەۋىش مەنىسىدە) ئىشلىتىلىدۇ ۋە ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇلار جۈملىدە بىرلا مۇچىنىڭ خىزمىتىنى ئاتقۇرىدۇ.

رەۋىشلەر ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەرنى تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بولۇش مۇمكىن:

1. فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەرنىڭ ئاخىرقى تەركىۋىي قىسمى "ــ غىچە (ــ گىچە، ــ قىچە، ــ كىچە ۋە ــ چە)" قوشۇمچىسىنى ئېلىش ئارقىلىق: كىرپىك قاققىچە، هاي ــ هۇي (هەش ــ پەش) دېگىچە، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە، جىنىنىڭ بىرىچە،... مىساللار: ئۇلار ئالتە ئايلىق يولنى كۆزنى يۇمۇپ ــ ئاچقىچە بېسىپ ئۆتىدۇ. (چوچەك.) تۇمشۇغىنى يۇقىرى كۆتىرىپ، سالماقلىق يورۇتۇپ كېلىۋاتقان ئات هاي ــ هۇي دېگىچە ئۆڭكىدىن ئۆتۈپ كەتتى. (ئا. ت.)

2. فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەرنىڭ ئاخىرقى تەركىۋىي قىسمى هازىرقى هال پېئىلىنىڭ بولۇشسىز فورمىسىدا ۋە ئۆتكەن زامان هال پېئىلى شەكلىدە كېلىشى ئارقىلىق: كۆز ئۈزمەي، تىن تارتماي، قىن ــ قىنىغا پاتماي، ئارقا ــ كەينىگە قارىماي، هەدەپ، كۆنسىناپ، كەڭ قانات يېيىپ، قولىغا ــ قول تۇتۇشۇپ... مىساللار: ئەنە موماي بىلەن بوۋاي هىلمۇ ئۆنىڭ ئارقىسىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. ("ي. ج.") ــ يايلاقنىڭ بېشىدىن، جەھەننەمنىڭ تۆۋىدىن، كېچىنى ــ كېچە دېمەي، كۈندۈزنى ــ كۈندۈز دېمەي يېتىپ بار. (م. ئە.) ــ هاي، ماشا، ئۇ نىمە دېگىنىڭ؟ بەرسىلا جان دەپ ئالار ئىدىققۇ. ("ي. ج") هازىر ئۇلار مېخانىزاتورلار بىلەن قولىغا ــ قول تۇتۇشۇپ تېرىلغۇ ئۇچاستكىلىرىغا يەرلىك ئوغۇتلارنى توكمەكتە. ("ك. ت.")

3. فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەرنىڭ ئاخىرقى تەركىۋىي قىسمى "ــ دەك (ــ تەك)" قوشۇمچىسىنى ئېلىش ئارقىلىق: بەش قولدەك، قېقىپ قويغان قوزۇقتەك، يەر بىلەن ئاسماندەك، پۈتى كويگەن توخۇدەك، سۇ سەپكەندەك ... مىساللار: ئۇ ئۆزىنىڭ ئىگىلىگىنى بەش قولدەك بىلىدۇ.

("ك. ت.") پەقەت ئاپاملا قوللىرىنى بېشىنىڭ كەينىگە تۇتۇپ، تامغا يۆلەنگەن ھالدا قېقىپ قويغان قوزۇقتەك ھەركەتسىز ئۆرە تۇراتتى. (م. گ.)

4. تۇراقلىق سۆز ـ ئىبارىلىك بىرىكمىلەرنىڭ ئاخىرقى تەركىۋىي قىسمى ئورۇن ـ ۋاقىت ۋە چىقىش ـ كېلىش قوشۇمچىلىرىنى ئېلىشى ئارقىلىق: ھە دېگەندە، يەڭ (نىڭ) ئىچىدە، قۇم چىچەكلىگەندە، قاغا غاق دېمەستە، توگىنىڭ قۇيرۇغى يەرگە يەتكەندە، بىر ئېغىزدىن، كىرپىك قاقماستىن. ئاياق (نىڭ) ئاستىدىن .... مىساللار: ھەتتا ھەدېگەندە ئۇنىمۇ چىقماي قالدى. (ج. ب.)

5. ھەر تۈرلۈك فورمىدا تۇراقلىنىپ قالغان فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەرنىڭ رەۋىشلىشىشى: ئالتە ئاي ياز، ئالتە ئاي قىش، كۈنلەردە بىر كۈنى بولمىسا، بىر كۈنى، بىردىن كېيىن بىرى... مىساللار: كۈنلەردە بىر كۈنى شۇ شەھەردە بىر باي چوڭ توي قىلىپتۇ. (چۆچەك.) ئالتە ئاي ياز، ئالتە ئاي قىش "مىش ـ مىشلار" دېگىدەكمىش. (ئى. ب.)

## رەۋىش دەرىجىلىرى

رەۋىشلەر، سۈپەتلەرگە ئوخشاش، ئاددى، سېلىشتۇرما ۋە ئاشۇرما دەرىجىلەرگە ئىگە. بۇ رەۋىشلەرنىڭ سۈپەتلەرگە ئوخشايدىغان بەلگىلىرىنىڭ بىرىدۇر. رەۋىشلەردىكى دەرىجە سۈپەتلەرگە قارىغاندا ئانچە تەرەققىي قىلمىغان ۋە رەۋىشلەرنىڭ دەرىجىلىرى ئىش ـ ھەركەت بەلگىسىنى باشقا بىر بەلگىگە سېلىشتۇرۇپ، ئارتۇق ياكى كاملىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

1. ئاددى دەرىجە. ئىش ـ ھەركەت بەلگىسىنىڭ ئۆز ھالىتىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ: بۇرۇن، تېز، كېيىن، ئاستا، ئىچكىرى، ھېلى، ئاز، كوپ... مىساللار: ئۇ قاراڭغۇ تار زىمىستانلار يوقالدى، يوق ھېلى. (ئى. س.) ئاز سوزلە، كوپ ئىشلە. (ماقال.)

2. سېلىشتۇرما دەرىجە. رەۋىشلەرگە "ـ راق، ـ رەك، ـ ئىراق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىرەك" قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ئىش ـ ھەركەت بەلگە-لىرىنى بىر بىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، بەلگىنىڭ ئاددى دەرىجىگە قارىغاندا خېلى كۈچەيگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ: ئاستىراق، چاپسانراق، كوپىرەك، تېزرەك، نېرىراق، كەڭرەك، بۇرۇنراق... مىساللار: ۋەتىنىمىز-نىڭ تۈگىمەس بايلىقلىرىنى چاپسانراق ئاچايلى! ("ك. ت.") يەش چاپاننى ــ نېرىراق تاشلا. (ھ. ئى.) ئۇنى، مانا، يېڭىراقتا ئەسلىدىم. (ئى. س.)

بەزىدە سېلىشتۇرما دەرىجە قوشۇمچىلىرىنى ئالغان رەۋىشلەردىن ئىلگىرى "سەل، بىرئاز، خېلى" رەۋىشلىرى كېلىپ، ئىش ـ ھەركەت بەلگىسىنىڭ تېخىمۇ كۈچەيگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ: ئاستىراق ــ سەل ئاستىراق، كوپىرەك ــ بىرئاز كوپىرەك، بۇرۇنراق ــ خېلى بۇرۇنراق....

3. ئارتتۇرما دەرىجە. ئىش ـ ھەركەت بەلگىسىنىڭ ئادەتتىكى ھالىتىدىن خېلى ئارتۇقلىغىنى ۋە كۈچەيگەنلىگىنى كۆرسىتىدۇ ۋە "ئەڭ، بەك، ناھايىتى، ئىنتايىن، قەۋەت، بىدەستۇر، ئاجايىپ، تولىمۇ، تازا" ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دەرىجە ـ مىقدار رەۋىشلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ياسىلىدۇ. مىساللار: شۇنىڭدىن بېرى ئۇ ۋاقىتنىڭ تولىمۇ ئاستا ئۆتىۋاتقانلىغىغا شىكايەت قىلمايتتى. (ر. ت.) ئۇسۇللار ۋە لەپەرلەر ناھايىتى ئاز بولدى. ("ك. ت.") لەززەتلىنەرسەن ئارمانسىز تولا. (ن. ئى.)

بەزى ھاللاردا ئاددى دەرىجىدىكى رەۋىشلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنىڭ تەكرارلىنىشى ئارقىلىقمۇ ئارتتۇرما دەرىجە ياسىلىدۇ. بىراق بۇ ھادىسە تەرەققى قىلمىغان: كۆپ ـ كۈندۈزى، باپ ـ باراۋەر، ئاپ ـ ئاشكارا، تەپ ـ تەڭ، توپ ـ توغرا...

ئۇنىڭدىن تاشقىرى، رەۋىشلەرگە، سۈپەتلەرگە ئوخشاش، سۇبيېكتىپ باھا مەنە ئاڭلىتىدىغان "ـ غىنە، ـ قىنە، ـ گىنە، ـ كىنە، قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كېلىدۇ: ھازىرغىنە، ئەمدىگىنە، ئازغىنە. سەلگىنە، كوپكىنە، بىر پەسكىنە..... مىساللار: ــ بوپتۇ، يىغلىغىنىڭ كەلمىسە، يىغلىما-سائمۇ بولىدۇ، ــ دېدى ئۇ ئاستاغىنە (م. گ.)

# رەۋىشلەرنىڭ باشقا سۆز تۈركۈملىرى ۋەزىپىسىدە قوللىنىلىشى

رەۋىشلەر ئۆزىنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى باشقا سۆز تۈركۈملىرى ھېساۋىغا بېيىتىپ بېرىشى بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ باشقا سۆز تۈركۈمىگە ئۆتۈش ئورۇنلىرىمۇ ئۇچرايدۇ.

رەۋىشلەرنىڭ بىردە رەۋىش، بىردە تىركەلمە ۋە بەزى چاغلاردا ئۇلانما ۋەزىپىسىدە كېلىشى شۇ سۆزلەرنىڭ سېمانتىكىسىغا ۋە جۈملىدە تۈرلۈك ئورۇنلاردا ئىشلىتىلىشىگە باغلىق. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا مۇنداق ئۆتكۈنچىلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان رەۋىشلەرگە "ئىلگىرى، بۇرۇن، ئاۋال، ئالدىن، كېيىن، تاشقىرى، نېرى، بېرى." دېگەنگە ئوخشاش رەۋىشلەر كىرىدۇ. مىساللار:

ئەخمەت بۇرۇن كولخوزدا ئىشلەيتتى (رەۋىش) ۋە ھەممىدىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشلىرى بىلەن تونۇشىمىز. (تىركەلمە). (خىمىيە.) ئىلگىرى يەرلىك ئاھالىدىن بولغان پارتىيە ئەزالىرى 63% نى تەشكىل قىلغان بولسا... (رەۋىش). ("ك.ت".) ۋە ئاسماننى كۈندىن ئىلگىرى قىزارتماقچى بولدى. (تىركەلمە). (ھ.ئا.)

رەۋىشلەر تىركەلمە رولىدا كەلگەندە، چىقىش كېلىش قوشۇمچىسىنى ئالغان سۆزلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇپ كېلىشى چوڭ رول ئوينايدۇ.

رەۋىشلەردىكى ئۆتكۈنچىلىك شۇنىڭ بىلەن چەكلىنىپ قالماي، ئايرىم رەۋىشلەر جۈملىدە ئېيتىلغان پىكىرنى كۈچەيتىدىغان ئۇلانمىلار سۈپىتىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بىراق رەۋىشلەرنىڭ ئۇلانما ۋەزىپىسىدە كېلىشى تىلدا ئاز ئۇچرايدۇ. مىساللار: ئۇلار ھېچكىمنى نېرى (رەۋىش) ئۆتكۈزمىدى. (ل.س.) كەلمەيدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن نېرى (تىركەلمە) كەتسۇن. قويە نېرى (ئۇلانما)، نېمە بولىدۇ دەيسەن. ("ك.ھ.")

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇنداقلا "ئەمدى، تېخى" رەۋىشلىرىنىڭ ئۇلانما ۋەزىپىسىدە قوللىنىلىشى مۇمكىن: — بولدىلا ئەمدى (ئۇلانما)، ئەتىگىمۇ ئىش قالسۇن. (ئى.س.) قارا تېخى (ئۇلانما)، بۇنىڭ ياماناىلىغىنى.

ئاڭلىتىدىغان مەنىسى جەھەتتىن تىركەلمە ۋە ئۇلانمىلارغا يېقىن رەۋىشلەر مەلۇم بىر سىنتاكسىسلىق شارائىتتا ئۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسىنى يوقىتىدۇ ۋە سۆزلەرنى بىر بىرى بىلەن باغلايدىغان گىراماتىكىلىق كورسەتكۈچكە ئايلىنىدۇ. بۇ بولسا بەزىبىر رەۋىشلەرنىڭ رەۋىش كاتېگورىيىسىدىن يىراقلىشىپ، ياردەمچى سۆزلەرگە يېقىنلىشىۋاتقانلىغىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئوتۇش كېرەككى، يۇقۇرىدىكى ئوتكۈنچىلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان رەۋىشلەر پۈتۈنلەي باشقا سوز تۈركۈمىگە ئوتۇپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ رەۋىشلىك مەنىسىنى يوقىتىۋەتمەي، بىر ئورۇندا رەۋىش، ئىككىنچى بىر ئورۇندا ياردەمچى سوز سۈپىتىدىمۇ ئىشلىتىلىۋېرىدۇ.

## رەۋىشلەرنىڭ سىنتاكسىسى

رەۋىشلەر جۈملىدە ئاساسەن خەۋەرنىڭ (خەۋەر بولۇپ كەلگەن سوزلەرنىڭ) تۈرلۈك ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ.

ۋاقىت ھالىتى ۋەزىپىسىدە كېلىشى: مەن تۈنۈگۈن ياكى بۈرناكۈن ئىسمىشقا ئېلىپ كەلمىدىڭىز دىمەكچىمەن. (ئا.ق.) ئېتىز يوللىرىدىن ھىلىدىن-ھىلىغا ئېلەم كېلىپ چىقاتتى. (م.ھ.)

ئورۇن ھالىتى ۋەزىپىسىدە كېلىشى: ئۇيانىمۇ ئوتۇپ كەتتى، بۇيانىمۇ ئوتۇپ كەتتى. (قوشاق.) بۇ بېشىم ئامان بولسا، ھەر يەردە مېنىڭ يارىم. (قوشاق.)

ھالەت ھالىتى ۋەزىپىسىدە كېلىشى: ئاستا بوشاتتى جەينەكلىرىنى. ("ك.ھ.") ئۇ ئۆز كولخوزىنىڭ ئىگىلىگىنى بەش قولدەك بىلىدۇ. ("ك.ت.")

سەۋەپ ـ مەقسەت هالىتى ۋەزىپىسىدە كېلىشى: ۋەزىر ئامالسىزلىقىدىن شۇ غارنىڭ ئىچىدە قاپتۇ. (چوچەك.) قاشانىڭ تاختايلىرىنىڭ بىرىنى ئەتەي سۇغۇرۇپ تاشلىغان ئىدى. (ل.س.)

رەۋىشلەر جۈملىدە هالەت ۋەزىپىسىدىن تاشقىرى، ئېنىقلىغۇچى ۋە خەۋەر بولۇپمۇ كېلەلەيدۇ.

رەۋىشلەرنىڭ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىشى: پاتىگۇل ئورۇنلىغان ئۇيغۇرچە، ئۆزبېكچە ۋە ئۇكرائىنچە ئۇسسۇللار تاماشىبىنلاردا ئوبدان تەسىر قالدۇردى. ("ك.ت.") شۇڭلاشقا يۇقۇرى هوسۇل ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى تويىدا يېتەرلىك قىلىش كېرەك. (بوتانىكا.)

رەۋىشلەر جۈملىدە ئۆز فورمىسىنى ئۆزگەرتمەستىن خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرىدۇ. بەزىدە، باشقا سوز تۈركۈملىرىگە ئوخشاش، خەۋەرلىك قوشۇمچىنى ۋە شۇنداقلا "ئىدى، ئىكەن، ئىمىش، ئەمەس" ياردەمچى پېئىللىرىنى ئالغان هالدا خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: كولخوزچىلارنىڭ روهى يۇقۇرى، غەيرىتى ئادەم ئېيتقۇسىز كەڭرى. ("ك.ه".) چوڭ ئارمىنىڭ شۇ بولسا، هەر قەدەمدە هازىرمەن. (ئى.ب.) بۇرۇن كۆندە سەهەردە جىم ئىدى. (ئو.م.) هورمەتلىك قىزنىڭ ئىشتىراكىدا كومبىناتتا قىلىنىۋاتقان ئىشلار ئاز ئەمەس. ("ك.ت.")

رەۋىشلەر جۈملىدە ئاساسەن پېئىل فورمىلىرى بىلەن باغلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، رەۋىشلەر سۈپەت، رەۋىش ۋە ئىسىملار بىلەنمۇ باغلىنىپ كېلىشى مۇمكىن:

ئا) رەۋىشلەرنىڭ پېئىل فورمىلىرى بىلەن باغلىنىشى: ياقۇپبەگنىڭ سەرۋازى ئالتىشەرگە جىق تولدى. (قوشاق.) سەن كىشلەرگە ئانچە ئىشەنمەيسەن. (م.گ.) شۇنداق قىلىپ، بايىقى سوزلەرنىڭ سىرىنى ـ مەنىسىنى ئاران چۈشىنىپ بولغان ئىكەن. (چوچەك.)

ئە) سۈپەتلەر بىلەن باغلىنىشى: رىزۋان تېخى ياش. ("ي.ج.") بازىنىڭ چىندەك تازا تۇتۇلغىنىغا زوق ئەيلەيسەن. ("ي.ج.") سېلىنىۋاتقان قۇرۇلۇشلىرى بىلەن بىر تونۇشۇپ چىقسىڭىز، بەكمۇ ياخشى بولار ئىدى. ("ي. ج.")

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ب) رەۋىشلەر بىلەن باغلىنىشى: مۇنداق مۇزاكىرىلەر قانچە چاپسان باشلانسا، بۇ مەملىكەتلەرنىڭ خەلقلىرى شۇنچە كۆپ مەنپەئەت ئالىدۇ. ("ك.ت") ئۇ چاغدا رېئاكسىيە خېلىلا ئاستا ماڭىدۇ. (خىمىيە.) ئەتىسىگە ئەتىگەن پادىشانىڭ ئوردىسىغا كەپتۇ. (چۆچەك.)

ۋ) ئىسىملار بىلەن باغلىنىشى: ئۇلارنىڭ ئالدىدا تاغدەك ـ تاغدەك دوگىلار پەيدا بولىدۇ. (چۆچەك.) نۇرغۇن پايدا دېخانلارغا بېرىشىدىن، دېخانلاردىن كۆپ رەخمەتنى سەن ئالىسەن. (ر.ق.) يۈزىدە سېزىلمەس مىسقالچە پىغان. (ن.ئى.)

## پېئىل

### پېئىلنىڭ ئاساسىي بەلگىلىرى ۋە مەنىلىرى

پېئىل ـــ لېكسىكا ـ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتىن باشقا سۆز تۈركۈملىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇرەككەپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەڭ مۇھىم كاتېگورىيە.

پېئىل كاتېگورىيىسىنىڭ باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئۈچ بەلگىسى بار:

1. پېئىلنىڭ ئۆزىگىلا خاس ئەڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى ـــ ئۇنىڭ ھەرىكەتنى، ھالەتنى بىلدۈرىدىغانلىقى. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە نىسبەتەن پېئىلنىڭ سىنتاكسىسلىق مۇمكىنچىلىكلىرى ناھايىتى ئۈستۈن ۋە كەڭ: جۈملىنىڭ ئاساسىنى قۇرغۇچى سۆز پېئىل بولۇپ ھېساپلىنىدۇ؛ پېئىل ئۆزى يالغۇز تۇرۇپ جۈملە ھاسىل قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ خەۋەر خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. باشقا سۆز تۈركۈملىرىنى، مەسىلەن، ئىسىملارنى ئالساق، ئۇلارمۇ يالغۇز تۇرۇپ ئاتاش جۈملىلەرنى ھاسىل قىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

سوغ. شامال...

لېكىن مۇشۇ ئىككى سۆز پەقەت خەۋەر خۇسۇسىيىتىگە ئىگە

بولغان ھالەتتىلا، مەلۇم ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىلغاندىلا ئاتاش جۇملە ھاسىل قىلىشى مۇمكىن. ئەمما ئىسىملاردا خەۋەر خۇسۇسىيىتىگە ئىگە خۇسۇسىيەت يوق. يۇقۇرىدىكى ئاتاش جۇملە بولۇپ كەلگەن "سوغ" ۋە "شامال" دېگەن ئىككى سوزدىكى خەۋەر خۇسۇسىيىتىگە ئىگە مەنىنى شۇ ئاتاش جۇملىلەردىكى يوشۇرۇنۇپ تۇرغان پېئىللارنىڭلا بېرىشى مۇمكىن. باشقىچە ئېيتقاندا، "سوغ" دېگەن ئاتاش جۇملىنى بىز "سوغ ئىدى" دەپ، ۋە "شامال" دېگەن جۇملىنى "شامال چىقىپ تۇرىدۇ" ياكى "شامال چىقىپ تۇراتتى" دەپ چۈشىنىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن تاشقى كورۇنۇشكە قارىغاندا پېئىلسىز تۈزۈلگەن ئاتاش جۇملىلەرنىڭ ئۆزىنى، ھەقىقەتتە، پېئىلسىز تۈزۈلگەن دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ.

دېمەك، خەۋەر خۇسۇسىيىتىگە ئىگە خۇسۇسىيەت ھەركەت ۋە ھالەتنى بىلدۈرىدىغان سوز تۈركۈمىگىلا — پېئىلغىلا خاس خۇسۇسىيەت بولسا، پېئىل كاتېگورىيىسىنىڭ ئەڭ ئاساسىي بىر بەلگىسى ئۇنىڭ ھەركەتنى، ھالەتنى بىلدۈرىدىغان لېكسىكىلىق مەنىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2. پېئىلنىڭ ئىككىنچى بىر بەلگىسى — ئۇنىڭ ئۆزىگىلا خاس گىرامماتىكىلىق فورمىلىرى. پېئىلنىڭ گىرامماتىكىلىق كورسەتكۈچلىرىگە تۆۋەندىكى ئۇلانمىلار كىرىدۇ: 1) بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى: -ما، -مە، 2) شەرت پېئىل قوشۇمچىسى: ’-سا، -سە، 3) ھال پېئىل ئۇلانمىلىرى: -پ، ئىپ، -ئۇپ-، -ئۈپ (üp)، -ئا، -ئە، -ي، 4) سۈپەت پېئىل ئۇلانمىلىرى: "-غان، -گەن، -قان، -كەن، -ئار-ئەر، -غىلى، -گىلى، -قىلى، -كىلى، -دىغان، 5) پېئىل دەرىجىلىرىنى ياسىغۇچى ئۇلانمىلار: -دۇر، -دۈر (dür)، -تۇر، -تۈر (tür)، -غۇز، -گۈز، -قۇز، -كۈز، -ت (مەجبۇر دەرىجە)، -ن، -ئىن، -ئۇن، -ئۈن (ün) (ئۆزلۈك دەرىجە)، -ل، ئىل، -ئۇل،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

- ئۈل (ül) (ئۆزگە دەرىجە)، - ش، - ئىش، - ئۇش، - ئۈش (üx) (ئومۇلۇك دەرىجە).

پېئىلنىڭ گىراماتىكىلىق بەلگىلىرىگە: "- ماق (- مەك)" ۋە "- ش (- ئىش، - ئۇش، - ئۈش (üx)" قوشۇمچىلىرى، شۇنداقلا باشقا سوز تۈركۈملىرىدىن پېئىل ھاسىل قىلغۇچى قوشۇمچىلارمۇ كىرىدۇ. باشقا سوز تۈركۈملىرىدىن پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئاساسىي تۈرلىرى مۇنۇلار: - لا، - لە (- ئاق - لا، ئىش - لە)، - ئا، - ئە (سان - ئا، تۈز - ئە)، - ئار، - ئەر (ئاق - ئار، كوك - ئەر)، - ئاي، - ئەي، - ي (سارىغ - ئاي، كوپ - ئەي، قارا - ي). بۇلاردىن باشقا ئاز قوللىنىلىدىغان: - ئۇق (يول - ئۇق)، - كەر، - گەر (ئەس - كەر، ئۆز - گەر) ئوخشاش بىرقانچە قوشۇمچىلار بار.

3. پېئىل باشقا سوز تۈركۈملىرىدىن ئۆزىنىڭ سېمانتىكىسى بىلەنمۇ پەرقلىنىدۇ. ھەرقانداق سوز تۈركۈمىگە قارىغاندا پېئىلنىڭ سېمانتىكىلىق دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. پېئىل بۇيرۇق، شەرت، خالاش ئوخشاش مايىللارغا، مەجبۇر، ئومۇلۇك، ئۆزلۈك، ئۆزگە دەرىجىلىرىگە، زامان، شەخس، ئوتتۇملۇك، ئوتتۇمسىز، بولۇشلۇق، بولۇشسىز كاتېگورىيىلىرىگە ئىگە.

پېئىلنىڭ لېكسىكىلىق خۇسۇسىيىتى بىلەن بىر قاتاردا، ئۇنىڭ گىراماتىكىلىق بەلگە - خۇسۇسىيەتلىرىمۇ سىنتاكسىستا چوڭ رول ئوينايدۇ، چۈنكى جۈملە تۈزۈلۈشىنىڭ ھەر خىللىقى خەۋەر پېئىل فورمىسىنىڭ ھەر خىللىقىغا چىڭ باغلىق. مەسىلەن، "ئوقۇغۇچىلار دىكتانت يازدى" دېگەن جۈملىدىكى "يازدى" پېئىلى — ئوتتۇملۇك پېئىل. ئۇنىڭ ئوتتۇملۇك بولۇشى جۈملىدىكى تولدۇرغۇچىنىڭ چۈشۈم كېلىشتە قوللىنىلىشىغا سەۋەب بولۇپ تۇرىدۇ. "ئۆي ياسالدى" دېگەن جۈملىدىكى پېئىل ئۆزگە دەرىجە فورمىسىدا قوللىنىلغانلىقتىن، جۈملىدە ھەرىكەت ئىگىسى يوق. ئەگەر جۈملىدە پېئىل ئۆزلۈك

دەرىجە فورمىسىدا قوللىنىلسا، ئۇنداق جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولمايدۇ: مېھمانلار كىيىندى.

دىمەك، پېئىل — ھەرىكەت ۋە ھالەتنى بىلدۈرۈپ، دەرىجە، زامان، شەخس، ئۆتۈملۈك، ئۆتۈمسىز، بولۇشلۇق، بولۇشسىز ئوخشاش سېمانتىكىلىق كاتېگورىيىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ گىراماتىكى-لىق ئىپادىسى بولغان مورفولوگىيىلىك بەلگىلەرگە ئىگە بولۇپ، جۈملىنىڭ مەلۇم سىنتاكسىسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى بەلگىلەيدىغان سۆز تۈركۈمى.

## پېئىلنىڭ بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز فورمىلىرى

پېئىلنىڭ بولۇشسىزلىق شەكلىدە قوللىنىلىشى ئۇنىڭ باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان گىراماتىكىلىق بەلگىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ سانىلىدۇ. پېئىلنىڭ بولۇشسىزلىق تۈرى پېئىل ئاساسىغا ئۇلىنىدىغان ”-ما، -مە“ قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسىلىپ، ئىش-ھەرىكەتنىڭ بولمىغانلىقىنى، ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىنى، بولمايدىغانلى-قىنى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىنكارنى بىلدۈرىدۇ.

بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى ھەرقاچان پېئىلنىڭ ئاساسىغا ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن: ”بار-ما-دىم — بارمىدىم، كەل-مە-دى — كەلمىدى، بول-ما-ي-دۇ، بىل-مە-ي-دۇ، ئېلىن-ما-ي-دۇ“ ۋە باشقىلار.

بولۇشسىزلىق ”-ما-مە“ قوشۇمچىلىرى ئۇلانمىغان پېئىللارنىڭ ھەممىسى بولۇشلۇق پېئىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پېئىلنىڭ بولۇشسىزلىق مەنىسىنى ”يوق، ئەمەس“ دېگەن سۆزلەر ئارقىلىقمۇ بېرىش مۇمكىن. لېكىن بۇ سۆزلەر پەقەت سۈپەت پېئىللاردىن كېيىنلا كېلىشى مۇمكىن. ”تازا“ پېئىل فورمىلىرىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

"يوق" ۋە "ئەمەس" سوزلىرى ئارقىلىق بولۇشسىزلىق مەنىسىنى ھاسىل قىلىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: "ئالغان ئەمەس، ئېيتقىنىم يوق، بىلگىنىم يوق، كەلگىنى يوق، كېتەر ئەمەس، ئاڭلار ئەمەس" ۋە باشقىلار.

پېئىلنىڭ بولۇشسىزلىق مەنىسى "يوق" سوزى ئارقىلىق بىرىلگەندە، ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى "-غان، -گەن، -قان، -كەن" شەكلىدە كەلگەن سۈپەت پېئىللارغا ئۇلىنىدۇ (كورگىنىم يوق، كورگىنىڭ يوق، كورگىنى يوق، كورگىنىمىز يوق، كورگىنىڭلار يوق)؛ بولۇشسىزلىق مەنە "ئەمەس" سوزى ئارقىلىق بىرىلگەندە، شەخس قوشۇمچىلىرى شۇ "ئەمەس" سوزىگە ئۇلىنىدۇ (كورگەن ئەمەسمەن، كورگەن ئەمەسسەن، كورگەن ئەمەس ۋە باشقىلار.)

"ئەمەس" سوزى سۈپەت پېئىللارنىڭ ئىككىلا تۈرىدىن، "-غان، -گەن" ۋە "-ئار، -ئەر" شەكىللىرىدىن كېيىن كېلىۋېرىدۇ: "ئالغان ئەمەس، ئالار ئەمەس، كەلگەن ئەمەس، كېلەر ئەمەس"؛ "يوق" سوزى پەقەت "-غان، -گەن، -قان، -كەن" شەكلىدىكى سۈپەت پېئىللاردىن كېيىنلا كېلىشى مۇمكىن: ئالغىنىم يوق، كەلگىنىم يوق، كەتكەن يوق، ئالغىنىڭ يوق، كەتكىنى يوق، بارغىنى يوق.

## پېئىلنىڭ ياسىلىشى

پېئىلنىڭ سېمانتىكىسى بىلەن ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك كورسەتكۈچلىرى ئوزئارا چىڭ باغلىق. پېئىلنىڭ ھەرقانداق مەنىسى ياكى مەنە پەرقى مەخسۇس ئېلېمېنتلار — قوشۇمچىلار — ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر پېئىل بىرنەچچە ئېلېمېنتلارنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسالغان بولسا، مۇشۇ ئېلېمېنتلارنىڭ ھەرقايسىسى پېئىل تومۇرىغا ھەر خىل قوشۇمچە ياكى يېڭى مەنە بېرىدۇ. مەسىلەن، "ئوقۇلدى"

پېئىلى تومۇردىن (ئوقى)، ئۆزگە دەرىجە فورمىسىدىن (ـ ل)، ئۆتكەن زامان كورسەتكۈچى بولۇپ كەلگەن ئۈچىنچى شەخس فورمىسىدىن (ـ دى) ئىبارەت. "ئوقۇۋاتاتتىكەن" دىگەن پېئىل ئۆتكەن زامان هال پېئىلى فورمىسىدىن (ئوقۇپ)، كېلىدىغان زامان سۈپەت پېئىلى فورمىسدا ئىشلىتىلگەن ۋە ھەركەتنىڭ ئۇزاق داۋام قىلغانلىغىنى بىلدۈرىدىغان "ياتار" ياردەمچى پېئىلىدىن، ئېنىق ئۆتكەن زامان فورمىسىدا قوللىنىلغان "ئىدى" ياردەمچى پېئىلىدىن، ئۆتكەن زامان سۈپەت پېئىلى فورمىسىدا قوللىنىلغان "ئىكەن" ياردەمچى پېئىلىدىن ئىبارەت: ئوقۇپ ـ ياتار ـ ئىدى ـ ئىكەن > ئوقۇۋاتاتتىكەن.

مۇشۇ مىساللاردىكى مورفولوگىيىلىك ئېلېمېنتلار بىلەن ياردەمچى پېئىللار ـــ دەرىجە، شەخس زامان ۋە باشقا سېمانتىكىلىق كاتېگورىيەلەرنىڭ شەكلەن ئىپادىسى.

مۇنداق سېمانتىكىلىق كاتېگورىيەلەرنىڭ، دىمەك، ئۇلارغا مۇناسىپ گىرامماتىكىلىق فورمىلارنىڭ ياسىلىشى تىلدىكى مەۋجۇت ئۇسۇللارنىڭ قوللىنىلىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ ئۇسۇللار ۋە ئۇلارنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى ھەر خىل تىللاردا ئوخشاش ئەمەس، بەزىدە ئۇلارنىڭ بىرى مەلۇم بىر تىلدا كەڭ ئىشلىتىلسە، باشقا بىر تىلدا ئۇ تامامەن يوق.

ئاكادېمىك ۋ.ۋ.ۋىنوگرادوۋ رۇس تىلى پېئىللىرىنىڭ ياسىلىشى توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ:

"هازىرقى زامان تىللىرىدا ئىككى خىل ئاساسىي خاھىش، يەنى پېئىللار ياسىلىشىنىڭ ئىككى خىل ئاساسىي مورفولوگىيىلىك تىپى مەۋجۇت.

1. تۈرلۈك تىللارنىڭ گىرامماتىكىلىق ـــ ئىستىلىستىكىلىق قائىدىلىرىگە ئاساسەن، پېئىللار سوز تومۇرىغا ئۇلانغان قوشۇمچىلار ياردىمى بىلەن ياسىلىدۇ. پېئىللارنىڭ تولاراق قىسمى ئىسىمدىن ئۆزگىرىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاز بىر قىسىم پېئىللار ئۇندەش سۆز ۋە ئۇندەش سۆزلەرنىڭكىگە يېقىن ۋەزىپە ئۆتەيدىغان سۆز تۈرلىرىدىن ياسىلىدۇ.

2. بۇنىڭدىن باشقا، رۇس تىلىدا پېئىللارنىڭ خاس بولغان تۈرلۈك شەكىللەر ناھايىتى ئۇنۇملۇك ھېساپلىنىدۇ. يېڭى سۆزلەر ۋە يېڭى شەكىللەر پېئىللارغا قوشۇمچىلارنى ئۇلاش يولى بىلەن ياسىلىدۇ ۋە بۇ ھال سۆز تومۇرىنى مۇرەككەپلەشتۈرىدۇ، بەزىدە ئىچكى فلېكسىيە* ۋە ئارقا قوشۇمچىلار قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، ئالدى قوشۇمچىلارمۇ ئىشلىتىلىدۇ. پېئىللار مۇشۇ ئىچكى ياسىلىش سىستېمىسىدا رۇس تىلىنىڭ فلېكسىيىلىك تۈزۈلۈش خۇسۇسىيىتى ئاگگلىيۇتىناتىفلىق** تۈزۈلۈش پىرىنسىپى بىلەن ھەم توقۇنۇشىدۇ ھەم قوشۇلۇشىدۇ"①.

بۇ يەردە ئېيتىلغان رۇس تىلىدىكى سىنتېتىكىلىق ئۇسۇل ئۇيغۇر تىلى (شۇنداقلا ھەممە تۈركى تىللار) ئۈچۈنمۇ خاس. لېكىن رۇس تىلى پېئىللىرىنىڭ ئالدى قوشۇمچە ئارقىلىق مۇرەككەپلىشىشى تۈركى تىللار ئۈچۈن خاس ئەمەس. لېكىن تۈركى تىللارنىڭ فلېكتىۋ تىللاردىن پەرقى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلاردا فلېكتىۋ تىللاردا يوق ئانالىتىكىلىق ئۇسۇل ناھايىتى كەڭ ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا پېئىل ھاسىل قىلىشنىڭ سىنتېتىكىلىق ئۇسۇلى

---

* فلېكسىيە: گىراممatikىكا فورمىلىرىنى تۈزۈش ئۈچۈن سۆز تومۇرى تاۋۇشىنىڭ ئۆزگىرىشى.

** ئاگگلىيۇتىناتىف: سۆز تومۇرىغا سۆز ياسىغۇچى ۋە تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش يولى بىلەن يېڭى سۆز ياساش ۋە تۈرلەش ئۇسۇلى — يۇقۇرقىغا ئوخشاش.

① ۋ. ۋ. ۋىنوگرادوۋ. «ھازىرقى زامان رۇس تىلى» (سۆز تۈزۈلىشى ۋە تۈرلىنىشى تەلىماتى) 1938-يىل، رۇسچە نەشرى، 343 — 344 - بەتلەر.

ھەم سوز ياساش، ھەم سوز تۈرلەش مەقسەتلىرى ئۈچۈن قوللىنى-
لىدۇ، باشقىچە ئېيتقاندا، سىنتېتىكىلىق پېئىل فورمىلىرىنى بىردە
لېكسىكىغا، بىردە سېمانتىكىغا باغلىق دەپ قاراش مۇمكىن.
مەسىلەن: "ئۇقى — ئۇقۇتماق، ئۇقۇتقۇزماق، ئۇقۇتۇلماق؛ ئېيت —
ئېيتىشماق، ئېيتىشىشماق، ئېيتىلماق؛ كور — كورۇشمەك، كورۇنمەك-
كورۇلمەك؛ ئاق — ئاقارماق، ئاقارتماق، ئاقارتىلماق" دېگەن پېئىل
فورمىلىرىنىڭ ئىچىدە مەجبۇر ۋە ئۆزگە دەرىجىلەرنىڭ قوشۇمچىلىرى
پېئىل تومۇرلىرىغا پەقەتلا قوشۇمچە تۈس بېرىپ تۇرىدۇ، لېكىن
پېئىلنىڭ ئاساسى مەنىسىنى ئۆزگەرتمەيدۇ: "ئۇقى — ئۇقۇ-ت،
ئۇقۇ-ت-قۇز-، ئۇقۇ-ت-، ئۇل-، ئېيت — ئېيت-ئىل-، كور —
كور-ئۇل-، ئاق — ئاق-ئار — ئاقار-ت، ئاقار-ت-ئىل-"، لېكىن
بۇ يەردىكى ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىلىرى ۋە ئىسىملاردىن پېئىل ياسى-
غۇچى قوشۇمچىلار ئۆزلىرى ئۇلانغان پېئىل ۋە ئىسىملارنىڭ مەنىسىنى
ئۆزگەرتىپ، يېڭى مەنە ھاسىل قىلىپ تۇرىدۇ: ئېيت — ئېيت-
ئىش-، كور — كور-ئۇش-، كور-ئۇن-، ئاق — ئاق-ئار-.

سىنتېتىكىلىق ئۇسۇل ئارقىلىق، ئاساسەن زامان، مەيىل، دەرىجە
كاتېگورىيىلىرى ھاسىل بولىدۇ. لېكىن ياسالما پېئىللارنىڭ بۇ كاتېگو-
رىيىلەرنى ھاسىل قىلىدىغان تۈرى مەلۇم قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى
بىلەن پەقەت پېئىل تومۇرلىرىدىنلا ياسىلىدۇ. باشقا سوز تۈركۈملىرىدىن
قوشۇمچىلار ئارقىلىق ياسالغان پېئىللار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ تەركىۋى
جەھەتتىنلا ياسالما پېئىللار قاتارىغا كىرىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئىككى
مورفېمىدىن — سوز تومۇرى بىلەن قوشۇمچىدىن — ئىبارەت، لېكىن
مەنە يېقىدىن ئۇلار زامان، دەرىجە ياكى مەيىل ئوخشاش كاتېگو-
رىيىلەرنى ھاسىل قىلمايدۇ. تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئۇلار ياسالما
پېئىل بولغىنى بىلەن، مەنە جەھەتتىن تازا پېئىل تومۇرىنى ھاسىل
قىلىدۇ، باشقىچە ئېيتقاندا، ئىسىملىق مەنىدىن پېئىللىق مەنە ھاسىل

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىلىش يىرى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگانە ئۈزۈلدە

قىلىدۇ: ئىش ـ لە، باش ـ لا...

مەنە ۋە ۋەزىپىسى جەھەتتىن ئالغاندا، ئالاھىدە بىر گۇرۇپپىنى تەشكىل قىلىدىغان پېئىللار — مۇرەككەپ پېئىللار. مۇرەككەپ پېئىللار ئانالىتىكىلىق ئۇسۇل بىلەن، يەنى بىرنەچچە پېئىللارنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشى، بىرىكىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر تىلىدا پېئىل ھاسىل قىلىشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بار: مورفولوگىيىلىك (سىنتېتىكىلىق) ۋە سىنتاكسىسلىق (ئانالىتىكىلىق). بىرىنچى ئۇسۇل ئارقىلىق پېئىلدىن ۋە باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن ياسالما پېئىللار، ئىككىنچى ئۇسۇل ئارقىلىق مۇرەككەپ پېئىللار ياسىلىدۇ.

## ياسالما پېئىللار

ياسالما پېئىللار ئىككى گۇرۇپپىغا بولۇنىدۇ: پېئىل تومۇرىغا قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ۋە باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن مەخسۇس قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسالغان پېئىللار.

پېئىل تومۇرىدىن ھاسىل بولغان ياسالما پېئىللار. ياسالما پېئىللارنىڭ بۇ تۈرى پېئىل تومۇرىدىن تۆۋەندىكى قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ياسىلىدۇ:

"ـ ل (ـ ئىل، ـ ئۇل، ـ ئۈل)": يارا ـ ل، ئاچ ـ ئىل (ئېچىل)، چاپ ـ ئىل (چېپىل)، ئۇر ـ ئۇل، چۈم ـ ئۈل، كوم ـ ئۇل ۋە باشقىلار. بۇ قوشۇمچە ئاساسەن پېئىلنىڭ ئۆزگە دەرىجىسىنى ياسايدۇ، لېكىن پېئىل تومۇرىنىڭ مەنىسىگە ياكى جۈملىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، ئۆزلۈك دەرىجە مەنىسىنىمۇ ھاسىل قىلىشى مۇمكىن.

"ـ ن (ـ ئىن، ـ ئۇن، ـ ئۈن)": قارا ـ ن، تارا ـ ن، يۇل ـ ئۇن، بول ـ ئۇن، ئېل ـ ئىن، مىقلا ـ ن ۋە باشقىلار. بۇ قوشۇمچە پېئىللار-

نىڭ ئۆزلۈك ۋە ئۆزگە دەرىجىلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ.

"-ت (-ئۇت، -ئۈت)": قارا-ت، باغلا-ت، ئىشلە-ت، ئوقۇ-ت چاقىر-ت، چۈشكۈر-ت، قورق-ئۇت، ئۆرك-ئۈت.

"-غۇز (-گۈز، -قۇز، -كۈز)": ماڭ-غۇز، بار-غۇز، كور-گۈز، بىل-گۈز، ئات-قۇز، يات-قۇز، ئوت-كۈز، كۆت-كۈز، كەت-كۈز ۋە باشقىلار.

"-دۇر (-دۈر، -تۇر، -تۈر)": تاڭ-دۇر، ئال-دۇر، بىل-دۈر، ئۇق-تۇر، تاپ-تۇر، كۆت-تۈر، ئەش-تۈر ۋە باشقىلار.

"-ئار (-ئەر، -ئۇر، -ئۈر)": چىق-ئار، چۈش-ئەر، يۆت-ئەر، پۈت-ئەر، پات-ئۇر، قات-ئۇر ۋە باشقىلار. مەنىسى جەھەتىدىن "-ئاق" قوشۇمچىسى "-غۇز (-قۇز)، -دۇر، (-تۇر) ۋە -ت" قوشۇمچىلىرىغا يېقىن. كۆپ ۋاقىتلاردا بۇ قوشۇمچىلارنى بىر بىرىنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ: چىقار — چىققۇز، چۈشەر — چۈشكۈز — چۈشتۈر. بۇلارنىڭ ھەممىسى (-ت، -غۇز، -دۇر، -ئار قوشۇمچىلىرى) مەجبۇر دەرىجە كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

"-شتۇر (-شتۈر)" قوشۇمچىسى. مەسىلەن: ئات-لا-شتۇر-ماق، قېيق-ئىشتۇر-ماق، سىلىكە-شتۈر-مەك، بىلە-شتۈر-مەك ۋە باشقىلار. بۇ قوشۇمچە تۈركولوگىيىلىك ئەدەبىياتتا تۈر كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلىدىغان قوشۇمچە دەپ قارىلىدۇ. لېكىن ھەركەتنىڭ كۆپ تەكرارلانغانلىقىنى بىلدۈرىدىغانلىقىغا قارىماي، بۇ قوشۇمچىنى تۈر كاتېگورىيىسىنىڭ كورسەتكۈچىگە ياتقۇزۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: "ئاتلاشتۇرماق، تىقىشتۇرماق، كەپلەشتۈرمەك، بىلەشتۈرمەك" دېگەندەك ئوخشاش پېئىل فورمىلىرى ئاساسەن ۋە كۆپرەك ھەركەتنىڭ تەكرارلانغانلىقىنى ئەمەس، ھەركەتنىڭ سۇبيېكت تەرىپىدىن قانداق بولسا شۇنداق، قول ئۈچىدا، ئاندا-مۇندا، كوڭۈل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قويماسلىق بىلەن ئۇرۇنلانغانلىغىنى كۆرسىتىدۇ.

"-مىسرا (-مىسرە، -ئىمسرا، -ئىمسىرە، -ئۇمسىرە)" قوشۇمچىسى. بۇ قوشۇمچە ئۇتۇمسىزلىك مەنىگە ئىگە بولغان بىرنەچچىلا پېئىل تومۇرىغا ئۇلىنالايدۇ: يىغلا-مىسرا، كۈل-ئۇمسىرە.

"-مىسرا" قوشۇمچىسى "-م (-ئىم، ئۇم، -ئۇم)" ۋە "-سىرا (-سىرە)" قوشۇمچىلىرىدىن ئىبارەت مۇرەككەپ قوشۇمچە. "-م" قوشۇمچىسى پەقەت پېئىللاردىن ئىسىملارنىلا ياسىسا، "-سىرا" قوشۇمچىسى ئىسىملاردىن پېئىل ئاساسلىرىنىلا ھاسىل قىلالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ "-سىرا" قوشۇمچىسى پېئىل ئاساسىغا پەقەت "-م" قوشۇمچىسى ئارقىلىقلا ئۇلىنىدۇ: كۈل — كۈل-ئۇم — كۈلۈمسىرە.

"-قا (-غا، -كە، -گە)": چاي-قا، قوز-غا، قور-غا، سۈر-كە، تەر-گە. بەزى سۆزلەردە بۇ قوشۇمچە ئۆزلۈك دەرىجىسىنىڭ "-ن" قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ، مۇرەككەپ قوشۇمچە ھاسىل قىلغان: يىر-گە-ن، سەس-كە-ن، شۈر-كە-ن، قور-غا-ن.

-ئا (-ئە): بۇر-ئا، تاق-ئا، ئۇت-ئە.

-ئىق (-ئىپ، -ئۇق، -ئۇك): قىس-ئىق، ئىچ-ئىك، كۆن-ئۈك.

-لا (-لە): چوقۇ-لا، غاجى-لا، كەس-لە، پۈك-لە.

-قى (-كى): يۇل-قى، ئال-قى.

## باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن ھاسىل بولغان ياسالما پېئىللار

پېئىلدىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن پېئىل ھاسىل قىلىدىغان قوشۇمچىلارنىڭ بىرى — "-لا، -لە-دا، -دە" قوشۇمچىلىرى. بۇ قوشۇمچىلار ئارقىلىق پېئىللار ھەممە سۆز تۈركۈملىرىدىن دېگۈدەك ياسىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا، بۇ قوشۇمچە ئارقىلىق ئۆزبېغۇر تىلىغا رۇس

تىلىدىن ياكى رۇس تىلى ئارقىلىق كىرگەن نۇرغۇنلىغان يېڭى سۆزلەر-
دىمۇ پېئىللار ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئىش — ئىشلە، ماي — مايلا، — باش —
باشلا، كوز — كوزلە، سوت — سوتلا، رېمونت — رېمونتلا، قارا — قارىلىماق،
قارا — قارىسىدا، ئۆن — ئۆنىدە، چېك — چېكىدا، پېتىق — پېتىقىدا،
ھەرە — ھەرىسىدە.

ئۇرغۇن سۆزلەرنىڭ تەركىۋىدە "-لا (-لە)" قوشۇمچىسى ئادەتتە
ئۆزلۈك ۋە ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكىپ، مۇرەككەپ
قوشۇمچە (-لاش، -لەش، -لان، -لەن) تەركىۋىدە كېلىدۇ. مەسى-
لەن: ئۆز — ئۆزلەشتۈرمەك، مۇكەممەل — مۇكەممەللەشتۈرمەك، كوللېكتىپ —
كوللېكتىپلەشتۈرمەك، ئېلېكتىر — ئېلېكتىرلەشتۈرمەك مېخانىكا —
مېخانىكىلاشتۇرماق، كولخوز — كولخوزلاشتۇرۇلماق، قارا — قارىلانماق، ئىش
— ئىشلەنمەك...

ئۆتۈملۈك قوشۇمچىلار قاتارىغا تۆۋەندىكى قوشۇمچىلارمۇ كىرىدۇ:
"-ئا (-ئە)" قوشۇمچىسى: "ئويۇن — ئويىنا، ئوت — ئوتا،
ساق — ساقا، تۈن — تۈنە، يوق — يوقا، قىيىن — قىيىنا"،
بۇ قوشۇمچىنىڭ يارىدىمى بىلەن پېئىللار ئاساسەن ئىسىملاردىن،
شۇنداقلا سۈپەتلەردىن ياسىلىدۇ. يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك،
بۇ قوشۇمچە بىرىنچى پېئىل تومۇرلىرىغا ئۇلىنىپمۇ ياسالما پېئىل
ھاسىل قىلىدۇ. ئۆزى ئۇلىنىدىغان ئىسىم ۋە سۈپەتلەرنىڭ مەنىسىگە
قاراپ، "-ئا (-ئە)" قوشۇمچىسى، بىردە ئۆتۈملۈك، بىردە ئۆتۈم-
سىز، پېئىللارنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن: "ئوت، ساق، سىن، قىيىن"
ئوخشاش سۆزلەردىن بۇ قوشۇمچە ئارقىلىق ئۆتۈملۈك پېئىللار ياسالسا
(ئوتا، ساقا، سىنا، قىيىنا)، "تۈن، قان" ئوخشاش سۆزلەردىن ئۆتۈم-
سىز پېئىل ئاساسلىرى پەيدا بولىدۇ: "تۈنە، قانا" ۋە باشقىلار.

"-ئا (-ئە)" قوشۇمچىسى "-ق-ئىر (-ك-ئىر)، -ئىر" قوشۇم-
چىلىرى بىلەن بىرىكىپ، "-قىرا، -كىرە، -ئىرا، -ئىرە" مۇرەككەپ
قوشۇمچىلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ ۋە ئۇلار نۇرغۇنلىغان تەخلىدىي

www.uyghurkitap.com

پېئىل ئاساسلىرىنى ياسايدۇ. مەسىلەن: «شار-قىر-ا، پۇر-قىر-ا، ھار-قىر-ا، سىر-قىر-ا، گۈر-كىر-ە، يالتىر-ا، مۆلتىر-ە» ۋە باشقىلار.

«-ئار (-ئەر-ر)» قوشۇمچىسى كۆپرەك ئەسلىي سۈپەتلەرگە، ئاندىن ئىسىملارغا ئۇلىنىپ، سۇبيېكتتا پەيدا بولغان ئۆزگىرىشلەرنى كۆرسىتىدىغان ئۆتۈمسىز پېئىللارنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن: «ئاق-ئاق-ار، قىزىل-قىز-ار، بوز-بوز-ار، ياش-ياش-ار، كۆك-كۆك-ەر، قىسقا-قىسقا-ر، ئەسكى-ئەسك-ەر، قايغۇ-قايغۇ-ر، ياخشى-ياخش-ار». «-ئار (-ئەر)» قوشۇمچىسى بەزىبىر ئىككى بوغۇملۇق سۈپەتلەرگە ئۇلانغاندا، سۈپەتنىڭ ئىككىنچى بوغۇمى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: «ئۇزۇن-ئۇز-ار، قىزىل-قىز-ار».

«-ئاي (-ئەي-ي)» قوشۇمچىسى. بۇ قوشۇمچىمۇ «-ئار (-ئەر-ر)» قوشۇمچىسىغا ئوخشاش، سۈپەت ۋە ئىسىملارغا ئۇلىنىپ، سۇبيېكتتا پەيدا بولغان ئۆزگىرىشلەرنى بىلدۈرىدىغان ئۆتۈمسىز پېئىللارنى ياسايدۇ. مەسىلەن: «ئاز-اي، كۆپ-ەي، كۈچ-ەي، قارا-ي، سارغ-اي» ۋە باشقىلار.

«-ئىق (-ئىك، -ئۇق-ئۈك)» قوشۇمچىسى. ئىسىملاردىن بۇ قوشۇمچىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆتۈمسىز پېئىللار ياسىلىدۇ. مۇنداق پېئىللار سۇبيېكتنىڭ ئىسىمدا كۆرسىتىلگەن سۈپەتكە، ئۆزگىرىشكە ئىگە بولغانلىقىنى (مەسىلەن: زور-ۇق-ماق، چىن-ىق-ماق، جەم-ىق-ماق) ياكى سۇبيېكتلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەر خىل جەريان ۋە ھالەتلەرنى (مەسىلەن: بىر-ىك-مەك، يول-ۇق-ماق، ئۆچ-ۈك-مەك ياكى: ئۆچ-ۈك-ۈشمەك) بىلدۈرىدۇ.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، بۇ قوشۇمچە پېئىل تومۇرلىرىدىن ياسالما پېئىل ھاسىل قىلىشتىمۇ قوللىنىلىدۇ.

"ـ ئىقا" قوشۇمچىسى. بۇ بىر ئازلا سۆزلەردىلا تەركىپىدە ئۇچـ
ىشىدىغان مۇرەككەپ قوشۇمچىدۇر: ئاچ ـ ئاچ ـ ئىقا، (ئېچىقا) يات ـ
يېتـ ـ ىقا، تاڭ ـ تېڭـ ـ ىقا. بۇ قوشۇمچىنىڭ تەركىۋىدىكى "ـ ر ـ"
ئاۋۇشى ئۇيغۇر تىلىدا چۈشۈپ قالغان①. لېكىن تۈركى تىللارنىڭ
بىرقانچىسىدا ساقلانغان. مەسىلەن، قازاق تىلىدا ئۇ تۆۋەندىكى
شەكىللەرگە ئىگە: "ـ ىرقا، ىرگە" ۋە "ـ لقا": جاتىرقا، ەسىرگە، مۇسىر
گە، باربلقا. قازاق تىلىدا بۇ قوشۇمچىغا ئۇزلۇك دەرىجىنىڭ "ـ ن"
قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، "ـ ىرقان، ىرگەن" شەكلىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ،
اشىرقان، ازىرقان ۋە باشقىلار. خاكاس تىلىدا بۇ قوشۇمچىنىڭ
ـ رغا، ـ رگې؛ ـ ئىرگا، ـ ئىرگې؛ ئارغا، ـ ئىرگى؛ ـ ئورغا، ـ ئۈرگې
قوشۇمچە ۋارىيانتلىرى بار.

ئۇلۇمسىز قوشۇمچىلار قاتارىغا شۇنداقلا تۆۋەندىكى بىرقانچە
قوشۇمچىلارنى ياتقۇزۇشقا بولىدۇ:

ـ غار (ـ گەر، ـ قار، ـ كەر): سۇ ـ غار ـ، باش ـ قۇر ـ، ـ قەس ـ
گەر ـ...

ـ سىرا (ـ سىرە): سۇ ـ سىرا ـ، يالغۇز ـ سىرا، يېتىم ـ سىرە ـ،
ـ سىت: تەڭ ـ سىت ـ، كەم ـ سىت ـ.
ـ سىن: ئاز ـ سىن، كۆپ ـ سىن ـ، يات ـ سىن ـ، ئۆز ـ سىن ـ.

## مۇرەككەپ پېئىللار

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا مۇرەككەپ پېئىللار ئەڭ كۆپ قوللـ
ىنىلىدىغان ۋە ناھايىتى تەرەققىي قىلغان كاتېگورىيە. لېكىن پەقەت

① ئۇيغۇر تىلىدا بۇ قوشۇمچىنىڭ تەركىۋىدىكى "ـ ر ـ" ئاۋۇشى "تېگىقا"
دېگەن سۆزنىڭ بەزىدە "تېگىرقا" بولۇپ ئېيتىلىدىغان ۋارىيانتىدا ئاڭلىنىدۇ،
مەسىلەن، بۇ سۆزدە ئۇزۇن ئادەمگە ھەممىلا تېگىرقاپ قالدى. (ھ.ت.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر تىلىدىلا ئەمەس، شۇنداقلا تۈركىي تىللارنىڭ ھەممىسىدە دىگۈدەك مۇرەككەپ پېئىللار تېخى يېتەرلىك تەكشۈرۈلمىگەن ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ كۆپ تالاش پىكىرلەرنى تۇغدۇرۇپ كەلمەكتە. پېئىل بويىچە تېخى يېشىلمەي كېلىۋاتقان ئەڭ تالاش مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھىساپلىنىدىغان تۈر كاتېگورىيىسى ئاساسەن مۇرەككەپ پېئىلغا باغلىق.

مۇرەككەپ پېئىللارنىڭ ئۆز ئىچىدىمۇ تېخى ئايدىڭلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان مەسىلىلەر بار. مەسىلەن، مۇرەككەپ پېئىل كاتېگورىيىسى بويىچە يېزىلغان تۈركولوگىيىلىك ئەسەرلەردە پېئىل بىلەن پېئىل ۋە ئىسمىي سۆز بىلەن پېئىل تۈرىدە تەشكىل تاپقان بىرىكمىلەر بىر بىرىدىن پەرقلەنمەي، ئىككىلىسى “مۇرەككەپ پېئىل” دىگەن ئومۇمىي تېرمىن بىلەن بىرىكتۈرۈلىدۇ. لېكىن بۇ تېرمىن مۇشۇ ئىككى خىل بىرىكمىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس لېكسىكىلىق ۋە سېمانتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە، ۋەزىپىلىرىگە توغرا كەلمەيدۇ. مەسىلەن، ئۆزبېك تىلىنىڭ ئىلمىي گىراماتىكىلىرىدا مۇرەككەپ پېئىللار ئىككىگە بۆلۈنىدۇ: 1) ئىسىم-پېئىل شەكلىدىكى مۇرەككەپ پېئىللار، 2) پېئىل-پېئىل شەكلىدىكى مۇرەككەپ پېئىللار. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تېرمىنولوگىيىلىك پەرق پەقەت شۇنىڭدىنلا ئىبارەتكى، ئۇلارنىڭ بىرىنچى تۈرى “بىرىنچى تىپ مۇرەككەپ پېئىللار”، ئىككىنچى تۈرى “ئىككىنچى تىپ مۇرەككەپ پېئىللار” دەپلا ئاتالغان. قازاق تىلىنىڭ ئىلمىي گىراماتىكىسىدا مۇرەككەپ پېئىللار تۆۋەندىكىچە بۆلۈنگەن: 1) ئىسىملار ياكى تەخلىت سۆزلەر بىلەن ياردەمچى پېئىللاردىن تەركىپ تاپقان مۇرەككەپ پېئىللار ۋە 2) ھال پېئىل شەكلىدىكى پېئىللار بىلەن ياردەمچى پېئىللاردىن تەركىپ تاپقان مۇرەككەپ پېئىللار. ئۆزىنىڭ «تۈركمەن تىلىدىكى مۇرەككەپ پېئىللار» دىگەن ئەسىرىدە خ. بائىلىۋ مۇنداق دەيدۇ: “مۇرەككەپ پېئىللار

تادەتتە ئىككى سۆزدىن تەركىپ تاپىدۇ، تۈپ سۆز ھەمىشە ئۆزگەر-مەيدۇ...ھەرخىل كېلىشتىكى سۆزلەر ۋە رەۋىشداش شەكىلدىكى پېئىللار تۈپ سۆز بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ."①

دىمەك، مۇشۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە "مۇرەككەپ پېئىل" چۈشەنچىسىگە پەقەت پېئىللاردىنلا ئەمەس، شۇنداقلا پېئىلدىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن ياردەمچى پېئىللارنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسالغان بىرىكمىلەرمۇ كىرگۈزۈلگەن. بۇ، ئەلۋەتتە، توغرا ئەمەس.

ھال (ياكى سۈپەت) پېئىللارغا ياردەمچى پېئىللارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسالغان پېئىللار بىلەن (مەسىلەن: كېتىپ قالدى، بارىۋەر، كېلەتتى) ئىسىملارغا ياردەمچى پېئىللارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسالغان پېئىللار (مەسىلەن: خوشال بولماق، تەكلىپ قىلماق، ئوت ئالماق، قۇلاق سالماق) بىر بىرىدىن تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پەرقلىنىدۇ.

1) بۇ پېئىللارنىڭ بىرىنچى تۈرى (پېئىل-پېئىل) ئاساسىي پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ھەركەتكە قوشۇمچە ھەر خىل تۈسلەرنى بېرىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇۋالماق (ئوقۇپ-ئالماق) — بۇ يەردىكى ياردەمچى پېئىل ئاساسىي پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ئىش-ھەركەتنىڭ ھەركەت ئىگىسىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئورۇنلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئوقۇپ بەرمەك — ئالدىنقى پېئىلنىڭ ئەكسىچە: ئىش-ھەركەتنىڭ باشقا شەخس ئۈچۈن ئورۇنلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يىغلاپ قويماق — بۇ يەردىكى ياردەمچى پېئىل ئاساسىي پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ھەركەتنىڭ ھەقىقەتتىكىگە ئوخشاش تەسىر تۇغدۇرۇش ئۈچۈنلا قىلىنغان-

① خ. بائىلىۋ «تۈركمەن تىلىنىڭ مۇرەككەپ پېئىللىرى». «تۈركمەن تىلى تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى»نىڭ 1944-يىل ئاشخابات نەشرى، 9-بەتتە قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لمغىنى بىلدۈرىدۇ. يىغلاپ كەتمەك — بۇ ياردەمچى پېئىل ھەركەتكە جىددى مەنە بېرىدۇ.

ياردەمچى پېئىللار بۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان قوشۇمچە مەنىلەرنى ئاڭلىتىشى مۇمكىن: يوقىتىپ قويماق، سۇنۇپ كەتمەك، يىرتىۋەتمەك، بېرىپ قويماق، يىغلاپ بەرمەك، قېچىپ تۇلتارماق، كېلىپ تۇرماق، قاراپ يۈرمەك، كۈلۈپ كەتمەك ۋە باشقىلار.

ئۇزىنىڭ مۇشۇ ۋەزىپىسىگە قارىغاندا، بۇ مۇرەككەپ پېئىللارنى ھەر خىل قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ھاسىل بولغان ياسالما پېئىللار بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ، چۈنكى بۇ ياسالما پېئىللارمۇ پېئىل تومۇرلىرىدا ئىپادىلەنگەن ھەركەتنى قوشۇمچە تۈسلەر بىلەن (مەسىلەن، دەرىجە مەنىلىرى بىلەن) مۇرەككەپلەشتۈرىدۇ: ئوقۇتماق (ئوقۇ-ت-ماق) — بۇ يەردىكى "-ت-" قوشۇمچىسى پېئىل تومۇرىدا ئىپادىلەنگەن ھەركەتكە مەجبۇر دەرىجە مەنىسىنى بېرىدۇ. ئوقۇلماق (ئوقۇ-ل-ماق) — ئالدىنقى قوشۇمچىنىڭ ئەكسىچە: "-ل-" قوشۇمچىسى ئۆزگە دەرىجە مەنىسىنى بېرىدۇ. قاراشماق (قارا-ش-ماق) — ئوملۇك دەرىجە، تارانماق (تارا-ن-ماق) — ئۆزلۈك دەرىجە ۋە باشقىلار.

ئىسىملارغا ياردەمچى پېئىللارنىڭ (ئىسىم-پېئىل) قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسالغان پېئىللاردا بولسا، ياردەمچى پېئىللار ئىسىملارغا قوشۇمچە مەنە، تۈس بېرىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئىسىملاردىن پېئىل ھاسىل قىلىش ئۈچۈنلا، باشقىچە ئېيتقاندا، شەيئى ياكى بەلگە مەنىسىدىن ھەركەت مەنىسىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈنلا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: ھەيران بولماق، ياد ئەتمەك، ئىش قىلماق، جاپا تارتماق، ياردەم قىلماق، كۆن كورمەك ۋە باشقىلار.

ئۇزىنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتىگە قارىغاندا بۇ پېئىل فورمىلىرىنى ئىسىم-لاردىن مەخسۇس قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بولغان ياسالما

پېئىللار بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ، چۈنكى بۇ ياسالما پېئىللاردىكى قوشۇمچىلارمۇ ئىسىملاردا ئىپادىلەنگەن ئوبيېكتلىق، سۈپەتلىك مەنىلەرنى ھەركەت مەنىسىگە، دىمەك، ئىسىملارنى پېئىللارغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: ياتلىماق (يات-لا-ماق)، ئىشلىمەك (ئىش-لە-مەك)، باشلىماق (باش-لا-ماق)، ئاقارماق (ئاق-ئار-ماق)، كۆكەرمەك (كۆك-ئەر-مەك)، قارايماق (قارا-ي-ماق)، كۈچەيمەك (كۈچ-ئەي-مەك) ۋە باشقىلار.

دىمەك، ئانالىتىكىلىق ئۇسۇل بىلەن ياسالغان پېئىللار سىنتېتىكىلىق پېئىل فورمىلىرىنىڭ ياسىلىش ئۇسۇللىرىنى مەلۇم دەرىجىدە تەكرارلايدىغانلىقى بايقىلىدۇ: ئاددى ياسالما پېئىللار پېئىل ۋە ئىسىملارغا مەلۇم قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسالسا، ئانالىتىكىلىق پېئىللارمۇ پېئىل ۋە ئىسىملارغا مەلۇم ياردەمچى پېئىللارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئانالىتىكىلىق پېئىللار تەركىۋىدىكى ياردەمچى پېئىللار مەلۇم دەرىجىدە سىنتېتىكىلىق پېئىللاردىكى قوشۇمچىلارنىڭ خىزمىتىگە ئىگە بولالايدۇ.

2) ئانالىتىكىلىق پېئىل فورمىلىرىنىڭ بىرىنچى تۈرى (پېئىل+پېئىل) ئىككى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كوپ پېئىل ئاساسىدىن تۈزۈلۈشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ تەركىۋىگە كىرىدىغان ئاددى پېئىللارنىڭ سانى كوپ ۋاقىتلاردا ئىككى، ئۈچ بولۇپ كېلىدۇ، بەزىدە تۆت، ھەتتا بەشكىچە يېتىپ بارىدۇ. مەسىلەن: كېتىپ قالدى، بىلىۋالدى، (بىلىپ-ئالدى)، كېتىپ قىلىپ يۈرمە، باراتتىكەن (بارار-ئىدى-ئىكەن)، چېلىپ بېرىپ قويىۋەر (چېلىپ بېرىپ قويا-بەر)، كېتىپ قالىۋېرەتتىكەن (كېتىپ قالا-بېرەر-ئىدى-ئىكەن) ۋە باشقىلار.

ئانالىتىكىلىق پېئىللارنىڭ ئىككىنچى تۈرى (ئىسىم+پېئىل) بولسا پەقەت ئىككىلا سوزدىن — ئىسىم ۋە ياردەمچى پېئىلدىن ئىبارەت؛ تامام قىلماق، ياد ئالماق، خاپا بولماق، خوشال بولماق، خوشال

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلماق ۋە باشقىلار.

بۇ تىپتىكى ئانالىتىكىلىق پېئىللارنىڭ ئۈستىگە ئىككىنچى بىر ياردەمچى پېئىلنىڭ قوشۇلۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: "ياد ئېلىپ بولدۇم، خاپا بولۇپ قالدى، خاپا بولۇپ قالاتتى، خوشال بولۇپ كېتەتتى، خوشال بولۇپ كەتتى" ۋە باشقىلار. لېكىن بۇ پېئىللارنى بىرىنچى تىپتىكى ئانالىتىكىلىق پېئىللار (پېئىل+پېئىل) سۈپىتىدە قاراش كېرەك، چۈنكى:

ياد ئېلىپ } بولدى
ئۇقۇپ

كۆيۈپ } كەتتى
خوشال بولۇپ

ئوقۇغان } ئىدى
ياردەم قىلغان

كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىكى "ياد ئېلىپ، خاپا بولۇپ، ياردەم قىلغان" دېگەن ھال ۋە سۈپەت پېئىللار "بولدى، كەتتى، ئىدى" دېگەن تۈرلەنگۈچى پېئىللارغا نىسبەتەن "ئوقۇپ، كۆيۈپ، ئوقۇغان" دېگەن ھال ۋە سۈپەت پېئىللارغا ئوخشاشلا ئاساسىي تۈس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مۇرەككەپ پېئىللارنىڭ بۇ ئىككى تۈرىنىڭ بىر بىرىدىن قانچىلىك پەرقى بار ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاددى پېئىللار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كورەيلى.

ئۇيغۇر تىلىدا ئاددى پېئىل ئاساسلىرى دەپ مۇنۇلار ئېيتىلىدۇ: 1) ئىپتىدائى ئاساس (ئال-)؛ 2) ئىسىم تومۇرلۇق ياسالما ئاساس (ئىش-لە-)؛ 3) پېئىل تومۇرلۇق ياسالما ئاساس (ئال-دۇر-).

ئاخىرقى ئىككى ياسالما ئاساس ئۆز نۆۋىتىدە ئىككىنچى دەرىجىلىك ياسالما ئاساسقا ئايلىنىشى مۇمكىن: 1)ئىش-لە-ت؛ 2) ئال-

ـدۇر ـ غۇز ـ .

شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاددى پېئىل ئاساسلىرىنى تۆتكە بۆلۈشكە بولىدۇ: 1) ئىپتىدائىي ئاساس (ئال ـ)؛ 2)ئىسىم تومۇرلۇق ياسالما ئاساس (ئىش ـ لە ـ)؛ 3) پېئىل تومۇرلۇق ياسالما ئاساس (ئال ـ دۇر ـ)؛ 4) ئىككىنچى دەرىجىلىك (ئىسىم ۋە پېئىل تومۇرلۇق) ياسالما ئاساس (ئىش ـ لە ـ ت، ئال ـ دۇر ـ غۇز).

مۇشۇ تۆت تۈرلۈك ئاساسنى ئۇلارنىڭ تەركىۋى بىلەن مەنىسىگە قاراپ ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈشكە بولىدۇ:

تەركىۋىگە قاراپ

| II دەرىجىلىك ياسالما ئاساس | ياسالما ئاساس | ئىپتىدائىي ئاساس |
|---|---|---|
| ئال ـ دۇر ـ غۇز ـ<br>ئىش ـ لە ـ ت ـ | ئال ـ دۇر ـ<br>ئىش ـ لە ـ | ئال ـ<br>— |

مەنىسىگە قاراپ

| II دەرىجىلىك ياسالما ئاساس | ياسالما ئاساس | ئىپتىدائىي ئاساس |
|---|---|---|
| ئال ـ دۇر ـ غۇز ـ | ئال ـ دۇر ـ<br>ئىش ـ لە ـ ت ـ | ئال ـ |

باشقىچە ئېيتقاندا، "ئىش ـ لە ـ" ئۆزىنىڭ تەركىۋى جەھەتتىن ـــ ياسالما پېئىل، لېكىن بۇ يەردىكى قوشۇمچە (ـ لە) ئىسىمدىن پەقەت پېئىل مەنىسىنىلا ھاسىل قىلىپ تۇرىدۇ، دېمەك، ئۆزىنىڭ مەنىسى جەھەتتىن "ئىش ـ لە ـ" پېئىلى "ئال ـ" پېئىلىدىن پەرقلەن ـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ـەيدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، ”ئىش ـ لە ـ ت ـ“ پېئلى تەركىبىۋى جەھەتتىن ”ئال ـ دۇر ـ“ پېئلىغا قارىغاندا مۇرەككەپرەك بولسىمۇ (ئۈچ مورفېما)، مەنىسى جەھەتتىن شۇ ”ئال ـ دۇر ـ“ پېئلىدىن مۇرەككەپ ئەمەس. ئەمدى ”ئال ـ دۇر ـ غۇز ـ“ پېئلىغا تەركىبىۋى جەھەتتىن ”ئىش ـ لەت ـ“ پېئلى توغرا كەلگەن بىلەن، مەنىسى جەھەتتىن ”ئىش ـ لە ـ ت ـ كۈز ـ“ پېئلى توغرا كەلگەن بولار ئىدى.

ئاددى پېئل ئاساسلىرى توغرىلىق مۇشۇ ئېيتىلغانلارنىڭ ھەممەسىنى بىر سخېمىدا كورسەتسەك، تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

ئاددى پېئل ئاساسلىرى

| | ئىپتىدائى ئاساس | ياسالما ئاساس | II دەرىجىلىك ياسالما ئاساس | |
|---|---|---|---|---|
| پېئل تومۇرلۇق | ئال | ئال ـ دۇر ـ | ئال ـ دۇر ـ غۇز ـ | تەركىبى ۋە مەنەسىگە قاراپ |
| ئىسىم تومۇرلۇق | — | ئىش ـ لە ـ | ئىش ـ لە ـ ت | تەركىبىگە قاراپ |
| | ئىشلە ـ | ئىش ـ لە ـ ت | ئىشلەت ـ كۈز ـ | مەنىسىگە قاراپ |

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋالنى مۇرەككەپ پېئللاردىنمۇ كورۇشكە بولىدۇ. مەسىلەن، ”بىزىپ بولماق“ ۋە ”خوشال بولماق“ دىگەن ئىككى خىل پېئلنى ئالساق، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى مۇرەككەپ ئىككىلىسى ئانالىتىكىلىق يول بىلەن ياسالغان. لېكىن ”بىزىپ بولماق“ پېئلى پەقەت ھەركەت مەنىسىنىلا ئەمەس، شۇنداقلا شۇ ھەركەت مەنىسىدە قوشۇمچە تۈسىنىمۇ بار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ”خوشال بولماق“ پېئلى بولسا، ”ـلا، ـلە“ قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ئاددى ياسالما پېئللارغا ئوخشاشلا، پەقەت ھەركەت (پېئل) مەنىسىنىلا بىلدۈرىدۇ: خوشال بولماق ـــ خوشاللانماق، ئىش قىلماق ـــ

قىشلىمەك، ئەمىن ئەتمەك ـــ تەمىنلىمەك، ھۆرمەت ئەتمەك ـــ ھۆرمەتـ
لىمەك ۋە باشقىلار.

دېمەك، "ئىش قىل ـ" بىلەن "ئىشلە ـ" مەنە يېقىدىن ئوخشاش بولسا، "ئىش قىل ـ" مەنە يېقىدىن "ئال ـ" پېئىلىغىمۇ ئوخشاش دېگەن سۆز، چۈنكى، يۇقۇرىدا ئېيتىلغانىدەك، "ئىشلە ـ" بىلەن "ئال ـ" پېئىللىرى ئوخشاش:

ئال ـــ ئىش ـ لە ـــ ئىش ـ قىل ـ

شۇنداق قىلىپ، پېئىل ئاساسلىرىنىڭ قاتارىغا پەقەت ئاددى پېئىللارلا ئەمەس، شۇنداقلا ئىسىم ـ پېئىل تۈرىدىكى ئانالىتىكىلىق پېئىللارمۇ كىرىدۇ.

پېئىل ئاساسلىرىنى تۆۋەندىكى سخېما ئارقىلىق كۆرسىتىش مۇمكىن:

| | ئاددى ئاساسلار | | | مۇرەككەپ ئاساس | |
|---|---|---|---|---|---|
| | ئىپتىدائى | ياسالما | II دەرىجىلىك ياسالما | | |
| پېئىل تومۇرلۇق | ئال ـ | ئال ـ دۇر ـ | ئال ـ دۇر ـ غۇز ـ | — | تەركىۋى ۋە مەنىسىگە قاراپ |
| | — | لە ـ ئىش ـ | ئىش ـ لە ـ ت | ئىش قىل ـ | تەركىۋىگە قاراپ |
| ئىسىم تومۇرلۇق | ئىشلە ـ ئىش قىل ـ | ئىشلە ـ ت ـ ئىش ـ قىل ـ دۇر ـ | ئىشلە ـ ت ـ كۈز ـ ئىش ـ قىل ـ دۇر ـ غۇز | — | مەنىسىگە قاراپ |

ئەگەر "ئىش قىل" پېئىلىغا دەرىجە قوشۇمچىلىرى ئۇلانسا، ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاددى ياسالما پېئىللار بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ:

ئال ـ دۇر ــ ئىشلە ـ ت ـ ــ ئىش قىل ـ دۇر ـ .

پېئىل بىلەن پېئىلنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسالغان مۇرەككەپ پېئىللاردا بولسا، دەرىجە قوشۇمچىلىرى مۇرەككەپ پېئىل تۈزۈلۈشىدىن كېيىن ئەمەس، پەقەت ئاساسىي پېئىلغىلا (بىرىنچى تەركىبىي قىسمىغىلا) ئۇلىنىدۇ: "كەت ـ كۆز ـ ۈپ قويماق" ("كېتىپ قويغۇزماق" ئەمەس)؛ "ئېيتقۇزۇۋالماق" ("ئېيتىۋالغۇزماق" ئەمەس).

مۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى پېئىل بىلەن پېئىلنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان مۇرەككەپ پېئىللار پېئىل ئاساسى بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. مۇنداق مۇرەككەپ پېئىللاردا ئاساس بولۇپ ھېسابلىنىدىغان ــ پەقەت بىرىنچى تەركىبىي قىسىم (ئاساسىي پېئىل)، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دەرىجە قوشۇمچىلىرى مۇرەككەپ پېئىلنىڭ بىرىنچى تەركىبىي قىسمىغىلا ئۇلىنىدۇ.

ئىسىم ـ پېئىل تۈرىدىكى ئانالىتىكىلىق پېئىللار، ئاددى پېئىللارغا ئوخشاشلا، مۇرەككەپ پېئىللارنىڭ (پېئىل+پېئىل تۈرىدىكى ئانالىتىكىلىق پېئىللارنىڭ) بىرىنچى تەركىبىي قىسمى (ئاساسىي پېئىلى) بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، "ئېلىپ كەت ـ" "كېتىپ قال ـ" ئوخشاش مۇرەككەپ پېئىللارنىڭ تەركىبىدىكى "ئېلىپ، كېتىپ" دېگەن پېئىللار مۇرەككەپ پېئىل ياساش ئۈچۈن ئاساس بولغانىدەك، "خوشال بولۇپ كەتتى" "خوشال بولۇپ قالدى" ئوخشاش مۇرەككەپ پېئىللارنىڭ تەركىبىدىكى "خوشال بولۇپ" دېگەن پېئىلمۇ مۇرەككەپ پېئىل ياساش ئۈچۈن ئاساس بولالايدۇ. بۇنى 259 ـ بەتتىكى سخېما ئارقىلىق كۆرسىتىش مۇمكىن:

شۇنداق قىلىپ، ئاددى ۋە مۇرەككەپ پېئىللارنىڭ ھەممىسىنى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈشكە بولىدۇ:

1) پېئىل ئاساسلىرى: ئا) ئىپتىدائىي ئاساس (ئال ـ، كەت ـ،

| | ئاددى پېئىل ياسالمىلىرى | | | مۇرەككەپ ئاساس | مۇرەككەپ پېئىل | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئىپتىدائى | ياسالما | II دەرىجىلىك ياسالما | | | |
| پېئىل تومۇرلۇق | ئال ـ | ئال ـ دۇر ـ | ئال ـ دۇر ـ غۇز | — | ئال ـ — ئالۋەر ـ<br>ئالدۇر ـ — ئالدۇرۇۋال ـ<br>ئالدۇرغۇز ـ — ئالدۇر-غۇزۇۋال ـ | تەركىۋى ۋە مەنىسىگە قاراپ |
| ئىسىم تومۇرلۇق | — | ئىش ـ لە ـ | ئىش ـ لە ـ ت ـ | ئىش قىل ـ | ئىشلە ـ — ئىشلە ۋەر<br>ئىشلەت ـ ئىشلىتىۋەر ـ<br>ئىشلەتكۈز ـ — ئىشلەتكۈ-زۈپ تۇر ـ | تەركىۋىگە قاراپ |
| | ئىش ـ ـ لە | ئىشلە ـ ت ـ | ئىشلەتكۈز ـ<br>ئىش قىل ـ<br>دۇر ـ غۇز ـ | — | ئىش قىل ـ — ئىش قىلىپ يۈر ـ<br>ئىش قىلدۇر ـ — ئىش-قىلدۇرۇپ يۈر ـ<br>ئىش قىلدۇرغۇز ـ — ئىش-قىلدۇرغۇزۇپ يۈر | مەنىسىگە قاراپ |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قارا ــ)؛ ئە) ئىسىم تومۇرلۇق ياساليا ئاساسى (ئاق+ئار ــ ، ئىش ــ لە ــ) ھۆرمەت ــ لە ــ)؛ ب) پېئىل تومۇرلۇق ياساليا ئاساسى (قال ــ دۇر ــ ، قاراــ ت، كەت ــ كۈز ــ)؛ ۋ) مۇرەككەپ ئاساسى (ئىش قىل ــ ، ھۆرمەت قىل ــ ، خۇشال بول ــ)

2) مۇرەككەپ پېئىللار (كىتىپ قال ــ ، تۇتۇۋ ــ ۋال ــ ، بېرىۋەر ــ ، كەلگەن ئىدى، كەپتىكەن، بارانتى، ئىشلەۋەر ــ ، خابا بولۇپ قال ــ ، تەكلىپ قىلىپ قوي ــ ۋە باشقىلار.)

ئانالىتىكىلىق پېئىللار توغرىلىق يۇقۇرىدا ئېيتىلغانلارغا ئاساسلىنىپ، مۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇ: پېئىل بىلەن پېئىلنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسالغان ئانالىتىكىلىق پېئىل فورمىلىرىنى، باشقىچە ئېيتقاندا، مۇرەككەپ پېئىللارنى، ئىسىم، پېئىل شەكلىدىكى ئانالىتىكىلىق پېئىللاردىن پەرق قىلىش كېرەك. مۇرەككەپ پېئىللارغا ئىسىملاردىن ياسالغان ئانالىتىكىلىق پېئىللارنى مۇرەككەپ پېئىل ئەمەس، پەلكى پېئىللارنىڭ مۇرەككەپ ئاساسى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

## مۇرەككەپ پېئىل

مۇرەككەپ پېئىل ــ پۈتۈن بىر مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئىككى ياكى بىر نەچچە پېئىلنىڭ مورفولوگىيىلىك ــ سىنتاكسىسلىق يىغىندىسى. بۇ يىغىندىسىنىڭ تۈزۈلۈشى ئېيتارلىق ھەر خىللىقتا ئەمەس، مۇرەككەپ پېئىلنىڭ بىرىنچى قىسمى (بىرىنچى تەركىۋي قىسمى) ھەر قاچان ھال پېئىل ياكى سۈپەت پېئىل فورمىسىدا كېلىدۇ ــ دە، ھېچبىر ئۆزگىرىشكە دۇچار بولمايدۇ. ئىككىنچى قىسمى ــ ھەر خىل قوشۇمچىلار بىلەن مۇرەككەپلىشىپ، ئۆزگىرىپ، تۈرلىنىپ تۇرىدىغان ياردەمچى پېئىل.

ھەر قانداق مۇرەككەپ پېئىل، ئۆزىنىڭ تەركىۋىدىن قەتئىنەزەر

(مەيلى ئۇ ئىككى پېيىل ئاساسىدىن، مەيلى تۆت، بەش پېيىل ئاساسىدىن تەركىپ تاپقان بولسۇن)، ئىككى تەركىۋىي قىسىمغا بولۇنىدۇ.

بىرىنچى تەركىۋىي قىسىم — ئۆزگەرمەيدىغان، تۇراقلىق فورمىدا ئىگە هال پېيىل (ياكى سۇپەت پېيىل). بىرىنچى تەركىۋىي قىسىم بىر ياكى بىرنەچچە پېيىلدىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئىككى تەركىپلىك مۇرەككەپ پېيىلدا بىرىنچى تەركىۋىي قىسىم بىر ئاساسىي پېيىلدىن ئىبارەت: "كىتىپ قالدى؛ كىلىۋاتىدۇ (<كېلىپ-ياتىدۇ)؛ كەلگەن ئىدۇق..." ئۈچ تەركىپلىك مۇرەككەپ پېيىلدا بىرىنچى تەركىۋىي قىسىم ئىككى پېيىلدىن (بىر ئاساسىي ۋە بىر ياردەمچى پېيىلدىن) ئىبارەت. مەسىلەن: "كىتىپ قىلىپ يۈرمە؛ كىلىۋاتاتتى (<كېلىپ-ياتار-ئىدى)؛ كېلىپ قالغان ئىكەن..." تۆت تەركىپلىك مۇرەككەپ پېيىللاردا بىرىنچى تەركىۋىي قىسىم — ئۈچ پېيىلدىن ۋە بەش تەركىپلىك مۇرەككەپ پېيىلدا بىرىنچى تەركىۋىي قىسىم تۆت پېيىلدىن ئىبارەت بولىدۇ؛ بۇلاردىمۇ بىرىنچى پېيىل — ئاساسىي پېيىل، قالغان ئىككىسى ياكى ئۈچى — ياردەمچى پېيىل بولىدۇ. مەسىلەن: 1) چىقىپ بېرىپ قويسۇەر (<چىقىپ بېرىپ قويا-بەر)؛ 2) چىقىپ بېرىپ قويىۋېرەتتىم (<چىقىپ بېرىپ قويا-بېرەر-ئىدىم).

بۇلاردىن بايقىلىدىغانلار مۇنۇلار:

1) بىرىنچى تەركىۋىي قىسىم مۇرەككەپ پېيىلنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى تۈرلەنگۈچى ياردەمچى پېيىلنىڭ ئالدىدا كەلگەن پېيىلدىن (ياكى پېيىللاردىن) ئىبارەت.

2) بىرىنچى تەركىۋىي قىسىم مۇرەككەپ پېيىلنىڭ ئاساسىي مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ "ئاساسىي پېيىل" دەپ ئاتىلىدىغان هال (سۇپەت) پېيىلدىن ئىبارەت؛ كۆپ تەركىپلىك

مۆرەككەپ پېئىلدا بىرىنچى تەركىۋي قىسمىنىڭ سانى بىردىن تۆتكىچە بارىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بىرىنچىسىدىن باشقىسى — ياردەمچى پېئىللار.

3) كۆپ تەركىپلىك مۆرەككەپ پېئىللاردا بىرىنچى تەركىۋي قىسمى تەشكىل قىلىدىغان ھەممە پېئىللار ئۆزگەرمەيدىغان، تۇراقلىق ھال (ياكى سۈپەت) پېئىل شەكلىدە كېلىدۇ.

ئىككىنچى تەركىۋي قىسىم — مۆرەككەپ پېئىل يىغىندىسىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدىغان تۈرلەنگۈچى ياردەمچى پېئىل. ئىككىنچى تەركىۋي قىسىم ھەرقاچان بىرلا پېئىل ئاساسىدىن ئىبارەت بولۇپ، شەخس، سان، زامان، مەيىل، دەرىجە قوشۇمچىلىرىنى قوبۇل قىلالايدۇ.

مۆرەككەپ پېئىلنىڭ تەركىۋى تۈزۈلىق مۇشۇ ئېيتىلغانلارنى تۆۋەندىكى سخېما ئارقىلىق كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

| تەركىۋى | I تەركىۋي قىسمى | | II تەركىۋي قىسمى |
|---|---|---|---|
| | ئاساسىي پېئىل | ياردەمچى پېئىل (لار) | ياردەمچى پېئىل |
| ئىككى تەركىپلىك | چىقىپ | | بەر |
| ئۈچ تەركىپلىك | چىقىپ | بېرىپ | قوي |
| تۆت تەركىپلىك | چىقىپ | بېرىپ قوي (< قويا) + | +ۋەر (ئەۋەر) |
| بەش تەركىپلىك | چىقىپ | بېرىپ قويىۋېرە (< قويا+ بېرەر)+ | +تتى (< ئىدى) |

تاشقى فورمىسى ۋە قوشۇلۇش يوللىرى مۆرەككەپ پېئىللارغا ئوخشاش كەلگەن ھەرقانداق سىنتاكسىلىق بىرىكمىلەرنىڭ ھەممىسىلا مۆرەككەپ پېئىللارنى ھاسىل قىلىۋەرمەيدۇ. ئەگەر مۇنداق

بىرىكمىلەرنىڭ تەركىۋىدىكى تەركىۋىي قىسىملار ئۆزلىرىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرىنى يوقاتمىغان بولسا، ئۇلارنى مۇرەككەپ پېئىللار دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئۇلار مۇستەقىل سوزلەرنىڭ، مۇستەقىل لېكسىكىلىق ۋە سېمانتىكىلىق قىسىملارنىڭ سىنتاكسىسلىق بىرىكمىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، مۇنۇ جۈملىلەردىكى ئۆزلىرىنىڭ فورمىلىرى، قوشۇلۇش ئۇسۇللىرى جەھەتىدىن مۇرەككەپ پېئىللارغا ئوخشاش كەلگەن پېئىللار بىرىكمىلىرىنى ئالايلى:

ئۇ، دەرس ھازىرلايمەن دەپ قالدى.
مەن بۇ نەرسىنى ئالغاندا كورۇپ ئالدىم.
ئىشىك ئالدىغا بىر كىشى كېلىپ تۇردۇ.
مەن، بۇ يەردە سىڭگمۇ كەتمەيدىغانلىقىڭنى بىلىپ، قالدىم.
مېنىڭ بۇ يەردىن كەتمەي، قالغىنىمنىڭ سەۋەبى شۇ.

مۇشۇ جۈملىلەردىكى ھال پېئىل فورمىسىدا تۇرغان "دەپ (ھازىرلايمەن دەپ)، كېلىپ، كورۇپ، بىلىپ، كەتمەي ("كېتىپ" ھال پېئىلىنىڭ بولۇشسىز تۈرى)" پېئىللىرى بىلەن سىنتاكسىسلىق باغلىنىشتا كەلگەن "قالدى، تۇردۇ، ئالدىم، قالدىم، قالغىنىمنىڭ" دېگەن پېئىللار ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي لېكسىكىلىق مەنىلىرىنى يوقاتمىغان، مۇرەككەپ پېئىللارنى ھاسىل قىلىدىغان ياردەمچى پېئىللارغا ئايلانمىغان ۋە جۈملىدە ئۇلار خەۋەر بولۇپ كەلگەن.

## ياردەمچى پېئىللار

ھال ۋە سۈپەت پېئىللار بىلەن بىرىكىپ، مۇرەككەپ پېئىل ھاسىل قىلىدىغان ياردەمچى پېئىللار مۇنۇلار: ئال —، بەر —، كەل —، كەت —، بار —، قال —، چىق — (مەسىلەن: كىرىپ چىق —، ئېلىپ چىق —، ئوقۇپ چىق —)، چىق — (مەسىلەن: دەرەخ ئۈستىگە چىق) چۈش —، ئولتار —، ئۆر —، يات —، يۈر —، يەت —، تۈگەت —، باشلا —، ئى — (ئىدى، ئىكەن،

www.uyghurkitap.com

لىمىش).
ياردەمچى پېئىل ۋەزىپىسىدە ئىشلىتىلىدىغان پېئىللارنىڭ ھەممىسى
ئالاھىدە سېمانتىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ۋە
گوچمە مەنىدە قوللىنىلىشقا مايىل ياكى گىراماتىكىلىشىش خۇسۇ-
سىيىتى كۈچلۈك پېئىللاردۇر. مەسىلەن، ”ئوقۇماق، يازماق، ئېيتماق“
دېگەنگە ئوخشاش پېئىللار ياردەمچى پېئىل بولالمايدۇ. يۇقۇرىدا
ئاتالغان ياردەمچى پېئىللارنىڭ تولىسى ھەركەتنىڭ سۈبيېكتقا
نىسبەتەن يىراقلىشىش ياكى يېقىنلىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. سۈبيېكت-
تىن باشقا تەرەپكە قارىتىلغان ياكى سۈبيېكت تەرەپكە قارىتىلغان
ھەركەتنى بىلدۈرىدۇ. ھەركەتنىڭ بىر بىرىگە قارشى قويۇلغان مۇنـ-
داق ئىككى خىل خاراكتېرىستكىسىنى ئىپادىلەيدىغان يادەمچى
پېئىللار ئادەتتە بىر بىرىگە قارىمۇ-قارشى جۈپلەرنى ھاسىل قىلىدۇ:
”كەل ـــ كەت، بار ـــ قال، كىر ـــ چىق، چۈش ـــ چىق، ئال ـــ بەر،
ئولتۇر ـــ تۇر.“ بەزى يارەمچى پېئىللار بىر بىرىنى تولۇق ياكى
مەلۇم دەرىجىدە نوۋەتلەشتۇرۇپ كېلىدىغان، مەنىسى ۋە ۋەزىپىسى
يېقىن پېئىللارنى ھاسىل قىلىدۇ: كور ـــ باق ـــ قارا، بول ـــ تۈگەت ـــ
پۈت (pūt)، تاشلا ـــ ئەت، يات ـــ يۈر.
يارەمچى پېئىللارنىڭ بەزىلىرى پەقەت ھال پېئىللار بىلەنلا،
بەزىلىرى پەقەت سۈپەت پېئىللار بىلەنلا قوشۇلالىسا، بەزىلىرى ئىككـ-
ىسلا تۈرى (-پ، ئا) بىلەن قوشۇلالايدۇ. بەزى يارەمچى
پېئىللار ھال پېئىلنىڭ پەقەت ”-پ (-ئىپ، -ئۇپ، -ئۈپ)“
قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان تۈرىگىلا ئۇلانسا، بەزىلىرى ئۇلارنىڭ
ئىككىلا تۈرىگە ئۇلىنىپ كېلەۋېرىدۇ. مەسىلەن، ”تى- (ئىدى،
ئىكەن)“ يارەمچى پېئىلى ”-پ (-ئىپ)“ قوشۇمچىسى ئارقىلىق
ياسالغان ھال پېئىللار بىلەن ”-غان“ ۋە ”-ئار“ قوشۇمچىلىرى ئار-
قىلىق ياسالغان سۈپەت پېئىللارغا ئۇلىنىدۇ: ”كېلىۋەردىم (كېلىپ-

ئىدىم)، كەلگەن ئىدىم، كېلەر ئىدىم، كېلەتتىم (كېلەر+ئىدىم)».

«ـئا (ـئە)» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىللارغا بۇ ياردەمچى پېئىل ئۇلانمايدۇ: «كەل-، كەت-، بار-، قال-، كىر-، چىق-، چۈش-، ئولتۇر، تۇر-، قوي-، بول»... ياردەمچى پېئىللار پەقەت ھال پېئىللارنىڭ «ـىپ» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان تۈركىلا ئۇلانسا (بېرىپ كەل-، ئوتۇپ كەت-، كېتىپ قال-، ئوقۇپ باق-...) «ئال-، بەر-» ياردەمچى پېئىللىرى ھال پېئىللارنىڭ ئىككىلا تۈرىگە ئۇلىنىدۇ: ئوقۇۋال- (ئوقۇپ+ئال-)، ئوقۇپ بەر-، بارالماق (بارا+ئالماق)، بارىۋەرمەك (بارا+بەرمەك)، يۈرۈۋەرمەك (يۈرە+بەرمەك).

ياردەمچى پېئىللارنىڭ ئاساسىي پېئىلغا — ھال ياكى سۈپەت پېئىللارغا — بېرىدىغان قوشۇمچە مەنە ئاھاڭلىرى ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

ئالماق. 1) بۇ ياردەمچى پېئىل ـىپ (ـئىپ) قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىللارغا ئۇلانغاندا، ھەركەتنىڭ سوزۇلغۇچىلىكى، يەنى ھەركەت ئىگىسىگە قارىتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ — «ئالماق» پېئىلىنىڭ بېرىدىغان ئومۇمىي مەنىسى، ۋە بۇ مەنە «ئالماق» پېئىلى بىلەن كەلگەن ھەر قانداق بىرىكمىدە مەۋجۇت. مىساللار: «ئۇ ئارىلاپ-ئارىلاپ ئادۇوكاتنىڭ قارا بۇدرە چىچىغا، ئۆتكۈر كۆزلىرىگە قاراۋالاتتى. (ھ.ئا.) يېڭى تومۇر ئاق بوزئات تەييارلاۋالىدۇ. (جوجەك.) تىتەي خەلقنىڭ يەر-سۇلىرىنى تارتىۋېلىپ، ئوزىگە شەھەر سالدۇرىۋالدى. (ئە.ئە.پ.) ئارقىسىغا ھەيۋەر ياقىلىۋالغان چاشقان ئۆۋىسىغا پاتماپتۇ. (ماقال.)» لېكىن ئاساسىي پېئىلنىڭ مەنىسىگە قاراپ، بۇ ئومۇمىي مەنە يەنە باشقىمۇ قوشۇمچە تۈسلەر بىلەن مۇرەككەپلىشىشى مۇمكىن: يېزىۋالماق، كۆچۈرىۋالماق، تارتىۋالماق، بىلىۋالماق.

2) «ـئا (ـئە، ـي)» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىللارغا ئۇلانغان «ئالماق» ياردەمچى پېئىلى ھال پېئىلدا ئىپادىلەنگان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىشى مۇمكىنلىكىنى، ئىمكانىيەتنى، قادىرـ لىقنى بىلدۈرىدۇ: "بارالايدۇ، ئېيتالايدۇ، كېتەلەيدۇ، ئولتۇرالمايدۇ، چىقالايدۇ." مىساللار: ئۇنىڭ كۆكسىگە خەنجەرنى تىقىۋالدى، بىراق ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالالمىدى (ن.گ.) ئەل ئەدەبىياتى ئارقىلىق ھەر خىل دەۋرلەردىكى سىياسى، ئىجتىمائى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋاللارنى ئۆگىنەلەيمىز. (ئە.ئە.پ.) ئاچلىق، سۇسىزلىق چوڭ دۈشمەن، ئۇنى ھېچبىر ئادىمىزات كۆچى يېڭەلمى گەندەك، قانچە باتۇرلانغان بولسىمۇ، ھەسەننىمۇ يېڭەلمىدى. (س.ئە.) بارنى كۆرسە، كۆرەلمەيدۇ، يوقنى كۆرسە، بېرەلمەيدۇ. (ماقال.) تەنە سۆزلەرگە چىداپ تۇرالماي، پولكوۋنىك قولىنى سىلكىدى. (ن.گ.)

بەرمەك. 1) بۇ ياردەمچى پېئىل "ـ پ (ـ ئىپ)" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىللارغا قوشۇلغاندا، "ئالماق" پېئىلىنىڭ ئەكسىچە، ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ باشقا كىشى ئۈچۈن، باشقا بىر شەخسنىڭ پايدىسىغا ئورۇنلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: "يېزىپ بەرمەك، ئوقۇپ بەرمەك، كۆرسىتىپ بەرمەك، تېپىپ بەرمەك، تاشلاپ بەرمەك." مىساللار: مەختۇمسۇلا كۆرگەن چۈشىنى ئاكىسىغا ئېيتىپ بېرىدۇ. (چوچەك.)

2) ھال پېئىلنىڭ لېكسىكىلىق خۇسۇسىيىتىگە، مەنىسىگە قاراپ "بەرمەك" ياردەمچى پېئىلى باشقا تۈسلەرنى بېرىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ كۈچلۈك يۈز بېرىشىنى: يامغۇر يېغىپ بەردى. بىز يۈرۈپ بەردۇق. ئۇ يىغلاپ بەردى...

3) "ـ ئا (ـ ئە، ـ ي)" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىللارغا ئۇلانغان "بەرمەك" ياردەمچى پېئىلى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ تەكرارلىنىشىنى، ئۇزاق داۋام ئەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: "يازىۋەردىم، ئالىۋەردى، ئېيتىۋەردى، ماڭىۋەردى." مىساللار: بىرنىمۇ قالدۇرماي، توكۇلىگەز مۆشلەرنى سۈۋەتكە سالىۋەردى. (س. ئە.) — مەن ئەدىسىن بىلەي، — دەپ، قىنىنى سالىۋەردى. (س. ئە.) ئون بەش مىنۇتتىن كېيىن پولدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ پاراۋوزنىڭ ئىسسىدەك ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋەردى. (س. ئە.)

4) بەزىدە، ھال پېئىلنىڭ مەنىسىگە قاراپ، "بەرمەك" پېئىلى

سۆبېكتىنىڭ بىرەر ھەركەتنى ئورۇنلاش قابىلىيىتىنى، ئورۇنلاپ كېتەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۆزەم بارىۋېرىمەن، تارتىنماي ئېيتىۋەر، كۆتىرىۋېرىدۇ....

كەتمەك. بۇ ياردەمچى پېئىل پەقەت "-ىپ (-ئىپ)" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىللارغىلا قوشۇلۇپ، ئىش-ھەركەتنىڭ تۈگەل ئاياقلاشقانلىقىنى، تۈگىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بەزىدە ئىش-ھەركەتنىڭ كۈچلۈك يۈز بەرگەنلىكىنىمۇ بىلدۈرىدۇ: "چىقىپ كەتتى، كۆيۈپ كەتتى، ئۆتۈپ كەتتى، قېچىپ كەتتى، ئاچچىقى كېلىپ كەتتى، ئۇيقۇم كېلىپ كەتتى، يىغلاپ كەتتى، قىزىرىپ كەتتى، كۈلۈپ كەتتى." مىساللار: يەرنىڭ 75 — 80 پروتسېنتى بايلار بىلەن جازانىخورلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. (ئە. ئە. پ.) توت-بەش يۈز كىشى يوق بولۇپ كۆيۈپ كەتكەندەك بولدى. (ۋ. ر.) بۇ شۇنداق قىلىپ باتۇر بولۇپ كېتىدۇ. (چۆچەك.)

قالماق. 1) ھال پېئىلنىڭ "-ىپ (-ئىپ)" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان تۈرىگىلا قوشۇلۇپ، ھال پېئىلدا ئېيتىلغان ۋە ئاياقلاشقان ھەركەتنىڭ كۈتۈلمىگەندە، تۇيۇقسىز بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: مېھمانلار كېتىپ قالدى. ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ. ماشىنا توختاپ قالدى. بىر كۈنى، نېمە بوپتۇ-يۇ، ئەپەندى قازىنىڭ ئىشىكىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. (ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن).

2) "قالماق" پېئىلى، ھال پېئىلنىڭ مەنىسىگە قاراپ، ئىش-ھەركەتنىڭ تەرەققىي قىلىش دەرىجىسىنى — بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئۆلغىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلدۈرىدۇ: "يوللار ئەگىچىپ قالدى. ئۇ بىر ئاز ئۆگىنىپ قالدى. بۇنى ئاڭلاپ، ئۇ قورقۇپ قالدى...". ئۇزىنىڭ مۇشۇ مەنىسىدە "قالماق" پېئىلى "كەتمەك" پېئىلىغا قارشى قويۇلىدۇ: "قالماق" پېئىلى ھەركەتنىڭ پاسسىپ تەرەققىياتىنى بىلدۈرسە، "كەتمەك" پېئىلى، ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئاكتىپ تەرەققىياتىنى بىلدۈرىدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەچ كىرىپ قالدى — كەچ كىرىپ كەتتى،
كۈن ئېسىپ قالدى — كۈن ئېسىپ كەتتى،
يول قۇرۇپ قالدى — يول قۇرۇپ كەتتى،
بىر يىل بولۇپ قالدى — بىر يىل بولۇپ كەتتى.

«كەلمەك» ۋە «بەرمەك» پېئىللىرى. 1) بۇ ياردەمچى پېئىللار ھال پېئىللارنىڭ «ـىپ (ـئىپ)» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان تۈرىگە ئۇلىنىپ، ئاساسىي پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ ئېيتقۇچى تەرەپكە («بېرى»، «بۇ ياققا» — كەلمەك پېئىلى)، ئېيتقۇچىدىن باشقا تەرەپكە («ئۇ ياققا» بارماق پېئىلى) قارىتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ۋە ئاساسىي پېئىل بىلەن بىرىكىپ، بىرلا مەنىنى ئاڭلىتىدۇ: ئېلىپ كەلمەك — ئېلىپ بارماق، قېچىپ كەلمەك — قېچىپ بارماق، يېتىپ كەلمەك — يېتىپ بارماق، يۈگرەپ كېلىپ — يۈگرەپ بېرىپ...

«كەلمەك» پېئىلىنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى «بارماق» پېئىلىغا نىسبەتەن كەڭ. كەلمەك پېئىلى بەزى ھال پېئىللار بىلەن قوشۇلغاندا ھەرىكەتنىڭ ئۇزاق داۋام قىلغانلىقىنىمۇ بىلدۈرۈشى مۇمكىن. مەسىلەن: «بىر قانچە ئىشلار ئىشلەنمەي قالدى. ئۇلار بىر نەچچە يىل يولداش بولۇپ كەلدى...» بۇ مەنىدە ئىشلىتىلگەن «كەلمەك» پېئىلى كۆپ ۋاقىتلاردا «يات — (< ـۋات —)» ياردەمچى پېئىلى بىلەن بىللە ياكى «ـماقتا، ـمەكتە» فورمىسىدا ئۇچرايدۇ: «ئىشلەپ كەلمەكتە، ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن»؛ «يات —» پېئىلى بىلەن كەلگەندە، «كەلمەك» پېئىلى، يۇقۇرىدىكى «قالماق» پېئىلىغا ئوخشاش، ھەرىكەتنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىنى كۆرسىتىشىمۇ مۇمكىن: كۈن ئېسىپ كېلىۋاتىدۇ.

«كىرمەك، چىقماق، چۈشمەك» پېئىللىرىمۇ، «كەلمەك، بارماق» پېئىللىرىغا ئوخشاش، ئۆزلىرىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرىگە مۇۋاپىق ھەرىكەتنىڭ بىرەر تەرەپكە قارىتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئېلىپ كىرمەك، ئېلىپ چىقماق، ئېلىپ چۈشمەك، كۆرۈپ چىقماق، يېزىپ چىقماق، ئۇچۇپ چىقماق، ئۇچۇپ چۈشمەك...

"چىقماق" پېئىلى ئىككى مەنىدە (مەسىلەن: ئوبدىن چىقماق، يۇقۇرىغا چىقماق) ئىشلىتىلىدۇ. بەزى ھال پېئىللار بىلەن قوللىنىلغاندا، "چىقماق" پېئىلى ھەرىكەتنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ياكى تولۇق، تۈگەل ئورۇنلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: كىتابنى ئوقۇپ چىقماق، قول يازمىنى قاراپ چىقتىم، پىرەمنى ئوقۇپ چىقتىم، تەكشۈرۈپ چىقتى...

"كورمەك، باقماق، قارىماق" پېئىللىرى ھال پېئىللارنىڭ "-پ (-ئىپ)" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان تۈرىگە ئۇلىنىپ، ھال پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنى ئورۇنلاشقا ئۇرۇنۇش مەنىسىنى، سىناش، بايقاش مەنىسىنى ئاڭلىتىدۇ: ئېيتىپ كور، ئېيتىپ باق، ئوقۇپ باق، سوراپ باق، قاراپ كور، ئوقۇپ قارا. ئولۇكتىن يامانلىساڭ، ئولۇپ باق. (ماقال.) كەمبەغەل بولساڭ، كوچۈپ باق. (ماقال.) ھەسەن پۈتۈن بوشۇرۇن جايلارنى ئاختۇرۇپ كوردى. (س. ئە.)

"كورمەك" پېئىلى "-غان (-گەن)" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان سۈپەت پېئىللارغا ئۇلىنىپمۇ كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ تەخمىن قىلىش مەنىسىنى ئاڭلىتىدۇ: ئۇ كەلگەن كورىنىدۇ. بۈگۈن يامغۇر ياغىدىغان كورىنىدۇ. سەن بۇ كىتابنى ئوقۇمىغان كورىنىسەن.

"قويماق" پېئىلى. 1) ھال پېئىلنىڭ "-ن (-ئىپ)" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان تۈرىگە قوشۇلۇپ، ئاياقلاشقان، تۈگىگەن ھەرىكەتنى ياكى ھەرىكەتنىڭ كۈتۈلمىگەندە، تۇيۇقسىز بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: تەييارلاپ قويماق. سۇندۇرۇپ قويماق. ھەركەزدىن چىققان بۇيرۇقلارنى بىر چەتكە تاشلاپ قويىدۇ. (ئە. ئە. پ.) چىن تومۇر باتۇر ئېتىنى ياغاچقا باغلاپ قويۇپ، دەم ئېلىشقا ياتىدۇ. (چوچەك.) ئاتنى باشقا كىشىگە بېرىپ قويۇپتۇ. (ئە.د.)

2) بەزىدە "قويماق" پېئىلى ئانچە كۈچلۈك يۇز بەرمىگەن ("سەل"، "بىر ئاز" دىگەن مەنىنى) ياكى ھەقىقەتتىكىگە ئوخشاش ئەمىر قالدۇرۇش ئۈچۈنلا قىلىنغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، كۈلۈپ قويماق، يىغلاپ قويماق، ماقۇل دەپ قويماق.

www.uyghurkitap.com

"ئەتمەك" پېئىلى ھال پېئىلنىڭ "ـ پ (ـ ئىپ)" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان تۈرىگە ئۇلىنىپ، ئاساسەن تەكرارلانغان ھەرىكەتنى بىر قېتىمدا ئورۇنلانغان، تۈگىگەن، ئاياقلاشقان ھەرىكەتكە ئايلاندۇرىدۇ؛ ھال پېئىلنىڭ مەنىسىگە قاراپ، ئۇ بەزىدە تۇيۇقسىزلىقنى ياكى ھەرىكەتنىڭ كۈچلۈك يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، يەۋەتمەك، تاشلىۋەتمەك، ئۇرۇۋەتمەك، يىرتىۋەتمەك، چوچۇتىۋەتمەك، يىقىلىۋەتمەك، ۋاقىراۋەتمەك، ئۆلكىمىزنىڭ ئۈستىدە پۈركەنجى بولغان ئوتتۇرا ئەسىر جەندىلىرىنى يىرتىۋەتتۇق. (ت. ھ.)

"تاشلىماق" پېئىلىنىڭ بېرىدىغان مەنىسى "ئەتمەك" پېئىلىغا يېقىن، قىرىپ تاشلىماق، ئوتۇننى دوگىلاپ تاشلىدۇق، سوت ئۇنىڭ جىنايەتلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى.

"بولماق" پېئىلى "ـ پ (ـ ئىپ)" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىللار بىلەن "ـ غان (ـ گەن)" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان سۈپەت پېئىللارغا ئۇلىنىپ كېلىدۇ؛

1) ھال پېئىللار بىلەن كەلگەندە، ھەرىكەتنىڭ ئاياقلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئوقۇپ بولدۇم، ئىچىپ بولدى، ئېيتىپ بولدى، ھەممىسى كېلىپ بولدى.

2) بولۇشسىز فورمىسىدا قوللىنىلغان "بول-" پېئىلى، بەزى ھال پېئىللار بىلەن كەلگەندە، ھال پېئىلدا ئېيتىلغان ھەرىكەتنىڭ مۇمكىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ سوققا چىداپ بولمايدۇ، ئۆيگە كىرىپ بولمايدۇ، يەپ بولمايدۇ.

3) "ـ غان" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان سۈپەت پېئىللار بىلەن كەلگەندە، "بولماق" پېئىلى سۈپەت پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ ھەقىقەتتىكىگە ئوخشاش تەسىر قالدۇرۇش ئۈچۈنلا قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: بىلمىگەن بولۇپ، كۆرمىگەن بولۇپ، سورىغان بولۇپ...

4) سۈپەت پېئىللارغا قوشۇلغان "بول-" پېئىلى بەزىدە، سۈپەت

پېئىلنىڭ مەنىسىگە قاراپ، سۇبيېكتنىڭ ئاساسىي پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ھەركەتنى ئورۇنلاشقا قارار قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: "بارىدىغان بولدى، ئېيتىدىغان بولدى، ئالىدىغان بولدى...". سۈپەت پېئىل "-ماقچى (-مەكچى)" فورمىسىدا ئىشلىتىلگەن پېئىللار بىلەن ئالمىشىپ كېلىشى مۇمكىن: ئالماقچى بولدى، كەتمەكچى بولۇپ ئالدى....

5) "بولماق" پېئىلى "-ئار (-ئەر)" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان سۈپەت پېئىللار بىلەن كېلىپ مۇرەككەپ پېئىل ھاسىل قىلىدۇ (لېكىن "بول-" پېئىلى كۆپىنچە شەرت مەيىل فورمىسىدا ئىشلىتىلىدۇ): كېتەر بولسام، بارار بولساڭ... مەن كېتەر بولدۇم، يارىم، ئەرزىم بايان ئەيلەپ كېتەي. (فولك.)

"ئولتارماق، تۇرماق، يۈرمەك، ياتماق" پېئىللىرى تۈركىي تىللار گىراماتىكىلىرىدا "ھالەت" پېئىللىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىپادىلەيدىغان ئاساسىي مەنىسى — ھەركەتنىڭ ئۇتۇق مومېنتىدا① (شۇ ھەركەت توغرىلىق سۆز بولۇۋاتقان ۋاقىتتا) بولغانلىقى ياكى بولۇۋاتقانلىقى.

1) بۇ تۆت پېئىلنىڭ ئىككىسى — ئولتار-، تۇر- — ئادەتتە سۇبيېكتنىڭ ھەركىتىنى ئىككى ھالەتتە (ئولتىرىش، تۇرۇش ھالىتىدە) كۆرسىتىدۇ: ئوقۇپ ئولتىرىدۇ، پاراڭ سېلىپ تۇرىدۇ.

2) ئاساسىي پېئىلنىڭ مەنىسىگە قاراپ، بۇ ئىككى پېئىلنىڭ ئۇنداق ھالەتلىرىنى كۆرسەتمەسلىكىمۇ مۇمكىن: بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ كۆچمە

① "ئۇتۇق مومېنتى" دېگەن چۈشەنچە تۈركىي تىللار گىراماتىكىلىرىدا ياكى باشقا مەخسۇس ئەسەرلەردە "ھازىرقى زامان" دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇتۇق مومېنتى ئۈچ زاماننىڭ ئۈچىلىسىدە بولۇشى مۇمكىن: كېلىۋاتىمەن، كېلىپ تۇرىمەن، كېلىپ يۈر، كېلىپ تۇراتتى، كېلىۋاتاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەقسى، ياردەمچى پېئىللىق خۇسۇسىيىتى روشەن كۆرۈنىدۇ: ئۇ يەزىمىگىمگە كېلىپ تۇرىدۇ، بىز يۈرۈپ ئولتاردۇق، تېپىپ ئولتاردىم...

3) "يۈرمەك" ۋە خۇسۇسەن "ياتماق" پېئىللىرى ھەركەت ئىگىسىنىڭ ھالىتىنى (يۈرگەن، ياتقانلىقىنى) كۆرسەتمەيدۇ: "ئىشلەپ يۈرىدۇ، ئوقۇپ يۈرىدۇ، ئىشلەۋاتىدۇ، كېلىۋاتىدۇ...". ئۆزىنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتىگە ۋە ئۆزىنىڭ فونېتىكىلىق تۈزۈلۈشىگە قاراپ، "ياتماق" پېئىلى ئۆزگىرىش ياساپ، قوشۇمچە ھالىتىگىچە يەتكەن. بۇ پېئىل ياردەمچى پېئىل ۋەزىپىسىدە ھال پېئىل بىلەن پەقەت بىرىكىپلا، "-ۋات" شەكلىدە يېزىلىدۇ: كېلىۋاتىدۇ (كېلىپ ياتىدۇ).

"ئى- (ئىدى، ئىكەن)" پېئىلى. بۇ پېئىل ھال پېئىلنىڭ "-ىپ (-ۇپ)" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان تۈرى بىلەن سۈپەت پېئىللارنىڭ ئىككىلا (-غان ۋە -ئار) تۈرىگە ئۇلىنىدۇ ۋە پەقەت ياردەمچى پېئىل ۋەزىپىسىدىلا ئىشلىتىلىدۇ.

1) "-ئى" ياردەمچى پېئىلى ئۆتكەن زامان كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى فورمىدا (ئىدى ۋە ئىكەن) قوللىنىلىشىغا قاراپ، ئۆتكەن زامان مەنىسىدە ئىككى خىل قوشۇمچە ئاھاڭ پەيدا بولۇشى مۇمكىن: "ئىدى" پېئىلى ئۆتكەن زاماندا بولغان ھەركەتنىڭ ئېنىقلىقىنى بىلدۈرسە (كەلگەن ئىدى، كېلىۋېدى)، "ئىكەن" پېئىلى ئۇ ھەركەتنىڭ ئۆتكەن زاماندا بولغانلىقى توغرىلىق سۆزلىگۈچىنىڭ باشقا بىر شەخستىن ئاڭلىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ (كەلگەن ئىكەن، كەپتىكەن)

2) سۈپەت پېئىللارنىڭ "-ئار، -ئەر" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان تۈرىگە ئۇلانغاندا، "ئى-" ياردەمچى پېئىلى ھەركەتنىڭ ئۆتكەن زاماندا ئۇزاق داۋام قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: "كېلەتتى

(كېلەر ـــ ئىدى) ئوقاتتى (ئوقار ـــ ئىدى)، تۇراتتى (تۇرار ـــ ئىدى)
مىساللار: ئۇمەر بىر قىرغا چىقسا، ئالدىدىن يەنە بىر تاغ پەيدا بولاتتى.
ئۇلاك توپىسىگە چىققاندا، تۈز يەرلەرنىڭ مەنزىرىسى ئېچىلىپ، ئۇنىڭ
پېتى بىر تاققا يېرىپ قوشۇلاتتى. (ھ. ئا.) دەريانىڭ بويىدىنلا تاغ باشلىناتتى؛ تاغنىڭ باغرىدا زىچ سىلىنغان ئۆيلەر كۆرۈنەتتى؛ يۇقۇرىدا ئاقپېپېركاۋ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. (ئا. س.)

3) "ــ ئار (ــ ئەر)" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان سۈپەتداشلارغا ئۇلانغان "ئى ــ" ياردەمچى پېئىلى شەرت پېقىندا جۈملىسى بار مۇرەككەپ جۈملىنىڭ باش جۈملىسى بولۇپ كەلگەندە، ئۆتكەن زامانىنى ئەمەس، كېلىدىغان زامانىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: "ۋاقتىم بولسا، باراتتىم. كەلمىگەن بولساڭ، كېتىپ قالاتتىم. ئېيتقان بولساڭ، كېلەتتىم. ئۆز ئاناڭ بولسا، شۇنداق كۆڭلەرگە چۈشەرمىدىڭ. ("ئىشتىياق") مۇنداق مەنىدىكى مۇرەككەپ پېئىلدا "ئى ــ" ياردەمچى پېئىلى ھال پېئىل بىلەن ھەم بىرىكىپ، ھەم بىرىكمەي، بولىدۇ ئېيتىلىشى ۋە يېزىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، "ئى ــ" ياردەمچى پېئىلى پېئىللارنىڭ شەرت ۋە خالاش مەيىللىرىگىمۇ (كەلسىدى ــ كەلسە ئىدى، بارسىدىم ــ بارسا ئىدىم، ئېيتقىدى ــ ئېيتقاي ئىدى، كەتكىدى ــ كەتكەي ئىدى)، شەخس كۆرسەتكۈچىلىرى بىلەن مۇرەككەپلەشكەن "ــ ئا (ــ ئە)" شەكلىدىكى ھال پېئىللارغىمۇ (كېلىدىكەن ــ كېلە ئىدۇكەن، بارىدىكەن ــ بارا ئىدۇكەن) ۋە شۇنداقلا پېئىلدىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىگىمۇ (ئىشچى ئىدى، ياخشى ئىدى، كۆپ ئىدى، بار ئىدى، يوق ئىدى) ئۇلىنىۋېرىدۇ.

## پېئىلنىڭ ئىسىملاردىن ياسالغان مۇرەككەپ ئاساسى

ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى جەھەتىدىن پېئىلنىڭ مۇرەككەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاساسلىرى مۇستەقىل لېكسىكىلىق مەنىسى بار ئايرىم سۆزلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق بىرىكمىلىرىدىن پەيدا بولغان. مۇنداق سىنتاكسىسلىق يىغىندىنىڭ پېئىل قىسمى بارا-بارا لېكسىكىلىق مەنىسىنى يوقىتىپ، ياردەمچى ئېلېمېنتقا ئايلانغاندىن كېيىن، ئىسىم بىلەن پېئىلنىڭ ئارىسىدىكى سىنتاكسىسلىق ئالاقە يوقالغان. مۇرەككەپ پېئىل ئاساسلىرىنىڭ سىنتاكسىسلىق تۈزۈلىشى پەقەت تاشقى تۈزۈلۈشىدىلا بايقالغان بىلەن، ئۇنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى ئارىسىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت سۇسلاشقان، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ شۇ تەركىبىي قىسىملارنىڭ ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە مەنىدە ئىشلىتىلمەي، ئىككىسى بىرىكىپلا، پۈتۈن بىر لېكسىكىلىق مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

پېئىلنىڭ مۇرەككەپ ئاساسلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى تېخى يېتەرلىك تەكشۈرۈلمىگەن، ئۇلارنىڭ لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق ۋەزىپىلىرى توغرىلىق پىكىر بىرلىكى يوق. شۇڭلاشقا تۈركولوگىيىلىك ئەسەرلەردە مۇرەككەپ پېئىل ئاساسلىرىنى مۇرەككەپ پېئىلغا ياتمايدىغان، بەزى سىنتاكسىسلىق بىرىكمىلەر بىلەن چاتاشتۇرۇش ئەھۋاللىرى ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ن. ئا. باسكاكوۋ ئىسىملار بىلەن "بول-، قىل-، ئەت-" ۋە باشقا ياردەمچى پېئىللارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسالغان مۇرەككەپ پېئىللارنىڭ قاتارىدا "يارا بەرمەك، قەرز بەرمەك، پايدا بەرمەك، يورغا مىنمەك، ئاستىنا باسماق، كېيىن قالماق، تۆۋەن چۈشمەك، كېيىن چېكىندۈرمەك، بىرئاز ئاچماق، بىرئاز يىغلىماق" ئوخشاش سىنتاكسىسلىق بىرىكمىلەرنى كەلتۈرىدۇ.

مۇنداق سىنتاكسىسلىق بىرىكمىلەرنى پېئىللارنىڭ مۇرەككەپ ئاساسلىرىدىن ئايرىۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېچىۋېلىش كېرەك. ئەگەر ئىسىم بىلەن پېئىلنىڭ ئارىسىدا سىنتاكسىسلىق ئالاقە ساقلىنىدىغان

بولسا، مۇنداق بىرىكمىلەر مۇرەككەپ پېئىل بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. ئەكسىچە، ئەگەر ئىسىم بىلەن پېئىلنىڭ ئارىسىدا سىنتاكسىسلىق جەريان يوق بولۇپ، ئۇلار سىنتاكسىسلىق نۇقتىدىن ئاجرالمايدىغان بولسا، مۇنداق بىرىكمىلەر لېكسىكىدا قارىلىدۇ ۋە مۇرەككەپ پېئىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ئىسىم بىلەن پېئىلنىڭ ئارىسىدا سىنتاكسىسلىق ئالاقە مەۋجۇت بولسا، بۇ ئالاقە جۈملە ئىگىسى بىلەن خەۋەرنىڭ ياكى تولدۇرغۇچى بىلەن خەۋەرنىڭ ئارىسىدىكى سىنتاكسىسلىق ئالاقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: "پايدا بەرمەك، پارا ئالماق، تۈۋەن چۈشمەك، بىرئاز ئاچماق..." پېئىلنىڭ مۇرەككەپ ئاساسلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى ئىسىملار بىلەن پېئىللار بولسا، پەقەت ئىككىسى بىرىكىپلا جۈملىنىڭ بىر مۇچىسى بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: لېرمونتوۋ ئۆزىدىن كېيىنكى شائىرلارغا چوڭ تەسىر قىلدى. ("ش. ك.") سەكرەپ تۇرۇپ، ئوپ-چورىسىگە كوز سالدى. (س. ئە.) يۈز بېشىنىڭ خوتۇنى بولسىڭىز، كۆپچىلىكنىڭ ئويىنى ۋەيران قىلىپ، ئۆزلىرىنى سەرسان قىلىسە كەنسىز. («ئىتتىپاق.») دېمىنى ئېلىپ، چېلەكنى يەنە كوتەردى. (ۋ. گ.)

كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىكى "تەسىر قىلدى، كوز سالدى، ۋەيران قىلىپ، سەرسان قىل-، دېمىنى ئېلىپ" دېگەن مۇرەككەپ پېئىل ئاساسلىرىنىڭ سوستاۋىدىكى ئىسىملار بىلەن پېئىللار ھەر بىرى ئوز ئالدىغا ئالاھىدە تۇرۇپ، جۈملە مۇچىلىرى بولالمايدۇ. ئىسىم بىلەن پېئىل قوشۇلغاندىلا، ئۇلار بىر سوئالغا جاۋاپ بېرىپ، قوشما خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.

مۇرەككەپ ئاساسلارنىڭ سوستاۋىدىكى ئىسىملار كوپرەك ئەرەپ ۋە ئىران تىللىرىدىن كىرگەن سوزلەردىن ئىبارەت. مەسىلەن: تەكلىپ، ھورمەت، خۇرسەن، ياد (ياد ئالماق)، قەسەم، خاپا، سەرسان،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋەيران، زەھەر، مۇھاكىمە، مۇلاھىزە، مۇزاكىرە، ئىنتىقام، مۇپتىلا، ئىسلاھ، ھاپا، خار، زار، خوشال، دەۋران، دەم، گۇمران، ئىلان، ئىتىراز، ئىھتىيات، زامىن، زېھىن، زىيان، ئىبارەت، ئىنكار، ئىلھام، ئىتائەت، ئىختىيار، ئىجازەت، ئىجارە، ئىقرار، ئىشتىراك، كار، سىنەت، لەنەت، مۇداپىئە ۋە باشقىلار.

مۇرەككەپ ئاساسلارنىڭ بىرىنچى تەركىۋىي قىسمى (ئىسىم قىسمى) ئىككىنچى تەركىۋىي قىسمىغا (پېئىل قىسمىغا) قارىغاندا سان جەھەتتىن كۆپرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇرەككەپ پېئىل ئاساسىنى ھاسىل قىلىدىغان بارلىق ئىسىملارنىڭ تەخمىنەن سانىنى كۆرسىتىپ بېرىش قىيىن. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىككىنچى تەركىۋىي قىسىم مەلۇم ياردەمچى پېئىللاردىنلا ئىبارەت. ئۇلارنىڭ ئاساسلىرى تۆۋەندىكىچە:

قىلماق: "تەمىن قىلماق، رۇخسەت قىلماق، مېھمان قىلماق، تەسىر قىلماق، ھەل قىلماق، خىيال قىلماق، غەم قىلماق...". بۇ ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ياردەمچى پېئىللارنىڭ بىرى. ئۆزىنىڭ ئاساسى لېكسىكىلىق مەنىسىگە قارىغاندا ياردەمچى ۋەزىپىسىدە كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. بۇ پېئىل پېئىل+پېئىل تۈرىدىكى مۇرەككەپ پېئىللارنىڭ سوستاۋىدا ئۇچرىمايدۇ.

ئەتمەك: "تەمىن ئەتمەك، ھۆرمەت ئەتمەك، ياردەم ئەتمەك، رۇخسەت ئەتمەك...". بۇ پېئىل پەقەت ياردەمچى پېئىل سۈپىتىدىلا ئىشلىتىلىدۇ. "ئەتمەك" پېئىلى "قىلماق" پېئىلىنىڭ مەنىداش سۆزى بولغانلىقتىن، ئۇلار ئورۇن ئالماشتۇرۇپمۇ كېلىۋېرىدۇ: "ھۆرمەت قىلماق — ھۆرمەت ئەتمەك، قەسەمياد ئەتمەك — قەسەمياد قىلماق..." "ئەتمەك" ۋە "قىلماق" پېئىللىرى سىنتاكسىسلىق مەقسەتلەر ئۈچۈنمۇ قوللىنىلىدۇ: بەزىدە ئۇلارنى بىر بىرىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن، ئادەتتە "تەكلىپ قىلماق، خوشال قىلماق" دەپ ئېيتىلىدۇ، لېكىن "تەكلىپ ئەتمەك، خوشال ئەتمەك" دەپ ئېيتىلمايدۇ.

"ئەتمەك" پېئىلى پېئىل+پېئىل تۈرىدىكى مۇرەككەپ پېئىللارنى

ياساشتىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ: بېرىۋەتمەك (بېرىپ-ئەتمەك)، تاشلىۋەتمەك (تاشلاپ-ئەتمەك)، يىغلىۋەتمەك (يىغلاپ-ئەتمەك)...

ئەيلىمەك: بۇ پېئىل ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىشلىتىلمەيدۇ، پەقەت ياردەمچى پېئىل ۋەزىپىسىگىلا ئىگە. ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېلىدىغان ئىسىملارمۇ ناھايىتى ئاز. مەسىلەن: زار ئەيلىمەك، ياد ئەيلىمەك، قەسەمىياد ئەيلىمەك، جۇلان ئەيلەپ... ھاۋا ئوچۇق ياققان يامغۇردىن ھەزەر ئەيلە، كۈلۈپ تۇرۇپ يىغلىغان ئايالدىن ھەزەر ئەيلە. (ماقال.)

"ئەيلىمەك" پېئىلى ئارخائىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇشىغا باغلىق كۆپىنچە فولكلوردا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۆلۈپ، تۇپراقتا ياتسام،
كىم مېنى ياد ئەيلىسۇن.
دوستلۇرۇم غەمكىن بولۇپ،
دۈشمەنلىرىم شات ئەيلىسۇن.
(فولك.)

ئەدەبىي تىلدا ئۇنىڭ ئورنىدا "قىلماق" ۋە "ئەتمەك" پېئىللىرى ئىشلىتىلىدۇ: ياد ئەتمەك، ياد قىلماق، ياد ئەيلىمەك؛ قەسەمىياد ئەتمەك، قەسەمىياد قىلماق، قەسەمىياد ئەيلىمەك.

بولماق: "زار بولماق، خۇشال بولماق، خاپا بولماق، سەرسان بولماق، زىدە بولماق..." بۇ پېئىل ئۆزىنىڭ ئاساسى مەنىسىدىمۇ ۋە "پېئىل+پېئىل" تۈرىدىكى مۇرەككەپ پېئىللارنى ياسىغۇچى پېئىل ياردەمچى سۈپىتىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ: ئوقۇپ بولماق، ئېيتىپ بولدى، كېلەر بولسا...

ئالماق: "تىل ئالماق، ئوت ئالماق، ئوچ ئالماق، ياد ئالماق، كۆڭۈل ئالماق...". بۇ پېئىل "-پ، -ئىپ" ۋە "-ئا، -ئە" قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىللارغا قوشۇلۇپ، مۇرەككەپ پېئىللارنى ياساش ئۈچۈنمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇۋالماق (ئوقۇپ-ئالماق) يېتىۋالماق (يېتىپ-ئالماق)، بارالماق (بارا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكەت ئادرېسى

ئالماق)...

"ئالماق" پېئىلى ئارقىلىق ياسالغان مۇرەككەپ ئاساسلار كۆپىنچە ئۇراقلىق سۆز-ئىبارىلىق بىرىكمىلەرنى ھاسىل قىلىدۇ.

فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەرنى شۇنداقلا تۆۋەندىكى ياردەمچى پېئىللارمۇ ھاسىل قىلىدۇ: سالماق: قۇلاق سالماق، سەپ سالماق، كۆز سالماق، ۋاي سالماق، چا سالماق؛ كۆرمەك: كۈن كۆرمەك، ياخشى كۆرمەك، يامان كۆرمەك، يات كۆرمەك، يوچۇن كۆرمەك، ماقۇل كۆرمەك؛ قويماق: كۆڭۈل قويماق، يول قويماق، زېھىن قويماق، قول قويماق؛ ئاچماق: كۆڭۈل-ئاچماق؛ چەكمەك: جاپا چەكمەك، ئازاپ چەكمەك؛ تارتماق: جاۋا تارتماق، دەرت تارتماق، ئازاپ تارتماق، جاپا تارتماق؛ سۈرمەك: ھوكۇم سۈرمەك، دەۋران سۈرمەك، ئۆمۈر سۈرمەك؛ بەرمەك: بوي بەرمەك، يۈز بەرمەك؛ چۈشمەك: كۈن چۈشمەك، كۆڭلى چۈشمەك، ئىسغا چۈشمەك، كۆزى چۈشمەك، مەيلى چۈشمەك.

پېئىللارنىڭ مۇرەككەپ ئاساسلىرى كۆپ ۋاقىتلاردا ئاددى پېئىللارنىڭ ئالاھىدە مەنىداش سۆزلىرى بولالايدۇ. مەسىلەن: "تەمىن قىلماق — تەمىنلىمەك، رېمونت قىلماق — رېمونتلىماق، ھۆرمەت قىلماق — ھۆرمەتلىمەك، ئىش قىلماق — ئىشلىمەك، خوشال بولماق — خوشاللانماق، خاپا بولماق — خاپىلانماق، ياردەم ئەتمەك — ياردەملەشمەك...". بەزىدە مۇرەككەپ ئاساسلار ئاددى پېئىللارغا نىسبەتەن تەسىرلىك ۋاستە سۈپىتىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: زار ئەيلىمەك — زارلىماق، ياد ئەيلىمەك — ياتلىماق، كۆل كەلتۈرمەك — كۈللەندۈرمەك، چاڭ كەلتۈرمەك — چاڭلىداتماق، قۇلاق سالماق — تىڭشىماق، ئازاپ چەكمەك — ئازاپلانماق...

## ئوتتۇملۇق ۋە ئوتتۇمسىز پېئىللار

پېئىلنىڭ ئەڭ ئاساسىي لېكسىكىلىق ۋە سېمانتىكىلىق خۇسۇسىيەت-

لىرنىڭ بىرى — ئۇنىڭ ئۆتۈملۈك ۋە ئۆتۈمسىزلىك كاتېگورىيىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىدە. پېئىل ھەرىكەتنىڭ، ھالەتنىڭ ئوبيېكتقا مۇناسىۋىتى جەھەتتىن ئۆتۈملۈك ۋە ئۆتۈمسىز بولۇپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. لېكىن ئۇلار ھەرقاچان ئالاھىدە پېئىل فورمىلىرى بىلەن ئىپادىلىنىۋەرمەيدۇ: پېئىلنىڭ ئۆتۈملۈك ياكى ئۆتۈمسىز ئىكەنلىكى گاھىدا مەخسۇس فورمىلار ئارقىلىق بېرىلسە، گاھىدا شۇ پېئىلنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، بەزى پېئىللار ئېيتىلغان ئىش-ھەرىكەت، ھالەت ياكى جەريان ئوبيېكتقا — شەيئىگە ئۆتىدۇ، بەزى پېئىللار مۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولمىغان ئىش-ھەرىكەتنى، جەرياننى بىلدۈرىدۇ. مۇنۇ تۆۋەندىكى ئىككى توپ پېئىلنىڭ بېرىدىغان مەنىلىرىنى بىر بىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

1. ئوقى، ياز، ئات، ئال، كۆر، تاشلا، سۇغار، قوي، تاتلا، كۆرسەت، ئاچ، ئۆستەر، كۆت، تۇت، سورا، تىڭشا، قاز، كولا، تىك، چانا، ئوقۇت، ئالدۇر، قارات، ماڭغۇز، يۈرگۈز، ھايدا، كوكلە، باشلا، قىچقار، چاقىر ۋە باشقىلار.

2. كەل، كەت، ئۆت، ياغ، چىق، چۈش، بار، ئولتار، تۇر، يات، يۈر، قاينا، يالىلدا، ئوتلا، سايرا، گۈرۈلدە، ئويلا، ئويىتلان، يەت، يۈگەر، ماڭ، كۆرۈن، يىغلا، ۋاقىرا، ھېتقا، ساقاي، ئاغرى، باشلان، ھايدال، تىكلەن ۋە باشقىلار.

كەلتۈرۈلگەن مىساللارنىڭ ھەر ئىككى توپىدىكى پېئىللارغا سوئال قويۇپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ بىر بىرىدىن پەرقى يوقتەك كۆرۈنىدۇ: ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئىش-ھەرىكەتنى، ھالەتنى ھەر خىل جەرياننى بىلدۈرۈپ، بىرلا سوئالغا جاۋاپ بېرىدۇ. لېكىن ئىككى توپقا بۆلۈنگەن بۇ پېئىللارنىڭ بىرىنچى توپىدىكىلەر ئۆزىنىڭ ئىچكى، لېكسىكىلىق مەنىسىگە باغلىق بىرەر ئوبيېكتقا، نەرسىگە توغرىدىن-توغرا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ-دە، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ باشقا بىر سۆزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىككىنچى توپتىكى پېئىللار ئۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوبيېكتتا باغلانمايدۇ ۋە باشقا سۆزنى تەلەپ قىلمايدۇ.

مانا مۇشۇ خۇسۇسىيىتىگە بىنائەن ئالدىنقى تۈپتىكى پېئىللار ئۆتۈملۈك، كېيىنكى تۈپتىكىلەر ئۆتۈمسىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۆتۈملۈك ۋە ئۆتۈمسىز پېئىللارنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى ئۇلارنى جۈملە تەركىبىدە قوللىنىشتا ئوچۇق كۆرۈنىدۇ:

1) "ياز، ئوقى، ئال" ئوخشاش ئۆتۈملۈك پېئىللار ھەر قاچان نىمە- نى؟ دېگەن سوئالغا جاۋاپ بېرىدىغان چۈشۈم كېلىشتىكى سۆزنى تەلەپ قىلىدۇ: سىنىڭ خېتىڭنى ئالدىم. سىنىڭ خېتىڭنى ئوقۇدۇم، مەن ئۇنىڭغا خەت يازدىم.

2) "ساقاي، ئويلا، كەل" ئوخشاش ئۆتۈمسىز پېئىللار چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن سۆزنى تەلەپ قىلمايدۇ: "ئۇ ساقايدى، بۇ توغرۇ- لۇق مەن كۆپ ئويلىدۇم، مېھمانلار تۈنۈگۈن كەلدى." بۇ يەردىكى پېئىللارنىڭ توغرىدىن-توغرا ئوبيېكتتا باغلىنىشى سېزىلمەيدۇ.

ئۆتۈملۈك ۋە ئۆتۈمسىز پېئىللار تىلدا ئىككى تۈرلۈك فورمىدا ئۇچرايدۇ. بىرىنچىدىن، پېئىللارنىڭ ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىدە ئۆتۈملۈك، ئۆتۈمسىزلىك مەنىلىرى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، "ئولتار، يات، كەل، ئويلا، ساقاي، يۈگەر" دېگەنگە ئوخشاش پېئىللارنى ئالساق، ھېچبىر ئالاھىدە مورفولوگىيىلىك كۆرسەتكۈچلەرسىزلا ئۇلارنىڭ ئۆتۈمسىز ئىكەنلىكىگە كۆرۈنىپ تۇرىدۇ. ئەگەر "ئال، ئوقى، ياز، ھايدا، كور، تۇت" دېگەنگە ئوخشاش پېئىللارنى ئالساق، ئۇلارنىڭمۇ ئۆتۈملۈك مەنىسى ھېچبىر كۆرسەتكۈچسىزلا سېزىلىپ تۇرىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۆتۈملۈك ۋە ئۆتۈمسىز پېئىللار بەزىبىر قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق بىر بىرىگە ئۆتىدۇ: ئۆتۈملۈك پېئىل ئۆتۈمسىز پېئىلغا ۋە ئەكسىچە، ئۆتۈمسىز پېئىل ئۆتۈملۈك پېئىلغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن، "مەن ئويگە ماڭدىم" دېگەن جۈملىدىكى "ماڭدىم" پېئىلى ئۆتۈمسىز پېئىل بولسا، ئۇنىڭغا "-غۇز" قوشۇمچىسىنى

قوشقاندا، ئۆتۈملۈك پېئىلغا ئايلىنىپ كېتىدۇ: مەن ماشىنىنى ماڭغۇزدۇم. "دەرەخ تىكتۇق" دېگەن جۈملىدە "تىكتۇق" — ئۆتۈملۈك پېئىل لېكىن ئۇنىڭغا "-ئىل" قوشۇمچىسىنى قوشقاندا، ئۆتۈمسىز پېئىلغا ئايلىنىدۇ: دەرەخلەر تىكىلدى.

ئۆتۈملۈك ۋە ئۆتۈمسىز پېئىللارنى بىر بىرى بىلەن ئالماشتۇرىدىغان قوشۇمچىلار: 1) "-دۇر (-دۈر)، -تۇر (-تۈر)، — غۇز (-گۈز)، -قۇز (-كۈز)، — ت"؛ 2) "-ى (-ئىن)، — ل (-ئىل)". مەسىلەن: 1) "كۆل" -ئۆتۈمسىز پېئىل "(ئۇنى) كۆل-دۈر" — ئۆتۈملۈك پېئىل؛ "يۈر" -ئۆتۈمسىز پېئىل، "(ماشىنىنى) يۈر-گۈز" — ئۆتۈملۈك پېئىل؛ "قاينا" -ئۆتۈمسىز پېئىل، "(چاينى) قاينا-ت" — ئۆتۈملۈك پېئىل؛ "سەكرە" -ئۆتۈمسىز پېئىل، "(ئاتنى) سەكرە-ت" — ئۆتۈملۈك پېئىل؛ "يۈگرە" -ئۆتۈمسىز پېئىل، "(ئۇنى) يۈگرە-ت" — ئۆتۈملۈك پېئىل: 2) "(كىيىمنى) كىي" -ئۆتۈملۈك پېئىل، "(ئۇلار) كىي-ىندى" -ئۆتۈمسىز پېئىل؛ "(كىتاپنى) ئوقى" -ئۆتۈملۈك پېئىل، "(كىتاپ) ئوقۇ-لدى" -ئۆتۈمسىز پېئىل، "(چېچىڭنى) تارا-" ئۆتۈملۈك پېئىل، "(ئۇ) تارا-ندى" — ئۆتۈمسىز پېئىل؛ "(مەسىلىنى) قارىدى" -ئۆتۈملۈك پېئىل، "(مەسىلە) قارا-لدى" — ئۆتۈمسىز پېئىل.

لېكىن بۇيرۇق، ئۆزلۈك ۋە باشقا پېئىل فورمىلىرى ئۆتۈملۈك پېئىلنى ئۆتۈمسىز پېئىلغا ياكى، ئەكسىچە، ئۆتۈمسىز پېئىلنى ئۆتۈملۈك پېئىلغا ھەر قاچان ئايلاندۇرىۋەرمەيدۇ. مەسىلەن، "ئال" ۋە "ئالدۇر" پېئىللىرىنى ئالساق، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى ئۆتۈملۈك مەنىگە ئىگە: "كىتاپ ئالدىم، كىتاپ ئالدۇردۇم"؛ "ئېيت، ئېيتقۇز" پېئىللىرىنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىردە ئۆتۈمسىز، بىردە ئۆتۈملۈك مەنىلەرگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن: "ئۇنىڭغا ئېيت، ئۇنىڭغا ئېيتقۇز؛ ئۇنى ئېيتتىم، ئۇنى ئېيتقۇزمىدىم..." بۇ يەردە پېئىللارنىڭ ئۆتۈملۈك ياكى ئۆتۈمسىز بولۇشى ئۇلارنىڭ لېكسىكىلىق خۇسۇسىيىتىگە، جۈملىنىڭ ئومۇمىي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

مەنسەگە باغلىق.

## پېئىلنىڭ دەرىجىلىرى

پېئىلنىڭ ئوتتۇملۇق ۋە ئوتتۇمسىزلىك كاتېگورىيىسى بىلەن باغلىق ئاساسىي گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى — پېئىل دەرىجىلىرى. پېئىل دەرىجىلىرى پېئىلنىڭ باشقا فورمىلىرىغا نىسبەتەن شەكىللەنگەن، مەلۇم گىراماتىكىلىق فورمىلارغا ئىگە كاتېگورىيىدۇر. پېئىلنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى ئىش-ھەرىكەتنىڭ سۇبيېكتى بىلەن ئوبيېكتى ئارىسىدىكى ئالاقىنى، مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ. پېئىل دەرىجىلىرى پېئىل ئاساسلىرىغا (شۇ پېئىللارنىڭ ئوتتۇملۇق ياكى ئوتتۇمسىزلىقىغا قاراپ) ھەرخىل دەرىجە قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

ھەرىكەت بىلەن ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ھەر خىل بولۇشىغا باغلىق پېئىل دەرىجىلىرىنىڭ مەنىلىرىمۇ ھەرخىل بولىدۇ. مەسىلەن، ئوبيېكتقا قارىتىلغان ھەرىكەتنى ئورۇنلاشتا، ئەمەلگە ئاشۇ — رۇشتا ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ رولى، ئۇنىڭ ئاكتىپلىقى ھەرخىل؛ ئىش-ھەرىكەت بىركىشى تەرىپىدىن ياكى ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ كىشى تەرىپىدىن ئورۇنلىنىشى مۇمكىن؛ ئىككى كىشىنىڭ ئۆزئارا ئالاقە ۋە ھەمكارلىقىدا ئورۇنلانغان ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىش يولى، خاراكتېرى ھەرخىل بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئىش-ھەرىكەتنى ئورۇنلاشتا ئىككى سۇبيېكتنىڭ ئارىسىدىكى تەڭلىك، ھەمكارلىق ياكى بېقىندىلىق، مەجبۇرلىق ۋە باشقىلار. مۇشۇ مەنە ۋە تۈسلەرنىڭ ھەممىسى مەخسۇس قوشۇمچىلار ئارقىلىق بېرىلىدۇ.

ئەگەر بىز "كېيدى، كىيىندى، كىيىلدى، كىيسندۈردى، كىيىشتى" دېگەن پېئىللارنى بىر بىرى بىلەن سېلىشتۇرساق، ئۇلار-

نىڭ بېرىدىغان مەنىلىرى بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقايمىز، مەسىلەن، "كىيدى" پېئىلى ئىش - ھەرىكەتنى شەخسنىڭ ئۆزى ئورۇنلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ: ئۇ چاپىنىنى كىيدى. "كىيىندى" دىگەن پېئىل ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ نىمە قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، شۇ ھەرىكەت ئورۇنلىغۇچىنىڭ ئۆزىگە ئۆتكەنلىگىنى كۆرسىتىدۇ: مېھمانلار كىيىندى. "كىيىلدى" دىگەن پېئىل ئىش - ھەرىكەت قارىتىلغان نەرسىنىڭ ياكى شەخسنىڭ نىمە بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ باشقا شەخس تەرىپىدىن نىمە قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ: بۇ كاستۇم ئىككى يىل كىيىلدى. "كىيىندۈردى" دىگەن پېئىل شەخسنىڭ شۇ ئىشنى باشقا كىشىگە ئورۇنلاتقۇزغىنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنى ئاران كىيىندۈرۈپ چىقىرىۋەتتىم. "كىيىشتى" دىگەن پېئىل ئىش - ھەرىكەتنىڭ بىرنەچچە شەخس تەرىپىدىن ئورۇنلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: مېھمانلار كىيىملىرىنى كىيىشتى.

بۇ مىساللاردىكى تۈپ پېئىللارغا قوشۇلغان "- ئىن، - ئىل، - دۈر. - دۈر (dür)، - ئىش" قوشۇمچىلىرى ھەرىكەتنىڭ كىم تەرىپىدىن ئورۇنلانغانلىقىنى، ھەرىكەتنىڭ بىرەر نەرسىگە ياكى شەخسكە قاتنىشىنى بىلدۈرىدۇ.

پېئىللارنىڭ تۆت دەرىجىسى بار: 1) ئۆزلۈك دەرىجە، 2) ئۆزگە دەرىجە، 3) ئوملۇك دەرىجە، 4) مەجبۇر دەرىجە.

### ئۆزلۈك دەرىجە

بىرەر ئىش - ھەرىكەتنىڭ شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلىغۇچىغا ئۆتكەنلىگىنى كۆرسىتىدىغان پېئىللار ئۆزلۈك دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۆزلۈك دەرىجىدە سۇبيېكت ھەم ھەرىكەتنىڭ ئىگىسى، ھەم ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتى بولىدۇ. مەسىلەن، "ئۇلار كىيىندى، مەن يۇيۇندۇم"

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىسەك، بىرىنچىدىن كېيىندىغان ۋە يۈيۈندىغان (يەنى، ئىش-ھەرىكەتنى ئاتقۇرىدىغان) شەخسلەر — "ئۇلار" ۋە "مەن"، ئىككىنچىدىن ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتىمۇ — "ئۇلار" ۋە "مەن"، چۈنكى كىيىش ۋە يۇيۇش ھەرىكىتى شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلىغۇچىنىڭ ئۆزىگە ئۆتىدۇ.

پېئىللارنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى كۆپىنچە ئۆتۈملۈك پېئىللارنىڭ سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان تومۇرىغا "-ن" قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ۋە ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان پېئىل تومۇرىغا لەۋلەشمىگەن بوغۇمدىن كېيىن "-ئىن"، لەۋلەشكەن بوغۇمدىن كېيىن "-ئۇن، —ئۈن (üu)" قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: تارا-ن — تاراندى، ياسا-ن — ياساندى، سۈركە-ن — سۈركەندى، قىر-ئىن — قىرىنىدىم، كىي-ئىن — كىيىندى، يۇي-ئۇن — يۇيۇندۇم، سۈر-ئۈن — سۈرۈنمەك، سەز-ئىن — سېزىنمەك.

مىساللاردىن بايقىلىدۇكى، ئۆتۈملۈك پېئىللار دەرىجە قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندىن كېيىن ئۆتۈمسىز پېئىللارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

پېئىلنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى بىر قانچە ئۆتۈمسىز پېئىللاردىنمۇ ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئاغرى-ن — ئاغرىنماق، ئويلا-ن — ئويلانماق، ئوت-ئۇن — ئوتۇنمەك، پات-ئىن — پېتىنماق.

بەزىدە ئۆزلۈك دەرىجە ئۆتۈمسىز پېئىللاردىن "-ل (-ۇل، —ۈل)" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسىلىشى مۇمكىن: "چوم-ئۇل — چومۇلماق،" لېكىن مۇنداق پېئىللار يوقنىڭ ھېساۋىدا.

ئۆزلۈك دەرىجە پېئىللىرىنىڭ بەزىلىرىدە "-ن (-ئىن، —ئۇن، ئۈن)" قوشۇمچىسى بولۇنمەس بىر مۇرەككەپ قوشۇمچە سۈپىتىدە كىرىپ كەتكەن. مەسىلەن: "شاتلانماق، خۇمارلانماق، تەييارلانماق، راسلانماق، ئىككىلەنمەك، سەسكەنمەك" دېگەن پېئىللاردىكى "-لان (شات-لان)، لەن (ئىككى-لەن)، -كەن (سەس-كەن)" قوشۇمچىلىرى "-لا +ن، -لە+ن، -كە+ن" قوشۇمچىلىرىدىن تەركىب تاپقان.

ھازىرقى تىلدا بۇ پېئىللارنى "شات-لا، خۇمار-لا، ئىنكىدىلە، سەسكە" ئوخشاش تەركىبى قىسىملارغا بۆلۈشكە بولمايدۇ. بۇ قوشۇمچىلار مۇنداق سۆزلەردە پەقەت ئۆزلۈك دەرىجىنىڭ "-ن" قوشۇمچىسى بىلەن بىرىككەن ھالدىلا ئۇچرايدۇ.

ئوتۇملۇك پېئىللاردىن ئۆزلۈك دەرىجە پەقەت "-ن" قوشۇمچىسى ئارقىلىقلا ئەمەس، شۇنداقلا "-ل (-ئىل، -ئۇل، -ئۈل)" قوشۇمچىسى ئارقىلىقمۇ ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ياي — يېيىل (ياي-ئىل)، ئەگ-ئېگىل (ئەگ-ئىل)، بوغ — بوغۇل (بوغ-ئۇل)، بۆر — بۆرۈل — (بۆر-ئۈل)، بۇرا — بۇرال (بۇرا-ل). لېكىن "-ل" قوشۇمچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ياسالغان ئۆزلۈك دەرىجە پېئىللىرىنى ئۆزگە دەرىجە پېئىللىرىدىن ئايرىۋېلىش قىيىن، چۈنكى، بىرىنچىدىن "-ل" قوشۇمچىسى بەزىدە ئۆزلۈك دەرىجە ھاسىل قىلىش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدىغىنىغا قارىماي، ئۇ ئاساسەن ئۆزگە دەرىجىنىڭ كۆرسەتكۈچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، "-ل" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان دەرىجە فورمىسىنىڭ ئۆزلۈك ياكى ئۆزگە دەرىجە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شۇ قوشۇمچە ئۇلانغان پېئىل ئاساسىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئېنىقلىۋېلىش كېرەك. مەسىلەن، ئەگەر "بوغۇلدى" دېگەن پېئىلنىڭ ئاساسى (بوغ) كاناپنىڭ ئاغزىنى بوغۇش مەنىسىدە ئېيتىلسا، "-ل" قوشۇمچىسى بۇ ئاساستىن ھەم ئۆزلۈك، ھەم ئۆزگە دەرىجە فورمىلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ، لېكىن "بوغ" پېئىلى كۆچمە مەنىدە، "ئۇ تىرىكىپ، بوغۇلدى" دېگەن جۈملىدىكى بوغۇلۇش مەنىسىدە بولسا، "-ل" قوشۇمچىسى بۇ ئاساستىن ئۆزلۈك دەرىجە فورمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ ۋاقىتلاردا بىرلا پېئىل ئاساسىدىن "-ل"، قوشۇمچىسى ئارقىلىق ھەم ئۆزلۈك، ھەم ئۆزگە پېئىل دەرىجىلىرىنى ھاسىل قىلىش مۇمكىن.

ئۆزلۈك دەرىجە قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان پېئىللارنىڭ مەنىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرخىل بولمايدۇ. بەزىدە ئۇلار ئۆزلۈك مەنىسىنى ئۇچۇق كورسەتىپ (مەسىلەن: يۇيۇنماق، تارانماق، راسلانماق، خۇشاللانماق، شاتلانماق، خۇمارلانماق، ئورانماق، تەييارلانماق)، كوپ ۋاقىتلاردا ئۇلارنى ئۆزىنىڭ دەل ۋە تولۇق مەنىسىدىكى ئۆزلۈك دەرىجە دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار پەقەت سۇبيېكتتا ئۆتىدىغان ئىش-ھەرىكەتنىلا ئەمەس، شۇ سۇبيېكتنىڭ ھالىتىنى، ئۇنىڭ بىر سۈپەتتىن، ھالەتتىن ئىككىنچى بىر سۈپەتكە، ھالەتكە ئۆتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، مەسىلەن: ھاۋا ئېچىلدى، كۈن كوتىرىلدى، كوكتات يېتىلىپ قالدى.

## ئۆزگە دەرىجە

ئۆزگە دەرىجە فورمىسى بىلەن كەلگەن جۈملە تۈزىلىشىدە كەلگەن ھەرىكەت ئىگىسى — سۇبيېكت بولمايدۇ. ئىش-ھەرىكەت ئوبيېكتقا قارىتىلىدۇ-دە، ئوبيېكت جۈملىنىڭ ئىگىسىگە ئايلىنىدۇ. لېكىن ئىگە ئۆزگە دەرىجە تۈزىلىشىدە ئىش-ھەرىكەت بىلەن ئاكتىپ مۇناسىۋەتتە ئەمەس، پاسسىپ مۇناسىۋەتتە بولىدۇ، چۈنكى خەۋەردە (ئۆزگە دەرىجە فورمىسىدىكى پېئىلدا) ئېيتىلغان ھەرىكەتكە ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئۆزگىرىشلەرگە دۇچار بولىدىغان — شۇ ئوبيېكتنىڭ ئۆزى.

ئۆزگە دەرىجە تۈزىلىشىنىڭ ئۆزلۈك پېئىللاردىن ئاساسىي پەرقى تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت: خەۋىرى ئۆزلۈك دەرىجە پېئىلدىن بولغان جۈملىدە سۇبيېكت ھەم جۈملە ئىگىسى، ھەم ھەرىكەت ئىگىسى بولۇپ كەلسە، خەۋىرى ئۆزگە دەرىجە پېئىلدىن بولغان جۈملىدە سۇبيېكت يوق، لېكىن ئوبيېكت جۈملىنىڭ ئىگىسى بولىدۇ-دە، ئەمما ھەرىكەت ئىگىسى بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۆزگە دەرىجە

تۈزۈلىشى ھېچقاچان چۈشۈم كېلىشتە تۇرغان سۆزنى تەلەپ قىلمايدۇ.

ئۆزگە دەرىجىنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى — ئۇ ھېچقاچان ئۆتۈمسىز پېىللاردىن ياسالمايدۇ. ئۆزگە دەرىجە فورمىسىنى ياساشتا پەقەت ئۆتۈملۈك پېىللارلا ئاساس بولالايدۇ. مەجبۇر دەرىجە فورمىلىرىنىڭ ھەممىسىدىن دىگۈدەك ئۆزگە دەرىجە فورمىسىنى ھاسىل قىلىشقا بولىدۇ، چۈنكى ئۆتۈمسىز پېىللار مەجبۇر دەرىجە قوشۇمچىسى ئۇلانغاندىن كېيىن ئۆتۈملۈك پېىللارغا ئايلىنىدۇ.

بىر نەچچە دەرىجە قوشۇمچىلىرى قاتار ئىشلىتىلگاندا، ئۆزگە دەرىجە قوشۇمچىسى ھەرقاچان ئەڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ. ئۆزگە دەرىجە قوشۇمچىسىدىن كېيىن باشقا دەرىجە قوشۇمچىلىرى ئۇلانمايدۇ.

ئۆزگە دەرىجە فورمىسى ”-ل (-ىل، -ۇل، -ۈل)“ ۋە ”-ن (-ىن، -ۇن، -ۈن)“ قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇلارنىڭ ”-ل، -ن“ ۋارىيانتى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان پېىللارغا ئۇلىنىدۇ. ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان پېىللارغا لەۋلەشمىگەن بوغۇمدىن كېيىن ”-ىل، -ىن“ لەۋلەشكەن بوغۇمدىن كېيىن ”-ۇل، -ۈل، -ۇن، -ۈن“ ۋارىيانتلىرى ئۇلىنىدۇ: قامال-ل — قامالدى، ئېيت-ىل — ئېيتىلدى، يۇي-ۇل — يۇيۇلدى، كۆم-ۈل — كۆمۈلدى، مىقلا-ن — مىقلاندى، ئال-ىن — ئېلىندى، يۆل-ۈن — يۆلۈندى، بول-ۇن — بولۇندى.

ئۆزگە دەرىجە بىلەن ئۆزلۈك دەرىجە پېىللىرىنىڭ فورمىلىرى، يۇقۇرىدا ئىشلىتىلگاندەك، بىر بىرىدىن پەرق قىلمايدۇ: ”-ل“ ۋە ”-ن“ قوشۇمچىلىرى ھەم ئۆزگە، ھەم ئۆزلۈك دەرىجىلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. لېكىن مەنە يېقىدىن ئېلىپ قارىغاندا، ئۇلارنى بىر بىرىدىن ئاجرىتىۋېلىش قىيىن ئەمەس، مەسىلەن: 1) ئۇ بۇ ئىشقا ناھايىتى بېرىلىپ كەتتى. 2) ياخشى ئىشلىگىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا سوغات بېرىلدى. 1) شۇ ئارىدا مېنىڭ كۆزۈم ئىلىنىپ كېتىپتۇ. 2) چاپان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قوزۇقـقا ئـىلىنـدى. 1) بىز كـېزىتـكە يېزىلـدۇق. 2) خەت تېخى يېزىلمىدى...

بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۆزگە دەرىجە پېئىللىرىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجە پېئىللىرىدىن بىر پەرقى شۇكى، ئۇنىڭ "-ن (-ئىن)" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان تۈرى ھەرقاچان "-ل" تاۋۇشىغا ئاياقلاشقان پېئىل ئاساسىدىلا ئۇچرىشىدۇ: ئىل-ئىن — ئىلىنمەك، تىل-ئىن — تىلىنماق، يۇل-ئۇن — يۇلۇنماق.

## ئۆملۈك دەرىجە

ئۆملۈك دەرىجىنىڭ مورفولوگىيىلىك كۆرسەتكۈچى — "-ش" قوشۇمچىسى. ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان پېئىل ئاساسلىرىغا ئۇنىڭ "— ئىش" (لەۋلەشمىگەن بوغۇمدىن كېيىن)، "— ئۇش، — ئۈش" (لەۋلەشكەن بوغۇمدىن كېيىن) ۋارىيانتلىرى ئۇلىنىدۇ.

ئۆملۈك دەرىجە ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ سۇبيېكت تەرىپىدىن بىرلىكتە، ھەمكارلىقتا ئورۇنلانغان ئىش-ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدىغان پېئىل ئاساسلىرىنىڭ مەنىسىگە قاراپ، ئۆملۈك دەرىجە فورمىسى سۇبيېكتلارنىڭ پەقەت ھەمكارلىقتا، بىرلىكتە ئورۇنلىغان ئىش-ھەرىكىتىنىلا ئەمەس، بىر نەچچە سۇبيېكتنىڭ بىر مەزگىلدە ئورۇنلىغان ئىش-ھەرىكىتىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: "ئۇ ماڭا ئوتۇن يېرىشتى، مەن ئۇلارغا قاراشتىم" دېگەن جۈملىلەردە ئۆملۈك دەرىجىدىكى "يېرىشتى، قاراشتىم" دېگەن پېئىللار بىر سۇبيېكتنىڭ ئىككىنچى بىرسىگە قىلغان ياردىمىنى كۆرسەتسە، "مېھمانلار كېلىشتى، ئۇلار كۈلۈشتى" دېگەن جۈملىلەردىكى "كېلىشتى، كۈلۈشتى" دېگەن ئۆملۈك دەرىجە پېئىللىرى بىر نەچچە كىشىنىڭ بىر مەزگىلدە ئورۇنلىغان ئىش-ھەرىكىتىنى ياكى

سۇبيېكتنىڭ يالغۇز ئەمەس، كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بەزىبىر پېئىللار ئۆزلىرىنىڭ ئومۇلۇك دەرىجە قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغىنىغا قارىماي، ئومۇلۇك دەرىجە مەنىسىنى بەرمەيدۇ. مۇنداق پېئىللاردا ئومۇلۇك دەرىجە قوشۇمچىسى سۆز ئۆزگەرتكۈچى ئەمەس، سۆز ياسىغۇچى ۋەزىپىگە ئىگە. مەسىلەن: "چىلاشماق (تاياقنىڭ ئۇچى سۇغا چىلىشىپ تۇرىدۇ)، ئىلەشمەك (ئىچى ئىلىشىپ قالدى)" دىگەن پېئىللاردا "-ش" قوشۇمچىسى پېئىل ئاساسىغا قوشۇمچە مەنە ئەمەس، يېڭى لېكسىكىلىق مەنە بېرىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئومۇلۇك دەرىجە پېئىللىرىدا دەرىجە قوشۇمچىسى پېئىل ئاساسىغا پەقەتلا قوشۇمچە مەنە بېرىشى مۇمكىن: "ئىشلىمەك — ئىشلەشمەك، تارتماق — تارتىشماق، كىرمەك — كىرىشمەك، كۈلمەك — كۈلۈشمەك، يۇلماق — يۇلۇشماق..." بەزىدە بىر پېئىلنىڭ ئۆزى كونتېكىستقا باغلىق، ياكى ئۇنىڭ كۆچمە مەنىدە قوللىنىلغىنىغا قاراپ، بىردە دەرىجە مەنىسىنى بەرسە، بىردە ئۇنداق مەنىسىنى بەرمەيدۇ. مەسىلەن، يۇقۇرىدىكى "تارتىشماق" ۋە "كىرىشمەك" دىگەن پېئىللارنى ئالايلى: "ئوغلاق تارتىشماق، مەن ئۇنىڭغا قۇدۇقتىن سۇ تارتىشتىم، ئۇلار ئويگە كىرىشتى" دىگەن جۈملىلەردە بۇ ئىككى پېئىلنىڭ دەرىجە مەنىسى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، لېكىن "ئۇ بىرئاز تارتىشىپ، ئاندىن كېيىن قايىل بولدى، ئۇ ئىشقا كىرىشتى" دىگەن جۈملىلەردە — ئومۇلۇك دەرىجە مەنىسى يوق.

ئومۇلۇك دەرىجە پېئىللىرى بىلەن كەلگەن جۈملە تۈزۈلىشىنىڭ مەنىسىگە قاراپ، ئومۇلۇك دەرىجە پېئىللىرىنى ئۈچ تۈرگە بولۇش مۇمكىن:

ئا) بىرسىگە بىرى ئوبيېكت بولۇپ ھىساپلىنىدىغان بىر نەچچە سۇبيېكت ئارىسىدىكى ئۆزئارا ئىش-ھەركەت، ھالەتنى بىلدۈرىدىغان ئومۇلۇك دەرىجە پېئىللىرى. مەسىلەن: پالۋانلار تۇتۇشۇپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلار بىر بىرىگە قارىشىپ قالدى. ئۇ ئىككىسى شۇ يىلى ئايرىلىشىپ كەتكەن ئىدى.

ئە) بىر ياكى بىر نەچچە سۇبيېكتنىڭ بىر ياكى بىرنەچچە ئوبيېكتقا قارىتىلغان ئىش ـ ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدىغان ئۆملۈك دەرىجە پېئىللىرى. ئۆملۈك دەرىجە بۇ يەردە بىر سۇبيېكتنىڭ ئىككىنچى بىر سۇبيېكتقا قىلغان ياردىمىنى، ھەمكارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۆملۈك دەرىجە پېئىللىرىنىڭ بۇ تۈرى ئۆتۈملۈك پېئىللاردىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: مەن ئۇنىڭغا قۇدۇق كولاشتىم.

ب) بىر نەچچە سۇبيېكتنىڭ بىر مەزگىلدە ئورۇنلىغان ئىش ـ ھەرىكىتىنى، ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان ئۆملۈك دەرىجە پېئىللىرى. بۇ يەردە ئۆملۈك دەرىجە فورمىسى ئۆزىنىڭ مەنىسى جەھەتتىدىن كۆپلۈك قوشۇمچىسىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرىدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭ كىرىشى بىلەن، بالىلارمۇ جىم بولۇشۇپ، مۇئەللىمگە تەلمۈرۈپ قارىشىپ ئولتۇرۇشتى... بالىلار شوخ كۆزلىرىنى ئوينۇتۇشۇپ، كۈلۈمسىرىشىپ قويۇشتى. (ج.ب.) ئۇرغۇن سۈرەتلەرنىڭ ئارىسىدىن بىز ئاساسىي روللارنى ئوينىغۇچى ئەرتىسلەرنىڭ سۈرەتلىرىگە ئۇزاغىراق قاراشتۇق. ("دوسلۇق.")

ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى كۆپ ۋاقىتلاردا ئىسىملاردىن پېئىل ياسايدىغان "ـ لا (ـ لە، ـ دا، ـ دە)" قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ، مۇرەككەپ قوشۇمچىغا ئايلىنىپ كەتكەن. لېكىن مۇرەككەپ "ـ لاش" (ـ لەش، ـ داش، ـ دەش)" قوشۇمچىسى ئىسىملارنىڭ ھەممىسىگىلا ئۇلىنىۋەرمەيدۇ. ئۇ "ـ لا (ـ لە، ـ دا، ـ دە)" قوشۇمچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن پېئىل ياساشقا بولمايدىغان ئىسىملارغىلا ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن: ياردەملەشمەك (ياردەم ـ لە" فورمىسى يوق)، ئايدىڭلاشماق ("ئايدىڭ ـ لا" فورمىسى يوق)، سىرلاشماق ("سىر ـ لا") فورمىسى يوق)، قەسلەشمەك ("قەست ـ لە" فورمىسى يوق)، دوسلاشماق ("دوست ـ لا" فورمىسى يوق)، ئارازلاشماق ("ئاراز ـ لا" فورمىسى يوق)، مۇڭداشماق ("مۇڭ ـ دا" فورمىسى يوق).

بەزى پېئىللاردا ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى مەجبۇر دەرىجىنىڭ "ـ تۇر" قوشۇمچىسى بىلەن قوشۇلۇپ (ـ ش ـ تۇر)، مۇرەككەپ قوشۇمچىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. لېكىن "ـ ش" قوشۇمچىسى بۇ يەردە ئۆزىنىڭ دەرىجىلىك مەنىسىنى يوقىتىدۇ: مۇرەككەپ قوشۇمچە "ـ شتۇر" ئۆزلۈك دەرىجىدىكىگە ئوخشاش، سۇبيېكتنىڭ كۆپلىكىنى ئەمەس، ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ كەينى ـ كەينىدىن بىر نەچچە قېتىم تەكرارلانغانلىقىنى ياكى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ھېچبىر كۆڭۈل قويماسلىق بىلەن، ئاندا ـ مۇندا، قول ئۇچىدا قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: تاتلاشتۇرماق، تىقىشتۇرماق، يىرتىشتۇرماق، سىپاشتۇرماق، قاراشتۇرماق...

## مەجبۇر دەرىجە

پېئىللارنىڭ مەجبۇر دەرىجىسى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ بىۋاستە سۇبيېكت ئارقىلىق ئەمەس، باشقا بىر شەخس ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئوتتۇكنى باشلاتماق، دۇتارنى چېلىپ بەرمەك، ئىنتقا بورى ئالدۇرماق، ئورنىدىن تۇرغۇزماق، كىتاپخانىدىن كىتاپ ئالدۇرماق، خەت يازدۇرماق.

مەجبۇر دەرىجە تۆۋەندىكى قوشۇمچىلار ئارقىلىق ياسىلىدۇ:

1) ئاخىرى سوزۇق تاۋۇشلاردا ئاياقلاشقان پېئىللارغا "ـ ت" قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق. مەسىلەن: باغلا ـ ت — باغلات، باشلا ـ ت — باشلات (ئوتتۇكنى باشلاتتىم)، ئىشلە ـ ت — ئىشلەت، ئوقۇ ـ ت — ئوقۇت.

مەجبۇر دەرىجىنىڭ "ـ ت" قوشۇمچىسى ئاخىرى "ـ ر" تاۋۇشى بىلەن ئاياقلاشقان بەزى سۆزلەردىن كېيىنمۇ ئۇلىنىدۇ: چاقىر ـ ت، قىسقار ـ ت، چوشقۇر ـ ت، سۇغار ـ ت، چۇشەر ـ ت... "ـ ت"

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوشۇمچىسىنىڭ "-ئۇت (-ئۈت)" ۋارىيانتى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ؛ قورق-ۇت، ئۆرك-ۈت.

2) جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلاردا ئاياقلاشقان پېئىللارغا "-تۇر(-تۈر)" قوشۇمچىسىنىڭ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلاردا ئاياقلاشقان پېئىللارغا "-دۇر (-دۈر)" قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق. مەسىلەن: تاپ-تۇر — تاپتۇر، ئەش-تۈر — ئەشتۈر، تاڭ-دۇر — تاڭدۇر، كۆل-دۈر — كۆلدۈر.

3) جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلاردا ئاياقلاشقان پېئىللارغا "-قۇز (-كۈز)" قوشۇمچىسىنىڭ ۋە سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلاردا ئاياقلاشقان پېئىللارغا "-غۇز (-گۈز)" قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق. مەسىلەن: ياتقۇز — يات-قۇز، ئۆت-كۈز — ئۆتكۈز، كۆت-كۈز — كۆتكۈز، ماڭ-غۇز — ماڭغۇز، بار-غۇز — بارغۇز، كور-گۈز — كورگۈز، بىل-گۈز — بىلگۈز①.

4) ئۈزۈك تاۋۇشلاردا ئاياقلاشقان پېئىل تومۇرلىرىغا "-ئار (-ئەر، -ئۇر، -ئۈر)" قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق. مەسىلەن: چىقار، كۆچەر، ئۈچەر.

مەجبۇر دەرىجىنىڭ قوشۇمچىلىرى كۆپ ۋاقىتلاردا بىرىنىڭ ئورنىغا بىرى ئىشلىتىلىۋېرىدۇ. مەسىلەن: ئىشلەتمەك — ئىشلىگۈزمەك، ئالدۇرماق — ئالغۇزماق، يازدۇرماق — يازغۇزماق، كەچتۈرمەك — كەچكۈزمەك، چاقىرتماق — چاقىرغۇزماق.

گايىدا مەجبۇر دەرىجىنىڭ "-ت" قوشۇمچىسىدىن كېيىن "-قۇز (-كۈز)" قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ، ياكى بولمىسا مەجبۇر دەرىجىنىڭ

---

① جانلىق تىلدا لەۋلەشكەن بوغۇملاردىن كېيىن بۇ قوشۇمچىلارنىڭ "-دەر، -تەر، -غاز، -گەز، -قاز، -كەز" ۋارىيانتلىرىمۇ ئۇچرايدۇ: تۇتقاز، ئۆتكەز، كورگەز، كۆلدەر، بولدار (خىمىر بولدا (ر) ماق).

"-دۇر (-دۈر، -تۇر، -تۈر)" قوشۇمچىسىدىن كېيىن "-غۇز (-گۈز، -قۇز، -كۈز)" قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ، قاتار كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

1) ئىشلە-ت-كۈز — ئىشلەتكۈز، تاشلا-ت-قۇز — تاشلاتقۇز، قارا-ت-قۇز — قاراتقۇز.

2) ياز-دۇر-غۇز — يازدۇرغۇز، ئال-دۇر-غۇز — ئالدۇرغۇز، يەش-تۈر-گۈز — يەشتۈرگۈز.

مەجبۇر دەرىجە قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان پېئىللارنىڭ مەنىلىرى پېئىل ئاساسىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىگە قاراپ، پاكى مەجبۇر دەرىجە پېئىلى بىلەن كەلگەن جۈملە تۈزۈلۈشىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ، ھەر خىل بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەجبۇر "دەرىجە" دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئۆزى كۆپ ۋاقىتلاردا پەقەت شەرتلىك تۈردە ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى بۇ پەقەت "مەجبۇر قىلىش" مەنىسىنىلا بىلدۈرىدىغان پېئىل فورمىسى ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ "مۇمكىنچىلىك بېرىش"، "رۇخسەت قىلىش"، "يول قويۇش" ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان فورمىلاردىن ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، مەجبۇر دەرىجە فورمىسىغا پەقەت "توختاتقۇزماق، ئىشلەتمەك، ئىشلەتكۈزمەك، يازدۇرماق، تاپتۇرماق، تاپقۇزماق" دېگەنگە ئوخشاش بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى ئورۇنلىتىش ئۈچۈن مەجبۇر قىلىش مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن پېئىللارلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىللە، "ئالدۇرماق (سائىتىمنى ئالدۇرۇپ قويدۇم)، ئۇخلاتماق (ۋاقىرىشىپ ئۇخلاتمىدى)" دېگەن پېئىل فورمىلىرىمۇ كىرىدۇ. مۇشۇنىڭغا باغلىق شۇنى ئېيتىش كېرەككى، مەجبۇر دەرىجە قوشۇمچىسى ئۇلانغان پېئىللارنىڭ سېمانتىكىسى پەقەت شۇ پېئىل فورمىسىنىڭ (ھەرىكەت ياكى ھالەتنىڭ) مەنىسىگە باغلىق ئەمەس، كۆپ ۋاقىتلاردا شۇ ھەرىكەت بىلەن ھالەتنىڭ سۇبيېكتى بىلەن ئوبيېكتىنىڭ مەنىسىگە باغلىق بولىدۇ. ئېنىقراق ئېيتقاندا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دەرىجە مەنىسى سۇبيېكت بىلەن ئوبيېكتنىڭ بىردە شەيئى، بىردە ئادەم (شەخس) بولۇشىغا، ياكى شەيئىنىڭ، ئادەمنىڭ بىردە ــ ھەم ھەرىكەت سۇبيېكتى، ھەم ھەرىكەت ئوبيېكتى، بىردە ــ ھەرىكەتنىڭ پەقەت ئوبيېكتىلا بولۇپ كېلىشىگە باغلىق. لېكىن مۇشۇلارنىڭ مەنىسىنى پەقەت كونتېكستىنىلا بىلىش مۇمكىن. جۈملە تۈزۈلۈشىدىن تاشقىرى، يالغۇز تۇرغان دەرىجە فورمىسىنىڭ مەنىسىنى كۆپ ۋاقىتلاردا ئېنىقلاشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: "ئۆرگۈزماق، ئىشلەتمەك، ئالدۇرماق" دېگەن پېئىللارنى ھەرخىل جۈملە تەركىۋىدە كەلتۈرسەك، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ھەر خىل مەنە بېرىدۇ: "1) مەن (بىر ئادەمنى بىر ئادەمگە) ئۆرگۈزدۈم، 2) ئۇ ئۆزىنى ئۆرگۈزمايدۇ؛ 1) ئۇ مېنى ئىككى كۈن ئىشلەتتى، 2) ئۇلار بۇ قورالنى ئىشلەتمەيدۇ (پايدىلانمايدۇ)؛ 1) مەن بۇ كىتابنى ئۇنىڭغا ماگىزىندىن ئالدۇردۇم، 2) مەن سائىتىمنى ئالدۇردۇم (ياكى: ئالدۇرۇپ قويدۇم)، مەن ساقىلىمنى ئالدۇردۇم..." بۇ مىساللارنىڭ بىرىدە سۇبيېكت ئاكتىپ مەنىگە ئىگە (مەن ئۇنىڭغا كىتابنى ئالدۇردۇم)، بىرىدە پاسسىپ مەنىگە ئىگە (ساقىلىمنى ئالدۇردۇم). بۇ ئىككى جۈملىنىڭ تولدۇرغۇچىلىرىمۇ ھەر خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە: بىرىنچىسىدە تولدۇرغۇچى (كىتاب) ھەرىكەتكە نىسبەتەن ئاكتىپ ئوبيېكت بولسا، ئىككىنچىسىدە (ساقىلىمنى) ــ پاسسىپ ئوبيېكت بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

مەجبۇر دەرىجىگە باغلىق ئېيتىدىغان يەنە بىرنەرسە شۇكى، ئۇ دەرىجە قوشۇمچىسى ئۇلانغان پېئىللارنىڭ ھەممىسىلا دەرىجىلىك مەنىگە ئىگە بولىۋەرمەيدۇ. مۇنداق پېئىللار دەرىجە كاتېگورىيىسىدىن تاشقىرى تۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇمچىلىرى (دەرىجە قوشۇمچىسىغا پەقەت تاشقى شەكلىلا ئوخشاش بولغىنى بىلەن) سۆز ھاسىل قىلغۇچى مەنىگە ئىگە. مەسىلەن: "بىلدۈرمەك، ئولتۇرمەك، قايناتماق، **قورۇتماق، ياندۇرماق، ئۆتكۈزمەك، تولدۇرماق، ئايلاندۇرماق"**

دىگەن پېئىللارنىڭ تەركىۋىدىكى ”-دۇر، -دۈر، -تۇر، -تۈر-كۈز“ قوشۇمچىلىرى پېئىل ئاساسلىرىغا دەرىجە مەنىسىنى بەرمەيدۇ. مۇشۇ پېئىللاردىن مەجبۇر دەرىجە ھاسىل قىلىش كېرەك بولسا، يۇقۇرىدىكى قوشۇمچىلارنىڭ ئۈستىگە باشقا دەرىجە قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ: قايناتقۇزماق، ئولتۇرغۇزمەك، قۇرۇتقۇزماق، ياندۇرغۇزماق...

## پېئىلنىڭ تۈرلىنىشى

پېئىلنىڭ باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن چوڭ بىر پەرقى شۇكى، ئۇ شەخس، سان ۋە زامان قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ، پېئىللاردىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىمۇ، مەسىلەن، ئىسىملار، ئەگەر ئۇلار جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كەلسە، شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن: ”مەن ئوقۇغۇچى، سەن ئىشچى، سىلەر ئون ئادەم“ دېيىشنىڭ ئورنىغا ”مەن ئوقۇغۇچىمەن، سەن ئىشچىسەن، سىلەر ئون ئادەمسىلەر“ دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. لېكىن شەخس قوشۇمچىلىرى بۇ ئارىدا ئىسىملار خەۋەر بولغانلىقى ئۈچۈنلا قوشۇلۇپ تۇرىدۇ. دېمەك، ئىسىملار خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرغاندا مەنە، ۋەزىپە جەھەتتىن پېئىللارغا بىر قەدەر يېقىنلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شەخس قوشۇمچىلىرى (ئۇلارنىڭ پېئىلدىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىكىمۇ ئۇلىنىشىغا قارىماي) پەقەت پېئىلنىڭلا گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شەخس كاتېگورىيىسى بىلەن بىر قاتاردا، پېئىللارنىڭ سان ۋە زامان قوشۇمچىلىرىمۇ پېئىلنىڭ تۈرلىنىش كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

مەنە ۋە فورما جەھەتتىن پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى ئىككى خىل بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ بىرىنچى تۈرى ئاساسەن ھال ۋە سۈپەت پېئىللارغا، پېئىللارنىڭ ”-ماقچى، -مەكچى“ فورمىلىرىغا ئۇلىنىپ، جۈملىدە خەۋەر مەنىسىگە ئىگە بولىدۇ. شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ بۇ تۈرى پېئىل زامانلىرى بىلەن زىچ باغلىق. مەسىلەن: مەن بار-ا-مەن (بارىمەن). سەن كۆر-ە-سەن (كۆرىسەن). سىزكۆر-ە-سىز (كۆرىسىز). ئۇ ئوقۇ-ي-دۇ (ئوقۇيدۇ). بىز ئال-ا-مىز (ئالىمىز). سىلەر بەر-ە-سىلەر (بېرىسىلەر). سىلەر بەر-ە-ر-سىلەر (بېرەرسىلەر). ئۇلار قارا-يدۇ (قارايدۇ). بىز ئالماقچى-مىز...

شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ ئىككىنچى تۈرى خەۋەر مەنىسىگە ئىگە ئەمەس. ئۇلار كۆپىنچە پېئىلنىڭ ئېنىق مەيلىدىن باشقا مەيىل فورمىلىرىغا، مەسىلەن، شەرت، خالاش مەيىللىرىغا ئۇلىنىپ، سۇبيېكت كۆرسەتكۈچى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ، باشقىچە ئېيتقاندا، شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ بۇ تۈرى پەقەت سۇبيېكتنىڭ شەخسىنىلا كۆرسىتىدۇ-دە، ئاددىي جۈملىدە باشقا پېئىللارنىڭ (خۇسۇسەن، ياردەمچى پېئىللارنىڭ) ياردىمىسىز خەۋەر بولمايدۇ. مەسىلەن: ئوقۇ-سا-م ئىدى، ئوقۇ-سا-ڭ بولاتتى، كەل-سە-ڭ-لەر ئىدى، بار-سا ئىدى (< بارسىدى)، بار-غۇ-م كېلىدۇ، بارغۇڭ يوق، بار-غۇسى بار، بار-غۇ-مىز كېلىپ قالدى، بار-غۇ-ڭ-لار كېلىدۇ...

شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ بىرىنچى تۈردىن بولارنىڭ يەنە بىر پەرقى شۇكى، ئۇلار پەقەت مەيىل كاتېگورىيىسى بىلەنلا باغلىق، زامان كاتېگورىيىسى بىلەن تامامەن ئالاقىدار ئەمەس.

ئۇيغۇر تىلىدىكى شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ باشقا بەزى تۈركىي تىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرىدىن ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇيغۇر تىلىدا ئۇلارنىڭ مۇستەقىل كىشىلىك ئالماشلىرىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، بىرلىك ۋە كۆپلۈك سانىدىكى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى شەخس قوشۇمچىلىرى قازاق تىلىدا ”-مىن، مىن، پىن، -پىن، -پىن، -بىن-بىن (م: بارامىن، كەلەمىن،

ئېلىپپىن، بېرىپپىن)، — مىز، — پىمىز، — پىز، — بىز، — پىز (بارا مىز، كەلەمىز، ئېلىپمىز، كەلىپپىز) قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسىلىپ، ئۆزلىرى كېلىپ چىققان ”مەن، سەن، بىز، سەندەر“ ئالماشلىرىدىن شەكلەن يىراقلىشىپ كەتسە، ئۇيغۇر تىلىدا ”بارىمەن، كېلىسەن، ئاپتىمەن، كەپسەن، بېرىپسىلەر، بېرىپتىمىز“ بولۇپ ئېيتىلىدۇ.

شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ ئىككىنچى تۈرى ئۇيغۇر تىلىدا باشقا تۈركى تىللاردىن پەرقلەنمەيدۇ: ”ئالسا — م، ئوقسا — ڭ، ئالسا — ق، ئوقسا — ڭلار.“ ئاخىرقى مىساللاردىن كۆرۈنىدىغان يەنە بىر نەرسە — شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ مۇشۇ ئىككىنچى تۈردە كۆپلۈك ساندىكى بىرىنچى شەخسنىڭ قوشۇمچىسى ”— ق، — ك“ (بارساق، كەلسە — ك) ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى جەھەتىدىن كىشىلىك ئالماشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس.

شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ بىرىنچى تۈردە ئۈچىنچى شەخسنىڭ قوشۇمچىسى، ھەم بىرلىك، ھەم كۆپلۈك سانلاردا ”— دۇ، — تۇ“ بولىدۇ (بۇ قوشۇمچىلار ”تۇر“ پېئىلىدىن كېلىپ چىققان): ئۇ بارىدۇ، كېلىدۇ، ئۇلار بارىدۇ، كېلىدۇ. شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ ئىككىنچى تۈردە ئىككىنچى شەخس ئالاھىدە قوشۇمچىغا ئىگە ئەمەس: ئۇ بارسا، كەلسە، ئۇلار بارسا، كەلسە....

شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ بىرىنچى تۈرى.

| شەخسلەر | بىرلىك سان | كوپلۇك سان |
| --- | --- | --- |
| I | باردـ مەن، ئوقۇيـ مەن، بېرىپتىمەن، ئوقۇپتىـ مەن | باردـ مىز، ئوقۇيـ مىز، بېرىپتىـ مىز، ئوقۇپتىـ مىز |
| II | باردـ سەن، ئوقۇيـ سەن، بېرىپـ سەن، ئوقۇپـ سەن (باردـسىز، ئوقۇيـسىز، بېرىپـسىز، ئوقۇپسىز) | باردـ سىلەر، ئوقۇيـ سىلەر بېرىپـ سىلەر، ئوقۇپـ سىلەر |
| III | باردـدۇ، ئوقۇيـدۇ، بېرىپـتۇ، ئوقۇپـ تۇ | باردـ دۇ، ئوقۇيـ دۇ، بېرىپـتۇ، ئوقۇپـ تۇ |

| شەخسلەر | بىرلىك سان | كوپلۇك سان |
| --- | --- | --- |
| 1 | بارسـام، ئوقۇسـام؛ بارغۇـم، ئوقۇغۇـ م (كېلىدۇ) | بارسـاق، ئوقۇسـاق؛ بارغۇـمىز؛ ئوقۇغۇ ـ مىز (كېلىدۇ) |
| 2 | بارسـاڭ ئوقۇساـڭ، بارغۇـڭ، ئوقۇغۇـڭ (كېلىدۇ) (بارسـىڭىز، ئوقۇسـىڭىز؛ بارغۇـڭىز، ئوقۇغۇـ ڭىز (كېلىدۇ). | بارسا ـ ڭلار، ئوقۇسا ـ ڭلار، بارغۇ ـ ڭلار، ئوقۇغۇ ـ ڭلار (كېلىدۇ) |
|  | بارسـا، ئوقۇسـا؛ بارغۇسى، ئوقۇغۇسى (كېلىدۇ) | بارسا، ئوقۇسـا؛ بارغـۇسى، ئوقۇغۇسى (كېلىدۇ) |

## پېئىلنىڭ مەيىللىرى

پېئىلنىڭ مەيلى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتىپ ھەرىكەتكە مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ. تۈركى تىللار گرامماتىكىلىرىدا ياكى پېئىل زامانلىرىغا، پېئىل مەيىللىرىگە بېغىشلانغان مەخسۇس ئەسەرلەردە پېئىلنىڭ مەيىل كاتېگورىيىسىنىڭ زامان كاتېگورىيىسى بىلەن باغلىق، يەنى پېئىل زامانلىرى، ئادەتتە، ئۇنىڭ مەيىلگە باغلىق قارىلىدۇ. تىل پاكىتلىرى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، پېئىل زامانلىرى ئۇنىڭ مەيىلـ

دىن باشقا مەيىل فورمىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس. راست، بەزى مەيىل فورمىلىرىنىڭ، مەسىلەن، خالاش، بۇيرۇق مەيىللىرىنىڭ ئومۇمى لېكسىكىلىق مەنىسى كېلىدىغان زاماندا بولىدىغان ئىش-ھەركەتنى بىلدۇرىدۇ. مەسىلەن: "كەلسۇن، بارغاي، ئال" دېگەن پېئىللارنىڭ بېرىدىغان ھەركىتى پەقەت كېلىچەكتىلا ئورۇنلىنىشى مۇمكىن. لېكىن ھەركەتنىڭ بۇ مەنىسى گىراماتىكىلىق زامان كاتېگورىيىسى ئەمەس، لوگىكىلىق كاتېگورىيە. يۇقۇرىدىكى مەيىل فورمىلىرىنىڭ بېرىدىغان زامان مەنىسىنى پېئىل كاتېگورىيەسىدىن تاشقىرى تۇرغان بەزى سوزلەرنىڭ مەنىسى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. مەسىلەن: "بار، يوق، ئەمەس" سوزلىرى ھازىر مەۋجۇت ئەھۋالنى ئىپادىلەيدۇ؛ ئۇلاردا لوگىكىلىق جەھەتتىنلا ھازىرقى زامان مەنىسىنىڭ بار ئىكەنلىگىنى ئېيتىشقا بولار ئىدى. شۇنداقلا "بېرىش كېرەك، ئېلىش لازىم، ئېلىشقا تېگىش" دېگەن سوزلەر كەلگۇسىدە ئورۇنلىنىدىغان ئىش-ھەركەتنى بىلدۇرىدۇ. دېمەك، بۇ سوزلەرنىڭ كېلىدىغان زامان مەنىسىنى بىلدۇرىدىغانلىغى توغرىلىق ئېيتىشقا بولار ئىدى. لېكىن بۇ سوزلەرنىڭ ھېچقايسىسى زامان كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ئېنىق مەيىل فورمىلىرىدىن باشقا مەيىللارمۇ گىراماتىكىلىق زامان كاتېگورىيىسىنىڭ كورسەتكۇچلىرى بولالمايدۇ. ئۇلاردىكى زامان مەنىسى — لوگىكىلىق ئۇقۇم. زامان كاتېگورىيىسىگە پەقەت ئېنىق مەيىل فورمىلىرىلا باغلىق، چۇنكى مەيىل فورمىلىرى ھەقىقەتتە "تازا" مەيىل كاتېگورىيىسىدىن تاشقىرى تۇرىدۇ؛ مەيىل كاتېگورىيىسىگە كىرمەيدىغان پېئىل فورمىلىرى كوپ تىللاردا "ئېنىق مەيىل" دېگەن تېرمىن ئارقىلىق بىرىكتۇرىلىدۇ. بۇ فورمىلار ئاساسەن زامان كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلغۇچى قوشۇمچىلاردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## بۇيرۇق مەيل

بۇيرۇق مەيلىنىڭ ئاساسىي مەنىسى مۇشۇ مەيلگە قويۇلغان نامنىڭ ئۆزىدىن ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ: ئۇ بۇيرۇقنى، پەرمانىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن "بۇيرۇق مەيل" كۆپ ۋاقىتلاردا شەرتلىك مەنىگە ئىگە چۈشەنچە، چۈنكى بۇيرۇق مەيل پەقەت پەرمان، بۇيرۇقنىلا ئەمەس، شۇنداقلا رۇخسەت قىلىش، ئىلتىماس قىلىش، خالاش ياكى بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلىش، كىرىشىش ئوخشاش مەنىلەرنىمۇ ئۇقتۇرىدۇ. بۇ مەيلنىڭ "تازا" بۇيرۇق مەنىسى ئىككىنچى شەخس پېئىللىرىدا ئوچۇق كۆرۈنىدۇ. بۇ يەردە بۇيرۇق مەيل فورمىسى ھېچبىر مورفولوگىيىلىك قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمىسىزلا ياسىلىدۇ، باشقىچە ئېيتقاندا، مەيل فورمىسى ئىككىنچى شەخس مەنىسى بىلەن ئوخشاش كەلگەن پېئىل تومۇرىدىن ياكى پېئىل ئاساسىدىن پەرق قىلمايدۇ. مەسىلەن: ئال، ئوقى، ئىشلە، ئالدىر، ئىشلەت، ئوقۇت، ياتقۇز، كەتكۈز؛ تاشلىۋەت، يىرتىۋەت، قويىۋەت...

كۆپلۈك ساندىكى ئىككىنچى شەخس بۇيرۇق پېئىللىرى مۇشۇ پېئىل ئاساسلىرىغا "-ڭ (-ىڭ، -ۇڭ، -ۈڭ) -لار" قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ: ئېلىڭلار، ئوقۇڭلار، ئىشلەڭلار، ئوقۇتۇڭلار، يىرتىۋېتىڭلار، قويىۋېتىڭلار...

بىرلىك ساندىكى ئىككىنچى شەخس بۇيرۇق پېئىللىرىنىڭ ھەممىسىگە "-غىن، -گىن، -قىن، -كىن" قوشۇمچىلىرى ئۇلىنالايدۇ، بۇ ھالەتتە بۇيرۇق مەنىسىدە (ئاساسەن كونتېكىستقا باغلىق) مەلۇم ئۆزگىرىش، باشقا مەنە پەيدا بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن ئاساسىي بۇيرۇق، پەرمان مەنىسى ساقلىنىپ قالىدۇ.

بىرىنچى شەخس بۇيرۇق پېئىللىرىغا نىسبەتەن ئۈچىنچى شەخس

پېئىللىرى بۇيرۇق، پەرمان مەنىسىگە يېقىن تۇرىدۇ. بۇيرۇق مەيلىنىڭ ئۈچىنچى شەخسى پېئىل ئاساسىغا "-سۇن" قوشۇمچىسىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ: ئال-سۇن، كەتسۇن، كۆرسەت-سۇن، ئىشلەت-سۇن، بېرىلسۇن، قارالسۇن، تاشلىۋەتسۇن، بارىۋەر-سۇن....

ئۈچىنچى شەخس بۇيرۇق پېئىللىرىنىڭ مەنىسى سۆبېكتنى (ئۈچىنچى شەخسنى) بىرەر ئىش-ھەرىكەتكە ياشقا شەخس ئارقىلىق غايىبانە دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت، چۈنكى ئىش-ھەرىكەت توغرىلىق سۆز بولۇۋاتقان مومېنتتا ئۈچىنچى شەخس دەرقەمدە بولمايدۇ.

ئۈچىنچى شەخس بۇيرۇق پېئىللىرىنىڭ كۆپلۈك سانى مەخسۇس قوشۇمچىغا ئىگە ئەمەس.

بۇيرۇق مەيلىنىڭ بىرىنچى شەخسى ئۆزىنىڭ مەنىسى يېقىدىن ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى شەخسلەردىن خېلى پەرقلىنىدۇ. بۇ يەردە توغرىدىن-توغرا بۇيرۇق، پەرمان يوق، چۈنكى بىرىنچى شەخسكە قارىتىلغان ئىش-ھەرىكەتنى ئورۇنلاشقا دەۋەت قىلغۇچى، بۇيرىغۇچى — بىرىنچى شەخسنىڭ ئۆزى. تەبىئىكى، بۇ يەردە "ئۆزىگە-ئۆزى بۇيرۇش" مەنىسى توغرىلىق ئەمەس، خالاش، بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلىش، كىرىشىش، قارار قىلىش مەنىلىرى توغرىلىق ئېيتقان ئۇكۇشلۇق.

بۇيرۇق مەيلىنىڭ بىرىنچى شەخسى پېئىل ئاساسلىرىغا سوزۇق تاۋۇشلاردىن كېيىن "-ي"، ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن كېيىن "-ئاي، -ئەي" قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: قارا-ي، ئىشلەي، ئالدۇر-اي، بىلدۈر-ەي، تاشلىۋېت-ەي، كۆرۈۋال-ئاي....

بىرىنچى شەخس بۇيرۇق مەيىل پېئىللىرىنىڭ كۆپلۈك سان تۈرى بىرلىك سان فورمىسىدىن كېيىن "-لى (جانلىق تىلدا-لۇق)"

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ: بار ـ ئاي ـ لى، كېل ـ ئەي ـ لى، قاراي ـ لى، كورست ـ ئەي ـ لى، بار ـ ئاي ـ لۇق، كور ـ ست ـ ئەي ـ لۇق، كورۇۋال ـ ئاي ـ لۇق....

## ئېنىق مەيىل

پېئىلنىڭ بىرقانچە كاتېگورىيىلىرىنىڭ، مەسىلەن، پېئىل دەرىجە-لىرىنىڭ، شۇنداقلا مەيىللەرنىڭ تۈرلەرگە بولۇنىشىدە بايقىلىدىغان بىر نەرسە شۇكى، تۈركى تىللار گىراماتىكىلىرىدا مۇشۇ كاتېگورىيە-لەردىن تاشقىرى تۈرىدىغان فورمىلارمۇ شۇ كاتېگورىيىنىڭ فورمىسى سۈپىتىدە قارىلىدۇ. مەسىلەن، كوپ ئەسەرلەردە پېئىل دەرىجىلىرىنىڭ قاتارىغا ئۆزلۈك، ئورگە، مەجبۇر، ئوملۇك دەرىجىلىرى بىلەن بىللە "تۈپ" (ياكى بەزى ئەسەرلەردە: "ئاساسى") دەرىجە فورمىسىمۇ كىر-گۈزىلىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، دەرىجە فورمىلىرى قاتارىغا ھېچقانداق دەرىجە قوشۇمچىلىرى بىلەن مۇرەككەپلەشمىگەن، دىمەك دەرىجە كاتېگورىيىسىدىن تاشقىرى تۇرغان فورمىلارمۇ كىرگۈزۈلگەن. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئېنىق مەيىل فورمىسىمۇ مەيىل كاتېگورىيىسىگە نىسبە-تەن دەسلەپكى فورما ياكى نوللىك فورما بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېنىق مەيىل فورمىلىرى توغرىلىق ئېيتقاندا، ھەقىقەتتە مەيىل توغرىلىق ئەمەس، پېئىل زامانلىرى توغرىلىقلا سوز بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئېنىق مەيىل دەپ ئاتالغان فورمىلارنىڭ ھەممىسى زامان كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

## خالاش مەيىل

خالاش مەيىلنى تەشكىل قىلغۇچى پېئىللار سۇبيېكتىنىڭ ئارزۇسىنى، نىيىتىنى، خاھىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: مېنىڭ بۈگۈن كەتكىم بار.

ئۇنىڭ سېنى كۆرگۈسى كەلدى. بۈگۈن كۈن ئېچىلىپ كەتكەندى. ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى ئۇنتۇپ قالمىغىدىم. ئۇلار بۈگۈن كەلسىدى...

خالاش مەيلى ئۈچ خىل مورفولوگىيىلىك فورمىغا ئىگە:

1. خالاش مەيلى پېئىل ئاساسلىرىغا "-غۇ(-گۇ، -قۇ، -كۇ)" قوشۇمچىسى بىلەن شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىپ، ئاندىن كېيىن "كەل-" ياردەمچى پېئىلىنىڭ ياكى "بار، يوق" سۆزلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ: ئۇققۇغۇم (ئۇق-قۇ-غۇ-م) كېلىدۇ، كەتكۈلۈك (كەت-كۈ-لۈك) يوق، ئېيتقۇسى (ئېيت-قۇ-سى) بار...

2. پېئىل ئاساسلىرىغا -غاي (-گەي، -قاي، -كەي) قوشۇمچىسى بىلەن "ئى-" ياردەمچى پېئىلىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق: ئالغىدىم (ئال-غاي-ئىدىم)، بارغىدىڭ (بار-غاي-ئىدىڭ)، كەتكىدىڭلار (كەت-كەي-ئىدىڭلار)...

3. پېئىل ئاساسلىرىغا "سا (-سە)" قوشۇمچىسى بىلەن "-ئى" ياردەمچى پېئىلىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق: ئالسىدىم (ئال-سا-ئىدىم)، بارسىدىڭ (بار-سا-ئىدىڭ)، كۆرسىدى (كۆر-سە-ئىدى)...

خالاش مەيلىنىڭ ئىككىنچى تۈرىدە شەخس قوشۇمچىلىرى پەقەت "ئى-" ياردەمچى پېئىلىدىن كېيىنلا ئۇلىنىدۇ. ئۈچىنچى تۈرىدە بولسا، "ھەم -سا" قوشۇمچىسىدىن كېيىن، ھەم "ئى-" ياردەمچى پېئىلىدىن كېيىن ئۇلىنىۋېرىدۇ: بارسىدىم — بارسام ئىدى، كەلسىدىڭ — كەلسەڭ ئىدى. جانلىق تىلدا شەخس قوشۇمچىلىرى ھەتتا ئىككى يەردە، تەكرارلىنىپ ئېيتىلىشىمۇ مۇمكىن: بارسام ئىدىم، كەلسەڭ ئىدىڭ...

خالاش پېئىللىرىنىڭ شەرت پېئىل قوشۇمچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ياسالغان تۈرى بەزىدە "ئىدى" ياردەمچى پېئىلسىزمۇ ئۇچرىشىدۇ. بۇ ھالەتتە خالاش مەيلىنىڭ مەنىسى ئۈندەش ئىنتوناتسىيىسى ئارقىلىق بېرىلىدۇ ۋە "-سا، -سە" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خالاش مەيىل فورمىسى پەقەت ئاددى جۈملە تەركىۋىدە قوللىنىلىدۇ (مۇرەككەپ جۈملە تەركىۋىدە ئىشلىتىلگەن بۇ فورما پەقەت شەرت مەيىلنى ھاسىل قىلىدۇ): مۇشۇ كوك چىمەنلىكتە ياتسا!

خالاش پېئىللىرىدا ئىپادىلەنگەن ئىش-ھەرىكەت، ئادەتتە، كېلىدىغان زامان مەنىسى بىلەن باغلاشتۇرۇلىدۇ. ۋاھالەنكى، خالاش پېئىللىرى، شەرت، گۇمان، مەقسەت مەيىللىرىگە ئوخشاشلا، زامان كاتېگورىيىسىگە ئالاقىدار ئەمەس. ئەگەر "بارغىسى كەلدى، بارغىسى كېلىدۇ، ئۇقۇغۇسى بار، كەتكىسى يوق، بارغىسى كېلەتتى، بارغىدى، كەلسىدى" دېگەن مىساللارنى ئالساق، خالاش مەيىل مەنىسىنى پەقەت "بارغىسى، ئوقۇغۇسى، كەتكىسى، بارغاي، كەلسە" دېگەن سۆزلەرلا بېرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىدىن كېيىن كەلگەن پېئىللارسىز ياكى "بار، يوق" دېگەن سۆزلەرسىز خەۋەرمەنىسىگە ئىگە بولالمايدۇ. خەۋەر مەنىسىگە ئىگە بولمىغان سۆزنىڭ پېئىللىق مەنىسى، دېمەك، زامان مەنىسى بولمايدۇ.

خالاش مەيىل تۈزۈلىشى:

1) شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان "-غۇ (-گۇ، -قۇ، -كۇ) قوشۇمچىسى بىلەن "كەل-، بار، يوق" سۆزلىرىدىن؛

2) "-غاي" ياكى "-سا" قوشۇمچىسى بىلەن "-ئى" ياردەمچى پېئىلدىن ئىبارەت: "بار-غۇ-م (-ڭ، -ڭىز، -سى) كېلىدۇ؛ بار-غۇ-م بار (يوق)؛ بار-غاي-ئىدى، بار-سا-ئىدى." دېمەك، "بارغۇم كېلىدۇ (ياكى بارغىم بار، بارغىم يوق)، بارغىدى. بارسىدى" دېگەن تۈزۈلۈشلەرنى پۈتۈن ئالغاندىلا مەيىل (ۋە خەۋەر) ھاسىل بولىدۇ. لېكىن زامان مەنىسىنى بۇ يەردە مەيىل فورمىسى بىلەن باغلاشتۇرۇش ناتوغرا، چۈنكى زامان مەنىسى خەۋەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان "بار" ۋە "يوق" دېگەن سۆزلەرسىز ئېنىق مەيىل فورمىسىدىكى "كەل-، ئىدى" ياردەمچى پېئىللىرىسىز

بىرىلمەيدۇ.

خالاش مەيىل پېئىللىرىنىڭ قاتارىغا "ــ غاي ــ مەن، ــ غاي ــ سەن" ئارخائىك فورمىسىمۇ كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. بۇ فورما مەنە يېقىدىن "ئالاي، ئالسۇن" بۇيرۇق پېئىللىرىغا بىر قەدەر يېقىنلىشىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ بۇيرۇق پېئىللاردىن پەرقى شۇكى، ئۇلاردا بۇيرۇق مەنىسىگە قارىغاندا تىلەك، نىيەت، ئارزۇ، بەزىدە ئىلتىماس مەنىلىرى بېسىم. مەسىلەن: كوپ ياشىغايسىز. بىزدىن سالام ئېيتقايسىز. ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرار مەن، ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى، كوز يېشىم دەريا بولۇپ، بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى (فولك.)

## شەرت مەيىل

شەرت مەيىل بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىشى ئىككىنچى بىر ھەرىكەتكە باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، بىر ھەرىكەت ئىككىنچى ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش شەرتى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن: ئەگەر ئۇلار ئويدە ئولتۇرسا، دېرىزىنى ئېچىپ تىڭشايتتى. (م. گ.) دوستۇڭنى بىلمەكچى بولساڭ، سەپەرگە چىق. (ماقال.) نىمە تەرسەڭ، شۇنى ئورۇيسەن. (ماقال.).

شەرت مەيىل پېئىل ئاساسىغا "ــ سا (ــ سە)" قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. لېكىن مەنە يېقىدىن "ــ سا (ــ سە)" قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن پېئىللارنىڭ ھەممىسىلا شەرت مەيىل كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلىۋەرمەيدۇ. بۇ مەيىل فورمىسىنى ھاسىل قىلىدىغان بىردىن ـ بىر شەرت ــ مۇرەككەپ جۈملە تۈزۈلىشى: شەرت مەيىل فورمىسى ئادەتتە بېقىندا جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئاددى جۈملە تەركىۋىدە كەلگەن مۇنداق پېئىللار، ئۆزلىرىنىڭ فورمىسى جەھەتتىن شەرت مەيىلگە ئوخشاش بولۇشىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاردىماي، شەرت مەيىل كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلمايدۇ. مەسىلەن: "مۇشۇ چىمەنلىكتە يېتىپ دەم ئالسا كىشى! بۈگۈن بىر يامغۇر يېغىۋەتسىدى! ئالېكساندىرا گىئورگىيېۋنا بولسا، كېچىچە دىگۈدەكلا ئۇخلىماي، يولىنىڭ تەرەددۇتىنى قىلدى. (ھ. ئا.)" مۇشۇ ئۈچ جۈملىدىكى "ئالسا، يېغىۋەتسە، بولسا" دىگەن سۆزلەرنىڭ تاشقى فورمىسىغا قاراپلا، ئۇلارنى شەرت مەيىلگە كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ. شەرت مەيىل پەقەت مۇرەككەپ جۈملىدىلا مەۋجۇت، چۈنكى ئۇ مۇرەككەپ جۈملىنىڭ باش جۈملىسىدە ئېيتىلغان ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ شەرتىنى بىلدۈرىدۇ.

شەرت مەيىل باشقا فورمىلارنىڭ ياردىمى بىلەنمۇ ياسىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، شەرت مەيىلنىڭ ۋەزىپىسىنى "ـ غاندا (ـ گەندە ـــ قاندا، ـــ كەندە)" مۇرەككەپ قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان پېئىل تۈزۈلىشى تولۇق ئاتقۇرالايدۇ: سەن بىز بىلەن بارغاندا ياخشى بولاتتى. يامغۇر يېغىپ كەتمىگەندە، بىز بۈگۈن باراتتۇق.

## گۇمان مەيىل

گۇمان مەيىل ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىغى ئىككى تايىن، شۈبھىلىك ئىكەنلىگىنى بىلدۈرىدۇ. گۇمان مەيىل ئىككى خىل مورفولوگىيىلىك فورما ئارقىلىق ياسىلىدۇ:

1. پېئىل ئاساسىغا سۈپەت پېئىللارنىڭ "ـ ر (سوزۇق تاۋۇشتىن كېيىن)"، "ـ ئار، ـ ئەر (ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن كېيىن)" قوشۇمچىلىرى بىلەن شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بولۇشسىز تۈرى پېئىل ئاساسىغا "ـ ما، ـ مە" ئاندىن كېيىن "ـ س" قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇ بۈگۈن كېلىپ قالار. مەن بارغىچە كېتىپ قالماس. ھەر ھالدا، مېنىڭ پەمىمچە، ئۇلار

ۋاقىتنى بىكار ئۆتكەزمەس دەيمەن. (ئو.م.)

گۇمان مەيلىنىڭ بۇ شەكلى ھەرقاچان سوئال ئىنتوناتسىيىسى بىلەن ئېيتىلىدۇ. ئەگەر سوئال ئىنتوناتسىيىسى بولمىسا، دىمەك، ئىش-ھەرىكەتنىڭ بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى شۈبھە بىلەن ئەمەس، ئۈزۈل-كېسىل ۋە ئېنىق ئېيتىلسا، بۇ فورما گۇمان مەيلىنى ھاسىل قىلمايدۇ. مەسىلەن: "مەسلىھەتلىك ئىش بۇزۇلماس، كەڭ تون يىرتىلماس. (ماقال.) تەرسەك، ئورارسەن. (ماقال.) بىلگەن ئادەم بىلىمگە ئىشىنەر، بىلمىگەن نىمىسىگە ئىشىنەر. (ماقال.)" بۇ يەردىكى "بۇزۇلماس، يىرتىلماس، ئورارسەن، ئىشىنەر" دىگەن پېئىللار "بۇزۇلمايدۇ، يىرتىلمايدۇ، ئورۇيسەن، ئىشىنىدۇ" دىگەن مەنىدە ئېيتىلغان.

2. گۇمان مەيلىنىڭ ئىككىنچى فورمىسى پېئىل ئاساسىغا ئۇلىنىدىغان "-غان (-گەن، -قان، -كەن)" ۋە "-دۇ" قوشۇمچىلىرىدىن ئىبارەت. شەخس قوشۇمچىلىرى بۇ قوشۇمچىلارغا ھەر خىل ئۇلىنىدۇ: بىرىنچى شەخس قوشۇمچىسى "-غان-دۇ" قوشۇمچىسىدىن كېيىن، ئىككىنچى شەخس قوشۇمچىسى "-غان" ۋە "-دۇ" قوشۇمچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ؛ ئۈچىنچى شەخسنىڭ ئالاھىدە كۆرسەتكۈچى يوق. مەسىلەن: ئۇلار بۇ چاققىچە يېتىپ بارغاندۇ. مەن كىتاۋىمنى سىلەرنىڭ ئۆيىدە ئۇنتۇپ قالمىغاندىمەن؟ بەلكى، شۇ تاپتا ئۇلار قىزىق-قىزىق پاراڭ سېلىشىۋاتقاندۇ، ياكى ئالما تۆۋىدىكى چىملىقتا ئولتۇرۇپ، يىللىق سىناشقا تەييارلىنىۋاتقاندۇ. (ئو. م.)

كىم بىلىدۇ، بەلكى،
ھەر يازدا
ئۇمە رىكىلەر دەپ كۈتىدىغانسەندۇ
كىم بىلىدۇ، بەلكى،
بىز ئوينىغان بۇلاق تۆۋىدىن
ھەر تاڭدا بىر ئۆتىدىغانسەندۇ.

(ئو. م.)

www.uyghurkitap.com

## مەقسەت مەيلى

مەقسەت مەيىل فورمىسىدا قوللىنىلغان پېئىللارنىڭ ئۇقتۇرىدىغان ھەركىتى، ھالىتى سۇبيېكتىنىڭ مەقسىدىنى، نىيىتىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇغىلى كەلدىم، ئۇ كەتمەكچى.

مەقسەت مەيىل ئىككى خىل مورفولوگىيىلىك فورمىغا ئىگە:

1. پېئىل ئاساسىغا "ـ غىلى (ـ گىلى، ـ قىلى، ـ كىلى)" قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ، مەقسەت ئوبيېكتى پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا خەۋەرلىك خۇسۇسىيەت بېرىدىغان مۇناسىۋەتلىك پېئىل ئېيتىلىدۇ. شەخس قوشۇمچىلىرى پەقەت شۇ پېئىلغىلا ئۇلىنىدۇ: كۆرگىلى كەلدىم، كۆرگىلى كەلدىڭ، كەتكىلى يۈرىمىز، كەتكىلىۋاتىدۇ...

كۆپ ۋاقىتلاردا مەقسەت پېئىلىنىڭ "ـ غىلى" قوشۇمچىسىنىڭ ئورنىغا خالاش مەيىل فورمىسى بىلەن ئېيتىلغان "دەپ" پېئىلى (بارـ ئاي دەپ) ياكى مەقسەت قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان ھال پېئىل فورمىسى بىلەن "دەپ" پېئىلى (بارـ ئاـ مەن دەپــ بارىمەن دەپ) ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: كۆرگىلى كەلدىمــ كۆرەي دەپ كەلدىمــ كۆرىمەن دەپ كەلدىم.

2. مەقسەت مەيلىنىڭ ئىككىنچى تۈرى پېئىل ئاساسىغا "ـ ماقچى (ـ مەكچى)" قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: مەن ئەتە ماڭماقچىمەن. يىغىندىن كېيىن مەكتەپ باللىرى ئۆزلىرىنىڭ تەييارلىغان ئويۇنىنى قويۇپ بەرمەكچى بولدى. (ھ. ئا.)

"ــ ماقچى (ــ مەكچى)" قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان مەقسەت مەيىل پېئىللىرى مەقسەت قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بولۇشسىز تۈرى "ئەمەس" سۆزى ئارقىلىق ياسالغانلىقتىن، شەخس قوشۇمچىلىرى شۇ "ئەمەس" سۆزىگە ئۇلىنىدۇ: كەتمەكچى

ئەمەسمەن، كەتمەكچى ئەمەس.

## زامان كاتېگورىيىسى

پېئىل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ھەرقانداق ھەركەت، ھالەت، ئادەتتە، بىرەر ۋاقىتقا باغلىق بولىدۇ. بىرەر ھەركەت ياكى ھالەت توغرىلىق سوز بولىۋاتقان ۋاقىتقا (نۇتۇق مومېنتىغا) نىسبەتەن ئىش-ھەركەتنىڭ ئىلگىرى بولۇشى ياكى كېيىن بولۇشى مۇمكىن ياكى ئۇنىڭ شۇ سوز ئۇستىدە، ھازىر بولىۋاتقانلىقى تەكىتلىنىشى مۇمكىن. پېئىللارنىڭ ۋاقىتقا باغلىق بولغان بۇ مەنىلىرى تىلدا زامان كاتېگو-رىيىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

پېئىل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ھەركەتنىڭ نۇتۇق مومېنتىغا مۇنا-سىۋىتى جەھەتتىن ئالغاندا، پېئىل زامانلىرى ئاساسەن ئۈچكە بولىنىدۇ:

1. پېئىل ھەركىتىنىڭ ياكى ھالىتىنىڭ نۇتۇق مومېنتى بىلەن دۇچ كېلىشى — ھازىرقى زامان؛

2. پېئىل ھەركىتىنىڭ، ھالىتىنىڭ نۇتۇق مومېنتىدىن كېيىن بولىدىغانلىقى — كېلىدىغان زامان؛

3. پېئىل ھەركىتىنىڭ نۇتۇق مومېنتىدىن ئىلگىرى بولغانلىقى — ئوتكەن زامان.

ھەر بىر زامان مەنىسى پېئىلنىڭ مەلۇم گىراماتىكىلىق فورمىلىرى ئارقىلىق بېرىلىدۇ: مەسىلەن، ھازىرقى زامان "-ئا (-ئە، -ي)" قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن ھال پېئىللارغا شەخس قوشۇمچىلىرى-نىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ: مەن شەھەردە تۇرىمەن (تۇر-ئا-مەن)، ئۇ ئويىدە ئولتۇرىدۇ (ئولتار-ئا-دۇ)، سىلەر نەدە يۇرىسىلەر؟ (يۇر-ئە-سىز-لەر)، ئۇ كولخوزدا ئىشلەيدۇ (ئىشلە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تارقىتىش

ي ـ دۇ).

كوپ ۋاقىتلاردا ھازىرقى زامان مەنىسى ھال پېئىل شەكلىدە كەلگەن ”يات ـ“ ياردەمچى پېئىلىنىڭ ”ـ ۋات ـ“ بولۇپ قىسقارغان تۈرى ئارقىلىق بىرىلىدۇ: مەن زاۋۇتتا ئىشلەۋاتىمەن (ئىشلەپ ـ يات ـ ئا ـ مەن)، ئۇ ئىشتىن كېلىۋاتىدۇ (كېلىپ ـ يات ـ ئا ـ دۇ).

ئۆتكەن زامان مەنىسىنى پېئىل تومۇرىغا ئۇلانغان ”ـ دى (ـ تى)“ قوشۇمچىسى (ۋە شەخس قوشۇمچىلىرى) بىلدۈرىدۇ: كەل ـ دى ـ ئىم، كەل ـ دى ـ ئىڭ، كەل ـ دى، بار ـ دۇ ـ ق، ئېيت ـ تىڭلار...

لېكىن زامان كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلىشتا گىراماتىكىلىق ئۇسۇللاردىن باشقا پېئىلنىڭ لېكسىكىلىق خۇسۇسىيىتىمۇ مەلۇم رول ئاتقۇرىدۇ. مەسىلەن، كېلىدىغان زامان ئۆزىنىڭ فورمىسى يېقىدىن ھازىرقى زاماندىن پەرقلەنمەيدۇ. ئەمما كېلىدىغان زامان مەنىسىنى ھازىرقى زامان پېئىللىرىنىڭ فورمىسى (”ـ ئا، ـ ئە، ـ ي“ قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىللار بىلەن شەخس قوشۇمچىلىرى: يۈر ـ ئە ـ مەن) ئەمەس، پېئىل فورمىسىنىڭ ئۆز لېكسىكىلىق خۇسۇسىيىتى بېرىدۇ. مەسىلەن، ”ـ ئا (ـ ئە، ـ ي)“ قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىللار كېلىدىغان زامان مەنىسىنى ئاڭلاتقاندا، ئۇ پېئىللار، ئادەتتە، تۈگىگەن، ئاياقلاشقان ھەركەتنى بىلدۈرىدۇ، دېمەك، مۇنداق فورمىدىكى پېئىللار (”ـ ئا، ـ ئە، ـ ي“ قوشۇمچىلىق ھال پېئىللار) ئۆزلىرىنىڭ شۇ ھال پېئىل فورمىسىدا قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۈگىگەن ھەركەتنى بىلدۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى ئۈچۈن كېلىدىغان زامان مەنىسىنى بىلدۈرەلەيدۇ.

ئەگەر ”كېلىمەن“ دېگەن پېئىلنى ئالساق، ئۇنىڭ مەلۇم بىر جۈملىدىن سىرت تۇرغان ھالەتتىكى بېرىدىغان زامان مەنىسىنى

بىلىشكە بولمايدۇ. بۇ پېئىلنى "مەن ئىشتىن كېلىمەن" دېگەن جۈملىدە قوللىنىپ، ھازىرقى زامان مەنىسىدە ئىشلىتىمىز-دە، "ئەتە كېلىمەن" ياكى "سوزسىز كېلىمەن" دېگەن جۈملىلەردە قوللىنىپ، كېلىدىغان زامان مەنىسىدە ئىشلىتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن "-ئا (-ئە، -ي)" قوشۇمچىلىق ھال پېئىل شەكلىدە قوللىنىلغان پېئىللارنىڭ زامان مەنىسى شۇ پېئىللارنىڭ لېكسىكىلىق خۇسۇسىيىتىگە باغلىق ئېنىقلىنىدۇ.

## ھازىرقى زامان

پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان كاتېگورىيىسى ئىش-ھەرىكەتنىڭ نۇتۇق مومېنتىدا، ھازىر بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: نامايىشچىلار مەيدانغا قاراپ كېتىپ بارىدۇ. كولخوزنىڭ قويلىرى يان باغىردا ئوتلاپ يۈرىدۇ. ئەمەت كونسېرتتا ئېيتىدىغان بىر ناخشىنى ئۆگىنىۋاتىدۇ. (ج. ب.) تۆرلۈك يۈك ماشىنىلىرى ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا ئۆتمەكتە. بىزنىڭ كولخوزنىڭ چارۋىچىلىقى ئۆسمەكتە.

ھازىرقى زامان مەنىسىنى بېرىدىغان پېئىل فورمىلىرى ئىككى خىل:

1) پېئىل ئاساسىغا ئۇلىنىدىغان "-ئا (-ئە، -ي)" قوشۇمچىسى بىلەن شەخس قوشۇمچىلىرى: تۇر-ئا-مەن-تۇرىمەن، ئولتار-ئا-دۇ-ئولتۇرىدۇ...

2) پېئىل ئاساسىغا ئۇلىنىدىغان "-ماقتا، -مەكتە" قوشۇمچىلىرى: كۈنلەر ئىسسىپ كەلمەكتە. كولخوزچىلار چوپ چاپماقتا، ئۇ سوزنى داۋام قىلماقتا.

ھازىرقى زامان پېئىللىرىنىڭ "-ئا، -ئە" قوشۇمچىلىق ھال پېئىل شەكلىدە كەلگەن تۈرىنىڭ بولۇشسىزلىق فورمىسى پەقەت "-ي" قوشۇمچىسى ئارقىلىقلا ياكى بولمىسا "يوق" سوزىنىڭ

ياردىمى بىلەن ياسىلىدۇ: "خەت يېزىپ ئولتۇرىمەن — ئولتارمايمەن، ئۆيدىن كېلىۋاتىمەن — كېلىۋاتمايمەن" ۋە باشقىلار. بولۇشسىزلىق فورمىسى "يوق" سۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن ياسالغاندا، پېئىل ئاساسىغا "-قىنى (-غىنى، -كىنى، -گىنى)" قوشۇمچىسى بىلەن شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ: ئوقۇپ ئولتۇرىمەن — ئولتارغىنىم يوق، كېلىۋاتىمەن — كېلىۋاتقىنىم يوق...

"-ئا (-ە، -ي)" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسىلىپ، شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان پېئىل فورمىلىرى پەقەت ئاياقلاشمىغان، تېخى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان، بولۇۋاتقان ھەرىكەتنى بىلدۈرگەندىلا ھازىرقى زامان مەنىسىنى ئاڭلىتىدۇ. ھازىرقى زاماننىڭ مۇشۇ مەنىسى ھەرىكەتنىڭ نۇتۇق مومېنتىدا دۇچ كېلىشىنى بىلدۈرىدىغان ۋە ھازىرقى زامان كاتېگورىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئومۇمى ۋە ئاساسى مەنە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن كونتېكستقا باغلىق ھازىرقى زامان مەنىسىگە قوشۇمچە نۇسخىلەرنىڭ (ئەمما ئاساسى زامان مەنىسىنى ئۆزگەرتىپ كەتمەيدىغان قوشۇمچە مەنىلەرنىڭ، نۇسخىلەرنىڭ) پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

"-ئا (-ە، -ي)" قوشۇمچىسى بار ھال پېئىللار ئارقىلىق ياسالغان ھازىرقى زامان مەنىسىگە جۈملىنىڭ كونتېكستى تۆۋەندىكى قوشۇمچە مەنىلەرنى بېرىشى مۇمكىن.

1) ھازىرقى زامان پېئىلى بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ شۇ ئىش-ھەرىكەت توغرىلىق سۆز بولۇۋاتقان مەزگىلگە دەل، توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ...بوسۇغىدا تۇرغان ئادەمگە ھەمىشىلا تىكىلىپ قاراپ قالدى. پەقەت ئۇ "بۇ مەن، ئارۇپ، تونىمايۋاتامسىز؟!" دېگەندىلا، ۋېرا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئارۇپنىڭ ئالدىغا ماڭدى. (ھ. ئا.) قاراڭغۇ، ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدۇ، كىرىڭ ئاكا.. قورقۇۋاتىمەن. (ئا. س.)

ت) ھازىرقى زامان پېئىلى ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئىش-ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھالەتتە پېئىل بۇنىڭدىن ئىلگىرى باشلىنىپ، ھازىر داۋام قىلىۋاتقان ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋام قىلىشى مۇمكىن بولغان ئىش-ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئۇزاقلىقى كونتېكستتا بايقىلىدىغان ھەر خىل بولىدۇ: ھەرىكەتنىڭ بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ياكى بىر نەچچە مىنۇت ئىلگىرى باشلانغان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئوغلۇم ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇيدۇ (ياكى: ئوقۇپ يۈرىدۇ، ئوقۇۋاتىدۇ). مەن زاۋۇتتا ئىشلەيمەن. ئۇلار موسكۋادا تۇرىدۇ. ئۇ بىزنىڭكىگە كېلىپ تۇرىدۇ.

ج) ھازىرقى زامان پېئىلى جۈملىدە ئىگىگە خاس بولغان ۋە ئىگىنىڭ تۇراقلىق خۇسۇسىيىتىنى كۆرسىتىدىغان ئىش-ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: دۇنيادا ئەڭ ياخشى ئاتلار ئەرەپلەردە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى، ئۇلار، ئۇششاق باللىرىنى بالا باقىدىغان ئايالغا تاپشۇرغاندەك، قويۇپ كېتىۋېرىدۇ. ئۇنداق ئات چايانىمۇ تۇيغى بىلەن يانچىپ ئۆلتۈرىدۇ، ياۋايى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىمۇ تېپىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئەگەر بىرەر بالا ئۆملەپ بېرىپ تىكەنلىككە كىرىپ كەتكۈدەك بولسا... ئات ئۇنى كەينىگە قايتۇرۇپ ئېلىپ كىرىدۇ. ئات ئىگىسىنى كىملەپ، قايغۇدىن ئۆلۈپمۇ قالىدۇ، ئەدىمىقىدەك ياش تۆكۈپ، يىغلاپمۇ ۋېتىدۇ. (ئا.ك.) ئانا بولغاندىن كېيىن، خاتالىرىمىزنى كۆرسىتىدۇ، ۋاقىرايدۇ. (ج. ب) بېلىق سۇدا ئۈزىدۇ.

"...ماقتا، ...مەكتە" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھازىرقى زامان پېئىللىرى ھازىر بولىۋاتقان داۋاملىق ئىش-ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەنە بېيىقىدىن بۇ فورما يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن "...ئا (...ە، ...ي)" شەكىلدىكى ھال پېئىللار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان زامان مەنىسىنىڭ ئىككىنچى تۈرىگە يېقىن: "...ماقتا، ...مەكتە" فورمىسى ئىش-ھەرىكەتنىڭ سۆز بولىۋاتقان مومېنتتىن ئىلگىرىرەك باشلىنىپ، ھازىر داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋام

قىلىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن بۇ فورمىدا ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ داۋام قىلىشى، سوزۇلۇشى ئادەتتە قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدىلا بولىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر "مەن ئىنىستىتۇتتا ئوقۇۋاتىمەن، ئۇ زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ" دېگەن جۈملىلەردە "ئوقۇۋاتىمەن، ئىشلەيدۇ" پېئىللىرى كۆپرەك ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرەلەيدىغان بولسا، "-ماقتا، -مەكتە" فورمىسى ئادەتتە قىسقا مۇددەت ئىچىدە بولىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ: "ئۇ زاۋۇتتا ئىشلەۋاتماقتا، مەن ئىنىستىتۇتتا ئوقۇۋاتماقتىمەن" دەپ ئادەتتە ئېيتمايمىز. بۇ فورمىدا ھەرىكەتنىڭ ئۇتتۇق مومېنتىدىن ئىلگىرىرەك باشلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىر ئاز داۋام قىلىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش مەنىسىگە قارىغاندا، ھەرىكەتنىڭ ھازىر، ئۇتتۇق مومېنتى ئۈستىدە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈش مەنىسى بېسىم كېلىدۇ. مەسىلەن: تىياتىرنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى تەنەپپۇس زالى يوپ-يورۇق ۋە چىرايلىق. ئۇنىڭدىكى ئورغۇنلىغان سۈرەتلەر ۋە ئۇنىڭ گۈل چېكىلگەن تاملىرى... ئۇنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ كۆرسەتمەكتە، سۈرەتلەرگە ئادەملەر زوقلىنىپ قارىشىپ، ئۇياق-بۇياققا مېڭىشىپ يۈرمەكتە. («دوستلۇق») لېكىن "ئادۋوكات" ئەمدى ئۇنى ئۇچرىتىشىغا ھېچبىر شۈبھىلەنمىگەن ھالدا، قىزلارنى ئۆيىگە كىرگۈزۈۋېتىپ قايتقاندىمۇ، ئۆزىنىڭ تەنتەنىلىك كەيپىياتىنى داۋام قىلماقتا، ...ئۇلارمۇ بەختلىك ئاتا-ئانىسىنىڭ بىر-بىرىگە بولغان مېھرىۋانلىقىنى ئۆگىنىۋېتىپ، ئەركىن ئۆسمەكتە. (ھ. ئا.)

ھەر خىل تۈركى تىللارنىڭ ئىلمىي گىرامماتىكىلىرىدا ياكى پېئىل زامانلىرىغا بېغىشلانغان مەخسۇس ئەسەرلەردە، ماقالىلاردا "-ئا (-ئە، -ي)" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىل فورمىسى كۆپىنچە ھەم ھازىرقى زامان، ھەم كېلىدىغان زامان كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلغۇچى پېئىللار سۈپىتىدە قارىلىدۇ. بۇ پېئىل فورمىسى ئايرىم، ھەتتا ھازىرقى زامان كاتېگورىيىسىدىن تامامەن چىقىرىلىپ تاشلىنىدۇ-دە، پەقەت پېئىلنىڭ كېلىدىغان زامان فورمىلىرى

بىلەن بىللە قارىلىدۇ. مۇنداق ھەر خىللىقنى تۈركىي سىستېمىسىدىكى بىر تىل بىلەن ئىككىنچى تىلنىڭ ئارىسىدىلا ئەمەس، ھەتتا بىر تىلنىڭ ئۆزىدىمۇ كۆرۈش مۇمكىن. مەسىلەن، ئۆزبېك تىلىنىڭ ئىلمىي گىرامماتىكىسىدا مەزكۇر فورما پەقەت ھازىرقى زامان مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ۋاستە دەپ قارىلىپ، كېلىدىغان زامان بولمىسا ئۇ قوشۇمچە توغرىلىق ھېچ سۆز بولمايدۇ. ئەمدى ج. جورايېۋانىڭ ئۆزبېك تىلىدىكى كېلىدىغان زامان كاتېگورىيىسىگە بېغىشلانغان دىسسېرتاتسىيىسىدە بۇ قوشۇمچە كېلىدىغان زامان مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ۋاستىلار قاتارىدا قارىلىدۇ.

قازاق تىلىدىكى پېئىل زامانلىرى توغرىلىق يېزىلغان ئەسەرلەردە ھال پېئىلنىڭ بۇ فورمىسى ئىككى زاماننىڭ — ھەم ھازىرقى، ھەم كېلىدىغان زامانلارنىڭ كۆرسەتكۈچى دەپ ھىساپلىنىدۇ. مەسىلەن، قازاق تىلىنىڭ ئىلمىي گىرامماتىكىسىدا "-ئا (-ئە، -ي)" قوشۇمچىسى كېلىدىغان زامان كۆرسەتكۈچى دەپ ھىساپلىنىدۇ-دە، ھازىرقى زامان پاراگرافىدا "ھازىرقى-كېلىدىغان زامان" دەپ ئاتىلىدۇ.

## كېلىدىغان زامان

كېلىدىغان زامان پېئىللىرى ئىش-ھەرىكەتنىڭ شۇ ئىش-ھەرىكەت توغرىلىق سۆز بولۇۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: "مەن كەتمەكچىمەن، تولا بارماقچى، ۋاقتىم بولسا، كېلەرمەن. بىلگەن بىلگىنىنى قىلار، بىلمىگەن نېمە قىلار. (ماقال.) بۈگۈن سائەت بەشتە كېلىدۇ، بىز ئەتە كېتىمىز" ۋە باشقىلار.

كېلىدىغان زامان كاتېگورىيىسىنىڭ گىرامماتىكىلىق فورمىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

www.uyghurkitap.com

1. پېئىل ئاساسلىرىغا ئۇلىنىدىغان "-ماقچى (-مەكچى)" قوشۇمچىسى+شەخس قوشۇمچىلىرى. مەسىلەن: ئېيت-ماقچى-مەن، كەت-مەكچى-مىز، بار-ماقچى، ئوقۇ-ماقچى-سەن. كاپىتان ئالتىپتىنىڭ ئۇنۇڭۇن ئالما دېگەن ئۈچ تېرىسىنى ئالماقچى. (ت. س.) مەن ئۆيگە قايتماقچىمەن. سەن نەگە بارماقچى؟

2. پېئىل ئاساسلىرىغا ئۇلانغان ھال پېئىل قوشۇمچىسى "-ئار (-ئەر)"-+شەخس قوشۇمچىلىرى. مەسىلەن: ئەگەردە كۆلخوزۇڭ چېپىشتا ئۇتسە، مەيدەڭگە سوزلەر تىزارمەن، چېچەكتىن چىرايلىقنى تاللاپ. (ئو. م.) كەچ بولۇپ قالسا، بارارمەن. يىللار ئۆتەر، بىز ھىمالايانىڭ چوققىسىغا چىقىپ، گۈزەل ناخشىلىرىمىزنى يەنە ئېيتارمىز. (ئو. م.) ئەگەر ئۆلسەم، چېلىشتىلا ئۆلەرمەن، زايا قىلماي شېھىر يازغان قېنىمدىن... چېچەك ئېرەرسەن مىنىڭ سويگەن سېپىمدىن. (ئو. م.)

"-ماقچى (-مەكچى)" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان كېلىدىغان زامان پېئىللىرىنىڭ بولۇشسىزلىق تۈرى پەقەت "ئەمەس" دېگەن سوزنىڭ ياردىمى بىلەنلا ياسىلىدۇ: "كەتمەكچى ئەمەسمەن، ئېيتماقچى ئەمەسسەلەر، بارماقچى ئەمەسمىز..." سۈپەت پېئىلنىڭ "-ئار (-ئەر)" قوشۇمچىسى ياردىمى بىلەن ياسالغان كېلىدىغان زامان پېئىللىرىنىڭ بولۇشسىزلىق تۈرى "-ئار (-ئەر)" قوشۇمچىسىنىڭ ئورنىغا "-ماس، -مەس" قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ: كەلمەسمەن، بارماسسەن، ئېيتماسمىز، كەتمەسسىز، كەتمەسسىلەر...

پېئىلنىڭ كېلىدىغان زامان مەنىسى كۆپ ۋاقىتلاردا پېئىلنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىگە ياكى شۇ پېئىل ئىشلىتىلگەن كونتېكىستقا، جۈملە مەنىسىگە باغلىق بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن، كېلىدىغان زاماننىڭ ئاساسىي تۈرى بولۇپ ھېساپلىنىدىغان ئېنىق كېلىدىغان زامان

مەنىسىنى ھاسىل قىلىشتا ھازىرقى زامان فورمىسىنىڭ (ھال پېئىلنىڭ "ـ ئا، ـ ئە، ـ ي" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان تۈرىنىڭ) قوللىنىلىدىغىنىغا قارىماي، كېلىدىغان زامان مەنىسىنى شۇ ھال پېئىل فورمىسى ئەمەس، پېئىل ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھال پېئىلنىڭ "ـ ئا، ـ ئە، ـ ي" قوشۇمچىسىنى كېلىدىغان زامان كاتېگورىيىسىنىڭ كۆرسەتكۈچى قاتارىدا قاراشقا بولمايدۇ. مەسىلەن، ئەگەردە "ئولتۇرىمەن، بارىمەن" دېگەن پېئىللارنى كېلىدىغان زامان پېئىلى دەپ ھېساپلاش مۇمكىن بولسا، ئۇ پېئىل داۋاملىق ئىش-ھەرىكەتنى ياكى ھالەتنى بىلدۈرمەسلىكى كېرەك. باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ پېئىللارنىڭ بىلدۈرىدىغان ھەرىكىتى، ھالىتى تۈگىگەن، ئاياقلاشقان بولغان ھەرىكەت، ھالەت بولۇشى كېرەك. لېكىن كۆپ ۋاقىتلاردا پېئىل ھەرىكىتىنىڭ داۋام ئېتىپ كېلىۋاتقان ياكى ئاياقلاشقان بولغان، تۈگىگەن ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى پەقەت كونتېكىستقا قاراپ، شۇ پېئىل بىلەن جۈملىدە باغلىنىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىگە قاراپ ئاجرىتىش مۇمكىن. مەسىلەن:

1. "بىز سىلەرنىڭ ئۆيىگە بارىمىز، لېكىن مەن بىرلا سائەت ئولتۇرىمەن." 2. "نىمە قىلىشىمنى بىلمەي ئولتۇرىمەن." مۇشۇ ئىككى جۈملىدىكى ئوخشاش فورمىدا كەلگەن ۋە بىرلا مەنىگە ئىگە بولغان خەۋەر پېئىل "ئولتۇرىمەن" جۈملىنىڭ ئومۇمى مەنىسىگە قاراپ، بىرىنچىسىدە كېلىدىغان زامان، ئىككىنچىسىدە ھازىرقى زامان مەنىلىرىنى ئاڭلىتىپ تۇرىدۇ.

"كېتىمەن، تاشلايمەن، ئاتىمەن، ئاڭلايدۇ، قويىدۇ، ئولىدۇ، ئۆچىدۇ" دېگەنگە ئوخشاش پېئىللارنىڭ پەقەت لېكسىكىلىق مەنىسىگە قاراپلا، ئۇلارنىڭ ئاياقلاشقان، تۈگىگەن ئىش-ھەرىكىتى، ھالىتى ياكى ئوي-پىكرىنى ئاڭلىتىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش ئوڭاي، سۆز-سىزكى، "كېتىمەن" ياكى "ئۆچىدۇ" دېگەن پېئىللارنىڭ ئىپادىلەي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىغان ھەركىتى، شۇ ھەركەتنىڭ تېخى ئەمەلگە ئاشمىغىنىغا قارىماي، تۈگىگەنلىكىنى ئاڭلىتىدۇ.

بۇنىڭدىن تاشقىرى ھال پېئىلنىڭ مۇشۇ شەكلىدە كەلگەن پېئىللارنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى، باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ كېلىدىغان زامان پېئىللىرىغا مۇناسىۋىتى جۈملە تەركىبىدىكى باشقا سۆزلەرگە باغلىقمۇ ئېنىقلىنىدۇ. مەسىلەن، مۇنداق پېئىللار كېلىدىغان زامان مەنىسىنى ئاڭلاتقاندا، "ئەتە، كېيىن، ئاندىن كېيىن، تاڭلا، يەنە، ئەمدى، ھازىر، سۆزسىز، چوقۇم" دىگەندەك ئوخشاش كۆپىنچە ھالەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن قاتار كېلىدۇ.

مۇنداق پېئىللارنىڭ ھازىرقى زامان ياكى كېلىدىغان زامان پېئىللىرى ئىكەنلىكى ئۇلارنى ئىككى خىل كونتېكستتا قاتار قوللىنىش ئارقىلىق ئاجراتقاندا روشەن كۆرىنىدۇ.

## ھازىرقى زامان

1. مارىيە ئىۋانوۋنا توغرىلىق خەۋەرنىڭ يوقلۇقى مېنى ھەممىدىن تولا قىينايدۇ. (ئا. پ.)
2. "ياتىدۇ، ئەزىزىم، ئۇ مېنىڭ كارۋىتىمدا، چىملىدىقىنىڭ كەينىدە ياتىدۇ" — دەپ جاۋاپ بەردى ئۇ. (ئا. پ.)
3. "نەدىن كېلىسەن!" دەپ سورىدىم. ئۇ: "ئىشتىن كېلىمەن" — دەپ جاۋاپ بەردى.
4. "ئاچچىقتىنا ئاش ئىچكىم كېلىدۇ" — دىدى ئۇ.
5. بىز شەھەرگە كېتىپ بارىمىز.

## كېلىدىغان زامان

1. بالىنىڭ ئۈنىنى ئاڭلىغاندا، ئۇ "مېنى يەنە قىينايدۇ" دەپ ئويلاپ دەررۇ قېچىپ قۇتۇلۇشقا ئىنتىلدى. (ئا.ق.)

2. ئەته مېھمانلار بىزنىڭ ئۆيدە ياتىدۇ.

3. پوچتا پويىزى كېلىشى بىلەن، شۇنى ئوتكۈزۈۋېتىپ، يېرىم سائەتتىن كېيىن كېلىمەن. (ئا.س.)

4. قېنى، ماڭ، ئالېكسۇنا، ھازىر پويىز كېلىدۇ. (ئا.س.)

5. بىز ئەمدى نەگە بارىمىز؟ (ئا.س.)

كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىكى "قىينايدۇ، ياتىدۇ، كېلىمەن، كېلىدۇ، بارىمىز" دېگەن پېئىللار — "ـ ئا (ـ ئە، ـ ي)" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىللارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىپادىلەنگەن ھازىرقى زامان كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. لېكىن مۇشۇ ھازىرقى زامان فورمىسى كېلىدىغان زامان مەنىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەندە، شۇ فورمىدا (ھال پېئىل فورمىسىدا) قوللىنىلغان پېئىلنىڭ ئىككىلىك مەنىسىدە مەلۇم ئوزگىرىش پەيدا بولىدۇ. (يۇقۇرىدىكى ئىككىنچى قاتار مىساللىرىغا قاراڭ). بۇ ئوزگىرىش پەقەت ھەركەتنىڭ خاراكتېرىغىلا باغلىق، باشقىچە ئېيتقاندا، ھەركەتنىڭ مەلۇم ۋاقىت ئىچىدە ئوتۈش ئالاھىدىلىكىگىلا باغلىق يۈز بېرىدۇ. يۇقۇرىدىكى ئىككى زامان ئۈچۈن بېرىلگەن مىساللارنى سېلىشتۇرغاندا بايقىلىدۇكى، كېلىدىغان زامان مەنىسىدە قوللىنىلغان پېئىللارنىڭ ھەركىتى ھەرقاچان ئاياقلاشقانلىق، تۈگىگەنلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

كېلىدىغان زامان مەنە ۋە فورما جەھەتتىن توت تۈرگە بولىنىدۇ.

1. ئېنىق كېلىدىغان زامان. ئېنىق كېلىدىغان زامان پېئىللىرى ئىش — ھەركەتنىڭ، ھالەتنىڭ بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى گۇمان ياكى مولچەرسىز ئېنىق بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ماشىنىغا ئولتار، ئوينىتىپ كېلىمەن، ئۇياقتىن قايتىپ كېلىپ، مۇشۇ يەردە تاماق ئىچىمىز. (م. ش.) شۇ ۋاقىتتا يەرلەر قۇرۇيدۇ، ئېتىزلىقلار ھايدىلىدۇ، باغلار چاپىلىپ، توپىلار يۇمشىتىلىدۇ. (ئا. ق.) ئاكام ئۈچ — توت كۈنىدىن كېيىن ئوقۇشقا ماڭىدۇ. چول — باياۋانلار گۈللەپ، باغ بوستانغا ئايلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئېنىق كېلىدىغان زامان پېئىللىرىنىڭ تۈرلىنىشى

### بولۇشلۇق تۈرى

| شەخسلەر | بىرلىك سان | كۆپلۈك سان |
|---|---|---|
| I شەخس | ئالىمەن، كېتىمەن | ئالىمىز، كېتىمىز |
| II شەخس | ئالىسەن، كېتىسەن | ئالىسىلەر، كېتىسىلەر |
| (سىپايە تۈرى) | ئالىسىز، كېتىسىز | — — |
| III شەخس | ئالىدۇ، كېتىدۇ | ئالىدۇ، كېتىدۇ |

### بولۇشسىز تۈرى

| شەخسلەر | بىرلىك سان | كۆپلۈك سان |
|---|---|---|
| I شەخس | ئالمايمەن، كەتمەيمەن | ئالمايمىز، كەتمەيمىز |
| II شەخس | ئالمايسەن، كەتمەيسەن | ئالمايسىلەر، كەتمەيسىلەر |
| (سىپايە تۈرى) | ئالمايسىز، كەتمەيسىز | — — |
| III شەخس | ئالمايدۇ، كەتمەيدۇ | ئالمايدۇ، كەتمەيدۇ |

2. گۇمان كېلىدىغان زامان. گۇمان كېلىدىغان زامان پېئىللىرى ئىش-ھەرىكەتنىڭ، ھالەتنىڭ بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىغا گۇمان، شۈبھە كەلتۈرۈپ ياكى ئۇنىڭ بولىدىغان، بولمايدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ ئېيتىدۇ. مەسىلەن: يىللار ئۆتەر، بىز ھىمالايانىڭ چوققىسىغا چىقىپ، گۈزەل ناخشىلىرىمىزنى يەنە ئېيتارمىز. (ئۇ. م.)... ئايلار ئۆتەر، مەھەللەر باشتىن-ئاياق گۈزەل باغلارغا ئايلىنار. يالغۇز ئۆيلەرنىڭ تۈرخۇنلىرىدىن ئارتۇق ئىس چىقماس، كولخوز مەھەللىلىرىنىڭ كوچىلىرى ئېلېكتىر لامپىلىرى بىلەن يورۇقلىنار. (ئۇ. م.) كۈنلەر كېلەر، سەن ھارامىلارنىڭ ئىشىنى مەن كورستەر-

مەن. (ن. ئى.)

## گۇمان كېلىدىغان زامان پېئىللىرىنىڭ تۈرلىنىشى

### بولۇشلۇق تۈرى

| شەخسلەر | بىرلىك سان | كۆپلۈك سان |
|---|---|---|
| I شەخس | بارارمەن، بېرەرمەن | بارارمىز، بېرەرمىز |
| II شەخس | بارارسەن، بېرەرسەن | بارارسىلەر، بېرەرسىلەر |
| (سىپايە تۈرى) | بارارسىز، بېرەرسىز | |
| III شەخس | بارار، بېرەر | بارار، بېرەر |

### بولۇشسىز تۈرى

| شەخسلەر | بىرلىك سان | كۆپلۈك سان |
|---|---|---|
| I شەخس | بارماسمەن، بەرمەسمەن | بارماسمىز، بەرمەسمىز |
| II شەخس | بارماسسەن، بەرمەسسەن | بارماسسىلەر، بەرمەسسىلەر |
| (سىپايە تۈرى) | بارماسسىز، بەرمەسسىز | |
| III شەخس | بارماس، بەرمەس | بارماس، بەرمەس |

3. مەقسەت كېلىدىغان زامان. مەقسەت كېلىدىغان زامان پېئىلىرى ئىش-ھەرىكەتنىڭ، ھالەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى، ئىش-ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ مەقسىدىنى بىلدۈرىدۇ، مەسىلەن: ئېلىمىزنى شۇنداق ماشىنىلار بىلەن تولدۇرماقچىمىز. (ئو.م.) ئۇ سائەت بەشتە كەلمەكچى. سەن نىمە دىمەكچىسەن؟

بولۇشلۇق تۈرى

| شەخسلەر | بىرلىك سان | كوپلۇك سان |
|---|---|---|
| I شەخس | ئوقۇماقچىمەن، بارماقچىمەن | ئوقۇماقچىمىز، بارماقچىمىز |
| II شەخس | ئوقۇماقچىسەن، بارماقچىسەن | ئوقۇماقچىسلەر، بارماقچىسلەر |
| (سىپايە تۈرى) | ئوقۇماقچىسىز، بارماقچىسىز | |
| III شەخس | ئوقۇماقچى، بارماقچى | ئوقۇماقچى، بارماقچى |

بولۇشسىز تۈرى

| شەخسلەر | بىرلىك سان | كوپلۇك سان |
|---|---|---|
| I شەخس | ئوقۇماقچى ئەمەسمەن بارماقچى ئەمەسمەن | ئوقۇماقچى ئەمەسمىز، بارماقچى ئەمەسمىز |
| II شەخس | ئوقۇماقچى ئەمەسسەن، بارماقچى ئەمەسسەن | ئوقۇماقچى ئەمەسسلەر، بارماقچى ئەمەسسلەر |
| (سىپايە تۈرى) | ئوقۇماقچى ئەمەسسىز، بارماقچى ئەمەسسىز | |
| III شەخس | ئوقۇماقچى ئەمەس، بارماقچى ئەمەس | ئوقۇماقچى ئەمەس، بارماقچى ئەمەس |

4. شەرتلىك كېلدىغان زامان. شەرتلىك كېلدىغان زامان پېئىللىرى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ، ھالەتنىڭ بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنىڭ بىرەر شەرتكە باغلىق ئىكەنلىكىنى كورسىتىدۇ. مەسىلەن: بۈگۈن

ئىشىمىزنى تۈگەتسەك، يېزىغا بارattايتتۇق. كېلەر ئىدىم، لېكىن ۋاقتىم بولمىدى.

شەرتلىك كېلىدىغان زامان پېئىللىرى سۈپەت پېئىلنىڭ "-ئار، -ئەر" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان تۈرىگە "-ئى (ئىدى)" ياردەمچى پېئىلنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. لېكىن ياردەمچى پېئىل سۈپەت پېئىل بىلەن بىرىكىپ كەتكەندە، ئۇنىڭ بىرىدىغان زامان مەنىسى جۈملىنىڭ ئومۇمى مەنىسىگە باغلىق ئىككى خىل بولۇشى مۇمكىن، يەنى بۇ پېئىل فورمىسى پەقەت كېلىدىغان زامان مەنىسىنىلا ئەمەس، شۇنداقلا ئۆتكەن زامان مەنىسىنى ئاڭلىتىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

1. "ئەتە جۇدۇن-چاپقۇن بولمىسىلا كېلەتتىم." 2. "مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە پات-پاتلا كېلەتتىم." بۇ مىساللاردىكى "كېلەتتىم" دېگەن پېئىل جۈملىنىڭ مەنىسىگە قاراپ، بىرىنچىسىدە كېلىدىغان زامان ۋە ئىككىنچىسىدە ئۆتكەن زامان مەنىلىرىنى ئاڭلىتىپ تۇرىدۇ. لېكىن كېلىدىغان زامان مەنىسىنى ئاڭلاتقاندا بۇ فورما (-ئار ئىدى فورمىسى) ئادەتتە بىرىكمەي، ئىككى تەركىۋى قىسمى بۆلەك يېزىلىدۇ، ئۆتكەن زامانىنى بىلدۈرسە، بىرىكتۈرۈلۈپ يېزىلىدۇ.

ئەسلەتمە: ئوتتۇزىنچى يىللار ئۇيغۇر گۈزەل ئەدەبىياتى تىلىدا ئۆتكەن زامان "-ئار ئىدى" فورمىسىنىڭ تەركىۋىي قىسىملىرى ئۆزئارا بىرىكمەي، بۆلەك يېزىلىدىغان تۈرى خۇسۇسەن كۆپ ئۇچرايدۇ، لېكىن بۇنى ئەدەبىي تىل فورمىسى دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: كوچىلاردا ئوششاق بالىلار توپىلارنى توزۇتۇپ، خۇددى كەينىدىن بىر يېغا قوغلىغاندەك داناڭ تەرەپكە يۈگۈرۈشۈپ ئۆتۈپ كېتىشەر ئىدى. قېرى موماي-لار ۋە قېرى بوۋايلار بولسا... كوچا ۋەقەلىرىگە ئەجەپلىنىپ قارىشار ۋە كۆڭلىگە قانداقتۇ قورقۇنچلۇق بىر ئويلارنى ئېلىشار ئىدى. (ن. ئى.) مەسىلە «قىزىل يۇلتۇز» كولخوزىدا چىققان ئۆزۈلۈشلەر توغرىلىق كېتىپ بارار ئىدى... كاتىپ بوغۇلۇپ سۆزلەر ئىدى. (ن. ئى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ھەرتلىك كېلىدىغان زامان پېئىللىرىنىڭ تۈرلىنىشى

### بولۇشلۇق تۈرى

| شەخسلەر | بىرلىك سان | كۆپلۈك سان |
|---|---|---|
| I شەخس | كېلەر ئىدىم، كېلەتتىم | كېلەر ئىدۇق، كېلەتتۇق |
| II شەخس | كېلەر ئىدىڭ، كېلەتتىڭ | كېلەر ئىدىڭلار، كېلەتتىڭلار |
| (سىپايە تۈرى) | كېلەر ئىدىڭىز، كېلەتتىڭىز | |
| III شەخس | كېلەر ئىدى، كېلەتتى | كېلەر ئىدى، كېلەتتى |

### بولۇشسىز تۈرى

| شەخسلەر | بىرلىك سان | كۆپلۈك سان |
|---|---|---|
| I شەخس | كەلمەس ئىدىم، كەلمەيتتىم | كەلمەس ئىدۇق، كەلمەيتتۇق |
| II شەخس | كەلمەس ئىدىڭ، كەلمەيتتىڭ | كەلمەس ئىدىڭلار، كەلمەيتتىڭلار |
| (سىپايە تۈرى) | كەلمەس ئىدىڭىز، كەلمەيتتىڭىز | |
| III شەخس | كەلمەس ئىدى، كەلمەيتتى | كەلمەس ئىدى، كەلمەيتتى |

## ئۆتكەن زامان

ئۆتكەن زامان پېئىللىرى ئىش-ھەرىكەتنىڭ، ھالەتنىڭ شۇ ھەرىكەت، ھالەت توغرىلىق سۆز بولۇۋاتقان ۋاقىتتىن (نۇتۇق مومېنتى-

دىن) ئېلگىرى بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن خەلق ئىگىلىكى كۆرگەزمىسىدە بولدۇم. قاسىم ماڭا يولۇقمىدى. مەن بۇ ئويۇننى بۇلتۇر كۆرگەن. بۇ توغرىلىق مەن ئۇنىڭغا ئېيتمىغان. بىز ئىككىمىز كەلگەن ئىدۇق. ئۇ سىنى كۆرمەكچى بولۇپ بېرىپتىكەن. ئۇ مېنىڭ كەلگىنىمنى بىلمەپتۇ.

كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىكى "بولدۇم، يولۇقمىدى، كۆرگەن، ئېيتمىغان، كەلگەن ئىدۇق، بېرىپتىكەن، بىلمەپتۇ" دېگەن پېئىللارنىڭ قايسىنىلا ئالمايلى، ئىش-ھەرىكەتنىڭ، ھالەتنىڭ ئۆتكەن بىر ۋاقىتتا بولغانلىقىنى ياكى ئۇلارنىڭ بولمىغانلىقىنى، ئورۇنلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن بۇ پېئىللارنىڭ فورمىسىغا باغلىق ئۇلارنىڭ ئىپادىلەيدىغان ئۆتكەن زامان مەنىسى ھەر خىل پەرقلەر بىلەن مۇرەككەپلىشىپ كەلگەن: ئۆتكەن زامان پېئىلىرىنىڭ بىر فورمىسى ئىش-ھەرىكەتنىڭ بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى گۇمانسىز، مۆلچەرسىز، ئېنىق بىلدۈرسە، يەنە بىر فورمىسى ئىش-ھەرىكەتنىڭ، ھالەتنىڭ بولغان، بولمىغانلىقىنى سۆزلىگۈچىنىڭ تېخى ئېنىق بىلمەيدىغانلىقىنى، ئىش-ھەرىكەتنىڭ بولغان ياكى بولمىغانلىقى گۇماندا ياكى بەلگىسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۆتكەن زامان پېئىللىرىنىڭ فورمىلىرى ئىش-ھەرىكەتنىڭ مەزگىل جەھەتتىن پەرقىنى — ئۇنىڭ نۇتۇق مومېنتىدىن كۆپ ئىلگىرى ياكى نۇتۇق مومېنتىغا بىرقەدەر يېقىن ۋاقىت ئىچىدە بولغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

"ئۇ ئوقۇشنى تۈگەتتى." بۇ جۈملىدىكى "تۈگەتتى" دېگەن پېئىلدا ئىش-ھەرىكەتنىڭ نۇتۇق مومېنتىغا نىسبەتەن يىراق ياكى يېقىن ئۆتكەن زاماندا بولغانلىقى ئەمەس، ئاساسەن ئۇنىڭ بولغانلىقىنىڭ ھېچبىر گۇمانسىز، ئېنىق ئىكەنلىكى ئېيتىلىدۇ. "ئۇ ئوقۇشىنى تۈگىتىپتۇ" دېگەن جۈملىدىكى "تۈگىتىپتۇ" دېگەن پېئىلدا ئېيتىلغان ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئېنىق بولغانلىقى بەلگىسىز ئىكەنلىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تارقىسى

بايقايمىز: ئۇنىڭ ئوقۇشنى تۈگەتكەنلىكىنى ئېيتقۇچى ئۆزى بىلمەيدۇ، ئۇ باشقا بىرىنىڭ ئېيتقىنىغا ئاساسلىنىدۇ.

ئىش ـ ھەركەتنىڭ نۇتۇق مومېنتىغا نىسبەتەن كوپ ئىلگىرى، بۇرۇن ئۆتكەن بىر ۋاقىتتا بولغانلىقىنى ۋۇنۇ جۈملىلەردىكى خەۋەر پېئىللىرىدىن بىلىش مۇمكىن: ناخشا ئېيتقان مەزگىلدە ئەمەت دۇتار چېلىشنى توختىتىپ قوياتتى. (ج.ب.) خوجايىنلار «نەۋا» ژورنىلىنى ئېلىپ، ئۇنى ئوقۇمايتتى. ئۇلار «رۇس كۈرىبىرى» گېزىتىنى يازدۇرۇپ ئالاتتى ۋە ئاخشاملىرى ئۇنى ئوقۇپ تۇراتتى. (م. گ.)

ئۆتكەن زامان پېئىللىرىنىڭ مۇشۇنداق فورمىلىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسىگە قاراپ، ئۆتكەن زامانىنى تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بولۇشقا بولىدۇ.

1. ئېنىق ئۆتكەن زامان. ئېنىق ئۆتكەن زامان پېئىللىرى ئىش ـ ھەركەتنىڭ ياكى ھالەتنىڭ نۇتۇق مومېنتىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ۋاقىتتا بولغانلىقىنى ئېنىق ۋە مولچەرسىز كورسىتىدۇ. مەسىلەن:

كۈندە تام تۈۋىدە ئولتۇرىدىغان ئادەملەرمۇ يولۇقمىدى، ئوستەڭدىن سۇ ئېلىشقا كەلگەن ئاياللارمۇ ئۇچراشمىدى. (م.ھ.) راستىنى ئۆزىڭىزگە ئېيتقۇزغىلى مەن سىزنى باشلاپ كەلدىم. (م. ئە.)

ئېنىق ئۆتكەن زامان پېئىللىرى پېئىل ئاساسىغا "ـ دى (ـ تى)" قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ: "ئال ـ دى، كەت ـ تى، ئېيتقۇز ـ دى، ئاقار ـ دى، كەتمە ـ دى، يات ـ تى، يۇت ـ تى" ۋە باشقىلار. لېكىن "ـ دى (ـ تى)" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ئۆتكەن زامانىڭ پەقەت III شەخسى ياسىلىدۇ. I ۋە II شەخس (بىرلىك، كوپلۈك تۈرلىرى) مۇشۇ III شەخس قوشۇمچىسىغا شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ: "ئال ـ دى ـ م، ئال ـ دى ـ ڭ، ئال ـ دۇ ـ ق، ئال ـ دى ـ ڭلار، ئال ـ دى ـ ڭىز". III شەخسنىڭ ھەم بىرلىك، ھەم كوپلۈك تۈرىنىڭ ئالاھىدە شەخس كورسەتكۈچى بولمايدۇ: ئۇ ئال ـ دى، ئۇلار ئال ـ دى.

### ئېنىق ئۆتكەن زامان پېئىللىرىنىڭ ياسىلىش سخېمىسى

| I شەخس | | II شەخس | | III شەخس | |
|---|---|---|---|---|---|
| بىرلىك | كوپلۇك | بىرلىك | كوپلۇك | بىرلىك | كوپلۇك |
| ئالدىم | ئالدۇق | ئالدىڭ | ئالدىڭلار | ئالدى | ئالدى |
| كەتتىم | كەتتۇق | كەتتىڭ | كەتتىڭلار | كەتتى | كەتتى |
| ئالمىدىم | ئالمىدۇق | ئالمىدىڭ | ئالمىدىڭلار | ئالمىدى | ئالمىدى |

2. "ئۇزاق ئۆتكەن زامان". ئۇزاق ئۆتكەن زامان پېئىللىرى "-ئار، (-ئەر)" قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن ھال پېئىللارنىڭ "ئىدى" ياردەمچى پېئىلى بىلەن بىرىكىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ: كېلەر-ئىدىم — كېلەتتىم، بارار-ئىدى — باراتتى، ئوقار-ئىدۇق — ئوقاتتۇق، يۈرەر-ئىدى — يۈرەتتى.

ئۇزاق ئۆتكەن زامان فورمىسىدىكى بولىدىغان ئۆزگىرىشلەر — شەخس، سان قوشۇمچىلىرى — پەقەت ياردەمچى پېئىل تەركىبىدىلا بولىدۇ، ھال پېئىل ھەرقاچان ئۆزگىرىشسىز قالىدۇ.

ئۇزاق ئۆتكەن زامانىنى ھاسىل قىلىدىغان "ئى-" ياردەمچى پېئىلى پەقەت "ئىدى" فورمىسىدىلا ئەمەس، شۇنىداقلا "ئىكەن" فورمىسىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن "-ئى" ياردەمچى پېئىلى-نىڭ قانداق فورمىدا قوللىنىلىشىغا قاراپ، ئۇزاق ئۆتكەن زامان مەنىسىدە تۈرلۈك قوشۇمچە مەنە پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇزاق ئۆتكەن زامان تۈزۈلىشى "ئىدى" ياردەمچى پېئىلىنىڭ ياردىمى بىلەن ياسالسا، ئۆتكەن زاماندا بولغان ئىش-ھەرىكەتنىڭ، ھالەتنىڭ، ئېنىق ئىكەنلىكىنى كورسىتىدۇ-دە، ئەگەر "ئىكەن" ياردەمچى پېئىلىنىڭ ياردىمى بىلەن ياسالسا، ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئېيتقۇچىغا بىلگىرىدىن مەلۇم بولماي، ئۇ توغرىسىلىق كېيىن، باشقا بىرسىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

1) ۋېرا خەۋەرسىزلىكنىڭ ئادەمنى قانداق خۇنۇك ئويلار بىلەن قىيناي-
دىغىنىنى ياخشى بىلەتتى، چۈنكى ئۇ ئۆزىمۇ ئىككى ئايدىن بېرى يولدىشىدىن
خەۋەر ئالالماي، سەكپارە بولاتتى، تەشۋىشلىك خەتلەر يازاتتى. (ھ. ئا.)

بۇ جۈملىدىكى "بىلەتتى، بولاتتى، يازاتتى" دېگەن پېئىللار
ئىش-ھەركەتنىڭ ئېنىق بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

2) شوكلاشقا ئابدۇگايىت... نەقىشلىك راۋاقلارغىلا ئېسىلىدىكەن..
ئاجايىپ گىلەملەرنى كۆرمەي، پەقەت ئېگەكچى قىز-چوكانلارنىڭ چىرايلىق-
لىقىنىلا ماختىغان ئىكەن-دە. شوكلاشقا مەن ئۇنىڭ راۋابىغا ناخشا ئېيتالماي-
مەنكەن-دە! (ھ. ئا.)

## سۈپەت پېئىل

ھەر خىل تىللاردا پېئىللارنىڭ بۇ فورمىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن
قوللىنىلىدىغان تېرمىنلارنىڭ مۇشۇ فورمىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە
مۇۋاپىق ئېلىنغانلىقىنى بايقاش مۇمكىن. مەسىلەن، ئۆزبېك تىلىدا
"سۈپەتداش"، قازاق تىلىدا "ەسىمشە"، ئۇيغۇر تىلىدا "سۈپەت
پېئىل». دېمەك، سۈپەت پېئىل — پېئىل بىلەن سۈپەتنىڭ خۇسۇسىيەت-
لىرىنى، بەلگىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان فورما دەپ قارىلىدۇ.

لېكىن بەزى گىراماتىكىلاردا بۇ فورمىنىڭ ۋەزىپىسى تولىمۇ
كېڭەيتىلىپ، ھەتتا ئۇنىڭغا خاس بولمىغان بەزى كاتېگورىيىلەر
مۇشۇ پېئىل فورمىسى بىلەن باغلاشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن، بەزى تۈر-
كولوگلارنىڭ ئېيتىشىچە، سۈپەت پېئىل، پېئىللارغا ئوخشاش، دەرىجە
قوشۇمچىلىرىنى، بولۇشلۇق، بولۇشسىزلىق قوشۇمچىلىرىنى قوبۇل
قىلىدۇ، زامانلار بىلەن تۈرلىنىدۇ. ھازىرقى زامان ئۆزبېك ئەدەبىي
تىلىنىڭ گىراماتىكىسىدا بۇ فورما توغرىسىدا ئا. ن. كونونوۋ
مۇنداق دەپ يازغان: "بۇ پېئىل فورمىلىرى پېئىللار بىلەن باغلىنىپ

كېلىدۇ (پېئىل دەرىجىلىرى، زامان ۋە پېئىل نوقتىسىنەزىرى كاتېگو-
رىيىسىگە ئىگە)، ئىسىملار بىلەنمۇ باغلىنىپ كېلىدۇ (قوشۇمچىلارنى قوبۇل قىلىدۇ، كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىدۇ، كوپلۈك فورمىسىنى ئىپا-
دىلەيدۇ)①.

1962-يىلى نەشر قىلىنغان قازاق تىلىنىڭ ئىلمى گىرامماتىكى-
سىدا سۈپەت پېئىللارنىڭ پېئىللىق خۇسۇسىيىتى توغرىلىق مۇنداق دېيىلگەن: "ئۇلار پېئىل تۈرلىرى ۋە پېئىل دەرىجىلىرى كاتېگورىيىسى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ ھەمدە پېئىلنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلايدۇ. يەنى ئىنكار قوشۇمچىلىرى "-ما، -مې، -با، -بې، -پا، -پې"لارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىنكار شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ"②.

سۈپەت پېئىل، سوزسىز، ئىككى سوز تۈركۈمىنىڭ — پېئىل بىلەن سۈپەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە: سۈپەت پېئىل مەلۇم قوشۇمچىلار-
نىڭ ياردىمى بىلەن پېئىل ئاساسىدىن ياسىلىپ، ھەركەتنى، جەريان-
نى، ھالەتنى بىلدۈرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سۈپەت پېئىل ئەڭ ئالدى بىلەن پېئىللىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە كاتېگورىيە، سىنتاكسى-
لىق ۋەزىپىسى جەھەتتىن سۈپەت پېئىللار ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى سۈپەتلەر بىلەن يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۈپەتلىك خۇسۇسىيىتى توغرىلىق ئېيتىش مۇمكىن. لېكىن سۈپەت پېئىللارنىڭ پېئىللىق بەلگىلىرىنى مورفولوگىيىدىن ئىزلەش پايدىسىز؛ سۈپەت پېئىل دەرىجە كاتېگورىيىسىگە ئىگە ئەمەس، ئۇ زامان فورمى-
لىرى بىلەن مۇرەككەپلەشمەيدۇ، بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىزلىق قوشۇم-

---

① ئا. ن. كونونوۋ «ھازىرقى زامان ئۆزبېك ئەدەبىي تىلى». موسكۋا، 1960. 238-بەت.

② «ھازىرقى زامان قازاق تىلى». ئالمۇتا 1962. 320-بەت.

چىلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇنداقلا، سۈپەت پېئىلنى كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىدۇ، كوپلۇك ۋە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ دەپ ئۈزۈپ ئېيتىشقا بولمايدۇ، چۈنكى بۇنداق خۇلاسىنىڭ توغرا ياكى ناتوغرا بولۇشى سۈپەت پېئىلنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئىسىملاردىن پەرقىنى ئېنىقلاۋېلىش بىلەن باغلىق.

سۈپەت پېئىلنىڭ پېئىللىق خۇسۇسىيىتى. سۈپەت پېئىل ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق خۇسۇسىيىتى جەھەتتىندىن، ھەرقانداق پېئىل فورمىسىغا ئوخشاش، ھەركەتنى، ھالەتنى بىلدۈرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سۈپەت پېئىللار پېئىل فورمىلىرىنىڭ سىستېمىسىدا قارىلىدۇ. سۈپەت پېئىلنى، باشقا پېئىل فورمىلىرىغا ئوخشاشلا، رەۋىشلەر ياندىشىپ كېلەلەيدۇ. بۇلاردىن تاشقىرى، پېئىل ئاساسىنى سۈپەتكە يېقىنلاشتۇرىدىغان ”-غان (گەن، -قان، -كەن)“ قوشۇمچىسىنىڭ ئۆزى پەقەت پېئىل كاتېگورىيىسىگىلا خاس. مەلۇمكى، بۇ قوشۇمچە تۈركولوگىيىدە ئۆتكەن زامان فورمىسى ياكى ئۆتكەن زامان سۈپەت پېئىلى دەپ ئاتىلىدۇ. ”-ئار (-ئەر)“ قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان سۈپەت پېئىللار بولسا، كېلىدىغان زامان مەنىسىنى ئاڭلىتىدۇ. دېمەك، سۈپەت پېئىللارغا پېئىلغا خاس بولغان زامان كاتېگورىيىسىمۇ يات ئەمەس. لېكىن سۈپەت پېئىلنىڭ پېئىللىق بەلگە-خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان باشقا مورفولوگىيىلىك كۆرسەتكۈچلەر يوق. تۈركى تىللار ئىلمىي گىراماتىكىلىرىنىڭ تولىسىدا ئېيتىلىدىغان دەرىجە كاتېگورىيىسى ياكى بولۇشلۇق، بولۇشسىزلىق كاتېگورىيىلىرى سۈپەت پېئىللارغا خاس ئەمەس. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى ”ئالغان، ئالدۇرغان، ئېلىنغان، ئېلىشقان، ئالمىغان، ئالدۇرغان، ئالمايدىغان، ئېلىنىدىغان، ئالار، ئالدۇرار، ئېلىنار، ئېلىشار“ ۋە باشقا سۈپەت پېئىل فورمىلىرىنى ئالساق، ”-غان“ ۋە ”-ئار“ قوشۇمچىلىرىنىڭ ئالدىدا كەلگەن ھەر خىل پېئىل فورمىلىرى، مەسىلەن، پېئىل دەرىجە-

لىرى بىلەن يولۇشسىزلىق قوشۇمچىلىرى سۈپەت پېئىل قوشۇمچىلىرىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، سۈپەت پېئىل ياساش ئۈچۈن ئاساس بولىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، سۈپەت پېئىل قوشۇمچىلىرى ئۈچۈن "ئال–" پېئىلىمۇ، "ئالدۇر–" پېئىلىمۇ، "ئېلىنىما–، ئېلىش–، ئېلىشىما–" پېئىللىرىمۇ ئوخشاشلا پېئىللار، سۈپەت پېئىل ياساش ئۈچۈن ئوخشاشلا ئاساس. شۇنىڭ ئۈچۈن "ئالدۇرغان، ئېلىشار، ئالمىغان" ئوخشاش فورمىلار سۈپەت پېئىلغا دەرىجە ۋە باشقا پېئىل كاتېگورىيىلىرىنىڭ خاس ئىكەنلىكىنى دەلىللىمەيدۇ.

تۈركىي تىللار گىراماتىكىلىرىدا سۈپەت پېئىللارغا يۇقىرىدا ئېيتىلغان پېئىل كاتېگورىيىلىرىنىڭ خاس ئەمەسلىكى توغرىلىق ئېيتىلغان پىكىرلەرمۇ بار. مەسىلەن، 1954-يىلى چىققان «ھازىرقى زامان قازاق تىلى» ناملىق ئىلمىي گىراماتىكىدا سۈپەت پېئىللارنىڭ ھەممە پېئىل فورمىلىرىدىن، مەسىلەن، ئۆتۈملۈك، ئۆتۈمسىز پېئىللاردىن، بارلىق پېئىل دەرىجىلىرىدىن ياسىلىۋېرىدىغانلىقى، لېكىن قازاق تىلى سۈپەت پېئىللارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسىگە نىسبەتەن بىتەرەپ ئىكەنلىكى ئېيتىلىدۇ. لېكىن بۇ ئەسەردىمۇ سۈپەت پېئىللارغا خاس بولمىغان بەزى پېئىل كاتېگورىيىلىرى سۈپەت پېئىل كاتېگورىيىسى دەپ ناتوغرا قارىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭدا سۈپەت پېئىللارنىڭ زامان تۈرلىرى بار دەپ ئېيتىلغان.

سۈپەت پېئىلنىڭ ھەقىقىي پېئىللىق خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىشىدىن كۆرۈلىدۇ. ئۆزىنىڭ بۇ ۋەزىپىسىدە سۈپەت پېئىل، باشقا پېئىل فورمىلىرىغا ئوخشاش، شەخس كۆرسەتكۈچلىرىنى قوبۇل قىلالايدۇ. مەسىلەن: "مەن كەلگەن" "سەن كەلگەن" دېيىشنىڭ ئورنىغا "كەلگەنمەن، كەلگەنسەن" دەپ ئېيتىش مۇمكىن: باشقا تۈركىي تىللاردا بولسا، مەسىلەن، قازاق تىلىدا، بۇ فورما شەخس كۆرسەتكۈچلىرىسىز قوللىنىلمايدۇ: "كېلىدىم، باردىڭ"

دىگەن سوزلەردە شەخس كۆرسەتكۈچلىرى قانداق زورۇر بولسا، "كەلگەنمەن، بارغانسىڭ" دىگەن سۆپەت پېئىللاردىمۇ شۇنداقلا زورۇر: "-ئار (-ئەر)" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان سۆپەت پېئىللارمۇ ئۇيغۇر تىلىدا شەخس كۆرسەتكۈچلىرىسىز ئىشلىتىلمەيدۇ: مەن بارارمەن، سەن بارارسەن، سىلەر بارارسىلەر.

سۆپەت پېئىلنىڭ سۆپەتلىك خۇسۇسىيىتى. بۇ يەردە سۆپەت پېئىللارنىڭ پەقەت ۋەزىپىسى تۇغرىسىدىلا سۆز بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى، ئەگەر بىز سۆپەت پېئىلنىڭ مۇنداق خۇسۇسىيىتىنى بار دەپ ھېساپلىساق، ئۇنى پەقەت مەلۇم كونتېكستىدىلا تېپىش مۇمكىن. سۆپەت پېئىل جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ، سۆپەتلەرگە ئوخشاش، نەرسىنىڭ بەلگىسىنى كۆرسىتىدۇ: "كۆرۈنگەن تاغ، ئۆتكەن كۈن، ئېيتىلغان سۆز، ئېيتقان سۆز، ئېيتار سۆز، بارار يېرى" ۋە باشقىلار. ئۇزىنىڭ مۇنداق ۋەزىپىسىدە سۆپەت پېئىللارنىڭ پېئىللىق خۇسۇسىيىتى (يەنى ھەركەت دىنامىكىسىنى بىلدۈرۈش خۇسۇسىيىتى) يوقالمايدۇ. لېكىن ئېنىقلىغۇچى خىزمىتىنى ئاتقۇرىدىغان سۆپەت پېئىللار خەۋەر ۋەزىپىسىدىكى سۆپەت پېئىللارغا ئوخشاش شەخس كۆرسەتكۈچلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇ كۆرسەتكۈچلەر پېئىل كاتېگورىيىسىگە خاس: ئېنىقلىغۇچى رولىدىكى سۆپەت پېئىللار بولسا، ئۆزلىرىنىڭ ھەركەت دىنامىكىسىنى بىلدۈرىدىغانلىقىغا قارىماي، ئۆزلىرىدىكى سۆپەتلىك خۇسۇسىيىتىنىڭ كۈچلۈكرەك ئىكەنلىكى بىلەن پەرقلىنىدۇ.

پېئىللىق خۇسۇسىيىتى بېسىم كەلگەن سۆپەت پېئىللار بولسۇن، سۆپەتلىك خۇسۇسىيىتى بېسىم كەلگەن سۆپەت پېئىللار بولسۇن، ئىككىلىسىگە خاس ئومۇمىي بىر ئالاھىدىلىك شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئەگەردە سۆپەت پېئىل ئۆتۈملۈك پېئىل ئاساسىدىن ياسالغان بولسا شۇ پېئىل ئاساسىنىڭ ئۆتۈملۈك مەنىسى سۆپەت پېئىل ياسالغاندىمۇ

ساقلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن، "ئوقى، ياز، ئال، ئالدۇر، يازغۇز" دېگەن ئوتتۇملۇك پېئىللارغا سۈپەت پېئىلنىڭ "-غان" قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، سۈپەت پېئىل ياسالغاندا (مەيلى ئۇ جۈملىدە خەۋەر بولسۇن، مەيلى ئېنىقلىغۇچى بولسۇن) پېئىل ئاساسىنىڭ ئوتتۇملۇك مەنىسى ساقلىنىپ قالىدۇ: ئوقۇغان (نىمىنى؟)، ئالدۇرغان (نىمىنى؟) ۋە باشقىلار.

سۈپەت پېئىل قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان پېئىل ئاساسىنىڭ (مەسىلەن، بىل-گەن: مەن بۇ توغرىلىق بىلگەن) مەلۇم كونتېكىست شارائىتىدا ئۆزىنىڭ ئوتتۇملۇك مەنىسىنى يوقىتىپ، ئوتتۇمسىز پېئىل ئاساسىغا ئايلىنىشى سۈپەت پېئىلنىڭ باشقا سۆز تۈركۈمىگە ئۆتۈپ كېتىشىگە، باشقىچە ئېيتقاندا، سۈپەت پېئىللارنىڭ ئىسىملىشىشىغا ئېلىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: بىلگەن بىلگىنىنى قىلار، بىلمىگەن نىمە قىلار. (ماقال.) كوپ ياشىغاندىن سوراما، كوپ كورگەندىن سورا. (ماقال.) يىقىلغاننى ئۇرمايدۇ. (ماقال.)

مۇشۇ جۈملىدىكى "بىلگەن، بىلمىگەن، ياشىغاندىن، كورگەندىن، يىقىلغاننى، بىلگەنىنگە، بىلمىگەنىنگە" دېگەن سوزلەر ئىسىملارغا ئوخشاش كېلىشلەر بىلەن تۈرلەنگەن. سۈپەت پېئىل فورمىسىدا كەلگەن بۇ سوزلەرنىڭ پېئىللىق مەنىسى تامامەن يوقالغان، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئەگەر پېئىل ئاساسى ئوتتۇملۇك مەنىگە ئىگە بولسا، ئۇنىڭ شۇ ئوتتۇملۇك مەنىسى يوقايدۇ، سېلىشتۇرۇڭ: "مەن بۇنى بىلگەن! بۇنى بىلگەن ئادەم." لېكىن: "بىلگەندىن سورا."

پېئىللىق مەنىسىنى يوقاتقان، ئىسىملاشقان مۇنداق فورمىلارنى سۈپەت پېئىللار قاتارىغا قوشۇشقا بولمايدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ئىسىملىشىش ئەھۋاللىرى سۈپەت پېئىللارغىلا ئەمەس، شۇنداقلا باشقا سوز تۈركۈملىرىگىمۇ خاس. مەسىلەن: قىزىل — قىزىللار؛ ياخشى — ياخشىنىڭ، ياخشىغا؛ يامان — ياماننىڭ (ياخشىنىڭ شاراپىتى، ياماننىڭ كاساپىتى) ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۈپەت پىئىللار مەلۇم كونتېكست شارائىتىدا ئىسىملىق خۇسۇسىيەتكىمۇ ئىگە. سۈپەت پىئىللار جۈملىدە تولدۇرغۇچى، بەزىدە ھالەت خىزمىتىدە قوللىنىلىپ، ئىسىملارغا ئوخشاش كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىدۇ، ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. مۇنداق سۈپەت پىئىللار مۇرەككەپ جۈملىلەردە بېقىندا جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: ئىپتىقانىنىڭ زىيىنى يوق. بۈگۈن كەتكەنىدىن ياخشىسى يوق. بىز كۈن چىققاندا ماڭىمىز. ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن، ئەقىدەمگە يىغلايمەن. (فولك.) ئۇ ئون تۆت يىل ئىشلىگەن زاۋۇتتىن بوشىنىپ، تىلىڭ بەرلەرگە ماڭماقچى بولغاندا، يىگىرمە يىل ئىچىدە قىلمىغان چاتاقنى قىلغان ئىدى. ماشىنا يېقىنلاپ كەلگەنىدە، "زويا، داداڭ كەلدى"، — دەپ ۋاقىرىدى ھەمساپچى يىگىت. (ھ.ئا.)

## سۈپەت پىئىللارنىڭ ياسىلىشى

سۈپەت پىئىللار پىئىل ئاساسىغا مەخسۇس قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سۈپەت پىئىللارنىڭ تۆۋەندىكى فورمىلىرى ئۇچرايدۇ.

I. پىئىل ئاساسىغا "-غان (-گەن، -قان، -كەن) قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسالغان سۈپەت پىئىللار. سۈپەت پىئىلنىڭ بۇ فورمىسى جۈملىدە خەۋەرلىك رول ئاتقۇرسا، ئۆتكەن زاماندا بولغان ئىش-ھەركەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: كوچىدا ئادەم شالاڭلاپ، قاراڭغۇلۇشقا باشلىغان. ئاخىرى ئۇلار...ئۆيگە يېتىپ كەلدى. ئۆينىڭ ئاستى تاش بىلەن سېلىنغان، ئۈستى ياغاچتىن ياسالغان. (ئا.ق.) لېكىن ئۇ "ئاستا-ئاستا چۈشىنىسەن" دېگەن ئۆي بىلەن، ئۆزىنى ئانچە يوقاتماي، يېڭى بەرلەرگە قاراپ سەپەر قىلغان. (ھ.ئا.)

II. "-ئا (-ئە، -ي)" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پىئىل

فورمىسىدا "-دىغان (<دۇ-غان<دۇر-غان<تۇر-غان)" قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسالغان سۈپەت پېئىللار. سۈپەت پېئىلنىڭ بۇ فورمىسى جۈملىدە خەۋەرلىك رول ئاتقۇرسا، ئۆتكەن زاماندا دائىمىي بولۇپ تۇرغان، تەكرارلانغان ئىش-ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: كېيىنكى چاغلاردا بولسا خىرىستىيانلىقنىڭ شان-شاراپىتى ئۈچۈن ئۇلارغا قارشى قورال كۆتۈرۈشنى لازىم دەپ ھېساپلايدىغان. (ن.گ.) مۇشۇك سەكرەپ يەرگە چۈشەتتى-دە، كەينىگىمۇ قارىماي، ئىشىك تەرەپكە ماڭىدىغان، چۈنكى ئۇ مېنىڭ سوزسىز ئۇنى ئەگىشىپ ماڭىدىغىنىمغا گۇمان قىلمايدىغان. (ئا.ق.) ئىشتاپتا بىر نەچچە ئات بولىدىغان، شۇلارنىڭ بىرىسىنى مەن شەھەر ئىچىدە مىنىپ يۈرىدىغان. (ئا.ب.)

III. پېئىل ئاساسىغا "-ئار (ئەر، -ر)" قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسالغان سۈپەت پېئىللار. پېئىللارنىڭ بۇ تۈرى كېلىدىغان زامان سۈپەت پېئىلى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: يۇرت قوغدىساڭ ئۇسەرسەن، قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن. (ماقال.) دوسلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچسام ناخشامدا، ھاياتىم بەختلىك بولۇپ گۈللىنەر. (ھ.ئا.) بىزنىڭ ئېرىقلاردىمۇ سۇ ئېقىپ قالار. (ماقال.) ۋاقتىم بولسا، بېرىپ قالارمەن. ئەگەر كولخوزنىڭ چېپىشتا ئۆتسە، مەيدەڭگە سوزلەر تىزارمەن، چېچەكتىن چىرايلىقنى تاللاپ. يىللار ئۆتەر، بىز ھىمالاينىڭ چوققىسىغا چىقىپ، گۈزەل ناخشىلارنى يەنە ئېيتارمىز. (ئو.م.)

"-ئار (-ئەر، -ر)" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان سۈپەت پېئىللار خۇسۇسەن ماقال ۋە تەمسىللەردە ئومۇمىي (ئابىستىراكىتلىق) زامان مەنىسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ: ئېرىنچەك ئىككى ئىشلەر. بىگەن بىلىمەس، تاپقان بىلىنەر. ئىشلەپ يىسەڭ، تاتلىق بولار. باغنى باقساڭ، باغ بولۇر، پاتمان-پاتمان ياغ بولۇر، بېقمىسىز باغ تاغ بولۇر، يۈرەك باغرىڭ داغ بولۇر.

سۈپەت پېئىلنىڭ بۇ فورمىسىنىڭ باشقا فورمىلاردىن پەرقى شۇكى، بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى سۈپەت پېئىلنىڭ "-ئار (-ئەر، ر)" قوشۇمچىسىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. سۈپەت پېئىلنىڭ بۇ قوشۇمچىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق ياسالغان فورمىسىنىڭ بولۇشىسىز تۈرى ھەرقاچان سوزۇق ئاۋۇشقا ئاياقلاشقانلىقتىن (م.: ئال ـ (ئار) ـ ئالما ـ (ر)، كېل ـ (ئەر) ـ كەلمە ـ (ر)، تاشلا ـ (ر) ـ تاشلىما ـ (ر) ۋە باشقىلار.)، ئۇنىڭغا سۈپەت پېئىل قوشۇمچىسىنىڭ پەقەت بىرلا "ـ ر" ۋارىيانتى قوللىنىدۇ، لېكىن شۇ "ـ ر" قوشۇمچىسى "ـ س" تاۋۇشىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ: "ئال ـ ئار ـ ئال ـ ما ـ س، كېل ـ ئەر ـ كەل ـ مە ـ س، تاشلا ـ ر ـ تاشلا ـ ما ـ س" ۋە باشقىلار.

سۈپەت پېئىلنىڭ بۇ قوشۇمچىسى ئۆزگەكەپ پېئىللارنىڭ بىرىنچى ئەركىسىزىي قىسمى سۈپىتىدە "ئى ـ" ياردەمچى پېئىل بىلەن قاتار كېلىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئۆزگىرىش ياساپ، ياردەمچى پېئىل بىلەن بىرىكىپ كەتكەن. بۇ ھالەتتە ئۆزگەكەپ پېئىل پەقەت كېلىدىغان زاماننىلا ئەمەس، ئۆتكەن زامانىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، "ئالار ئىدىم ـ ئالاتتىم، كېلەر ئىدىم ـ كېلەتتىم، قارار ئىدى ـ قارايتتى" ۋە باشقىلار. (بۇ توغرىلىق زامان كاتېگورىيىسىگە قاراڭ).

سۈپەت پېئىللارنىڭ ئالاھىدە بىر تۈرى ـ پېئىل ئاساسىغا "ـ قۇ، ـ غۇ، ـ كۈ، ـ گۈ + ـ چى (ـ غۇچى، ـ كۈچى، ـ قۇچى، ـ كۈچى)" قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسالغان سۈپەت پېئىللار. مەسىلەن، "ئېيت ـ قۇ ـ چى، بار ـ غۇ ـ چى، بەر ـ گۈ ـ چى، كەت ـ كۈ ـ چى". بۇ فورما ھازىرقى زامان مەنىسىنى ئۇقتۇرىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ھالىتىنىڭ، جەريانىنىڭ ئىپىقلىغۇچىغا، بىرەر ساپاغا ئايلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ناخشا ئېيتقۇچى ئارتىست، يالا باققۇچى ئايال، كىتاپ ئالغۇچى ئوقۇغۇچىلار، جاۋاپ بەرگۈچى كىشى.

ھازىرقى تۈركى تىللارنىڭ قايسىسىدىلا بولسۇن سۈپەت پېئىلنىڭ بۇ تۈرىدە لېكسىكىلىنىش خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك. گىراممانىستلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ سۈپەت پېئىل بارا ـ بارا كەسىپنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا ئايلانماقتا.

ئىسمغا ئايلانغان مۇنداق فورمىلار تىلدا ھازىر كوپ ئۇچ-
رايدۇ. ھەتتا تېخى ئىسمغا ئوتمىدى دەپ ھىساپلاشقا بولىدىغان
سۇپەت پېئىللارنىڭ ئوزىنى بىردە ئىسىم، بىردە سۇپەت پېئىل مەنى-
سىدە ئىشلىتىش مۇمكىن.

مەسىلەن: يازغۇچى، ئوقۇغۇچى، ساتقۇچى، كەپشەلگۇچى.

## ھال پېئىل

ھەم فورمىسى، ھەم ۋەزىپىسى جەھەتتىدىن ھال پېئىللار سۇپەت
پېئىللاردىن ئوزلىرىنىڭ بىرقانچە ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پەرقلىنىدۇ.

1. ھال پېئىل سۇپەت پېئىللارغا ئوخشاش خەۋەرلىك خۇسۇسىيەتكە
ئىگە ئەمەس. پەقەت مۇرەككەپ جۇملىلەردىلا ھال پېئىل بېقىندا
جۇملىنىڭ خەۋىرى بولالايدۇ، لېكىن جۇملىنى ئاياقلاشتۇرالمايدۇ،
ئۇ پەقەت باش جۇملىنىڭ خەۋىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئىش-
ھەركەتنىڭ، ھالەتنىڭ ئورۇنلىنىش ۋاقتىنى، سەۋەبىنى، شەرتىنى-
ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ.

2. ھال پېئىللار ھەرقاچان ھەركەتنى، ھالەتنى بىلدۈرىدۇ، لېكىن
ئۇ ھەركەت جۇملە خەۋىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئاساسىي ھەر-
كەتنى ئېنىقلىغۇچى، شۇ ھەركەتكە قوشۇمچە ھەركەت بولۇپ كېلىدۇ.
باشقىچە ئېيتقاندا، ھال پېئىلنىڭ ھەركىتى باشقا بىر ھەركەتنىڭ
بەلگىسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ھال پېئىل بەزىدە
"ئېنىقلىغۇچى پېئىل" ياكى "پېئىللىق رەۋىش" دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

3. ھال پېئىل — پېئىلنىڭ ئوزگەرمەس فورمىسى. رەۋىشلەرگە ئۇ
ئوزىنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكى بىلەنمۇ يېقىنلىشىدۇ. ھال پېئىلنىڭ
"-ىپ (-ئىپ، -ئۇپ، -ئۈپ)" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان تۈرى،
رەۋىشلەرگە ئوخشاش، دەرىجە قوشۇمچىسىنى قوبۇل قىلالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كورۇۋېرەك (<قارا ـ پ ـ (ئى) رەك)، قاراۋېراق (<قارا ـ پ ـ (ئى) راق).

4. ھال پېئىل جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ؛ مۇرەككەپ جۈملىلەردە ئىككىنچى دەرىجىلىك خەۋەر (بېقىندا جۈملە خەۋىرى) بولالايدۇ.

ھال پېئىلنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان بەلگە ـ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى ھال پېئىلنىڭ تىلدا قوللىنىلىدىغان پەقەت بىرلا تەرىپىنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ھال پېئىل پەقەت مۇستەقىل قوللانغان ھالەتتىلا، مۇستەقىل مەنىگە ئىگە بولغاندىلا ئۇنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان خۇسۇسىيەتلىرى توغرۇلۇق سوز بولۇشى مۇمكىن.

ھال پېئىللارنىڭ مۇستەقىل قوللىنىلغان تۈرىگە بىرنەچچە مىسال كەلتۈرەيلى.

بەدەل پادىشا ھېلىقى قارىياغاچنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇۋېلىپ، قولىنى چۈشۈپ قالغان گېزىتنى تەتۈر تۇتۇپ، ئاپپاق ساقىلىنى تىترىتىپ، بىر نىمىلەر دەپ "ئوقۇيدۇ". ئادەملەر ئۇنى سوزگە سېلىپ قويۇپ، تاماشىسىنى كورەتتى. (ج.ب.) ساڭا قاراپ، مەنمۇ كەلمىدىم. سېنى كۈتۈپ، ھاردىم. سورا ـ سورا، بىلىۋاپتۇ. ئويلا ـ ئويلا، كېيىن قاپتۇ. (ماقال.) ـــ بولدى، كېلىشتۇق، ئەپكە قولۇڭنى، ـــ دەپ، بوۋاي يىگىتنىڭ ئالقىنىغا شاقىلا قىلىپ ئۇردى. (ج.ب.) مەن ئۇنى شەھەرگە كېلىپ كورمىدىم. يەر تويماي، ئەل تويماس. (ماقال.) جاپا كورمەي، ھالاۋەت يوق، ئىسناق بولماي، سائادەت يوق. (ماقال.) سائەت ـــ قىدىمقى سائەت. چىكىلداپ مېڭىۋاتىدۇ. (گ.ب.)

مۇشۇ مىساللاردا ئىشلىتىلگەن ھال پېئىللارنىڭ ھەرقايسىسى مۇستەقىل مەنىگە ئىگە. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مۇرەككەپ جۈملە سوستاۋىدا مۇستەقىل قوللىنىلىپ، بېقىندا جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كەلسە، بەزىلىرى جۈملە خەۋىرىدە ئىپادىلىنىدىغان ھەرىكەتلەرنىڭ ھەر خىل ھالدا، ۋەزىيەتتە ئورۇنلانغانلىقىنى، ئۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئورۇنلىنىش شەرتىنى، سەۋەبىنى ئېنىقلايدۇ. بۇ فورمىلار ھەقىقىي ھال پېئىل

كاتېگورىيىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

لېكىن هازىرقى تىلدا هال پېئىللارنىڭ ئەڭ كوپ ئۇچرايدىغان تۈرى — مۇستەقىل مەنىسىنى يوقىتىپ، گىراماتىكىلىق قوشۇمچىغا ئايلىنىپ كەتكەن، يەنى جۈملە خەۋىرى بىلەن ياكى باشقا بىر مورفىما بىلەن بىرىكىپ، سېمانتىكا جەھەتتىن پۈتۈن بىر كاتېگورىيىگە ئايلىنىپ كەتكەن تۈرى. مۇنداق هال پېئىللارنى گىراماتىكىلاشقان هال پېئىللار دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ئۇلارنى تۆۋەندىكى ئىككى كاتېگورىيە سوستاۋىدىن كورۈش مۇمكىن:

1) پېئىل زامانلىرىنىڭ (يەنى ئېنىقلىق مەيىل كاتېگورىيىسىنىڭ) سوستاۋىدا. مەسىلەن: ياز — ياز ـ ئا — ياز ـ ئا ـ مەن (يازىـ مەن)، بار — بار ـ ئا — بار ـ ئا ـ دۇ (بارىدۇ)، كەل — كەل ـ ئە — كەل ـ ئە ـ مەن (كېلىـ مەن)؛ ياز — يازىپ — ياز ـ ئىپ ـ تۇ (يېزىپتۇ)، ياز ـ ئا ـ دىغان (يازىدىـ غان) ۋە باشقىلار.

2) مۇرەككەپ پېئىللارنىڭ سوستاۋىدا. مەسىلەن: چىقىپ كەتتى، كىرىپ قالدى، كورۈپ بولدى، ئوقۇپ يۈرىدۇ، كورۈۋالدى (≤كور ـ ئۇپ ـ ئالـدى)، ئېلىـۋەردى (≤ ئال ـ ئا ـ بەردى)، كېلىۋاتىـدۇ (≤كەل ـ ئىپ ـ ياتا ـ دۇ)، يېزىـۋېـدىم (<ياز ـ ئىپ ـ ئىـدىم)، يېزىپتىـكەن (<ياز ـ ئىپ ـ تۇ ـ ئىكەن)، يازمۇدىم (<ياز ـ ما ـ پ ـ ئىدىم) ۋە باشقىلار.

شۇنداق قىلىپ، هال پېئىللارنى ئىككى خىل نۇقتىدىن قاراشقا بولىدۇ:

1) مەنە جەھەتتىن هال پېئىللار ئاساسىي پېئىلنىڭ (جۈملە خەۋىرىنىڭ) ئىپادىلەيدىغان ئىش ـ هەرىكىتىنى هەر خىل ئېنىقلاپ كېلىدىغان، قوشۇمچە هەرىكەتكە ئىگە ۋە رەۋىشكە يېقىن كاتېگورىيە. بەقەت ئوزىنىڭ مۇشۇ مەنىسىدە ئىشلىتىلگەندىلا، ئۇ هەقىقى هال پېئىل بولۇشى مۇمكىن.

2) خىزمىتى جەھەتتىن هال پېئىللار خۇددى تۇرلەنگۈچى پېئىلـلاردىن (زامان مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئېنىقلىق مەيىل فورمىسىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پۈتكۈل ئادرېسى

پېئىللاردىن) پەرقلەنمەيدۇ. مەسىلەن، "كەتتى" دېگەن پېئىل بىلەن "كېتىپ قالدى" دېگەن مۇرەككەپ پېئىل ئاساسەن بىرلا ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. مۇرەككەپ پېئىلدىكى قوشۇمچە مەنىنى بولسا (تۈيۈقسىزلىق، كۈتمىگەنلىك مەنىسىنى) پەقەت "قالدى" دېگەن ياردەمچى پېئىللا بېرىدۇ. ئاساسىي مەنىنى "كېتىپ" فورمىسى بېرىدۇ. دېمەك، ھەقىقىي ھال پېئىللارغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ يەردىكى (مۇرەككەپ پېئىللارنىڭ سوستاۋىدىكى) ھال پېئىل فورمىلىرى قوشۇمچە ھەركەتنى، قوشۇمچە مەنىنى ئەمەس، ئاساسىي مەنىنى بېرىدۇ. شۇنداقلا ئېنىقلىق مەيىل سوستاۋىدىمۇ بۇ فورمىلار ھەقىقىي ھال پېئىل مەنىسىدە ئەمەس، زامان مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، "بارىدۇ، كېلىدۇ، كەپتۇ، كېلىدىغان" دېگەن پېئىللارنىڭ ئاساسلىرىغا ئۇلانغان "-ئا، -ئە" ۋە "-پ" قوشۇمچىلىرى (بار-ئا-دۇ، كەل-ئە-دۇ، كەل-ئىپتۇ، كەل-ئە-دىغان) ئۆزلىرىنىڭ ھال پېئىل ياساش ۋەزىپىسىدە ئەمەس، زامان كاتېگورىيىسىنى ياساش ئۈچۈن قوللىنىلغان.

ھال پېئىل فورمىلىرىنىڭ مۇشۇ ئىككى خىل ئىشلىتىلىشى، ئۇلارنىڭ ھەر خىل ۋەزىپىلەرگە ئىگە ئىكەنلىكى ئۇلارغا بېرىلىدىغان سوئاللارنىڭ ھەر خىللىقى بىلەنمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەگەر مەزكۇر فورمىلار ھەقىقىي ھال پېئىل بولسا، ئۇلارغا رەۋىشلەرنىڭ سوئاللىرى بېرىلىشكە بولىدۇ: "ئالدىراپ سۆزلىدى، ھودۇقۇپ كىرىپ كەلدى. ئالدىرىماي سۆزلە، قىيا بېقىپ قارىدى، تۇرە تۇردى." مۇرەككەپ پېئىل سوستاۋىدا ياكى ئېنىق مەيىل فورمىسىدا ئىشلىتىلگەن ھال پېئىللار بولسا، رەۋىشلەرنىڭ ئەمەس، پېئىللارنىڭ ئاساسىي سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىدۇ، چۈنكى بۇ يەردىكى ھال پېئىل فورمىلىرى ياردەمچى پېئىللار بىلەن قوشۇلۇپ (م.: كېتىپ قالدى، كېلىۋاتىدۇ، بارالايدۇ) ياكى شەخس كۆرسەتكۈچلىرىنى قوبۇل قىلىپ (م.: بارىمەن، ئالسەن، ئوقۇپتۇ)، ئۆزلىرىنىڭ ھال پېئىل مەنىسىنى يوقىتىدۇ...

تۈرلەنگۈچى پېئىللارغا (پېئىللارنىڭ شەخسلىك فورمىلىرىغا) ئايلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: كۆرىمەن (كۆر ـ ئە ـ مەن)، كۆرسەن (كۆر ـ ئە ـ سەن)، كۆرىمىز (كۆر ـ ئە ـ مىز)، كېتىپسىلەر (كېتىپ ـ سەن ـ لەر)، ئوقۇۋاتىدۇ (ئوقۇپ ـ ياتىدۇ)، بارالايمەن (بارا ـ ئالا ـ مەن)، كۆرۈپ قالدى، بېرىپ تۇرىدى.

## هال پېئىللارنىڭ ياسىلىشى

هال پېئىللار مەخسۇس قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن تۆۋەندە‑كىچە ياسىلىدۇ.

1. پېئىل ئاساسىغا "ـىپ (ـىپ، ـۇپ، ـۈپ)" قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق. بۇ قوشۇمچىنىڭ ياردىمى بىلەن ياسالغان پېئىل فورمىلىرى تۈركى تىللار گىراماتىكىلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك "ئۆتكەن زامان هال پېئىلى" دەپ ئاتىلىدۇ، لېكىن، ئەگەر بۇ هال پېئىللارنىڭ گىراماتىكىلىشىش خۇسۇسىيىتىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئەسكە ئالساق، "ئۆتكەن زامان هال پېئىلى" دېگەن تېرمىننىڭ بۇ فورمىغا، ئۇنىڭ ماھىيىتىگە ھەرقاچان توغرا كېلىۋەرمەيدىغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن، "كېتىپ قالدى، كېتىپ قالىدۇ، كېتىپ قالاتتى، كېلىپ يۈرىدۇ" دېگەن مىساللاردىكى ئوخشاش فورمىدا ئىشلىتىلگەن هال پېئىللارنىڭ زامانغا مۇناسىۋىتى ئۆزلىرىدىن كېيىن كەلگەن شەخسلىك پېئىللارغا باغلىقلا ئېنىقلىنىدۇ. ھەتتا مۇستەقىل مەنىسىگە ئىگە بولغان هال پېئىللارنىڭ ئۆزىدىمۇ ئۇلارنىڭ زامان مەنىسى خەۋەر پېئىلنىڭ فورمىسىغا باغلىق ئېنىقلىنىدۇ. مەسىلەن، ياخشى تەييارلىنىپ بارىمىز، ياخشى تەييارلىنىپ باردۇق، ياخشى تەييارلىنىپ كەتتۇ ۋە باشقىلار.

مۇستەقىل مەنىدە ئىشلىتىلگەن هال پېئىلنىڭ بۇ تۈرى تۈرلەن‑گۈچى پېئىل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئاساسى ھەرىكەتنىڭ ئالدىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولغان باشقا بىر ھەركەتنى بىلدۈرىدۇ ۋە ئاساسىي ھەركەتنى ئۇنىڭ بولغان ۋاقتى، ھالىتى، سەۋەبى، شەرتى جەھەتتىن ئېنىقلايدۇ. مەسىلەن: بۇھارۋا يوغان ۋە پۇختا ئىدى، چاقىغا ئىككى قەۋەت تومۇر تارتىلىپ، مەككەم قىلىپ قادالغان. (ن.گ.) سىلەرنى تاپالماي، كېتىپ قالدىم. ئۇ ئۆز ئىشىغا بېرىلىپ ئىشلەيتتى. (م.گ.) خېمىر ئۈزلۈك بولماي، نان ياخشى پىشىپ چىقىدۇ دەپ ئويلىمايتتى. (م.گ.) قازىنىڭ خوتۇنى ئۆلۈپ، ئۇ يالغۇز قالدى. (ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن.) بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ، مەن ئۇنى بىرمۇ قېتىم كۆرمىدىم.

ھال پېئىلنىڭ بۇ تۈرى، ھالەت مەنىسىنىڭ ئۈستىدە ئاساسىي پېئىل ھەركىتى بىلەن بىر مەزگىلدە بولغان ياكى بولىدىغان ئىش-ھەركەتنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. مەسىلەن: دۇدۇقلاپ سۆزلەيدۇ؛ ئېغاڭلاپ ماڭىدۇ؛ كۈلۈپ ئېيتتى؛ زىرەك تېپىپ سۆزلەيدۇ، قوپال — قېپىپ. (ماقال.)

”-پ (-ئىپ-ئۇپ، -ئۈپ)“ قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىللارنىڭ بولۇشسىز تۈرى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:

1) مۇستەقىل مەنىگە ئىگە ھال پېئىللار بىلەن ئېنىق مەيىل فورمىسىدا قوللىنىلغان ھال پېئىللاردا پېئىل ئاساسىدىن كېيىن (ھال پېئىل قوشۇمچىسىدىن ئىلگىرى) ”-ما، -مە“ قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ: ”مېنى كۈتمەي كېتىپ قاپتۇ؛ جاپا تارتماي، ھالاۋەت يوق، (ماقال.) ئۇلار تېخى كەلمەپتۇ؛ سىلەر بىلمەپسىلەر.“ مىساللاردىن بايقىلىدۇكى، مۇستەقىل مەنىگە ئىگە بولغان، لېكىن ئاياقلاشقان ۋە مۇستەقىل جۈملە ھاسىل قىلالمايدىغان ھال پېئىللارنىڭ بولۇشسىز فورمىسىدىن كېيىن ھال پېئىلنىڭ ”-ي“ قوشۇمچىسى ئۇلانسا، ئېنىق مەيىل فورمىسىدا ”-پ“ قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ: ”كۈتۈپ — كۈت-مە-ي؛ قاراپ — قارى-ما-ي“ ۋە باشقىلار.

2) بەزىبىر مۇرەككەپ پېئىللارنىڭ سوستاۋىدا كەلگەن ھال پېئىللار بولۇشسىزلىق ”-ما (-مە)“ قوشۇمچىسىنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن،

لېكىن بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى پۈتۈن مۇرەككەپ پېئىل تۈپلىمى ئۈچۈن ئومۇمىي ئىنكار سۈپىتىدە مۇرەككەپ پېئىلنىڭ ئاخىرسىغىمۇ ئۇلىنىدۇ. بۇ ئىككى ھالەتتە بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى مۇرەككەپ پېئىلدا ئىككى خىل مەنە پەيدا قىلىشى مۇمكىن:

| | |
|---|---|
| تونىماي قالدى | تونۇپ قالمىدى |
| كەلمەيۋاتىدۇ | كېلىۋاتمايدۇ |
| ئوقۇماي يۈرىدۇ | ئوقۇپ يۈرمەيدۇ |
| ئوينىمايۋاتىدۇ | ئويناۋاتمايدۇ |

لېكىن بەزى مۇرەككەپ پېئىللارنىڭ سوستاۋىدىكى ھال پېئىل فورمىلىرى بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ: "ئوقۇپ بولمىدى، كېتىپ بارمايدۇ، ئوقۇۋالمىدى، ئېيپكەتمىدى، توقۇپ بولمىدى" ۋە باشقىلار.

II. پېئىل ئاساسىغا "ـ ئا (ـ ئە، ـ ي)" قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىللار. ھال پېئىللارنىڭ بۇ تۈرى مۇستەقىل مەنىدە ئاز قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: "ئۇ، مۇشۇ خۇسۇسىيەتكە قاراپ، تىلنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللاردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. («ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»). سېنى كۈتە-كۈتە زېرىكتۇق. ساڭا قاراپ، باشقىلىرىمۇ كەلمىدى. تەلىيىمگە يارىشا، سېنىمۇ كۆرەلمىدىم" ۋە باشقىلار.

تەكرارلىنىپ قوللىنىلغان مۇنداق ھال پېئىللارنىڭ بەزىلىرى رەۋىش كاتېگورىيىسىگە ئۆتۈپ كەتكەن. مەسىلەن: بارا-بارا كۈن ئىسسىماقتا.

"ـ ئا (ـ ئە، ـ ي)" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىللار ئاساسەن پېئىل زامانلىرى (ياكى ئېنىق مەيىل كاتېگورىيىسى) بىلەن مۇرەككەپ پېئىللارنىڭ سوستاۋىغا كىرىدۇ.

ئېنىق مەيىل سوستاۋىدا ھال پېئىللارنىڭ بۇ تۈرى ھازىرقى ۋە كېلىدىغان زامان مەنىلىرىنى ئاڭلىتىدۇ (بۇ توغرىلىق پېئىل زامانلىرىغا قاراڭ). مەسىلەن: بارىمەن (< بار-ئا-مەن)، ئىشلەيمەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

(<ئىشلە ـ ي ـ مەن)، كېتىمەن (<كەت ـ ئە ـ مەن) ۋە باشقىلار.

مۇرەككەپ پېئىللار سوستاۋىدا ھال پېئىلىنىڭ بۇ تۈرى ياردەمچى پېئىل بىلەن بىرىكىپ، بىر سۆزگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ پەقەت ئىككىلا ياردەمچى پېئىل بىلەن بىللە كېلىدۇ: "ئال ـ" ۋە "بەر ـ" مەسىلەن: كېتەلەيمەن (< كەت ـ ئە ـ ئالىمەن)، بارالمايمەن (<بار ـ ئا ـ ئالمايمەن)، يۈرۈۋېرىمەن (<يۈر ـ ئە ـ بېرىمەن)، ئالىۋەر (<ئال ـ ئا ـ بەر)، ئېيتىۋەر (< ئېيت ـ ئا ـ بەر) ۋە باشقىلار.

III. پېئىل ئاساسىغا "ـ غاچ (ـ گەچ، ـ قاچ، ـ كەچ)" قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىللار. بۇ ھال پېئىللار باشقا بىر ھەرىكەت بىلەن بىللە، پەيتتىن پايدىلىنىپ ئورۇنلىنىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: "ئالغاچ كەل، كورگەچ كەت، ئوقۇغاچ ئولتار" ۋە باشقىلار. بۇ فورما، باشقا بەزى تىللاردىكىگە ئوخشاش، مۇرەككەپ جۈملە ھاسىل قىلمايدۇ. مەسىلەن، ئۆزبېك تىلىدا "كۈن چىققاچ، يەرلەر ئەكچىدى" دەپ ئېيتىلىشى مۇمكىن؛ بۇ يەردە "چىققاچ" فورمىسى بېقىندا جۈملىنىڭ مەركىزىنى ھاسىل قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا "ـ غاچ" فورمىسى پەقەت ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن شەخسلىك پېئىللار بىلەن قوشۇلۇپلا جۈملە خەۋىرىنى (قوشما خەۋەر) ھاسىل قىلىدۇ.

IV. پېئىل ئاساسىغا "ـ غىچە (ـ گىچە، ـ قىچە، ـ كىچە)" قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىللار ۋاقىت ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: مەن كەلگىچە كېتىپ قاپتۇ. كۈن چىققىچە يېتىمىز. بۇ ياخشىلىقىڭنى تا ئۆلگىچە ئۇنتۇمايمەن. تاسما يىسىگەن ئىتنىڭ خۇيى ئۆلگىچە قالماس. (ماقال.)

"ـ غىچە" قوشۇمچىسى سېلىشتۇرۇش ھالىتىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن: ئورۇك يەپ ئاغرىغىچە، ئالما يەپ ئۆلۈۋال. (ماقال.) قاشىڭ قارا بولغىچە، كوزۈڭ قارا بولسىچۇ. (فولك)

"ـ غىچە" قوشۇمچىسى تارىخەن "ـ غان (ـ گەن، ـ قان، ـ كەن)" ۋە "ـ چە" قوشۇمچىلىرىدىن تەركىپ تاپقان مۇرەككەپ قوشۇمچە.

٧. پېئىل ئاساسىغا "ـ غىلى (ـ گىلى، ـ قىلى، كىلى)" قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسالغان هال پېئىللار ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن شەخسلىك پېئىللار بىلەن بىللە ئىپتىلىپ، هەركەتنىڭ مەقسىدىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: "كورگىلى كەلدىم؛ كەتكىلى تەييارلىنىۋاتىدۇ؛ ئۇ بىز ياتقىلىۋاتقاندا كەلدى" ۋە باشقىلار. بەزىدە بۇ فورمىنىڭ مەقسەت مەنىسى ئوچۇق كورۇنمەيدۇ؛ مەسىلەن: ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدۇ، يىگىلى بولمايدۇ.

ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن پېئىللار بىلەن باغلىنىشىنى يوقاتقان ۋە ئۆنىڭدىن يىراقلاشقان هالەتتە بۇ فورما هەركەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ: سېنى كورمىگىلى كوپ يىللار بولدى؛ كەتكىلى خېلى بولدى.

"غىلى(ـ گىلى، ـ قىلى، ـ كىلى)" قوشۇمچىسى "غان (ـ گەن، ـ قان، ـ كەن)" ۋە "ـ لى" قوشۇمچىلىرىدىن تەركىپ تاپقان مۇرەككەپ قوشۇمچە. بەزى تۈركولوگلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئىككى قوشۇمچىنىڭ قوشۇلغان يېرىدىكى "ـ ن+ـ لا ـ" تاۋۇشلىرى "(غان ـ لى)" بىردە "ـ نى ـ"، بىردە "ـ لل ـ" تاۋۇشلىرىنى بەرگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا "كەلگىلى" دىگەن فورما بىلەن بىللە بەزىدە "كەلگىنى" دىگەن شەكلىدىكى فورمىمۇ ئۇچرايدۇ: "مەن كەلگىنى ئۈچ كۈن بولدى." تەخمىن قىلىشقا بولىدۇكى، "كەلگىلى" ۋە "كەلگىنى" فورمىلىرى تارىخەن تۆۋەندىكى تەرەققىيات نەتىجىسىدە پەيدا بولغان: كەلگەنلى>كەلگەللى (كەلگەننى)>كەلگەلى (كەلگەنى)>كەلگىلى (كەلگىنى).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئىنفىنىتىۋ ۋە ھەركەت نامى

تۈركى سىستېمىلىق تىللارنىڭ گراماتىكىلىرىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدا، رۇس تىلىنىڭ تەسىرى ئارقىلىق پەيدا بولغان «ئىنفىنىتىۋ» دېگەن تېرمىن بار. لېكىن بۇ تىللاردا «ئىنفىنىتىۋ» — گراماتىكىلىق كاتېگورىيە سۈپىتىدە تېخى ئېنىقلانمىغان چۈشەنچە. تۈركى تىللارنىڭ تولىسىدا بۇ كاتېگورىيىنى بىلدۈرىدىغان مەخسۇس تۈركى ئاتالغۇ يوق. بەزى تىللاردا پېئىلنىڭ قايسى فورمىسىنى لۇغەتلەر رويخېتىدىكى سوز سۈپىتىدە بېرىش كېرەكلىكى توغرىسىدا تالاش پىكىرلەر بار. مەلۇمكى، ۋ. ۋ. رادلوۋنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىدە، لۇغەتلىرىدە، ك. ك. يۇداخىن، ن. ئا. باسكاكوۋغا ئوخشاش ئاتاقلىق لېكسىكوگرافلارنىڭ لۇغەتلىرىدە رۇس تىلى ئىنفىنىتىۋىغا توغرا كېلىشكە تېگىش بولغان پېئىللار ئىككىنچى شەخس بۇيرۇق پېئىل فورمىسىدا بېرىلىدۇ. مەسىلەن، قىرغىز، خاكاس، ئويروت ۋە باشقا تىللارنىڭ لۇغەتلىرى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر، ئۆزبېك، ئەزەربەيجان، تۈرك... تىللارنىڭ لۇغەتلىرىدە ئىنفىنىتىۋ سۈپىتىدە "-ماق (-مەك)" قوشۇمچىسى بېرىلسە، باشقا تىللاردا، مەسىلەن، قازاق تىلىدا، مەيىل كاتېگورىيىسىدە قارىلىدىغان ۋ (بارۋ، وقۇ) فورمىسى بېرىلىدۇ.

ئىنفىنىتىۋنىڭ مۇشۇ كۈنگىچە ئېنىقلانمىغان كاتېگورىيە بولۇپ كېلىشىنىڭ مەلۇم سەۋەپلىرىمۇ بار.

بىرىنچىدىن، ئىنفىنىتىۋ (ئەگەر بۇ كاتېگورىيە تۈركى تىللاردا ھەقىقەتەن مەۋجۇت كاتېگورىيە بولسا) تۈركى تىللارنىڭ ئۆز "زېمىنىدە" قالماي، رۇس تىلى ئىنفىنىتىۋىنى كوز ئالدىغا كەلتۈرگەن ھالدا، شۇنى ئاساسقا ئالغان ھالدا قارىلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، تۈركى تىللاردا «ئىنفىنىتىۋ» دەپ ھىساپلىنىپ يۈرگەن فورمىلارنىڭ بەلگە-خۇسۇسىيەتلىرى بۇ فورمىلارنى بىردە پېئىلغا يېقىنلاشتۇرسا، بىردە ئىسىملارغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تۈركمەن، ئەزەربەيجان تىللىرى ئۈچۈن ئىنفىنىتىۋ ھىساۋىدا قوللىنىلىدىغان "-ماق- (-مەك)" فورمىسى، بىردە پېئىلغا ئوخشاش، ھەركەت دىنامىكىسىنى بىلدۈرۈپ، پېئىللارغا يېقىنلاشسا، بىردە كېلىش ۋە شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، ئىسىملارغا يېقىنلىشىدۇ: ئالماقنىڭ بەرمىگى بار، چىقماقنىڭ چۈشمىگى. (ماقال.) ئۇنىڭ كەتمىگى تەس بولدى. شۇندىن شۇنىغا كەلمىگىم... (فولك)....

بۇ فورمىنىڭ مۇشۇ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، بەزى گىراماتىكىستلار ئۇنى ھەركەت نامى دەپ، ياكى پېئىلنىڭ ئىسىمغا قاراپ سىلجىغان فورمىسى دەپ ئاتايدۇ.

ن. ئا. باسكاكوۋ ۋە ۋ. م. ناسىلوۋ ئۇيغۇر تىلىدىكى "-ماق (-مەك)" فورمىسىنى، شۇنىداقلا "-ش (-مش، -ۇش، -ۈش)" ۋە "-غۇ (-قۇ، -گۇ، -كۇ)" فورمىلىرىنى "پېئىلدىن ياسالغان ئىسىملار" دەپ ئاتاپ، ئۇلارنىڭ ھەم ئىنفىنىتىۋ، ھەم ئىسىم سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغانلىغى توغرىلىق ئېيتىدۇ: "ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەركەت نامىلىرى ھەم پېئىللىق، ھەم ئىسىملىك رول ئوينايدۇ، بۇ باشقا تىللاردىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل كېڭەيتىشچان خۇسۇسىيەت. ئۇ پېئىلنىڭ مۇكەممەللەشمىگەن تۈرى بولۇشىمۇ كېلىدۇ، پېئىلنىڭ ئىنفىنىتىۋلىق فورمىسى بولۇشىمۇ كېلىدۇ، شۇنداقلا ئادەتتىكى ئىسىم بولۇشىمۇ كېلىدۇ"①.

① ن. ئا. باسكاكوۋ—«ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىدىن ئوچېرىك» «ئۇيغۇرچە-رۇسچە لۇغەتنىڭ قوشۇمچىسى». موسكۋا، 1939.221 — 222 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ يەردىكى "-غۇ" فورمىسىنىڭ ھەركەت نامى ياكى ئىنفىنىتىۋ دەپ قارىلىشىدا ئېنىقلىق يوق، چۈنكى "-غۇ" فورمىسىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىككى خىل كاتېگورىيىگە باغلىق قاراشقا بولىدۇ.

بىرىنچىدىن، ئەگەر ئۇ پېئىل فورمىسى بولسا، شەخس كورسەتكۈچ-لىرىسىز قوللىنىلمايدۇ: "ئالغىم، ئالغۇڭ، ئېيتقۇسى، كەتكىمىز، بارغىڭلار". بۇ يەردە شەخس كورسەتكۈچلىرى بىلەن كەلگەن "-غۇ" فورمىسى "كەل-" پېئىلى بىلەن ياكى "بار، يوق" دېگەن سوزلەر بىلەن بىللە كېلىپ، مەيىل فورمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ؛ "كەتكۈم (كەتكۈڭ، كەتكۈسى) كېلىدۇ؛ كەتكۈم (كەتكۈڭ) يوق، كەتكۈسى بار" ۋە باشقىلار. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ فورمىنى ئىنفىنىتىۋ ياكى ھەركەت نامىغا باغلىق قاراشقا بولمايدۇ.

ئىككىنچىدىن، شەخس كورسەتكۈچلىرىسىز "-غۇ" فورمىسى پېئىل ئاساسلىرىدىن ئىسىم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: "چاپ — چاپقۇ، ئاس — ئاسقا، سال — سالغا، كۈل — كۈلكە، ئۇر — ئۇرغۇ، يات — ياتقۇ (ياتقا)، ئىل — ئىلغۇ، سوي — سويگۇ، چال — چالغۇ (چالغۇ ئەسۋاپلىرى)..." بۇ يەردە بۇ فورمىنى پېئىل دەپ قاراشقا ئەلۋەتتە، بولمايدۇ. دېمەك، ن. ئا. باسكاكوۋ ۋە ۋ. م. ناسىلوۋ كەلتۈرگەن "قىلغۇ" فورمىسىنىڭ ئىنفىنىتىۋ ياكى ھەركەت نامى فورمىلىرىغا ھېچبىر ئالاقىسى يوق.

لېكىن "-ماق (-مەك)" فورمىسى بىلەن "-ش (-ئىش، -ئۇش، -ئۈش) فورمىسىنىڭ ئوزئارا يېقىن ۋە ئوخشاش تەرەپ-لىرى ھەقىقەتەن كوپ. بۇ فورمىلارنىڭ ئىككىلىسى ئىش-ھەركەتنى، ھالەتنى، پېئىللارغا ئوخشاش، دىنامىكىلىق جەريان سۈپىتىدە ئىپادى-لەيدۇ: "ئالماق — ئېلىش، ماڭماق — مېڭىش، كەتمەك — كېتىش، قاچماق — قېچىش، ياتماق — يېتىش، تۇرماق — تۇرۇش، كۈتمەك —

كۈتۈش، ئۇخلىماق — ئۇخلاش، ئويلىماق — ئويلاش...» بۇ فورمىلاردا پېئىللارنىڭ ئوتتۇملۇك، ئوتتۇمسىز مەنىلىرىنىڭ ساقلىنىدىغانلىقى ئاشكارا سېزىلىدۇ: «يازماق — يېزىش، تاشلىماق — تاشلاش، تىكمەك — تىكىش، سېتىۋالماق — سېتىۋېلىش، بېرىۋەتمەك — بېرىۋېتىش، ئۇرماق — ئۇرۇش (ئوتتۇملۇك مەنىدە)؛ ئۇخلىماق — ئۇخلاش، كەتمەك — كېتىش، ئويلىماق — ئويلاش، قاچماق — قېچىش (ئوتتۇمسىز مەنىدە)». بۇ فورمىلارنىڭ ئىككىلىسى، ئىسىملارغا ئوخشاش، سۈپەت بىلەن ئەمەس، پېئىللارغا ئوخشاش، رەۋىشلەر بىلەن ئېنىقلىنىدۇ: «چاپسان ماڭماق — چاپسان مېڭىش، يىراق كەتمەك — يىراق كېتىش، كېيىن قالماق — كېيىن قېلىش، كېيىن كەلمەك — كېيىن كېلىش، ئاستا يۈگەرمەك — ئاستا يۈگرەش، ئاستىن ئالماق (م.، تىماقنى) — ئاستىن ئېلىش» ۋە باشقىلار. ھەم «-ماق» فورمىسى، ھەم «-ش» فورمىسى ئىش-ھەرىكەتنىڭ، ھالەتنىڭ نامىنىلا ئاتايدۇ. بۇ فورمىلارنىڭ ئىككىلىسى ئىسىملارغا ئوخشاش تۈرلىنىدۇ: «بارماقنىڭ — بېرىشنىڭ، بارمىقىم — بېرىشىم، بارمىقىڭ — بېرىشىڭ، بارماقتا — بېرىشتا...» ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى «كېرەك، لازىم، زۆرۈر» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن بىللە قوللىنىلىشى مۇمكىن: بارماق كېرەك — بېرىش كېرەك، جان باقماق كېرەك — جان بېقىش كېرەك...

مۇشۇ خۇسۇسىيەتلەرگە قارىغاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى «-ماق» ۋە «-ش» فورمىلىرى ئۇزلىرىنىڭ مەنىسى ۋە ئىشلىتىلىشى جەھەتتىن بىر بىرىگە يېقىن، بىر بىرىگە ئوخشاش كاتېگورىيىلەر ئىكەنلىكى بايقىلىدۇ.

شۇندىمۇ ئۇيغۇر تىلىدا ھازىر قېلىپلاشقان ئىنفىنىتىۋ سۈپىتىدە پەقەت «-ماق (-مەك)» فورمىسى ئېلىنىدۇ. بىرەر ھەرىكەتنى، ھالەتنى ئاتاش كېرەك بولسا، باشقىچە ئېيتقاندا، بىرەر پېئىلنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاتاش كېرەك بولسا، ئۇيغۇر تىلىدا "-ماق" فورمىسى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ فورمىنى رۇس ئىنفىنىتىۋىنىڭ ئېكۋىۋالېنتى سۈپىتىدە ئۇيغۇر تىلى لۇغەتلىرىدىمۇ كۆرۈشكە بولىدۇ. سوزسىز، بۇ فورما ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشاش تەرەققى قىلغان يېزىق تىرادىتسىيىسى ۋە يازما ئەدەبىياتى بار تىللار ئۈچۈن ئىنفىنىتىۋ سۈپىتىدە قېلىپلىشىپ، سىڭىشىپ قالغان فورما.

لېكىن بۇ فورمىغا قارشى قويۇلىدىغان "-ش (-ىش، -ۇش، -ۈش)" فورمىسى ئۇيغۇر تىلىدا ھەرىكەت نامى دەپ ئاتىلىپ، بەزى ئەسەرلەردە ئۇ پېئىل كاتېگورىيىسىدىن چىقىرىلىپ، ئىسىم كاتېگورىيىسىدە قارىلىپ يۈرىدۇ. بۇنىڭغا دەلىل سۈپىتىدە ئېلىنىدىغان ئادەتتىكى ئىسپاتلار مۇنۇلار: ئا) ھەرىكەت ناملىرىدا، ئىنفىنىتىۋقا نىسبەتەن، ھەرىكەتنىڭ دىنامىكىسى سۇس، ئە) ھەرىكەت ناملىرى ئىسىملارغا ئوخشاش تۈرلىنىدۇ، ب) ھەرىكەت ناملىرىدا ھەرىكەتكە قارىغاندا، شەيئىلىك خۇسۇسىيەت كۈچلۈكرەك ۋە باشقىلار. لېكىن ھەرىكەت ناملىرىدا، سوزسىز، سۇس بولسىمۇ، ھەرىكەت بار. يۇقۇرىدا كۆرگەندەك، ھەرىكەت ناملىرىغا ئوخشاش ئىنفىنىتىۋمۇ تۈرلىنىدۇ. شەيئىلىك مەنە شۇ ۋاقىتتا ئىنفىنىتىۋتىمۇ پەيدا بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، بۇ جەھەتتىن ئىنفىنىتىۋ بىلەن ھەرىكەت ناملىرىنىڭ بىر بىرىدىن ئېيتارلىق پەرقلىرى بار دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ.

ھەرىكەت ناملىرىنى پېئىل كاتېگورىيىسىدە قاراش كېرەك ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان بىر نەرسە — ھەرىكەت ناملىرىنىڭ پەقەت پېئىللا خاس بولغان بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسىنى قوبۇل قىلىندىغانلىقى. ھېچبىر ئىسىم بولۇشسىزلىق "-ما (-مە)" قوشۇمچىسىنى قوبۇل قىلالمايدۇ. ئىسىملار ئىنكار مەنىسىنى پەقەت ئانالىتىكىلىق يول بىلەنلا كۆرسىتىشى مۇمكىن: "ئات ئەمەس، ياخشىلىق ئەمەس، ياخشى ئەمەس، بىر ئەمەس، بىز ئەمەس" ۋە باشقىلار. ھەرىكەت

نامىلىرىغا پېئىلنىڭ بولۇشسىزلىق كاتېگورىيىسى خاس. مەسىلەن: "ئېلىش ــ ئالماش (ياكى: ئالماس، ئالماسلىق)". بۇنى تۈركى تىللارنىڭ ھەممىسىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن، قازاق تىلىدا: الۋ ــ الماۋ، باشقىرت تىلىدا: ئالۇ ــ ئالماۋ، ئۆزبېك تىلىدا: بىلىش ــ بىلمەسلىك...

بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسىنى ئىسىملارنىڭ پېئىلدىن ياسالغان فورمىلىرى قوبۇل قىلمايدۇ. مەسىلەن: "بىل-ئىم، ئۇيۇش-ما، ئۇر-ئۇش، چاپ ــ چېپ-ئىش، ئوقۇ-ش، ئۆزگىر-ئىش" ۋە باشقىلار. ھەرىكەت نامىلىرىنىڭ ئەكسىچە، بۇ فورمىلار سۈپەتلەر ۋە ئىسىملار بىلەن ئېنىقلىنىپ كېلىشى مۇمكىن: "سىياسى بىلىم، سىياسى ئوقۇش، گىراژدان ئۇرۇشى، يوشۇرۇن ئۇيۇشما، سوتسىيالىستىك چېپىش، چوڭ ئۆزگىرىش" ۋە باشقىلار. بۇ فورمىلار، ھەرىكەت نامىلىرىغا ئوخشاش، "نىمە قىلىش؟" ئەمەس، "نىمە؟" دىگەن سوئالغا جاۋاپ بېرىدۇ. ھەرىكەت نامىلىرى بولسا، پېئىللارغا ئوخشاش، رەۋىشلەر بىلەن ئېنىقلىنىپ، "نىمە قىلىش؟" دىگەن سوئالغا جاۋاپ بېرەلەيدۇ: "چاپسان يېزىش، ئىلدام ئوقۇش، چاپسان سوزلەش، پات يېتىش، قاتتىق كېتىش، كېيىن قىلىش" ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەرىكەت نامىلىرىنى رۇس تىلىنىڭ ھەرىكەت نامىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ. رۇس تىلىدا ھەرىكەت نامى دەپ ئاتىلىدىغان فورما پېئىل ئەمەس، ئىسىم بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى: "سېزىش ــ سېزىم، سىزىش ــ سىزىق، قىسىش ــ قىسىق، چاقىرىش ــ چاقىرىق، باشلاش ــ باشلام، ئېلىش ــ ئىلىم، سېلىش ــ سېلىم" دىگەن ئىككى توپ سوزنى ئېلىپ، تەخمىنەن، ئۇنى رۇس تىلىدىكى ھەرىكەت نامىلىرى بىلەن تەرجىمە قىلدۇق دەيلى. شۇ ۋاقىتتا رۇس تىلىدا بېرىلگەن ھەرىكەت نامىلىرىنى "سېزىش، سىزىش، قىزىش" ۋە باشقا ھەرىكەت نامىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بىلەن ئەمەس، "سېزىم، سىزىق، قىزىق" ۋە باشقا ئىسىملار بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولار ئىدى.

مۇشۇ پاكىتلارنىڭ ھەممىسى ھەركەت نامىنىڭ ئىنفىنىتىۋقا يېقىنلىقىنى، ھەركەت نامىنى ئىنفىنىتىۋقا ئوخشاش، پېئىل كاتېگورىيىسىدە قاراشقا بولىدىغانلىقىنى دەلىللەيدۇ.

## پېئىلنىڭ سىنتاكسىسلىق رولى

پېئىل — جۈملىنىڭ ئاساسىي قۇرغۇچى سۆز. ھەركەتنى، ھالەتنى بىلدۈرۈش — پېئىلنىڭ ئەڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى، شۇنىڭ ئۈچۈن پېئىل ئادەتتە جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلىدۇ. جۈملىنىڭ ئومۇمىي تۈزۈلىشى ۋە ئۇنىڭ سېمانتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ھەرقاچان پېئىلنىڭ تەسىرى ئارقىلىق، پېئىل فورمىلىرىنىڭ ھەر خىل بولۇپ كېلىشى ئارقىلىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، ئۆتۈملۈك پېئىللار بىلەن ئۆتۈمسىز پېئىللارغا باغلىنىپ كەلگەن ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى ئوخشاش بولمايدۇ: ئادەتتە ئۆتۈملۈك پېئىللار ئۆزى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن ئىسىملارنىڭ چۈشۈم كېلىشتە قوللىنىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ (ئوقى — خەت-نى ئوقى؛ چال — دۇتار چال؛ ئال — مەن خەت ئالدىم)؛ ئۆتۈمسىز پېئىللار ئۆزى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن ئىسىملارنىڭ چۈشۈم كېلىشتىن باشقا، تولاراق بېرىش، چىقىش، ئورۇن-ۋاقىت كېلىشلەردە قوللىنىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ: "كەت — مەن ئىشقا كەتتىم؛ قايت — ئۇ ئىشتىن قايتمىدى، قال — ئەخمەت ئۆيدە قالدى" ۋە باشقىلار. ئەگەر پېئىل ئۆملۈك دەرىجە فورمىسىدا كەلسە، ئۇنىڭغا باغلانغان ئىسىمغا، ئادەتتە، "بىلەن" دېگەن سۆز قوشۇلىدۇ، گايىدا ئىسىم بېرىش كېلىش فورمىسىدا قوللىنىلىدۇ: كۆرۈش — مەن مېھمانلار

بىلەن كورۇشتۇم؛ ياردەملەش ــ ئىشلىرىمغا ياردەملەشتى؛ تىياتىردا كورۇشتۇق؛ ئۇلار خەت يېزىشتى...

پېئىل جۇملىدە ئاساسەن خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ؛ هال پېئىل جۇملىدە هەركەت هالىتى، سۇپەت پېئىل ــ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. يېقىندا قوشما جۇملىلەردە هال پېئىللار بېقىندا جۇملىلەرنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: تۇنۇگۇندىن بېرى ئەتىكى چوڭ ئىشقا كېرەك بولغان هازىرلىقلارنى كوروپ، ئەتىگەنرەك ياتقان غەيرەت، سائەتنىڭ جىرىڭ ـ لىشىنى كۇتۇپ، كاراۋاتتا ئوغدىسىغا ياتاتتى. باققا قارىغان ئۇچۇق پورتوچ ـ كىدىن كىرىپ تۇرغان سالقىن سەهەر شامىلى ئۇخلاۋاتقانلارنىڭ يۇزىنى ئەركىلىتەتتى. (ج. ب.) ئاخىرى ئۇ سائەتنىڭ قاتتىق جاراڭلىشىدىن چوچۇپ ئويغاندى، ئۇ يەرگە چوشۇپ ياتتى.

مۇشۇ جۇملىلەردىكى "ياتاتتى، ئەركىلىتەتتى، ئويغاندى، ياتتى" دىگەن پېئىللار ــ جۇملىنىڭ خەۋىرى؛ "چوچۇپ، چوشۇپ" دىگەن هال پېئىللار ــ جۇملىدە هالەت بولۇپ كەلگەن؛ "(كېرەك) بولغان، ياتقان، قارىغان، (كىرىپ)، تۇرغان" دىگەن سۇپەت پېئىللار جۇملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن؛ ئەمدى "(هازىرلىقلارنى) كوروپ، كۇتۇپ" دىگەن هال پېئىللار بېقىندا قوشما جۇملىلەرنىڭ تەركىۋىدىكى بېقىندا جۇملىلەرنىڭ خەۋەرلىرى بولۇپ كەلگەن.

## ياردەمچى سوزلەر

لېكسىكىلىق مەنىسىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە سۇسلىشىشى ياكى تامامەن مەهرۇم بولۇشى نەتىجىسىدە ئالاهىدە تۇرۇپ مۇستەقىل خىزمەت ئاتقۇرمايدىغان، پەقەت مۇستەقىل سوزلەر بىلەن بىرلىكتە، ئۇلارنىڭ دەرىجىسى سۇپىتىدە ئىشلىتىلىدىغان سوزلەر ياردەمچى سوزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

ياردەمچى سوزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۇلارنىڭ مورفولوگى ـ

www.uyghurkitap.com

يىلىك تەبىئىي تىل تەرەققىياتىنىڭ مۇرەككەپ جەريانلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تۈركولوگلارنىڭ پىكرى بويىچە، ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك تارىخىي جەھەتتىن مۇستەقىل سۆزلەردىن كېلىپ چىققان ياكى شۇلاردىن تەرەققى ئەتكەن. ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە ئۇزاق دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بۇ تارىخىي جەرياننىڭ نەتىجىسىدە ياردەمچى سۆزلەر پەقەت سېمانتىكا جەھەتتىنلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار مورفولوگىيىلىك فورمىسى جەھىتىدىنمۇ تەرەققى قىلىپ، ھەرقانداق ساپالىق ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچراپ ئۇلتۇرغانلىقىنى كۆرىمىز.

دېمەك، ياردەمچى سۆزلەر تىل تەرەققىياتىنىڭ مۇرەككەپ جەريانلىرىنى ئۆزىدە ئەكس ئېتتىدىغان، ھەر بىر تىلنىڭ ئىچكى تەرەققى قانۇنىيەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك كاتېگورىيىلەردىن ھېساپلىنىدۇ.

ئەمدى، ياردەمچى سۆزلەرنىڭ قايتىدىن مۇستەقىل سۆزلەرگە ئۆتۈشى بايقالامدۇ دىگەن سوئالغا جاۋاپ بېرىش تەس. چۈنكى بۇ ھادىسىنى تولۇق دەلىللەپ بېرەلەيدىغان تىل پاكىتلىرى بىزنىڭ قولىمىزدا يوق. شۇڭلاشقا بەزى ئالىملارنىڭ ئايرىم قوشۇمچىلار گىراماتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر جەريانى نەتىجىسىدە قايتىدىن مۇستەقىل سۆزگە ئۆتۈشى مۇمكىن دىگەن پىكرىگە تەنقىدىي كۆز بىلەن قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

ياردەمچى سۆزلەر لېكسىكا-سېمانتىكىلىق مەنىسى جەھەتتىن مۇستەقىل سۆزلەرگە بىر قەدەر يېقىن، لېكىن ئۇلار مۇستەقىل سۆز ئەمەس. شۇنداقلا، ياردەمچى سۆزلەر، گىراماتىكىلىق خىزمىتى جەھەتتىن سۆز تۈرلىگۈچى مورفولوگىيىلىك قوشۇمچىلارغا ئوخشاش بولۇپ كەلسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى مورفولوگىيىلىك قوشۇمچە دەپ قاراشقا بولمايدۇ. دېمەك، ئومۇمەن ئالغاندا، يار-

دەمچى سوزلەر مۇستەقىل سوز تۇركۇملىرى بىلەن رەسمى گىراماتىكىلىق قوشۇمچىلارنىڭ ئارىلىقىدىكى لېكسىكا-گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەردىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھېلىمۇ ئۇزىنىڭ مۇستەقىل سوزلەرگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق ساقلاپ، ياردەمچىلىك خىزمىتىنى پەقەت فۇنكتسىئونال رەۋىشتە ئاتقۇرىدىغان بولسا، بەزىلىرى ئۇزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى يوقىتىپ، پەقەت مۇستەقىل سوزلەر بىلەن بىللە تۇرۇپلا ئىشلىتىلىدۇ. ياردەمچى سوزلەرنىڭ ئۇچىنچى تۇرى تولۇق گىراماتىكىلىق ئېلېمېنتقا ئايلانغان، ئۇزىنىڭ ياردەمچىلىك خىزمىتىنى مەلۇم سوزنىڭ تەركىۋىدە تۇرۇپلا ئاتقۇرىدىغان ”سوز“دىن ئىبارەت.

ياردەمچى سوزلەر لېكسىكا-سېمانتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە، شۇنداقلا گىراماتىكىلىق خىزمىتىگە بىنائەن، تىركەلمىلەر، باغلىغۇچىلار، ئۇلانمىلار بولۇپ، 3 كاتېگورىيىگە بولىنىدۇ.

## تىركەلمىلەر

مۇستەقىل سوزلەرنى باشقۇرۇپ ياكى ئۇلارغا ئەگىشىپ، ياندىشىپ كېلىپ، شەيئى بىلەن شەيئىنىڭ، ھەركەت بىلەن ھەركەت ئىگىسىنىڭ ئارىسىدىكى ھەرخىل گىراماتىكىلىق مۇناسىۋەتنى (ئورۇن-جاي، مەقسەت، سەۋەپ ھال...) ئىپادىلەپ تۇرىدىغان سوزلەر تىركەلمىلەر دەپ ئاتىلىدۇ. تىركەلمىلەر ئۇزىنىڭ ئاتقۇرىدىغان گىراماتىكىلىق خىزمىتى جەھەتتىن كېلىش قوشۇمچىلىرىغا ناھايىتى يېقىن. لېكىن بۇنىڭدىن تىركەلمىلەر ھەر قاچان كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىدۇ دېگەن قەتئىي پىكىر تۇغۇلماسلىقى كېرەك. راست، بەزى تىركەلمىلەر مەلۇم كونتېكستلاردا كېلىش قوشۇمچىسىنى ئالماشتۇرۇش غەرىزىگە ئىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەسىلەن، "مەن ئۆزەمگە كىتاپ ئالىمەن دەپ ماگىزىنغا كەلدىم" دېيىشنىڭ ئورنىغا، "مەن ئۆزەم ئۈچۈن كىتاپ ئالىمەن دەپ ماگىزىنغا كەلدىم" دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ. بۇ يەردە "ئۈچۈن" تىركەلمىسى "ئۆزەمگە" سۆزىدىكى "-گە" بېرىش كېلىش فورمىسىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىۋاتقانلىقى بايقىلىدۇ.

شۇڭلاشقا تىركەلمىلەرنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسىنى بىز كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ ئىپادە قىلىدىغان گىراماتىكىلىق مەنىلىرىگە قوشۇمچە مەنە يۈكلەشتىن، بولۇپمۇ ئۇلارنى تولدۇرۇشتىن، ئېنىقلاشتىن، كونكىرىتلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت دەپ بىلىشىمىز لازىم. مەسىلەن، "مەنسۇر مەكتەپكە ماڭدى" دېيىمىز، ئەمما "مەنسۇر مەكتەپ تەرەپكە ماڭدى" ياكى "مەنسۇر مەكتەپ تەرەپكە قاراپ ماڭدى" دەپ مەنسۇرنىڭ تۇتقان يولىنى، يۆنىلىشىنى تەكىتلەپ، ئېنىقلاپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ. دېمەك، بۇ جۈملىگە كىرگۈزۈلگەن "تەرەپكە، قاراپ" تىركەلمىلىرى ئەنە شۇ مەقسەتنى كۆزدە تۇتىدۇ.

تىركەلمىلەرنى، ئادەتتە، ئۆزگەرمەيدىغان كاتېگورىيە دەپ ھىساپلايدۇ. ھەقىقەتەنمۇ، ئۇلار ئىسىمى (يەنى ئىسىم، سۈپەت، رەۋىش، سان، ئالماش) سۆزلەر بىلەن پېئىللارنىڭ ئاساسىغا مەلۇم قوشۇمچىلارنىڭ (كېلىش، ھال پېئىل، سۈپەت پېئىل...) ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىپ، كۆپىنچە شۇ فورمىسىدا ئۆزگەرمەستىن ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن بۇ ھادىسىنىمۇ مۇتلەق دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بەزى تىركەلمىلەر ئايرىم پېئىل فورمىلىرىنى (-دۇر // -تۇر)، سېلىشتۇرۇش دەرىجە قوشۇمچىسىنى (-راق // -رەك)، ئۇلانمىلارنى (-مۇ، -دا، -دە، -لا) ۋە باشقا گىراماتىكىلىق شەكىللەرنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن. بۇ ھادىسە تىركەلمىلەرنىڭ مەلۇم سۆز تۈركۈملىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇشىغا باغلىق.

بەزى تىركەلمىلەر تىل تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسىدە سۆز شەك-

لىدىن گىراماتىكىلىق قوشۇمچىسغا ئايلىنىپ، ئۇلار ئۇرغۇسىز سوز سۈپىتىدە ئۇزلىرىگە ئۇرغۇ قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇرغۇ، ئادەتتە، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى سوزنىڭ ئاخىرقى بوغۇملىرىنىڭ بىرىگە چۈشىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى تىركەلمىلەرنى مورفولوگىيىلىك سوستاۋىغا ۋە مەلۇم سوز تۈركۈملىرىدىن كېلىپ چىقىشىغا مۇۋاپىق: 1) "ساپ" تىركەلمىلەر، 2) ئىسمي سوزلەردىن ۋە 3) پېئىل سوزلەردىن پەيدا بولغان تىركەلمىلەر دەپ ئۈچ گۇرۇپپىغا بولۇپ قاراشقا بولىدۇ.

1) شەرتلىك رەۋىشتە ئېلىنغان "ساپ" تىركەلمىلەر گۇرۇپپىسىنى ئاساسەن "ئۈچۈن، سىرى" سوزلىرى تەشكىل قىلىدۇ①. مەسىلەن: "كىشىنىڭ يايرى·كىشى ئۈچۈن يار ئازاۋىدۇر. (فولك.)، بۇ مەسىلە بارغانسىرى ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. ("ك. ت.") "ئۈچۈن" سوزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ھەر تۈرلۈك پىكىرلەر بار. لېكىن بۇ ئىككى تىركەلمىنىڭ ھەر ئىككىلىسى تارىخەن مۇستەقىل سوزلەردىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، ئۇلار ھازىرقى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ دەسلەپكى لېكسىكىلىق مەنىسىدىن تامامەن يىراقلاشقان، مەنىسىنىڭ ئابستىراكتىسىيىلىشىشى نەتىجىسىدە سىنتاكسىسلىق ئېلېمېنتقا ئايلىنىپ، پەقەت باشقا سوزلەر بىلەن بىللە تۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

2) ئىسمي سوزلەرگە (ئاساسەن ئىسىم، رەۋىشلەرگە) مۇناسىۋەتلىك تىركەلمىلەر شۇ سوزلەرنىڭ باش كېلىش فورمىسىدا تۇرۇپمۇ، كېلىش، ئىگىلىك ۋە باشقا سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئۇلىنىشى ئارقىلىقمۇ ياسىلىدۇ:

ئا) بېرىش كېلىش قوشۇمچىسى ئارقىلىق: باشقا (<باش ـ قا)، ئۆزگە

---

① بەزى ئەسەرلەردە كورسىتىلگەندەك («ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە دەسلەپكى تەكشۈرۈش» ئالما ـ ئاتا، رۇسچە نەشرى، 169 ـ بەت) "بىلەن، كەبى، توغرىلىق، ئارقىلىق، ـ غىچە" ئوخشاش سوزلەرنى ساپ تىركەلمىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈشكە ئانچىلا ئاساس يوق دەپ ئويلايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

(<ئوز ـ گه)، ئۇزىگە (<ئۇزى ـ گه)، ئۇدۇلىغا (<ئۇدۇلى ـ غا؛)

ئه) ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق: ههققىده (<ههقـقى ـ ده)، ئىچىده (<ئىچى ـ ده)، شهكلىده (<شهكلى ـ ده)، داۋامىدا (<داۋامى ـ دا)، تهقلىتته (<تهقلىت ـ ته)، سۈپىتىده (<سۈپىتى ـ ده)، ئارىلىقتا (<ئارالىق ـ تا)، بىر پهستته (<پهس ـ ته)، رهۋىشته (<رهۋىش ـ ته)، بىرلىكته (<بىرلىك ـ ته)، دهمده (<دهم ـ ده) قارىغاندا (<قارىغان ـ دا)، بېتىده (<بهت ـ ئىده)...

ب) بېرىش كېلىشىنىڭ قهدىمىي فورمىسى ئارقىلىق: ئىلگىرى (ئىل ـ گه ـ رۇ)، تاشقىرى (<تاش ـ قا ـ رۇ)، نېرى (<نه ـ رۇ)، بېرى (<*بۇ ـ رۇ)؛

ۋ) "ـ لىق، ـ لىك" قوشۇمچىسى ئارقىلىق: مۇناسىۋهتلىك (<مۇناسىۋهت ـ لىك)، توغرىلىق (<توغرى ـ لىق)، ئارقىلىق (<ئارقا ـ لىق)، سهۋهپلىك (<سهۋهپ ـ لىك)، باغلىق (<باغ ـ لىق)، تېگىشلىك (<تېگىش ـ لىك)، قاراشلىق (<قاراش ـ لىق)، قاتارلىق (<قاتار ـ لىق)؛

گ) ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئارقىلىق: بويى (<بويى)، بۇيىقى (<بۇ ـ ياق ـ ئى)؛

<) ئىگىلىك كېلىش ۋه "ـ چه (رهۋىش)" قوشۇمچىسى ئارقىلىق: بويىچه (<بوي ـ ئىچه)، پېتىچه (<بهت ـ ئىچه)؛

ئې) ئىسىم سۆزلهرنىڭ باش كېلىش فورمىسىدا تۇرۇپ تىركهلمه ۋهزىپىسىنى ئادا قىلىدىغان سۆزلهر: قهدهر، تهقلىت، كهبى، ئوخشاش، تامان، مۇتهددهم، ئارا، بۇرۇن؛ كېيىن، بالدۇر، ئاۋال، نىسبهتهن، مۇۋاپىق، بىنائهن، كام؛ يېقىن، بۇيان، سىرى.

3) پېئىللارغا مۇناسىۋهتلىك تىركهلمىلهر تۆۋهندىكىچه ياسىلىدۇ:

ئا) هال پېئىل فورمىلىرى ئارقىلىق: كۆره (<كۆر ـ ئه)، بولا (<بول ـ ئا)، يارىشا (<ياراش ـ ئا)، باشلاپ (<باشلا ـ پ)، ئىلگىرىتىپ (<ئارت ـ ئىپ)، بويلاپ (<بويلا ـ پ)، ئارىلاپ (<ئارا ـ لا ـ پ)، ئاتلاپ (<ئاتلا ـ پ)، كېسىپ (<كهس ـ ئىپ)، دهپ (<ده ـ پ)، ساناپ (<سان ـ ئاپ)، ياقىلاپ (<ياقىلا ـ پ)، قاراپ (<قارا ـ پ)؛

ئه) "ـ ماي ∥ ـ مهي، ـ ماستىن ∥ ـ مهستىن،..." شۇنىڭغا

ئوخشاش پېئىل قوشۇمچىلار ئارقىلىق: قارىماي، بولماي، قارىماستىن، بولماستىن.

ئۇيغۇر تىلىدىكى تىركەلمىلەرنى توت گۇرۇپپىغا بولۇپ قاراشقا بولىدۇ①. لېكىن شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بەزى تىركەلمىلەر باغلىغۇچىلىق فورمىدا تۇرۇش ئارقىلىق "تىركەلمىلىك سۆز بىرىكمىلىرىنى" تەشكىل قىلىدىغان بولسا، بەزىلىرى بىرنەچچە فورمىدا قاتار ئىشلىتىلىشى ياكى ئىختىيارى رەۋىشتە كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، "ئۈچۈن" تىركەلمىسى "ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن، سەن ئۈچۈن، سېنىڭ ئۈچۈن، ئېلىش ئۈچۈن، بولۇش ئۈچۈن، بارماق ئۈچۈن، تونۇشلۇق ئۈچۈن، ئانىسى ئۈچۈن، شۇنداق قىلغىنى ئۈچۈن" ئوخشاش سۆز فورمىلىرى بىلەن جىپسىلىشىپ تۇرالىسا، "تاشقىرى" سۆزى پەقەت چىقىش كېلىش فورمىسىدىكى سۆز بىلەنلا گىراماتىكىلىق مۇناسىۋەتتە بولالايدۇ: ئادەتتىن تاشقىرى، ھەددىدىن تاشقىرى...

باش كېلىشتىكى سۆزلەر بىلەن كېلىدىغان تىركەلمىلەر: ئادەم، ئادەم بىلەن ئادەم. (ماقال.) بۇ سۆز ئۈچۈن كېرەك؛ بىرىيىل بويى؛ قائىدە بويىچە؛ شۇ پېتىچە // پېتىدە، بىراۋ ئارقىلىق؛ سەن توغرىلىق؛ نىمە دىگەن پاراڭ؛ ئىلياس ناملىق بىرسى؛ بارغانسېرى؛ بىر كۈن ئىلگىرى؛ شۇ سەۋەپلىك؛ سىلەر قاتارلىق؛ بىز دىمەتلىك؛ بۇ مەسىلە ھەققىدە؛ شۇ شەكىلدە؛ ئەسىرلەر داۋامىدا؛ كېرەكلىك قورال سۈپىتىدە؛ جىددى رەۋىشتە؛ تەقلىتتە؛ ياشلار بىلەن بىرلىكتە؛ تومۇر كەبى ئېرىگەن زۇمران تامچىلار. (ك.ن.) كولخوزلار ئارا؛ كۈن ئارىلاپ؛ بىر ئاي كېيىن (ئىلگىرى // ئاۋال)؛ بەش كۈن بالدۇر كەلدى؛ مىنۇت ساناپ؛ ئۇنداق دەپ...؛ مېنىڭ بىلەن بىللە؛

① ئې.ن. ناجىپ مەزكۇر ئەسەرىدە (62 ـ 66 ـ بەتلەر) تىركەلمىلەرنى توت گۇرۇپپىغا بولۇپ قارايدۇ، توتىنچى گۇرۇپپىغا چۈشۈم كېلىش فورمىسىدىكى سۆزلەر بىلەن كېلىدىغان بىر ـ ئىككى تىركەلمىنى (دەرياغا بويلاپ، ياقىلاپ) ياتقۇزىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇ ئارىلىقتا؛ بىر دەمدە...

ئىگىلىك كېلىش ۋە شەخس فورمىسىدىكى سۆزلەر بىلەن كېلىدىغان تىركەلمىلەر: ياردەمسىز ئارقىلىق؛ سېنىڭ بىلەن؛ كۈچىنىڭ ئۇدۇلىغا؛ ئۇنىڭ بالىسى ھەققىدە // توغرىلىق؛ مەسىلىنىڭ شۇنداق قويۇلۇشى تۈپەيلى، ئون يىلىنىڭ ئۆزىگە // بۇيىقى؛ سېنىڭ تەھلىلىڭ بويىچە؛ بىر دەمنىڭ ئىچىدە...

چىقىش كېلىش فورمىسىدىكى سۆزلەر بىلەن كېلىدىغان تىركەلمىلەر: بىزگە قارىغاندا ئۇ ياخشى؛ بىر يىلىغا قەدەر // يېقىن؛ ئايىغا ئوخشاش؛ ئۆيىگە قاراپ // تامان، ئۆزىمىزگە نىسبەتەن؛ ئۇنىڭ سۆزىگە مۇۋاپىق؛ سۆزنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە بىنائەن؛ ئۇلار بىر بىرىسىگە يېقىن؛ شۇنداق ئوخشاش نەرسىلەرگە قاراپ؛ دېگىنىمگە قارىماي // قارىماستىن...

چىقىش كېلىش فورمىسىدىكى سۆزلەر بىلەن كېلىدىغان تىركەلمىلەر: ئۇنىڭدىن باشقا // ئۆزگە // بولەك؛ بۇنىڭدىن تاشقىرى؛ مەھەللىدىن نېرى؛ ئۇنىڭدىن بۇرۇن // ئاۋال // ئىلگىرى // بالدۇر؛ ئۇھىچكىمدىن كام ئەمەس؛ ئۇچ كۈندىن بېرى // بۇيان، بىزدىن كېيىن؛ شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ // تارتىپ؛ گەپ بىلگەندىن كورە ئىش بىل. (ماقال.) مۇندىن ئارتۇق...

تىركەلمىلەر ئۆزىنىڭ بۇ گىراماتىكىلىق ياردەمچى خىزمىتى ئارقىلىق ناھايىتى مۇرەككەپ پىكىرنى ۋە ئۇنىڭ خىلمۇ-خىل مەنىلىرىنى ئىپادە قىلىشتا چوڭ رول ئاتقۇرىدۇ①.

## باغلىغۇچىلار

نۇتۇق جەريانىدا سۆز بىلەن سۆزنى، جۈملە بىلەن جۈملىنى بىر

---

① تۈركى تىللاردىكى تىركەلمىلەر ھەققىدە ئا.ن. كونونوۋ، ن.ئا. باسكاكوۋ، ن. ك. دمىترىيېۋ، ۋ.ئا. ئىسپېنگالىۋا، دژ. مۇرا تالىيېۋ ۋە باشقا ئالىملارنىڭ كورسىتىلگەن ئەسەرلىرىدىن تولۇغىراق مەلۇمات ئېلىشقا بولىدۇ.

بىرسىگە باغلاشتۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ياردەمچى سوزلەر "باغلىغۇچىلار" دەپ ئاتىلىدۇ.

باغلىغۇچىلار ئەسلىدە تىلنىڭ ئەمىلىي تەلەپلىرىگە، بولۇپمۇ شەيئى ۋە ھادىسىنىڭ ئارىسىدا بولىدىغان ھەر قانداق مۇناسىۋەتنى (بىرلىكىنى، يىقىنلىقىنى، قارىمۇ-قارشىلىقىنى، سىلىشتۇرۇشنى، شەرتنى، سەۋەپنى...) ئىپادىلەش مەقسىدىدىن كېلىپ چىققان. شۇڭلاشقىمۇ ئۇلار تىل تەرەققىياتىنىڭ ئۇتمۇش تارىخىنى ئۆزىدە ئەكس ئېتتىدۇ ھەم شۇنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ سانىلىدۇ. باغلىغۇچىلارمۇ، ئۇلانمىلارغا، تىركەلمىلەرگە ئوخشاش، مۇستەقىل سوزلەر ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەنلىگى سوزسىز. ھازىرقى ۋاقىتتا ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلىۋاتقان باغلىغۇچىلارنىڭ ئايرىم قىسمى مۇستەقىل سوزلەرنىڭ (بىراق، بولمىسا، بىردە، دىمەك، يالغۇز، مەيلى) مەلۇم گىراماتىكىلىق شەكىلدە دائىمەن ئىشلىتىلىشى ۋە سىمانتىكىلىق ئىنكار ھالىتىگە دۇچار بولۇشى نەتىجىسىدە (شۇڭلاشقا، شۇندىمۇ، ۋاھالەنكى، بىراق، بىردە، بولمىسا، دىمەك، يالغۇز، مەيلى)، ئەمدى بىرلىرى ئىككى سوزنىڭ بىرىكىشى، قاتار ئىيتىلىشى (دىگەن بىلەن، شۇنداق بولسىمۇ، شۇ سەۋەپلىك، ۋە-ھەم، ئەمما-لىكىن) ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەنلىگى بايقىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كوپچىلىگى ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى لىكسىكىلىق مەنىسىدىن تامامەن قول ئۈز-گەن بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە پەقەت گىراماتىكىلىق ئېلېمېنت سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى باغلىغۇچىلارنىڭ ئاي-رىم قىسمىنى ئەرەپ، ئىران تىللىرىدىن كىرگەن سوزلەر (ۋە، ھەم، ياكى، خا، -كى/-كىن، ئەمما، لىكىن، پەقەت، گايىدا، مەيلى، سەۋىۋى، چۈنكى، ۋاھالەنكى، بەلكى) تەشكىل قىلسا، بىر مۇنچە باغلىغۇچىلار (-دا/ -دە، -مۇ) گىراماتىكىلىق بولۇنۇشلەر نەتىجىسىدە تىلدىكى قوشۇمچە ۋە ئۇلانمىلار قاتارىدىن بولۇنۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىققان.

تۈزۈلۈشى جەھەتتىن باغلىغۇچىلار ئاددىي ۋە مۇرەككەپ بولۇپ ئىككى گۇرۇپپىغا بولۇنىشى مۇمكىن. ئاددىي باغلىغۇچىلارغا” –دا ⫽ –دە، –مۇ، ۋە، ھەم، ياكى، يا، خا، لېكىن، ئەمما، پەقەت“ ئوخشاش ئايرىم مورفېملارغا بولۇنمەيدىغان گىراماتىكىلىق شەكىللەر بىلەن بىر پۈتۈن سۆزلەر ياتسا، مۇرەككەپ باغلىغۇچىلار مەلۇم ئۇلانمىلارنىڭ، سۆز ياسىغۇچى ۋە سۆز تۈرلىگۈچى ئېلېمېنتلارنىڭ ياردىمى بىلەن تۈزۈلگەن ياسالما سۆزلەرنى، شۇنداقلا ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشى، قاتار ئىپتىلىشى ئارقىلىق ياسالغان سۆز بىرىكمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: ”بىراق (<بىر–ئاق)، شۇندىمۇ، (<شۇندا–مۇ)، شۇنداق بولسىمۇ (<بولسا–مۇ)، شۇڭلاشقىمۇ (<شۇڭلاشقا–مۇ)“ باغلىغۇچىلارنىڭ ياسىلىشىدا ”–ئاق، –مۇ“ ئۇلانمىلىرىنىڭ، ” *چۈنكى ئەگەركى⫽ئەگەركىم (<ئەگەركى– ⫽–كىم)، ۋاھالەنكى (<ۋاھالەن–كى)، ھەتتاكى (<ھەتتا–كى)، *بەلكى⫽بەلكىم، ياكى (<يا–كى)“ باغلىغۇچىلىرىنىڭ ھاسىل بولۇشىدا مەخسۇس ”–كى“ باغلىغۇچىسىنىڭ، ”گايىدا (<گايى–دا)، بەزىدە (<بەزى–دە)، بىردە (<بىر–دە)، ئەگەردە (<ئەگەر–دە)، بىراقتا (<بىراق–تا)“ باغلىغۇچىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىدە ”–دا⫽–دە، –تا⫽–تە“ ئورۇن–ۋاقىت كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ قاتنىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.

مەنە جەھەتتىنمۇ باغلىغۇچىلار ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئەگەر تىركەلمىلەر مەلۇم بىر سۆزنىڭ ئىككىنچى بىر سۆزگە مۇناسىۋىتىنى كۆرسەتسە، ئۇلانمىلار ئۆزلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئاساسى مەنىسىگە ھەرخىل قوشۇمچە مەنە يۈكلەپ تۇرىدىغان بولسا، باغلىغۇچىلار گىراماتىكىلىق جەھەتتىن بىر خىل، باراۋەر سۆزلەرنى ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنى بىر بىرسى بىلەن باغلاش–

تۇرۇش ئۇچۇن، شۇنداقلا بىر جۈملە بىلەن ئىككىنچى جۈملىنىڭ ياكى بىر قوشما جۈملە ئىچىدىكى بىرنەچچە بېقىندا ئاددى جۈملەلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. ئۇلار، ئادەتتە، ئۆزلىرى باغلاشتۇرۇپ تۇرغان سۆز ۋە جۈملىلەرنىڭ بىرلىكىگىلا ئەمەس، بەلكى ھەر ئىككىسىگىلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كېلىدۇ.

باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان گىراماتىكىلىق مۇناسىۋەت ھەر تۈرلۈك سېمانتىكىلىق پىلاندا يۈز بېرىشى مۇمكىن. مەسىلەن: ”ئالدىم يا بىلەن ئوقىنى، دۈشمەننى ئاتارمەن دەپ.“ (فولك.) دېگەن جۈملىدىكى ”بىلەن“ باغلىغۇچىسىنى ئالساق، ئۇ ”يا“غىمۇ، ”ئوق“قىمۇ مۇناسىۋەتلىك ئېيتىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا بىرلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ.

بەزى باغلىغۇچىلار (ياكى، يا، بىراق، خا، بەلكى، ئەمما، لېكىن، بولمىسا...) ئىككى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ شەيئى ۋە ھادىسىنىڭ ھەر خىللىقىنى ئىپادىلىسە، بەزىلىرى ئۇلارنىڭ ھەر خىللىقىنى، بىر بىرىسىدىن پەرق قىلىنىشىنى ۋە قارىمۇ-قارشىلىق مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: ”ھىلىمۇ يىللار... يا سېنىڭ، يا مېنىڭ توختا دېگىنىمگە قارىماي كېتىپلا بارىدۇ.“ (ئۇ.م.) دېگەن جۈملىدىكى تەكرارلىنىپ كەلگەن ”يا“ باغلىغۇچىسى ئىككى شەخسنىڭ بىر بىرسىنى ئۆزئارا ئىنكار قىلىشى ئارقىلىق، ئومۇمى بىر ھەركەت ئوبيېكتىغا ئورتاق مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. ئەمدى: چاپايېۋئىشنى باشقىچەرەك ئىشلىتىشنى بىلەتتى، ئەمما قوللىنىدىغان ئايرىم قاتتىق چارىلىرى بولاتتى.“ (د.ف.) دېگەن جۈملىدىكى ”ئەمما“ باغلىغۇچىسى مەلۇم شەخسنىڭ ئىش-ھەركىتىدىكى بەزى قارىمۇ-قارشىلىقنى ئىپادىلىمەكتە.

باغلىغۇچىلارنىڭ ئەنە شۇنداق گىراماتىكىلىق خىزمىتى بىلەن

www.uyghurkitap.com

مەنىلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى بىرنەچچە گۇرۇپپىغا بولۇپ قاراش دەستۇرى بار. لېكىن بۇ گۇرۇپپىلارنىڭ سانى ھەر بىر تىلنىڭ فاكتىسىغا ۋە ئالاھىدىلىكلىرىگە مۇۋاپىق ھەر تۈرلۈك بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، قازاق تىلىدا باغلىغۇچىلارنى 8 تۈرگە بولۇپ قارىسا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەكتەپ گىراماتىكىسىدا ئۇلار 4 تۈرگە بولۇپ بېرىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى باغلىغۇچىلارنى گىراماتىكىلىق مەنىلىرى ۋە خىزمىتىگە قاراپ تۆۋەندىكىچە 6 گۇرۇپپىغا بولۇش مۇمكىن: 1) بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلار، 2) ئايرىغۇچى-تەكرار باغلىغۇچىلار، 3) سەۋەب-نەتىجە باغلىغۇچىلار، 4) شەرتلىك باغلىغۇچىلار، 5) قارىمۇ-قارشى باغلىغۇچىلار، 6) ئىزاھلىغۇچى باغلىغۇچىلار.

### 1. بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلار

بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلارغا: ۋە، ھەم، ۋە-ھەم، بىلەن، يەنە-يانا، -دە "سۆزلىرى" ياتىدۇ. بۇلار، كۆپىنچە، گىراماتىكىلىق بىر خىللىقتا ئىگە تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئاددىي ۋە مۇرەككەپ ئىسىم، سۈپەت، رەۋىش، سان ۋە باشقا ئىسىملاشقان سۆزلەرنى، شۇنداقلا قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنى باغلاشتۇرۇش، ئۇلارنى بىرىكتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەزكۇر باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەن جۈملە تەركىۋىدىكى بىر خىل مۇچىلەر، ئادەتتە، بىرلا ئومۇمىي سوئالغا جاۋاپ بولۇپ تۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر بىرىگە بېقىنىشى بايقالىدۇ: مەسىلەن: كولخوز ۋە سوۋخوزلارغا ئۆتكەن يىل نۇرغۇنلىغان يېڭى ئىگىلىك ماشىنىلىرى بېرىلدى (ك.ت.)؛ جاڭگال ئىچىدىن مېنىڭ يولدىشىمنىڭ ئاۋازى ھەم قولۋاق پالىغىنىڭ سۇدا شالاقلىشى ئاڭلاندى. (م.ش.) سىددىق ۋە سادىر ئىككىسى بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان ئىدى... ("ك.ت.") بەش ئوغۇل يەنە بىر قىز ماشىنىدىن چۈشتى. ("ك.ت.")

”ۋە، ھەم، يانا“ بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلىرى ئىككى ۋە ئۈنىڭدىنمۇ كوپ قوشما جۈملىلەرنى ياكى قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى بىر خىل ئاددى جۈملىلەرنى ئۆزئارا باغلاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: شۇ چاغدا ئۇنلىغان قوللار تۇغىنىڭ رەندىلەنگەن سىپىنى تۇتۇۋالدى ۋە بۇ قوللارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ قولىمۇ بار ئىدى. (م،گ.) مۇشتىرى توپلاش ئىشى بارلىق جايدا قىزغىن باشلاندى ھەم بۇ مۇھىم سياسى ئىشقا پارتىيە ۋە سوۋېت ئاكتىپلىرى جەلپ قىلىندى. (”ك.ت.“)

## 2. ئايرىغۇچى-تەكرار باغلىغۇچىلار

شەرتلىك رەۋىشتە ”ئايرىغۇچى-تەكرار باغلىغۇچىلار“ دەپ ئېيتىلغان بۇ گۇرۇپپىغا ”-مۇ / -ما، يە، ياكى، ھەم، خا①، بىردە، بەزىدە، گايىدا، مەيلى، بىردەم“ ئوخشاش باغلىغۇچىلار ياتىدۇ. ئۇلار ئىككى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كوپ بىرخىل، تەڭ ھوقۇقلۇق سوزلەر بىلەن ئىبارىلەرنىڭ ئارىسىنى باغلاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. لېكىن ئۇلار، بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلارغا ئوخشاش ئۆزلىرى مۇناسىۋەتلىك سوزلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئەمەس، ئەكسىچە، ئۇلارنى بىر بىرىسىدىن ئايرىپ، بولەك-بولەك كورسىتىدۇ. شەيئى ۋە ھادىسىنى ئىپادىلىگۈچى سوز ۋە سوز بىرىكمىلىرىنى ئەنە شۇنداق ئايرىم-ئايرىم كورسىتىش ئۈچۈن، ئادەتتە، مەزكۇر باغلىغۇچىلار ئىككى قېتىم ۋە ئۇنىڭدىنمۇ نۇرغۇن تەكرارلىنىپ كېلىدۇ، مانا مۇشۇنىڭغا قاراپ، بىز ئۇلارنى ئايرىغۇچى-تەكراز باغلىغۇچىلار دەپ ئاتىدۇق. مەسىلەن: 1) يەرمۇ، سۇمۇ، يايلاقمۇ، ئېتىزمۇ ھەممىسى خەلقنىڭكى.

---

① ”خا“ باغلىغۇچىسى بەزىدە ”گا“ شەكلىدىمۇ ئېيتىلىدۇ: بۇ قارشىلىق گا ئاشكارا، گا مەخپى كۇرەشنى يۈرگۈزۈشتىن بۇرۇنقى ئىش ئىدى. (تارىم.) ئۆزبېك تىلىدا ئۇ ھاق (خاھ) فورمىسىدا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

(«ك.ت.»)؛ يەز يۈزىدە ھەممە ئەلدىن گۈزەل بىزنىڭ ئەل؛ بايلىقىمۇ، شوھرىتىمۇ، داڭقىمۇ ئۇسكەن. (ئى.س.)؛ 2) بۇ ئۆيدە يا سەن تۇرىسەن، يا مەن تۇرىمەن؛ 3) بۇ ئىشنى مەيلى سەن ئىشلە مەيلى مەن ئىشلەي — ھېچ پەرقى يوق؛ 4) داۋۇت ھەم سۈرەت ئىشلەشنى، ھەم كىتاپ ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى؛ 5) بىردە ئۇنداق، بىردە مۇنداق سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق: 6)... ھەممىنى ئېيتىپ بىرىمەن، خا ئىشىنىڭ، خا ئىشەنمەڭ، ئاكا. (ھ، ئا.)

ئايرىغۇچى-تەكرار باغلىغۇچىلارنى مەنىسىگە قاراپ، بىرنەچچە توپقا بولۇپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، "يا، خا، ياكى" باغلىغۇچىلىرى ئۆزئارا ئىنكار قىلىشنى، "-مۇ // -ما، ھەم" باغلىغۇچىلىرى — بىر خىل نەرسىلەرنىڭ بىردەك تەكرارلىنىشىنى، "بىردە، بىردەم، بەزى، بەزىدە، گايىدا" باغلىغۇچىلىرى ھەرتۈرلۈك ئىش-ھەركەتنىڭ بىرۋاقىتتا يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

### 3. سەۋەپ-نەتىجە باغلىغۇچىلار

سەۋەپ-نەتىجە باغلىغۇچىلار قاتارىغا "سەۋىۋى، شۇ سەۋەپلىك، چۈنكى، شۇڭلاشقا، شۇنىڭ نەتىجىسىدە، شۇنىڭ ئۈچۈن" دىگەن سۆزلەر ۋە سۆز بىرىكمىلىرى ياتىدۇ.

سەۋەپ-نەتىجە باغلىغۇچىلار قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى باش جۈملە بىلەن بېقىندا جۈملىنى (جۈملىلەرنى) ئۆز ئارا باغلاشتۇرۇپ تۇرىدۇ ۋە باش جۈملىدىكى ئېيتىلغان ئوي-پىكىرنىڭ، ئىش-ھەركەتنىڭ سەۋىۋىنى، نەتىجىسىنى، ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار، ئادەتتە، باش جۈملىدىن كېيىن، بېقىندا جۈملىنىڭ ئالدىدىن كېلىدۇ. مەسىلەن: بىرۋاقىتتا مىلتون غىڭشىپ، تاشپاقىنى يەرگە تاشلىۋەتتى، چۈنكى ئۇ ئۇنىڭ ئاغزىنى تىلى بىلەن مورلاۋەتتى. (ل. ت.) ئۇ كۈندۈزى باللار باغچىسىدا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىرنەچچە ئاي زېرىكمەي يۈرىدۇ. («ك. ت.)

بەزى ۋاقىتلاردا مەزكۇر باغلىغۇچىلار بىلەن باشلانغان ئاددى جۈملىلەر، ئاپتورنىڭ (سۆزلىگۈچىنىڭ) ئىختىيارى بويىچە، باش جۈملىدىن بولۇنۇپ، مۇستەقىل جۈملە سۈپىتىدە ئىشلىتىلىشى مۇمكىن. مۇنداق ھالەتتە ئۇلار جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ، لېكىن باش جۈملىدىن بولۇنۇپ، مۇستەقىل جۈملە سۈپىتىدە ئىشلىتىلىشى مۇمكىن. مۇنداق ھالەتتە ئۇلار جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ، لېكىن باش جۈملىدىكى ئوي-پىكىرنىڭ مەنتىقىي داۋامى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: ئاماكا ئۆز ۋاقتىدا سۇ بىلەن تەمىنلەنمەپ تۇردى. نەتىجىدە بىرىنچىدا ئەزالىرى مول-ھوسۇل ئالىدى. («ك. ت») ئەخمەتلەر بىزنىڭ ئۆيگە كەلمىدى. چۈنكى ئۆيگە ھۆرمەتلىك مېھمانلار كېلىپ قالغانغا ئوخشايدۇ.

سەۋەپ-نەتىجە باغلىغۇچىلار قاتارىغا "-كى"① ئېلىمىنتىنىمۇ كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزبېك، ئەزەربەيجان ئوخشاش قېرىنداش تىللاردا قوشما بېقىندا جۈملە تۈزۈشتە ئاكتىپ قاتناشتۇرۇلىدىغان باغلىغۇچىلاردىن ھېساپلىنىدۇ. مەزكۇر باغلىغۇچىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ھەر تۈرلۈك پىكىرلەر بار. ئۇنىڭدىن قەتئىينەزەر، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ فورمىنى ئاساسەن باغلىغۇچى دەپ تونۇشىمىز كېرەك. ئەگەر ئىران تىللىرىدا ئۇ بېقىندا جۈملىنىڭ ئالدىدىن كېلىپ، ئۇنى باش جۈملە بىلەن باغلاشتۇرىدىغان بولسا، ئۇيغۇر تىلىدا، ئەكسىچە، باش جۈملىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا تۇرۇپ، ئۇنى بېقىندا جۈملىلەر بىلەن باغلاشتۇرىدۇ. "-كى" باغلىغۇچىسى ئارقىلىق تۈزۈلگەن سىنتاكسىسلىق تۈزۈلۈشتە

---

① ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەكتەپ گىراماتىكىسىدا (ت. تالىپوۋ، يۇ. سۇلتانوۋ، مەزكۇر ئەسەر، 17-بەت)، نىمىشقىدۇ، "-كى" ئۇلانمىلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئانالىتىكىلىق تىپتىكى بېقىندى جۈملىلەر باش جۈملىدە ئېيتىلىدىغان پىكىرنى مەقسەت، نەتىجە، سەۋەب، سېلىشتۇرۇش، تولۇقلاش ۋە ئېنىقلاش نۇقتىئىنەزىرىدىن ئىزاھلاپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا "-كى" باغلىغۇچىسىنى ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسال خۇسۇسىيىتىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، مەقسەت-نەتىجە باغلىغۇچىلار گۇرۇپپىسىدا قاراشقا توغرا كېلىدۇ①. مەسىلەن: مەن شۇنى ئەسكەرتىپ كەتكىم كېلىدۇكى، ھازىرقى شارائىت بىزدىن تېخنىكىنى ئىگىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. («ك. ت») ئۇ ھەنپىلەرنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ شۇنداق خۇشال بولدىكى، ھەتتا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. (ھ. ئا)

### 4. شەرتلىك باغلىغۇچىلار

شەرتلىك باغلىغۇچىلار قاتارىغا "ئەگەر② ئەگەردە، ئەگەركى، ئەگەركىم ناۋادا//مۇبادا" سوزلىرى ياتىدۇ. ئۇلار قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدىكى باش جۈملە بىلەن شەرت بېقىندا جۈملىنى باغلاش-تۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن: ئەگەر قويىۋەتكەن بۇر-كۈتنىڭ كوزىگە ھېچنەرسە چېلىقمىسا، ئۇ يېنىپ ئۇچۇپ كېلىدۇ-دە، دەررۇ ئۇزىنىڭ ئىگىسىگە ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن. (ھ. ئا.)

شەرتلىك باغلىغۇچىلار، ئادەتتە، شەرت بېقىندا جۈملىنىڭ ئالدىدىن كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭ خەۋىرىنىڭ "-سا//-سە" فورمىسىدا تۇرۇپ باش جۈملە بىلەن باغلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. باشقىچە

① ئا. ز. ئابدۇللايېۋ. (مەزكۇر ئەسىرىدە) "-كى" فورمىسىنى بېقىن-دۇرغۇچى باغلىغۇچى دەپ ئاتىسا، ن. ز. گادژىيېۋا («ئەزەربەيجان تىلىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە توغرىسىدا» موسكۋا 1963.) ئۇنى مۇرەككەپ باغلىغۇچى دەپ قارايدۇ.

② پوئېزىيە تىلىدا "ئەگەر" بىلەن بىر قاتاردا "مەگەر، گەر" فورمى-لىرىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

ئىپتىقانىدا، شەرت بېقىنىدا جۈملە ھەرقاچان ”ئەگەر... سا“، ”ناۋادا... سا“ تۈزۈلۈشى بويىچە تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: ئەگەر بىلىملىك ئادەم بولاي دېسەڭ، ئەگەر كۆڭۈلدىكىدەك خەۋەر بىلىپ تۇرغۇڭ كەلسە، ئۆز-مەي گېزىت ئوقۇپ تۇرۇشۇڭ كېرەك. («ك.ت.») مۇبادا خوشنىسى سىيىرىنى سېغىپ بولۇپ، مال ئايىغىدا قالغان يەم-خەشەكنى چېلەكگە ئارىلاشتۇرۇپ، تامغا تېزەك يېقىۋاتقان بولسا، ئۆزلىرىنى كېيىن قالغانلار سۈپىتىدە ساناپ، تېرىكىدۇ. (ھ.ئا.)

### 5. قارىمۇ-قارشى باغلىغۇچىلار

قارىمۇ-قارشى باغلىغۇچىلار ”ئەمما، لېكىن، ئەمما-لېكىن، بىراق، بىراقتا، شۇنداقمۇ، شۇنداق بولسىمۇ، يالغۇز، پەقەت، دېگەن بىلەن، بولمىسا، بەلكى“ ئوخشاش سۆزلەر بىلەن سۆز بىرىكمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ ئارىسىنى باغلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئىلگىرىكى جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي-پىكىرگە، ئىش-ھەرىكەتكە كېيىنكى جۈملىدىكى ئوي-پىكىرنى، ئىش-ھەرىكەتنى قارشى قويۇش ياكى ئۇلارنىڭ باشقىچىرەك يۈز بېرىشىنى كۆرسىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. مەسىلەن: ئانا بىرسى كېلەمدىكىن دەپ كۈتكەن ئىدى، لېكىن ھېچكىم كەلمىدى. (م.گ.) سەن ماڭا ناھايىتى كۆپ ياخشىلىق قىلدىڭ، ئەمما مەن شۇنىڭ بىرىنىمۇ قايتۇرالمىدىم. (ل.ت.) ئۇلارنىڭ يېزىسى يىراق ئەمەس، بىراق ئۇ يەرگە بارىدىغان يول ناھايىتى يامان. («ك.ت.»)

مەزكۇر باغلىغۇچىلار بەزىدە مۇستەقىل جۈملىنىڭ باش پوزىتسىيەسىدە تۇرۇشى مۇمكىن. ئۇنداق ھالەتتىمۇ ئۇلار ئالدىدىكى جۈملىدە ئىپادىلەنگەن پىكىرنىڭ مەنتىقىي قىسمى سۈپىتىدە قارشىلىق مەنىسىنى ئاڭلىتىدۇ. مەسىلەن: — ھە، ھە، — دەپ داۋام قىلدى ئۇ پىكىرىنى مومىن، راۋاپچىغا قاراپ، لېكىن ئۇنىڭ سۆزلىرى بىۋاستە سادىققا

قارىتىلغان ئىدى... مومىن بولسا، ھەتتا سوز بولۇۋاتقان ئەسەرنى ئوقۇپمۇ چىققىنى يوق. بەلكى ئۇ يەنە شۇنداق خاتىرجەملىك بىلەن ئەقىل ئىيتماقتا... (ھ.ئا.) ھاكىم مىنى بۈگۈن ئىككى قېتىم ئۇچراتتى. ئەمما ـ لېكىن ئۇ مىنى تونىمىدى.

### 6. ئىزاھلىغۇچى باغلىغۇچىلار

ئىزاھلىغۇچى باغلىغۇچىلارغا ”يەنى، جۈملىدىن، شۇ جۈملىدىن، بولۇپمۇ، خۇسۇسەن، دىمەك، ھەتتا، ھەتتاكى“ سوزلىرى ياتىدۇ. ئۇلار ئالدىدا ئېيتىلغان پىكىرنى تولۇقلاپ، ئېنىقلاپ، تەكىتلەپ ۋە ئىزاھلاپ تۇرىدىغان جۈملىنى ياكى ئىبارىنى ئىككىنچى بىر جۈملە بىلەن باغلاشتۇرۇش ياكى جۈملە تەركىۋىگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن: بىچارە قىز شۇنداق مۇلايىم قارىدىكى، ھەتتا نۇرخان ئاچا ئوزىنىڭ شۇ خىل قوپال مۇئامىلىسىگە ئوزى خوش بولۇپ قالدى... (ھ.ئا.) يىزا مەدەنىيىتىنى كوتىرىشكە، يەنى كۇلۇپ، كىتاپخانا، ماگىزىن ئوخشاش مەدەنىيەت ئورۇن ـ جايلىرىنى كوپەيتىشكە قارىتىلغان بىر قاتار چارە ـ تەدبىرلەر بەلگىلەندى. («ك.ت.») مەن مىللى مەسىلە بويىچە، بولۇپمۇ تىل، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ھەققىدە، ئوز پىكرىمدە قالىمەن. (ھ.ئا.) خەلقىنىڭ ئاجايىپ موزىكىلىرى، خۇسۇسەن كونا ئۇيغۇر مۇقاملىرى، بۇ ئولكىدە كوپ ساقلانغان... (ھ.ئا.)

مەزكۇر باغلىغۇچىلار، بولۇپمۇ ”دىمەك“ سوزى، مۇستەقىل جۈملىنىڭ بېشىدا تۇرغان ھالەتتىمۇ ئالدىدىكى جۈملىدە ئېيتىلغان ئوي ـ پىكىرنى ئىزاھلاپ ياكى ئۇنىڭدىن مەنتىقى خۇلاسە چىقىرىپ تۇرۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: رىيىمشا شاكىر بىلەن تالىششىنى توختاتتى. دىمەك، ئۇ ئوزىنىڭ خاتاسىغا چۈشەندى.

## ئۇلانمىلار

مۇستەقىل سوزلەرنىڭ ”گىراماتىكىلىق ياردەمچىسى“ سۈپىتىدە

خىزمەت قىلىپ، ئۈلارنىڭ ئاساسىي باش كىلىشلىك مەنىسىگە ھەر-
تۈرلۈك قوشۇمچە (ھىسسىياتلىق، تەسىرلىك، مودال...) مەنىۋىي
پەرقلەرنى ئۈستىلەپ تۇرىدىغان "سوزلەر" ئۈلانمىلار دەپ ئاتىلىدۇ.
ئۈلانمىلار ئالاھىدە تۇرۇپ كونكىرىت ئوبيېكتلىق مەنە ئاڭلاتماي-
دىغان ۋە جۈملىنىڭ مۈچىسى بولالمايدىغان... خۇسۇسىيەتلىرىگە
بىنائەن ياردەمچى سوزلەر گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. لېكىن
ئۈلارنىڭ باشقا ياردەمچى سوزلەردىن پەرقلىنىدىغان ئۆزىگىلا خاس
بەزى سېمانتىكا-گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىمۇ يوق ئەمەس.
مەسىلەن، ئۈلانمىلار ئابىستىراكىت گىراماتىكىلىق مەنىسى ۋە خىز-
مىتى جەھەتتىن تىلىمىزدىكى بەزى سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا
ئوخشاش بولۇپ كېلىدۇ. بۇ ئوخشاشلىق ئۈلارنىڭ مورفولوگىيىلىك
تۈزۈمىدىنمۇ بايقىلىدۇ. لېكىن بۇنىڭغا قاراپ، ئۈلانمىلارنى قوشۇمچە
دەپ ھىساپلاشقا زادى بولمايدۇ. چۈنكى ئۈلانمىلار سوز تۈركۈم-
لىرىنىڭ ھەممىسى بىلەن دىگۈدەك بىللە تۇرۇپ ياردەمچىلىك خىز-
مەت ئاتقۇرىدىغان سىنتاكسىسلىق ئېلېمېنتلاردىن بولسا، قوشۇمچىلار
مەلۇم سوز تۈركۈمى دائىرىسىدىلا سوز ياساش ياكى سوز تۈرلەش
ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدىغان مورفولوگىيىلىك فورمىلاردىن ھىساپلى-
نىدۇ. مەسىلەن، "-لا" ئۈلانمىسى ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش،
رەۋىش، پېئىل، ھەتتا ئىملىق، تەخلىدىي ۋە مودال سوزلەر بىلەنمۇ
بىللە تۇرۇپ، ئۈلارنىڭ مەنىسىگە قوشۇمچە مەنىۋىي پەرقلەرنى
يۈكلەيدىغان بولسا، "-چى" قوشۇمچىسى پەقەت ئىسىم سوزلەرگىلا
ئۇلىنىشى مۇمكىن. بۇ ئۈلانمىلارنىڭ قوشۇمچىلارغا قارىغاندا ئىشلى-
تىلىش دەرىجىسىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكىنى كورسىتىدۇ.
مۇستەقىل سوزلەردىن گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە قاتارىغا ئوتۇش
جەريانىدا بەزى ئۈلانمىلار ئۆزىنىڭ سوزلۈك فورمىسىنى تامامەن
ئۆزگەرتىپ، ساپ گىراماتىكىلىق قوشۇمچىغا (-لا، -مۇ // -ما،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

-دۇ // -تۇ، -چۇ، -ئا // -ئە، -غۇ // -قۇ، -ئەي، -ئۇي، -قىدە // -كىدە، -قىندە // -غىندە...) ئايلانغان بولسا، بەزىلىرى (ئەڭ، ھېچ، قاي، يە، ۋاي، مە) ھېلى بولسىمۇ سۆزلۈك شەكلىنى ۋە مۇستەقىللىق خۇسۇسىيىتىنى قىسمەن ساقلاپ كەلمەكتە.

مورفولوگىيىلىك تەركىۋى جەھەتتىن ئۇلانمىلار ھەممىسى دېگۈدەك بىر بوغۇملۇق بولۇپ كېلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىدە فونېتىكىلىق ۋارىيانت بولمايدۇ. لېكىن ئۇلانمىلاردا شەكىلداشلىق خۇسۇسىيەت تەرەققىي قىلغان. شۇڭلاشقىمۇ بىر ئۇلانما بىرنەچچە گىراماتىكىلىق مەنىگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. ئۆزىنىڭ فونېتىكىلىق تەركىۋى جەھەتتىن قوشۇمچە ۋە باغلىغۇچىلارغا ئوخشاش ئۇلانمىلارمۇ يوق ئەمەس. مەسىلەن، "-مۇ" سوئال ئۇلانمىسىنى (رادىيودا سۆزلىگەن سەنمۇ؟) "-مۇ" تەكرار باغلىغۇچىنىڭ (سەنمۇ، مەنمۇ، باشقا بالىلارمۇ شەھەرگە بارىدىغان بولدۇق) شەكىلداش سۆزى دەپ قاراش لازىم. ئۇيغۇر تىلىدا گىراماتىكىلىق قوشۇمچىغا ئايلىنىپ كەتكەن "ساپ" ئۇلانمىلار (-لا، -مۇ، -چۇ...) ئادەتتە، سۆزنىڭ ئاساسىغا ئۇلىنىپ تۇرىدۇ. ئەمدى ئۇلانمىلار قاتارىغا ئۆتۈش جەريانىنى تېخى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان، قىسمەن مۇستەقىللىككە ئىگە بەزى ئۇلانمىلار (ئەڭ، ھېچ، ھە، ئېلىش، مە...) بولسا، ئۇلار ئۆزى مۇناسىۋەتلىك سۆز (ھەتتا جۈملە) بىلەن ياندىشىپ كېلىپ، ئالاھىدە ئىشلىتىلىدۇ. بىر سۆزنىڭ ئاساسىغا بەزىدە ئىككى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئۇلانمىلار ئۇستىلەپ ئۇلىنىشى مۇمكىن (مەسىلەن: ئۆزەمزىزە، كەتمەمدىلاي، ئۆزەڭمىغۇ...)، لېكىن بۇ سۆزلەر ئۇلانمىلاردىن كېيىن باشقا مورفولوگىيىلىك قوشۇمچىلارنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلانمىلار ئۇلانغان سۆزلەر ھېچ قاچان كۆپلۈك، شەخس ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنمەيدۇ.

ئۇلانمىلار مەنىسىنىڭ خىلمۇ-خىل بولۇپ كېلىشىگە باغلىق تىل ئەمەلىيىتىدە ناھايىتى چوڭ سىمانتىكىلىق يۈك ئاتقۇرىدۇ. ئۇنى مۇنۇ مىساللاردىن روشەن كۆرۈشكە بولىدۇ: 1) سەن مەكتەپكە باردىڭمۇ؟ 2) سەن مەكتەپكە بارغانسەن؟ 3) سەن مەكتەپكە بارسەنە؟ 4) سەن مەكتەپكە بارساڭچۇ؟ 5) سەندۇ مەكتەپكە باردىغان؟ 6) سەنلا مەكتەپكە بارامسەنا؟ 7) سەنمۇ مەكتەپكە باردىڭدە؟ 8) سەنچۇ، مەكتەپكە باردىغانسە؟ 9) سەنە، مەكتەپكە بارغان؟ 10) سەن مەكتەپكە بارۇي؛ 11) سەنمۇي، مەكتەپكە باردىغان؟...

مۇشۇ بىر جۈملىنىڭ 11 تۈرلۈك مەنىۋى تۈسكە ئىگە بولۇشىدا "-مۇ (سوئال)، -سە، -ئە، -مۇ (تەكىتلەش)، -چۇ، -غۇ، -لا، -دە، -ئۇي" ئوخشاش ئۇلانمىلارنىڭ ناھايىتى چوڭ رول ئوينىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىز ئۆز پىكىرىمىزگە ئىلتىماس، سوئال، تەخمىن، ھاياجانلىنىش، ئەجەپلىنىش، جېكىلەش، تەلەپ قىلىش ئوخشاش سىمانتىكىلىق رەڭ بېرىشكە، يەنى سۆزلىگۈچىنىڭ ھەركەت ئوبيېكتىغا بولغان، مۇناسىۋىتىنى پەرق قىلىش ئارقىلىق كۆرسىتىشكە، مۇمكىنچىلىك ئالىمىز.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇلانمىلارنى، مەنىسىگە قاراپ، سوئال، ئۆتۈنۈش، خالاش، ئەجەپلىنىش، تەكىتلەش، تەلەپ، تەخمىن... شۇنىڭغا ئوخشاش تۈرلەرگە بولۇپ قاراشقا بولىدۇ. لېكىن ئايرىم ئۇلانمىلار بىرلا كونكرېت مەنىۋى ئاھاڭ ئاڭلىتىدىغان بولسا، بەزىلىرى، كونتېكستقا باغلىق، بىر ئەمەس. بەلكى بىرنەچچە ئۆزئارا يېقىن ياكى ھەر تۈرلۈك مەنىۋى ئاھاڭلارنى قاتار ئىپادىلەپ تۇرۇشى مۇمكىن.

"-لا" ئۇلانمىسى 1) ئۆزى ئۇلىنىدىغان سۆزنىڭ مەنىسىگە كۈچەيتىش ئاھىڭى يۈكلەيدۇ: "ئۇ چاپسانلا يېتىپ كەلدى؛ ئازلا نەرسە ئىكەنغۇ بۇ"؛ 2) تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ ئاساسىغا ئۇلىنىپ، ھەركەت ۋە ھادىسىنىڭ جىددى خاراكتېرىنى، ئۇنىڭ دەرھال، تۇيۇقسىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ: "بۇلۇت ئارىسىدىكى ئاي ۋاللا قىلىپ كۆرۈندى؛ ئىشتىن ھازىرلا كەلدىم؛" 3) بەزى سۆزلەر بىلەن كەلگەندە، ئۇ قەتئىيلىكنى ۋە تەكىتلەش مەنىسىنى ئاڭلىتىدۇ: "خۇدا-يىم بىزنىلا شۇنداق ياراتتىمىكىن؟" (ئو.م.)؛ "-لا" ئۇلانمىسى مەز-كۇر كونتېكىستتا "پەقەت" سۆزىنىڭ مەنىسىنى ئاڭلىتىدۇ، بەزىدە قاتار ئىشلىتىلىپ (بۇ ھەققىدە پەقەت تاھىرلا بىلىدۇ.)، قەتئىيلىك ۋە كونكرېتلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ تۇرىدۇ؛ 4) پېئىل فورمىلىرى (-سا، -دۇ) بىلەن بىللە كەلگەندە، سۆزلىگۈچىنىڭ ئىخلاس مەيلىنى، تىڭشىغۇچىغا بولغان ئىززەت-ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدۇ: "ئۆز-لىرى قارىسىلا؛ نىمە دەيدىلا؛ قارىماملا، قېرىشاندا يالغۇز يۈرمەك تەس ئىكەن تولا... (ئى.س.)؛ مەن ئۆزەم بارايلا؛ مەيلىلا، بارسا بارسۇن"؛ 5) ئىككىنچى تەركىۋىي قىسمى بولۇشسىزلىق فورمىسىدا تەكرارلىنىپ كېلىدىغان پېئىل ئاساسىغا ئۇلانغاندا، ھەركەتنىڭ كەينى-كەينىدىن ئۈزلۈكسىز بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ: چىقا-چىقمايلا، قاچا-قاچمايلا؛ ...چاينى ئىچە-ئىچمەستىنلا، ئىغىناپ تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىپسەن. (ئو.م.)

"-مۇ (-ما، -م)" ئۇلانمىسى 1) ھەرقانداق سۆزنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، سوئال مەنىسىنى ئاڭلىتىدۇ: "ئادەمدىنمۇ ئۇلۇغ نەرسە بارمۇ، بىلمەيمەن؟" (ئى.س.)؛ "ۋاھۇقمۇ كەلدىما؟" پەقەت II، III شەخس ھازىرقى ۋە كېلىدىغان زامان پېئىل فورمىلىرى بىلەن كەلگەندىلا، ئۇ شەخس قوشۇمچىلىرىدىن (-سەن، -سىز، -دۇ) ئىلگىرى تۇرىدۇ: يازامسەن؟ يازامسىز؟ يازامدۇ؟ (<ياز-ئا-مۇ-سەن، ياز-ئا-مۇ-سىز، ياز-ئا-مۇ-دۇر)؛ 2) "-ئار // -ئەر" سۈپەت پېئىل فورمىسىدىن كېيىن كەلگەندە، سوئال مەنىسى بىلەن بىللە ئۇ گۇمان، ئىشەنچسىزلىك مەنىسىنىمۇ ئىپادە قىلىدۇ: "ئۇ بىزنىڭ ئېيتقىنىمىزنى ئىشلەپ بېرەمۇ؟" 3) سۈپەت، رەۋىش، پېئىل،

ئالماش... سۆز تۈركۈملىرىگە ئۇلىنىپ، كۈچەيتىش، تەكىتلەش مەنىسىنى ئاڭلىتىدۇ: "كېيىپ كەتكەن پۇرۇم چورۇغۇم ھېلىمۇ بار ئۆيۈمدە. (ئو.م.)؛ ئۇزەممۇ شۇنداق دەپ ئويلىغانتىم"؛ "ھېلىمۇ، تېخىمۇ، خويمۇ (خويما)، تولىمۇ، كۆپمۇ، بەكمۇ، بولۇپمۇ، شۇنداقتىمۇ، ھەقىقەتتىمۇ" ئوخشاش سۆزلەرنىڭ تەركىۋىدە كېلىدىغان "-مۇ" ئۇلانمىسى بىلەن "دادامۇ، ئانامۇ، ھەدەممۇ..." دىگەندىكى (-مۇ) تەكرار باغلىغۇچىنى ۋە "ئويمۇ-ئوي، قولمۇ-قول" قوش سۆزلەردىكى "-مۇ" ئۇرغو سىزلىق ئېلېمېنتنى چاتاشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

"-دۇ // -تۇ" ئۇلانمىسى III شەخسكە نىسبەتەن ئېيتىلغان گۇمان ئاھاڭغا ئىگە سوئال مەنىسىنى ئاڭلىتىدۇ: "مېنىڭ بۇ سۆزۈمگە چوڭ ئانامنىڭ جېنى چىققاندۇ، مەن ئۇنى كورمىدىم؟ (ئو.م.)؛ شەپەرەڭدۇ، بەلكىم! — دىدى، ئۇ... (ئى.س.)؛ تايىلىق، ئۇ ئۆيىدە ئولتۇرىدىغاندۇ؟" "-دۇ // -تۇ" ئۇلانمىسى (<دۇر // -تۇر <- دۇرۇر // -تۇرۇر) پېئىل فورمىسىدىن كېلىپ چىققان. "-دۇر // -تۇر" فورمىسى ئاساسەن فولكلور ژانىرلىرىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە: گۈۋادۇرمەن، گۈۋادۇرمەن، گۈۋالىققا يىزەدۇرمەن...

"-چۇ" ئۇلانمىسى 1) ئىسىم ۋە ئالماشلارغا ئۇلىنىپ، سوئال مەنىسىنى ئاڭلىتىدۇ: "مەن بۈگۈن سائەت ئالتىگىچە ئىشلەيمەن، سەنچۇ؟" بۇ ئۇلانما ئارقىلىق قويۇلغان سوئال، ئادەتتە، دەرھال جاۋاپنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە كۆپىنچە دىيالوگلاردا (تولۇقسىز جۈملىنىڭ تەركىۋىدە) ئىشلىتىلىدۇ:

— بىز بۇ ئىشنى ياخشى بىلمىز.

— سىزچۇ؟

2) ئىسىملار بىلەن پېئىللارغا ئۇلىنىپ، تەكىتلەش، ئېنىقلاش مەنىسىنى ئاڭلىتىدۇ: "مەنچۇ، بۈگۈن كىنوغا بېرىپ كەلدىم؛ سەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۈيگە بېرىپچۇ، داداڭغا قارىشىپ بەرگىن، ماقۇلمۇ!؟" "-چۇ" ئۇلانمىسىنى تەكرارلاپ ئېيتىش ئارقىلىق سۆزلىگۈچى ئۆزىنىڭ ئېپىگە بەزى ھەسسىياتلىق رەڭ بېرىشى مۇمكىن. "-چۇ" ئۇلانمىسى مەزكۇر مەندە ئىشلىتىلگەندە، ئۆزىگە ئۇرغۇ قوبۇل قىلىدۇ؛ 3) سوئالغا جاۋابەن ئېيتىلغان سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە كەلگەندە، "-چۇ" ئۇلانمىسى مەلۇم ۋەقەنىڭ بولغانلىقى ياكى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئىشەنچە ئىپادە قىلىدۇ:

"باقى: نازۇگۇم خالامدۇ؟ نازۇگۇم: خالمايدۇ." (ق.ھ.) 4) پېئىل سۆزلەرگە ئۇلىنىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ سىپايە تۈردە ئېيتقان بۇيرۇغىنى، ئىلتىماس-مەيلىنى ۋە تىلەك-ئۈتۈنۈشىنى ئىپادە قىلىدۇ: "سەن بولساڭمۇ سۇ ئەكىلىپ بەرسەڭچۇ؟" (ئو.م). "-چۇ" ئۇلانمىسىنىڭ بۇ بۇيرۇق مەنىسى ۋە ئۇنىڭ باشقا مەنىۋى ئاھاڭلىرى "-ئا // -ئە" ئۇلانمىسىغا قارىغاندا ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

"-ئا // -ئە" ئۇلانمىسى 1) پېئىلنىڭ بۇيرۇق فورمىلىرىغا (-غىن، گىن-، -قىن، -كىن، -كىنىڭ، -ڭ) ئۇلىنىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ مەنىسىگە قوشۇمچە ئۆتۈنۈش، تەكلىپ-ئىلتىماس، يالۋۇرۇش ئوخشاش بۇيرۇق-مودال مەنىلەرنى يۈكلەپ تۇرىدۇ: "مۇنۇ بالىنى قولۇڭغا ئالغىنا! بىر شېرىنگىزنى ئوقۇپ بېرىڭا! بۈگۈن ئەتىگەنرەك كەلسىلە (<كەلسىلەرا)!" 2) سوئال فورمىسىدا كەلگەن پېئىللارغا ئۇلىنىپ، شۇ سوئالنى تېخىمۇ كۈچەيتىش، تەكىتلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ: "تونىمايۋاتامسىزا، بۇ مەن — ئوغلىڭىزغۇ!" 3) پېئىل فورمىلىرىغا ئۇلىنىپ، سوئالنى ۋە شۇ سوئالغا بېرىلىدىغان جاۋاپىنى بىردىن ئىپادە قىلىدۇ: "بۈگۈن بىز ئۇخلىمايمىزدە!؟ مۇشۇ كىتاپنى ئوقۇپ بېرىسىلەرە!؟" كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن كېيىنكى "-ئە" ئۇلانمىسى مەزكۇر 1-، 2-تۈردىن تامامەن باشقا؛ "ھە" ئىملىق سۆزى بىلەن تومۇرداش بولۇشى چوقۇم.

"-غۇ // -قۇ" ئۇلانمىسى 1) بارلىق سۆزلەرگە ئۇلىنىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ مەلۇم بىر ۋەقە، شەخس، شەيئى ھەققىدە خەۋەردار ئىكەنلىكىنى، شۇڭلاشقىمۇ ئىشەنچلىك تەكىتلەۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ: "ئاۋۇ كېلىۋاتقان ھاشىرغۇ، كۆرمەيۋاتامسەن، ئالدىڭدىكى ئېرىقغۇ". بەزىدە بۇ ئۇلانما ئىختىيارسىز رەۋىشتە ئىگە تەركىۋىدىن خەۋەر تەركىۋىگە يۆتكىلىشى مۇمكىن؛ شۇنىڭغا باغلىق مەنتىقى ئۇرغۇمۇ ئىگىدىن خەۋەرگە ئۆتىدۇ: "ئۆزەڭغۇ بارىمەن دېگەن — ئۆزەڭ بارىمەن دېگەنىغۇ"؛ 2) سۆزنىڭ مەنىسىگە ئېنىقلىق، كونكرېتلىق تۈسلىرىنى يۈكلەيدۇ: ئەخمەتقۇ ھېلىغىچە يېتىپ باردى.

"قىزىل ساقچىغۇ، بۇنىڭ بارلىق سىرلىرىنى بىلىپ قويغان ئۇ." (ئى.س.) 3) پېئىلنىڭ بەزى فورمىلىرى بىلەن بىللە كەلگەندە، سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆتكەن بىر ئىشقا پۇشايمان يەۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ: "چانامنى بېرىپ تۇرسامغۇ بولاتتىكەن؛ ئۇنىدىغىنى بىلگەندە، ئۆزەملا باراتتىمغۇ؛ ئەتىگەنرەك كەلسەڭغۇ، كىنوغا باراتتۇق"؛ "ئۇ" ئۇلانمىنىڭ مەنىسىدىن بەزىدە خالاش، مەيلى، شەرت ئاھاڭلىرىمۇ ئاڭلىنىدۇ.

"-زە (-ئىزە)" ئۇلانمىسى مۇستەقىل سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ئۇلىنىپ، شۇ ئۆزى ئۇلانغان سۆزگە مەنتىقى ئۇرغۇ چۈشۈرۈش، شۇنىڭغا دىققەتنى جەلپ قىلىش، تەنە قىلىش خىزمىتىنى ئاتقۇرىدۇ: "شۇنى ئېيتىۋزە، ئۇ چوڭقۇر ئويلىنىپ قالدى؛ مەنزە بۈگۈن بازارغا بېرىپ..." بۇ ئۇلانما ئاساسەن جانلىق تىلدا ئىشلىتىلىدۇ ۋە بەزىدە ئىككى قېتىم تەكرارلىنىپ ئېيتىلىشى مۇمكىن: ئېلىۋزىزە، ئەڭگىزىزە، دەۋزىزە...

"ئەي (-ئۇي، -ئۈي (üy)، -ئوي)" ئۇلانمىسى ئادەتتە، خەۋەر بىلەن بىللە كېلىپ، ئۇنىڭ مەنىسىگە قوشۇمچە سۆزلىگۈچىنىڭ مەلۇم ئىش-ھەرىكەتكە ھاياجانلىق، سەمىمى مۇناسىۋىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىۋاستە كۆرسىتىش، جۈملىگە ئالاھىدە ھېسسىياتلىق رەڭ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايدۇ: سىلەر قاچان كېلىسىلەر؟ كەلسەڭچۇ بىز تەرەپكە. ئابدۇلمۇي بۇ كېلىۋاتقان؟ نىمە (ر)ۋي بۇ قىلغىنىڭ؟

بۇ ئۇلانمىلار ئەسلى "هاي، هۇي، هەي" ئىملىق سۆزلىرىدىن كېلىپ چىققان.

"-دە // -تە" ئۇلانمىسى 1) مەلۇم ۋەقەنىڭ بولغانلىقىنى، پاكىتنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ: "قوۋۇلۇق قىلمەن دەپ، قۇيرۇقتىن تۇتۇلۇپتۇ-دە، — دەپ كۈلۈپ كەتتى ئومەرجان. (ھ.ئا.) شۇنداق ھېرىپ كەتتىمدە؛" 2) شەخسنىڭ مەلۇم نەرسىنىڭ ساپاسىغا، ماھىيىتىگە بولغان كۆز قارىشىنى ئېنىق ئىپادىلەپ، ئايدىڭلاشتۇرىدۇ: رەيھان ناھايىتى چىرايلىق قىزدە! بۇ تۇرغانلا بىر ئالامەتتە!

"-ئىدا // -ئىدە" ئۇلانمىسى 1) سۆيەت ۋە رەۋىشلەرگە ئۇلىنىپ، ئۇلارنىڭ مەنىسىگە كۈچەيتىش ئاھاڭىنى يۈكلەيدۇ: "جىق (ق) -ئىدا، لىق (ق) -ئىدا، تىك (ك) -ئىدە"؛ 2) تەقلىدىي سۆز بىلەن كەلگەندە، شۇ ھەركەتنىڭ، ھادىسىنىڭ دەرھال، ناھايىتى چاپسان، جىددىي رەۋىشتە يۈز بەرگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ: "كىك (ك) -ئىدە، پوك (ك) -ئىدە، تاق (ق) -ئىدا...". ئادەتتە، مەزكۇر ئۇلانما ئۇلانغان سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش بوغۇمنىڭ كۈچلۈك ئېيتىلىشىغا باغلىق، جۈپلىشىپ ئېيتىلىدۇ: "ۋاق (ق) -ئىدا، ۋاچ-چ-ئىدا، لاس-س-ئىدە، ۋال-ئىد-ئىدا..." شۇ جۈملىدىن مەزكۇر ئۇلانما قىسمەن سۆز ھاسىل قىلىش ۋەزىپىسىگە ئىگە بولماقتا.

"-قىنا (-كىنە، -غىنا)" ئۇلانمىسى ئىسىم، سۆيەت، رەۋىشلەرگە ئۇلىنىپ، ئۇلارنىڭ مەنىسىگە قوشۇمچە كۈچەيتىش ئاھاڭىنى يۈكلەيدۇ: كىچىككىنە پىنناس، ئاللەمنى كېزىپ تىنماس (تېپىشماق.) چىرايلىققىنا بالا ئىكەن. ئىسسىققىنا بىرچىنە چاي ئىچىۋالدىم. جېنىمغىنا شۇ ئاتام قايغا مۈستىدە يالغۇز. (فولك)

# مودال سوزلەر

مودال سوزلەر ئاساسەن پىكىرنىڭ ۋەقەلىككە بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مۇنداق مۇناسىۋەت ئېنىقلىق، گۇمان، تەخمىن، ئىشىنىش، خالاش ياكى خالىماسلىق ئوخشاش چۈشەنچىلەردىن ئىبارەت. ھەر بىر ئېيتىلغان سوز ياكى جۈملىدە شۇ ئېيتىلغان سوز ياكى جۈملىگە نىسبەتەن مەلۇم بىر پىكىر ئىپادىلىنىدۇ. ۋ.ۋ.ۋىنوگرادوۋنىڭ پىكرىچە، ھەرقانداق جۈملە پەقەت قانداقتۇ بىر ۋەقەنىڭ بولغانلىقىنى ياكى يۈز بەرگەنلىكىنىلا ئاڭلىتىپ قويماستىن، شۇنداقلا ئۇ نۇتۇق مەنىسىنىڭ بارلىققا بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەرقانداق جۈملە، ئاكادېمىك ۋ.ۋ.ۋىنوگرادوۋنىڭ ئېيتقىنىدەك، تۈزۈلۈش بەلگىسى سۈپىتىدە مودالىلىق مەنىنى، يەنى بارلىققا بولغان مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئەڭ كوپ ئىشلىتىلىدىغان مودال ۋە مودالىلىق مەنىسى بار سوزلەر توۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: شۈبھىسىز، شەرت، شەكسىز، چوقۇم، ئەلۋەتتە، سوزسىز، ئەتىمالىم، ئەپسۇسكى، ئەكسىچە، ئەتتەڭ (ئەتتىگىنەي، ئەتتەڭگىسىنەي)، ئەسلى، ئېھتىمال، بەلكى (بەلكىم)، كېرەك، بار، يوق، ياق، يوغىسۇ، بولار، بولىدۇ، بولمىسا، ۋاھالەنكى، گويا (گوياكى)، دەيدۇ، دېمەك، ئىكەن (ئىمىش)، ئىلاھىم، ئېيتماقچى، قىسقىسى، كورىنىدۇ، لازىم، مۇمكىن، مەيلى، نىھايەت، ئوخشايدۇ. راست، توغرا، تېگىش، تەبىئى، دەرھەقىقەت، ھەقىقەتەن (ھەقىقەتتە)، چوقۇم، چامىسى، چېغى، سانىلىدۇ، ھېساپلىنىدۇ، جۈملىدىن، بىرىنچىدىن، ئىككىنچىدىن، ئاخىر، خۇسۇسەن، مەسىلەن ۋە باشقىلار.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا مۇستەقىل سوز تۈركۈمى سۈپىتىدە شەكىللەشكەن مودال سوزلەر بىلەن بىللە (مەسىلەن: "ئەلۋەتتە، ئەتىمالىم، ئەپسۇسكى، ئەكسىچە، شۈبھىسىز، ۋاھالەنكى، دەرھەقى-

www.uyghurkitap.com

قەت، ئىپتىمال" ۋە باشقىلار)، تېخى مودال سۆز دەرىجىسىگە تولۇق يەتمىگەن، جۈملىدە پەقەت خەۋەرگە باغلىنىپ كېلىپ، ئىش-ھەرىكەتنىڭ ھەقىقەتەن بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى، ئېنىق ياكى ئېنىق ئەمەسلىكىنى، گۇمان ۋە باشقا مودال مەنىلەرنى ئاڭلاتقىدىغان سۆزلەرمۇ بار. بۇ گۇرۇپپىغا تۆۋەندىكى سۆزلەر كىرىدۇ: "ئىكەن، ئىمىش، بار، يوق، دەيدۇ، كېرەك، كۆرۈنىدۇ، لازىم، مۇمكىن، ئوخشايدۇ، تېگىش، تېخى، چامىسى، چېغى" ۋە باشقىلار. بۇ سۆزلەر جۈملىدە خەۋەرنىڭ تەركىبىدە كېلىپ، ھەر تۈرلۈك قوشۇمچە مەنە ئاھاڭلارنى ئاڭلىتىدۇ. مۇنداق سۆزلەرنىڭ، ئەلۋەتتە، ئۆزىگە خاس بولغان لېكسىكىلىق مەنىلىرىمۇ بار. لېكسىكىلىق مەنىدە بۇ سۆزلەر تازا خەۋەر، يەنى جۈملىدە مۇستەقىل خەۋەر، ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايدۇ. ئەمدى مودال سۆزلەر مەنىسىدە بولسا، قوشما خەۋەرنىڭ تەركىبىدە كېلىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ ئېيتىۋاتقان پىكرىگە مۇناسىۋىتىنى، شۇ پىكىرنى قانداق تۈردە باھالىشىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن، تۆۋەندىكى مىساللارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى: سىزنىڭ ئىش ئۆلگىڭىز پەقەت بىزگىلا ئەمەس، پۈتكۈل رېسپۇبلىكىغا كېرەك. («ك. ت.») قىرغاقمۇ يىراق ئەمەس بولۇش كېرەك. (ئا. س.) بەزىبىر يەرلەردە ئۆنگەن بۇغدايلار كۆرۈنىدۇ. («ك. ت.») ھېرىگادىدىكى ئالدىنقى تىراكتورىستمۇ شۇ كۆرۈنىدۇ. («ك. ت.») سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىز مېنىڭ نەزىرىمدە خۇددى يۇمىلاق شارلارغا ئوخشايدۇ. («ك. ت.») ئۇنىڭغا تېخى دېگەنىدەك ئەھمىيەت بەرمىگەن ئوخشايدۇ. («ك. ت.») كىرۋۇ نامىدىكى كولخوزنىڭ مۇشۇ شوپۇرى ئەمگەك سۆيگۈچ، ناھايىتى دىلىل يىگىت ئوخشايدۇ. («ك. ت.») قاسىم ئىنژېنېر ئوخشايدۇ.

بۇ مىساللاردىكى "ئوخشايدۇ" سۆزى تازا خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغاندا، كۆپىنچە ئۆزىنىڭ ئالدىدىن كەلگەن سۆزلەرنىڭ مەلۇم كېلىشتە تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، يەنى باشقۇرىدۇ. مەسىلەن: "... شارلارغا ئوخشايدۇ،... يىگىتكە ئوخشايدۇ، ئىنژېنېرغا ئوخ-

شايىدۇ.“ ئەگەر ”ئوخشايدۇ“ سۆزىنىڭ ئالدىدا تۇرغان سۆزلەر سۈپەت پېئىلى ياكى باش كېلىشتىكى ئىسىمدىن بولغان خەۋەر بولسا، ئۇ چاغدا ”ئوخشايدۇ“ سۆزى موداللىق ئاھاڭ ئاڭلاتقۇچى مودال سۆز بولىدۇ.

## مودال سۆزلەرنىڭ ئاڭلىتىدىغان ئاساسىي مەنىلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى مودال سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاڭلىتىدىغان مەنىسىگە قاراپ چوڭ ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ:

1. پىكىرنىڭ رېئاللىقىنى، ئېنىقلىقىنى ۋە ئىجابىيلىقىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مودال سۆزلەر: شۈبھىسىز، سۆزسىز، ھەقىقەتەن، ئەلۋەتتە، راست، دەر ھەقىقەت...

بۇ گۇرۇپپىدىكى مودال سۆزلەر ياردىمى بىلەن سۆزلىگۈچى ئۆز پىكرىنىڭ راستلىقىغا ۋە شۈبھىسىزلىكىگە ئىشەنگەن ھالدا ئىش-ھەرىكەتنىڭ گۇمانسىز بولىدىغانلىقىنى قەتئىي تۈردە تەكىتلەپ ئېيتىدۇ. مەسىلەن: ئەلۋەتتە، بۇ ئۇنىڭ ۋىجدان بىلەن قىلغان پىداكارلىق ئەمگىنىڭ ھۆرمىتىدۇر. («ك. ت.») ھەقىقەتەن، بۇ ياش ئۇيغۇر يىگىتىنىڭ پىكرى دۇرۇس ئىدى. («د. ق.») دەر ھەقىقەت، دېمىيان بېدنىينىڭ جەڭگىۋار پوئېزىيەسى كوممۇنىستىك پارتىيىۋىلىكى بىلەن... ھازىرمۇ بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز ۋە سەنئىتىمىزنىڭ ئەرباپلىرىغا ئاجايىپ ئۈلگە بولماقتا. («ك. ت.») — ھە، چاپاسىز ھالاۋەت يوق، ئوغلۇم — دېدى موللىكام. — راست، چوڭ دادا، بىزدە چاپانىڭ ھالاۋىتى ناھايىتى چوڭ. («ك. ت.») بۇ، شۈبھىسىز، رايون ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئۇتۇقى. («ك. ت.»)

2. پىكىرنىڭ پائال ئەمەسلىكىنى، نامەلۇملىقىنى ۋە گۇمانلىق ئىكەنلىكىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان مودال سۆزلەر: بەلكى (بەلكىم)، ئېھتىمال، ئەتىمالىم، كۆرۈنىدۇ، كېرەك، لازىم، مۇمكىن، ئوخشايدۇ، تېگىش ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ گۇرۇپپىدىكى مودال سۆزلەر ياردىمى بىلەن سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆز پىكرىنىڭ ئېنىق ئەمەسلىكىنى، گۇمان ياكى مۆلچەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن: بەلكى، ئانارخان ئۆيىدىدۇ. («د. ق.») بەلكىم، سەنمۇ بولىدىغانسەن. (چۆچەك.) ئېھتىمال، قوزغىلاڭچىلار كۆۋرۈكنى بۇزۇۋەتكەندۇ. («ۋ. ھ.») بىز، ئەتىمالىم، ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئاتا-ئانىلىرى بىلەن بىللە مەكتەپنىڭمۇ جاۋابكار بولۇشى توغرىلىق قانۇن چىقىرىمىز. («ك. ت.») سىلىمەم بىلەن سىلەر تونۇش بولۇشقىلار كېرەك. («ك. ت.») باشقا دوست، تەڭ-تۇشلىرى بىلەن بىللە بولسام، دەيدىغان كۆرۈنىدۇ. («دوسلۇق») ... كاللىنىلىقلار ئۇنىڭغا تېخى دىگەندەك ئەھمىيەت بەرمىگەن ئوخشايدۇ. («ك. ت.»)

## مودال سۆزلەرنىڭ گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى

مودال سۆزلەرنىڭ باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن پەرقى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلار ئۆز ئالدىغا جۈملە مۇچىسى بولالمايدۇ ۋە تۈرلىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئەمەس. جۈملىدە باشقا جۈملە مۇچىلىرى بىلەن ھېچقانداق گرامماتىكىلىق ئالاقىدە بولمايدۇ. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرى كېلىپ چىققان سۆزلەرنىڭ فورمىسىنى تولۇغى بىلەن ساقلاپ قالغان.

مودال سۆزلەر مورفولوگىيىلىك قىسىملارغا بۆلۈنمەيدۇ. مودال سۆزلەرگە ئىلگىرى ئۇلىنىپ قالغان قوشۇمچىلار بولسا، ئۇلارنىڭ قوشۇمچىلىق ۋەزىپىسىنى ۋە مەنىسىنى يوقىتىپ، مودال سۆزلەرنىڭ ئاجرالماس بىر قىسمى بولۇپ قالغان. مەسىلەن: "شۈبھىسىز، شەكسىز، سۆزسىز..." ئوخشاش مودال سۆزلەردىكى سۈپەت ياسىغۇچى "-سىز" قوشۇمچىسى، "چامىسى، چېغى، ئەسلى، قىسقىسى..." مودال سۆزلەردىكى "-ى، -سى" ئوخشاش ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى، "جۈملىدىن، بىرىنچىدىن، ئىككىنچىدىن" ئوخشاش مودال سۆزلەر-

دىكى چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى، "ھەقىقەتەن، ئەكسىچە" ئوخشاش مودال سۆزلەردىكى رەۋىش ياسىغۇچى "-ئەن، -چە" قوشۇمچىلىرى ئۆزىنىڭ گىرامماتىكىلىق ماھىيىتىنى يوقاتقان قوشۇمچىلار بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ قوشۇمچىلار... "سۆزلەرنىڭ فورمال قىسمىغا ئەمەس، بەلكى ماتېرىيال قىسمىغا ئۆتۈپ كەتكەن"①

ئۇيغۇر تىلىدىكى مودال سۆزلەرنىڭ لېكسىكا-گىراممانىكىلىق بەلگىلىرى ۋە مەنىۋى ئاھاڭ بىرىش خۇسۇسىيەتلىرى خىلمۇ-خىلدۇر.

مودال سۆزلەر جۈملىدە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كوپ تەكرارلىنىپ كېلىشى مۇمكىن. مودال سۆزلەرنىڭ مۇنداق ئىشلىتىلىشى پىكىرنىڭ ۋە قەلىكە بولغان مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ ئېنىقراق ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۈچەيتۈرۈش مەقسىدىگە باغلىقتۇر. ئەمما بۇ خۇسۇسىيەت ئۇيغۇر تىلىدىكى بارلىق مودال سۆزلەرگە خاس ئەمەس. ئۇ پەقەت ئايرىم مودال سۆزلەرگىلا خاس. ئۇلار: "قېنى، راست، توغرا، ئەلۋەتتە، بار، تەبىي، چوقۇم..." مودال سۆزلەردىن ئىبارەت.

مەسىلەن: قېنى، قېنى، "غەيرەتتە بەرىكەت"، دىگەن ئىكەن. («ك. ت.») شۇنداق قىلىپ، مەن بىر كۇنۇمنى ئولتۇرىمەندە، ئۇ چىقمىسىنى سىزگە تولەشكە توغرا كېلىدۇ. — ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە... ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ... (ئا. ق.) — ھەمرا (كۈلۈپ). "بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس، بىر يامانلىق" دىگەن ئەمەسمۇ. لوۋار. راست، راست، ھەمرا! («ئانارخان» پيېسسىدىن.)

مودال سۆزلەرنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىر جۈملىدە ئىككى تۈرلۈك مەنىنى ئاڭلىتىدىغان ئىككى خىل مودال

---

① «ھازىرقى زامان ئوزبېك تىلى»، ئوزبېكىستان س س ر پەنلەر ئاكادېمىيەسى نەشرىياتى، تاشكەنت، 1957. 488-بەت.

سۆزى ئىشلىتىلىشى مۇمكىن. مۇنداق ھالدا مودال سۆزلەرنىڭ مەنىۋى ئاھاڭ بېرىش خۇسۇسىيەتلىرى خىلمۇ-خىل بولسىمۇ، ئۇلار مودال ئاھاڭنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

مەسىلەن: — راست، سىز بىلىسىز كېرەك... («ك. ت.») ئىچىگە پىلىنكا سېلىنغان كاسسېتا توغرىلىق ۋەقە ئۇنىڭ يادىغا چۈشسە كېرەك، ئەتىمالىم. («ك. ت.») ئۇ ئېھتىمال، ئىشتىن كەلگەن ئوخشايدۇ. تانىيەنىڭ ئاتىسىنىڭ كىم ۋە نەدە ئىكەنلىكىنى، ئەتىمالىم ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان ئوخشايدۇ. («ك. ت.»)

بۇ جۈملىلەردە ئىشلىتىلگەن مودال سۆزلەر سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆز پىكرىنى ئىزھار قىلىشتا، شۇ ئىش-ھەرىكەتنىڭ بولۇش، بولماسلىقىنى، ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىش، ئاشماسلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن تىلەك، ئىستەك، ئىلتىماس، قەتئىلىك ۋە ئېنىقلىق ئوخشاش مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

مودال سۆزلەر جۈملىنىڭ بېشىدا، ئوتتۇرىسىدا ۋە ئاخىرىدا كېلىشى بىلەن بىللە، دىئالوگلاردا ئالدىنقى پىكىرگە بولغان مۇناسىۋەتنى ئىپادىلىگۈچى جاۋاپ تەرىقىسىدە كېلىپ، سىرتقى كۆرۈنۈشى جەھەتتىن بىر پۈتۈن جۈملە بولۇپ كۆرۈنىدۇ، لېكىن قىستۇرما سۆزنىڭ ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ قالىدۇ.

بۇ ھالدا تولاراق ”ئەلۋەتتە، ئېھتىمال، ئەتىمالىم، سۆزسىز، توغرا، راست، شۈبھىسىز، بەلكى، مۇمكىن“ ئوخشاش مودال سۆزلەر كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئامىنەم، سەن ئۆزەڭنىڭ كاندىداتۇرۇسىغا ئۆزەڭمۇ ئاۋاز بەردىڭمۇ؟ — ئەلۋەتتە. («ك.ت.») ياكى بىرسى ئەتەي تۈز قوشقانمۇ؟ — مۇمكىن. (د.ق.)

مودال سۆزلەر سان جەھەتتىن ئانچىلا كۆپ بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەر تۈرلۈك مەنىۋى ئاھاڭلار ئاڭلىتىش خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن بىللە، ھەر قانداق زىل ۋە مۇرەككەپ ھادىسىلەرنى، كۆرۈنۈشلەرنى مۇمكىن قەدەر تولۇق، روشەن ۋە ھەر تەرەپلىمە تەسۋىرلەشكە ئىم-

كانىيەت بېرىدۇ ۋە تىلنىڭ ئۇسلۇبىي مۇمكىنچىلىكىنى كېڭەيتىدۇ، ئۇنىڭ باي ۋە ئەۋرىشىم بولۇشىنى تەمىنلەيدۇ. بۇ جەھەتتىن مودال سۆزلەر كاتېگورىيىسىدىكى مەنىداش سۆزلەر ئالاھىدە كۆزگە چۈشىدۇ. مەنىداش مودال سۆزلەر پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مەنىۋى ئاھاڭ ئاڭلىتىشىلا ئەمەس، بەلكى جۈملىدە قوللىنىلىشىغا قاراپمۇ ھەر تۈرلۈك پەرقلەرگە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، ئايرىم مەنىداش مودال سۆزلەر جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلسە، بەزىلىرى پەقەت جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ. لېكىن بىرمۇنچە مەنىداش مودال سۆزلەر جۈملىنىڭ بېشىدا، ئوتتۇرىسىدا ۋە ئاخىرىدا كېلىپ، ئۇلارنىڭ قوللىنىلىش ئورنى ئەركىن بولىدۇ. ھەر تۈرلۈك مەنىۋى ئاھاڭ ئاڭلىتىش جەھەتتىن بىر بىرىگە يېقىن بولغان بۇ مەنىداش مودال سۆزلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: ئەلۋەتتە — سۆزسىز — جەزمەن — شۈبھىسىز — چوقۇم — شەكسىز — قەتئىي — مۇقەررەر...؛ چېغى — ئوخشايدۇ — كۆرۈنىدۇ...؛ ھەقىقەتەن — ئەسلىدە — دەر ھەقىقەت...؛ كېرەك — لازىم — ئېھتىمال — مۇمكىن...

مودال سۆزلەرنىڭ مۇنداق مەنىداش سۆزلەرگە باي بولۇشى ئاساسەن سۆزلىگۈچىنىڭ جۈملىدىكى پىكىرىگە بولغان ھەر خىل نازۇك مەنىۋى ئاھاڭلىرىنى ئىپادىلەش مەقسىدىدىن تۇغۇلغان. سۆزلىگۈچى ئۆز پىكرىنى ئىزھار قىلىشتا بىر بىرىگە مەنىداش بولۇپ كەلگەن مودال سۆزلەرنىڭ خالىغىنىنى ئىشلىتىشى مۇمكىن.

## مودال سۆزلەرنىڭ باشقا سۆز تۈركۈملىرى بىلەن باغلىنىشى

مودال سۆزلەر ئۆزئالدىغا ئالاھىدە لېكسىكا-گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيە بولۇپ سانالسىمۇ، ئۇلار ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەممە سۆز تۈركۈملىرى بىلەن دىگۈدەك تارىخىي مۇناسىۋەتتە تەرەققىي قىلىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگانە تارقىتىش

يەنى مودال سوزلەر ئاساسەن باشقا سوز تۈركۈملىرىنىڭ گىراماتىكىلىق تەرەققىياتى نەتىجىسىدە مۇستەقىل كاتېگورىيە سۈپىتىدە شەكىللەنگەندۇر.

1) ئىسىملاردىن پەيدا بولغان مودال سوزلەر: ھەقىقەتتە، دەرھەقىقەت، چامىسى، شەرت، چېغى، ئەسلى، قىسقىسى، توغرا، جۈملىدىن...

2) سۈپەتلەردىن پەيدا بولغان مودال سوزلەر: شۈبھىسىز، شەكسىز، سوزسىز، تەبىئى...

3) رەۋىشلەردىن پەيدا بولغان مودال سوزلەر: ئەلۋەتتە، ئېھتىمال، بەلكى (بەلكىم)، ئەتىمالىم، ئەكسىچە، مەسىلەن...

4) پېئىلدىن پەيدا بولغان مودال سوزلەر: ئىكەن، دىمەك، دەيدۇ، ئېيتماقچى، ئوخشايدۇ، كورىنىدۇ، سانىلىدۇ، ھىساپلىنىدۇ، تېگىش، بولىدۇ...

5) ئىملىق سوزلەردىن پەيدا بولغان مودال سوزلەر: ھەتتا...

## ئىملىقلار

## ئىملىقلار توغرىلىق ئومۇمى چۈشەنچە

ئىملىق سوزلەر كىشىنىڭ ھاياجانلىنىش، ھەيران قېلىش، قايغۇ-ھەسرەتلىنىش، غەزەپلىنىش، تۈرلۈك ھايۋان، جان-جانىۋارلارنى قىچقىرىش، قوغلاش، توختىتىش ئوخشاش خىلمۇ-خىل ھىس-تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىملىق سوزلەرنىڭ جۈملىدىكى ئاتقۇرىدىغان ۋەزىپىسى ئوزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇلار باشقا سوز تۈركۈملىرى بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشتا بولمايدۇ. ئىملىق سوزلەر باشقا سوز تۈركۈملىرىگە ئوخشاش مەلۇم بىر نەرسىنىڭ ئىسمى، سۈپىتى، سانى، ھەركەت-ھالىتى توغرىلىقمۇ ئۇز ئالدىغا مۇستەقىل چۈشەنچە بىرەلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىملىقلار جۈملىنىڭ ئىگىسى، خەۋىرى ياكى باشقا مۇچىسى بولالمايدۇ، جۈملىدە ئېيتىلىدىغان ئوي-پىكىر ۋە

مەزمۇننىڭ كۆچىيىشىگە مۇناسىپ تۆلۈش قوشىدۇ.

## ئىملىقلارنىڭ تۈزۈلۈشى

ئىملىقلار تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئاساسەن ئۈچ خىل بولىدۇ:

1) بىرلا تومۇردىن تەركىب تاپقان ئىملىقلار: پاھ، ئىخ، ھەي، خەپ، تىچ، چۇھ، ئاھ، ئۇھ...

2) بىر تومۇرنىڭ تەكرارلىنىشى نەتىجىسىدە ياسالغان ئىملىقلار: ۋاي ـ ۋاي، پاھ، ـ پاھ، ھە ـ ھە، ماھ ـ ماھ، ھايت ـ ھايت، ۋەي ـ ۋەي...

3) تاۋۇش تۈزۈمى ھەر خىل سوزلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان ئىملىقلار: ۋاي ـ يەي، ھاي ـ ھۇي، ئاھا ـ ھاي، ۋاي ـ ئەي...

بىر تومۇردىن تەكرارلىنىپ ياسالغان ئىملىقلار مەنە جەھەتتىن مەلۇم ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچرايدۇ. بۇ شارائىتتا تەكرارلانغان ئىملىق سوز كوپىنچە يېڭى مەنە ئاڭلىتىدۇ ياكى ئەسلى مەنىسىنى ئىلگىرىكىگە نىسبەتەن خېلى كۈچەيتىدۇ.

مەسىلەن: ھوي، دوستۇم! ھوي ـ ھوي، بولىدى. ھوي ـ ھوي، نىمە شۇنچە خوشالسەن؟

بىرىنچى مىسالدىكى ”ھوي“ قاراتما مەنىسىنى بىلدۈرسە، ئاخىرقى ئىككى مىسالدا تەكرارلىنىپ كەلگەن ”ھوي ـ ھوي“ دەسلەپكى مىسالدىكىگە نىسبەتەن باشقىچە مەنىدە قوللىنىلىپ، جۈملىدە كۈچەيتىش ئاھڭىنى بېرىدۇ.

ھەر خىل سوز ياساش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئىملىقلارنىڭ ئاساسىدا پېئىل ياسىلىشى مۇمكىن.

مەسىلەن: ئاھ ئۇرماق، ۋايسىماق، ئۇررالىماق، ئۇھلىماق، داتلانماق، ۋاي ـ ۋايلىماق...

ئايرىم ھاللاردا بەزى ئىملىقلار مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچراپ، ئەسلى شەكلىنى ئۆزگەرتىدۇ. بۇ تولاراق بىر بوغۇملۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىملىق سوز ئۆزىدىن ئىلگىرى كەلگەن پېئىل بىلەن قوشۇلۇپ ئېيتىلىشى نەتىجىسىدە يۈز بېرىدۇ. مۇنداق مۇستەقىللىقىنى يوقاتقان ھەم شەكلىي ئۆزگىرىشكە ئۇچرىغان ئىملىقلار بارا-بارا ياردەمچى سوزلەرگە، ئۇلانمىلارغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. مىساللار: ئەخمەت شەھەردىن كەپتە؟ (ئەسلى: كېلىپتۇ - ھە) بولدوي، نىمە ئانچە ئولتۇرىسەن (ئەسلى: بولدى - ھوي) بۇ سوزنى ماڭا ئېيتمىساڭما، مەن ئاڭلىغاناي (ئەسلى: ئاڭلىغان - هاي). ئورنىڭدىن تۇرووي! (ئەسلى: تۇر - ھوي) نېرى بارۇي (ئەسلى: بار - ھوي) ئايلىنىپ كېتەيئەي (ئەسلى: كېتەي - ھەي)...

خۇددى باشقا سوز تۈركۈملىرىگە ئوخشاش، ئىملىق سوزلەرمۇ تىل تەرەققىياتىدا ئۆسۈش، ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى باشتىن كوچۈرگەنلىكى مەلۇم. بۇ ھەقتە بولۇپمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا قېرىنداش تىللارنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىلىق تەركىۋىگە كىرىپ ئۆزلەشكەن ئايرىم ئىملىقلارنى كورسىتىپ ئوتۇش كۇپايە قىلىدۇ. بۇنىڭغا: ئوزرا، ئېخ، ئو، ئاھا، نو، سوپ-سوبا قاتارلىق ئىملىقلارنى ياتقۇزۇش مۇمكىن.

مىساللار: ئېخ، قويساڭ، راھەتلا يار! ئەخ، پاتى، ياشا! (ئو. م.) پاھ، قانداق كېلىشكەن، ئۇر - را! ئوھو، ھەدەم مولودېتس! ئەمدى ھەر ئىككىمىزلا ئوتلىچىنىك، بولۇپ ئوقۇيدىغان بولدۇقتە! ۋو، ھۇررا! (ج. ب.) ئو، ۋەتەن! ئو، دوسلۇرۇم. (ئى.ب.)

## ئىملىقلارنىڭ تۈرلىرى

ئىملىقلار ئاساسەن ئىككى گۇرۇپپىغا بولۇنىدۇ: 1) ھىس-تۇيغۇ ئىملىقلىرى، 2) بۇيرۇق-ھايداش، چاقىرىش ئىملىقلىرى.

ھىس-تۇيغۇ ئىملىقلىرى. ئىملىقلار كىشىنىڭ ئىچكى ھىس-تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سوزلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلاردىكى ئاساسىي خۇسۇسىيەت ئىنتوناتسىيىدۇر. شۇڭلاشقا ئىملىق سوز تەركى-

ۋىدىكى ئايرىم تاۋۇشلارنىڭ ھەرخىل ئاھاڭ، ھەرخىل سۈرئەت بىلەن ئېيتىلىشىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ ئاڭلىتىدىغان مەنىۋىي ئاھاڭلىرى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، جۈملىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىغا قاراپ، مەلۇم بىر ئىملىق سوزنى بەزىدە ھەيران قېلىش، خوشاللىق، بەزىدە خاپىلىق ۋە يەنىمۇ باشقا مەنىلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىش مۈمكىن.

ھىس-تۇيغۇ ئىملىقلىرىنى، ئىنتوناتسىيە ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ، تۆۋەندىكىچە بولۇش مۈمكىن:

خوشاللىق، ھاياجانلىق، قانائەتلىنىش، ماقۇللاش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىملىقلار:

ۋاھ، مانا يىگىت!
خوشاللاندىم ساڭا.
كولخوزغا
تىراكتۇر ئالغىنىڭنى ئاڭلاپ. (ئو. م.)

پاھ، قانداق كېلىشكەن، ئۇر-را! (ج. ب.) بوۋاي: — بەللى، يارايسىز! — دەپ تاقتى غولىغا. (ئى. س.) ئوھو، يىگىت! يولۋاس يىگىت، دەۋەتتىم مەن ۋاقىراپ. (ك. ن.)

قايغۇ-ھەسرەت، دەرت-ئەلەم، ئېچىنىش، پۇشايمان مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىملىقلار: ئاھ، بىچارە! ئۆزەمنىڭ ئوغلۇمدىكىغۇ ئۇن گۈلۈڭدىن بىر گۈلۈڭ ئېچىلماي... (ھ. ئا.) ھەتتەڭ، قېرىلىغىم! بىراق ياشلىقىمدىمۇ شۇنداق پالەچ ئىدىم. (ماقال.)

ھەيران قېلىش، ئەجەپلىنىش، ئىشەنمەسلىك، گۇمان قىلىش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىملىقلار: پاھ، نىمە دىگەن ياخشى سورەت! بۇنى ياسىغان كىم ئىكەن؟ (چوچەك.) ۋاي ئاتام! راسلا بۇ بۇغدايلارنى ھەجەپ تەكشى قىرقىپتا، قانداقمۇ قىرقىپ بولغاندۇ؟! (چوچەك.)

قورقۇش، ئەندىشە قىلىش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىملىقلار: ۋاي، ئەمدى ئۆيگە بارغاندا، نىمە دەرمەن!... — دەپ يىغلاپتۇ (چوچەك.) ئاپلا، كاساپەت، يەنە تەكرارلاپ ئولتارغىنىنى قارا. (ن. گ.)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئاچچىق قىلىش، غەزەپ، نەپرەت، خاپىلىق، يىرگىنىش، ھاقارەتلەش، سەتلەش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىملىقلار: خەلق: ھۇر...را، ھور...را! توختالسۇن سوقۇش! — دەپ چۇرۇلداشتى. (م. ھ.) ئاھ، مەككار! — دەپ ۋاقىراپتۇ پادىشا ئاچچىقى بىلەن ۋە دەررۇ ئەسكەر باشلىقىنى چاقىرىپتۇ. (چوچەك.) ھاي، قانداق گەپ بولىدى بۇ!؟ ۋەدە قېنى!؟ (چوچەك.) بەللى، سېنىڭ بۇ دوداڭدىن مەن ئەمەس، ئىتمۇ خاپا بولار. (م. ھ.) ئەستاغپۇرۇللا، سىز تاشقانلىرىڭىز توغرىلىق ماڭا ئېزىسۇەر-مەڭ. (ن. گ.) پۇھ، قانداق پاسكىنا، دەپ سورىدى. (ج. ب.) خەپ، قاقۋاشلار، ئوساللىغىڭلارنى ماڭا ئىشلەتكەن ئىدىڭلار. (ئو. م.) ئاۋۋاش، بىزگە كىم قويۇپتۇ توگا — دۈردۈنلىرىم بار دەپ كورەڭلەشنى. (ن. ئى.)ھاي، ھەجەك، مايەرگە كەل، جۇۋايىنىمەك! — دەپ ۋاقىراپتۇ ئۇگەي ئانا. (چوچەك.)

تەنە قىلىش، زاڭلىق قىلىش، تەڭستىمەسلىك، ئاگاھلاندۇرۇش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىملىقلار: ۋا، موللا بولۇپ كەتكىنىڭنى قانداق قىلاي، ئۇيگە بارغاندا ئوقۇساڭ بولمامدۇ؟ (ئو. م.) ئوھو، دوستۇم، ئۇ ھوقوقنى كىم بەردى؟! (ئى. ب.) ھە، بىر ئالداپسەن ئاقىۋىتى قانداق بولارىكىن؟ (ج. ب.) ھەي، ئاخماق، چۈشكەن يولۇڭنى قارىغىنا! (ج. ب.) ۋاي، قوغامەي، نېمە كارىڭ! (ك. ن.) ئۇ، بىچارە! ئۇ، بەندە! سەندە كوڭۇل تار ئىكەن. (ئى. ب.)

جىسمانى ئاغرىق، ھېرىش ۋە ھەر خىل روھى كەيپىياتلارنى بىلدۈرىدىغان ئىملىقلار: ۋاي، ۋاي-ۋاي، بۇ جاننى قايەرگە قويۇش كېرەك، بۇ ئازاپقا قانداق چىداش كېرەك! (م. ھ.) ئاھ، ۋاي...جان! ئاھ، بېلىمنى دەسسىگىنە. (ھ. ئا.) ئۇھ، مانا، بىر يېڭى تۇگىدى، — دەپ يەنە پىچىرلىدى سادىق. (ج. ب.) كۈچسىز مۇڭ بىلەن "ئۇ...ھا!..." دېگەن ئۇلۇغ-كىچىك تىنىش كەلدى. (م. ھ.)

ئارزۇ-ئارمان، خالاش، يالۋۇرۇشنى بىلدۈرىدىغان ئىملىقلار: ھەي، ئېيتقۇم كېلىدۇ، ۋاقىراپ، پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇپ، ئېيتقۇم كېلىدۇ مۇشۇ ناخشىنى. (ئو. م.) ۋاي، ۋاي، جېنىم ئۇكام، بولدى، ئولىدىغان بولدۇم، ئولىدىغان بولدۇم. (ئو. م.)

كۆرسىتىش ئىملىقلىرى ھىس-تۇيغۇنى جۈملىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى ئىچىدە ئىپادىلەش بىلەن بىللە، ۋەقە ۋە ھادىسىنىڭ بىرەر ئورۇنغا، ۋاقىتقا بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. سۆزلىگۈچى بىلەن ۋەقە-ھادىسىنىڭ ئارىلىقى (يىراق-يېقىنلىقى) ئىنتوناتسىيىگە قاراپ ئاجرىتىلىدۇ.

مىساللار: ھەي، مانا، دۆڭدىن چۈشمەك ئوقىيالا. (ئو. م.) ھوي، ئەنە-ئەنە! ھوي، مانا-مانا! — دەپ ۋاقىرىشىپتۇ ئۇلار. (چۆچەك.)

جاۋاپ، تەستىقلاش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىملىقلار.

مىساللار: ھە، ئەلۋەتتە، بۇ خوشاللىق سىز ئۈچۈن. (ك. ن.) ھوۋ، قىزىم، مانا مەن. (ن. ئى.) ھە-ئە، — دېدى كېۋىر، — خەتتىمۇ شۇنداق توڭلۇق قىلىپتۇ. (ئو. م.)

ۋوكاتىۋ ئىملىقلىرى. بەزىدە سۆزلىگۈچى ئۆز تۇيغۇ-تەسىراتىنى ئاڭلىغۇچىغا بىلدۈرۈشتە ئاۋازىنى ئالاھىدە سوزۇپ، جاراڭلىق ئاھاڭ بىلەن ئېيتىدۇ.

مەسىلەن: تۇيۇقسىزلا ۋاقىرىۋەتتىم: — ئە-ئەي، ئېگور! (ك. ن.) ھەي، ھوي، ھەي، قارا كۆز، ئاپپاق يىگىت! (ن. ئى.)

بۇيرۇق پېئىل شەكلىدىكى ئىملىقلار: تېچ! ھەي، كېلەڭسىزلەر، نېمە ئانچىۋالا توقۇرلىشىسىزلەر! (ن. گ.) ھايت!... ئاز قالدى... ئەرلەرنى يەنە ئىزا تارتقۇزۇپ، بۈگۈن پولوسنى يەيمىز! (ن. ئى.)

رەسىم-قائىدە ئىملىقلىرى ئاساسەن باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن ئىملىقلار قاتارىغا ئۆتكەن سۆزلەر بولۇپ، كىشىلەر ئۆزئارا مۇئامىلە قىلىش جەريانىدا (يەنى، سالاملىشىش، تېچلىق سورىشىش، تەبرىكلەش، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، خوشلىشىش ۋاقىتلىرىدا) قوللىنىلىدۇ.

مىساللار: رەھمەت، سىزگە! — دېدى چەكسىز بولۇپ مىننەتدار. («ك. ن.») خەير خوش!... — دېيىشىپ، يىغا-زارە بىلەن خوشلىشىپتۇ. (ن. ئى.) ھەشقاللا — دەپ ئاپتۇ. (چۆچەك.) بارىكاللا، ئىشىڭلارغا سولداتلار، ئاسان ئەمەس، دۈشمەنلەرگە بۇ دەككە! (ئى. ب.) ئۆلمە، يىگىت! جاھان ئىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىپسەندە. (م. ھ.) ياشا! قىزىم، كوپ ياشا! كىلىشىپتۇ گۈلدەستەڭ. («ئى. ئۇ.»)

بويرۇق-ھايداش، چاقىرىش ئىملىقلىرى. بويرۇق (ھەيدەش) چاقىرىش-چىللاش ئىملىقلىرى جان-جانىۋار ۋە قۇشلارنى ھەيدەش، چاقىرىش، توختىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس سوزلەردۇر. بۇ تىپقا ياتىدىغان ئىملىقلارنىڭ بەزىلىرى پەقەت لەۋ بىلەن لەۋ، تاڭلاي ياكى تىل ئۇچىدا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان تاۋۇشلار بولۇپ، يېزىق ئەمەلىيىتىدە ئۇلارنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى چەكلەنگەن، چۈنكى مەزكۇر ئىملىقلارنى ئادەتتىكى ترانسكرىپسىيە بىلەن ئىپادىلەش ھەممە ۋاقىتتا مۇمكىن ئەمەس.

بويرۇق (ھەيدەش)، چاقىرىش ئىملىقلىرى جۈملىدە ئاڭلىتىدىغان مەنىلىرىگە قاراپ ئاساسەن ئىككىگە بولىنىدۇ:

1) بىرەر ئىش-ھەركەتنى ئىجرا قىلدۇرۇش ياكى ئۇنى توختىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىملىقلار: چۇھ، پوش، تاخ. تىر-ر-ر، ھوش، ۋەي-ۋەي، باس. قىخې، تىر، چۇك-چۇك، تۇت، كۇش-كۇش...

مىساللار: "باس!" — دىدى-دە، ئىككى قامچا ئۇرۇپ ئىتتىنى. («ك. ن.») "ھوش-ھوش! تاش-تاش!" — دىگەن ئاۋاز ياڭرىدى شۇ چاغ. ("ك. ن.") نىمە ئانچىلا كاژ بولۇپ كەتتىڭ قىنە...ۋە ئاخماق! (ئى. س.) ھارۋىكەشنىڭ ئاۋازى، تىر-ر-ھوي چۇ-ۋ، جانىۋارلار. (ن. گ.)

2) مەلۇم بىر جانلىق نەرسىنى (جانىۋار، ھەر خىل قۇش...) قارىتىش، جەلپ قىلىش ۋە چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىملىقلار: تۆ-تۆ-تۆ، پىش-پىش، ھاۋ-ھاۋ، چاۋ-چاۋ، ماھ-ماھ، كاھ-كاھ، قىرۇ-قىرۇ...

مەسىلەن: قولىغا گوشنى ئېلىپ: — گاھ، گاھ! — دەپ بىر پەس ئاۋارە بوپتۇ. (چوچەك.)

## ئىملىقلارنىڭ گىراماتىكىلىق خاراكتېرىستىكىسى

ئىملىقلارنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى ئىنتوناتسىيىدىن ئىبارەتتۇر. ئىملىقلار جۈملىدىكى باشقا سوزلەر بىلەن ئىنتوناتسىيىلىك ۋاستىلەر ئارقىلىق باغلىنىپ، جۈملىنىڭ ئومۇمى مەزمۇنىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا، ئىملىقلارنىڭ جۈملە بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىشىگە باغلىق جۈملىدە مەنە ئۆزگىرىشلىرى يۈز بېرىشى مۇمكىن. يەنى ئىملىقلار جۈملىنىڭ ئالدىدا كەلگەندە، جۈملىنىڭ ئومۇمى مەزمۇنى ئالدىن-ئالا سېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ياشا، پاتەك، ياشا، دۇنيا ئۆزىمىزنىڭكى، بۇ يىل يەنە ئوقۇيمىز. (ئو. م.) ئۇھ، مانا بىر يېڭى تۇغدى. (ج. ب.) خەپ، قاقۋاشلار، ئوساللىغىڭلارنى ماڭا ئىشلەتكەن ئىدىڭلار. (ئو. م.)

ئىملىقلار جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن هالدا، ئومۇمى مەزمۇن يەكۈنلىنىدۇ. مەسىلەن: ئەمدى هەر ئىككىلىمىزلا ئوتلىچىنىك بولۇپ ئوقۇيدىغان بولدۇقتە! ۋو، هوررا! (ج.ب.)

## تەقلىدىي سوزلەر

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى بىر تۈركۈم سوزلەر، ئۆزلىرىنىڭ لېكسىكا-سېمانتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە بىنائەن، تەقلىدىي سوزلەر دەپ ئاتىلىپ، باشقا سوز تۈركۈملىرىدىن پەرق قىلىدۇ. تەقلىدىي سوزلەر بىزنى قورشاپ تۇرغان ئالەمدە پەيدا بولىدىغان ئاۋازغا، تاۋۇشقا تەقلىتنى، شەيئىنىڭ هەركىتى ۋە هالىتى توغرىلىق تەسۋىرنى بىلدۈرىدۇ.

تەقلىدىي سوزلەر كۆپرەك بەدىئى ئەدەبىياتتا ئۇچرايدۇ. ئۇلار نۇتۇقنىڭ ئىپادىلىك بولۇشى، هەجۋى هىكايىلەردە ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوبرازلىق بولۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن: ئاسماندا يالت ـ يۇلت چېقىلغانلار چېقىلدى. (ئا. ت.) يۈرسەڭ سەن دائىم تېشىلىڭ پال ـ پال بوپ، ئۇنىڭدىن بەھرى ئالالمايسەن، دوست. تەكشۈرسە بىرى، ئىچىلىڭ تال ـ تال بوپ، ئادەم سېپىغا كىرمىگىلىك ھەم تەس. (ئى. ب.)

دەسلەپكى مىسالدىكى "يالت ـ يۇلت" سۆزى چېقىلغانىنىڭ كۆرۈنۈشنى ۋە ھەركىتىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئىككىنچى مىسالدىكى "پال ـ پال" سۆزى ئادەمگە نىسبەتەن كوچمە مەنىدە قوللىنىلىپ، ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىڭ تازا، پاكىز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىسە، "تال ـ تال" ئىچىنىڭ يامانلىقىنى، تىتىلىپ، تۈگىگەنلىكىنى تەسۋىرلەيدۇ.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، تەقلىدىي سۆزلەر شۇنداقلا ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىدا نۇرغۇن ئۇچرايدۇ. بۇ ھالدىمۇ ئۇ جۈملىنىڭ قىسقا، ئىخچام ۋە ئىپادىلىك بولۇشىنى تەمىن قىلىدۇ: قاغىلار "قاق" ئەتەر، ئۆز كۆڭلىنى خوش ئېتەر. (ماقال.) توت لاپ ـ لاپ، ئەگىر ساپلاپ، ئىككى دىلىڭ ـ دىلىڭ، بىر شىپ ـ شىپ، (تېپىشماق.) ئوتۇننىڭ يامىنى شىر ـ شىر، خوتۇننىڭ يامىنى ۋىت ـ ۋىت. (ماقال.)

تەقلىدىي سۆزلەر سېمانتىكا جەھەتتىن ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ: 1) تاۋۇشقا تەقلىت سۆزلەر؛ 2) تەسۋىرىي سۆزلەر.

تاۋۇشقا تەقلىت سۆزلەر:

ئا) تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن پەيدا بولغان ھەر خىل تاۋۇشلارغا تەقلىتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: بىردەم شار ـ شار، بىردەم شىپ ـ شىپ قىپ كۈزنىڭ دەسلەپ. سۈرئەت ئېلىپ، ياغدى مۆزدەك يامغۇرى شۇ پەيت. (م. ز.) قاراس ـ قۇرۇس چاقماق چېقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلىدى. («ك. ت.») شىلدىر ـ شىلدىر ئاستا چىققان شامالدا...بۇگۈن دەرەخلەر ئىغاڭلايدۇ. (ئو. م.) ئىتتىپ شۇر ـ شۇر، ياغدى يامغۇر. (ئى. ب.) سەھەر ۋاقتى، قاتتىق شامال ئاسماندا بۇلۇت قوغلاشماقتا شىپ ـ شىپ ئوروپ، يامغۇرنى قويۇپ. (م. ز.)

ئە) ئەتراپنى قورشىغان مۇھىتتىن، نەرسە ـ شەيئىنىڭ ھەركەت قىلىشىدىن ئاڭلانغان تاۋۇشقا تەقلىتنى بىلدۈرىدۇ: ھېتۋاقىنىڭ بىرىگا ـ

دىسىمۇ بۇگۈن كۈچلۈك چىقىۋاتىدۇ. — داك!... داك!... داك!... (ن.ئى.)
ئەمما بوشۇكنى تەۋەتكەندە، بوشۇكتىن دائىم: غىچ - غىچ، دۈشمەن تاز،
غىچاك - غىچ، قاتىل تازىدىگەن ئاۋاز كېلىدىغان بوپتۇ. (چوچەك.)

ب) ئادەم، ئۇچار قانات، ھايۋان ۋە يەنىمۇ باشقا جانلىق نەرسىلەرنىڭ ئاۋازىغا تەقلىتنى بىلدۈرىدۇ: — ھا - ھا - ھا - ھا... زىكىر سوقۇۋاتامسىلەر؟ — دەپ مەشرەپنىڭ يەلكىسىگە ئۇردى. (ن. ئى.) ئۇزاق ئۆتمىدى، "مە - مە..." دەپ قويلارنىڭ، قوزىلارنىڭ مەرەشلىرىمۇ ئاڭلاندى.
(م. ھ.) قى - قى - قى - ئې - ئىق، قىز تونۇردا!... قى - قى - قى - ئى - ئىق،
قىز تونۇردا!... — دەپتۇ. (چوچەك.)

بەزى تاۋۇشقا تەقلىت سوزلەرنىڭ شەكلى ئۆزئارا ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇخىل تەقلىت سوزلەر تۈرلۈك نەرسىلەرنىڭ تاۋۇشىغا تەقلىتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: پاشا غىڭ - غىڭ قىلىدى. كۈچۈك غىڭ - غىڭ قىلىدى. سائەت چىك - چىك قىلىدى. قۇشقاچ چىك - چىك قىلىدى.

تەسۋىرىي سوزلەر تەبىئەت ھادىسىلىرى، ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ھەركىتى، ئۇنىڭ سىرتقى كورۇنۇشى، ئىچكى ھالىتى ۋە رەڭگى توغرىلىق تەسۋىرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: كورۇپ ھاڭ - تاڭ بولدى
تۇرۇپ چوڭ - كىچىك ھەممە. (م. ز.)

...جۇل - جۇل، كىر چاپانغا ئورانغان بىر بالا ئوچاقتا ئوت قالاپ ئولتۇرار ئىدى. (ن. ئى.) بىر ماشىنا غىل - پال قىلىپ، كورۇنۇپ قارا، ئۇزاق
يەردىن كەلمەك ئىدى دەرەخلەر ئارا. (م. ز.)

بۇ مىسالدىكى "جۇل - جۇل" سوزى بالىنىڭ كىيىملىرىنىڭ يىرتىلىپ كەتكەنلىكىنى ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ كورسىتىدۇ. پەرەڭ ياغلىق گۈلەم غىل - پال كورۇندى باغدا. (خ. ھ.) بۇ مىسالدىكى "غىل - پال" سوزى بولسا گۈلەمنىڭ تېز، غۇۋا كورۇنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. "ئۇنىڭ قىزارغان كوزلىرى يىراقتىن خۇددى مولۇنىنىڭ كوزىدەك ئالاق - جالاق قىلار ئىدى." (ن. ئى.) ئەمدى بۇ ئاخىرقى مىسالدىكى "ئالاق - جالاق" سوزى بولسا ئادەمنىڭ بىر نەرسىدىن قورققان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هودۇقۇپ مەڭدىگەن ھالىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

نەرسىلەرنىڭ ھەرخىل تاشقى كۆرۈنۈشلىرىنى، ئىچكى ھالىتىنى تەسۋىرلەيدىغان ئۇرغۇنلىغان سۆزلەر تەسۋىرىي سۆزلەر توپىغا ياتىدۇ. ئۇلار ئاساسەن مۇنۇلار: ئوڭغۇل-دوڭغۇل، ئارۋاڭ-سارۋاڭ، چوپ-چوپ، غىلام-غىلام، جۇغ، غىق...

ئايرىم ۋاقىتلاردا تەقلىدىي سۆزلەر كۆچمە مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، "گۈلدۈر-گۈلدۈر" سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسى ئاۋازغا تەقلىتنى بىلدۈرىدۇ: "ھاۋا گۈلدۈر-گۈلدۈر قىلدى." "گۈلدۈر-گۈلدۈر" سۆزى كۆچمە مەنىدە قوللىنىلغان ھالدا، ماقتانچاق، كورەڭ ياكى يېنىك ئادەمنى بىلدۈرىدۇ: "داۋۇت گۈلدۈر-گۈلدۈر ئادەم ئىكەن." خۇددى شۇنىڭدەك "يالت" سۆزىمۇ ئەسلى رەڭ، تۈس ياكى تۈرگە باغلىق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: "ئەينەك يالت-يالت قىلدى." ئەگەر بۇ سۆز كۆچمە مەنىدە ئىپتىلسا، دەررۇ يان-يېنىغا ياكى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراشنى ئىپادىلەيدۇ: — مەلىكە؟! — دەپ يالت ئۇنىڭ يۈزىگە تىكىلدى بانۇگۈل. («ك. ت.») "غىژ-غىژ" سۆزى ئەسلىدە تەبىئەتتە يۈز بەرگەن بىرەر تاۋۇشنى ئاڭلاتسا، كۆچمە مەنىدە كىشىلەر ئارىسىدىكى كېلىشمەسلىك، نارازىلىق، قارىمۇ-قارشىلىقنى ئاڭلىتىدۇ.

## تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ كونتېكستىكى ئىنتوناتسىيىسى ھەرخىل بولۇش بىلەن، ئۇ باشقا تۈركۈمدىكى سۆزلەردىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، "غار" (سامولىيوت غار قىلىپ ئۇچۇپ ئوتۇپ كەتتى) دېگەن تەقلىدىي سۆز بىلەن "غار" (تاغدىكى غار تاش) دېگەن ئىسىمنىڭ ياكى "شىر" (ئېرىقتىكى سۇ شىر قىلىپ ئاقتى) دېگەن تەقلىدىي

سوز بىلەن "شىر" (زوئوپاركتا شىر بار) دىگەن ئىسىمنىڭ شەكلى بىر خىل ۋە مەزكۇر شەكىلداش سوزلەر ئايرىم ئىيتىلغاندا، بىرخىل تەلەپپۇزغا ئىگە. ئەمما بۇ تەقلىدىي سوزلەر جۈملە تەركىۋىدە، يەنە كونتېكىستتا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئىيتىلىش ئاھاڭىدا ئۆزئارا خېلى چوڭ پەرق بارلىغىنى كورىمىز.

تەقلىدىي سوزلەردە ئاساسەن ئىككى تۇرلۇك ئىنتوناتسىينى بايقاش مۇمكىن:

1) تەقلىت قىلىنىۋاتقان ئاۋاز ياكى ئىش-ھەركەتنىڭ داۋاملىق، ئاستا يۈز بەرگەنلىگىنى ئىپادىلەيدۇ: دەرەخنىڭ ئۇستىدىن تۈۋەنگە سىيرىلىپ چۈشكەن يوغان بىر پارچە قار "شۇر-ر-ر" قىلىپ قالدى. (ئا. چاپلىگىن.) "تر-ر-ر قىلىپ شۇ زامانىلا كورۇنمىگەن بىر نىمە ئاۋاز چىقاردى." (مولدىنگا ئۇر.) بۇ يەردىكى "شۇر-ر-ر" داۋاملىق، ئاستا چىقىقان ئاۋازغا تەقلىتنى ئاڭلاتسا، "تر-ر-ر" داۋاملىق تىترەپ چىققان ئاۋازنى ئاڭلىتىدۇ.

2) ئاۋۇشنىڭ كەسكىنلىگىنى، ئىلداملىغىنى، بىردىن ئۇزۇلۇپ قالغانلىغىنى ياكى ھەركەتنىڭ تېزلىگىنى ئىپادىلەيدۇ: "ئۇچىنچى قېتىمدا گۇپ قىلىپ ئېتىلدى. (ئا.چ.) شۇ مەزگىلدە بىر نىمە تارس قىلىپ قالدى. (كولدامانوۋ.) ئۇ كەينىگە يالت قارىدى." («ك.ت.») مىساللاردىكى "گۇپ، تارس" ئاۋازنىڭ تېز، كەسكىنلىگىنى، "يالت" سوزى بولسا ھەركەتنىڭ ئىلداملىغىنى بىلدۇرىدۇ.

بەزى قوش تەقلىدىي سوزلەرنىڭ ئىككىنچى تەركىۋى قىسىملىرىدا فونېتىكىلىق ئوزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن: "تارس-تۇرس، شالدۇر-شۇلدۇر..." بۇ فونېتىكىلىق ئوزگىرىش تەقلىدىي سوزلەرنىڭ سېمانتىكىسىدىمۇ ئاز-تولا ئوزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن: ئەگەر "تاراس-تاراس" دىگەن تەقلىدىي سوز بىر خىل تەكرارلانغان ئاۋازنى ئاڭلىتىدىغان بولسا، "تارس-تۇرس" ھەر خىل، بىردە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قاتتىق، بىردە ئاستا چىققان ئاۋازنى ئاڭلىتىدۇ. "ۋال-ۋۇل، شارت-شۇرت، ۋاژ-ۋۇژ، گاژ-گۇژ" ئوخشاش تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى تەركىبىي قىسمى تەركىبىدىكى "ئا" تاۋۇشىنىڭ "ئۇ" تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشىمۇ بىر خىل تەكرارلانغان "شارت-شارت، ۋاژ-ۋاژ، گاژ-گاژ" قاتارلىق تەقلىدىي سۆزلەرگە نىسبەتەن سىمانتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

تەقلىدىي ۋە تەسۋىرىي سۆزلەرنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلارنىڭ تاۋۇش تۈزۈمى مەلۇم دەرىجىدە بىر خىل ۋە مۇستەھكەم دېسىمۇ بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنى تۆۋەندىكىچە فورمىلا بىلەن كۆرسىتىش مۇمكىن:

ئا) ئۈزۈك-سوزۇق-ئۈزۈك تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان تەقلىدىي سۆزلەر: شىر-شىر، ۋال-ۋۇل، ۋىلك-ۋىلك...

ئە) ئۈزۈك-سوزۇق-ئۈزۈك-ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن تەركىب تاپقان تەقلىدىي سۆزلەر: كىرت-كىرت، چارس-چارس، شىرت-شىرت.

ب) ئۈزۈك-سوزۇق-ئۈزۈك-ئۈزۈك-سوزۇق-ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن تەركىب تاپقان تەقلىدىي سۆزلەر: پىلدىر-پىلدىر، گۈلدۈر-گۈلدۈر، شالدۇر-شۇلدۇر...

ۋ) ئۈزۈك-سوزۇق-ئۈزۈك-سوزۇق-ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن تەركىب تاپقان تەقلىدىي سۆزلەر: غاراڭ-غۇرۇڭ، تاراق-تۇرۇق، تاقۇر-تۇقۇر، شاپۇر-شۇپۇر...

## تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ گىراممماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ ئاساسىغا توغرىدىن-توغرا سۆز تۈرلىگۈچى **قوشۇمچىلار** (شەخس، سان، ئىگىلىك ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى) **ئۇلانمايدۇ.** تەقلىدىي سۆزلەرگە مەزكۇر قوشۇمچىلاردىن بىرى

ئۆلىنىشتىن ئىلگىرى، ئۇلار ئىسىملىشىپ، كېيىن ئىسىم كاتېگورىيەسىگە ئۆتىدۇ. مەسىلەن: — تاغا، سىزنى پوۋار قىلىپ قويايلىمۇ يا؟ — دېدى ۋاسىيە گۇپپاڭ - گۇپتىن ئېرىراق يەردە. (م. ز.) ييراق - ييراقلاردا ھەر تۈرلۈك ھەركەتلەرنىڭ جانلىق تاراق - تۇرۇقلىرى... ئاڭلىنار ئىدى. (ن. ئې.)

تەقلىدىي سۆزلەردىن باشقا سۆز تۈركۈملىرى ياسالغاندا، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن ئىلگىرى تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ دەسلەپكى تومۇرلىرىغا ئىسىم ياسىغۇچى "-ئىل، ئىر" قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ: "تارسىل، غارسىل، ۋىچىر، غىچىر..." بۇ قوشۇمچىلار پەقەت بىر بوغۇمدىن تەركىب تاپقان تەقلىدىي سۆزلەرگىلا ئۇلىنىدۇ.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، يېقىنغا ئۆتكەن تەقلىدىي سۆزلەر شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئوبرازلىقلىقىنى، ئىپادىلىكلىكىنى ساقلاپ قالىدۇ. مەسىلەن: تاراقلىشىپ ھارۋا ماڭغان كوچىلاردا غاچىرلاپ، غۇيۇلداپ چانىلار ماڭدى. (ئو. م.)

تەقلىدىي سۆزلەردىن پېئىل ھاسىل قىلغۇچى "-لا (-لە)، -دا (-دە)" ئۇنۇملۇك قوشۇمچىسى بىر ۋە ئىككى بوغۇمدىن تەركىب تاپقان تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ ئاساسىغا بىۋاستە ئۇلىنىدۇ: "ھۇلىماق، چۇلىماق، لاۋلىماق، گۇلدۇرلىمەك، تاراقلىماق، شاراقلىماق. پورۇقلىماق...". لېكىن شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىككى بوغۇمدىن ئىبارەت تەقلىدىي سۆزلەر، بىر بوغۇملۇق تەقلىدىي سۆزلەرگە قارىغاندا، "-لا (-لە)" قوشۇمچىسىنى بىۋاستە ۋە ئەركىن قوبۇل قىلىدۇ.

مەلۇمكى، خۇددى باشقا تۈركىي تىللارغا ئوخشاش، ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئەسلى تەقلىدىي سۆزلەردىن تەرەققىي تاپقان ئىككى ۋە ئۈچ بوغۇملۇق بەزى سۆزلەر بار. بۇنىڭغا ھازىرقى تىلىمىزدا كەڭ قوللىنىلىدىغان "ۋا-قىر-ئا-ماق" "شا-قىر-ئا-ماق" "چى-قىر-ئا-ماق" "ھو-كۇر-ئە-مەك" قاتارلىق سۆزلەرنى قوشۇش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇمكىن. بۇ مىساللاردىكى "-قىر، -كىر" قوشۇمچىسى توغرىلىق تىلچى ئالىملارنىڭ پىكرى بايان قىلىنغان. مەسىلەن، ئۆزبېك تىلىدا "-قىر، -كىر" قوشۇمچىسى تەقلىدىي سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ ئاۋۇشنى ھاسىل قىلىش، شۇ بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان ئىشنى ئورۇنلاش مەنىسىنى ئاڭلىتىدىغان پېئىللارنى ياسايدۇ. قازاق تىلىدا بولسا "-قىر (-كىر، غىر، -گىر)" قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن كۆپچىلىك پېئىللار ئاكۇستىكىلىق جەھەتتىن ئاڭلىنىدىغان ھەركەتنى بىلدۈرىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىدە تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ ئىسىملىشىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان نۇرغۇن ئىسىملار بار: كاككۇك، ھۆپۈپ، توك-توك (قۇشلارنىڭ ئېتى)، دۇمباق، زىڭ-زىڭ، چاڭ (قاغا)، بوك-بوك (قوڭغۇز) چۈك-چۈك (بودۇنە تۇتۇش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان ئەسۋاپ)...

تەقلىدىي سۆزلەر قوش سۆز سۈپىتىدە نۇرغۇن قوللىنىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەقلىدىي سۆزلەر قوش سۆز ياساشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ ئاساسىدا پەيدا بولغان قوش سۆزلەر بىر نەچچە خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

ئا) ھەر ئىككىلا تەركىۋىي قىسمى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىمىغان قوش سۆز شەكلىدىكى تەقلىدىي سۆزلەر: "گۈلدۈر-گۈلدۈر، چاڭ-چاڭ، ۋال-ۋال، گۇر-گۇر، تاق-تاق..." بۇنىڭدەك تەكرار سۆزلەر ھازىرقى تىلىمىزدا كۆپ قوللىنىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە تەركىۋىي قىسىملىرى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل قوللىنىلمايدىغانلىرىمۇ بار. مەسىلەن: "پاراق-پاراق كۈلمەك..." بۇ مىسالدىكى تەقلىدىي سۆزلەر پەقەت تەكرارلىنىدىغان ئاۋاز ياكى ھەركەتكە تەقلىت قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تەركىۋىي قىسىملىرى ئۆز ئالدىغا

ئالاھىدە قوللىنىلمايدۇ؛

ئە) ئىككىنچى تەركىۋى قىسمىدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، شەكلى ئۆزگىرىشكە ئۇچرىغان قوش سۆز شەكلىدىكى تەقلىدىي سۆزلەر: ۋال - ۋۇل، شارت - شۇرت، تارس - تۇرس...

ب) ھەر ئىككى تەركىۋى قىسمىنىڭ شەكلى ھەرخىل، لېكىن جۈملىدە ئاڭلىتىدىغان مەنىسى يېقىن بولغان تەقلىدىي سۆزلەر: گۈلدۈر - غالاپ، گۈپ - غاپ...

ۋ) بىرىنچى تەركىۋى قىسمى مۇستەقىل قوللىنىلمايدىغان ۋە ئىككىنچى تەركىۋى قىسمى بەزىدە مۇستەقىل قوللىنىلىپ، ئالدىنقى قىسمىغا قاپىيىداش بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەر: ئالاق - جالاق، ئوپۇل - توپۇل، ئىمىر - چىمىر...

تەقلىدىي سۆزلەر جۈملىدە تولاراق "قىلماق، ئەتمەك" ياردەمچى پېئىللار بىلەن كېلىدۇ. مەسىلەن: قىشنىڭ ئۇزاق تۈنلىرىدە غىچ - غىچ قىلىپ... ئوتتۇپ كېتىدۇ. (ئو. م.)... يامغۇر تامچىلىرى چىك - چىك - چىك قىلىپ، پاتقاق يەرگە تېمىۋاتاتتى. (ئو. م.) غۇرۇڭ - غۇرۇڭ قىلىپ سادا بېرەتتى. (م. ز.) قاغىلار «قاق» ئەتەر، ئۇز كوڭلىنى خوش ئەتەر. (ماقال.) شۇندىن بىرى قۇۋ پاشا غىڭ - غىڭ ئەتەر، تىلى يوق. (ئى. ب.) بوجەن ئاستا كېلىپ ئۇزۇقلارنى كىرت - كىرت قىلىپ يەيتتى. (ئا. س.) ئېتىپ شۇر - شۇر، ياغدى يامغۇر. (ئى. ب.)

تەقلىدىي سۆزلەر جۈملىنىڭ ھەرخىل مۇچىسى بولالايدۇ. كۆپىنچە ئۇ پېئىللارغا باغلىنىپ كېلىپ، سۈپەت - ھەركەت ھالىتى ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ: گۈلدۈر - غالاپ كىردى ئاۋۇت (م. ز.) خىر - خىر قىلىپ، تولكە بولۇپ، ماختاپ كېلەر تازىم ئېتىپ. (ئى. ب.) پەرەڭ ياغلىق گۈلەم غىل - پال كورۇندى باغدا. (خ. ھ.)

تەقلىدىي سۆزلەر بەزىدە ئىسىملىشىپ، ئۆزىنىڭ ئوبرازلىق، ئىپادىلىك مەنىسىنى، يەنى ئىنتوناتسىيەلىك ۋە تەسىرلىك مەنىسىنى يوقىتىدۇ. بۇنىڭدەك شارائىتتا ئۇ جۈملىنىڭ ئىگىسى بولۇپ خىزمەت

ئاتقۇرىدۇ. مەسىلەن: "ئۇي ئىچىدىكى غۇدۇڭ - غۇدۇڭ قىزىدى." (م. ھ.) "ئۇنىڭدىن باشقا كۈچلۈك ۋاڭ - چۇڭلار بېسىلغان." (ن. ئى.) تولدۇرغۇچى بولۇپمۇ كېلىدۇ: ھەممە تۇيۇقسىز تاراق - تۇرۇقتا بۇرۇلۇپ قارىدى. (ھ. ئا.) رادىيو ئاۋازى ۋاراڭ - چۇرۇڭنى بېسىپ كەتتى. («ك. ت.»)

تەقلىدىي سوزلەر شۇنداقلا جۇملىدە ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: "ئاسماندا يالت - يۇلت چېقىلغانلار چېقىلدى." (ئا. ت.) تەقلىدىي سوزلەر بەزىدە خەۋەر مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: بېشى پال - پال، ئىچى تال - تال. (ماقال.)

# سىنتاكسىس

## سىنتاكسىسقا كىرىشىش

### سىنتاكسىس ۋە ئۇنىڭ تەكشۈرۈش ئوبيېكتى

تىلنىڭ گىراماتىكىسى چوڭ ئىككى قىسىمدىن — مورفولوگىيە بىلەن سىنتاكسىستىن① — تەركىپ تاپىدۇ. مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس بىر بىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇشىغا قارىماي، ئوز ئالدىغا مۇستەقىل تىل ساھەلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈش ئوبيېكتى باشقا-باشقا. ئەگەر مورفولوگىيە سوزنىڭ تەركىۋىنى، ھەر خىل گىراماتىكىلىق فورمىلارنى ۋە ئۇ فورمىلار ئاڭلىتىدىغان مەنىلەرنى، سوز تۈركۈملىرىنى، شۇنداقلا سوز ياساش ئۇسۇللىرى بىلەن ۋاستىلىرىنى تەكشۈرىدىغان بولسا، سىنتاكسىس جۈملە ۋە سوز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىۋىنى، ئۇلارنىڭ تۈرلىرى بىلەن تۈزۈلۈش سىستېمىسىنى، سوزلەرنىڭ ئوزئارا بىر بىرى بىلەن باغلىنىش يوللىرىنى تەكشۈرىدۇ.

مورفولوگىيە بىلەن سىنتاكسىسنىڭ پەقەت ئوزلىرىگىلا خاس تەكشۈرۈش ئوبيېكتلىرى بولىدۇ. مەسىلەن، سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار مورفولوگىيىدە قارىلىپ، ئۇلارنىڭ سىنتاكسىس بىلەن ھېچبىر مۇناسىۋىتى يوق. ئەكسىچە، جۈملىدە سوزلەرنىڭ ئوزئارا باغلىنىپ كېلىش ئۇسۇللىرى بولسا سىنتاكسىستا قارىلىدۇ، بۇنىڭ مورفولوگىيە

① سىنتاكسىس گىرېك تىلىدىكى Syntaxis (تۈزۈش، قۇرۇش) دېگەن سوزدىن ئېلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن بىرەر ئالاقىسى يوق. لېكىن تىلدىكى ئايرىم ھادىسىلەر مور-فولوگىيە بىلەن سىنتاكسىسقا ئورتاق بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. مۇنداق شارائىتتا بىر تىل ھادىسىسىگە مورفولوگىيە ئۆز ئالدىغا، سىنتاكسىس ئۆز ئالدىغا يېقىنلىشىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار (كېلىش، ئىگىلىك، شەخس قوشۇمچىلىرى) مورفولوگىيىدە بىر سۆزنىڭ ھەر خىل فورمىلىرىنى ھاسىل قىلىدىغان بولسا، ئۇلار سىنتاكسىستا سۆز ۋە جۈملىلەرنى ئۆزئارا باغلاشتۇرغۇچى ۋاستىلار سۈپىتىدە تەكشۈرۈلىدۇ.

سىنتاكسىس ئەڭ ئالدى بىلەن جۈملە ھەققىدىكى ئىلىمدۇر. شۇڭ-لاشقا ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىدى ئاددىي ۋە قوشما جۈملىلەرگە خاس تۈرلۈك تىل قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگىنىش ۋە بايان قىلىشتىن ئىبارەت. جۈملە تۈزۈش، جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بىلەن ئەمەلىيەتتە قوللىنىلىشى، جۈملىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، تىل تەرەققىياتىغا باغلىق ئومۇمەن جۈملە ساھەسىدە يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشلەر — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى سىنتاكسىستىكى مۇھىم مەسىلىلەردۇر.

جۈملە بىرنەچچە سۆزلەردىن (گايىدا بىر سۆزدىن) تۈزۈلىدۇ. شۇڭلاشقا سىنتاكسىس سۆز بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. لېكىن سۆز سىنتاك-سىستا مەلۇم لېكسىكىلىق بىرلىك ياكى سۆز تۈركۈمى سۈپىتىدە ئەمەس (بۇ مەسىلىلەر لېكسىكولوگىيە ۋە مورفولوگىيىدە قارىلىدۇ)، بەلكى جۈملە مۇچىسى سۈپىتىدە ئۆگىنىلىدۇ. مەسىلەن: "كەچقۇرۇن-لىغى ئابدۇللام يېزا ئاكتىپلىرى بىلەن سوھبەت ئۆتكۈزدى. (ج. ب.)"دىگەن جۈملىدىكى ئابدۇللام دىگەن سۆزنى ئالايلى. بىرىن-چىدىن، ئابدۇللام — مەلۇم شەخسكە، كىشىگە قويۇلغان ئات. بۇ — مەزكۇر سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى (لېكسىكولوگىيە)؛ ئىككىن-چىدىن، ئابدۇللام — باش كېلىش شەكلىدە تۇرغان بىرلىك ساندىكى

جانلىق ئىسىم. ئۇنىڭ تومۇرى — ئابدۇللام: "-م" قوشۇمچىسى مەزكۇر شەخسكە نىسبەتەن ھۆرمەت، ئىززەت مەناسىنى بىلدۈرىدۇ (مورفولوگىيە)؛ ئۈچۈنچىدىن، ئابدۇللام كەلتۈرگەن جۈملىدە ئىگە بولۇپ خىزمەت ئاتقۇرىدۇ، جۈملىنىڭ ئىگىسى بىلەن خەۋىرى (ئابدۇللام ئوتكۈزدى) كېلىشىش ئارقىلىق باغلىنىشقان (سىنتاكسىس).

دېمەك، لېكسىكولوگىيە بىلەن مورفولوگىيە تىلشۇناسلىقنىڭ مۇستەقىل تارماقلىرى بولۇش بىلەن بىللە، سىنتاكسىسقا بىۋاستە مۇناسىۋىتى بار.

جۈملىنىڭ مۇھىم بەلگۈلىرىدىن بىرى — ئىنتوناتسىيە. بۇ جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا، سىنتاكسىس تىلىنىڭ فونېتىكىلىق سىستېمىسى بىلەنمۇ ئالاقىدار.

جۈملىدە سوزلەر ھەر دائىم بىر بىرى بىلەن زىچ باغلانغان ھالدا كېلىپ، بىر ياكى بىرنەچچە سوز بىرىكمىلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭلاشقا سىنتاكسىسنىڭ ئاساسىي تەكشۈرۈش ئوبېكتلىرىدىن بىرى سوز بىرىكمىلىرى ۋە شۇ سوزلەرنى بىرىكتۈرۈپ تۇرغان باغلىنىش تۇرلىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

تىلدىكى ھەرقانداق سوز بىرىكمىسى سىنتاكسىستا تەكشۈرۈلۈۋەرمەيدۇ. بىرىكمىنىڭ تەركىۋىگە كىرگەن سوزلەر لېكسىكىلىق مەنىلەرنى ساقلاپ، ئۆزئارا ئاجرىلىپ تۇرىدىغان بولسا ھەم ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئادەتتە مۇستەقىل جۈملە مۇچىسى بولۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولالىسا، ئۇلار سىنتاكسىستا قارىلىدۇ. مەسىلەن: "(بىزنىڭ) باغنىڭ ئالمىسى، چىرايلىق گۈل، يىراق يول...". ئەگەر بىرىكمىنىڭ تەركىۋىدىكى سوزلەر ئۆزلىرىنىڭ ئادەتتىكى مەنىلىرىنى تامامەن ياكى قىسمەن يوقىتىپ ھەم ئۆزگەرتىپ، بىر نەرسە ياكى چۈشەنچىنى ئىپادىلەش دەرىجىسىگە كوتىرىلسە، شۇنداقلا جۈملىدە بىرمۇچىنىڭ خىزمىتىنى ئاتقۇرسا، ئۇ چاغدا مۇنداق بىرىكمىلەر لېكسىكىلاشقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. لېكسىكىلاشقان بىرىكمىلەر تۇراقلىق سۆز بىرىك-
مىلىرى دەپ ئاتىلىپ، ئۇلار لېكسىكولوگىيىدە تەكشۈرۈلىدۇ؛
مەسىلەن: غۇلجا ئالمىسى، پاقا يوپۇرمىقى (ئۇسۇملۇكنىڭ ئېتى)
تومۇريول......

## سۆز بىرىكمىسى ۋە ئۇنىڭ جۈملىدىكى رولى

تىلدا قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولۇپ ھېساپلىنىدىغان سۆزلەر گىرام-
ماتىكىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتۈپ، بىرەر سىنتاكسىسلىق خىزمەت ئاتقۇ-
رۇشى ئۈچۈن ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇشى شەرت. دىمەك،
سۆزلەر تىلنىڭ سىنتاكسىسلىق قائىدىلىرى ئاساسىدا ھەر خىل لېكسىكىلىق
ۋە سىنتاكسىسلىق توپ تەشكىل قىلىش ئارقىلىق جۈملە ئىچىدە
قوللىنىلىدۇ. دەل مۇشۇ مەقسەتكە مۇۋاپىق سۆزلەر بىر بىرى بىلەن
چېتىلىپ، بىرىكىپ كېلىدۇ. سۆزلەرنىڭ مۇنداق ئۆزئارا چېتىلىپ،
توپ ھاسىل قىلىشقا بولغان قابىلىيىتى ئۇلارنىڭ مۇھىم گىرامماتى-
كىلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرىدۇر. مەسىلەن: "بۇ سوئاللارغا مەن
پەن ئىگىلىرىدىن ئۆزەم قانائەتلەنگۇدەك جاۋاپ ئالدىم." (ئو. م.)
كەلتۈرۈلگەن جۈملە ئاياقلاشقان بىر ئوينى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنى گىرام-
ماتىكا ۋە مەنا جەھەتتىن ئۆزئارا باغلىنىپ كەلگەن بىرنەچچە
توپلارغا، بىرىكمىلەرگە ئاجرىتىش مۇمكىن: "بۇ سوئاللارغا، پەن
ئىگىلىرىدىن جاۋاپ ئالدىم، ئۆزەم قانائەتلەنگىدەك جاۋاپ ئالدىم...".
جۈملىدىكى بۇ ھەر بىر توپ ئاياقلاشقان بىرەر ئوينى بىلدۈرمىگەن-
لىگىدىن قەتئىنەزەر، سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتى، سېمانتىكىلىق
بىرلىگى ئاساسىدا بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلىدۇ. مۇنداق ئۆزئارا
بىر بىرى بىلەن گىرامماتىكا ۋە مەنە جەھەتتىن باغلىنىپ كەلگەن
ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئۇشۇق مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ قوشۇلمىسى

سوز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

كوپچىلىك ۋاقىتتا سوز بىرىكمىسى ئىككىنچى بىر سىنتاكسىسلىق هادىسە — سىنتاگمىغا ئوخشاپ كېلىشى مۇمكىن. سوز بىرىكمىسى بىلەن سىنتاگما ئارىسىدا يېقىن مۇناسىۋەت بولۇشىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ پەرقلىرىمۇ بار. جۈملىنىڭ تۈزۈلۈش ۋە مەزمۇن جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈك تەشكىل قىلىدىغان پارچىلىرى جانلىق تىلدا، تەلەپپۇزدا بىر بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. مۇنداق پارچىلار سىنتاگما دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ”سوزگە كوپىراتىۋ قاراۋۇلى مىشا كېلىپ قوشۇلدى“ (ن. ي.) دىگەن جۈملىنى ئالايلى. بۇ جۈملىدە ئۈچ سىنتاگما بار: 1) سوزگە، 2) كوپىراتىپ قاراۋۇلى، 3) مىشا كېلىپ قوشۇلدى. هەر بىر سىنتاگما بىر نەپەس كۈچى بىلەن ئېيتىلىدۇ، ئۇلار ئوزئارا قىسقا پايزا ئارقىلىق بىر بىرىدىن بولۇنۇپ تۇرىدۇ. جۈملىنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئۇنىڭدىكى سىنتاگمىلار مەلۇم پايزا ئارقىلىق بولىنىپ تۇرىسىمۇ، ئومۇمى ئىنتوناتسىيە جەھەتتىن بىر پۈتۈن بولىدۇ. دىمەك، سىنتاگما جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيە بىلەن بىرىككەن، بىر بىرىدىن قىسقا پايزا ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرغان پارچىلىرىدۇر. سىنتاگما گىراماتىكىلىق ۋە سېمانتىكىلىق بىرلىكنى كورسىتىدىغان فونېتىكىلىق بىر پۈتۈنلۈك بولۇپ هىساپلىنىدۇ.

سىنتاگما سوز بىرىكمىلىرىدىن تۆۋەندىكى خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق پەرقلىنىدۇ: 1) سوز بىرىكمىسىنىڭ تەركىۋىدە كام دىگەندە ئىككى مۇستەقىل سوز بولۇشى شەرت، سىنتاگما بىر سوزدىنمۇ ئىبارەت بولۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن: ”زال بارغانسېرى ئاڭلىغۇچىلارغا تولماقتا ئىدى.“ (ئا. ق.) بۇ جۈملىدە ئۈچ سىنتاگما بولۇپ (زال — بارغانسېرى — ئاڭلىغۇچىلارغا تولماقتا ئىدى)، دەسلەپكى ئىككى سىنتاگمىنىڭ هەرقايسىسى يالغۇز بىر سوزدىن ئىبارەت؛ 2) سىنتاگما تەلەپپۇزغا باغلىق هاسىل بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ تەركىۋىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىككىنچىلىرى بېقىندۇرغۇچىلاردۇر. ئۇيغۇر تىلىدا، ئادەتتە، بېقىندا سۆز بېقىندۇرغۇچى سۆزنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئۇنى ھەر تەرەپلىمە ئېنىقلاپ، كونكرېتلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىبىدىكى تەركىبىي قىسىملار ھەرخىل سۆز تۈركۈملىرىدىن ئىبارەت بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. ئىسىم + ئىسىم، سۈپەت+ئىسىم ۋە سان+ئىسىم شەكلىدىكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى بېقىندا، ئېنىقلانغۇچى بولىگى بېقىندۇرغۇچى بولىدۇ؛ مەسىلەن: "ياغاچ ئۆي، كولخوز ئىدارىسى، ھالىلىق تۇرمۇش، توروق ئات، ئۈچ بولمە، بەش ئوقۇغۇچى...". كېلىش فورمىسىدا ھەم تىركەلمىلەر بىلەن كەلگەن ئىسىم، شۇنداقلا سۈپەت ۋە رەۋىشلەر پېيىلغا قوشۇلۇپ بىرىكمە ھاسىل قىلىغاندا، پېئىل بېقىندۇرغۇچى بولىدۇ؛ مەسىلەن: گېزىتنى ئوقۇماق، ئىشقا بارماق، چىرايلىق يازماق، بىللە كەتمەك....

سۆز بىرىكمىسىنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى ھەر خىل بولىدۇ. بەزىدە بېقىندا سۆز بېقىندۇرغۇچى سۆزنىڭ مەنىسىگە قاراپ شەكىللىنىدىغان بولسا، بەزىدە ئۇنىڭ گىراماتىكىلىق فورمىسىغا (سۆزتۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار بىلەن تىركەلمىلەرگە) قاراپ شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن: "جاننى ئېلىپ، جان بېرەر يارنىڭ كۆلكىسى" (فولك.) دىگەن جۈملىدىكى "جاننى ئېلىپ جان (نى) بېرەر" دىگەن سۆز بىرىكمىلىرىنى ئالايلى. ئۇلاردىكى بېقىندا سۆزلەر "جاننى، جان (نى)" چۈشۈم كېلىش شەكلىدە كەلگەن. لېكىن مەزكۇر سۆزلەرنىڭ دەل چۈشۈم كېلىشتە تۇرۇشىغا بېقىندۇرغۇچى سۆزلەرنىڭ "-ئىپ" (ئېلىپ)، "-ئەر" (بېرەر) قوشۇمچىلىرى سەۋەپكار ئەمەس، بەلكى مۇشۇ پېئىللارنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرى سەۋەپ بولىدۇ. چۈنكى كەلتۈرۈلگەن بىرىكمىلەرنىڭ بېقىندۇرغۇچى تەركىبىي قىسمىنى "جاننى ئالدى' جاننى ئالار، جاننى ئالغان،

جانسنى ئالسدۇ“ شەكىلىدە ئۆزگەرتىپ ئىيتىشۋىرىشقا بولىدۇ، يەنى بېقىندۇرغۇچى ھەر خىل شەكىلدە ئۆزگەرگىنى بىلەن، بېقىندا ئۆز پېتىچە قېلىۋېرىدۇ. دىمەك، بۇ ئارىدا بېقىندا سوزنىڭ شەكىللىنىشى بېقىندۇرغۇچىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىگە باغلىق ئىكەنلىگى روشەن كورۇنىدۇ.

ئەمدى ئايرىم بىرىكمىلەرنىڭ تەركىۋىي قىسىملىرى مورفولوگىيىلىك كورسەتكۈچلىرى ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىشىدۇ، يەنى بېقىندۇرغۇچى سوز بېقىندا سوزنىڭ مەلۇم شەكىلدە تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن: ”ئاتاڭنىڭ بالىسى بولغىچە، ئەلنىڭ بالىسى بول“ (ماقال). بۇ جۈملىدىكى ”ئاتاڭنىڭ بالىسى، ئەلنىڭ بالىسى“ بىرىكمىلىرىدە بېقىندۇرغۇچى تەركىۋىي قىسىملار (بالىسى) ئىگىلىك قوشۇمىچىسىنىڭ ئۈچىنچى شەخسىدە كېلىپ، بېقىندا سوزنىڭ ئىگىلىك كېلىشتە تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

سوز بىرىكمىلىرى تەركىۋىي قىسىملىرىنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ ئاددى ياكى مۇرەككەپ بولۇپ كېلىدۇ. ئەگەر تەركىۋىي قىسىملار مۇستەقىل قوللىنىلىدىغان ئىككى سوزدىن ئىبارەت بولسا، ئۇ ئاددى سوز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ”ئاي يورۇغى، يامغۇرنىڭ سۈيى، ئاستا سوزلىمەك، ئېكىسكۇرسىيىگە چىقماق...“. ھەر بىر تەركىۋىي قىسمى بىرنەچچە سوزدىن تۈزۈلگەن سوز بىرىكمىلىرى مۇرەككەپ بولۇپ ھىسابلىنىدۇ. مەسىلەن: ”تەبىئەتنىڭ بۇ كوكۈللۈك كورۈنۈشلىرىگە زوق ئەيلەپ، تاماشا قىلىپ كېتىپ بارغان ياشلار...“ (ج. ب) دىگەن پارچىدىكى ”زوق ئەيلەپ كېتىپ بارغان، تاماشا قىلىپ كېتىپ بارغان“ دىگەن بىرىكمىلەرنىڭ تەركىۋىي قىسىملىرى مۇرەككەپتۇر. ”مەن ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنلاشنى ياخشى كورىمەن.“ (ئا. ق.) جۈملىسىدىكى ”ئورۇنلاشنى ياخشى كورىمەن“ دىگەن سوز بىرىكمىسىنىڭ ئىككىنچى تەركىۋىي قىسمىمۇ (ياخشى كورىمەن)

www.uyghurkitap.com

مۇرەككەپ.

سۆز بىرىكمىسىنىڭ تەركىبىگە كىرگەن تەركىبىي قىسىملار، ئادەتتە، ئۆزئارا ئەركىن باغلانغان بولىدۇ. مەسىلەن، "ياخشى" دېگەن سۆزنى نۇرغۇنلىغان سۆزلەر بىلەن قوشۇپ، بىرىكمە ھاسىل قىلىش مۇمكىن: "ياخشى بالا، ياخشى كىتاپ، ياخشى ئات، ياخشى ئادەت، ياخشى ئورۇك، ياخشى ئىشلىمەك، ياخشى ئۇخلىماق...". تەركىبىنى ئۆزگەرتىپ ئېيتىشقا بولىدىغان مۇنداق بىرىكمىلەرنى ئەركىن بىرىكمىلەر دەپ ئاتايمىز.

ئۇيغۇر تىلىدا بەزىبىر سۆز بىرىكمىلىرىنى باشقىچە ئۆزگەرتىپ ئېيتىشقا ياكى بىرەر تەركىبىي قىسمىنى باشقا سۆزلەر بىلەن ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئۇلار ئۇزاق ۋاقىتلار بويى پەقەت بىر شەكىلدىلا قوللىنىلىش نەتىجىسىدە بارا-بارا تۇراقلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان. مەسىلەن: "سامان ئاستىدىن سۇ يۈگەرتمەك، ئەدىبىنى بەرمەك، مومىسىنى كورسەتمەك، يۈرىكىنى چىقارماق، قۇيۇقا چېچى تىك تۇرماق، كوز قىرىنى سالماق، قۇيرۇق تاشلىماق، سىركىسى سۇ كوتەرمەيدۇ، چىشىغا تەگمەك، ئۆپكىسىنى ئىچىدىن قاقماق، ئىچى ئاغرىماق، تۇۋۈنى چۈشەرمەك، پۇتىغا خىش قويماق، قولتىقىغا سۇ پۈركىمەك...". مۇنداق تەركىبىنى ئۆزگەرتىپ ئېيتىشقا بولمايدىغان، تىل ئەمەلىيىتىدە تۇراقلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ قېلىشقان بىرىكمىلەر تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

سۆز بىرىكمىسى ئۆزىنىڭ تەركىبىدىكى بېقىندۇرغۇچى تەركىبىي قىسمىنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىگە تېگىشلىك بولۇپ كېلىشىگە قاراپ، ئاساسەن ئىككى تۈرگە بولۇنىدۇ:

ئىسىملىق بىرىكمىلەر. ئىسىملىق بىرىكمىلەردە بېقىندۇرغۇچى سۆز ئىسىمدىن، بېقىنىدا سۆز ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش، سۈپەتداش، رەۋىش، تەقلىدىي سۆزلەردىن بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئىسىم+ئىسىم: قەلەي قوشۇق، پاختا يېغى، زاۋۇتنىڭ ئىشچىسى...
سۈپەت+ئىسىم: ئاق كەپتەر، ئىسسىق كۈن، تاتلىق قوغۇن، تۈز يول...
سۈپەت پېئىل+ئىسىم: ئوقۇغان ئادەم، مىنگەن ئات، كىيگەن تون، كۆرەر كۆز....
سان+ئىسىم: ئون كىشى، ئالتە كەپتەر، ئۈچيۈز ئاتمىش كۈن...
رەۋىش+ئىسىم: ئۇيغۇرچە كىتاپ، رۇسچە ئىبارە، جىق ئادەم...
تەقلىدىي سۆز+ئىسىم: تاقۇر ـ تۇقۇر ئاۋاز، كۈس ـ كۈس پاراڭ...
رەۋىش+رەۋىش: ناھايىتى ئىلدام، بىر دەم نېرى، بىر دەم بېرى، بىر تالاي ئىلگىرى...
ئىسىم+رەۋىش: ئوقتىن تېز...
رەۋىش بىلەن سۈپەتنىڭ، ئىسىم بىلەن سۈپەتنىڭ باغلىنىشىدىن ياسالغان بىرىكمىلەرمۇ مۇشۇ ئىسىملىق بىرىكمىلەرگە ياتىدۇ؛ مەسىلەن: ناھايىتى ياخشى، ئاجايىپ قىزىق؛ ئاتتىن ئېگىز، ئىتتىن پەس...
پېئىللىق بىرىكمىلەر. بۇ خىل بىرىكمىلەردە بېقىندۇرغۇچى تەركىۋىي قىسىم پېئىل، بېقىندا تەركىۋىي قىسىم بولسا پېئىلدىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە خاس بولىدۇ؛ مەسىلەن: رايونغا بارماق، سەۋىيىسىنى كۆتەرمەك، پىيادە ماڭماق، بۈگۈن كەلمەك، يۇقۇرى كۆتىرىلمەك، ئۇنى ياخشى كۆرمەك، شۇنداق دېمەك؛ يامغۇر بىر ياغسا، دەرەخ ئىككى ياغىدۇ. (ماقال.)...
ئۇيغۇر تىلىدا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان بىرىكمىلەر ئىسىملىق ۋە پېئىللىق بىرىكمىلەردۇر.

## سۆزلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق باغلىنىشى

سۆزلەر ئۆزئارا بىر بىرى بىلەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە تۇرۇپ، سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملە ھاسىل قىلىدۇ. سۆزلەرنىڭ مۇنداق مۇناسىۋىتى تىلدىكى ھەر خىل ۋاستىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ (سۆز ئۆزگەرتكۈچى قوشۇمچىلار، تىركەلمىلەر، سۆزلەر-

www.uyghurkitap.com

لىك ئورۇن تەرتىۋى، ئىنتوناتسىيە). لېكىن سۆزلەرنى باغلاشتۇرغۇچى ۋاستىلار ھەممىلا ۋاقىتتا سۆز بىرىكمىلىرىنى ھاسىل قىلمايدۇ. مەسىلەن، خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتىكى سۆزلەر، يەنى ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەشكىل قىلىدىغان ئېلېمېنتلار جۈملە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ (كۈن چىقتى، ئوقۇش باشلاندى) ۋە ئۇلار سۆز بىرىكمىسىگە ياتمايدۇ.

سۆزلەر ئارىسىدىكى گىراماتىكىلىق ئالاقە ھەر دائىم بىر تەركىۋىي قىسمىنىڭ ئىككىنچى تەركىۋىي قىسمىغا بېقىنىپ كېلىشى ئاساسىدا بولۇۋەرمەيدۇ. مەسىلەن: "ئالىم ۋە قاسىم (كەلدى)؛ ئالما ۋە ئۈرۈك (پىشتى)؛ (ئەخمەت) ئوقىدى ھەم يازدى؛ قىزىل، سېرىق، كۆك (گۈللەر ئېچىلدى)" تىپىدىكى بىرىكمىلەرنىڭ تەركىۋىي قىسىملىرى تەڭ ھوقۇقلۇقتۇر، يەنى ئۇلار بىر بىرىگە بېقىندا ئەمەس.

دېمەك، سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت ئەڭ ئالدى بىلەن چوڭ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ: تەڭ باغلىنىش ۋە بېقىندا باغلىنىش.

تەڭ باغلىنىشتىكى سۆزلەر ئارىسىدا بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش خۇسۇسىيىتى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا مۇنداق باغلىنىشتا بىر بىرىنى ئېنىقلاش، تولدۇرۇش مۇناسىۋەتلىرىمۇ يوق. ئۇلار جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر ئارقىلىق ئېنىقلىنىپ، تولدۇرۇپ ياكى شۇ سۆزلەرنى ئېنىقلاپ ياكى تولدۇرۇپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: "ئالما ۋە ئۈرۈك (پىشتى)، (ئەخمەت) ئوقىدى ھەم يازدى..." تەڭ باغلىنىشقا چۈشكەن سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتكەندە، ئۇلارنىڭ مەنىسى، ئادەتتە، ئۆزگەرمەيدۇ. مەسىلەن: "كولخوز ۋە سوۋخوز — سوۋخوز ۋە كولخوز، ئوغۇل ۋە قىز — قىز ۋە ئوغۇل..." تەڭ باغلىنىشنىڭ ھەر بىر تەركىۋىي قىسمى جۈملىنىڭ باشقا بىرمۇچىسى بىلەن ئايرىم-ئايرىم ھالدا بېقىندا مۇناسىۋەتتە كېلىدۇ. مەسىلەن:

"سودىگەرلەر، بايلار... شەھەرمۇ-شەھەر سوكۇلداشقا باشلىدى. (ن. ئى.)" بۇ جۈملىدىكى تەڭ باغلىنىپ كەلگەن "سودىگەرلەر، بايلار" دىگەن ئىككى سوزنىڭ ھەرقايسى ئوز ئالدىغا خەۋەر بىلەن بېقىنىپ باغلىنىدۇ: سودىگەرلەر سوكۇلداشقا باشلىدى، بايلار سوكۇلداشقا باشلىدى.

تەڭ باغلىنىشنىڭ تەركىۋىگە كىرگەن سوزلەر، ئادەتتە، بىر تۈرلۈك سوز تۈركۈمىدىن ئىبارەت بولىدۇ (ئىسىم+ئىسىم، سۈپەت+سۈپەت، رەۋىش+رەۋىش، پېئىل+پېئىل...)

بېقىندا باغلىنىش ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچىنىڭ، تولدۇرغۇچى بىلەن تولدۇرۇلغۇچىنىڭ ھەم ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئارىسىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭدا تەركىۋىي قىسىملارنىڭ بىرى يېتەكچى (بېقىندۇرغۇچى)، بىرى ئەگەشمە (بېقىندا) ھالىتىدە تۇرىدۇ. ئادەتتە، ئېنىقلاش خىزمىتىنى ئاتقۇرۇدىغان سوز بېقىندا، ئېنىقلانغۇچى سوز بولسا بېقىندۇرغۇچى خىزمىتىنى ئاتقۇرىدۇ. سوز بىرىكمىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ياندىشىش ئارقىلىق باغلىنىشقان سوز بىرىكمىلىرىنىڭ، تەركىۋىدىكى تەركىۋىي قىسىملار ئورۇن تەرتىۋى جەھەتتىن تۇراقلىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا گىراممatىكىلىق مۇناسىۋەت ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: "كوك ئاسمان" — ئېنىقلىغۇچى ۋە ئېنىقلانغۇچى تىپىدىكى سوز بىرىكمىسى؛ "ئاسمان كوك" — جۈملە. سېلىشتۇرۇڭ: سوغ شامال — شامال سوغ، ئىسسىق كۈن — كۈن ئىسسىق، يۈگرۈك ئات — ئات يۈگرۈك...

بىرىكمىنىڭ ياكى جۈملىنىڭ بېقىندا باغلىنىش ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكىنى كورسىتىدىغان ۋاستىلار سوز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ۋە تىركەلمىلەردۇر. لېكىن بۇ كورسەتكۈچىلەرنىڭ ھەممىلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇشى شەرت ئەمەس. مۇنداق چاغدا بېقىندىلىق مۇناسىۋ-

www.uyghurkitap.com

ۋەت سوزلەرنىڭ ئۇمۇمى گىراماتىكىلىق ھالىتىدىن، ئورۇن تەرتە-ۋىدىن بىلىنىدۇ.

جۈملىنىڭ ئاساسىنى بېقىندا باغلىنىش تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ جۈمە-لىنىڭ تەركىۋىي قىسمى بولۇپ ھىساپلىنىدىغان سوز بىرىكمىلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى جۈملىنىڭ ئۆزىنىمۇ ھاسىل قىلالايدۇ. چۈنكى، بىز يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ مۇناسىۋە-تىمۇ (مەسىلەن، ئورۇك چېچەكلىدى) بېقىندا باغلىنىش نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدۇ.

سوز بىلەن سوز ئوتتۇرىسىدىكى سىنتاكسىسلىق باغلىنىشنىڭ ھەر خىل ۋاستىلار بىلەن ئىپادىلىنىشى شۇ سوزلەرنىڭ لېكسىكا-گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە ياكى قايسى سوز تۈركۈمىگە تەۋە بولۇپ كېلىشىگە باغلىق. سىنتاكسىسلىق ئالاقە سوز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىۋىي قىسىملىرى ئارىسىدىمۇ، جۈملىنىڭ ئايرىم ئېلېمېنتلىرى ئارىسىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا، باشقا تۈركى تىللارغا ئوخشاش، سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئىپادىلەشنىڭ ئاساسىي يوللىرى توت خىل: سوز فورمىلىرى، ياردەمچى سوزلەر، سوزلەرنىڭ ئورۇن تەرتىۋى ۋە ئىنتوناتسىيە.

سوز بىلەن سوز ئارىسىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتنى ئىپا-دىلەيدىغان ئەڭ ئاساسىي ۋاستىلار سوز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلاردۇر. ئۇلار كېلىش، ئىگىلىك ۋە شەخس قوشۇمچىلىرىدىن ئىبارەت.

ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى تەۋەلىكنى بىلدۈرىدىغان باغلىغۇچى شەكلىدىكى بىرىكمىلەرنى ھاسىل قىلىش خىزمىتىنى ئاتقۇرىدۇ، يەنى ئۇلار بېقىندۇرغۇچى سوزگە ئۇلىنىپ، بېقىندا سوز بىلەن شەخس ۋە ساندا ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: مېنىڭ جېنىم، سېنىڭ جېنىڭ بىر جان ئەمەسمۇ؟ (فولك.) ئۇلارنىڭ ئۆيى،

سىلەرنىڭ كېلەچىگىڭلار...

كېلىش قوشۇمچىلىرى ئىسىمنىڭ ئاساسەن پېئىل بىلەن بولغان سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ئىشقا بارماق، دەم ئېلىشتىن قايتماق، مۇزېيغا زىيارەت قىلماق، يېزىدا تۇرماق...

شەخس قوشۇمچىلىرى خەۋەر خاراكتېرىدىكى سۆزلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن: مەن باردىم، بىز باردۇق، سەن باردىڭ، سىلەر باردىڭلار...

سۆزلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەشتە ياردەمچى سۆزلەر — تىركەلمىلەر بىلەن باغلىغۇچىلار — مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە. تىركەلمىلەر ئىسىمنىڭ باشقا بىر سۆزگە، بولۇپمۇ پېئىلغا بولغان ئالاقىسىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: "(ئۆيىنىڭ چېدىرىنى) قاغا لتىر بىلەن ياپماق، باغ ئارقىلىق ئۆتمەك، دەم ئېلىش ئۈچۈن ياتماق..." تىركەلمىلەر سىنتاكسىسلىق خىزمىتى ۋە گىراماتىكىلىق مەنىسى جەھەتتىن كېلىش قوشۇمچىلىرىغا ئوخشاپ كېلىدۇ. شۇڭلاشقا ئەمەلىيەتتە بەزى بىر تىركەلمىلەر كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: (ئاشلىقنى) كومباين بىلەن ئورۇماق — كومباين ئورۇماق، ئوقۇش ئۈچۈن كەتتى — ئوقۇشقا كەتتى...

ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى باغلىغۇچىلار سۆزلەرنىڭ ھەم جۈملىلەرنىڭ ئارىسىدىكى تەڭ باغلىنىشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن: شەھەر ۋە يېزا، كوردى ۋە ئالدى، زورەم ئوقۇدى ھەم پاتەم تىڭشىدى...

سۆزلەرنىڭ بىر بىرى بىلەن بولغان سىنتاكسىسلىق باغلىنىشىنى بەلگىلەشتە سۆز تەرتىۋىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. بولۇپمۇ مورفولوگىيىلىك كورسەتكۈچلەر بولمىغان چاغدا، سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان بىردىن-بىر ئامىل ئۇلارنىڭ ئورۇن تەرتىۋىدۇر. ئادەتتە، جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنىنى يوتكىگەن بىلەن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ ئاگلىتىدىغان ئاساسىي مەنىسى ساقلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن: "بۇ ۋاقىتتا مەن ئۆيتىزدا ئىدىم (ئو. م.)" دىگەن جۈملىدىكى سۆز- لەرنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتىپ كۆرەيلى:

1) بۇ ۋاقىتتا مەن ئۆيتىزدا ئىدىم؛
2) مەن بۇ ۋاقىتتا ئۆيتىزدا ئىدىم؛
3) بۇ ۋاقىتتا ئۆيتىزدا ئىدىم مەن؛
4) ئۆيتىزدا ئىدىم مەن بۇ ۋاقىتتا؛
5) ئۆيتىزدا ئىدىم بۇ ۋاقىتتا مەن؛
6) مەن ئۆيتىزدا ئىدىم بۇ ۋاقىتتا.

كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، مەزكۇر جۈملىنىڭ مۇچىلىرىنى ئورۇن ئالماشتۇرۇش، ئايرىم ئىستىلىستىكىلىق ئالاھىدىلىكلەردىن ھەم ئانچىكى مەنە پەرقلىرىدىن قەتئىنەزەر بىرەر چوڭ مەنە ئۆزگىرىشكە دۇچار قىلمايدۇ ۋە كەلتۈرۈلگەن ئالتە تۈرنىڭ مەنىسى ئاساسەن بىر ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭ مۇنداق بولۇش سەۋەبى جۈملە- دىكى سۆزلەر ئۆزئارا سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ (كېلىش ۋە شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ) ياردىمى بىلەن باغلىنىشىپ كەلگەن. دەل مۇشۇ شارائىتتا، يەنى سۆزلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان مور- فولوگىيىلىك كۆرسەتكۈچلەر مەۋجۇت بولغان شارائىتتا، سۆز تەرتىۋى شۇ سۆزلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرۈشتە ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، سۆزلەر ئارىسىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان ئاساسىي ۋاستىلار (سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار بىلەن تىركەلمىلەر) بولمىغان شارائىتتا ئورۇن ئالماشتۇرۇش مەنىنىڭ تامامەن ئۆزگىرىپ كېتىشىگە ئېلىپ بارىدۇ. مەسىلەن: قاراڭغۇ تۈن (بىرىكمە) — تۈن قاراڭغۇ (جۈملە).

سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى توغرا كۆرسىتىشتە ئىنتوناتسى- يىنىڭمۇ رولى چوڭ. ئايرىم چاغلاردا سۆزلەرنى باغلاشتۇرۇش ۋە-

زىيىنى پەقەت ئىنتوناتسىيىسىنىڭ ئۆزىلا ئاتقۇرۇدۇ. مۇنداق باغلىنىش باشقا ۋاستىلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەندە، ئىنتوناتسىيە ياردەمچى خىزمەتكە ئىگە بولۇپ قالىدۇ. جۈملىدە ئىنتوناتسىيىنى ئۆزگەرتىش سىنتاگمىنىڭ ھەم مەنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى: بۇ ئىستۇدېنت//قاسىمنىڭ تونۇشىدۇر (بۇ — ئېنىقلىغۇچى، ئىستۇدېنت — ئىگە). بۇ//ئىستۇدېنت قاسىمنىڭ تونۇشىدۇر (بۇ — ئىگە، ئىستۇدېنت — ئېنىقلىغۇچى). ئۇزۇن چاچلىق//قىز (قىزنىڭ چېچى ئۇزۇن). ئۇزۇن//چاچلىق قىز (قىزنىڭ ئۆزى ئۇزۇن). ئىككى بالكونلۇق//ئۆي (بالكون ئىككى). ئىككى// بالكونلۇق ئۆي (ئۆي ئىككى)....

ئۇيغۇر تىلىدا بېقىندا ۋە بېقىندۇرغۇچى ھالەتتە كەلگەن سۆزلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق باغلىنىشى ئۈچ تۈرلۈكتۇر: كېلىشىش، باشقۇرۇش، ياندىشىش.

كېلىشىش. بۇنىڭدا سىنتاكسىسلىق باغلىنىشقا چۈشكەن سۆزلەر بىر بىرى بىلەن مورفولوگىيىلىك كۆرسەتكۈچلەر ئارقىلىق باغلىنىدۇ. ئۇ باغلىغۇچى (تاۋۇش) تۈزۈلۈشىدە كەلگەن سۆزلەرنىڭ ھەم ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ باغلىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: "مېنىڭ ئىشەنچىم، سېنىڭ ئوقۇشۇڭ، كۈننىڭ نۇرى" دېگەن بىرىكمىلەردە بېقىندۇرغۇچى سۆزلەر (ئىشەنچىم، ئوقۇشۇڭ، نۇرى) ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى شەكلىدە كېلىش، ئۆزلىرىنىڭ بېقىندا سۆزلىرىنى (مېنىڭ، سېنىڭ، كۈننىڭ) ئىگىلىك كېلىش شەكلىدە تۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىگىلىك كېلىش شەكلىدىكى بېقىندا سۆزلەر بېقىندۇرغۇچى سۆزلەرنىڭ ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىدا تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداقلا "ئۇ ناخشا ئېيتتى، بىز تىڭشىدۇق" دېگەن جۈملىلەردىكى ئىگە بىلەن خەۋەر ئۆزئارا شەخس،

www.uyghurkitap.com

سان بويىچە كېلىشىش يولى بىلەن باغلىنىشقان.

باشقۇرۇش. باشقۇرۇش يولى بىلەن باغلانغان سۆزلەرنى ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈش شەكلىگە قاراپ ئاجرىتىمىز. بىقىندا سۆز بېرىش، چىقىش، ئورۇن-ۋاقىت ۋە چۈشۈم كېلىشلەر شەكلىدە، ئەمدى بېقىندۇرغۇچى سۆز مەزكۇر قوشۇمچىلاردا كەلگەن سۆزنى تەلەپ قىلىدىغان پېئىل بولۇپ كەلسە، ئۇلارنىڭ باغلىنىشى باشقۇرۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، يەنى بۇنىڭدا ئاتالغان كېلىش شەكلىدىكى سۆزلەر پېئىل تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: ئۆيدىن چىقماق، مەكتەپكە بارماق، بۇگۈلۈكتە ئولتۇرماق، كىتاپنى ئوقۇماق... بۇ مىساللاردىن كۆرۈنىدۇكى، باشقۇرۇش يولى بىلەن باغلانغان بىرىكمىلەرنى ھاسىل قىلىشتا پېئىللارنىڭ رولى ناھايىتى زور. لېكىن پېئىللاردەك كەڭ تارالغان بولمىسىمۇ، يېتەكچى ئېلېمېنت (يەنى بېقىندۇرغۇچى سۆز) ئىسىملاردىن (ئىسىم، سۈپەتلەردىن) بولۇپ كەلگەن باشقۇرۇش تۈرلىرى ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ئاتتىن ئېگىز، ئۆتتىن پەس. (تېپىشماق) گەپ ئېغىزدا ياخشى، كاۋاپ زىقتا ياخشى. (ماقال.) ئەرگە بىر نوۋەت، يەرگە بىر نوۋەت. (ماقال.)...

ياندىشىش. ياندىشىش ئۇيغۇر تىلىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدىغان باغلىنىش تۈرىدۇر. ياندىشىپ باغلانغان بىرىكمىلەر ئۆزئارا ھېچ بىر مورفولوگىيىلىك كۆرسەتكۈچلەرسىز، پەقەت قاتار تۇرۇش ئارقىلىقلا مۇناسىۋەتكە چۈشىدۇ. دېمەك، بۇنىڭدا سۆزلەرنىڭ ئورۇن تەرتىۋى ھەل قىلغۇچى ئەھمىيەتكە ئىگە. ياندىشىش ئارقىلىق باغلىنىشقان بىرىكمىلەرنىڭ تەركىۋى سۆز تۈركۈملىرىگە تېگىشلىك بولۇپ كېلىشى جەھەتتىن ھەر خىلدۇر. ئۇنىڭ بىرىنچى كومپونېنتى (يەنى بېقىندا سۆز) ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش، سۈپەت پېئىل، بەزىدە رەۋىش، ئىككىنچى كومپونېنتى (بېقىندۇرغۇچى سۆز) ئىسىم بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئىسىم+ئىسىم: ياغاچ گۈرجەك، ئالتۇن سائەت، تاقىچى ئەمەت، تاغ ئېتەكە، تاش كۆۋرۈك.

سۈپەت+ئىسىم: بۈك دەرەخ، ياخشى ئۆي، سۇلۇق ئۆرۈك، تۈز يول، خۇشخۇي بالا.

سان+ئىسىم: سەككىزىنچى سىنىپ، مىڭىنچى چاي، ئون پۇت، بىر كىشى، بەش ئۆدەك.

سۈپەت پېئىل+ئىسىم: ئوقۇغان ئادەم، كۆرۈنگەن تاغ، ئۆلمەس ئاغرىق، چىقماس جان. (ماقال.)

ئالماش+ئىسىم: بۇ ئاخشام، ئاۋۇ كۈنى، مۇنۇ باغ، شۇنداق قازانغا شۇنداق چۆمۈچ. (ماقال.)

رەۋىش+ئىسىم: مۇشتۇمدەك ئالما، (ئۇ) هازىر كولخوزچى، (مەن) بۈگۈن ئېتىزدا، ئەتە تاغدا.

بۇلاردىن تاشقىرى، ياندىشىش ئارقىلىق پەيدا بولغان بىرىكمىنىڭ دەسلەپكى تەركىۋى قىسمى رەۋىش، تەقلىدىي سۆز، هال پېئىل، سۈپەت ۋە سانلاردۇر، ئىككىنچى تەركىۋى قىسمى بولسا پېئىلدىن بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

رەۋىش+پېئىل: بۈگۈن كەلمەك، ئاستا سۆزلىمەك، هاي - هۇي دېگىچە ئۆتۈپ كەتمەك.

تەقلىدىي سۆز+پېئىل پاراق-پاراق كۆلمەك، پۇرۇق-پۇرۇق قاينىماق، تارسلا ئېتىلماق،

هال پېئىل+پېئىل: ژۈگرەپ چىقماق، قادىلىپ قارىماق، ئۆيۈلۈپ سۆز-لىمەك، تېلىقىپ يىغلىماق، ئويلىماي سۆزلىگەن، ئاغرىماي ئۆلەر. (ماقال.)

سۈپەت+پېئىل: ياخشى چۈشەنمەك، ناچار كۆرۈنمەك، (هىساپنى) ئوڭاي چىقارماق، ئۇزۇن كىيمەك.

سان+پېئىل: ئىككى قونۇپ ئۈچىنچى كۈنى بارماق، بىر ئېيتماق، تۇتىنچى بولۇپ تۇرماق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## جۈملە توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە

سىنتاكسىسنىڭ ئەڭ مۇھىم تەكشۈرۈش ئوبيېكتلىرىدىن بىرى جۈملە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. جۈملە كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا پىكىر ئېلىشىشىنى ۋە ئالاقە-قاتناشتا بولۇشىنى تەمىن ئېتىدىغان تىل ماتېرىيالىنىڭ تۈتاش بىر بولىكىدۇر. دىمەك، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئېيتىماقچى بولغان ئوي-پىكرىمىزنى، مەقسىدىمىزنى باشقا بىرىگە جۈملە ئارقىلىق ئېيتىپ بىلدۈرىمىز. جۈملە سوزلەردىن ۋە سوز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلىدۇ. ئۇ، ئادەتتە، بىرنەچچە سوزلەردىن تەركىپ تاپىدۇ. لېكىن بەزىدە پەقەت بىر سوزنىڭ ئۆزىمۇ مۇستەقىل جۈملە بولالايدۇ. مەسىلەن: "زال ئىچى باللار بىلەن قىزلارغا تولغان. ۋاڭ-چۇڭ، ئوپۇر-توپۇر." (ج.ب.) بۇ كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىكى ئۈچ مۇستەقىل جۈملىنىڭ ھەرقايىسىسى ئاياقلاشقان ئوينى ئاڭلىتىدۇ. بىرنەچچە سوزلەردىن تۈزۈلگەن جۈملە مەلۇم بىر ئوي-پىكىرنى ئىپادە قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ تەركىۋىگە كىرگەن سوزلەر ئۆزئارا مەككەم باغلىنىشىپ كېلىشى شەرت.

جۈملىنىڭ ئايرىم سوزلەردىن ۋە سوز بىرىكمىلىرىدىن پەرق قىلىنىدىغان ئاساسىي بەلگىلىرى توۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

١. جۈملە ئاياقلاشقان پۈتۈن بىر ئوينى بىلدۈرىدۇ. ئۇ سوزلەرنىڭ گىراممات‍ىكىلىق قانۇن ۋە قائىدىلەر ئاساسىدا قوشۇلۇشى نەتىجىسىدىن كېلىپ ھاسىل بولىدۇ. سوزلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدىن تۈزۈلگەن بۇ تۈزۈلۈش نۇتۇقنىڭ پىكىر ئاڭلىتىشتىكى ئەڭ ساددە پارچىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. كەڭ مەنىدىكى بىر ئوي-پىكىر پۈتۈن بىر نۇتۇقتا ھەر تەرەپلىمە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. جۈملە بولسا شۇ ئوينى تولۇق ئىپادە قىلىشتىكى بىر پارچىدۇر. دىمەك، جۈملىدىكى

ئوي ـ پىكرىنىڭ ئاياقلاشقانلىغى، پۈتۈنلىگى ۋە ئۆگەللىگى نىسبىي خاراكتىرگە ئىگە.

2. جۈملە ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ باغلىنىشىدىن كېلىپ تۇغۇلىدىغان خەۋەرلىك مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ. خەۋەرلىك مۇناسىۋەت بولمىغان شارائىتتا جۈملىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

تىلدا مۇنداق خەۋەرلىك مۇناسىۋەت بەزىدە تۈزۈلۈش جەھەتتىن شەكىللەشمىگەن بولۇپ كېلىدۇ (مەسىلەن، ئاتاش جۈملىلەر). لېكىن ئۇلارنىڭ مەنىسىدىن خەۋەرلىك مۇناسىۋەت بارلىغى بىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: تۈن. "قاراڭغۇ" دەپ كېلىدىغان ئاتاش جۈملىلەرنى "تۈن ئىدى، قاراڭغۇ ئىدى" دەپ چۈشىنىمىز.

تۆۋەندىكى پارچىنى كەلتۈرەيلى:

— كېرەك ئەمەس ئانداق كوي.

— تېچ!

— باللار ئاچ! ئۆيدە بىر چىشلەم نان يوق!

— قانداق قىلاي ئەمدى؟

— قانداق قىلاي دىگۈچە، بىر چارىسىنى قىلسۇن!

— كىم؟

— «كىم» دىگەننىڭ كىندىك ئانىسى...(ن.ى.)

بۇ پارچىدىكى: تېچ، كىم؟ «كىم» دىگەننىڭ كىندىك ئانىسى، دىگەن جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى يوق. دىمەك، فورمال جەھەتتىن ئۇلار خەۋەرلىك مۇناسىۋەتنى ئىپادىلىمەيدۇ. لېكىن، بۇنىڭغا قارىماي، ئۇلاردىكى خەۋەرلىك خۇسۇسىيەت كونتېكستتىن ھەم ئومۇمى مەنىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ.

3. ھەر بىر مۇستەقىل جۈملىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىنتوناتسىيىسى بولىدۇ. جۈملە بىر سۆزدىن ئىبارەت بولسىمۇ، كوپ سوزلەردىن تەشكىل تاپسىمۇ، تاۋۇش رىتىمى جەھەتتىن پۈتۈن بىر بىرلىك ھاسىل قىلىپ، ئەتراپىدىكى باشقا جۈملىلەردىن پائۇزا ئارقىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاجرىلىپ تۇرىدۇ. چۈنكى ھەر بىر ئۇي ئاياقلىشىپ، جۈملە تۈگى-گەندە، تاۋۇش سەل-پەل ئۈزۈلۈپ دەم ئېلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى جۈملە باشلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا جۈملىلەر، ئاڭلىتىدىغان مەنىسىگە ۋە قانداق مەق-سەت بىلەن ئېيتىلىدىغانلىقىغا قاراپ، خەۋەر جۈملە، سوئال جۈملە، بۇيرۇق جۈملە، ئۈندەش جۈملە بولۇپ تۆتكە بۆلۈنىدۇ.

1. خەۋەر جۈملە. بىرەر نەرسە، ۋەقە، ھادىسە ياكى ئىش ھەر-كەت توغرىسىدا خەۋەر قىلىپ، ئۇنى تەسۋىرلەپ ئېيتىلغان جۈملە خەۋەر جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ”ئاشلىقلار پىشقان ۋاقىت ئىدى. دېخانلار پۈتۈنلەي ئاشلىق ئورۇش، تېپىش، يىغىش ئىش-لىرىغا بېرىلىپ كەتتى. كۈن قايناق...يەرنى يالاڭغىداق دەسسىگىلى بولمايدۇ. ئەگەردە بىرەر يالاڭغىداق بېرىپ قالساڭ، دەسسىگەن بېرىڭدىلا پۈتۈڭ چاۋۇرۇپ چىقىدۇ. خەلقنىڭ ھەممىسى ئېتىزدا. ئىشتا. (ن.ئى.)“ كەلتۈرۈلگەن جۈملىلەر كۆز پەسلىدىكى ئېتىزلىقنى ھەم ئۇ يەردە بولىۋاتقان ئىش-ھەركەتنى تەسۋىرلەيدۇ، بايان قىلىدۇ.

خەۋەر جۈملە ئۆزىنىڭ تەركىۋىگە كىرگەن مۇچىلەرنىڭ، بولۇپمۇ خەۋەرنىڭ، مەنىلىك ۋە شەكلىي ئۆزگىچىلىكلىكىگە قاراپ، ھەر خىل مەزمۇندا بولىدۇ. خەۋەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە باغلىق خەۋەر جۈملە: بولۇشلۇق (ئوقۇش باشلاندى)، بولۇشسىز (ئوقۇش باشلانمىدى)، ئىستەك (شېئىرلار يازسام ئىدىم...قىزىل نۇرلار چاچسام ئىدىم — (ئو.م)، تەخمىن (ئۇ ئەتىلەردىن كېلىپ قالار) ۋە باشقا مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ. خەۋەرنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىدىن بولۇپ كەلگەنلىكىگە قاراپ، خەۋەر جۈملىلەر پېئىللىق (يامغۇر توختىدى) ۋە ئىسىملىق (كۆل چىرايلىق، قالىغاچ — قۇش...) تۈرلىرىگە بۆلۈنىدۇ.

خەۋەر جۈملىلەر، ئادەتتە، بىر خىل، راۋان ئاھاڭ بىلەن ئېيتە-

لىدۇ. جۈملىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا ئاھاڭ كۆتىرەڭگۈ بولۇپ، ئىككىنچى قىسىم پەيدىن-پەي پەسىيىپ بېرىپ ئاياقلىشىدۇ. مەسىلەن: "بۇ باغنىڭ چىرايلىقلىقىغا ۋەزىر ھەيران قالىدۇ." (چوچەك.) جۈملىنىڭ مەنتىقىي ئۇرغۇ چۈشكەن بۆلىكى باشقىلارغا نىسبەتەن يۇقۇرى تون بىلەن ئېيتىلىدۇ.

خەۋىرى ئىسىم ۋە ئالماشلاردىن ئىبارەت بولۇپ كەلگەن جۈملىلەرنىڭ ئىنتوناتسىيىسى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. مەسىلەن: ئاقسۇ — تاغ باغرىغا جايلاشقان يېزا. مۇشۇ يېزىدا تۇغۇلغان — سەن...

2. سوئال جۈملە. بىرەر نەرسە، ۋەقە، ھادىسە ياكى بىرەر ئىش-ھەركەت توغرىسىدا سوئال قويۇپ، جاۋاپ تەلەپ قىلىپ ئېيتىلغان جۈملە سوئال جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

مۇنداق جۈملىلەر، ئادەتتە، سوئال ئالماشلىرى بىلەن سوئال ئۇلانمىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: نىمىشقا بۇ يەرگە يىغىلدىڭلار؟ سەن نىمىشقا قولۇڭنى كۆتىرىپ تۇرىسەن؟ ۋاقىرىغان كىم؟ (ئا.چ.) بۈگۈن يېنىپ چىقىدىغانسەندۇ؟ يا قونۇپ، ئەتە چىقامسەن؟ (ئو.م.)

سوئال جۈملە ھاسىل قىلىغۇچى ۋاستىلارنىڭ يەنى سوئال ئالماشلىرى (كىم؟ نىمە؟ قانداق؟ نىمىشقا؟ نىمە ئۈچۈن؟ نەچچە؟ قايسى؟ قانچە؟ قاچان؟ قەيەر؟ نەچچىنچى؟ نەگە؟...) بىلەن سوئال ئۇلانمىلىرىنىڭ (-مۇ، -ما، -چۇ، -ھە...) ھەممىلا ۋاقىتتا بولۇشى شەرت ئەمەس. مۇنداق شارائىتتا جۈملىنىڭ سوئال مەنىسى ئىنتوناتسىيىدىن بىلىنىدۇ. مەسىلەن:

— ئەتىمالىم، گېنىرال ژىگالوۋنىڭ ئىتى بولسا كېرەك، — دەپ توپنىڭ ئىچىدىن بىرسى جاۋاپ بېرىپتۇ.

— گېنىرال ژىگالوۋنىڭ؟ (ئا.چ.)

ئاخىرقى جۈملىدە سوئال مەنىسى سوئال ئىنتوناتسىيىسى ئارقىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بېرىلگەن.

بۇنىڭ ئەكسىچە، ئايرىم جۈملىلەر فورما جەھەتتىن سوئال جۈملە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەنىسى سوئالنى بىلدۈرمەيدۇ، دېمەك، جاۋاپ تەلەپ قىلىنمايدۇ. مەسىلەن: "كورمىگەندىن كېيىن يالغان ئېيتىشنىڭ ھاجىتى نىمە؟" (ئا.چ.) بۇ جۈملىنىڭ مەنىسى يالغان ئېيتىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قەتئىي ئېيتىشتۇر.

سوئال فورمىسىغا ئىگە بولغان، لېكىن سوئالنى بىلدۈرمەيدىغان مۇنداق جۈملىلەر مەزمۇنغا ھىسسىي تۈس قوشۇپ، قەتئىي رەۋىشتە ئىپادىلەنگەن ھوكۇمنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. مەسىلەن: "ئىشنىڭ بۈگۈن ئويۇندىن قانچىلىك پەرقى بار؟" (ئو.م.) "قويساڭچۇ...خوشامەت قىلىپ سوزلەشنىڭ نىمە ھاجىتى بار؟ بىز سېنىڭ بىلەن كىچىك-كىنە چېغىمىزدىن دوست، بۇ ئارىدا مەنسەپكە بېقىپ كىشى ھورمەت-لەشنىڭ كېرىگى نىمە؟" (ئا.چ.)بۇ جۈملىلەردىكى سوئال "ئىشنىڭ ئويۇندىن ھىچ بىر پەرقى يوق"، "خوشامەت قىلىپ سوزلەشنىڭ ھىچ بىر ھاجىتى يوق"، "مەنسەپكە بېقىپ كىشى ھورمەتلەشكە ئەسلا بولمايدۇ" دىگەن مەزمۇنلارنى ھىسسىيلىق بىلەن، كۈچلۈك رەۋىشتە ئىپادىلەپ كەلگەن. جاۋاۋى ئۆزىدىن ئۆزىگە بىلىنىپ تۇرىدىغان مۇنداق سوئال رىتورىكىلىق* سوئال دەپ ئاتىلىدۇ:

تاقتا چىقتىم، كىيىك ئاتتۇق،
ئارتقىلى ئاتلار قېنى؟
ئاتقا ئارتىپ، ئويگە كەلدىم،
يىگىلى باللار قېنى؟

(قوشاق.)

سوئال جۈملە سوئال ئىنتوناتسىيىسىگە ئىگە. سوئالنى بىلدۈرىدىغان سوز، ئادەتتە، كۈچلۈك ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: "سەن

---

* رىتورىكا: ناتىقلىق سەنئىتىنىڭ نەزىرىيىسى.

مىنى تونىدىڭمۇ؟" (ئو.م.) جۈملىدىكى سوزلەرنىڭ ئورنىنى يوتكە-
گەن تەقدىردىمۇ، كۈچلۈك ئاھاڭ سوئالىنى بىلدۈرىدىغان سوزدە
ساقلىنىدۇ: سەن تونىدىڭمۇ مىنى؟ مىنى تونىدىڭمۇ سەن؟ تونىدىڭمۇ
مىنى سەن؟ تونىدىڭمۇ سەن مىنى؟

3. بۇيرۇق جۈملە. بۇيرۇق جۈملە بىراۋنى مەلۇم بىر ئىشقا بۇي-
رۇش، دەۋەت قىلىش مەنىسىنى ھەم مۇشۇنىڭغا باغلىق تەلەپ، ئىلە-
تىماس، ئوتۈنۈش، مەسلىھەت، يالۋۇرۇش ئوخشاش مەنىلەرنى
ئاڭلىتىدۇ. مەزكۇر مەنىلەرگە قاراپ، بۇيرۇق جۈملە ئوزئارا بىر-
نەچچە تىپلارغا بولۇنىدۇ. مەسىلەن: 1) بۇيرۇق، ھوكۇم مەنىسى:
كوتەر قولۇڭنى، بوغاز، ئىتتۇتمەن ئەمدى! (ئو.م.) ئولاشماڭلار، توختاڭ-
لار! ئەپچىقىپ كىلىۋاتىمەن! (ئا.چ.) مە، قولۇمنى تۇتۇپ يات! ئۇخلا! —
دەپ ئاۋۇرۇش قولىنى بالىغا سۇندى. (ۋ.گ.) 2) بىرەر ئىشنى ئورۇنلاشقا،
ئاتقۇرۇشقا تەشۋىق قىلىش، دەۋەت قىلىش، مەسلىھەت بىرىش مەنىسىنى
بىلدۈرىدۇ: قازناقتىكى ياغدىن بىر تولۇم ئىلىپ بىرىپ، ئوستەڭ بويىدىكى
داش قازانغا قۇيغىن! ئوتنى جىق قالاپ، ياغنى تازا چۇچۇتۇپ تۇرغىن!
(چوچەك.) ئاخشام بولدى، يات، سەھەر بولدى، كەت! (ماقال.) 3) ئىس-
تەك، خاھىش، تىلەك مەنىسى: چىمەخان، خاپا بولماستىن، ماۋۇ ئىككى
گىردىنى چىشلىشىپ تۇرسىلا! (ن.ئى.) پالۋان، قوسۇغۇڭ ئاچتى، ھە؟ مە
نان يىگىن. (ن.ئى.) سالامەت بول، ئامان — ئىسەن كورىشەيلى! 4) يالۋۇرۇش
مەنىسى: شۇنداق قىل، قىرىندىشىم، سەن قىلغان ياخشىلىقنى ئۇنۇتماسمىز!
(ن.ئى.)...

بۇيرۇق جۈملىلەر ئاساسەن جانلىق تىلغا خاستۇر. بەدىئىي ئەسەر-
لەردە بولسا كوپىرەكى دىئالوگلاردا ئۇچرايدۇ.

جۈملىنىڭ بۇ تۈرى بۇيرۇق ئىنتوناتسىيىسى بىلەن ئىيتىلىدۇ.
قەتئىي بۇيرۇق، ھوكۇم مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەر ئالاھىدە
كۈچلۈك ئاھاڭ بىلەن، ئەمدى مەسلىھەت، ئىستەك، تىلەك، يالۋۇ-
رۇش، بىرەر ئىشقا دەۋەت قىلىش ئوخشاش مەنىلەردە قوللىنىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

جۈملىلەر بىرئاز پەس ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ. دېمەك، بۇيرۇق جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيىسى، ئۇلار ئاڭلىتىدىغان مەنىنىڭ رايىغا قاراپ، ھەر خىل دەرىجىدە بولىدۇ.

بۇيرۇق جۈملە تۈرلۈك گىراماتىكىلىق ۋاستىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ياسىلىدۇ. كۆپچىلىك ۋاقىتتا بۇيرۇق جۈملىنىڭ خەۋىرى بۇيرۇق مەيلىنىڭ ئىككىنچى شەخستە تۇرغان پېشلىدىن بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ئاش كەلسە، يېگىن، سۆز كەلسە، دېگىن. (ماقال.) قارىغلار، ئەنە، چويۇن كولىنىڭ شاقىراتمىلىرىغا! (ئو.م.) ئاز يە، ئاسان تىرىل. (ماقال.) ئېيت، ئۆلۈم گۇنايىڭ بولسىمۇ ئوتتۇم. (چوچەك.) چاقىرغان يەردىن قالما، چاقىرمىغان يەرگە بارما. (ماقال.)

بۇيرۇق جۈملىنىڭ ئىككىنچى شەخستىن كېيىن "-قىنا، -كىنە، -غىنا، -گىنە، -ئا، -ئە، -چۇ" ئۇلانمىلىرى ۋە شەرت مەيلىنىڭ قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ، شۇ سۆز خەۋەر بولۇپ كەلسە، مۇنداق جۈملە ئىلتىماس، تىلەك، مەسلىھەت، يالۋۇرۇش مەنىلىرىنى ئاڭلىتىدۇ؛ مەسىلەن: پاتنۇسنى ئويىنىتىپ بەرسەڭلارا يەنە! (ن.ئى.) ئالساڭ مېنى بىللە ئېلىپ كەتسەڭچۇ، جان ئالمساڭ، دەتلىرىمگە يەتسەڭچۇ! (قوشاق.) مانا، يەپ باقسىلا، ھەجەپ تاتلىق قوغۇن ئىكەن! (ز.ق.) سېنىڭ ھالىڭغا مەن يەتسەم...چوللەرگە ئېلىپ كەتسەم. (فولك.)

4. ئۈندەش جۈملە. خۇشال بولۇش، رەنجىش، پۇشايمان قىلىش، قورقۇش، ئەجەپلىنىش ئوخشاش بىرەر ھېس-تۇيغۇنى، ئىچكى ھالەتنى كۈچلۈك ھاياجان بىلەن ئىپادە قىلىدىغان جۈملىلەر ئۈندەش جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: بۇلاق سۈيى نە قاتارلىق گۈزەل ئىدى! ئېھ، قۇيساڭ راھەتلا يازا! (ئو.م.) قانداق ياخشى! قانداق چىرايلىق! (ئا.چ.) سىز ئۆلى ئۇرالمايسىز! ئۇرۇشقا ھېچبىر ھەققىڭىز يوق! (ئا.چ.)

هەي، مۇساپىرلىق! — دېدى ھەسەن. (ن.ئى.) ئەتتىسىگەنەي، ئۇنتۇپ قاپتىمەندە! ياشىسۇن خەلقلەر دوستلۇقى!

ئۇندەش جۈملىلەرگە خاس ئاساسىي خۇسۇسىيەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ھېسسىي تۇيغۇلاردىن، ئۇندەش ئىنتوناتسىيىسىدىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ تەركىۋىدە كىشىنىڭ بىرەر كۆڭۈل ھالىتىنى ئىزھار قىلىدىغان ئىملىق سۆزلەر بولىدۇ. مەسىلەن: ئاھ، دەرىغا دەردى بىلەن مەن ئادا بولدۇم ئەتەي! (فولك.) ھە-ي، دوستۇم ئىبلەم، ئانا ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن باللار ئىكەنمىزغۇ تاڭ! ئىبست ياشلىغىم، ئۇمۇتلىرىم! (م.ھ.)

بەزىدە خەۋەر، سوئال (بولۇپمۇ دەبدەبىلىك سوئال) ۋە بۇيرۇق جۈملىلەر مەلۇم ھاياجان بىلەن ئېيتىلغاندا، ئۇندەش جۈملىلەرگە ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن. دېمەك، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى يېقىن، قويۇق مۇناسىۋەت بار. مەسىلەن: "دادام كەلدى" دېگەن جۈملە ئادەتتىكىچە بىر خىل بوش ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىلغاندا، خەۋەر جۈملە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئالاھىدە بىر خۇشاللىقنى ئىزھار قىلىپ (مەسىلەن، خوش خەۋەر سۈپىتىدە)، يۇقۇرى ئاھاڭ بىلەن قەتئىي ئېيتىلسا، ئۇندەش جۈملىلەر قاتارىغا كىرىدۇ. "دادام كەلدى! شۇنداقلا بۇ نىمە شەرمەندىچىلىك! بۇ نىمە رەسۋاچىلىق!" (م.ھ.) دېگەندە، ئۇلار — شەكلى جەھەتتىن دەبدەبىلىك سوئال جۈملە. لېكىن مەزكۇر جۈملىلەر ئالاھىدە ھاياجان، تۇيغۇ بىلەن ئېيتىلغانلىقتىن، ئۇندەش جۈملە بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى خەۋەر، سوئال، بۇيرۇق ۋە ئۇندەش جۈملىلەر ئىزھار قىلىنىدىغان ئوي-پىكىرنىڭ مەقسىدىگە، ئاڭلىتىدىغان مەنىسىگە قاراپ، بىر بىرىدىن پەرق قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇلار ئۆزلىرىگە خاس ئىنتوناتسىيون-گىراماتىكىلىق ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە: ھەر بىر جۈملە تۈرىنىڭ باشقىلاردىن ئاجرىلىپ تۇرىدىغان ئىنتوناتسىيىسى، سۆزلەرنىڭ ئورۇن تەرتىۋى، مورفولوگىيىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

مەخسۇس كورسەتكۈچلىرى...بولىدۇ. مەسىلەن، سوئال جۈملىنىڭ تەركىۋىدە سوئال ئالماشلىرىنىڭ كوپ ئۇچرايدىغانلىقى، بۇيرۇق جۈملىنىڭ خەۋىرى، ئادەتتە، ئىككىنچى شەخسلىك بۇيرۇق مەيىل شەكلىدىكى پېئىلدىن ئىبارەت بولۇشى، ئۇندەش گەپلەردە ئىملىق سوزلەرنىڭ نۇرغۇن ئۇچرايدىغانلىقى...

شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا، جۈملە تۈرلىرى، مەلۇم شارائىتلارغا قاراپ، بىر بىرىگە يوتكىلىپ، دائىمەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ تۇرىدۇ.

جۈملىلەر، ئېيتىلىش مەقسىدىگە ۋە مەنىسىگە قاراپ، توتكە بولۇنگەندەك، تۈزىلىش ئالاھىدىلىكلىرىگە بىنائەن ئىككىگە بولىنىدۇ: ئاددى جۈملە ۋە قوشما جۈملە.

ئاددى جۈملە پەقەت يالغۇز بىرلا خەۋەرلىك بىرلىكتىن ئىبارەت بولغان، تۈزۈلۈش ۋە ئىنتوناتسىيە جەھەتتىن شەكىللەشكەن سوزلەر تىزمىسىدۇر. ئۇ ئىگە بىلەن خەۋەردىن (مەسىلەن، كۈن چىقتى، ئالمىلار پىشتى)، ئىگە بىلەن خەۋەر ۋە ئەگەشمە مۇچىلەردىن (مەسىلەن، ئالتۇن كۈن قىزىرىپ چىقتى، باغدىكى ئالملار بۇ يىل بالدۇر پىشتى) تەركىپ تېپىشى مۇمكىن. بەزىدە، بولۇپمۇ دىئالوگلاردا، جۈملىنىڭ ئىگىسى ياكى خەۋىرى ياكى ھەر ئىككىلىسى چۈشۈپ قالىدۇ، مەسىلەن:

— ھە، كىتاۋىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى كونوۋالوۋ.

— بار.

— ماڭا ئوقۇپ بېرەمسەن؟

— ماقۇل، ئوقۇپ بېرەي. (م.گ.)

كەلتۈرۈلگەن دىئالوگتىكى ئاخىرقى ئۇچ جۈملىنىڭ ئىگىلىرى يوشۇرۇنغان، شۇنداقلا:

” — نىمە يەپ قويىدى؟ — تولۇم چاشقانلار“ (ۋ.گ.) دىگەن دىئالوگتىكى ئاخىرقى جۈملىنىڭ خەۋىرى چۈشۈپ قالغان. لېكىن

بۇنىڭغا قارىماستىن، مەزكۇر جۈملىلەرنىڭ ئىگە ۋە خەۋەرلىرى ھەم ئۇلار ئارىسىدىكى خەۋەرلىك مۇناسىۋەت ئومۇمىي كونتېكستتىن بىلىنىپ تۇرىدۇ.

قوشما جۈملىلەر ئىككى ياكى بىرنەچچە ئاددىي جۈملىلەرنىڭ ئۆزئارا مەككەم باغلىنىشىدىن كېلىپ ياسىلىدۇ. دېمەك، قوشما جۈملىلەردە ئىككى ياكى بىرنەچچە خەۋەرلىك بىرلىك مەۋجۇتتۇر. شۇڭلاشقا ئۇ مۇرەككەپ ئوي-پىكىرنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

قوشما جۈملىلەر ئۆز نۆۋىتىدە، تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن باغلىنىش ئۇسۇللىرىغا قاراپ، بېقىندا قوشما جۈملە ۋە باغلانغان قوشما جۈملە بولۇپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن: بېقىندا قوشما جۈملىلەر: ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى روييۇڭ سامان بولماس. (ماقال.) جاپا تارتماي، ھالاۋەت يوق، ئىناق بولماي، سائادەت يوق. (ماقال.) باغلانغان قوشما جۈملىلەر: پۈگاچېۋ قالدى، مەن تالاغا چىقتىم. (ئا.پ.) قارا چاچلىرىڭ ئاپپاق بولۇپ ئاقارغاندۇ، ماڭلاي قورۇقلىرىڭ چوڭقۇرلاشقاندۇ. (ئو.م.)

## جۈملە مۇچىلىرى

جۈملە تەركىبىدىكى ھەر بىر مۇستەقىل سۆز مەلۇم سىنتاكسىسلىق خىزمەت ئاتقۇرۇش ئارقىلىق شۇ جۈملىنىڭ بىرەر ئەزاسى بولۇپ كېلىدۇ. دېمەك، جۈملە ئۆزىنىڭ لېكسىكا-گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان بىرقانچە مۇچىلەردىن تۈزىلىدۇ. مەسىلەن: "پاۋېلنىڭ ئۈنى قاتتىق چىقتى." (م.گ.) بۇ جۈملە تۆت مۇچىدىن ئىبارەت: پاۋېلنىڭ — ئېنىقلىغۇچى، ئۈنى — ئىگە، قاتتىق — ھالەت، چىقتى — خەۋەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جۈملە مۇچىلىرى، جۈملە تۈزۈشتىكى رولىغا قاراپ، باش مۇچىلەر ۋە ئەگەشمە مۇچىلەر بولۇپ، ئىككىگە بۆلىنىدۇ. باش مۇچىلەر ئىگە بىلەن خەۋەردىن، ئەگەشمە مۇچىلەر ئېنىقلىغۇچى، تولدۇرغۇچى ۋە ھالەتلەردىن ئىبارەت.

باش مۇچىلەر جۈملىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئېلېمېنتلىرىدۇر. چۈنكى ئىگە بىلەن خەۋەر خەۋەرلىك مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. خەۋەرلىك مۇناسىۋەتسىز، بىز يۇقۇردا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، جۈملىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، باش مۇچىلەر ئېيتىلماقچى بولغان ئوي-پىكىرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەشمە مۇچىلەر جۈملە تۈزۈشتە باش مۇچىلەردەك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس. ئۇلار ئاساسەن باش مۇچىلەرگە ئەگىشىپ كېلىدۇ ۋە ئۇلارنى ئېنىقلاش، تولۇقلاش ھەم ئىش-ھەرىكەتنىڭ شەرت-شارائىتىنى، ھالىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئادەتتە، ئېنىقلىغۇچى ئىگىگە، تولدۇرغۇچى بىلەن ھالەت پېئىلدىن بولغان خەۋەرگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن: ”تولۇن ئاي ئەتراپنى تەكشى يورۇتماقتا.“ لېكىن ئەگەشمە مۇچىلەر ھەممىلا ۋاقىتتا باش مۇچىلەر بىلەن باغلىنىپ كەلمەي، بەلكى ئۆز ئارا بىر بىرىنى ئېنىقلاپ، تولدۇرۇپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: ”سىلەرنىڭ ياسىغان بېغىڭلارنىڭ راھىتىنى مەنمۇ بۈگۈن خېلىلا كۆردۈم.“ (ئو.م.) بۇ جۈملىدىكى ”راھىتىنى“ دېگەن تولدۇرغۇچىنى ”بېغىڭلارنىڭ“ دېگەن سۆز ئېنىقلايدىغان بولسا، شۇ سۆزنى (يەنى ئېنىقلىغۇچىنى) ”سىلەرنىڭ ياسىغان“ دېگەن سۆزلەر ئېنىقلاپ كەلگەن.

جۈملىنىڭ ئىگىسى ئاساسەن باش كېلىشتىكى ئىسىم ۋە كىشىلىك ئالماشلاردىن بولۇپ كېلىدۇ. ئەمما ئىسىملاشقان ھەرقانداق سۆز ئىگە خىزمىتىنى ئاتقۇرۇشى مۇمكىن. ئىگىگە قويۇلىدىغان ئاساسىي سوئاللار — كىم؟ نېمە؟ مىساللار: ھەسەن ئاشپۇزۇلغا سالام بەردى.

(ن.ئى.) سەن مېنى تونىدىڭمۇ؟ مەن سېنى تونۇدۇم... (ئو.م.) بار ئوخشىتار، يوق قاخشىتار. (ماقال.) ھەق ئىگىلەر، سۇنماس. (ماقال.) ئۇن ئىككىگە كەسىرسىز بولىنىدۇ، "ئى — "ياردەمچى پېئىلدۇر...

خەۋەر، ئادەتتە، پېئىلدىن بولىدۇ. جۈملىدە قوللىنىلىش ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ، ھەرقانداق سوز تۈركۈمىگە تەۋە سوز خەۋەر خىزمىتىنى ئاتقۇرالىشى مۇمكىن. ئاساسىي سوئاللىرى — نېمە قىلماق؟ نېمە بولماق؟ مىساللار: بىز تومۇر مەيدىلەر بىلەن يىللاردىن ئەسىرلەر ياساۋاتىمىز! (ئو.م.) بالىلىق ئۆي — گۈلۈستان، بالىسىز ئۆي — گۆرۈستان. (ماقال.) قولى ئوچۇقنىڭ يولى ئوچۇق. (ماقال.) سوز — بىر، قۇلاق — ئىككى. (ماقال)...

— ئېنىقلىغۇچى سۈپەت، ئىسىم، سۈپەت پېئىل، ئالماش ۋە سانلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئاساسىي سوئاللىرى: قانداق؟ قايسى؟ كىمدىكى؟ نەدىكى؟ كىمنىڭ؟ نېمىنىڭ؟ قانچە؟ مىساللار: ياخشى ئىش ئۆزىنى ئۆزى ماختايدۇ. (ماقال.) ئولۇغ تەرەپتە تۈلكە تونىغا ئورۇنۇپ ئولتۇرغان، يوغان گەۋدىلىك، بۇغداي ئوڭلۇك، قېلىن قارا ساقاللىق، يوغان كوزلۇك... ئوتكۇر سوزلۇك، "ئى" بولۇسىنىڭ بولۇسى روزاخۇن ئىدى. (م.ھ.)

تولدۇرغۇچى باش ۋە ئىگىلىك كېلىشتىن باشقا كېلىش فورمىلىرىدا تۇرغان ئىسىم ۋە ئالماشلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ھەم شۇ كېلىشلەرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرىدۇ. مەسىلەن: ئاۋالقى چوللەرنى گۈلۈستان قىلدۇق. (ئو. م.) كوچەتنى كىم تىكسە، سايىسىدا ئۇزى ئولتۇرار. (ماقال.)

ھالەت ئاساسەن رەۋىشلەردىن ھەم ھال پېئىللاردىن بولۇپ كېلىدۇ. ئاساسىي سوئاللىرى: قانداق؟ قاچان؟ نېمە ئۈچۈن؟ نېمە سەۋەپتىن؟ نېمە ئارقىلىق؟ نەگە؟ نەدە؟ نېمە قىلىشقا؟ مىساللار: سادىق دەررۇ ئوتكەن يازدا كۈلۈپتا پاتەم بىلەن بىللە ئىشلىگەنلىرىنى ئەسلىدى. (ئو. م.) يوقارقى ياقتىن شامال قاتتىق سوقۇپ، جاڭگال تىنماستىن گۈكرەپ تۇراتتى. (گ. ب.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئاددى جۈملە

ئىككى سوستاۋلۇق ئاددى جۈملە توغرىلىق چۈشەنچە. جۈملىنىڭ مۇھىم ۋە ئاساسىي بەلگىسى ئۇنىڭ خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتە بولۇشى ھېساپلىنىدۇ. خەۋەر جۈملىنىڭ قۇرۇلۇش مەركىزىنى، يادروسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئادەتتە، جۈملىنىڭ ئويۇشتۇرغۇچى مەركىزى ھېساپلانغان ئىگە بىلەن خەۋەر سىنتاكسىسلىق كاتېگورىيىنى تەشكىل قىلىپ، ئۆزئارا خەۋەرلىك ئالاقىدا بولىدۇ ۋە ئۇلار نۇتۇق ئوبيېكتى بىلەن ئۇنىڭ بەلگىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

جۈملىنىڭ قۇرۇلۇش ئاساسىنى تەشكىل قىلغۇچى ئىگە بىلەن خەۋەر باش مۇچىلەر ئاتىلىپ، بىر بىرى بىلەن مەنە ۋە گىراماتىكىلىق جەھەتتىن زىچ مۇناسىۋەتتە بولىدۇ ۋە شۇلار ئارقىلىق جۈملىنىڭ ئېنىق قۇرۇلۇشى، نىسبەتەن ئاياقلاشقان ئوي-پىكىر ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. قالغان جۈملە مۇچىلىرى بولسا-ئېنىقلىغۇچى، تولدۇرغۇچى، ھالەت-ئەگەشمە مۇچىلەر دەپ ئاتىلىپ، باش مۇچىلەرنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىدۇ ۋە ئۇلارنى ئېنىقلايدۇ، تولدۇرىدۇ، ئىزاھلايدۇ.

ئەگەشمە مۇچىلەر مەنە ۋە گىراماتىكىلىق جەھەتتىن ئىگە بىلەن خەۋەرگە باغلىنىپ كېلىپ، گىراماتىكىلىق يېپىق، ئاياقلاشقان ئوي-پىكىرنى بىلدۈرگۈچى جۈملە ھاسىل قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى جۈملىدىكى گىراماتىكىلىق خىزمىتى بىلەن ئېنىقلايدۇ.

ئىگە بىلەن خەۋەر ئەگەشمە جۈملىلەرسىزمۇ ئاياقلاشقان ئوي-پىكىرنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. لېكىن ئەگەشمە مۇچىلەر ئۆزلىرى ئېنىقلاپ، ئىزاھلاپ، تولۇقلاپ كېلىدىغان باش مۇچىلەرسىز كېلىپ، مەلۇم بىرپىكىرنى ئىپادىلىمەيدۇ ۋە مۇنداق كېلىشى مۇمكىن

ئەمەس. شۇڭلاشقا ئۇلار ئەگەشمە مۇچە ھېساپلىنىدۇ، دېمەك، ئەگەشمە مۇچىلەر ئۆزلىرى ئېنىقلاپ، ئىزاھلاپ، تولۇقلاپ كېلىدىغان مەزمۇننى ساقلاپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جۈملە مۇچىلىرى گىرامماتىكىلىق ئاساستا، جۈملىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قاراپ ئېنىقلىنىدۇ.

ئەگەشمە مۇچىلەرنىڭ بولۇش ياكى بولماسلىقىغا قاراپ، جۈملىلەر يىغىق ۋە يېيىق بولۇپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

ئەگەر جۈملىلەر پەقەت باش مۇچىلەردىن (ئىگە ۋە خەۋەردىن) تۈزۈلسە، ئۇنداق جۈملىلەر يىغىق جۈملە سانىلىدۇ. مەسىلەن: قار ياغماقتا.

باش مۇچىلەردىن باشقا ئەگەشمە مۇچىلەر (ئېنىقلىغۇچى، تولۇقلىغۇچى، ھالەت) بار جۈملىلەر يېيىق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئاپپاق قار لەپىلدەپ ياغماقتا.

## ئىگە

ئىگە ئىككى تەركىپلىك جۈملىلەردىكى باش مۇچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ گىرامماتىكىلىق جەھەتتىن مۇستەقىل سانىلىدۇ. ئىگە پىكىرنى ئۆزىگە قاراتقۇچى ئوبيېكتنىڭ نامى ھېساپلىنىدۇ، يەنى پىكىر سۇبيېكتىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملار ئورنىدا قوللىنىلىدىغان ھەممە سۆز تۈركۈمى ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. ھەتتا، مەسىلەن، تاۋۇشلار، ياردەمچى سۆزلەر ئىگە رولىنى ئاتقۇرۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: "ئې" ئۇيغۇر تىلىدا بىر تاۋۇشنى ئىپادىلەيدۇ. ("ك. ت.") "بىلەن" — باغلىغۇچى.

ئىگىنىڭ ئىسىم بىلەن ئىپادىلىنىشى. كۆپىنچە ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىدىغان سۆز تۈركۈمى — ئىسىم. ئىگە ئىسىم بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلگەندە، جانلىق نەرسىلەرنى، جانسىز ئوبيېكتلارنى، ھادىسە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چۈشەنچە ۋە باشقا نەرسىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: سادىق ئاستا پاتەم تەرەپكە بۇرۇلۇپ قارىدى. (ئو. م.) يېزا تەۋرەندى. (م. ە.) ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى. دۈپۈرلىگەن ئاتلارنىڭ تاۋۇشى ئاڭلاندى. (ئو. م.) ئالما چېچەكلىدى.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، كونكرېت لېكسىكىلىق مەنىسى كۈچسىزلەنگەن ئىسىملارمۇ ئىگە بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: "سەن ئاتقان پولارنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتىڭغۇ كىشى..." (ق. ت.) رۇس تىلىدا "... مۇنداق ئىگىسى بار جۈملىلەر فورمىسى جەھەتتىن ئىككى تەركىپلىك، مەزمۇنى جەھەتتىن بولسا شەخسسىز:"① ھېساپلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ مۇنداق جۈملىلەر شەخسسىز بولىدۇ.

ئىگىنىڭ ئالماشلار بىلەن ئىپادىلىنىشى. كۆپىرەك ئىگە ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايدىغان سۆز تۈركۈملىرىنىڭ بىرى — ئالماشلار. ئالماشلارنىڭ ئىچىدە تولاراق كىشىلىك ئالماشلار ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: سەن ـ ۋىراچ. (ھ. ئا.) بىز قورۇلۇشلارنى كۆپ سېلىۋاتىمىز. ("ك. ت.") ھوي، سادەت، مەن سىزگە بارماق دەپ مۇشۇ ئاغزىم بىلەن ئېيتتىم، سىز ئاشۇ سالپاڭ قۇلىقىڭىز بىلەن ئاڭلىدىڭىزغۇ. (ق. ت.)

ئىگىنىڭ سۈپەت بىلەن ئىپادىلىنىشى. ئىگە سۈپەت بىلەن ئىپادىلەنگەندە، سۈپەت شەيئىلىك مەنىنى ئاڭلىتىشى كېرەك. مۇنداق ۋاقىتتا سۈپەت ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ بەلگە ـ سۈپەتلىرىنى ئەمەس، بەلكى شەيئى ـ نەرسىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: مەسىلەن: "ئېرىنچەك ئادەم كەلدى" دېگەندە، "ئېرىنچەك" سۆزى ئادەمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ كېلىۋاتىدۇ. "ئېرىنچەك ئىككى ئىشلەر" دېگەن

---

① ئې. م. گالكىنا ـ فېدورۇك، ك. ۋ. گورشكوۋا، ن. م. شانسكىي. «ھازىرقى زامان رۇس تىلى، سىنتاكسىس» 1958 ـ يىل، رۇسچە نەشرى، 24 ـ بەت.

ماقالدىكى "ئېرىنچەك" جۈملىنىڭ سۇبيېكتى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

دىمەك، سۇپەت ئىسىملىشىپ شەيئى مەنىسىنى ئىپادىلىگەندە، ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. مۇنداق ئىسىملاشقان سۇپەتلەر كۆپىنچە ماقال ۋە تەمسىللەردە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: يامان يېگىنىنى ئېيتار، ياخشى كۆرگىنىنى ئېيتار. ۋە باشقىلار

ئىگىنىڭ سان بىلەن ئىپادىلىنىشى. ساناق، ئورتاق، تەرتىپ سانلار ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ئىككى — جۈپ سان. ئىككەيلەن ئىلەمنىڭ ـ كىدە كىردۇق. (م. ھ.) بىرىنچى — مەن، ئىككىنچى — سەن. ئىككەيلەن تاغنىڭ يۇمشاق ھاۋاسىنى يۇتۇپ... (ئۇ. م.)

ئىگە ۋەزىپىسىدىكى سانلار ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: بىرىمىز تاماق يېمەي ئاغرىپ قالساقمۇ... (ئۇ. م.) بىرى تويۇپ سەكرەيدۇ، بىرى توڭلاپ سەكرەيدۇ. (ماقال.) بىرلى كورسەك ماشىنىدا، ئىككىنچىسى — مال دوختۇرى. ئۈچىنچىسى — كومبايىنچى، تۆرتىنچىسى — دىرېكتور. (م. ئە.) ئىككىسى بىر بىرىگە كوز ئەينەكلىرى ئۈستىدىن قاراپ قالدى. («ك. ت.»)

ئىگىنىڭ سۇپەت پېئلى بىلەن ئىپادىلىنىشى. جۈملىدە سۇپەت پېئلى ئىگە ۋەزىپىسىدە كەلسە، ئۇ، ئادەتتە، ئىسىملىشىپ ھەركەت ئىگىسى، شەخسنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: بىلگەن بىلگىنىنى ئىشلەر، بىلمىگەن بارمىقىنى چىشلەر. (ماقال.) ئوقۇغان ئوزار، ئوقۇمىغان توزار. (ماقال.)

ئىگىنىڭ ھەركەت نامى بىلەن ئىپادىلىنىشى. ھەركەت نامى ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىشى مۇمكىن. ئۇ ئىگە بولۇپ كەلگەندە، خەۋەردىن يائۇزا بىلەن ئاجرىلىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: سوييۇشۇش قىزلارغا مېنىڭ قاتزا چەككىنىمدىنمۇ ئارتۇق لەززەت بېرىدۇ. (م. گ.) بارلىق سوۋېت ئادەملىرىنى... كوممۇنىستىك ئاڭ ـ سېزىم روھىدا تەربىيىلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. («ك. ت.») قوشۇلماق تەس، ئايرىلماق ئاسان. (ماقال.)... باھاردەك قايتا ياشىرىش ماڭا نسىپ بولۇپتۇ... (م. ز.) سىلكىنىش خېلى سېلىكتى. (ھ. ى.)

ھەركەت نامى، ئىگە خىزمىتىدە كەلگەندە، ئىگىلىك قوشۇمچىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوبۇل قىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئالمىنىڭ بەرمىگى بار، چىقماقنىڭ چۈشمىگى بار. (ماقال.)

**ئىگىنىڭ باشقا سۆز تۈركۈمىدىكى سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىشى.** ئىگە يۇقۇرىدىكى سۆز تۈركۈملىرىدىن باشقا رەۋىش ۋە مۇستەقىل سۆز تۈركۈمى بولالمايدىغان سۆزلەر بىلەنمۇ ئىپادىلىنىپ كېلىدۇ. ئىگە مۇنداق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلگەندە، ئۇ سۆز تۈركۈمى ئىسىملىشىپ ئىسىم مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

1. رەۋىشنىڭ ئىگە بولۇشى: كۆپ تۈكەرسە كۆپ بولار. (ماقال.)

2. ئىملىق، تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ ئىگە بولۇشى: ياڭراپ كەتتى تاغ ئۈچىندا قۇدرەتلىك "ئۇرا!" (ھ. ئا.) يەتمەمدۇ بۇ زالىملارغا غىرىپ بالىلارنىڭ ئاھى... (ن. ئى.) ئۇي ئىچىدىكى غۇدۇڭ-غۇدۇڭ قىزىدى. (م. ھ.)... جانلىق ئۇرغۇ بىلەن ئېيتىلغان بۇ «مەرھەمەت» بىزگە ئالدىن-ئالا خېلى نەرسىدىن خەۋەردار قىلغاندەك بولدى. («ك. ت.») ۋاڭ-چۇڭ تېخىمۇ كۆپەيدى. ("ك. ت.")

3. "بار، يوق" سۆزلىرىنىڭ ئىگە بولۇشى: بار ياراشتۇرار، يوق تالاشتۇرار. (ماقال.)

4. ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ئىگە بولۇشى: "لېكىن" — قارىمۇ-قارشى باغلىغۇچى.

**قوشما ئىگىلەر.** قوشما ئىگىلەر ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ سۆزلەرنىڭ ئۆز ئارا بىرىكىشىدىن تەشكىل تاپىدۇ. "بىر نەچچە سۆز قوشما ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئۇلار ئۆز ئارا سىنتاكسىسلىق زىچ ئالاقىدا بولۇشلىرى كېرەك"①. مەسىلەن: بىز ئىككىمىز كىچىك چېغىمىزدىن بىللە ئۆسكەن ئىدۇق. (ئو. م.) بىزنىڭ ئەل ئاتىمىزىم ئىلگە ئايلاندى. ("ك. ت")

قوشما ئىگىلەر ئىككى سۆزدىن ئىبارەت بولغاندا، ئۇلارنىڭ

---

① م. بالاقايېۋ، ت. قوردا بايېۋ «ھازىرقى قازاق تىلى گىراماتىكىسى، سىنتاكسىس» ئالماتا، 1961 يىل نەشرى، 77-بەت.

قۇرۇلۇشى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

1. ئىگىلىك كېلىشتىكى ئىسىملار + ئىگىلىك قوشۇمچىسىنى ئالغان ئىسىملار: پۇلارنىڭ ھەممىسى راسقۇ. (م. گ.) كومۇرنىڭ چىقىرىلىشى 463 مىليون توننىدىن 510 مىليون توننىغىچە... كوپەيدى. («ك. ت.») ئالتىنىڭ يېرىمى — تۆۋچ.

2. يوشۇرۇنغان ئىگىلىك كېلىشتىكى ئىسىملار + ئىگىلىك قوشۇمچىسىنى ئالغان ئىسىملار: غۇنچەم ئۆزىمۇ 28 ياشلارغا كىرىپ قالغان. (ن. ئى.) شۇنىڭ ئالدىدىلا ئۇ ئۆزى ئادەملەرنى قەدىرلەش كېرەك... دەپ تۇراتتى. (م. گ.)

3. قوشما سۈپەت + ئىسىم: ... توت يىللىق ۋاقىت بارلىق سوۋېت ئادەملىرىگە يەنە بىر قېتىم شۇنى كورسەتتى. ("ك. ت.")

4. باش كېلىش ياكى ئىگىلىك قوشۇمچىسىدىكى ئىسىم + ئۇرتاق سان!... پەقەت دادام ئىككىيلەنلا ئىشلىدۇق. (ئو. م.)... كونوۋالوۋ ئىككەيلەن... توۋلاش تەسىراتىدىن ئۆزىمىزنى قوتۇلدۇرالمىدۇق. (م گ.)

5. سان + ئىسىم: ئىككى ياش كېلىچەك ئارزۇ ـ ئارمانلىرى توغرىسىدا... ئۇزاق سوھبەتلەشتى. (ج. ب.) ئۈچ دوست، ئاشپۇزۇلدىن چىققان بويى، شەھەرنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىغا قاراپ يول تۇتتى. (ج. ب.)

6. ئېنىقلاش ئالماش + باش كېلىشتىكى ۋە ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئالغان ئىسىم، سان، ئالماش: ھەر ئىككىمىز دەرتمەنكەنمىز ياردىن ئايرىلغان. (خ. ھ.) ئاڭغىچە ھەر قايسىسى جانەمگە سۇ سېپىپ... سەگىتتى. (م. ھ.) پەقەت ھەركىشى ئاللاپ ئالدۇ. (چوچەك.) ھەممە نەرسە يات كورىنىدۇ. (م. گ.)

7. ھەر خىل كېلىش ۋە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنى ئالغان ئىسىم + سۈپەت پېيلى: كوزگە ئىلىنغان پۇتقا چوماق. ئېيىقتىن قورققان جاڭگالغا بارماس. شىرنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر. بېشى ئاغرىغان باخشىغا بارىدۇ. (ماقاللار.)

8 ھال پېيل + سۈپەت پېيل: يەپ تويىمىغان يالاپ تويىماس، چاينىماي يىگەن كوشىمەي ئولەر. (ماقاللار.)

9. خاس ئىسىملار + ئىزاھلىغۇچى، ئىزاھلىغۇچى + خاس ئىسىم: كوز ئالدىغا گەۋدىلىنىپ كەلدى ماۋەن چال. (خ. ج.) ھەممىدىن سەمەت پاكا خوشال ئىدى... (ج. ب.) لېيتېنانت پېترووۋ يەنە كۇلۇمسىرىگەندەك... قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

(ھ. ئا.)

ئۇنگە شۇنداقلا سوز بىرىكمىسى بىلەن ئىپادىلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: بىزنىڭ ھەر قايسىمىز پەقەت بىر سايلام ئوكرۇگىدىلا ئاۋازغا چۈشەلەيمىز. («ك. ت.») ئۆتكەن يىلى تېرە ئاياق كىيىمى 442 مىليون جۈپ ئىشلەپ چىقىرىلدى. ("ك. ت.") ئون ئىككى كۈن ئون ئىككى يىل تۇيۇلدى ماڭا. (خ. ھ.)

ئۇنگە پۈتۈن بىر جۈملە بىلەن ئىپادىلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: بالا ــ چاقىلىق ئۆيدە "نېرى" ئولتار بېرى ئولتار بولماي تۇرامدۇ؟ (س. م.)

فرازېئولوگىيىلىك ئىبارىلەرمۇ ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: سوۋېتلەر سويۇزى كوممۇنىستلار پارتىيىسى... ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. قازاق س س ر ئالى سوۋېتىنىڭ پرېزىدىئۇمى... تەكىتلىدى. بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى... قوبۇل قىلدى.

## خەۋەر

خەۋەر باش مۇچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بىقىندا مۇچە ھېساپلىنىدۇ ۋە ئىگىنىڭ ھەركىتىنى، ھالىتىنى، سۈپىتىنى ۋە باشقا بەلگىلىرىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. ھەرقانداق سوز تۈركۈمىنىڭ خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىشى جۈملىدىكى سۈبىيكتلىق ۋە خەۋەر خۇسۇسىيىتىلىق ئالاقىدىن مەلۇم بولىدۇ. خەۋەرنىڭ خىزمىتى بولۇپمۇ ئىگىگە باغلىق بولغاندا ئوچۇق كورۇنىدۇ.

خەۋەر كوپىنچە پېئىلنىڭ شەخسى فورمىسى ۋە پېئىل فورمىلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداقلا خەۋەر ئىسىم، سان، سۈپەت ئالماش ۋە باشقا سوز تۈركۈملىرى بىلەن ئىپادىلىنىپ كېلىشى مۇمكىن. خەۋەر پېئىلنىڭ شەخسى فورمىسى بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلگەندە، ئىش ــ ھەركەت، ھالەتنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن: "سائادەت ۋە مېھرىبانلىقىم ئىدارىگە بىللە كىردى" (ق. ت.) "غۇنچەم...دىققەت بىلەن تىڭشىدى" (ھ. ئى.) ئەگەر خەۋەر ئىسىملار بىلەن ئىپادىلە-

نىپ كەلسە، نەرسىنىڭ بەلگىسىنى، سۈپىتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
مەن ۋاسىلىي ستېپانوۋىچ روبالسىۋ بولىمەن. (ج. ب.) ئىتتىم ـــ رەھىمجان.
(ق. ت.) دېلىبىرىم بولسا تېخى ياش، نادان. (ج. ب.)

خەۋەر، ئۆزىنىڭ ئىپادىلەش فورمىسىغا قاراپ، كۆۋەندىكىچە بولىدۇ: ئاددى ۋە تەركىبلىك پېئىل ـ خەۋەر؛ ئاددى ۋە تەركىبلىك ئىسىم ـ خەۋەر.

پېئىل ـ خەۋەر. جۈملىدە كۆپرەك خەۋەر بولىدىغان سۆز تۈركۈمى ئاددى پېئىلدۇر. ئاددى پېئىل ـ خەۋەر ئىگىدىن ئاڭلىنىدىغان جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ ھەرىكەت ۋە ھالىتىنى ياكى ئىش جەريانىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاددى پېئىل ـ خەۋەر شەخس، زامان، مەيىلنىڭ ھەر خىل فورمىلىرىدا كېلىپ، ئىگە بىلەن شەخس، سان ئارقىلىق باغلىنىدۇ.

خەۋەر ئاددى پېئىلنىڭ ئېنىق مەيلى بىلەن ھازىرقى، كەلگۈسى ۋە ئۆتكەن زامان فورمىلىرىدا ئىپادىلىنىپ، ھەر خىل مەنە پەرقلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: سىڭلىمۇ بەگۋاشلىغىنىڭ شۇ شوخ سۆزىدىن قېلىشمايتتى. (ئۇ. م.) شېرىنكام ئەتىسى مېھمانخانىغا كەلمىدى. (ھ. ئا.) ئۇششاق قارمۇ كۆكتىن لەيلەپ چۈشمەكتە. (ق. ت.) ئاش بەرگەنگە مۇش بېرىپتۇ. (ماقال.) ئالدىدىكى كىشى يەنە ئۇنىڭ ئاغزىغا ئۇسسۇلۇق تامغۇزدى. (م. ھ.) ئۇ مۇشۇ ئۆتكەن ئون بەش يىل مابەينىدە ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار ئاغىنىسى توغرىلىق مۇنچە ئويلىمىغان. (ھ. ئا.) يوللانمىنى ھازىر ئالىسىز. (ج. ب.)

خەۋەر ئاددى پېئىلنىڭ بۇيرۇق مەيلى بىلەن ئىپادىلەنگەندە، بۇيرۇق، ئىلتىماس، تەكلىپ ـ بۇيرۇق ۋە ھەر خىل ھاياجانلىق ئاھاڭلارنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ــ چىق كۆنتوردىن! يوقال شۇ تۆگمەندىن! (ق. ت.)... مېنى ئارتۇق كۆتمىگىن. (ئو. م.) ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بىزلەرنى ئالدىماي دەپ ئويلىمىسۇن... (م. ھ.) راھەت ئۇخشاش ئالتە ئاي ياز كۆلەڭگىدە ياتقان پىتنىخورلارغا تازىلىتىنىڭ. (ق. ت.) يۈرۈڭ باشلىقنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولمىسىگە كىرىمىز (ج. ب.) — ئۇلتۇرۇڭ شاراپەتخان... (ج.ب.)

خەۋەر ئاددىي پېئىلنىڭ شەرت مەيلى بىلەن ئىپادىلەنگەندە، خاھىش، مەقسەت، ئىلتىماس ۋە مەسلىھەت ئوخشاش مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ. مەسىلەن: رەنجىمەي سىزمۇ جاۋاپ يازسىڭىز. (ز. ق.) تولغۇۋەتسەڭ، توختەك، ماشىناڭنى. (ئو، م.).

ئاددىي پېئىل-خەۋەرنىڭ مۇرەككەپلەشكەن فورمىسى. جۈملىدە بىر پېئىلنىڭ ئۆزى بىر نەچچە قېتىم تەكرارلىنىپ كېلىشى مۇمكىن. پېئىل-خەۋەرلەرنىڭ بۇنداق تەكرارلىنىپ كېلىشى ئاددىي پېئىل-خەۋەرنىڭ مۇرەككەپلەشكەن فورمىسى سانىلىدۇ. بۇ فورمىدا كەلگەن پېئىل-خەۋەرلەر ھەر خىل ھالەت ۋە ئىپادە كۈچىگە باي ئاھاڭلارنى بىلدۈرىدۇ.

پېئىل-خەۋەرنىڭ مۇرەككەپلەشكەن فورمىسى، ئادەتتە، پېئىلنىڭ ئېنىق مەيلىنىڭ تەكرارلىنىشى ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كېلىپ، جەريانىنىڭ داۋاملىشىنى ياكى تەقەززالىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئۇ يەردىنمۇ يەنە يوتكىلىپ، بىر نەچچە زامان مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ. (چوچەك.) چاينى قاينىتىپ قويۇپ، كۈتىمەن، كۈتىمەن، يوق. (ق. ت.)

تەركىپلىك پېئىل-خەۋەرنىڭ ئىپادىلىنىشى. تەركىپلىك پېئىل-خەۋەر دەپ پېئىلنىڭ شەخسى فورمىسى بىلەن ھال پېئىلدىن، سۈپەت پېئىلى ۋە ياردەمچى پېئىللاردىن تۈزۈلگەن خەۋەرنى ئېيتىمىز.

تەركىپلىك پېئىل-خەۋەرلەر ئىككى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كوپ سوزلەردىن ئىبارەت بولۇپ، سېمانتىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق جەھەتتىن بىر مەنە، بىرلىكسىكىلىق پۈتۈنلۈكنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: مەرۋپ ھاشىمۇۋ تېخىمۇ تەشۋىشلىنىپ كەتتى. (ھ. ئا.) بۇ ۋەزىرلەر پادىشانىڭ قېيىن ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرغۇچى بولۇپ سانىلار ئىكەن. (چوچەك.)

بىر نەچچە سوزدىن تۈزۈلگەن تەركىپلىك پېئىل-خەۋەرلەردە ئاساسىي مەنە بىرىنچى ئېلېمېنتتا بولىدۇ. ئىككىنچى ئېلېمېنت بولسا ئۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭغا پەقەت ياردەمچى

سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ.

قوشما پېئىللارنىڭ بىرىنچى ئېلېمېنتى ھال پېئىل، سۈپەت پېئىل فورمىسىدا، ئىككىنچى ئېلېمېنتى "قوي، قال، ئال، بەر، كەل، تۇر، ئىدى" ۋە باشقا ياردەمچى پېئىللار بىلەن كېلىپ، ئىش-ھەركەتنىڭ ئاياقلاشقانلىقىنى، باشلانغانلىقىنى، تەكرارلانغانلىقىنى ۋە باشقا مەنە-ئاھاڭلارنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭ مۇنچىلىك چاپسان مېڭىشىدىن ئىنىگىدۇ ناھايىتى ئالدىراپ كېتىپ بارغانلىقى ئوچۇق سېزىلىپ تۇراتتى. («ك. ت».) بۇرۇنقى ئۆتكەن زامانلاردا بىر چارۋىچى ئادەم ياشىغان ئىكەن. (چوچەك.) شالاڭ بۇلۇتلار ئارىسىدىن تاۋاقتەك كورۇنگەن ئاي غەربكە قاراپ ئىلدام كېتىپ بارماقتا. مۇشۇ چاغدا ئۆيدە ئانا، ئادىل ۋە سىڭلىسى شەمشىنۇرلار قالغان ئىدى. (ق. ت.) مايىمخان بىردىنلا ئۆز سوزىنى داۋام قىلىپ كەتتى. (ج. ب.) ئاشخانىغا كىرىپ، خىلى ئۇزاق قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. (چوچەك.) نارىمان مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، يوتۇلۇپ كەتتى. (ھ. ئا.) لېكىن مەن گەپ قىلىشنىڭ ھېچبىر چارىسىنى تاپالماي يۈرەتتىم. (ئو. م.)

ئىسىم-خەۋەر. ئىسىم-خەۋەر كەڭ مەنىدە ئېلىنىپ، ئۇنىڭ بىرىنچى ئېلېمېنتى ئىسىم، سۈپەت، ئالماش، سان ۋە رەۋىشلەردىن بولىدۇ، ئىككىنچى ئېلېمېنتى بولسا ياردەمچى پېئىللار سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ.

ئىسىم فورمىسىدىكى سوزلەر بەزىدە ئۆز ئالدىغا قوللىنىلىپ، خەۋەر مەنىسىدە كېلىدۇ، بەزىدە پېئىلنىڭ شەخسى ياكى ياردەمچى فورمىلىرى تەركىۋىدە كېلىپ، خەۋەر مەنىسىنى ئاڭلىتىدۇ. مەسىلەن: يۇقى-كىيىم، سۈت-تاماق. (ئى. ب.) بۇ كىشى يېشى يىگىرمە بەشتىن ئېشىشقا باشلىغان ساۋۇتجان ئىدى. (ق. ت.)

ئىسىم-خەۋەر تەركىۋىدە كەلگەن "بولدى، ئىدى، ئىكەن" ۋە باشقا ياردەمچى پېئىللار پەقەت زامان، مەيلىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: بۇ بوۋاي... خاڭغا بىر ئاي ئىلگىرى تومۇر يولدىن ئىشقا كەلگەن سىرگىي ئىدى. (م. ھ.) كوپ ئۆتمەي بىرىگادىر بولدى. ("ك. ت")

ئىسىم-خەۋەرلەر، قۇرۇلۇشىغا قاراپ، ئىككى تۇرلۇك بولىدۇ: 1)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاددى ئىسىم ـ خەۋەر؛ 2) تەركىپلىك ئىسىم ـ خەۋەر.

ئاددى ئىسىم ـ خەۋەرلەر. ئاددى ئىسىملار ئۆز ئالدىغا خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، ھەر خىل مەنە ـ ئاھاڭلارنى ئاڭلىتىدۇ.

تۆۋەندىكى ئىسىم گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان سۆزلەر خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ:

1. ئىسىملار: مەن ـ مۇئەللىم، سەن ـ ئىشچى. (ئى. ب.)

2. سۆپەتلەر: ھەممە ئادەمنىڭ بالىسى ئۆزىگە تاتلىق. (ق. ت.) كۆچا ھەركىتى ناھايىتى كۈچلۈك. (ن. ئى.)

3. ئالماشلار: بەسىھىتىم ساڭا شۇ. (ئى. ب.) تۈندە چىراق نۇرلىرى ئۆزەم. (م. ز.)

4. سانلار: ئۈچ يەردە ئىككى ـ ئالتە.

5. رەۋىشلەر: مېنىڭ ئائىلەمدە جان جىق. (ن. ئى.) قىزلار مۇ ناھايىتى نۇرغۇن. (ج. ب.)

6. ھەركەت نامى: مېنىڭ ۋەزىپەم ـ ئوقۇش. ("ك. ت.")

تەركىپلىك ئىسىم ـ خەۋەرلەر. تەركىپلىك ئىسىم ـ خەۋەرلەردە بىرىنچى ئېلېمېنت ئىسىملاردىن بولىدۇ ـ دە، ئىككىنچىسى پېلىنىڭ شەخسى ياكى ياردەمچى فورمىلىرىدىن بولىدۇ. مەسىلەن: بۇ كىشى «ئاھ يېزىسىنىڭ چوڭ مېچىتىنىڭ ئىمامى ئىدى. (م. ھ.) ئۇ تېخى ياش ئىكەن. (چوچەكتىن.) بۇ بىردىنلا كەلگەن ئازاپ ـ كۈلپەتلەر... روسىيە پادىشالىقىغا ئۆتكەندىن بۇيان كورۈلگەن ئېغىرلىقنىڭ ئەڭ چوڭلىرىدىن بىرى ئىدى. (م. ھ.) ئۇ كىشى مۇشۇ زۆھىنونىڭ ئۇلغار كىشىسى ھېساپلىنىدۇ. ("ك. ت.") ئايىت باي «ئاھ يېزىسىنىڭ ئورۇق ـ ئۈرۈغىدىن داۋام قىلىپ كەلگەن... سودىگەر ئىدى. (م. ھ.)

خەۋەرنىڭ "بار" "يوق" سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلىنىشى. "بار" ۋە "يوق" سۆزلىرى توغرىلىق تىلچى ـ ئالىملار ئارىسىدا ھەر خىل پىكىرلەر بار، چۈنكى بۇ سۆزلەرنى، ئۇلارنىڭ بەزىبىر خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ، مەلۇم بىر سۆز تۈركۈمىگە ياتقۇزۇش قىيىن. شۇنداق بولسىمۇ، مەنىسى ۋە گىراماتىكىلىق بەلگىلىرى جەھەتتىن ئۇلارنى

ئىسىم كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ، سەۋەبى ئۇ ئىسىملار ئوخشاش كېلىش قوشۇمچىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. مەسىلەن: "بارغا ـ بارچە، يوققا ـ يوقچە." (ماقال.) شۇنداقلا ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ. مەسىلەن: مۇنداق دۈشمەن تۇققاننىڭ بارىدىن يوقى ياخشى. (ق. ت.)

"بار" "يوق" سوزلىرى قوشما خەۋەر تەركىۋىدىمۇ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: سىلەر ئۇرۇشقاندا، مەن يوق ئىدىمغۇ؟ (ق. ت.) ئويىڭلارغا كىرسەم، ئۆزەڭدىن باشقا ھېچ كىم يوق ئىكەن. (ق. ت.)

خەۋەرنىڭ ئىگە بىلەن باغلىنىشى. خەۋەر بىلەن ئىگىنىڭ باغلىنىشى پەقەت ئىككى تەركىپلىك جۈملىلەردە ـــ ئىگە ۋە خەۋەر مەۋجۇت بولغان جۈملىلەردە ـــ بولىدۇ. ئادەتتە، خەۋەر ئىگىگە كېلىشىش يولى بىلەن بېقىنىدۇ ۋە خەۋەرنىڭ شەخس فورمىلىرىنى قوبۇل قىلىشى ئىگىگە بىۋاستە باغلىق بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا ئىگە بىلەن خەۋەر شەخس، سان جەھەتتىن باغلىنىپ كېلىدۇ.

ئىگە ئالماشلارنىڭ I، II، شەخسى بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلگەندە، ئۇ ئىسىم، پېئىل ـ خەۋەرلەر بىلەن شەخس جەھەتتىن بىر بىرىگە ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: مەن (I شەخس) يازدىم (I شەخس).

سەن (II شەخس) ئوقۇدۇڭ (II شەخس).

بىز (I شەخس) كەلدۇق (I شەخس).

سىلەر (II شەخس) ئىشلىدىڭلار (II شەخس).

مەن (I شەخس) ئوقۇغۇچىمەن (I شەخس).

سەن (II شەخس) ئىنژېنېرسەن (II شەخس). ۋە باشقىلار.

يۇقۇرىدىكى مىساللاردىن ئىسىم ۋە پېئىلدىن بولغان خەۋەرلەرنىڭ I ۋە II شەخسىدە خەۋەر خۇسۇسىيىتىگە ئىگە قوشۇمچىلارنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى كورۇۋېلىش تۇرىدۇ. بۇ قوشۇمچىلار پەقەت خەۋەرلەرگىلا ئۇلىنىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا خەۋەرلەر ئىگە بىلەن ھېچقانداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گىراماتىكىلىق فورمىدا بولمايلا باغلىنىدۇ. مۇنداق باغلىنىش II شەخس بۇيرۇق پېئىلىدىن، شۇنداقلا ئىسمىدىن بولغان خەۋەرلەردە بولىدۇ. مەسىلەن: "سەن ياز. مەن ئىستودېنت. سەن دوختۇر. ئۇ كولخوزچى". بۇ يەردە ئىگە بىلەن خەۋەر ئۆزئارا مەنە تەرىپىدىن باغلانغان. خەۋەردىكى شەخسنى كۆرسەتكۈچى قوشۇمچىنىڭ يوقلىقىنى پىروفېسسور م. ب. بالاقايېۋ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: "كىشىلىك ئالماشتا خەۋەر قوشۇمچىسى بولۇپ كېلىدۇ، بۇ قوشۇلغان گەپلەردە خەۋەر ئىنتوناتسىيىسى خېلى كۈچەيتىلىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ."①

جۈملىدە بىر نەچچە ئىگە بولغاندا، خەۋەر ئۇنىڭ بىلەن تۆۋەندىكىچە ماسلىشىدۇ:

1) بىر نەچچە ئىگە بىر شەخستە بولسا، خەۋەر بىرلىكتە ھەم كۆپلۈكتە بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: رەئىس بىلەن مۇسا بىردىنلا چۆچىدى. (ن. ئى.) شۇندىن كېيىن ئاسىم بىلەن دىلبەر بىر بىرىگە تەلمۈرۈپ قارىشىپ... (ج. ب.)

2) ئىگە I ۋە II شەخستە كەلسە، خەۋەر I شەخسنىڭ كۆپلۈكىدە بولىدۇ. مەسىلەن: مەن ۋە سەن كوردۇق.

3) ئىگە I ۋە III شەخستە كەلگەندە، خەۋەر كۆپلۈكتە بولىدۇ. مەسىلەن: مەن ۋە ئۇ ئىشلىدۇق.

4) ئىگە II ۋە III شەخستە كەلسە، خەۋەر II شەخسنىڭ كۆپلۈكىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: سەن ۋە ئۇ يازدىڭلار.

5) ئىگە I، II، III شەخستە كەلسە، خەۋەر I شەخسنىڭ كۆپلۈكىدە بولىدۇ. مەسىلەن: مەن، سەن، ئۇ يازدۇق.

دېمەك، باش مۇچىلەرنىڭ ئۆزئارا شەخس تەرىپىدىن باغلىنىشى شەرت. لېكىن ئۇلار سان جەھەتتىن باغلانغاندا، شەخستە بەزىبىر ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە. بۇ ئۆزگىچىلىكلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

---

① م. ب. بالاقايېۋ. مەزكۇر ئەسەر، 157 ـ بەت.

1. ئىگە كوپلۇك فورمىسىدا كېلىپ، جانلىق نەرسىنى بىلدۈرسە، خەۋەر بىرلىكتە ھەم كوپلۇكتە كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: باللار كەلدى. بالىلار كېلىشتى. ئاتلار كىشنىدى. ئاتلار كىشنەشتى.

2. ئىگە كوپلۇك فورمىسىدا كېلىپ، جانسىز نەرسىلەرنى بىلدۈرسە، خەۋەر بىرلىكتە بولىدۇ. مەسىلەن: ئالمىلار پىشتى. قارلار ئېرىدى. يەرلەر ئېكىلدى.

## جۈملىنىڭ ئەگەشمە مۇچىلىرى

ئۇيغۇر تىلىدا، جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق خىزمىتىگە قاراپ، ئەگەشمە مۇچىلەر ئۈچ تويقا بولىنىدۇ: تولۇقلىغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، ھالەتلەر.

ئادەتتە، ئەگەشمە مۇچىلەر گىراماتىكىلىق جەھەتتىن يىقىنىدا بولۇپ، باش مۇچىلەرنى — ئىگە بىلەن خەۋەرنى — تولۇقلاپ، ئېنىقلاپ ۋە ئىزاھلاپ كېلىدۇ. ئەگەشمە مۇچىلەرنىڭ بۇ خۇسۇسىيەتلىرى بىقىندۇرغۇچى سوزگە باغلىنىپ كەلگەندىلا ئېنىقلىنىدۇ. مەسىلەن، تولۇقلىغۇچى ھەركەت ئۆزىگە قارىتىلغان كەڭ مەنىدىكى نەرسىنى، ئېنىقلىغۇچى نەرسىنىڭ ساپا، سۈپەت ۋە ھەر خىل بەلگىلىرىنى، ھالەت بولسا ئىش ھەركەتنىڭ ئورۇنلىنىش جەريانىدىكى ھالەتلەرنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەشمە مۇچىلەر ئۈچ تويقا بولۇنسىمۇ، ئۇلارنى ئايرىشتا بەزى بىر قىيىنچىلىقلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن. مۇنداق قىيىنچىلىقلار ئەگەشمە مۇچىلەر بېرىش، چىقىش، ئورۇن-ۋاقىت كېلىشلىرىدە ۋە ياردەمچى سوزلەر بىلەن كەلگەن ئىسىملار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەندە بايقىلىدۇ. مەسىلەن: تۇۋەنگە قارىدىم (ھالەت)، ئاتقا قارىدىم (تولۇقلىغۇچى)، ئىلھام بىلەن يازدىم (ھالەت)، قەلەم بىلەن يازدىم

(تولۇقلىغۇچى).

يۇقۇرىدىكى جۈملىلەردە بىر ئەگەشمە مۇچىسىنىڭ سىنتاكسىسلىق ۋە مەنە جەھەتتىن قوللىنىشىغا قاراپ بىردە تولۇقلىغۇچىسى، بىردە ھالەت بولۇپ كېلىشىنىڭ سەۋەبى شۇنىڭدىكى، بېقىندۇرغۇچى سۆز بىلەن بېقىنغۇچى سۆزلەر سۆز بىرىكمىسىنى تەشكىل قىلىپ، ئۆز ئىچىدە ھەرخىل مۇناسىۋەتلەرنى — ئوبيېكتلىق ۋە كەڭلىك مۇناسىۋەتلىرىنى — ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەگەشمە مۇچىلەر توغرىلىق مەسىلە سىنتاكسىستىكى قىيىن، ھەل قىلىنمىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، كېيىنكى ۋاقىتلاردا نەشر قىلىنغان گىراماتىكىلاردا ئەگەشمە مۇچىلەرنى تۈرلەرگە ئايرىشتا لوگىكىلىق ئايرىش ئاساس قىلىنماقتا. تۈرلەرگە مۇنداق ئايرىغاندا، جۈملە مۇچىلىرى سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق ھەم لېكسىكىلىق مەنالىرى ۋە سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق ئېنىقلىنىدۇ ۋە بۇ ئاساس كەڭ تارقالغان.

## تولۇقلىغۇچى

جۈملىدىكى ئەگەشمە مۇچىلەرنىڭ بىرى — تولۇقلىغۇچى. تولۇقلىغۇچى نەرسە ياكى شەخسنى بىلدۈرۈپ، بېقىندۇرۇپ كەلگەن سۆزگە، يەنى خەۋەرگە، باشقۇرۇش يولى بىلەن باغلىنىدۇ. ئىگىمۇ نەرسە ۋە شەخسنى بىلدۈرۈپ كېلىپ، بۇ جەھەتتىن تولۇقلىغۇچىغا ئوخشايدۇ. لېكىن ئىگە گىراماتىكىلىق جەھەتتىن مۇستەقىل جۈملە مۇچىسى ھىساپلىنىپ، پەقەت باش كېلىشتە كېلىدۇ. تولۇقلىغۇچى بولسا ئىگە ۋە خەۋەرنىڭ ئالاقىسىدىكى سۇبيېكتنىڭ ھەركىتىگە مەلۇم يول بىلەن باغلانغان ئوبيېكتنى بىلدۈرۈپ، چۈشۈم

چىقىش، بېرىش، ئورۇن-ۋاقىت كېلىشلىرىدە ھەم ئىركەلمىلەر ئارقىلىق كېلىدۇ. مۇنداق ۋاقىتتا تولۇقلىغۇچى خەۋەرنىڭ ھەرىكىتى ئۆزىگە ئۆتكەن ياكى شۇ ھەرىكەتكە قانداقتۇر يول بىلەن باغلانغان نەرسىنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، تولۇقلىغۇچى ئارقىلىق ھەرخىل ئوبيېكتلىق مۇناسىۋەتلەر ئىپادىلىنىدۇ.

تولۇقلىغۇچىنىڭ قايسى كېلىشتە تۇرۇشى، ئادەتتە، ئۇنى باشقۇ-رۇپ كەلگەن سۆزگە باغلىق بولىدۇ. تولۇقلىغۇچى ئاساسەن خەۋەر ئارقىلىق باشقۇرۇلۇپ كېلىدۇ. بەزىدە تولۇقلىغۇچى جۈملىنىڭ باشقا مۇچىلىرىگە باغلىنىپ، شۇلار ئارقىلىق باشقۇرۇلۇشى مۇمكىن. مۇنداق چاغدا باشقۇرغۇچى مۇچىلەر سۈپەت پېئىلى، ھەرىكەت نامىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ھەرىكەت، ھالەت مەنىسىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. مەسىلەن: بويىنى باغلىغان ئىت ئوۋغا يارىماپتۇ. (ماقال.) ياخشىنى كۆر-مەك بار. (ماقال.) كامچىلىغىنى ئېيتىش توغرا بولىدۇ.

تولۇقلىغۇچى، ئىگىگە ئوخشاش، نەرسە ۋە شەخسنى بىلدۈرگەن-لىكتىن، كېلىش قوشۇمچىلىرىنى قوبۇل قىلغان ئىسىم، ئالماش، سان ۋە ئىسىملاشقان سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ:

1. تولۇقلىغۇچى ئىسىمدىن بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: مېنىڭ بۇ سۆزۈمگە چوڭ ئانامنىڭ جېنى چىققاندۇ... (ئو. م).

2. تولۇقلىغۇچى ئالماشتىن بولۇپ كېلىدۇ: مۇمكىن ئۇنى سادىر پالۋان ئۆزى تىكىپ كەتكەن. (ئى. ب.)

3. سان تولۇقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ: سەككىزنى ئۈچكە كەسىرسىز بولۇشكە بولمايدۇ.

4. ئىسىملاشقان سۈپەت، سۈپەت پېئىلى، رەۋىش ۋە ھەرىكەت نامى تولۇقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ: ياخشىنى يات ئىتكەن دېمە، ياماننى ئات ئىتكەن دېمە. (ماقال.) ياتقانغا يان يوق، قاچقانغا ئالۋاڭ يوق. (ماقال.) ئازنى دەپ، كۆپتىن قۇرۇق قاپتۇ. (ماقال.) ئۇ كۆپ ئوتتۇمەيلا يېزىشنى ئۆگەندى. ("ك. ت.")

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

تولۇقلىغۇچىلار، ئۇزلىرىنىڭ سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسى ۋە فورمىسىغا قاراپ، ئىككىگە بۆلىنىدۇ: 1) توغرا تولۇقلىغۇچىلار؛ 2) يانداش تولۇقلىغۇچىلار. بەزى ئالىملار، شۇ جۈملىدىن پروفېسسور ئا. ن. كونونوۋ، ئۆزبېك تىلىدىكى تولۇقلىغۇچىلارنى توغرا، يانداش ۋە نىسبىي (تىركەلمىلىك) دەپ ئۈچكە بۆلىدۇ.

**توغرا تولۇقلىغۇچى.** توغرا تولۇقلىغۇچىلار سۆبىيكتنىڭ ھەركىتىنى بىلدۈرىدىغان ئۆتۈملۈك پېئىللارغا ۋە ھەركەت، ھالەت مەنىسىدە كەلگەن سۆزلەرگە بىۋاستە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: **ئۇنىڭ** رەسىمىنى كېچە ـ كۈندۈز قېشىمدىن زادى ئايرىمايمەن. (ق. ت.) **شىرنى** يەڭگەن باتۇر ئەمەس. (ماقال.)

توغرا تولۇقلىغۇچى ھەر قاچان چۈشۈم كېلىشتىكى سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ ۋە بۇ فورما ئۇنىڭ ئۆتۈملۈك پېئىل تەرىپىدىن باشقۇرۇلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بەزىدە توغرا تولۇقلىغۇچى يوشۇرۇنغان چۈشۈم كېلىشتە، يەنى چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن شەكىللەنمىگەن ھالدا كېلىشى مۇمكىن.

توغرا تولۇقلىغۇچىنىڭ ئۆتۈملۈك پېئىللار بىلەن كېلىشى جۈملىدە پېئىللىق سۆز بىرىكمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. خەۋىرى ئۆتۈملۈك پېئىل بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلگەن جۈملىدە توغرا تولۇقلىغۇچىنىڭ بولماسلىقى پىكىرنىڭ تولۇق ئەمەسلىكىنى، بىر مۇھىم نەرسىنىڭ تولۇق ئېيتىلماي قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى سېلىشتۇرۇڭ: مەن كىتاب ئالدىم ـــ مەن ئالدىم. ئۇ ئىشىكنى ياپتى ـــ ئۇ ياپتى.

چۈشۈم كېلىشتىكى سۆزلەر پەقەت پېئىلدىن بولغان خەۋەرلەر بىلەنلا باشقۇرۇلماي، ئۇ بىرىنچى تەركىۋي قىسمى ئىسىملاردىن بولغان قوشما خەۋەرلەر ئارقىلىقمۇ باشقۇرۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: "مېخانىزاتورلار **تىراكتورلارنى** رېمونت قىلدى، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز

ياخشى تۇرمۇشنى ئارمان قىلغان ئىدى". بۇ مىساللاردىن ئىسىم بىلەن ياردەمچى پېئىللارنىڭ بىرىكىپ، ئوتتۇملۇك پېئىل ھاسىل قىلغانلىقىنى ۋە چۈشۈم كېلىشتىكى سۆزلەرنىڭ شۇ پېئىل ئارقىلىق باشقۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن. بۇنداق باشقۇرۇشنى پروفېسسور م. ب. بالاقايېۋ ئارىلاش (مۇرەككەپ) باشقۇرۇش دەپ ئاتايدۇ.

توغرا تولۇقلىغۇچىنىڭ قوشۇمچە بىلەن ياكى قوشۇمچىسىز كېلىشى توغرىلىق. مەلۇمكى، ئوبيېكت بىلەن ھەركەتنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەر خىل بولىدۇ. ھەركەتنىڭ قانداق خاراكتېرغا ئىگە بولۇشىغا باغلىق، گىراماتىكىلىق ھالەتكە ۋە مەزمۇنىغا قاراپ، توغرا تولۇقلىغۇچىلار "-نى" كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن شەكىللىنىشى ھەم شەكىللەنمەسلىكى مۇمكىن.

توغرا تولۇقلىغۇچىلارنىڭ مۇنداق ئىككى خىل فورمىدا كېلىشى توغرىلىق تۈركولوگىيەلىك ئەدەبىياتلاردا نۇرغۇن پىكىرلەر بار. مەسىلەن، ئا. كازىمبېك مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر ھەركەتنىڭ نەرسىسى ئېنىق بولمىسا ۋە پېئىلنىڭ ئالدىدا بىۋاستە تۇرمىسا، چۈشۈم كېلىش باش كېلىش بىلەن ئالمىشىدۇ"①. «ئالتاي تىللىرى گىراماتىكىسى» دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورلىرى چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ بولۇش، بولماسلىقىنى نەرسىنىڭ ئېنىق ياكى ئېنىق ئەمەسلىكىگە باغلىق دەپ قارايدۇ. پ. م. مېلىئورانسكىي بولسا: "شەكىللەنگەن ۋە شەكىللەنمىگەن چۈشۈم كېلىشنىڭ قوللىنىلىشى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سۆزلىگۈچى بىلەن يازغۇچىنىڭ شەخسى كۆز قارىشىغا باغلىق بولىدۇ"،② — دەيدۇ. پروفېسسور ۋ. م. ناسىلوۋ

---

① ئا. كازىمبېك «تۈرك — تاتار تىلىنىڭ ئومۇمى گىراماتىكىسى» قازان 1869 - يىل، رۇسچە نەشرى، 381 — 382 - بەتلەر.

② پ. م. مېلىئورانسكىي «قازاق - قىرغىز ئاددى گىراماتىكىسى» II قىسىم، СПБ، 1897 - يىل، رۇسچە نەشرى، 15 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇزىنىڭ «ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى» دېگەن كىتاۋىدا توغرا تولۇقلىغۇچىلارنىڭ ئىككى فورمىدا كېلىشىنى تۆۋەندىكىچە چۈشەندۈرىدۇ: "شۇنداق قىلىپ، چۈشۈم كېلىشى ھەركەتنىڭ ئوبيېكتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ ئىككى يول بىلەن ياسىلىدۇ: ئەگەر ھەركەت ئوبيېكتى ئېنىق بولسا، ئۇ "-نى" ئارقا قوشۇمچىسىنى قوبۇل قىلىدۇ؛ ئەگەر ئوبيېكت نائېنىق بولسا، ئۇ، باش كېلىش ئوخشاش، ئىسىم ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ"①. ن. ك. دمىترىيېۋنىڭ پىكىرىچە، ئېنىقلىق بىلەن نائېنىقلىق "يەككىلىك" ۋە "كوللېكتىپلىق" چۈشەنچىسى بىلەن باغلىق②.

توغرا تولۇقلىغۇچىلار ئۇيغۇر تىلىدا تۆۋەندىكى شارائىتلاردا چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كېلىدۇ:

1) خاس ئىسىملاردىن بولسا، مەسىلەن: ... زەينەپنى چاقىرىپ چىقىپ كەتتى. (ئو. م.)

2) كىشىلىك ۋە كورسەتىش ئالماشلاردىن بولسا. مەسىلەن: مېنى يوقلاپ، ئۈچ-تۆت قىز كەپتىكەن. (ك. ت.) ئۈچ بالىسى بار، شۇلارنى ئېسىگە ئالار. (ج. ب.)

3) كورسەتىش ئالماش، سۈپەت پېئىللى ۋە ئورۇن، ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان سوزلەردىن بولغان ئېنىقلىغۇچىلار توغرا تولۇقلىغۇچىنىڭ ئالدىدا كەلسە، مەسىلەن: مەن بۇ رادىئونى پەقەت ناخشا ئېيتقاندىلا تىڭشايمەن ئەمەسمۇ! (ج. ب.) قولىدىكى قوشۇقنى جىننىڭ بېرىچە ئۇستەلگە ئاتتى. (ق. ت.) كوكۈلدە پەيدا بولغان يارسىلارنى ساقايتتى. (ئو. م.) ئاخشامقى ئويۇننى ھەممىمىز كوردۇق.

---

① ۋ. م. ناسىلوۋ «ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى» موسكۋا، 1940 - يىل، رۇسچە نەشرى، 42 - بەت.

② ن. ك. دمىترىيېۋ «باشقىرت تىلى گىراماتىكىسى» 217 — 213 - بەتلەر.

4) توغرا تولۇقلىغۇچى ئىسىملاشقان رەۋىش، سۈپەت، سان، سۈپەت پېئىلى، ھەركەت نامى بىلەن ئىپادىلەنسە. مەسىلەن: بىرنى بىرى بېرىدۇ، كۆپنى مېھنەت بېرىدۇ. (ماقال.) يامانىنى ئىشىكىڭگا يولاتساڭ، يولاتە، قېشىڭغا يولاتما (ماقال.) ئايرىلغاننى ئېيىق يەر، بۆلۈنگەننى بۆرى يەر. (ماقال.) كۈرەشچان خەلقىمىز تېچلىقتا قاتار ياشاشنى ئالەمدە قىلماقتا جارى. (خ. ھ.)

5) ئىگىلىك قوشۇمچىسىنى قوبۇل قىلغان ئىسىملار توغرا تولۇقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلسە. مەسىلەن: ھەسرەتلىنىپ بېشىڭنى ئاستاغىنە تۆۋەن ئېگىسەن ۋە كالپۇكىڭنى مەھكەم چىشلەيسەن. (ن. ئى.)

6) توغرا تولۇقلىغۇچى بىلەن ئۇنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان سۆز-لىك ئارىسىدا باشقا جۈملە مۇچىسى كىرىۋالسا. مەسىلەن: سىرنى خېلىچەمگە ئېيتىشقا قاراپ قىلدىم-دە...(ئو. م.)

7) بىر خىل توغرا تولۇقلىغۇچىلار ئۆزئارا باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ياكى ئىنتوناتسىيە بىلەن باغلىنىپ كېلىپ، بىر خەۋەرگە بېقىنىپ كەلسە، ئاخىرقىسى چۈشۈم كېلىشتە كېلىدۇ. مەسىلەن:...ئېلەم بىلەن مەسۇمنى تونۇپ قالغان ئىكەن. (م. ھ.)

8) جۈملىدە ئىگە بىلەن توغرا تولۇقلىغۇچى قاتار كېلىپ، ئىك-كىلىسى بىر خىل فورمىدىكى سۆز بىلەن ئىپادىلەنسە، توغرا تولۇقلىغۇچى چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: قول قولنى يۇسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيار. (ماقال.) ئوغرىسىنى ئوغرى تاپىدۇ. (ماقال.)

9) توغرا تولۇقلىغۇچى شەخسكە ئىلگىرىدىن مەلۇم بولغان، كونكرېت نەرسىنى، تەكىتىنى بىلدۈرسە، چۈشۈم كېلىشتە قوللىنىلىدۇ: مەن خەتنى يازدىم.

توغرا تولۇقلىغۇچىلار ئاساسەن مۇنۇ ھالەتلەردە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسىز كېلىدۇ:

1) توغرا تولۇقلىغۇچى بىۋاستە خەۋەرنىڭ ئالدىدا تۇرسا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەسىلەن: بىچارە رەئىس ئۆزى كېچە ـ كۈندۈزلەپ كەتمەن چاپىدۇ. (م. ھ.)

2) توغرا تولۇقلىغۇچىلار ئۆزئارا باغلىغۇچىلار بىلەن باغلىنىپ كېلىپ، گۇرۇپپا تەشكىل قىلسا، بىرىنچى تولۇقلىغۇچى چۈشۈم كېلىشسىز كېلىدۇ. مەسىلەن: ... تۆيۈقسىزدىن ھارۋا ئاستىدىكى ئېلەم بىلەن ئۇسۇمنى تونۇپ قالغان ئىكەن. (م. ھ.)

يانداش تولۇقلىغۇچىلار. بېرىش، چىقىش ۋە ئورۇن ـ ۋاقىت كېلىشلىرىدە كەلگەن تولۇقلىغۇچىلار يانداش تولۇقلىغۇچىلار سانىلىدۇ.

يانداش تولۇقلىغۇچىلار ھەركەتنىڭ شەيئىگە بولغان ھەر خىل ئالاقىلىرىنى بىلدۈرۈپ كېلىپ، پېيىلدىن بولغان خەۋەرلەرگە، شۇنداقلا ئىسىملاردىن بولغان خەۋەرلەرگە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ئاتتىن ئىگىز، ئىتتىن پەس. (تېپىشماق.) ئۇغلىڭىزدىن خەت كەلدى. (ئى. ب.)

يانداش تولۇقلىغۇچىلار ۋەزىيىتىدە نەرسە مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن ئىسىملار بىلەن كىشىلىك ئالماشلار كېلىدۇ. مەسىلەن: ھېلىمۇ شۇ ۋەدەمدىن يانغىنىم يوق. (ج. ب.) ئەمدى ئېيتقىنا، ئانا، سەن نېمىشقا شۇ چاغدا ماڭا جاۋاپ بەرمەيتتىڭ؟ (ئو. م.) ياخشىدىن جاپا كەلمەس، ياماندىن ۋاپا كەلمەس. (ماقال.)

يانداش تولۇقلىغۇچىلارنىڭ مەنىلىرى. يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، يانداش تولۇقلىغۇچىلار خەۋەرلەرگە ھەر خىل كېلىشلەر ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئاڭلىتىدىغان مەنىلىرىمۇ ھەر خىل بولىدۇ.

بېرىش كېلىشتىكى سۆز بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلگەن تولۇقلىغۇچىلار ھەركەتنىڭ كىمگە، نېمىگە قارىتىلغانلىقىنى ۋە باشقا مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ... 8 ـ مارت دېگەن ئاياللارنىڭ، قىزلارنىڭ بايرىمى... پادارگىنى ئاياللارغا بېرىدۇ. ئەر مۇئەللىملەرگە بەرمەيدۇ... (ج. ب.)

چىقىش كېلىشتىكى يانداش تولۇقلىغۇچىلار نەرسىنىڭ نىمىدىن ئىشلەنگەنلىكىنى، توپىتىن چېكىپ ىلاش، ئاجرىتىپ كۆرسىتىش، ئىپلىشتۈرۈش مەنىلىرىنى ۋە باشقا مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ. مەسىلەن: بۇ قوچاق لايدىن ئىشلەنگەن. ئۇرۇقچىسىدىن مېغىزى تاتلىق. (ماقال.) باققا كىردىم شوراڭدىن، بىر تال ئالدىم غوراڭدىن. (قوشاق.)

ئورۇن-ۋاقىت كېلىشتە كەلگەن ياندا ش تولۇقلىغۇچىلار ھەر-كەت ياكى ھالەتنىڭ نىمە بويىچە، نىمىدە بولىدىغانلىقىنى، نەرسىگە تەن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: تومۇر ئوتتا بىلىنىدۇ. ئادەم مېھنەتتە بىلىنىدۇ. (ماقال.) بوۋايدا بۇ ناننى ئېلىپ يېيىشكىمۇ ھېچبىر دەرمان كورۇنمەس ئىدى. (م. ھ.)

"بىلەن، توغرىسىدا، ھەققىدە، تەرىپىدىن" ئوخشاش ياردەمچى سوزلەر بىلەن كەلگەن ئىسىملار ئوبيېكتلىق مۇناسىۋەتنى بىلدۈرۈپ، ياندا ش تولۇقلىغۇچىلار ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايدۇ. بۇنداق تولۇقلىغۇ-چىلار جۇملىدە ھەر خىل مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ. مەسىلەن، "بىلەن" ياردەمچىسى ئارقىلىق تۈزۈلگەن تولۇقلىغۇچىلار بىللىلىك، ھەمكار-لىق، ۋاستە، قورال مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ: ئەخمەت داۋۇت بىلەن كەلدى. مەن قەلەم بىلەن يازدىم.

"ھەققىدە، توغرىسىدا" ياردەمچىسى بىلەن كەلگەن ياندا ش تولۇقلىغۇچىلار ئىش-ھەركەتنىڭ بىرەر ئوبيېكت توغرىلىق بولغان-لىقىنى ئاڭلىتىدۇ. مەسىلەن: ئۇ شېئىر توغرىلىق ئېيتتى. مەن ئىش ھەققىدە كەلدىم.

"تەرىپىدىن" ياردەمچى سوزى بىلەن قوللىنىلغان ياندا ش تولۇق-لىغۇچى لوگىك سۇبيېكتنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: بۇ لايىھە ساۋۇتوۋ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىبنىقلىغۇچى

ئىبنىقلىغۇچى ئادەم ياكى نەرسىنىڭ بەلگىسىنى، ساپاسىنى، كىمىتە، نىمىگە قاراشلىق ئىكەنلىكىنى ۋە قانداق نەرسىدىن ئىشلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان جۈملىنىڭ ئەگەشمە مۇچىسىدۇر. ئىبنىقلىغۇچى ھەرقاچان جۈملىدە ئىسىم ۋە ئىسىملاشقان سوزلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئىبنىقلانغۇچى مۇچىنىڭ ئالدىدىن كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرسىنتاكسىسلىق بىرىكمە تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن: قىزىل بايراق، سېرىق ئالما، ئون دەپتەر، سىمىز گوش، تاتلىق قوغۇن، يېشىل يوپۇرماق.

ئىبنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە تۈرلۈك سوز تۈركۈملىرى كېلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئىبنىقلىغۇچى كوپىنچە سۈپەت بىلەن، شۇنداقلا ئىسىم، سان، ئالماش، سۈپەت پېئىل، تەقلىدىي سوز، دەرىجە-مىقدار رەۋىشلەر ۋە ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن سوزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئىبنىقلىغۇچىلار، ئادەتتە، ئىبنىقلانغۇچى مۇچىنىڭ ئالدىدىن كېلىدۇ. ئىبنىقلىغۇچىلار ئوزى ئىبنىقلايدىغان سوزلەر بىلەن ئىككى تۈرلۈك باغلىنىشتا بولىدۇ: يانداش ۋە كېلىشىش باغلىنىشتا.

ئىبنىقلىغۇچى بىلەن ئىبنىقلانغۇچى ياندىاش باغلىنىش ئارقىلىق، قوشۇمچىسىز ھالدا، پەقەت تۇتقان ئورنى بىر بىرىگە تىركىلىش ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ. ئىبنىقلانغۇچىغا ياندىاش باغلىنىش يولى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن ئىبنىقلىغۇچىلار سۈپەت، باش كېلىشتىكى ئىسىم، سان، سۈپەت پېئىلى ۋە ئالماشلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: "قاسىم ئالتۇن سائەت ئالدى. قىزىل گۈللەر ئېچىلدى. بۇ كىتاپ كىمگە تېگىشلىك؟ تاپشۇرغان ئىش ئوز ۋاقتىدا ئورۇنلاندى. مەن بەش دەپتەر ئالدىم." كېلىشىش يولى بىلەن ئىبنىقلىغۇچى ئىبنىقلانغۇچىغا ئىگىلىك كېلىش ۋە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ. ئىبنىقلىغۇچى ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسىدىكى سوز بىلەن ئىپادىلىنىپ، ئىبنىقلانغۇچى سوز ئىگىلىك

قوشۇمچىسى بىلەن شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن: كولخوزنىڭ كۆلۈمىدا يىغىن بولىۋاتاتتى. مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى دەم ئېلىشقا چىقتى. ئاكامنىڭ خېتى ھەممىمىزنى قىزىقتۇردى. سىزنىڭ كىتاۋىڭىز مېنىڭدە، ھەسەن!

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئېنىقلىغۇچىلار، ئۇلارنىڭ سۆز ھەلىسى ۋە گىراممانىكىلىق خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، ئاساسەن ئىككى چوڭ گۇرۇپپىغا بۆلىنىدۇ:

1) سۈپەتلىگۈچى ئېنىقلىغۇچىلار؛ 2) ئىزافىتلىق ئېنىقلىغۇچىلار.

**سۈپەتلىگۈچى ئېنىقلىغۇچىلار.** سۈپەتلىگۈچى ئېنىقلىغۇچىلار تۈرلۈك سۆز تۈركۈمىدىكى سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

1) سۈپەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. سۈپەتتىن بولغان ئېنىقلىغۇچىلار نەرسىنىڭ ساپاسىنى، بەلگىسىنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن: سۈسىز چۆللەر باغۇ-بوستانغا ئايلاندى، كەڭ ئېرىقلاردا شاقىراپ سۇلار ئاقتى. گۈزەل باغدا قىزىل گۈللەر ئېچىلدى. توغرا سۆز تومۇرنى كېسەر، يۇمشاق سۆز قىلىچنى كېسەر. (ماقال.) ھەسەن قىزىل چاپىنىنى ياغاچ قوزۇققا ئېلىپ قويدى. (ن. ئى.) كوكۇش ئاسماننى بويلاپ، ئاق ۋە قىزغۇچ بۇلۇتلار ئىلدام ئۇچۇپ كېتىپ بارماقتا ئىدى. (م. گ.)

2) سان بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن سانلار نەرسىنىڭ سانىنى، تەرتىۋىنى، ئۆلچىمىنى، سالمىقىنى، كۆلىمىنى كۆرسىتىپ كېلىشى مۇمكىن. بىرىنچى دەرس باشلاندى. بەشىنچى سىنىپتا ئوتتۇز ئۈچ بالا ئوقۇيدۇ. ئون قېتىم ئويلا، بىر قېتىم سۆزلە. (ماقال.)

3) ئالماشلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە ئاساسەن كۆرسىتىش، ئېنىقلاش ۋە سوراق ئالماشلىرى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: بۇ ھادىسىلەر ئۇزۇن يىللارنىڭ ئېغىر كۈنلىرىدىن ھېكايە سۆزلەپ بېرىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. (ن. ئى.) ئاۋۇ چوققىدىن ئاشقاندىن كېيىن، يەنە بىر داۋاندىن ئاشساڭ، ئۇنىڭ چوققىسى كۆك مۇز. (ھ. غا.) مۇنۇ كىشى بىزنىڭ يېزىمىزدىن كەلگەن ئىكەن. مەن ئاران دېگەندە

www.uyghurkitap.com

مۇشۇ جايغا يېتىپ كەلدىم. (س. ئە.) قانچە دەپتەر؟ نەچچە تال گۈل، ئۈزدۈڭ؟ قانداق ئادەم؟ قايسى بالا؟ نەچچىنچى ئورۇن؟ ھەر قانداق ئادەم.

4. سۈپەت پېئىللار ئىنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: ئۆزلىرىنىڭ ئەتىيازلىق ئاۋازلىرى بىلەن قىرقىلدىغان قاقىرلار، غاقىلدىغان ئۆدەكلەر ئىگىز ئاسمان بويلاپ ئۇچۇشماقتا. (ل. ت.)، ئوقۇغان ئادەم. يېزىلغان خەت.

5. ئىسىمنىڭ ئالدىدىن كەلگەن نەقلىدىي سۆزلەر بىلەن دەرىجە ـ مىقدار رەۋىشلەرمۇ ئىنىقلىغۇچىلار ۋەزىپىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. گايىدا كوچىلاردا تاقۇر ـ تۇقۇر ئاۋاز... مۆ ـ ۋ ـ ۋ، مۆ ـ ۋ ـ ۋ ئاۋازى ئاڭلاندى. مېھمانخانا تەرەپلەر ئاڭلىنىشقا باشلايتتى. قورا تەرەپتىن قۇلاقتا ستىن دۇتتار ـ تەمبۇرلارنىڭ ـ دىرىڭ ـ دىرىڭ ساداسى كېلىپ تۇراتتى. (ج. ب.) بىر كۈنى كوچىدىن دۇمباقنىڭ گۈپۈر ـ گۈپۈر ئاۋازى ئاڭلاندى. (م. گ.) بىزنىڭ كولخوز بۇ يىل مول ـ ھوسول ئالدى. ("ك. ت.") سىنى كورمىگىنىمگە خېلى ۋاقىت بولدى. ھېزىم نۇرغۇن دەپتەر ئالدى.

6. ئىسىملار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. قاتار كەلگەن ئىككى ئىسىمنىڭ بىرىنچىسى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى فورمىسىنى ئۆزگەرتمەستىن ئىككىنچى ئىسىمنىڭ (نەرسىنىڭ) خۇسۇسىيىتىنى، سۈپىتىنى كورسىتىپ كېلىدۇ. ئىنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن ئىسىملار ئۆزىنىڭ ئىنىقلىغۇچىلىق ۋەزىپىسىنى تۆۋەندىكى فورمىلاردا ئىپادىلىشى مۇمكىن:

1. ئىنىقلىغۇچى ئىنىقلانغۇچى نەرسىنىڭ قانداق ماتېرىيالدىن ياسالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مۇنداق ئىنىقلىغۇچى رولىدا كېلىدىغان ئىسىم ئىككى خىل مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ:

ئا) ئىنىقلىغۇچى نەرسىنىڭ نېمىدىن ياسالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: كومۇچ قوشۇق. ئالتۇن سائەت. تۆمۈر گۈرجەك. تاش يول.

ب) ئىنىقلىغۇچى رولىدا كەلگەن ئىسىم كوچمە مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ، يەنى ئىنىقلانغۇچى سۆز ئاتىغان نەرسە ئىنىقلىغۇچى سۆز

ئاتىغان نەرسىگە ئوخشىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئانار يۈز، قەلەم قاش، تومۇر ئىرادە، سۇمبۇل چاچ، ئوت يۈرەك ۋە باشقىلار.

2. ئىپىقلانغۇچى سوز ئاتىغان نەرسىنىڭ تەركىۋىدە ئىپىقلىغۇچى سوز ئاتىغان نەرسىنىڭ قىسمەن بارلىقى كورسىتىلىدۇ. مەسىلەن: سامان لاي، قوم سوۋاق، نەم ئوتۇن، زەي ئوي، ھۆممەل چاي ۋە باشقىلار.

ئىزافىتلىق ئىپىقلىغۇچىلار. ئىككى ئىسىم بىرىكىپ، بىرىنچى ئىسىم ئىپىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە ئىگىلىك كىلىش قوشۇمچىسى بىلەن، ئىككىنچى ئىسىم ئىپىقلانغۇچى بولۇپ ئىگىلىك قوشۇمچىسى بىلەن شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن: كولخوزنىڭ مىلى قىشتىن سىمىز چىقتى. ("ك. ت.") قىشنىڭ ھاۋاسى تازا. قامچىنىڭ سىپى بىلەن دەرىزىنىڭ ئەينىكىنى تاقىلداتتى. (م. ش.) قىشنىڭ ئاۋازى بوشلۇقتا چاڭقىلداپ ئاڭلىنىدۇ ۋە يىراقلارغا كىتىدۇ. (ئى. گ.) خاتەمنىڭ ئانىسى قورۇلۇش تېخنىكومىنى تۈگەتتى.

ئىگىلىك كىلىشتە كەلگەن ئىپىقلىغۇچىلار بىلەن ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئارقىلىق شەكىللەنگەن ئىپىقلىغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا ئىپىقلانغۇچىنى ئىپىقلاپ كىلىدىغان باشقا ھەر تۈرلۈك سوزلەرنى كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن: كولخوزنىڭ سەن كورگەن مىلى قىشتىن سىمىز چىقتى. قامچىنىڭ سۇنۇق سىپى بىلەن دەرىزىنىڭ مۇز توڭلاپ كەتكەن ئەينىكىنى تاقىلداتتى.

ئىزافىتلىق ئىپىقلىغۇچىلار ئاساسەن:

1) ئىپىقلانغۇچى نەرسىنىڭ ئىپىقلاپ كەلگەن نەرسىگە ياكى ئادەمگە ئائىت ئىكەنلىگىنى كورسىتىپ كىلىدۇ: ئالمىنىڭ گۈلى. زاۋۇتنىڭ بىناسى. سادىرنىڭ قوشىغى. ناۋايىنىڭ غەزىلى. قاسىمنىڭ بالىسى. بولبۇلنىڭ ئۈنى، قاساپنىڭ پىچىغى. گۈلنىڭ بەرگى. ئادەمنىڭ ئاۋازى.

2) مەزگىل ۋە ئورۇنغا بولغان مۇناسىۋەتنى ئاڭلىتىدۇ: تەكلىماكاننىڭ قۇملىرى، قىشنىڭ سوغلىرى، ئەتىيازنىڭ گۈللىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر ئىزافىتلىق ئىبىنقىلىغۇچىنىڭ كەينىدىن بىرنەچچە ئېنىقلاتقۇچى مۇچە كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: مەملىكىتىمىزنىڭ زاۋۇتلىرى، فابرىكىلىرى، كولخوز ۋە سوۋخوزلىرى چوڭ ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى. ("ك.ت.") بىر ئېنىقلانغۇچى مۇچىنىڭ ئالدىدىن بىرنەچچە ئىزافىتلىق ئېنىقلىغۇچى كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: ھازىرنىڭ ئۆزىدە سوۋخوزلارنىڭ، كولخوزلارنىڭ ماللىرى توللەشكە باشلىدى. ("ك.ت")

بەزىدە ئىزافىتلىق ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدىكى سوز ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسىز ئىشلىتىلىشى مۇمكىن. بۇ ھالەت ئېنىقلانغۇچى نەرسىنىڭ مەلۇم ياكى نامەلۇملىغىغا باغلىق. مەسىلەن: بۇلاق سۈيى (بۇلاقنىڭ سۈيى). كولخوز مىلى (كولخوزنىڭ مىلى). قىش ھاۋاسى (قىشنىڭ ھاۋاسى) ۋە باشقىلار.

ئايرىم ئېنىقلىغۇچى ۋە ئېنىقلانغۇچىلار بىر بىرىگە قوشۇلۇپ، ئۆزئارا بىرىكىپ بىر قوشما سوز بولۇپ، بىر سوزنىڭ مەنىسىنى بېرىدۇ. مۇنداق سوزلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئىزافىت بەلگىسى چۈشۈپ قالغان. مەسىلەن: قولتۇق تاياق، بەل باغ، كوز ئەينەك، باش كىيىم ۋە باشقىلار.

ئېنىقلىغۇچىلارمۇ، جۈملىنىڭ باشقا مۇچىلىرىگە ئوخشاش، بىر ياكى بىرنەچچە سوزلەر بىلەن ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن: كوكۇلسىز كۈنلەر، قاراڭغۇ تۈنلەر ئۇز گېزىگىنى بىلەن ئوتتۇپ، ئۇلارنىڭ ئاداققى كېچىلىرىنىڭ ئوتتۇش نوۋىتى ئىدى. (م.ھ.) بۇلارنىڭ بىرى ئۆزۈن قارا ساقاللىق، ئۇچىسىغا ئەستەرلىرى تېشىغا چىقىپ كەتكەن قارا چاپان... كىيگەن، چېكىسىگە كىرلەنگەن ئاق ياغلىق تېڭىۋالغان... كىشى ئىدى. (ن.ئى.) يۇمشاق گىلەمدەك يېيىلىپ ياتقان بۇلتۇرقى يىغنە يوپۇرماقلىق پۇتاقلار بىلەن قاتار تىزىلغان ئۇنسىز قارىغايلار ئارىلىغىدا ئالاھىدە بىر جىمجىتلىق ھوكۇم سۈرەتتى. (ئا.س.)

# ئىزاھلىغۇچى

ئىزاھلىغۇچى، ئېنىقلىغۇچىنىڭ ئالاھىدە بىر تۈرى بولۇپ، ئۇ شەخس ياكى نەرسىنى ئۇنىڭغا باشقا بىر نام بېرىش، يەنى باشقىچە چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئېنىقلايدۇ. ئىزاھلىغۇچى ئىسىم (ئات) بىلەن ئىپادىلەنگەن ئېنىقلىغۇچىدۇر. ئىزاھلىغۇچى ئىسىم، ئالماش ۋە باشقا سۆز تۈركۈمىدىكى سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن ھەرقانداق جۈملە مۇچىسىگە باغلىق بولۇپ كېلىدۇ. ئېنىقلىغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئېنىقلايدىغان سۆزىدىن ئالدىن كەلسە، ئىزاھلىغۇچىلار، ئادەتتە، ئۆزلىرىنىڭ ئىزاھلايدىغان سۆزىدىن كېيىن كېلىدۇ. مەسىلەن: "ئەخمەت قاسساپ. سادىر پالۋان. ئەخمەت بوۋاي. تېلېفون — ئاپتومات. ئىنژېنېر - تېخنولوگ. مېخانىك - ھايدىغۇچى". لېكىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتى ۋە رۇس تىلىنىڭ تەسىرى بىلەن پەيدا بولغان كۆپلىگەن ئىزاھلىغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىزاھلايدىغان سۆزىدىن ئىلگىرىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: كاپىتان ماراتوف، ماشىنىست ساۋۇت. پروفېسسور سادىروف، ئىستودېنت قاسىموف ۋە باشقىلار.

ئۇمۇمەن ئالغاندا، ئىزاھلىغۇچىلار كۆپىنچە شەخس ياكى شەيئىنىڭ ئۇنۋانىنى، كەسپىنى، جىنسىنى، مەشغۇلاتىنى، لەقىمىنى، مۇتەخەسسىسلىكىنى ۋە باشقىلارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر گۇرۇپپىسىدۇر. مەسىلەن: لېنىنگرات شەھىرى نېۋا دەرياسىنىڭ بويىدا. سىلېسار مەمەتوۋ بىز بىلەن بىر زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى نادىر ئىسپورت ماھىرى دېگەن ئۇنۋانغا ئىگە بولدى. ئىككى بوۋاي — باغۋەن ياش مىچۇرىنچىلار بىلەن سۆھبەتلەشمەكتە.

ئىزاھلىغۇچىلار ئىزاھلىنىدىغان شەخس ياكى نەرسىگە نىسبەتەن تۇتقان ئورنىغا، تەلەپپۇز قىلىنىشىغا قاراپ تىركەلمە ۋە بولۇنمە ئىزاھ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىغۇچىلار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

تىركەلمە ئىزاھلىغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىزاھلايدىغان سۆزلىرىنىڭ ئالدىدىن ھەم كەينىدىن كېلەلەيدۇ. تىركەلمە ئىزاھلىغۇچىلار بولۇنمە ئىزاھلىغۇچىلارغا نىسبەتەن مۇستەقىللىككە ئىگە ئەمەس. تىركەلمە ئىزاھلىغۇچىلار ۋەزىپىسىدە كۆپىنچە ئىسىم ۋە سۈپەتلەر كېلىدۇ. مەسىلەن: مارشال روكوسسوۋسكىي. سىپاھسالار قاسىم. ئاسپىرانت يۈسۈپوۋ. غېنى باتۇر. سەلەي چاققان. ئاسىم قاساپ. شائىر ئۆمەر. تۇرسۇن دوختۇر. ئوسمان گېرويى. ھاشىم مەرگەن.

ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئۇنۋانىنى، كەسپىنى، مەشغۇلاتىنى، جىنسىنى بىلدۈرىدىغان تىركەلمە ئىزاھلىغۇچىلار ئىزاھلانغۇچى سۆزنىڭ ئالدىدىن كەلگەندە، تېگىشلىك قوشۇمچىلار ئىزاھلىنىدىغان سۆزگە ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن: "كاپىتان راخمانوۋ (كاپىتان راخمانوۋنى، كاپىتان راخمانوۋقا، كاپىتان راخمانوۋدىن، كاپىتان راخمانوۋتا)، تۆمۈرچى قاسىم (تۆمۈرچى قاسىمغا، تۆمۈرچى قاسىمنى، تۆمۈرچى قاسىمدىن، تۆمۈرچى قاسىمدا)". ئەكسىچە، تىركەلمە ئىزاھلىغۇچىلار ئىزاھلىغۇچىلارنىڭ كەينىدىن كەلسە، ئۇ چاغدا كېلىش ۋە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئىزاھلىغۇچىغا ئۇلىنىدۇ: "سادىر پالۋاننىڭ، سادىر پالۋانغا". لېكىن ئىزاھلىغۇچى بىلەن ئىزاھلانغۇچىدىن ئىبارەت بولغان بىرىكمىلەرنىڭ تولىسىنىڭ تەركىبى قىسىملىرىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرسا، ئىزاھلىغۇچى خەۋەرگە ئايلىنىدۇ ۋە باشقا ئىنتوناتسىيە بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئىزاھلىغۇچى بىلەن ئىزاھلانغۇچىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇش ۋە ئىنتوناتسىيەنى ئۆزگەرتىش نەتىجىسىدە سۆز بىرىكمىسى جۈملىگە ئايلىنىدۇ. مەسىلەن: تۆمۈرچى قاسىم — قاسىم — تۆمۈرچى. كاپىتان راخمانوۋ — راخمانوۋ — كاپىتان. سېغىنچى خاتەم — خاتەم — سېغىنچى. تىراكتورىست مەسۇم — مەسۇم تىراكتورىست.

ئىزاھلىغۇچىنىڭ خەۋەرگە ئايلىنىشى پەقەت ئۇنىڭ ئىزاھلانغۇچە-

مىلىك كەينىدىن كېلىش شارائىتىگىلا باغلىق بولماي، بەلكى ئۇنى مەنە ۋە ئىنتوناتسىيە جەھەتتىدىن ئاجرىتىش، بولۇش شارائىتىگىمۇ باغلىق. مەسىلەن: سوۋخوزنىڭ دىرېكتورى ئېلىيېۋ مۇشۇ يېزىدا تۇرىدۇ. ئېلىيېۋ — سوۋخوزنىڭ دىرېكتورى. ئېلىيېۋ، سوۋخوزنىڭ دىرېكتورى، مۇشۇ يېزىدا تۇرىدۇ.

ئايرىم تىركەلمە ئىزاھلىغۇچىلار، ئۆزىنىڭ ئىزاھلايدىغان سوزى بىلەن جۈپلىشىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىپ، ئىزاھلانغۇچى شەيئىنىڭ بىر تۈرى، بىر قىسمى، ۋەكىلى بولغان نەرسىنى، شەخسنى كورسىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئىزاھلانغۇچى ئومۇمى چۈشەنچىنى ئىپادىلىسە، ئىزاھلىغۇچى شۇ چۈشەنچىنىڭ بىر قىسمىنى، بىر تۈرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: تېلېفون - ئاپتومات، ئىنژېنېر - گېولوگ، لېيوتچىك - كوسموناۋت، ئىنژېنېر - تېخنولوگ، ئىنژېنېر - مېخانىزاتور. كومسومول - پارتىزانلار زويانى بەلگىلەنگەن جايدا كۈتتى. (گ.ل.) بىزنىڭ خوشنىمىز — ئوزبېك — زاۋۇتتا سىلېسار بولۇپ ئىشلەيدۇ.

گېزىت، ژورنال، زاۋۇت، كولخوز، كېمە، كول، دەريا، دېڭىز، شەھەر، يېزا ۋە باشقا ناملار ئىزاھلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: «كوممۇنىزىم توغى» گېزىتى. "لېنىنگىرات" پاراشودى. "ئەمگەك" كولخوزى. «تارىم» ژورنىلى، "ئۇرالماش" زاۋۇدى. دېرىزە ئالدىدا «كۈن چىقىش ھەقىقىتى» بىلەن «قىزىل ئوزبېكىستان» گېزىتى ياتار ئىدى. (ن.ئى.) دۇنيادىكى ئەڭ يوغان كوللەرنىڭ بىرى بايقال كولىدۇر.

بولۇنمە ئىزاھلىغۇچىلار. بولۇنمە ئىزاھلىغۇچىلار مەنە ۋە ئىنتوناتسىيە جەھەتتىدىن بولۇنۇپ، ئاجرىتىلىپ، نىسبەتەن مۇستەقىللىككە ئىگە. بولۇنمە ئىزاھلىغۇچىلار، قوشۇمچە خەۋەر — مەلۇماتقا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ سىنتاكسىسلىق سالمىغى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

ئىزاھلىغۇچىلار تۆۋەندىكى ھالەتتە بولۇنمە (ئاجرىتىلغان) بولۇپ كېلىدۇ:

1) ئىزاھلىغۇچى كىشىلىك ئالماشقا باغلىق بولسا، ھەمىشە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىرى تارقىتىشى

بولىدۇ ــ ئاجرىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇ، نۇدەر باقايېۋ، بۇ يەرنىڭ ئاتاق-
لىق باغۋەنچىسىدۇر. مەن، سېرگېي تيۇلىنىن، تەنتەنىلىك بىلەن قەسەم ياد
ئېتىمەن. (ئا. ف.) بىز، ئارتىللېرىستلار، زەمبىرەكلەر قىشىدا ئاۋارە بولۇپ
يۈردۇق. (ل. ت.)

2) خاس ئىسىمنىڭ كەينىدىن كېلىپ، ئۇنىڭغا ئائىت بولسا،
مەسىلەن: ئالېكساندىر سېرگېيېۋىچ پۇشكىن، ئۇلۇغ رۇس شائىرى، موسكۋادا
تۇغۇلغان. تۇرسۇن سادىروۋ، بىزنىڭ كولخوزنىڭ ئاگرونومى، مېنىڭدىن
بىر يىل بۇرۇن ئىنستىتۇتنى تۈگەتكەن.

3) ئومۇمى ئىسىمدىن كېيىن كەلگەن خاس ئىسىملار، ئەگەر
سۆزلىگۈچى ئۇلارنى ئېنىقلاش مەقسىدى بىلەن ئىشلەتسە، بۆلۈنمە
ئىزاھلىغۇچى بولالايدۇ. مەسىلەن: ئۆينىڭ ئىگىسى، باتۇر ھەمىيېۋ،
بىزدىن ناھايىتى رازى بولدى. مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم، مىجىت
مەنسۇروۋ، يېزا سوۋېتىنىڭ دېپۇتاتى بولۇپ سايلاندى.

4) ئومۇمى ئىسىمغا ئائىت بولغان يېيىق ئىزاھلىغۇچىلار بۆلۈ-
نىدۇ ــ ئاجرىتىلىدۇ. مەسىلەن: قارلىغاچلار، باھارنىڭ خەۋەرچىلىرى،
ئالىقاچان ئۇچۇپ كەلدى. بۈگۈنكى كومسومول ئەزالىرى، ئىلىچنىڭ نەۋرى-
لىرى، ئۇنىڭ ئۈمىتلىرىنى ئاقلىدى. («ك. ت»)

5) ئىزاھلانغۇچى سۆزدىن كېيىن كېلىپ، ئۇنىڭغا "يەنى،
خۇسۇسەن، باشقىچە ئېيتقاندا"... ئوخشاش سۆزلەر ئارقىلىق باغلىنىپ
كەلگەن ئىزاھلىغۇچىلار بۆلۈنىدۇ ــ ئاجرىتىلىدۇ. مەسىلەن،
ئىككىنچى ئىسمىنا، يەنى كېچىسى ئىشلەيدىغانلارنىڭ نۆۋىتى، تۈگەپ،
بىرىنچى ئىسمېنىدىكىلەرنىڭ نۆۋىتى كەلدى. (م. ھ.) بىزنىڭ مەكتەپنىڭ
ئوقۇغۇچىلىرى، خۇسۇسەن پىئونېرلىرى، يېزىمىزدىكى قېرى كىشىلەرگە كۆپ
ياردەم كۆرسەتتى. ("ك. ت")

## ھالەت

ھالەت جۈملىنىڭ ئەگەشمە مۇچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ

خەۋەرنىڭ ھالەت ـ ھەرىكىتىنى، بەلگىسىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. يەنى ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىشىدىكى ۋاقىت، ئورۇن، مەقسەت، سەۋەپ ۋە سۈپەت ـ ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. ھالەت ئاساسەن پېئىل فورمىلىرىدىن بولغان مۇچىگە باغلىنىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا بېقىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: پالۋان تېخىمۇ خوشال بولۇپ كەتتى. ئۇ شۇ مىنۇتتىلا ھەر ئىككىسىگە چاۋاپ يازدى ۋە ئارىدا ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئۆتمەي، ئۇ پەرغانىغا قاراپ كەتتى. (ن، ئى.)

پېئىل بىلەن بىرىكىپ كەلگەن كۆپچىلىك سۆز تۈركۈملىرى ھالەت ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايدۇ، شۇلارنىڭ ئىچىدە ھالەت خىزمىتىدە كۆپىنچە رەۋىش، تەخلىدىي سۆزلەر ۋە ھال پېئىللار كېلىدۇ.

سان، سۈپەت، كېلىش قوشۇمچىلىرى ۋە ياردەمچى سۆزلەر بىلەن كەلگەن ئىسىملار ھالەت ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغاندا، ئۇلارمۇ پېئىل بىلەن ئالاقىدا بولۇپ، ھەرخىل ھالەتلىك مۇناسىۋەتلەرنى بىلدۈرىدۇ. بەزىدە ئىسىملار ھېچقانداق كېلىش قوشۇمچىسىز، ياردەمچى سۆزلەرسىز ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىشى مۇمكىن. بۇنداق ۋاقىتتا سىنتاكسىسلىق ئالاقە ئۇنىڭ ھالەت بولۇپ كېلىۋاتقان ئىسىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئوتتۇز يېشىدا ئەر ئاتالغان قىرىق يېشىدا شىر ئاتىلار. (ماقال.) ھەرىكىمنىڭ ئۆزىگە، ئاي كۆرسىنەر كۆزىگە. (ماقال.) خەلق ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن... خىزمەت قىلىش مەقسەت بىزدە. (ئى.س.)

ھەرىكەت ناملىرى ھالەت بولۇپ كەلگەندە، ياردەمچى سۆز بىلەن بىرىكىدۇ ياكى كېلىش قوشۇمچىسى فورمىسىدا بولىدۇ. مەسىلەن: نازۇك قولۇم باغلاندى، ئۆلتەرمەككە چاغلاندى. (قوشاق.) شۇچاغ ئاگلاندى يىغلىش ئۈچۈن جاگنى سوقىشنى توختىماستىنلا. (م. ز.)... يولۋاس، شىرلار... يىمەككە ئىغىز ئېچىپ كەپتۇ. (چۆچەك.)

فىرازېولوگىيىلىك بىرىكمىلەرمۇ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: تۈگمىنىڭ قارنى يېرىلغاندا بارىمىز. بۇۋەقە ئاتام زاماندا بولغان. ئۇ مۇدۇيۇپ قويۇپ سۆزلىدى ۋە باشلىدى.

www.uyghurkitap.com

بەزىدە ھالەت بىلەن يانداش تولۇقلىغۇچىلار بىر خىل فورمىدا كېلىپ، ئۇلارنى پەرقلەش قىيىنلىشىدۇ. بەزى تىلچىلار ھالەت بىلەن يانداش تولۇقلىغۇچىلارنى ئىككى جۈملە مۇچىسى دەپ قارىماي، بىرلا مۇچە ــ تولۇقلىغۇچى، قاتارىغا قوشىدۇ. بەزى تىلچىلار بولسا بۇلارنى ئىككى مۇستەقىل جۈملە مۇچىسى دەپ قاراپ، سوئال بېرىش يولى بىلەن ئاجرىتىش مۇمكىنلىگىنى ئېيتىدۇ.

ھەقىقەتەن، ھالەت بىلەن يانداش تولۇقلىغۇچىلارنى بىر بىرىدىن ئاجرىتىش قىيىن مەسىلە. ئۇلارنى ئۆز ئارا پەرقلەش ئۈچۈن سوئاللىرىغا، گىراماتىكىلىق مەزمۇن ـ ھالىتىگە ئەمەل قىلىش لازىم.

ھالەتلەر، تەركىۋىگە قاراپ، ئاددى ۋە قوشما بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇ تونۇگۈن كەلدى. بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى ئۇ ئاگرونوم بولغان.

ھالەتلەر مەزمۇن ـ مەنىلىرىگە قاراپ، مۇنۇ تۈرلەرگە بولىنىدۇ: سۈپەت ـ ھەركەت ھالىتى، سەۋەپ ھالىتى، مەقسەت ھالىتى، ئورۇن ھالىتى، ۋاقىت ھالىتى، دەرىجە ـ مىقدار ھالىتى.

سۈپەت ـ ھەركەت ھالىتى. سۈپەت ـ ھەركەت ھالىتى ھەركەت ۋە ھالەتنىڭ ئورۇنلىنىشىدىكى ئامالنى، ئۇسۇلنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ: ئىككى بالا پات ـ پاتلا پاراڭلىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئىككىسى ئانىسىنى مەككەم قۇچاقلىۋالغان. (ج. ب)

سۈپەت ـ ھەركەت ھالىتى ھەر خىل سۆز تۈركۈملىرى بىلەن ئىپادىلىنىپ كېلىپ، پېئىلدىن بولغان جۈملە مۇچىسىگە باغلىنىدۇ. ئۇ كوپىنچە ھالەت رەۋىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئاسىيە، دەررۇ ئاپىسىنىڭ قولىنى مەككەم تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا يېقىن تۇرۇۋالدى. (ج.ب.)

كوپىنچە ھال پېئىللار سۈپەت ـ ھەركەت ھالىتى ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: ئىسكىدۇ ئالدىراپ كېلىۋاتىمەن. كوچا ئىچى قالايمىقان. ئادەملەرمۇ نەگىدۇ يۈگۈرۈشۈپ كېتىپ باراتتى. (ج. ب.)

تەقلىدى، تەسۋىرى سۆزلەرمۇ، كۆپىنچە پېئىللارغا باغلىنىپ كېلىپ، سۈپەت ـ ھەركەت ھالىتى خىزمىتىنى ئورۇنلايدۇ. مۇنداق سۆزلەر ھال بولۇپ كەلگەندە، ھەركەتنىڭ تېز ياكى داۋاملىقلىغىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: غۇيۇلداپ ماڭغان پويىزدىن ھەر باغلار، ھەر يېزىلار مىلت ـ مىلت ئۆتۈشۈپلا قالار ئىدى. (ن. ئى.) پالۋان، خۇددى بەزگەك ئادەملەرگە ئوخشاش، غال ـ غال ـ غال تىترەر ئىدى. (ن. ى.)

سۈپەت بىلەن ئىپادىلەنگەن ھالەتلەر ھەركەتنىڭ بەلگە ـ ساپاسىنى ياكى ھالىتىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن: يارىم بەرمىسە چەكمەن، كۆينەكچان يۈرۈپتىمەن. (قوشاق.) پاتەم ئۇنىڭغا ئوچۇق جاۋاپ بەرمىدى. (ج. ب.)

سەۋەپ ھالىتى. سەۋەپ ھالىتى ھەركەت، ھالەتنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئوغۇل بىلەن قىز ئىزا تارتقىنىدىن ئۆيگە قېچىپ بېرىپ... (چوچەك.)

سەۋەپ ھالىتى چىقىش كېلىش قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىملار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۇئىشلىگەنلىكتىن مول ـ ھوسۇل ئالدى. مەن ئاغرىپ قالغانلىقتىن بارالمىدىم. خاپىچىلىقتىن يۈگرەپ ئەللىكبېشىنىڭ ئالدىغا چىقتىم. (ھ. ئى.) چاققانلىغىدىن كەڭ ئېرىقتىن سەكرەپ ئوتۇپ كەتتى.

سەۋەپ ھالىتى "سەۋەپىدىن (سەۋەپلىك)، ئۈچۈن" يازدەمچى سۆزلىرى بىلەن كەلگەن بىرىكمىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئەخمەت ئوقۇغانلىغى سەۋەپىدىن (سەۋەپلىك) ياخشى باھا ئالدى. ئۇ توختىمىغانلىغى ئۈچۈن مەلىگە ئەتىسىگەن يېتىپ كەلدى. مەن قىچقارغان ئۈچۈن كەلدىم.

سەۋەپ ھالىتى پېئىل ئاساسلىرىغا "ـغاچقا، ـقاچقا" قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن پېئىللار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۇ كۆرگەچكە سۆزلەپ بەردى. مەن ئوقۇغاچقا ياخشى باھا ئالدىم. سەن ئۇنى كۆرگەچكە ئېيتىۋاتىسەن. مەمەت ياخشى ئىشلىگەچكە موسكۋاغا يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمە-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىتى تور ئادرېسى

ـسىگە باردى.

سەۋەپ ھالىتى ئاساسىي پېئىل ۋە ياردەمچى پېئىل بىلەن كەلگەن بىرىكمىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: مەن ئۈنى ئوقىسدى دەپ سورىسىدىم. ئۇ سېنى كەلدى دەپ بارماپتۇ.

مەقسەت ھالىتى. مەخسەت ھالىتى ئىش ـ ھەركەتنىڭ ئورۇنلىنىدىشىدىكى مەقسەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە سېنى دەپ كەلدىم. مەيلىڭ بارمۇ، مەيلىڭ يوقمۇ، سىناي دەپ كەلدىم. (قوشاق.)

مەقسەت ھالىتى مەقسەت رەۋىشلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ... ئەتەي خۇشخۇي بولۇشقا تىرىشتى. (ج.ب.) ئۇ قەستەن شۇنداق قىلدى.

مەقسەت ھالىتى ھەركەت ناملىرىغا، ئىسىملارغا "ئۈچۈن" ياردەمچى سۆزىنىڭ بىرىكىپ كېلىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: جان ساقلاش ئۈچۈن ساتتىم بىجىن ئىچىدە ياگىۇ. (قوشاق.) خەلق ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن... خىزمەت قىلىش مەقسەت بىزدە. (ي.س.)... ئاكىشى چاپسان ئاتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇ ئۇخلاشقا تىرىشتى. (ج.ب.)

بۇيرۇق، ھازىرقى ـ كەلگۈسى زامان پېئىلىغا ۋە ئىسىملارغا "دەپ" ياردەمچى پېئىلىنىڭ بىرىكىپ كېلىشى ئارقىلىق مەقسەت ھالىتى ئىپادە قىلىنىدۇ. مەسىلەن: يايرىم بار دەپ كەتكەن ئىدى. (قوشاق.)... ئەدىكى يوق پاراكلارنى خەلققە تاراتمىسۇن دەپ شۇنداق قىلدۇق. (ج.ب.) مەن يارنى دەپ ئولتاردىم. (قوشاق.) شۇكلاشتا سەن، ئانا، ئوغلۇم يانار دەپ كۈتمىگىن. (ئو.م.) مەن سېنى ئۇيغىناي دەپ كىرىپتىمەن تېخى! (ج.ب.) ئۇ مەلىدىن بۇ مەلىگە ئويناي دەپ كەلدىم. ياخشى دەمسىز، يامان دەمسىز، سىناي دەپ كەلدىم. (قوشاق.)

مەقسەت ھالىتى پېئىل ئاساسلىرىغا "ـقىلى، ـغىلى" قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن پېئىللار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: يايى چىقتى ئوتتىلى، ھەجدىھار بولۇپ يۇتقىلى. ئوتىەش يايى كېلىپتۇ نازۇكۇمنى تۇتقىلى. (قوشاق.) مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم. (قوشاق.)

بىرىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن شەكىللەنگەن ھەركەت نامى

مەقسەت هالىتى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ئىشلەشكە كەپتۇ. يىگىت بىلەن يۇسرەت يۈيۈنۈشقا دەريا بويىغا بېرىپتۇ. (چوچەك.)

مەقسەت هالىتى هەر خىل يېپىل فورمىلىرى بىلەن "مەقسىدىدە (نىيىتىدە، ئۈمىتىدە)، دىگەن مەقسەتتە (نىيەتتە، ئۈمىتتە)" هەم "دىگەن مەقسەت (نىيەت، ئۈمىت) بىلەن" ئوخشاش سوزلەردىن ئىبارەت بىرىكمىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: مەن ئوقۇش مەقسىدىدە كەلدىم. مەن ئوقۇيمەن دىگەن مەقسەتتە كەلدىم. مەن ئوقۇيمەن دىگەن مەقسەت بىلەن كەلدىم.

مەقسەت هالىتى مەقسەت يېپىلى ۋە "بولۇپ" هال يېپىلى بىلەن كەلگەن بىرىكمىلەر ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: مەن ئوقۇماقچى بولۇپ كەلدىم. ئۇ يازماقچى بولۇپ كەلدى.

ئورۇن هالىتى. ئورۇن هالىتى ئىش-هەركەتنىڭ چىقىش، باشلىنىش، بېرىش ۋە بولۇش ئورنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: تالادىن دالانغا كىرسەن، دالاندىن ئويگە كىرسەن... (ئو.م.)

كوپىنچە ئورۇن هالىتى ۋەزىپىسىنى ئورۇن رەۋىشلىرى ئاتقۇرىدۇ. شۇنداقلا چىقىش كېلىشتىكى ئىسىملار، ياردەمچى سوزلەر بىلەن بىرىكىپ كەلگەن ئىسىملار ۋە فرازېولوگىيىلىك بىرىكمىلەر ئورۇن هالىتى خىزمىتىنى ئورۇنلايدۇ.

هەركەتنىڭ چىقىش، باشلىنىش ئورنىنى بىلدۈرىدىغان ئورۇن هالىتى چىقىش كېلىشتىكى ئىسىم، رەۋىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: — قايىقتىن كىرىپ كەلدىڭىز، تۇرغان؟ (ج.ب.) يانچۇقىدىن پاپىروس ئېلىپ چەكتى ۋە ئورنىدىن قوپتى... سوزىنى باشلىدى. (ن.ئى.)

هەركەتنىڭ بېرىش ئورنىنى ئىپادىلەيدىغان ئورۇن هالىتى ۋەزىپىسىدە بېرىش كېلىشتىكى ئىسىم، ئورۇن رەۋىشى ۋە ئىسىملارنىڭ "تەرەپكە، قاراپ" ئوخشاش ياردەمچى سوزلىرى بىلەن تۈزۈلگەن بىرىكمىسى كېلىدۇ. مەسىلەن: ... توقاچنى ئۈگىتىپ، ئۈگىنىڭ ئىچىگە ئۈستىگە چىچىپ قويۇپ، خوشال هالدا يېنىپ چۈشتى. (ج.ب.) ئۇ ئويگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يېيىشىپ كىردى. (ج.ب.)... ئۇزى ئاستا... دالان تەرەپكە راك ماڭدى. (ن.ئى.) ساۋۇت... ئۇيىگە قاراپ ماڭدى. (ج.ب.) ئۇ تۇۋەن چۈشتى. بىز ئىلگىرى ماڭدۇق.

بەزىدە ئورۇن ھالىتى «-غىچە»، «-قىچە» قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان ئىسىملار ۋە بېرىش كېلىشتىكى ئىسىملار بىلەن «قەدەر» سۆزىنىڭ بىرىكمىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، ھەركەتنىڭ يۈنىلىشىدىكى ئاخىرقى ئورۇن-جايىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئۇ پويىز بىلەن موسكۋاغا قەدەر باردى. مەن ئىشىكىغىچە پىيادە باردىم. بۇ يەرلەرگىچە... بىر ھەپتىلىك يول سوزۇلدى. (ن.ئى.)

ۋاقىت ھالىتى. ۋاقىت ھالىتى ئىش-ھەرىكەتنىڭ، ھالەتنىڭ ئورۇنلىنىشىدىكى ۋاقىتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: بۈگۈن بازار ئوخشايدۇ. (قوشاق.) ئۆتكۈنى، ئۈنۈگۈن... راسا كورۇۋالدىم. (ج.ب.)

ۋاقىت ھالىتى ۋاقىت رەۋىشلىرى، ئىسىملار، ياردەمچى سۆزلەر بىلەن كەلگەن ئىسىملار، فرازېولوگىيىلىك بىرىكمىلەر ۋە باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئۆزئارا بىرىكمىلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ۋاقىت ھالىتى پېيىللىق جۈملىلەردە پەقەت پېيىللارغا باغلىنىپ، ئۇنى ئېنىقلاپ، تولدۇرۇپ كېلىدۇ.

ۋاقىت ھالىتى:

1. ئىش-ھەرىكەت، ھالەتنىڭ باشلىنىش، شۇنىڭدىن باشلاپ داۋام قىلىش ۋاقتىنى بىلدۈرۈپ، رەۋىشلەر، «ئىلگىرى، كېيىن، بۇيان، بېرى، بۇرۇن» ياردەمچى سۆزلىرى بىلەن بىرىكىپ كەلگەن چىقىش كېلىشتىكى ئىسىملار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: بۇرۇنقىدىن بۇرۇن، قەدىمقىدىن كېيىن... بىر داموللا ياشىغان ئىكەن. (چۆچەك.) ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى بىرنەچچە قېتىم بولغان. باشتىلا مېنى مۇڭلاندۇرۇپ ئېزىپ... (ئو.م.) ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان... تۈركىستان ئەمگەكچىلىرىنىڭ تۇرمۇشلىرىمۇ ئاستا-ئاستىلىق بىلەن بۇزۇلۇشقا باشلىدى. (م.ھ.) راس، ئاۋال بىر باينىڭ بولۇپ، كېيىن كولخوزغا ئۆتكۈزۈلگەن.

(ئو.م.)

2. ئىش-ھەركەت، ھالەتنىڭ ھازىرقى ۋاقتىنى بىلدۈرۈپ، رەۋىشلەر ۋە رەۋىش مەنىسىدىكى ئىسىملىق بىرىكمىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ھازىر مەن، سىز ئېيتقاندەك، مېھمان بولۇپ كەلگىنىم يوق. (ج.ب.) بۈگۈن راسا ئىشلەيدىكەنمەندە. (ئو.م.) يېقىندا مەزلۇمى دانىخان بۇ ئىشنى مېنىڭدىن ئىلتىماس قىلدى. (ج.ب.)

3. ئىش-ھەركەت، ھالەتنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن، ئىلگىرى بولغان ۋاقتىنى بىلدۈرۈپ، رەۋىشلەر ۋە ئىسىملىق بىرىكمىلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: — تۈنۈگۈن تۇرغان بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ... ماڭا ئېيتىپ بەردى. (ج.ب.) بار ئىدى بۇرۇن بىر غېرىپ ئادەم. (چوچەكتىن.) ئۆتكەن يىلى غ. جاپپاروۋ ئۇزى ئىلتىماس قىلىپ، بۇغداي باقتى. ("ك.ت.") بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى، ئۆي ئىچى جوزىغا يىغىلغاندا، چولپان ئەتكەن چاي شاكاراپ بولۇپ چىقتى. (ج.ب.) كەچقۇرۇن، ئاخشاملىق چېيىمىزدىن كېيىن، مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئېيتىپ... (ئو.م.)

ۋاقىت ھالىتى شۇنداقلا بىرنەچچە سوز ۋە فرازېولوگىيىلىك بىرىكمىلەر بىلەن ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن: ... بۇنىڭدىن ئونبەش كۈن ئىلگىرى مۇشۇ كۈنگە ئاتاپ ئانىسىنىڭ ئېلىپ بەرگەن كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى. (ج.ب.) دادام يەر-جاھاننى قاراڭغۇ تۈننىڭ قارا پەردىسى ئورىغاندىن كېيىن كېلىدۇ. (ئو.م.) ئۇ قاش قارايغاندا كەلدى. مەن توگىنىڭ قۇيرىغى يەرگە يەتكەندە بارىمەن.

دەرىجە-مىقدار ھالىتى. دەرىجە-مىقدار ھالىتى سۈپەت-ھەركەت ھالىتىگە يېقىن بولۇپ، ئىش-ھەركەت ھالىتىنىڭ دەرىجە-مىقدارىنى خاراكتېرلەپ، دەرىجە-مىقدار رەۋىشلىرى، سان ۋە ئىسىمنىڭ بىرىكمىسى، ھەر خىل قوشۇمچىلار بىلەن كەلگەن سانلار، ئىسىملار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ... ئورۇن ئالغان كەمچىلىك ھەم خاتالىقلارغا كۆپرەك توختالدى. ("ك.ت.") مەن خېلىلا ئۇسۇپ قاپتىمەن. (ئو.م.) ياش باللار... ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىدىن-ئۈچتىن چىقىۋالاتتى-دە... (ج.ب.) مەسىلەن، موسكۋا جايلاشقا ئىككىنچى چەمبەردە قىلوا بۇغداي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۆزىدىن ئىشلەنگەن 1 كىلوگرام ناننىڭ باھاسى ھازىر ئون ئىككى تىيىن تۇرىدۇ. ("ك.ت") لېكىن، تەلەيگە قارشى، شاگىرتلىقتا 2 ـــ 3 ئايلا ئىشلەپ كەلدىم. (ئۆ.م.) كولخوزنىڭ يېرىم يىللىق كىرىمى 300 مىڭ سومدىن ئاشتى. ("ك.ت.")

دەرىجە ـ مىقدار ھالىتى خىزمىتىدە سان بىلەن "قېتىم، ھەسسە" سۆزلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن تەشكىل تاپقان بىرىكمىلەر كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: ...باشقا يولداشلار بىرلىككەن تاپشۇرمىلىرىنى ئىككى ھەسسىدىن ئورۇنلاۋاتىدۇ. ("ك.ت.") شۇڭلاشقا بىدە بىرلا قېتىم چېپىلغان. ("ك.ت.") بۇ يولداشلار ھەممىشەم نورمىلىرىنى 1 ـــ 1.5 ھەسسە ئورۇنلىماقتا. ("ك.ت.")

## بىرخىل مۇچىلەر

جۈملىدە بىرنەچچە باش ياكى ئەگەشمە مۇچىلەرنىڭ كېلىشى مۇمكىن. بىر سوئالغا جاۋاپ بولۇپ، جۈملىنىڭ مەلۇم بىر مۇچىسىگە تەڭ باغلىنىپ، بىرخىل سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئاتقۇرىدىغان مۇچىلەر جۈملىنىڭ بىرخىل مۇچىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

جۈملىنىڭ بىرخىل مۇچىلىرى ئۆزئارا بىرىكتۈرگۈچى، قارىمۇ ـ قارشى ۋە ئايرىغۇچى باغلىغۇچىلار بىلەن باغلىنىشى مۇمكىن. جۈملىنىڭ بىرخىل مۇچىلىرى ساناش ئىنتوناتسىيىسى بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن: كوچىلار، ئېتىزلار، داللار، تاغلار، باغلار ياپ ـ يېشىل باھار پەشمەتلىرىنى كىيدى. (ن.ئى.)

بۇ مىسالدىكى "كوچىلار، ئېتىزلار، داللار، تاغلار، باغلار" دېگەن سۆزلەر جۈملىدە بىردىن كېيىن بىرى تىزىلىپ كېلىپ، جۈملىدە نېمىلەر؟ دېگەن بىر سوئالغا جاۋاپ بېرىدۇ ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت "كىيدى" سۆزىگە باغلىنىپ كەلگەن. بۇ مۇچىلەر جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق خىزمىتى جەھەتتىدىنمۇ، جۈملىنىڭ مەلۇم

بىر مۈچەسىگە بولغان مۇناسىۋىتى جەھەتتىدىنمۇ بىر خىل بولۇپ كېلىدۇ. جۈملىدىنلا بىر خىل مۈچىلىرى يىغىق ياكى يېيىق بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. يىغىق بىر خىل مۈچىلەر يالغۇز ئۆزلىرىلا بولۇپ، ئۇلارنىڭ قېشىدا ئۇلارنى ئېنىقلاپ، ئۇلارغا باغلىنىپ كەلگەن سۆزلەر بولمايدۇ. مەسىلەن: ئادەملەرنى ياغاچلارغا، تاختايلارغا، بەندۇڭلارغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇق. (ئە.م.)

يېيىق بىر خىل مۈچىلەر يالغۇز ئۆزلىرىلا ئەمەس بەلكى ئۇلارنى ئېنىقلايدىغان سۆزلەر بىلەن بىللە كېلىدۇ. مەسىلەن: يىراق-يىراقلاردا ھەرتۈرلۈك ھەركەتلەرنىڭ جانلىق تاراق-تۇرۇقلىرى، ئاتلارنىڭ قاۋاشلىرى، ئادەملەرنىڭ بوغۇلۇپ ۋاقىراشلىرى ئۈنلۈك ئاڭلىناتتى. (ن.ي.) ھازىر ئۇ ئۆي ئىچىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى قىلىدۇ: ئاش پىشۇرىدۇ، چاي قاينىتىدۇ، كىر يۇيىدۇ، ئېتىزغا دادىسى ھەسەنگە چاي توشۇيدۇ ۋە قايسى ۋاقىتلاردا دادىسىنىڭ ئىشىغا ياردەملىشىپمۇ قويىدۇ. (ن.ئې.)

بىر خىل مۈچىلەر، كوپلۇك سانىدا، كېلىش، ئىگىلىك ۋە ياردەمچى سۆزلەر بىلەن قوللىنىلىشىغا قاراپ، گىراماتىكىلىق تەرەپتىن تولۇق شەكىللەنگەن ياكى تولۇق شەكىللەنمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

بىر خىل مۈچىلەر تولۇق شەكىللەنگەندە، كوپلۇك، كېلىش، ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ۋە ياردەمچى سۆزلەر بىر خىل مۈچىلەرنىڭ ھەر قايسىسىغا قوشۇلۇپ كېلىدۇ. بۇنىڭدەك شارائىتتا بىر خىل مۈچىلەرنىڭ مۇستەقىل ۋە ئايرىملىقى روشەن كورۈنىدۇ. مەسىلەن: شۇنداق كۆڭۈللەر ھامان بىرىنىڭ كەينىدىن ئىككىنچىسى تىزىلىپ، كوڭۈلدە يېڭى ئويلار، يېڭى خىياللار، يېڭى خۇشاللىقلار تۇغدۇرۇپ ئوتتى. (ئو.م.) بۇ جۈملىدىكى كوپلۇك قوشۇمچە (-لار) بىر خىل مۈچىلەرنىڭ ھەر بىرسىگە ئۇلىنىپ كەلگەن.

بىر خىل مۈچىلەر تولۇق شەكىللەنمىگەندە قوشۇمچىلار ۋە ياردەمچى سۆزلەر بىر خىل مۈچىلەرنىڭ پەقەت ئاخىرقىسىغىلا ئۇلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەسىلەن: بەزىدە ئۇگا ئېسىلغان دەرەخنى ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشقاچ، قاغىلارنى كورگەندە، تاش، داڭگاللارنى ئېتىپ، ئۇلارنى قوغلايتتى. (ج.ب.) ئۇستەلنىڭ ئۇستى ئۈزۈم، ئالما، ئۆرۈك، گۈلقاق، توغاچلار بىلەن تولدى. (ن.ئى.)

بىرىنچى جۈملىدە "قۇشقاچ، قاغىلارنى ۋە تاش، داڭگاللارنى" دېگەن بىر خىل مۇچىلەردە كوپلۇك سان ۋە چۇشۇم كېلىش قوشۇمچىلىرى بىر خىل مۇچىلەرنىڭ پەقەت ئاخىرقىسىغىلا قوشۇلغان، خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ئىككىنچى جۈملىدىكى كوپلۇك قوشۇمچە بىلەن ياردەمچى سوزمۇ بىر خىل مۇچىلەرنىڭ پەقەت ئاخىرقىسى بىلەن بىللە كەلگەن. ئەمما بۇ قوشۇمچىلار بىلەن ياردەمچى سوز بىر خىل مۇچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇچۇن ئورتاق ۋە ئومۇمى.

جۈملىدە بىر خىل مۇچىلەر، مەنە ۋە قوللىنىلىشىغا قاراپ، بىرىكتۈرگۈچى، ئايرىغۇچى ۋە قارىمۇ-قارشى باغلىغۇچىلار بىلەن قوللىنىلىدۇ.

بىر خىل مۇچىلەرنى باغلايدىغان بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلار ئاساسەن "ۋە، ھەم، بىلەن". بۇ باغلىغۇچىلار جۈملىدە سىنتاكسىسلىق تەرەپتىن ئوزئارا تەڭ مۇچىلەرنى باغلايدۇ. مەسىلەن: مەلىكە قارا قاغا ۋە توك قاغىلار تولۇپ كەتكەن ئىدى. (ن.ئى.) بۇ تەخمىنلەرنىڭ ھەممىسى ھەم توغرا، ھەم ناتوغرا بولۇشى مۇمكىن. ("ھ.ك.")

بۇ باغلىغۇچىلار بەزىدە بىر خىل مۇچىلەرنى جۈپلەپ باغلاپ، بىر نەچچە بىر خىل جۈپ گۇرۇپپىلارنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن: "ئىلغارلارنىڭ ئىچىدە ياشلار بىلەن قېرىلار، ئەرلەر بىلەن ئاياللار، رۇسلار بىلەن قازاقلار، ئۇيغۇرلار بىلەن كورىيەلىكلەرمۇ بار." ("ك.ت.") بۇ جۈملىدە 4 جۈپ بىر خىل مۇچە بار: "ياشلار بىلەن قېرىلار، ئەرلەر بىلەن ئاياللار، رۇسلار بىلەن قازاقلار، ئۇيغۇرلار بىلەن كورىيەلىكلەر." بۇ بىر خىل مۇچىلەر ئوزئارا "بىلەن" باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلانغان بولسا، ئەمدى گۇرۇپپىلار ئوزئارا ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق باغلانغان.

ۋە، ھەم، بىلەن باغلىغۇچىلىرى سىنتاكسىسلىق جەھەتتىن جۈملىدە بىر خىل ۋەزىپە ئاتقۇرغان بىلەن، ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بار. مەسىلەن، "ھەم" باغلىغۇچىسى بىر خىل مۇچىلەرنىڭ مەنىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تەكرارلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ئادەمدە ھەممە نەرسە گۈزەل بولۇش كېرەك: ھەم يۈزى، ھەم كىيىمى، ھەم كۆڭلى، ھەم ئويى. (ئا.چ.)

"بىلەن" باغلىغۇچىسى "ۋە" باغلىغۇچىسىدىن ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. "ۋە" باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلانغان بىر خىل مۇچىلەر گىرامماتىكىلىق جەھەتتىن ئىككى خىل بولىدۇ: تولۇق شەكىللەنگەن ۋە تولۇق شەكىللەنمىگەن. "بىلەن" باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلانغان جۈملە ھەرقاچان تولۇق شەكىللەنمىگەن بولىدۇ. مەسىلەن: كىتاپ ۋە دەپتەرنى ئالدىم، كىتاپنى ۋە دەپتەرنى ئالدىم. كىتاپ بىلەن دەپتەرنى ئالدىم (لېكىن كىتاپنى بىلەن دەپتەرنى ئالدىم ئەمەس).

يە (نە)، ياكى، خا، گاھ، بىر، دەم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئايرىغۇچى باغلىغۇچىلارمۇ بىر خىل مۇچىلەر ئارىسىدا ئىشلىتىلىدۇ.

بۇلار سانىلىۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ياكى بولىۋاتقان ئىش‑ھەركەتلەرنىڭ بىرىنىڭ بولۇشىنى ياكى ئۇ مەلۇم ۋاقىت ئىچىدە تەكرارلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. كۆپىنچە ئايرىغۇچى باغلىغۇچىلار بىر خىل مۇچىلەر بىلەن تەكرارلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ئۇ بىر دەم ناخشا ئېيتىپ، بىر دەم قىزىق پاراڭلارنى ئېيتىپ جانەمنى كۈلدۈرۈشكە قىزىقاتتى (م.خ.) قوي، گاھ ئۈنداق، گاھ مۇنداق دەپ ئادەمنى ئاۋارە قىلما. (ھ.ك.)

بىر خىل مۇچىلەر ئارىسىدا "لېكىن، بىراق، ئەمما" قارىمۇ‑قارشى باغلىغۇچىلار ئىشلىتىلىپ، مەنە تەرەپتىن بىر بىرىگە قارىمۇ‑قارشى قويۇلغان مۇچىلەرنى باغلايدۇ. مەسىلەن: قاشتانكا تاماقنى نۇرغۇن يېدى، لېكىن تويمىدى، پەقەت كەيپ بولدى. (ئا.چ.)

بۇلاردىن تاشقىرى، بىر خىل مۇچىلەر "‑دە، ‑مۇ، ‑ما"

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇلانمىلىرى ئارقىلىق باغلىنىدۇ. بۇ ئۇلانمىلار بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلارنىڭ خىزمىتىنى ئاتقۇرىدۇ. جۈملىدە "-دە" ئۇلانمىسى پەقەت بىر خىل خەۋەرلەرنى باغلاپ، ئىش-ھەرىكەتنىڭ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنىڭ ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئىت ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشتى-دە، ئەگەشتۈرۈپ ماڭدى. ("ھ.ك.") ئاخشىمى بىر بۆلۈكنى كىرىسەندى، شۇمشىيىپ ئولتۇرىسەن. (ئو.م.)

بىر خىل خەۋەرلەر "-مۇ" ئۇلانمىسى بىلەن باغلىنىپ كەلگەندە، ئىش-ھەرىكەتنىڭ قارىمۇ-قارشى قويۇلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: قانچە چاپسان ماڭسىمۇ، ئوز ۋاقتىدا يېتىپ بارالمىدى. بۇنى پالۋان قانچە دىققەت بىلەن قارىسىمۇ، ھېچ تونالمىدى. (ن.ئى.) چۈشلۈك تاماق ئالدىراشلىق بىلەن تەييارلانغان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى ياخشى ۋە لەززەتلىك بوپتۇ.

بىر خىل ئىگىلەرنىڭ، تولدۇرغۇچىلارنىڭ ۋە ھالەتلەرنىڭ ھەر بىرسىگە ئۇلىنىپ كەلگەن "-مۇ، -ما" ئۇلانمىلىرى بىر خىل مۇچىلەرنى تەكىتلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن: توشقانلار ئادەملەرمۇ، ئىتلارمۇ، بۆرىلەرمۇ، تۈلكىمۇ ۋە بۆركۈتلەرمۇ ئوۋلايدۇ. (ل.ت.)

بىر خىل ئىگىلەر. بىر خىل ئىگىلەر ئوزئارا تەڭ ھوقۇقلۇق بولۇپ، يا باغلىغۇچىلار بىلەن يا باغلىغۇچىلارسىز باغلىنىپ كېلىدۇ. ئالمىلار، ئۆرۈكلەر چىرايلىق بولۇپ، ئوپچۇرىسىگە ھەرىلەرنى يىغىپ چېچەكلىدى. (ئو.م.)

بىر خىل خەۋەرلەر. ئۇلار كۆپىنچە بىرخىل بىلەن ئىپادىلىنىپ، ئىش-ھەرىكەتنىڭ كەينى-كەينىدىن ياكى مەلۇم بىر ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئۇلار ھەر بىر پاختىنى خۇددى ئوزىنىڭ بالىسىدەك تەربىيىلەيدۇ، پەپىلەيدۇ. (ن.ئى.) بىز ئەمدى كۈندە خەت يازىمىز، ئوقۇيمىز، ھېساپلارنى چىقىرىمىز، سۆھبەت ياسايمىز، تەنتەربىيىلەرنى ئوينايمىز، ناخشىلارنى ئېيتىمىز. (ج.ب.) پالۋان بۇ كۈنلەردە تولا ئېزىلدى، قىينالدى، شۇ كەمگىچە كېپەك دادىسىنىڭ ئويىگە بىر

قېنىمۇ بارىسدى ۋە ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ كورمىدى. (ن.ئى.) پالۋان ھارۋۇ-دىن چۈشتى ـ دە... تۈپ ـ توغرا ئىدارىگە كىرىپ كەتتى. (ن.ئى.)

يۇقۇرىدىكى مىساللاردىكى بىر خىل خەۋەرلەر بىردەك زامان فورمىسىدىكى پېئىللار بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلگەن. بىر خىل خەۋەرلەر ئوخشاش بىر خىل زامان فورمىسىدىكى پېئىللار بىلەنمۇ ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. بەزىدە بىر خىل خەۋەرلەرنىڭ بىرى ھال پېئىلنىڭ "ـ ئىپ، ـ پ" فورمىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، ئىككىنچىسى پېئىلنىڭ شەخس فورمىلىرىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: "مەن بۇ توغرىلىق ئېيتمىدىم، لېكىن ئېيتىمەن. مارتا بىلەن نادىيە ئەتىگەن كېلىپ، كەچ قايتىپ كېتەتتى". (ن.ئو.) مۇنداق بىر خىل مۇچىلەر بەزىدە جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن ئومۇمىي ياردەمچى پېئىلغا ئىگە بولىدۇ: ھەممىسىنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ ياتىمەن. (ج.ب.) بۇ مىسالدىكى "ياتىمەن" ياردەمچى پېئىلى "ئاڭلاپ، كۆرۈپ" شەكلىدىكى بىر خىل مۇچىلەرگە ئورتاق (ئاڭلاپ ياتىمەن، كۆرۈپ ياتىمەن).

بىر خىل خەۋەرلەر پېئىللار ئارقىلىقلا ئىپادىلەنمەي، بەلكى باشقا سۆز تۈركۈمىدىكى سۆزلەر بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: بېشىڭلار سالقىن، چىرايلىق، كەڭ. (ئو.م.)

بىر خىل تولۇقلىغۇچىلار. جۈملىدە ھەم توغرا تولۇقلىغۇچىلارمۇ، ھەم ۋاسىتىلىك تولۇقلىغۇچىلارمۇ بىر خىل مۇچىلەر بولۇپ كېلىدۇ. كېلىش قوشۇمچىسى ۋە تىركەلمە بىر خىل تولۇقلىغۇچىلارنىڭ ھەر-قايسىسىنىڭ ئاخىرىغا ياكى پەقەت بىر خىل تولۇقلىغۇچىلارنىڭ ئاخىرقى تەركىۋى قىسمىغىلا ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن: خەلق سەنئىتىنىڭ ماھىرلىرى ئۆزلىرى سىزغان سۈرەتلەردە، گىرافىكلاردا، ياسىغان ھەيكەللەردە، نەقىش-لەردە، گىراھىكىلىرىدا قوشاقچىنىڭ پارلاق ئوبرازىنى ئەكس ئېتىدۇ. ("ك.ت.") ئورۇندۇقلارنى، دىۋانلارنى، ئۈستەللەرنى، چاي قاچىلىرىنى قويۇپ بېرىمەن. (ئا.ق.) بۇ مۇھىم خەۋەرنى رادىئو، گېزىت ۋە تېلېۋىزىيە ئارقى-لىق ئاڭلىدۇق.

www.uyghurkitap.com

بىر خىل ھالەتلەر. ھالەتلەرمۇ جۈملىدە ئۇيۇشۇپ كېلىدۇ. خۇددى باشقا بىر خىل مۇچىلەر ئوخشاش، بىر خىل ھالەتلەرمۇ ئۆز ئارا باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ياكى باغلىغۇچىلارسىز باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: "ھويلىلاردا، كوچىلاردا، ئۆگزىلەردە، تام تۈۋلىرىدە ئۇششاق بالىلار، قىرى مويسىپىت بوۋايلار... ئاپتاپقا قاخلىنىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ". (ن. ئى.) — بىر خىل ئورۇن ھالەتلىرى. "دىلبەرمۇ دادىسىنىڭ مۇنچىۋالا يارىتىشىغا لايىق ئەقىللىق، ئوماق، گەپلىرى تاتلىق بولۇپ ئۆسمەكتە ئىدى". (ن. ئى.) — بىر خىل سۈپەت-ھەرىكەت ھالەتلىرى. بۇ مىسالدىكى "بولۇپ" ياردەمچى پېئىل "ئەقىللىق، ئوماق، تاتلىق" دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق. "ئاشلىق يىغىش ئىشلىرى كۈندۈزىمۇ، كېچىسىمۇ قىزغىن يۈرگۈزۈلمەكتە". — بىر خىل ۋاقىت ھالەتلىرى. "... دۇنيا ئۈچۈن، يەر-سۇ ئۈچۈن، ئازاتلىق ئۈچۈن كىملەر بىلەن، كىملەرنىڭ قانداق چېلىشلىرى بىلەن ئاز-ماز بولسىمۇ تونۇش بولۇۋالدىم". (م. ھ.) — بىر خىل مەقسەت ھالەتلىرى. باشقا ھالەتلەردىن كەلگەن بىر خىل مۇچىلەرنىمۇ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

بىر خىل ھەم ھەر خىل ئېنىقلىغۇچىلار. جۈملىدە بىر ئىسىمنىڭ — ئېنىقلانغۇچىسىنىڭ — بىرنەچچە ئېنىقلىغۇچىسى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ ئېنىقلىغۇچىلار ھەمىشە بىر خىل بولۇپ كېلىۋەرمەيدۇ.

ئېنىقلىغۇچىلار بىر خىل ھەم ھەر خىل بولۇپ كېلىدۇ. بىر خىل ئېنىقلىغۇچىلارنىڭ ھەر بىرى ئېنىقلىغۇچى سۆز بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئۆز ئارا باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ياكى باغلىغۇچىلارسىز باغلىنىپ، ساناش ئىنتوناتسىيىسى بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بىر خىل ئېنىقلىغۇچىلار ئېنىقلانغۇچى سۆزنى بىر تەرەپلىمە ئېنىقلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن: "كوچىلاردا، كەڭ مەيدانلاردا ئالا-بېشىل، قىزىل لاتىلار ئېسىلغان". (ن. ئى.) بۇ جۈملىدىكى بىر خىل

ئېنىقلىغۇچىلار ئېنىقلانغۇچى سۆزنى بىر تەرەپلىمە ئېنىقلاپ، ئىپادىلىگەن نەرسىنىڭ تۈرلۈك رەڭگىنى كۆرسىتىپ كەلگەن. "يېزىنىڭ كەڭ ۋە ئۇزۇن كوچىلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىگە نۇرغۇنلىغان يېڭى ياغاچ ۋە خىش ئۆيلەر سېلىنىۋېتىپتۇ". بۇ جۈملىدىكى "كەڭ ۋە ئۇزۇن" دېگەن بىر خىل ئېنىقلىغۇچىلار "كوچىلار" دېگەن ئېنىقلانغۇچى سۆزنى بىر تەرەپلىمە ئېنىقلاپ، ئۇ ئىپادىلىگەن نەرسىنىڭ (كوچىنىڭ) تۈرلۈك ئۆلچىمىنى، ھەجىمىنى كۆرسىتىپ كەلگەن، "ياغاچ ۋە خىش" دېگەن بىر خىل ئېنىقلىغۇچىلار "ئۆيلەر" دېگەن ئېنىقلانغۇچى سۆزنى بىر تەرەپلىمە ئېنىقلاپ، ئۇ ئىپادىلەپ كەلگەن نەرسىنىڭ تۈرلۈك ماتېرىيالدىن ياسالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بىر خىل ئېنىقلىغۇچىلارنىڭ ئارىسىغا باغلىغۇچىنى قىستۇرۇشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ.

مەسىلەن: ئەتىگەنلىكى بولسا خۇددى مامۇقتەك يۇمشاق،... يېقىملىق باھار شامالللىرى يەلپۈپ ئۆتەر. (ن. ئې.) — ئەتىگەنلىكى بولسا خۇددى مامۇقتەك يۇمشاق... ۋە يېقىملىق باھار شامالللىرى يەلپۈپ ئۆتەر. — ئەتىگەنلىكى بولسا... يېقىملىق، خۇددى مامۇقتەك يۇمشاق باھار شامالللىرى يەلپۈپ ئۆتەر.

بىر خىل ئېنىقلىغۇچىلار كۆپىنچە سۈپەت، سۈپەتداشلار، ئىسىملار ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ كېلىدۇ.

ھەر خىل ئېنىقلىغۇچىلارنىڭ ئالدىنقىسى ئېنىقلانغۇچى ئىسىمغا بىۋاستە باغلىنىپ كەلمەي، ئۆزىنىڭ كەينىدىكى ئېنىقلانغۇچى بىلەن ئىسىمدىن تۈزۈلگەن بىرىكمىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن: ...چېكىسىگە كىرلەنگەن ئاق ياغلىق تېڭىۋالغان... سولەتلىك بىر كىشى ئىدى. (ن. ئې.) (سېلىشتۇرۇڭ: سولەتلىك بىر كىشى ئىدى — ياغلىق تېڭىۋالغان سولەتلىك بىر كىشى ئىدى — ئاق ياغلىق تېڭىۋالغان سولەتلىك بىر كىشى ئىدى).

ھەر خىل ئېنىقلىغۇچىلار شەيئىنى ھەر تەرەپلىمە، ھەر جەھەتتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرىسى

ئىپنقلايدۇ، ئۇنىڭ ھەر تۈرلۈك بەلگە ـ سۈپەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئۇلار يوغان خىش ئۆيدە تۇرىدۇ (ئۆلچەم بىلەن ماتېرىيالىنى كۆرسىتىدۇ). مەلىدىكى... پاكا ـ پاكا تام ئۆيلەر، تاملار، ئېغىللار دەھشەتلىك گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلار بىلەن تورۇلۇشكە باشلىدى. (ن. ئى.) (جاي، فورما ۋە ماتېرىيالنى كۆرسىتىدۇ). كۆكتات دۆكىنىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا دۆگىلەك سوزۇق قارا تاۋۇزلار دۆگىلاغلىق تۇرماقتا. (فورما بىلەن رەڭنى كۆرسىتىدۇ).

ھەر خىل ئېنىقلىغۇچىلار كۆپىنچە ئەسلى ۋە نىسبىي سۈپەتلەرنىڭ بىرىكمىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ: "تاتلىق يازلىق ۋە كۈزلۈك شاپتۇلا، شىرىن كۈزلۈك قوغۇن، تاۋۇزلار بۇ يەردە كۆپ بولىدۇ".

ھەر خىل ئېنىقلىغۇچىلار كۆپىنچە ئەسلي سۈپەتلەر بىلەن ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەن ئىسىملارنىڭ بىرىكمىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: "ئۇنىڭ ئۈچىسىدا بويىغا چاپلىشىپ كەلگەن قوش چاپان، پۇتىدا يوغان سولدات ئۆتۈك، بېشىدا... ئاق كىگىز قالپاق ئىدى" (ن. ئى.) بەزىدە ھەر خىل ئېنىقلىغۇچىلار ئەسلى سۈپەتلەرنىڭ بىرىكمىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ كېلىشى مۇمكىن: دەريانىڭ قىرغىقىدا ئاق، قىزىل، كۆك دۆگىلەك، ياپىلاق تاشلار دۆمىلىنىپ ياتماقتا.

ھەر خىل ئېنىقلىغۇچىلارنىڭ ئارىسىغا باغلىغۇچىنى قىستۇرۇشقا بولمايدۇ. ھەر خىل ئېنىقلىغۇچىلار ساناش ئىنتوناتسىيىسى بىلەن تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ.

ئومۇملاشتۇرغۇچى سوزلەر. ئومۇملاشتۇرغۇچى سوز سانىلىپ ئېيتىلغان نەرسىلەرنى، ئىش ـ ھەرىكەتنى، سۈپەتنى، ھالەتنى... جەملەپ ئۇلارغا نىسبەتەن كەڭ چۈشەنچىنى ئىپادىلەيدۇ. بىر خىل مۇچىلەر ئومۇملاشتۇرغۇچى سوز ئىپادىلىگەن چۈشەنچىنىڭ مەزمۇنىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ كېلىدۇ. ئۇلار ئومۇملاشتۇرغۇچى سوزگە نىسبەتەن ئىزاھلىغۇچى سوزلەر ۋەزىپىسىدە خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن: "شۇ كۈنى شۇنداق شا بولۇشلارنى ھەر جايدا: ئۆيدە، ھويلىلاردا،

كوچىلاردا، ئۈزۈتىپ ئايرىلغان جايلاردا كورۇش مۇمكىن ئىدى". (م. ھ.) ئومۇملاشتۇرغۇچى سوزلەر ۋەزىپىسىدە كوپىنچە ھەجمى كەڭ چۈشەنچىنى ئىپادىلەيدىغان سوزلەر ئىشلىتىلىدۇ. ئومۇملاشتۇر- غۇچى سوز تولاراق بىر خىل مۇچىلەردىن ئاۋال كېلىدۇ. مەسىلەن: كېچىسىمۇ، پۈتۈن يەر-جاھانمۇ — ھەممىسىلا قارا پۇركەلگەن. (ج. ب.) دالا تۈرلۈك-تۈمەن رەڭدىكى گۈللەرگە تولغان: سېرىق چېچەكلەر، يېشىل رەڭلىك قوڭغۇراق گۈللەر، توپ-توپى بىلەن ئاقىرىپ كورۈنگەن روماشكىلار، پەرەڭدەك قىزارغان چىنە گۈللەر. (ئا. ق.) قارىسام، مېنىڭ ساندۇغۇم، كومۇچ ساپلىق قىلىچىم، دوستۇمنىڭ ماڭا سوغات قىلىپ بەرگەن داغىستان خەنجىرى — ھەممىسى يوق. (م. ل.)

## ئاددىي جۈملىدە سوز تەرتىۋى

جۈملە تۈزۈشتە سوز تەرتىۋىنىڭ گىراماتىكىلىق ۋە ئىستىلىستى-كىلىق رولى چوڭ. سوز تەرتىۋى نەزەرىي، ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ قانۇن-قائىدىلىرىنى بىلىش تىل مەدىنىيىتىنى ئوستۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

گىراماتىكىلىق شەرت-شارائىتلارغا باغلىق، ھەر بىر سوزنىڭ ئوزىگە لايىق ئادەتتىكى ئورنى بولىدۇ. بۇ توغرا، نورمال تەرتىپ سانىلىدۇ. توغرا ۋە نورمال تەرتىپنىڭ ئوزگىرىشى بولسا ئورۇن ئالماشتۇرۇشقا ئېلىپ كېلىدۇ.

ئورۇن ئالماشتۇرۇش ئىستىلىستىكىلىق ۋە مەنىۋىي تەلەپلەرگە بىنائەن بولىدۇ ۋە ئۇلوگىكىلىق ئۇرغۇ بىلەن باغلىقتۇر. لوگىكىلىق ئۇرغۇ چۈشكەن جۈملىدىكى بىرەر سوز ياكى سوز بىرىكمىلىرى باشقا سوزلەردىن ئالاھىدە ئاجرىلىپ تۇرىدۇ. "مەزمۇن جەھەتتىن بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان بولەك... ئادەتتە خەۋەرنىڭ ئالدىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېلىدۇ ۋە لوگىكىلىق ئۇرغۇ قوبۇل قىلىدۇ"①. مەسىلەن: "تولۇگۈن مەن ساڭا ئېيتتىم". لوگىكىلىق ئۇرغۇ چۈشكەن سوزنىڭ مەنىسى شۇ سوز تەكرارلانغاندا تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. مەسىلەن: ھە، بوپتۇ، سىلىگە غۇلجىنى بەردىم، غۇلجىنى. (ج. ب.) بىر چاتىقى بار، چاتىقى (ق. ت.)

لوگىكىلىق ئۇرغۇ ئورۇن ئالمىشىش ۋە ئىنتوناتسىيە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر لوگىكىلىق ئۇرغۇ ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق بېرىلسە، سوز ياكى سوز بىرىكمىلىرىنىڭ ئورنى ئالمىشىدۇ. مەسىلەن:

قىز بولارنىڭ ھەممىسىنى يامان كورەتتى...
ئۇستىلىق قىپ يانچۇغىدىن ئالدى ئاقچىنى،
ئۇچارماقچى بولدى ئەمدى قەپەزدىن قۇشنى.
ئېھتىيات قىپ توت تەرەپكە قارىدى موماي،
يۈرىگى تېز تېپەر ئىدى كوكسىگە پاتماي.

(خ. ھ.)

بۇ شېئىرنىڭ بىرىنچى قۇرىدا جۈملە مۇچىلىرى نورمال تەرتىپ بويىچە جايلاشقان. قالغان قۇرلاردا ئىگىسىنىڭ ئورنىغا ھالەتنىڭ خەۋەرنىڭ ئورنىغا بولسا تولۇقلىغۇچىسىنىڭ، ئىگىسىنىڭ، ھالەتنىڭ ئالمىشىپ كەلگەنلىكىنى كورۇشكە بولىدۇ.

ئەگەر لوگىكىلىق ئۇرغۇ ئىنتوناتسىيە بىلەن بېرىلسە، سوز تەرتىۋى ئوزگەرمەيدۇ، ئاجرىلىپ تۇرىدىغان مۇچە ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىلىدۇ ۋە ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. مەسىلەن: ئەخمەت تۈنۈگۈن كەلدى (باشقىلار ئەمەس، ئەخمەت كەلدى.) ئەخمەت تۈنۈگۈن كەلدى (باشقا كۈنى ئەمەس، تۈنۈگۈن.) ئەخمەت تۈنۈگۈن كەلدى (كەلمىدى ئەمەس، كەلدى.)

---

① ئا. غ. غولاموۋ، ئا. ئاسقا روۋا «ھازىرقى زامان ئوزبېك تىلى سىنتاكسىس» تاشكەنت، 1961 ـ يىل نەشرى، 134 ـ بەت.

ئۇيغۇرتىلىدىكى سوز تەرتىۋىنىڭ ئىككى تۈرلۈك رولى بار: 1) گىراممانىكىلىق؛ 2) سىنتاكسىسلىق.

جۈملىدىكى سوز تەرتىۋىنىڭ گىراممانىكىلىق رولى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، جۈملە مۇچىلىرىنىڭ سىنتاكسىسلىق هالىتى سوز تەرتىۋى ئارقىلىق بەلگۈلىنىدۇ. مەسىلەن: باراتوۋ — ئىنژېنېر. ئىنژېنېر — باراتوۋ. مۇنداق ۋاقىتتا تەرتىپ تۇراقلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى گىراممانىكىلىق هالەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئېلىپ كېلىدۇ.

سوز تەرتىۋىنىڭ گىراممانىكىلىق رولى تۆۋەندىكىچە:

1. ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ تەرتىۋى تۇراقلىق بولىدۇ. يەنى ئىگە بىرىنچى ئورۇندا، خەۋەر ئىككىنچى ئورۇندا كېلىدۇ: "مەن ئاغىنەمگە خەت يازدىم" ئەگەر باش مۇچىلەر باش كېلىشتىكى ئىسىملار بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلسە، ئۇلارنىڭ ئورنى تۇراقلىق بولىدۇ — بىرىنچى ئورۇندىكى سوز ئىگە، ئىككىنچى ئورۇندىكى سوز خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ تەرتىۋى ئالماشتۇرۇلسا، ئەكس هالەت ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. سېلىشتۇرۇڭ: توشقان — ئوي هايۋىنى. ئوي هايۋىنى — توشقان.

2. ئىگە بىلەن تولۇقلىغۇچى شەكىللەنمىگەن چۈشۈم كېلىشتىكى ئىسىم بىلەن ئىپادىلىنىپ، هەم ئىگە، هەم تولۇقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلەلەيدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ قايسى جۈملە مۇچىسى ئىكەنلىگىنى سىنتاكسىسلىق هالەتلەر ئارقىلىق — ئاساسەن شۇ سوز ياكى جۈملىنىڭ سېمانتىكىسى ئارقىلىق — ئېنىقلاشقا بولىدۇ. مەسىلەن: يۇلتۇزلار قوغلاپ بۈيۈك ئالتاغ. (ز. ق.)

3. ئېنىقلىغۇچى سۈپەت، سان بىلەن، ئېنىقلانغۇچى ئىسىم بىلەن ئىپادىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئورنى ئالماشسا، ئىگە ۋە خەۋەردىن ئىبارەت جۈملە هاسىل بولىدۇ: قارا قوي — قوي — قارا. بەش ئالما — ئالما بەش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىگىسىنىڭ جۈملىدىكى ئورنى. ئاددىي يىغىق خەۋەر جۈملىسىدە ھەر قانداق سۆز تۈركۈمى بىلەن ئىپادىلەنگەن ئىگە، ئادەتتە، خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: سەن — كولخوز يىگىتى. (ئو. م.) پالۋان — قېرىپ. (ن. ئى.) ئوقۇغان ئۇزار. (ماقال.) بەش — تاق سان. بۇ — ئاز. (ئو. م.)

ئاددىي يېيىق خەۋەر جۈملىلەردىمۇ مۇشۇنداق تەرتىپ ساقلىنىدۇ. ئىگە ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ئېنىقلىغۇچىلىرى بىلەن ئۆزىگە بېقىنىپ كەلگەن سۆزلىرى بار خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: سېنىڭ ناخشاڭ نە قاتارلىق مۇڭلۇق ئىدى. (ئو. م.) قادىراخۇنلارنىڭ تۇرىدىغان يېزىسى شەھەردىن ئانچىلا يىراق ئەمەس. (ن. ئى.)

قىسسە ۋە چۆچەكلەردە، ئادەتتە، ئىگە خەۋەرنىڭ ئالدىدا تۇراقلىق بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ئاۋالقى قەدىم زاماندا بىر بېلىقچى كەمبەغەل بولغان ئىكەن... بۇرۇنقى چاغلاردا بىر ئايال ئۆتكەن ئىكەن. (چۆچەك.)

ئىگىنىڭ خەۋەردىن كېيىن كېلىش تەرتىۋى تۆۋەندىكى ھالەتلەردە بولىدۇ:

1. پو ئېزىيىدە، ماقال ۋە تەمسىللەردە شېئىرىي، ئىستىلىستىكىلىق تەلەپلەرگە بىنائەن:

ئۇزاقلاردىن ئەلگە مەلۇم داڭلىق گۈلەمخان،
شۇ تۇغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەي تارىخىي داستان،
(خ. ھ.)

ھېچ نەدە يوق ئىدى بۇ دۇنيا،
نەدىن چىقتى بۇ غوغا.
(ماقال.)

2. نۇتۇقتا ھېكايە مەنىسى ئىپادىلەنگەن چاغدا: جاڭگال ئىدى بۇ يەرلەر. (ن. ئى.) شۇنداق ئۆتتى باللىقىم. (ئو. م.)

3. كوچۇرمە گەپلەردە ئاپتورنىڭ سۆزى كوچۇرمە گەپتىن

كېيىن كەلگەندە: ئۇ... ھېچ نېمە ئەمەس، — دېدى دىلبەر. (ن. ئې.) — بۇگۈن يېنىپ چىقمىدىغانسەن‌دۇ؟ — دەپ سورىدى سادىق. (ئو. م.)

4. ئىگە لېكسىكىلىق جەھەتتىن كۆچىسىزلەنگەن ئىسىم بىلەن ئىپادىلەنگەندە: بۇگۈن قىلىشىڭغا ئۇلەندۇ كىشى... (ق. ت.) توۋا، شۇلداقمۇ ئېغىر كۈنگە دۇچار بولىدىكەنە كىشى. (م. ز.)

خەۋەرنىڭ جۈملىدىكى ئورنى. خەۋەر تېپىچ، نورمال ئاھاڭدا ئېيتىلغان خەۋەر جۈملىلەردە جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ. جۈملىدىكى تۇتقان ئورنىغا قارىغاندا خەۋەرنىڭ ئورنى ئىگىنىڭ ئورنىغا نىسبەتەن كۆپىنچە تۇراقلىق بولۇپ، ئىگىدىن كېيىن، جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ. مۇنداق ھالەتنى ئاددىي يېغىق ۋە يېيىق خەۋەر، سوئال، ئۈندەش ۋە بۇيرۇق جۈملىلەردە كۆرۈش مۇمكىن. مىساللار: مېنىڭ دادامۇ ئوتۇنچىلارنىڭ بىرى ئىدى. (ئو. م.) — ئاناڭ قانچە مەتەم ساقلا يالغان ئېيتتۇڭدى؟ (ج. ب.) سوۋېتلەر سويۇزى بىلەن ئىتالىيە خەلقلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرى تەرەققى ئەتسۇن ۋە مۇستەھكەملەنسۇن! ("ك. ت.") ھازىرغا سەن ھازىرلان! (ئە. م.)

خەۋەرنىڭ ئىگىنىڭ ئالدىدا كېلىشى تۆۋەندىكى شارائىتلارغا باغلىق بولىدۇ:

1. شېئىرىي ئەسەرلەردە قاپىيە، ئاھاڭ، رىتىم ۋە باشقا تەلەپلەرگە بىنائەن، خەۋەر جۈملىنىڭ بېشىدا، ئوتتۇرىسىدا ۋە ئاخىرىدا كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

دەر ھەقىقەت، شۇنداق گۈزەل ئىدى گۈلەمخان،
شۇڭا قىزغا كىچىكىدىن كوز مونچاق ئاسقان.
قىز بەختىنى تىلەر ئىدى ئاتا ـ ئانىسى،
يوق ئىدى ھەم مۇشۇ قىزدىن باشقا بالىسى.
(خ. ھ.)

2. شۇ ئارلاردا، بىرىگە بويرۇق، خىتاپ، ئۈندەش مەنىسىدە ئېيتىلغاندا، ئوتۇقنىڭ جوشقۇنلىغىنى، تەسىرچانلىغىنى كۈچەلەندۇرۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن خەۋەر بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن: ياشىسۇن ئىپىنىن تەربىيىدىن ئۆرۈلغان شانلىق سوۋېتلەر سويۇزى كوممۇنىستلار پارتىيىسى! ("ك. ت.") يوقالسۇن بىزلەرنى ئالداپ كەلگەن پادىشا ھەم ئۇنىڭ قۇيرۇق-لىرى بولغان ۋاقىتلىق ھوكۇمەت، توختالسۇن ئۇرۇش! (م. ھ.) — تاشلا پالتاڭنى، بولمىسا ھازىر ئاتىمەن... (ئو. م.) — ئەنە شۇنداق تۇزۇۋاتىدۇ بىزنىڭ ئۆمرىمىز ھە، دادا! (ن. ئى.) مېنى كەچۈرگىن سەن. (ئو. م.)

3. ئاپتور سۆزى كۆچۈرمە گەپلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئاخىرىدا كەلگەندە، خەۋەر ئىگىسىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: — رەھمەت، — دېدى ئۇ، — بەكمۇ سەن ئوقۇتقانسەن، ئۆزەم ئوقۇدۇم. (ئو. م.) — ئىشىكتە بالا - چاقاڭ يوق؟ — دەپتۇ بايىقى ئادەم. (چوچەك.)

ئىنقىلغۇچىنىڭ جۈملىدىكى ئورنى. سۆيەت ئىنقىلغۇچىلار ھەر خىل سۆز تۈركۈملىرىدىن بولۇپ (سۆيەت، سان، ئالماش، رەۋىش، سۆيەت پېئىلى، ئىسىم)، ئۇلار ئىنقىلايدىغان سۆزنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: قىزىل ئالما، بەش ئادەم، ئاۋۇ كىتاپ، ئورغۇن ھوسۇل، ئويناۋاتقان قىز، ئاراق - تۇرۇق ئاۋاز.

كىلاسسىك ئەدەبىياتلاردا، كونا ئۇيغۇرتىلىدا سۆيەت ئىنقىلغۇ-چىلارنىڭ ئىنقىلانغۇچى سۆزدىن كېيىن كېلىش ھاللىرى ئۇچرايدۇ: "قەمەرى قۇلۇلۇقنى بەلگە باغلايىن باشلاپ بۇگۈن. (ب. ن.) بۇنداق بىرىكمىلەرنى پارىس تىلىنىڭ تەسىرى ئارقىلىق پەيدا بولغان دەپ قاراش كېرەك". بۇنداق ھالەت ھازىرقى كۈندىكى ئەدەبىياتىمىزدا بەزى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدۇ. مەسە-لەن: بېشىدا ئالتاغ گەۋدىسى مەغرۇر. (ر. ق.) — بىز تاپىمىز، — دەپ جاۋاپ بەردى خوپ چىرايلىق. (ھ. ئا.)

سۆيەت ئىنقىلغۇچىلار بىر ياكى بىر نەچچە بولۇپ، ئىسىمغا باغلىنىپ كېلىدۇ. سۆيەت ئىنقىلغۇچىلار بىر نەچچە بولغاندا، ئۇلار ئىككى خىل كورۇنۇشكە ئىگە:

1. سۆيەتلىگۈچىلەر سۆيەتلەنگۈچى سۆزگە نىسبەتەن بىر خىل

مۇناسىۋەتتە بولۇپ، بىر تەرەپتىن سۇپەتلەنسە، ۋەزىپىسى ئوخشاش بولسا ۋە ئۇلارنى ساناش مۇمكىن بولسا، ئۇلار بىر خىل، ئۇيۇشقان مۇچە ھېساپلىنىدۇ: "ئاق سېرىق گۈللەر ئېچىلدى." ئۇيۇشقان بىر خىل مۇچىلەر بەزىدە باغلىغۇچى بىلەن كېلىدۇ: كېچىسى ۋە كۈندۈزى قويۇق قارا ۋە سېرىق ئىسلارنى چىقىرىپ... (ئو. م.).

2. بۇلارنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشىدا يۇقۇرىدىكى خۇسۇسىيەتلەر يوق بولسا، ئۇلار ھەر خىل، ئۇيۇشمىغان سانىلىدۇ: ئوتتۇرىغا يوغان ئىككى كىگىز سېلىنغان. (ج. ب.)

سۇپەت ئېنىقلىغۇچىلار بىر خىل، ئۇيۇشقان بولسا، تەرتىپ ئەركىن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئورنى ئالماشقان ھالەتتىمۇ، مەزمۇنغا ھېچ دەخلى يەتكۈزمەيدۇ. سېلىشتۇرۇڭ: قىزىل، سېرىق بوياق ئالدى — سېرىق، قىزىل بوياق ئالدى.

سۇپەت ئېنىقلىغۇچىلار ھەر خىل بولۇپ كېلىپ، ئۆزئارا ئورۇن ئالماشتۇرسا، مەزمۇنغا قوشۇمچە تۈس بېرىدۇ. سېلىشتۇرۇڭ: يوغان قارا قوي — قارا يوغان قوي.

ئۇيۇشمىغان سۇپەت ئېنىقلىغۇچىلارنىڭ ئورنى ھەر خىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەرتىۋى ئاڭلىتىدىغان مەنىسى، ئىنتوناتسىيە ۋە پائۇزا بىلەن مەككەم باغلىق.

رۇس تىلى گىراماتىكىسىدا سۇپەتلىگۈچى ئېنىقلىغۇچى بىر نەچچە بولغاندا، ئېنىقلىنىدىغان سوزنىڭ مۇھىم سۇپىتىنى بىلدۈرىدىغان سوز ئۇنىڭغا بىۋاستە يېقىن، ئالدىدا تۇرىدىغانلىقى ئېيتىلغان. بۇ قائىدە ئۇيغۇر تىلىغىمۇ خاس. مەسىلەن: ئارزىگۈلمۇ دۆگىلەك قارا كوزلىرىنى سەيدۇلغا قادىدى. (ق. ت.)... قىڭغىر - سىڭغىر تار كوچىلار... ئارقىدا قالار ئىدى. (ن. ئى.)

بىز يۇقۇرىدا سۇپەت ئېنىقلىغۇچىلارنىڭ ئورنىنىڭ تۇراقلىق بولىدىغانلىغىنى ئېيتىپ ئوتتۇق. باغلىغۇچىلىق، يەنى ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن ئېنىقلىغۇچىلاردا سوز تەرتىۋى

www.uyghurkitap.com

ياشقىچەرەك بولىدۇ. پروفېسسور م. ب. بالا قايېۋ قازاق تىلىدا: "باغلىغۇچىلىق بىرىكمىنىڭ تەركىۋىدىكى ئىنىقلىغۇچىلار نىسبەتەن ئەركىن تەرتىپ بىلەن جايلىشىدۇ"① دەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ خۇددى شۇنداق بولىدۇ. باغلىغۇچىلىق قۇرۇلۇشتىكى ئىنىقلىغۇچىلاردا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسىنى ئالغان سوز (ئىنىقلىغۇچى) بىرىنچى كېلىپ، ئۇزىدىن كېيىن ئۇچىنچى شەخس ئىگىلىك قوشۇمچىسىدا كەلگەن سوزنى (ئىنىقلانغۇچىنى) تەلەپ قىلىدۇ: "كىتاپنىڭ بېتى، داۋۇتنىڭ قەلىمى..." ئەگەر بىر سوزنى ھەم ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن سوز، ھەم سۈپەتلىگۈچى سوز ئىنىقلاپ كەلسە، بۇنداق ۋاقىتتا ئاۋال باغلىغۇچىلىق ئىنىقلىغۇچى، كېيىن سۈپەتلىگۈچى ئىنىقلىغۇچى كېلىدۇ. مەسلەن: سادىق ئۇزىنىڭ بۇ ئېغىر ئۇيلىرىنى ئوز يولداشلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويمىغان. (ھ. ئا.) ئۇنىڭ ياغىپايغان ئۇزۇن چاچلىرى كاللەكلەشكەن... (ن. ئى.) ئۇ ئوزىنىڭ ئۇزۇن قارا چاچلىرىنى بىر ئورۇپ... (ئو. م.)

باغلىغۇچىلىق ئىنىقلىغۇچىلار ئىككىدىن ئېشىپ كەتسە، ئىپادىدە ئېغىرلىق تۇغدۇرىدۇ. مەسلەن:... سوۋېت خەلقىنىڭ خىزمىتىنىڭ چوڭلىغىنى... كورستىدۇ. ("ك. ت.")

باغلىغۇچىلىق ئىنىقلىغۇچىلارنىڭ ئارىسىغا سۈپەتلىگۈچىلەر كىرىۋېلىپ، ئىنىقلانغۇچى سوزگە باغلىنىپ كەلگەندە، "...نىڭ" قوشۇمچىسى ئارقىلىق كەلگەن ئىنىقلىغۇچى بىلەن ئىنىقلانغۇچىنىڭ ئارىسى يىراقلىشىپ كېتىپ، ئىپادىسىنىڭ كونكرېتلىقلىغى، ئوچۇق بولۇشى سۇسلىشىدۇ. مەسلەن: قىشنىڭ ئاچچىق شاماللىق زەمەردەك قارا سوغى كۈندىكىلەرگە قارىغاندا جاندىن ئوتمەكتە. (م. ھ.) ھەسەن بوۋاينىڭ بۇ كۈلكۈلۈك قىلىقلىرىغا ھەجىيىپ قويدى. (ن. ئى.)

---

① م. ب. بالاقايېۋ. مەزكۇر ئەسەر، 204 ـ بەت.

باغلىغۇچىلىق ئىنىقلىغۇچىلارنىڭ ئورۇن ئالمىشىشى تۆۋەندىكى ھالەتتە بولىدۇ.

قىزمۇ ئۇسۇپ، چاچقا جالا سېلىنىپ قالدى،
بەگۋاشلىقى ئەمدى ئۇنىڭ بېسىلىپ قالدى.

2. پروزىدا ئىستىلىستىك تەلەپلەرگە بىنائەن: ئاچچىقى يامان ئۇنىڭ. — دېدى. (ق. ت.) ھەممىسى باردى ئۆلارنىڭ؟ — دەپ سورىدى. (ن. ئى.)... بېرىم كېچىدىن ئۆتكەن بىر ۋاقىتتا كوزى ئىلىنغان ئىدى ئۇنىڭ. (ھ. ئا.)

دېمەك، باغلىغۇچىلىق ئىنىقلىغۇچىلاردا سوز تەرتىۋىنىڭ نىسبىي ئەركىن بولۇشى نەتىجىسىدە، بەزى شارائىتلاردا ئورۇن ئالماشتۇرۇپ كېلەلەيدىغانلىقىنى يۇقۇرىدىكى مىساللاردىن كوردۇق. ئەمما مۇنداق تەرتىپ نىسبىي بولغاچقا، ئۇنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى بەزىدە بېشقى مەنىگە ئېلىپ كېلىدۇ. مۇنداق ھالەت ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتىغا باغلىق، كوپىنچە جانلىق تىلدا، تەرجىمە ئەدەبىياتلاردا يۇز بېرىدۇ. مەسىلەن: كونسېرتنى باشقۇرغۇچى خ. غۇلاموۋنىڭ سەھنىگە چىقىپ ئاڭلاتقان ھەر بىر نومۇرى زالدىكىلەرگە يېڭىلىق ئېلىپ كەلگەندەك ئىدى:

— ناخشا. "ئاسگۇل". مۇزىكىسى ئەخمەدىنىڭ...

— ناخشا. "ئالمۇتا". مۇزىكىسى ئىسلاموۋنىڭ، سوزى زۇلپىقاروۋنىڭ...

— پاختا ئۇسۇلى. قادىر خوجايېۋنىڭ مۇزىكىسى. ئۇسۇلنى قويغان — ئايۇپوۋا. ("ك. ت.")

بۇ مىسالدىكى مۇزىكىسى ئىسلاموۋنىڭ، سوزى زۇلپىقاروۋنىڭ دېگەن بىرىكمىلەردە ئورۇن ئالماشتۇرۇش نەتىجىسىدە ئىنىقلىغۇچىلىق ئالاقىنىڭ ئورنىغا خەۋەر خۇسۇسىيەتلىك ئالاقە پەيدا بولغان. "قادىر خوجايېۋنىڭ مۇزىكىسى" بىرىكمىسى بولسا ئىنىقلىغۇچى — ئېنىقلانغۇچى، يەنى ئىنىقلىغۇچىلىق تەرتىپىنى ساقلاپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى مىسالدىكى ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئارىسىغا سىزىق قويۇش ئورۇنلۇق ئىدى. بۇنداق تەرتىپ، يۇقۇرىدا ئېيتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆتكىنىمىزدەك، جانلىق تىلدا كۆپرەك ئۇچراپ، ئۇ پەقەت رۇس تىلىنىڭ تەسىرى ئارقىلىقلا پەيدا بولغان دەپ قاراش كېرەك.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا، كونا ئۇيغۇر تىلىدا، فولكلور-لاردا پارس تىلىنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان سوز تەرتىۋى ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

سېنى سوراغلاپ، ئىزدەپ چىقارمەن
شەھرى ئىلىدىن، سۈيى بۇخارا.

بۇ تەرتىپ ھازىرقى كۈندە بىزنىڭ بەزى شائىرلىرىمىزنىڭ ئىجادىدىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

خەلقى ئالەم نەپرەتلىنەر ئەپتىدىن.
(م. ز.)
سويگۈ دەپ ئىزدىدىم خەلقى ئالەمدىن.
(ز. ق.)

ئىزاھلىغۇچىنىڭ جۈملىدىكى ئورنى. ئىزاھلىغۇچى ئېنىقلىغۇچىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىگە مۇۋاپىق، ئىزاھلانغۇچىدىن كېيىن كېلىدۇ. بۇنداق تەرتىپتە لەقەم، ئەمەل، جىنس، مەشغۇلات، كەسىپ ئىپادە قىلىنىدۇ. مەسىلەن: سەمەت چولاق، سەمەت توگە، سەمەت ناكا ۋە يەنە باشقىمۇ نۇرغۇنلىغان سەمەتلەر بار. (ج. ب.) ياقۇپ لوزۇڭ، ئىمىر خەلپە، يەھيا كوكبېشى، قاسىم ھاجى يايى بولۇپ كىردى بەش كىشى. (خ. ھ.)... سىلەرنىڭ ياركەنتتە روزى تەمبۇر، جامى توشۇك دېگەن ئاتاقلىق تەمبۇرچىلارنى ئاڭلىغان بولغىدىڭ. (ج. ب.) دىلبەر قىز چۆشەكەپ چوچۇپ ئويغۇنۇپ كەتتى...
(ن. ئى.)

تىل تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ھازىرقى ئەدەبىي تىلىمىزدا نۇرغۇن ئۇنۋان، كەسىپ، مۇتەخەسسىسلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئىزاھلىغۇچىلار پەيدا بولدى. مۇنداق ئىزاھلىغۇچىلار تىلىمىزغا رۇس تىلىنىڭ تەسىرى ئارقىلىق كىرىپ، ئۆزلەشكەن. ئۇيغۇر تىلى توغرىلىقمۇ مۇشۇ پىكىرنى ئېيتىشقا بولىدۇ.

رۇس تىلىنىڭ تەسىرى ئارقىلىق پەيدا بولغان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىزاھلىغۇچىلار ئىزاھلانغۇچىدىن ئاۋال كېلىدۇ. مەسىلەن: لېيتېنانت پېترووۋ يەنە ئۆزىنىڭ يېقىملىق تەبەسسۇمى بىلەن كۈلۈمسىرىگەنىدەك... (ھ. ئا.) ترااكتورىست ئەخمەت شەمەكوۋ — ئۆز ئىشىنىڭ ھەقىقىي ماھىرى. ("ك. ت.")... رېژىسسور ئەزىزوۋ. خۇش چىرايى بىلەن ئۇلارغا مۇراجەت قىلدى. (ج. ب.) ئۇلۇغ تەرەپتىكى دىۋاندا بولسا پروفكومىنىڭ رەئىسى ئالىمجان ياقۇپوۋ ئىككىمىز ئولتۇراتتۇق. ("ك. ت.") «پراۋدا» گېزىتىنى تۇتۇپ ئولتارغان ئارتىست سامسا قوۋ نادىر... كۈلۈمسىرەپ قويدى. (ج. ب.) مۇئەللىم رەخمىتۇللايېۋ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ... ئىشلىرىنى ھەقىقەتتىمۇ ئىنكار قىلىش تەس. ("ك. ت.")

بەزىدە ئىزاھلىغۇچى بىلەن ئىزاھلانغۇچىنىڭ ئورۇن تەرتىۋى ئالمىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: كالىنىن نامىدىكى كولخوزنىڭ بوغالتىرى نەمەتوۋ يولداش... كوپ ۋاقىت ئويلاندى. شۇنداق قىلىپ، چىشنى مەككەم چىشلەپ يولداش نەمەتوۋ... كېلىشىمنى بەردى. («كولخوزچىلار ئاۋازى» گېزىتىدىن.) — ئەلۋەتتە، شۇنداق، شۇنداق، پادىشانىڭ ئەمرى ۋاجىپ، — دەپ قويدى موللا بەكرىم. (م. ھ.)

مەزكۇر مىساللاردىكى ئىزاھلىغۇچىلارنىڭ ھەر خىل ئورۇندا كېلىشىنىڭ سەۋەۋى شۇكى، ئىزاھلىغۇچىلار ئىزاھلانغۇچىنى توغرىدىن-توغرا ئېنىقلىماي، ئىككىنچى دەرىجىلىك ئېنىقلىغۇچى سۈپىتىدە ئېنىقلاپ كېلىپ، ئېنىقلانغۇچى سوزنىڭ شەيئىلىك خاراكتېرىستىكىسىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئورنى ئەركىن ئالمىشىپ تۇرىدۇ. بۇنداق پىكىر پروفېسسور م. ب. بالا قايېۋنىڭ ئەسىرىدىمۇ ئېيتىلىدۇ.

بولۇنمە ئىزاھلىغۇچىلاردا تەرتىپ تۇراقلىق بولۇپ، ئۇ ئىزاھلانغۇچىدىن كېيىن كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ تەكىتلەپ كېلىدۇ. مەسىلەن: لېكىن بىز، كوممۇنىستلار، رېئال پىكىر قىلىدىغان ئادەملەر... ("ك. ت.") بىز، رېۋولىيۇتسونېرلار، بۇنى ئوچۇق كورىمىز. ("ك. ت.") چىماخان ئوغلى — پالۋانغا قانداقتۇر بىر مىسكىنلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن قارىدى. (ن. ئى.)

تىركەلمە ئىزاھلىغۇچىلار باغلىنىپ كەلگەن سوزدىن كېيىن كەلگەندە، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپى پائۇزا، ئىنتوناتسىيە بىلەن ئاجرىلىپ، مەزمۇنىنىڭ ئەھمىيىتى، تەسىرى كۈچىيىدۇ. سېلىشتۇرۇڭ: كومسومولكا باراتوۋانى مۇنداق ئىككى تۇرلۇك سوز قىلار دەپ ھېچ ئويلىمىۋىدۇق. (ج. ب.) زەيتۇنەم — كومسومولكا — ئۇيغۇر قىزى. (ئى. س.)

ئەدەبىي تىلىمىزدا بەزىدە پارىس تىلىنىڭ تەسىرى ئارقىلىق كىرىپ كەلگەن ئىزاھلىغۇچىلارنىڭ تەرتىۋى ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ھوۋاي قەمبەردىن تارتىپ... (م. ز.)

تولۇقلىغۇچىنىڭ جۈملىدىكى ئورنى. تولۇقلىغۇچى، ئادەتتە، خەۋەرگە باغلىنىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: ھەسەن شۇ كۈندىن باشلاپ كوڭلىگە جىددى بىر پىكىرنى تۇگدى... (ن. ى.)

"بىر خەۋەرگە باغلىنىپ كەلگەن ھەر خىل تولۇقلىغۇچىلارنىڭ ئورنى ئۇلارنىڭ مەنىۋي ئالاقىسى ۋە لوگىكىلىق ئۇرغۇنىڭ خاراكتېرى بىلەن ئېنىقلىنىدۇ"①. بۇ قائىدە ئۇيغۇر تىلىغىمۇ خاس. ئەگەر توغرا ۋە ياندىش تولۇقلىغۇچىلار قاتار كەلسە، ئاۋال ياندىش تولۇقلىغۇچى، كېيىن توغرا تولۇقلىغۇچى كېلىدۇ. مەسىلەن: ئىچكىرىسىدە قاندافتۇر مۇڭلۇق مۇقاملارغا تەمبۇر چالاتتى. (ئو. م.) بۇ ئاھاڭ ئۇلارنىڭ قىزنىڭ كوڭلىگە ئاللقانداق ئويلارنى ئېلىپ كەلدى. (ن. ئى.)

ئايرىم ئورۇنلاردا بۇ تەرتىپنىڭ ئەكسى ئۇچرايدۇ. مۇنداق ۋاقىتتا "مەنىسىگە قاراپ توغرا تولۇقلىغۇچىلار ياندىش تولۇقلىغۇچىلارغا باغلىنىپ كېلىدۇ"②. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مەسىلەن: ئەمدى دەردىمنى كىمگە ئېيتىمەن؟ (ق. ت.) — شېئىرنى مەن ئاسىيەمگە بېغىشلايمەن. (ھ. ئا.)

بىرىش كېلىشتە كەلگەن ياندىش تولۇقلىغۇچىلار چىقىش كېلىشتە

① م. ب. بالاقايېۋ. مەزكۇر ئەسەر، 203 ـ بەت.

② مەزكۇر ئەسەر، 203 ـ بەت.

ۋە "توغرىلىق، ھەققىدە، بىلەن" ياردەمچى سوزلىرى بىلەن كەلگەن تولۇقلىغۇچىلاردىن ئىلگىرى كېلىدۇ. مەسىلەن: بىزگە زەمبىرەك، تانكىلاردىن ئېتىشقا بولمايتتى... (ھ. ئا.) بۇ قىزغا ئومۇمىيەت ئارىسىدا بىرەر كىشى بىلەن تونۇشۇشقا توغرا كەلىسمۇ... (ن. ئى.)

ئەگەر ياندىش تولۇقلىغۇچىلار ئورۇن-ۋاقىت ھەم بېرىش كېلىشتە كەلسە، ئۇ چاغدا كۆپىنچە بىرىنچىسى ئاۋال قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: مېنىڭدە ئايالىمغا يەنە بىرخىل چوڭقۇر مۇھەببەت پەيدا بولدى. (ھ. ئا.)

چىقىش ۋە بېرىش كېلىشتىكى ياندىش تولۇقلىغۇچىلار قاتار كەلسە، ئاۋال چىقىش كېلىشتىكى، كېيىن بېرىش كېلىشتىكى تولۇقلىغۇچىلار كېلىدۇ. مەسىلەن: "ئۇتتۇقتىن-ئۇتتۇققا يەتمەكتە. مىش-مىش پاراڭ قۇلاقتىن-قۇلاققا ئۆتتى." (م. ھ.) مۇنداق ياندىش تولۇقلىغۇچىلارنىڭ ئورۇن تەرتىۋى باشقا تولۇقلىغۇچىلارنىڭ ئورۇن تەرتىۋىدىن بىر ئۆزگىچىلىگى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى ئۇلارنىڭ ئارىسىغا، باشقا تولۇقلىغۇچىلارغا ئوخشاش، ھېچقانداق سوز قىستۇرۇلماي، كەينى-كەينىدىن قاتار قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەۋى چىقىش ۋە بېرىش كېلىشتىكى سوزلەر قوشما سوزلەرگە يېقىنلىشىپ كېتىدۇ. بەزىبىر ئالىملار بولسا مۇنداق سوزلەرنى ھەتتا قوشما رەۋىش قاتارىغا كىرگۈزىدۇ.

"بىلەن، ھەققىدە، توغرىلىق" ياردەمچى سوزلىرى بىلەن كەلگەن ياندىش تولۇقلىغۇچىلار بەزىدە باشقا شەكىلدىكى ياندىش تولۇقلىغۇچىلارنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: چوچەك بىلەن توكە سۆزىشىپتۇ. (ماقال.) ئەمگەك بىلەن ئۇتتۇققا يېتىپتۇ ۋە باشقىلار.

قازاق تىلىدا "ئومۇمەن، ياندىش كېلىشلەر بىلەن كەلگەن تولۇقلىغۇچىلار بىر جايدىن ئىككىنچى جايغا ئەركىن ئالماشقاندەك"①، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئالمىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: كىمگە يۈز سارغايتىپ

---

① م. ب. بالاقايېۋ. مەزكۇر ئەسەر، 203-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى www.uyghurkitap.com

نان سوراپ باراي... (ئو. م.) كىمدىن ۋە لەددىن بىر پارچە نان تېپىپ بېرىش كېرەك ئۇلارغا... (ن. ئى.)

تولۇقلىغۇچىلارنىڭ ئورۇن ئالمىشىشى تۆۋەندىكى شارائىتلارغا بىنائەن بولىدۇ:

1. پوئېتىكىلىق تەلەپلەرگە بىنائەن:

ماۋەن بوۋاي توغرىلاپ بوپ بۇ ئىشنى،
خوشلاشقاندا "خوشامەت قىپ" ئەگدى بېشىنى.
كوك خالتىنى تۇتۇپ يايى ماڭدى يامۇلغا،
ئىچكىرىدە ئالدى بىرى خالتىنى قولغا.

(خ. ھ.)

2. ھەر خىل سىنتاكسىسلىق تەلەپلەرگە بىنائەن. مەسىلەن:... مەن ئاڭلاپ باقسام ئىدىم شۇلارنىڭ جاۋاپلىرىنى. (ئو. م.) ئۇنتىما كورگەن كۈنىڭنى! (ن. ئى.) ئەپكېلىڭلا قولىڭىزنى! (ج. ب.) كەچۈرۈڭ بىز بىچارىلەرنى. (ق.ت.) كوتەر قولۇڭنى، بوغاز... (ئو. م.) قارنىما ئۇ مەخلۇققا! (ج. ب.) — ئەي، لەززەتلىكتە، لەززەتلىك بۇ ھاياتنىڭ قايناملىق قوينى... (ن. ئى.) — ئاپۇي، قويساڭ، قورقاتمساڭ يالغۇز ئوغلۇڭنى! (ن. ئى.)

ھالەتلەرنىڭ جۈملىدىكى ئورنى. ھالەتلەر، ئادەتتە، پېيلدىن بولغان خەۋەرنىڭ بىۋاستە ئالدىدا كېلىدۇ، مەسىلەن: "مېنىڭ چولپىنىممۇ شۇنداق خۇشخۇي كۈلەتتى." (ئى. ب.) بەزىدە ھالەت خەۋەردىن ئۇزاقلىشىپ، ئارىغا باشقا سوزلەر كىرىشىۋالىدۇ. مەسىلەن: "بىردىنلا يىغا-زارە باشلاندى." (ن. ئى.) "تۇيۇقسىزلا ئالتىشە بويىلاپ يەرتەۋرەپ كەتتى." (ن. ئى.) ئەگەر سۈپەت-ھەركەت ھالىتى تەقلىدىي سوزلەر بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلسە، ئۇ خەۋەرگە بىۋاستە ياندىشىپ كېلىپ، ئارىغا سوز قىستۇرۇلمايدۇ. مەسىلەن: پالۋان، خۇددى بەزگەك ئادەملەرگە ئوخشاش، غال-غال تىترەر ئىدى. (ن.ئى.) دەرەخلەرنىڭ پۇتاقلىرىدىن يامغۇر تامچىلىرى چىك-چىك... چۈشەتتى. (ئو. م.)

ھالەتلەرنىڭ ئورۇن ئالمىشىشى تۆۋەندىكى شارائىتلاردا بولىدۇ:

1. شېئىرىي ئەسەرلەردە قاپىيە، ئۇرغۇ، رىتىم، ئاھاڭغا باغلىق.

مەسىلەن:

ئوغلۇمدا تەييارلىق تويغا مۇنداق،
كىيىم ۋە سازنى راسلىدى خوشال.
كوزىدە ئويقۇنىڭ ئىزلىرىمۇ يوق،
سازىنى مەشقلەپ، چەكتى بىمالال.

(ز. ق.)

سۇرىتىڭ تۇرار ئويىنىڭ تورىدە،
كۈندەك تاۋلىنار ئالتۇن يۇلتۇزۇڭ.
تاغ بۇركۇتىدەك ئۇچسەن كوكتە،
يىراقنى كورەر چولپان كوزلىرىڭ.

(ز. ق.)

2. سىنتاكسىسلىق تەلەپلەرگە باغلىق. مەسىلەن: — ۋاقىرىما كوپ! (ن. ئى.) كىتەيلى يۇ هويلىدىن. (ق. ت.) — داتاڭ ئىچىلىدىغان كۈن ئەمەسمۇ بۈگۈن. (ن. ئى.)

3. كوچۇرمە گەپلەرنىڭ تەرتىۋىدە. مەسىلەن: — ئولتۇرۇڭ شاراپەتخان، نىمىشقا ئالدىرايسىز؟ — دىدى پاتەم مىهماندوستلوق بىلەن. (ج. ب.) — هە، نىمە دىمەكچىسەن؟ — دىدى باي تەرىنى دەھشەتلىك تۈرۈپ. (ن. ئى.)

جۈملە مۇچىلىرى بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سوزلەرنىڭ تەرتىۋى. ئەدىبىي تىلىمىزدا جۈملە مۇچىلىرىدىن باشقا ئۇنىڭ بىلەن گىراماتىكىلىق جەھەتتىن باغلىنىشى يوق قاراتما، قىستۇرما سوز ۋە ئىملىق جۈملىلەر بار. ئۇلارنىڭمۇ ئوزلىرىگە خاس تەرتىۋى بولىدۇ. مەسىلەن، قاراتما سوز، سىنتاكسىسلىق تەلەپلەرگە بىنائەن، جۈملىنىڭ بىشىدا، ئوتتۇرىسىدا ۋە ئاخىرىدا كىلىدۇ: — سائادەت، سىز بىلىدىن تۇتۇڭ. (ق. ت.) غەم يىمەڭ، ئاكا، ئەتە-ئوگۈن ساپ-ساق بولۇپ چىقىسىز. (ن. ئى.) "هەي، قانداق بولار ئىكىن" دىگەنلەرنىڭ بىشىغا شۇ زامان ئوت ياققىن، ئانا. (ئو. م.)

قاراتما سوز تەكرارلىنىپ كەلسە، ئۇ كوپىنچە جۈملىنىڭ بىشىدا كىلىدۇ. مەسىلەن: دادا، دادا، مەن سىنىڭ بىلەن ياتىمەن. (ج. ب.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاپا، ئاپۇي... قوپسالڭ، ئانداق قوقاتمىسالڭ مېنى. (ن. ئى.)

قىستۇرما سۆزلەر سۆزلىگۈچىنىڭ جۈملىدىكى پىكرىگە ھەرخىل قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ، سىنتاكسىسلىق تەلەپلەرگە لايىق جۈملىنىڭ بېشىدا، ئوتتۇرىسىدا ۋە ئاخىرىدا كېلەلەيدۇ. مەسىلەن: دېمەك، بىز ئەلە ئېتىزغا چىقمىدۇق. (ئو. م.) بۇ ئەمەسۋال نېمىس لىۋتچىكلىرىنى خوشال قىلسا كېرەك، ئەتىمالىم. ("ك. ت.")

ھەر خىل ھېس-تۇيغۇلارنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق جۈملىلەر جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: ھوي، ساڭا نېمە بولدى؟ (ن. ئى.)

ئەگەر جۈملىنىڭ بېشىدا ئىملىق جۈملە بىلەن قاراتما سۆز قاتار كەلسە، ئىملىق جۈملە ئاۋال كېلىدۇ-دە، قاراتما سۆز ئاندىن كېيىن كېلىدۇ. مەسىلەن: ئېھ، پاتى، داۋاي، شۇنداق ئىشلەشكە باشلايمىز. (ئو. م.) — ۋاي، ئاغىچا، سەن سورىمىساڭ، سەن بىلمىسەڭ، نېمە بولار ئىدى ئەمدى... (ن. ئى.)

تىلىمىزدا شۇنداق سۆزلەرمۇ باركى، ئۇلار ئىلگىرى ئېيتىلغان پىكىرنى يە تەستىقلاپ كېلىدۇ، يە ئىنكار قىلىدۇ. بۇنداق سۆزلەر، ئادەتتە، دىئالوگلاردا كۆپرەك ئۇچراپ، جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

— ياق، بىز ئولتارمايمىز. كومسومولىلار يىغىنى بولىدۇ. شۇڭلاشقا بىللە بارايلى دەپ كەلدۇق.

— ھازىرلا بولامدىكەنا؟

— ھەئە، ئالدىراش يىغىلىش بولسا كېرەك. (ئو. م.)

— راس، راس، يېڭى ھوكۇمەت بىزنىڭ تەلەپلىرىمىزنى 44 سائەت ئىچىدە ھەل قىلسۇن... (م. ھ.)

— دۇرۇس، ئەلۋەتتە، شۇنداق بولۇشىمۇ كېرەكتە. (ن. ئى.)

# ئاددى جۈملىلەرنىڭ تۈرلىرى

ھەرقانداق ئاددى جۈملىلەر باش مۇچىلەردىن — ئىگە ۋە خەۋەردىن — ئىبارەت بولىدۇ. ئايرىم ۋاقىتلاردا بۇ ئىككى مۇچىنىڭ بىرى بولماسلىقى مۇمكىن. شۇنىڭغا باغلىق، باش مۇچىلەر ئارقىلىق خەۋەرلىكنى سىنتاكسىسلىق ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلىشىگە قاراپ، جۈملىلەر بىر تەركىپلىك ۋە ئىككى تەركىپلىك بولۇپ بۆلىنىدۇ.

بىر تەركىپلىك جۈملىلەردە خەۋەرلىك خۇسۇسىيەت يا ئىگە، يا خەۋەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: بۈگۈندىن قالدۇرماي قۇتۇلدۇرۇش كېرەك. (ئو. م.) كۈز — تالقان توكتى مەزگىلى. (ج. ب.)

بۇ مىسالدىكى بىرىنچى جۈملىدە ئىگە يوق، خەۋەر بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ پەقەت بىر تەركىپلىك، يەنى خەۋەر تەركىپلىك، جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى جۈملىدە بولسا پەقەت ئىگە بار، خەۋەر يوق، ئىگە باش كېلىشتىكى سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىپ، ئىگە تەركىپلىك جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىككى تەركىپلىك جۈملىلەردە ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ بولۇشى شەرت. مەسىلەن: نىكولاي پېتروۋىچ سۆز ئالدى. (ن. ئې.)

دېمەك، ئاددى جۈملىلەر ئىككى تەركىپتىن — ئىگە ۋە خەۋەر تەركىۋىدىن — تۈزۈلىدۇ. ھەر بىر تەركىپ ئايرىم سۆزلەردىن، بولمىسا، سىنتاگما، سىنتاكسىسلىق بىرىكمىدىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇنداق ھەر خىل سۆز بىرىكمىلىرى يا ئىگىگە، يا خەۋەرگە باغلىنىپ كېلىدۇ. ئىگىگە باغلىنىپ كەلگەن سۆز بىرىكمىلىرى ئىگە تەركىۋىنى، خەۋەرگە باغلىنىپ كەلگەن سۆز بىرىكمىلىرى خەۋەر تەركىۋىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن: ئاۋۇ ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان يورۇق يىگىتنىڭ قەلبىنى تۈگەل ئىگىلىۋالغان. (ج. ب.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇقۇرىدىكى مىسالدا "ئاۋۇ ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن كورۇنۇپ تۇرغان يورۇق" بىرىكمىسى ئىگە سوستاۋى بولسا، "يىگىتنىڭ قەلبىنى تۇگەل ئىگىلىۋالغان" خەۋەر سوستاۋى بولىدۇ.

بىر تەركىپلىك جۇملىلەردە باش مۇچە بىرلا بولغانلىقتىن، ئۇ تەركىپلەرگە ئاجرىتىلمايدۇ. بىر تەركىپلىك جۇملىلەردىكى باش مۇچە مەلۇم بىر نەرسە، ھالەت ياكى ھەركەتنى كورسىتىدۇ ۋە ئورنىئال، ھەقىقەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

بىر تەركىپلىك جۇملىلەردىكى ئىگە ياكى خەۋەر جۇملىدە مۇستەقىل مۇچە بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. بۇنداق جۇملىلەردە باش مۇچىلەردىن بىرىنىڭ چۇشۇپ قېلىشى تولۇق ياكى تولۇقسىز جۇملە ئىكەنلىگىنى كورسەتمەيدۇ، ئۇ ئادەتتىكى بىر تەركىپلىك نورمال جۇملە ئىكەنلىگىنى كورسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر تەركىپلىك جۇملىلەر جۇملىنىڭ ئالاھىدە قۇرۇلۇش تىپىنى تەشكىل قىلىدۇ.

باش مۇچىلەرنىڭ فورما ۋە مەنىلىرىگە قاراپ، بىر تەركىپلىك جۇملىلەر تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بولىنىدۇ: شەخسلىك جۇملىلەر، شەخسسىز جۇملىلەر، شەخسى ئومۇملاشقان جۇملىلەر، ئاتاش جۇملىلەر.

شەخسلىك جۇملىلەر. بىر تەركىپلىك شەخسلىك جۇملىلەر دەپ، ئىگىسى يوق، لېكىن ئىگىسىنى پېئىل بىلەن ئىپادىلەنگەن خەۋەرنىڭ شەخس كورسەتكۈچىلىرى ئارقىلىق ئېنىقلاش مۇمكىن بولغان بىر تەركىپلىك جۇملىلەرنى ئېيتىمىز. بۇنداق جۇملىلەردىكى ئىش-ھەركەت مەلۇم بىر شەخس ئارقىلىق ئورۇنلانغان بولىدۇ. شەخسلىك جۇملىلەرنىڭ خەۋىرى I ۋە II شەخس فورمىلىرىدا كەلگەن پېئىللار بىلەن ئىپادىلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: بىچارە قىرى دادامنىڭ قەدرىنى شۇ يەردە بىلدىم. (ئو.م.) پەرەنجىلەرنى كويدۇردۇق. (ن. ئى.). ھارۋۇدا ئىغاڭلاپ قانداق ئوقۇيسەن؟ (ئو. م)

شۇنداقلا شەخسلىك جۈملىلەرنىڭ ئىگىسىنى شەخس كورسەتكۈچلىرىنى قوبۇل قىلغان ئىسىملار بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلگەن خەۋەر ئارقىلىقمۇ ئىنىقلاشقا بولىدۇ. مەسىلەن: ئۈچ يىلدىن بىرى بىرىگادىرمەن. كولخوزدا تەجرىبىلىك ئاگرونومسەن.

بۇ مىساللاردىكى پېئىل فورمىلىرىدىن ئىش-ھەركەتنىڭ مەلۇم شەخسكە قارىتىلغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ.

خەۋىرى III شەخس فورمىسىدا كەلسە، ئۇ بىر تەركىپلىك جۈملىنىڭ باش مۈچىسى بولالمايدۇ، بەلكى تولۇقسىز ئىككى تەركىپلىك جۈملە ھىساپلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەۋى III شەخس فورمىسى مەلۇم بىر ھەركەت قىلغۇچى شەخسنى بىلدۈرمەيدۇ: "ئۇ ئۇز ئىچىگە خىلمۇ-خىل ھەركەت قىلغۇچى شەخس ۋە نەرسىلەرنى ئالىدۇ"①. مەسىلەن: "چىقتى" دىسەك، ئادەمنىڭمۇ، شامالنىڭمۇ، يارنىڭمۇ ياكى قۇرۇتنىڭمۇ — كىمنىڭ چىققانلىقىنى بىلىش قىيىن. I ۋە II شەخستە كەلگەن پېئىللار ئارقىلىق ئىگىنىڭ قايسى شەخستە كەلگەنلىگىنى بىلىش ئوڭاي ۋە I ۋە II شەخستىكى ئالماشلار سوزلىگۈچى بىلەن تىڭشىغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئوڭايلا چۈشۈپ قالىدۇ.

شەخسلىك جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

1) پېئىلنىڭ I ۋە II شەخستىكى ئېنىق مەيلى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: سىلەرنىڭ يېزىغا ئىش بىلەن كېلىپ قالغان ئىدىم. (م. ھ.)... مەرھۇم ئاتام توغرىلىق ھىكايە سوزلەيتتۇق. (ئو. م.) ئاۋالقى چوللەرنى گۈلستان قىلدۇق. (ئو. م.)

2) پېئىلنىڭ بۇيرۇق مەيلى بىلەن كېلىدۇ. مەسىلەن: بۇ كۈرەش يىللىرىنى ئۇچۇق ياز. (ل. م.) مېنى ئارتۇق كۈتمىگىن. (ئو. م.) ئىش قىلىپ، شۇنداقلار بىلەن چېقىشىشقا تىرىشقىن، دوستۇم. (م. ھ.)

① ئا. ن. گۋازدېۋ. ھەزكۇر ئەسەر، 86-بەت.

بىر تەركىپلىك شەخسلىك جۈملىلەردە II شەخسنى كۆرسەتكۈچى "سەن، سىز، سىلەر" ئوخشاش ئالماشلار چۈشۈپ قالغاندا، بۇ شەخسلەرگە قارىتىلغان بۇيرۇق مەنىسى كۈچلۈكرەك، سوزسىز ئورۇندىلىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، مۇنۇ ئىككى جۈملىنى سېلىشتۇرايلى: "يېزىغا بېرىپ كېلىڭ — سىز يېزىغا بېرىپ كېلىڭ" ئەگەر بۇ ئىككى جۈملىنىڭ بىرىنچىسىدە بۇيرۇق مەنىسى كۈچلۈك ئېيتىلسا، ئىككىنچىسىدە كۈچسىز، يۇمشاق ئېيتىلغان ۋە ئۇ ئىككى تەركىپلىك جۈملە ھېساپلىنىدۇ.

I شەخس كۆپلۈكتە كەلگەن بۇيرۇق مەيلىنىڭ ئالاھىدە فورمىسىدا ئالماشنىڭ قوللىنىلىشى ھېچ مۇمكىن ئەمەس (يۈرۈڭلار، كېلىڭلار، ناخشا ئېيتايلى) شۇنداقلا I شەخس بۇيرۇق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللاردىمۇ ئالماشلار قوللىنىلمايدۇ (ئېيتىپ بېرىشىمىزنى ئىلتىماس قىلىمەن، يۇقۇرىغا تەكلىپ قىلىمەن). بۇ فورمىدا كەلگەن جۈملىلەردىكى پېئىل قەتئىيلىك ۋە ئېنىقلىق مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

شەخسسىز جۈملىلەر. يۇقۇردا شەخسلىك جۈملىلەرنىڭ ئىگىسى قوللىنىلمايدىغانلىقىنى، لېكىن پېئىل فورمىلىرى ئارقىلىق ئىگىسىنىڭ قايسى شەخستە ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. شەخسسىز جۈملىلەردە بولسا ئىگىنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس، پېئىل فورمىلىرىدىنمۇ ئۇنىڭ قايسى شەخستە تۇرغانلىقىنى ئېنىقلاش مۇمكىن ئەمەس. مۇنداق جۈملىلەردە خەۋەردىن مەلۇم بولۇپ تۇرغان ھەرىكەت ياكى جەرياننىڭ لوگىكىلىق سۇبيېكتى بىلىنىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇ گىراماتىكىلىق ئىگە بولالمايدۇ. مەسىلەن: "ئۇنىڭ بۇ سوئالدىن ئاسمىنىڭ خەۋىرىگە يا خاپا، يا خۇشال بولغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولمايتتى. (ج. ب.)" بۇ جۈملىدىكى "چۈشىنىشكە بولمايتتى" قوشما پېئىلى ھەممە ئۈچ شەخسكە تېگىشلىك

بولۇشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىگىسى مەلۇم ئەمەس.

شەخسسىز جۈملىلەردە تىڭشىغۇچى بىلەن سۆزلىگۈچىگە ھەركەتنىڭ ئىگىسى كىم ئىكەنلىكى ھاجەت بولماي، ئىش - ھەركەتنىڭ بولۇش ياكى بولماسلىقىنى، ئومۇمەن، خەۋەرنىلا بايانلاپ قويۇش ھاجەتتۇر.

دېمەك، شەخسسىز جۈملە دېپ، خەۋىرى شەخس مەنىسىنى بىلدۈرمەيدىغان بىر تەركىپلىك ئىگىسىز جۈملىلەرنى ئېيتىمىز.

شەخسسىز جۈملىلەرنىڭ ئىگىسى بولمىغانلىقتىن، ھەتتا پەرەز قىلىنمىغانلىقتىن، جۈملىدىكى مۇچىلەر باش مۇچە — خەۋەرگە باغلىنىپ كېلىدۇ. مۇنداق جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى تۆۋەندىكى پېئىل فورمىلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

1) بېرىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن شەكىللەنگەن ھەركەت نامىغا ۋە مەقسەت پېئىلىغا "بول" ياردەمچى پېئىلىنى قوشۇش ئارقىلىق. مەسىلەن: بۇ كىتاپنى ئوقۇشقا بولىدۇ. مۇنۇ سىيادا يازغىلى بولمايدۇ. ئوگۈزگە چىققىلى بولمايدۇ ۋە باشقىلار.

2) ھەركەت نامى بىلەن "كېرەك، لازىم، زورۇر" سۆزلىرىدىن تۈزۈلگەن پېئىللار ئارقىلىق. مەسىلەن: مانا شۇنىڭ ئۈچۈن قولىدىكى يەم-چۆپنى بۇزدى-چاچتى قىلماي ئىقتىسادلىق پايدىلىنىش كېرەك. چارۋىچىلارنىڭ مالنى قىشتىن چىقىمسىز ئېلىپ چىقىشى ئۈچۈن جاۋاپكارلىقىنى كەسكىن ئاشۇرۇش زورۇر. خۇسۇسەن، مالچىلارغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىش لازىم. ("ك. ت.")

3) بېرىش كېلىشتىكى ھەركەت نامى بىلەن "توغرا كەلمەك" ياردەمچى پېئىلىنىڭ بىرىكمىسىدىن تەشكىل تاپقان پېئىللار ئارقىلىق. مەسىلەن:... ئايرىلىشنى خالىمىسىمۇ، خوشلىشىشقا توغرا كەلدى. (ج. ب.) بۇ يەردىن كېتىشكە توغرا كەلدى.

4) خالاش پېئىللىرىغا "بار، كەل" ياردەمچى پېئىللىرىنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشى ئارقىلىق. مەسىلەن: مېنىڭ ئوقۇشقا بارغىم بار. بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىشىنى قىلغىم بار.

5) ئۈچىنچى شەخسنى كورسەتكۈچى ئۈزلۈك دەرىجىدە كەلگەن پېئىللار ئارقىلىق. مەسىلەن: كوچا قائىدىسىگە رىئايە قىلىنسۇن. بۇ كىشىقا نەزەر ئاغدۇرۇلسۇن.

6) باش كېلىشتىكى ھەركەت نامى بىلەن "مۇمكىن" سوزىنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن بىرىكمىلەر ئارقىلىق. مەسىلەن: بۇ كىتاپتىن پايدىلىنىش مۇمكىن. ئەتە ئېتىزغا چىقىش مۇمكىن.

ھەخسى ئومۇملاشقان جۈملىلەر. شەخسى ئومۇملاشقان جۈملىلەردىكى خەۋەردىن شەخس ئېنىق بىلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ شەخس ئومۇملاشقان بولىدۇ، كوپچىلىككە تېگىشلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق جۈملىلەردە شەخس مەزمۇن جەھەتتىن ئومۇملاشقان بولۇپ، ئىگىسىز ھىساپلىنىدۇ، ئىش ـ ھەركەت بولسا ئومۇملىقا ئىگە. مەسىلەن: ئويلىماي سوزلىسەڭ، ئاغرىماي ئولىسەن. (ماقال.)

ئەگەر بۇنداق جۈملىلەرنىڭ ئىگىسىنى پېئىلغا قاراپ II شەخسىدە كەلگەن دىسەك، بۇنداق جۈملىلەر شەخسى ئومۇملاشقان جۈملە بولماي، شەخسلىك جۈملە بولغان بولار ئىدى. لېكىن بۇلار ئۇز ئارا يۇقۇرىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىر بىرىدىن پۈتۈنلەي پەرق قىلىدۇ.

دىمەك، شەخسى ئومۇملاشقان جۈملىلەر دىگىنىمىز بىر تەركىپلىك ئىگىسىز جۈملىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ خەۋىرى پېئىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ ۋە ئىش ـ ھەركەت كوپچىلىك، ئومۇمغا قارىتىلىدۇ. بۇ تۈردىكى جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى، ئادەتتە، II شەخس بىرلىكتە كەلگەن ئېنىق مەيلدىكى پېئىللار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ھوشيار بولساڭ، ئاپەت كورمەيسەن. (ماقال.)

بۇ تىپتىكى جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى شۇنداقلا II شەخس بۇيرۇق مەيلىنىڭ بىرلىك سانىدا كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: ياتقان ئىلاننىڭ

بېشىنى دەسسىمە. ياخشىلىقنى ئۇنۇتما، يامانلىقنى كۆڭۈلدە تۇتما. (ماقاللار.)

بەزىدە شەخسى ئومۇملاشقان جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى III شەخسىدىكى پېئىللار بىلەن كېلىدۇ، ئەمما بۇنداق بولغاندا ئىگە III شەخسنى بىلدۈرمەي، بەلكى ئومۇمنى، كۆپچىلىكنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق جۈملىلەر كۆپىنچە ماقال ۋە تەمسىللەردە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ياتنىڭ يانىدىن ئۆتىدۇ، تۇققاننىڭ جانىدىن ئۆتىدۇ. (ماقال.) بىر ياماقنىڭ تۆشۈكىدىن مىڭ ئۆتۈپتۇ. (ماقال.)

شەخسى ئومۇملاشقان جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى II شەخس فورمىسىنى كۆرسەتسىمۇ، لېكىن بەزىدە ئۇ I شەخسنىڭ — سۆزلىگۈچىنىڭ — ھالەت-ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ I شەخسكە قاراشلىق ئىكەنلىكىنى كونتېكستتىن، سۆزلىگۈچىنىڭ ھېكايىسىدىن ۋە باشقا شارائىتلارغا قاراپ بىلىشكە بولىدۇ. مەسىلەن: ئەمدى قايسى ۋاقىتلاردا تويۇناپ، قوساق ئاچقاندا كىرىپ، بەخۇدۇكىنە نان ئېلىپ يەلەلمەيسەن. قايسى ۋاقىتلاردا يوقىلا نەرسىلەر ئۈچۈن ئېرى خوتۇنى بىلەن ئۇرۇشۇپ كېتىدۇ. مۇنداق ۋاقىتلاردا پۈتۈن دۇنيادىن كېچىسەن. (ئو. م.)

بۇ مىساللاردىكى "يەلەلمەيسەن" "كېچىسەن" دېگەن پېئىلدىن بولغان خەۋەرلەرنىڭ I شەخسكە تېگىشلىك ئىكەنلىكى يەنە شۇ نەرسىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇكى، سۆزلىگۈچى شەخس ئۆزىگە نىسبەتەن باشقا شەخسنى كۆزدە تۇتمايدۇ.

ئىستېلىستىكىغا بىنائەن، ئايرىم ۋاقىتلاردا شەخسى ئومۇملاشقان جۈملىلەر ئىگە بىلەنمۇ كېلىدۇ. لېكىن مۇنداق ئىگىلەر كونكرېت شەخسنى ئەمەس، ئومۇمنى، نائېنىق شەخسنى ئىپادىلەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن جۈملە ئومۇملۇق خاراكتېرىغا ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن:

"تۇۋا، شۇنداقمۇ ئېغىر كۈنگە دۇچار بولىدىكەن كىشى. (ق. ت.) ھازىرقى زامانىنىڭ ياشلىرىنى ئوقۇپ بىلمەيدىغانلا بولىدىغۇ كىشى. (ج. ب.)

"بۇ جۈملىلەر... تۈزۈلۈشىگە كۆرە ئىككى تەركىپلىك جۈملە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سانىلىدۇ"①.

ئاتاش جۈملىلەر. ئاتاش، ياكى باش كېلىشتىكى جۈملىلەر دەپ، ھەر خىل ھالەت ۋە ھادىسە، نەرسىنىڭ ھازىر بارلىقىنى، مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىدىغان جۈملىلەرنى ئېيتىمىز. مەسىلەن: پىشىن ۋاقتى. (ن. ئى.) سۈتنەك ئايدىڭ. (ج. ب.)

بۇ تىپتىكى جۈملىلەرنىڭ باش مۇچىسى باش كېلىشتىكى ئىسىم ياكى بىر سۆزگە تەڭ بولغان سۆز بىرىكمىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

مەلۇمكى، جۈملىنىڭ جۈملە بولۇشى ئۈچۈن خەۋەرلىك خۇسۇسىيەت ۋە ئاياقلاشقان ئىنتوناتسىيە بولۇشى كېرەك. مۇشۇ جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا، ئاتاش جۈملىلەر ئالاھىدە تۈزۈلۈشكە ئىگە. ئۇ سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيىتىگە كۆرە، سۆز مەنىسى جەھەتتىن باش مۇچىلەرنىڭ بىرى — ئىگىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ئەمما ئاتاش جۈملىنىڭ باش مۇچىسى ئىگىمۇ، خەۋەرمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە تىلچى-ئالىملار ئارىسىدا ھەر خىل كۆزقاراشلار بار: بىرلىرى باش مۇچە خەۋەردىن ئىبارەت دېسە (مەسىلەن، ئا. ئا. پوتېبىنىيا، ف. ف. فورتوناتوۋ، د. ن. ئۇشاكوۋ، ئا. م. پېشكوۋسكىي ۋە باشقىلار)، بىرلىرى (ئا. ئا. شاخماتوۋ، ۋ. ئا. بوگورودىتسكىي ۋە باشقىلار) باش مۇچىلەر ئىگە ھەم خەۋەردىن، كۆپىچىلىك ۋاقىتتا ئىگىدىن ئىبارەت دەپ ھېساپلايدۇ.

تۈركى تىللاردا يېزىلغان گىراماتىكىلاردىمۇ بۇ مەسىلە بويىچە ھەر خىل پىكىرلەر بار. مەسىلەن، «ھازىرقى قازاق تىلى» گىراماتىكىسىدا② "ئەمدى بىر قاتار جۈملىلەر خىللانىغان ئىگە بىلەن خەۋەردىن تەركىپ تاپماي، پەقەت ئىگىگە تەۋە سۆز ۋە سۆز تۈر-

---

① ئا. غ. غۇلاموۋ، م. ئا. ئاسقاروۋا. مەزكۇر ئەسەر، 139 ـ بەت.

② م. بالا قايىپۇ، ت. قوردابايىپۇ. مەزكۇر ئەسەر، 172 ـ بەت.

كۆملىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ" دەيدۇ. ئۆزبېك تىلىدا بولسا "ئاتاش جۈملىدە خەۋەرلىك مەخسۇس يول بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، ئۇنداق جۈملىگە خاس ئىنتوناتسىيە بولىدۇ، ئۇ بىرەر نەرسە-ھادىسىنىڭ ئاتىلىشىنىلا كۆرسەتمەيدۇ... بەلكى شۇ نەرسە-ھادىسىنىڭ مەۋجۇت-لۇغىنى تەستىقلايدۇ"①، دېيىلىدۇ.

مەلۇمكى، باش كېلىشتىكى ئىسىمنىڭ جۈملىدە قايسى جۈملە مۇچىسى ئىكەنلىكىنى بىردىن ئېنىقلاش قىيىن. چۈنكى باش كېلىش-تىكى ئىسىم، ئىسىملاشقان سۆز تۈركۈمى ياكى سۆز بىرىكمىسى ئوخشاش، ھەم ئىگە، ھەم خەۋەر بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: "كەلگەن ئەخمەتما؟ ئەخمەت. ھەي، ئەخمەت!" شۇنىڭ ئۈچۈن قايسىسى باش مۇچە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشتا باش كېلىشتىكى ئىسىمنى كونكرېت شارائىتتا قاراش لازىم. باش كېلىشتىكى ئىسىم بىرەر شەيئىنىڭ بەلگە ئىگىسىنى ئىپادىلەمدۇ ياكى بەلگىنى ئىپادى-لەمدۇ-شۇنى ئېنىقلاش كېرەك. بۇ ھالەتنى ئاتاش جۈملىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن، كونتېكستتىن، شەرت-شارائىتتىن ئېنىقلاشقا بولىدۇ.

باش كېلىشتىكى جۈملىلەر خەۋەر، تەستىق ئىنتوناتسىيىسىگە ئىگە بولۇپ، پەقەت ھازىرقى زامان فورمىسىدا كېلىدۇ ۋە كۆپىنچە تەسۋىر، ھېكايە قىلغۇچى پروزىدا كۆپ قوللىنىلىدۇ.

بۇنداق جۈملىلەرنىڭ خىزمىتى ۋە سېمانتىكىلىق رولى ھەرخىل: شەيئى، تەبىئەت ھادىسىلىرى، ۋەزىيەتنى خەۋەرلەيدۇ، پېيىل ھادىسە-ۋەقەلەرنى كۆرسىتىدۇ، روھىي ۋە جىسمانىي ھالەتلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

مەزمۇنىغا قاراپ، باش كېلىشتىكى جۈملىلەر تۆۋەندىكى مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:

---

① ئا. غ. غۇلاموۋ، م. ئا. ئاسقاروۋا. مەزكۇر ئەسەر، 142-بەت.

www.uyghurkitap.com

1) تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: "باھار ۋاقتى... (م. ھ.) قاپ-قاراڭغۇ". (ج. ب.) ماي ئېيى... (ئو. م.) يازنىڭ كۈنلىرى (ھ. ھ.)

2) ئەتراپتىكى ۋەزىيەت-شارائىتنى، ھادىسىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ياز، باھار ۋاقتى. سەھنىنىڭ سول تەرىپىدە سايىتىنىڭ ئۆيى. ئۆينىڭ ئالدى تەرىپىنىڭ كۆرۈنۈشى: ئىشىك ئالدىدا كىچىككىنە سۇپا ھەم باراڭلىق. (ئا. سادىروۋ، ج. ئاسىموۋ.) كەتمەن تېغى. تاغ باغرىغا جايلاشقان كوكبۇلاق يېزىسى. يېزىنىڭ بىر چېتى. كۈن پېتىشقا باشلىغان ۋاقىت. (ق. ھ.)

3) كىشىلەرنىڭ ھىس-تۇيغۇلىرىنى. ھادىسە، ۋەقەلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ۋاھ، مانا يىگىت! (ئو.م.) — ھەي! مۇساپىر چىلىق... — دىدى ھەسەن. (ن. ئى.) — ھەي، ئۇ ئېغىر كۈنلەر، ئېغىر كۈنلەر... (ئو. م.) ئو مەنزىرە! (ھ. ھ.) — ئوھو، يىگىت! (ھ. ھ.) — تېلېگىراممىا! تېلېگىراممىا! خوش خەۋەر! (س. مەشۇروۋ؟)

4) شەيئى ۋە ئۇنىڭ نامىنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداق باش كېلىشتىكى جۈملىلەرنىڭ باش مۇچىسى باش كېلىشتىكى ئىسىملار بىلەن ئىپادىلىنىپ، ياردەمچى سۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغۇچى كۆرسىتىش ئالماشلىرى بىلەن كېلىدۇ ۋە بىرەر نەرسىگە دىققەتنى جەلىپ قىلىدۇ، قارىتىدۇ. مەسىلەن: ئەنە كېۋىر. (ئو. م.) مانا ئېيتىزلىق. ئەنە سىيىر فېرمىسى. مانا ئۆي. (ج. ب.)

بەزىبىر ئالىملار كىتاپ، كوچا، دەريا، شەھەر، تاغ ئاتلىرىنى ۋېۋىسكىغا يېزىلىغان نام، سۆز، ماۋزۇلارنى باش كېلىشتىكى جۈملە ھىساپلىسا، بەزى بىرلىرى ئۇلارنى باش كېلىشتىكى جۈملە ئەمەس، "باش كېلىشلىك تەسەۋۋۇر" دەپ ئاتايدۇ. ھەقىقەتەن، بۇنداق سۆزلەر باش كېلىشتىكى جۈملىلەر بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى بولۇپ، پەقەت ئاتاشنىلا بىلدۈرىدۇ، ھېچقانداق پىكىر چۈشەنچىنى ئىپادىلىمەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىكى ئىنتوناتسىيە ئاياق-

لاشمىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «قىزىل يۇلتۇز» كولخوزى. «جەمىلە» پوۋېستى. تيانشان تېغى. پۇشكىن كوچىسى ۋە باشقىلار.

باش كېلىشتىكى جۈملىلەر يىغىق ھەم يېيىق تۈردە كېلىدۇ.

يىغىق تۈردە كەلگەن باش كېلىشتىكى جۈملىلەر باش كېلىشتىكى ئىسىملار بىلەن ئىپادىلىنىپ، شۇ ئىسىم بىلەن ئېيتىلغان تەستىق، بارلىقنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: سەھەر. تاڭمۇ يېڭىدىنلا سۈزۈلۈپ قالغان ئىكەن. (ھ. ھ.) ۋوگزال ئادەملەر بىلەن لىق تولغان. تىقلىش. ئىسسىق. (ن. ئى.)

يېيىق تۈردە كەلگەن باش كېلىشتىكى جۈملىلەردىكى باش مۇچە ئىسىم بىلەن ئىپادىلىنىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ھەر خىل سۆز تۈركۈملىرىدىن كەلگەن ئېنىقلىغۇچىسى بولىدۇ. مەسىلەن: يازنىڭ كۈنلىرى. (ھ. ھ.) يېرىم كېچە. (ج. ب.) باھار پەسلى. (ھ. ھ) كۈز. تالقان توكتى ۋاقتى. (ج. ب.) 1941-يىل ئىيون ئېيىنىڭ ئاجايىپ ئىللىق كۈنلىرىدىن بىرى. (ج. ب.)

تولۇق ۋە تولۇقسىز جۈملىلەر. تۈزۈلۈشى جەھەتتىدىن ئوي-پىكىرنى سۆز بىلەن ئىپادىلەشتىكى تولۇقلىقىغا، يەنى جۈملە مۇچىلىرىنىڭ تولۇق بولۇشى ياكى زورۇر بىرەر مۇچىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا قاراپ، جۈملىلەر تولۇق ۋە تولۇقسىز بولۇپ ئىككىگە بولىنىدۇ.

تولۇق جۈملىلەردە بىرەر جۈملە چۈشۈپ قالغانلىقى بىلىنمەيدۇ ۋە تولۇق جۈملىلەرنىڭ تىپىك، ئادەتتىكى تۈزۈلۈشى ئۈچۈن كېرەك بولغان مۇچىلەر مەۋجۇت بولىدۇ. تولۇقسىز جۈملىلەردە بولسا تىپىك، نورمال تۈزۈلۈش ئۈچۈن زورۇر بولغان بىرەر ياكى بىرنەچچە مۇچىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقى سېزىلىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: پىونېرلار تۈنۈگۈن لاگېرغا كەتتى. (تولۇق جۈملە). پىونېرلار تۈنۈگۈن نەگە كەتتى؟ — لاگېرغا. (تولۇقسىز جۈملە).

تولۇقسىز جۈملىلەردە بىر ياكى بىرنەچچە مۇچىنىڭ چۈشۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قېلىشى كۆپچىلىك ۋاقىتتا تولۇقسىز جۈملە ئۈچۈن سىنتاكسىسلىق نورما ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىدە چۈشۈپ قالغان مۈچىسىنى تىكلەش، قوللىنىش شۇ جۈملىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. مەسىلەن، سېلىشتۇرۇڭ: يىگىت سۆزىدىن قايتماس، يولۋاس ئىزىدىن قايتماس — يىگىت سۆزىدىن قايتماس، يولۋاس — ئىزىدىن. (ماقال.) ئىككىنچى جۈملىدىكى پائۇزا، ئىنتوناتسىيە سىزىق ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، خەۋەرنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇ جۈملە سىنتاكسىسلىق تەلەپلەرگە بىنائەن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئاياقلاشقان ئوي-پىكىرنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن "تولۇقسىز جۈملە" دىگەن تېرمىن شەرتلىك ئېلىنىدۇ.

تولۇقسىز جۈملىلەر كۆپىنچە جانلىق تىلدا، دىئالوگلاردا ئۇچرايدۇ. چۈنكى ئۇ سۆزلەش ۋاقتىدا پىكىرنى ئىخچام قىلىشقا ئىمكان تۇغدۇرىدۇ.

گىراماتىكىلىق نۇقتىئىنەزەردىن تولۇقسىز جۈملىلەر تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

1) ئىگىسى بولمايدۇ. مەسىلەن: — قوسىغىڭ ئاچتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ھىلال قاسساپ. — ھەئە، ئاچتى، — دەپ ئېيتىپتۇ كەنجە. (چۆچەك.) ئېتىڭ نىمە؟ — دەپ سورىدى. — قەھرىمان! — دەپ ئاستا جاۋاپ بەردى ئۇ بالىمۇ. (ج.ب.) — كىم بۇ؟ — دىگەن بۇ باش يىگىتكە تونۇش ۋە ئەگىز ئاۋاز ئاڭلاندى: — مەنغۇ! (ج.ب.)

2) خەۋىرى بولمايدۇ. مەسىلەن: بىلگى چوڭ بىرنى يىكەر، بىلىمى چوڭ — مىڭنى. (ماقال.) — ھە، نەچچە كۈن ئىشلىدىڭ؟ — دەپ سورىدى. — ئىككى ئاي، — دەپ جاۋاپ بەردى پالۋان. (ن.ئى.) — كىمگە ئەھدى قىلغان؟ — دەپ سوراپتۇ سۇمرۇغ قۇش. — مەلىكە پەرىزاتقا — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ زىرەك. (چۆچەك.)

3) ئىگىسىمۇ، خەۋىرىمۇ چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: — سەن ئۇنىڭ

بىلەن يېقىن ئارىدا تونۇشتۇڭمۇ؟ — ھە، يېقىن ئارىدا... ئاتىڭىز ھازىرمۇ سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولامدۇ؟ — ھە، سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەن، — سىتىنكىۋۇ چاپسانلا ۋە قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. — ئۇنىڭ ئاتىسى قەيەردە تۇرىدىكەن؟ — بىزنىڭ گۇبېرنىيەمىزدە. (مىساللار ئى؟ تۇرگېنېۋنىڭ «ئاتىلار ۋە بالىلار» رومانىدىن ئېلىندى)

4) ئەگەشمە مۇچىلەر چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: — قىزنى تونۇمـسەن؟ — تونۇيمەن. (ئو.م.) — ئۇلارنى نېمىشقا ھايدىمەيدىكەنە؟ — دەپ قىزىقىشقا باشلىدى ئانا. — نېمىشقا ھايدىمىسۇن، ھايدايدۇ. (ج.ب.) — قىزنى بېرەمسەن، يوقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت. — ياق، بەرمەيمەن! (چوچەك.) — ئەتە تىياتىرغا بارامسەن؟ — بارىمەن.

يۇقۇرىدىكى تولۇقسىز جۈملىلەر كونتېكستلىق تولۇقسىز جۈملىلەر دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى چۈشۈپ قالغان، ئىپادىلەنمىگەن مۇچە ئالدىنقى جۈملىدىن، كونتېكستتىن بىلىنىپ تۇرىدۇ.

بەزىدە چۈشۈپ قالغان، مەۋجۇت بولمىغان مۇچىسىنى شەرت ـ شارائىتتىن بىلىشكە بولىدۇ. بۇنداق جۈملىلەر ھالەتەن تولۇقسىز جۈملىلەر دەپ ئاتىلىدۇ. ھالەتەن جۈملىلەر، ئادەتتە، جانلىق تىلدا، دىئالوگلاردا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: — بۇزۇلدى، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ... شۇنىڭدىن كېيىن كېسىلگەن تاختايلاردىن كۆزىنى ئالماي، قولى بىلەن ئۈستەلگە تايانغان بويىچە، ئاستا بەندىڭگە ئولتۇردى. (ج.ب.) — قولۇڭدىن چۈشۈپ كېتىدۇ!... دەپ سادىق ئېسىل "تويىنى" سىڭلىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. (ج.ب.)

ئايرىم ۋاقىتلاردا تولۇقسىز جۈملىلەرنى ئېنىقلاش قىيىن بولىدۇ. سۆزلىگۈچىنىڭ پىكرى تولۇق ئىپادىلەنمەسلىكىنىڭ نەتىجىسىدە تىڭشىغۇچىغا چۈشىنىكسىز بولىدۇ. "مۇنداق زىپلىكا ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە فورماتسىيە ھېساپلىنىدۇ"①. مەسىلەن:

— ئۇكام، بار، — دەپ ئېيتىپتۇ يىگىت.

---

① ئا.ن. گۋازدېۋ، مەزكۇر ئەسەر، 179 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

— ئاكا، نىمە بار؟ — دەپ سوراپتۇ نۇسرەت.

— قىز بار ئەمەسمۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ يىگىت. (چوچەك.)

ئۈزۈلۈپ قالغان، تولۇق ئېيتىلمىغان ياكى يېڭىدىن باشلىنىپ ئاياقلاشماي قالغان جۈملىلەر تولۇق جۈملە ھىساپلانمايدۇ. مەسىلەن:

— ھى...ھىم، ئەۋ... — مەشرەپ پالۋانغا نىمىدۇ ئېيتماقچى، بولغان ئىدى...

"شۇنداق قىلىپ..." دېيىشىگە ئۇدارنىڭ قىز...ۋاقىراۋەتتى. (ن.ئې.) ئۇ كۈلى بولسا... (ج.ب.) مەنمۇ...(ج.ب.)

## گىراماتىكىلىق جەھەتتىن جۈملىلەر بىلەن باغلانمىغان سوزلەر ۋە سوز بىرىكمىلىرى

قىستۇرما سوز ۋە قىستۇرما جۈملىلەر. ئادەتتە، جۈملىلەر بىر بىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ، ئۆز ئارا بېقىنىپ كەلگەن سوزلەردىن ئىبارەت بولىدۇ. لېكىن جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق جەھەتتىن باغلانماي، ئىنتوناتسىيە بىلەن ئاجرىلىپ، پائۇزا بىلەن بولۇنۇپ تۇرىدىغان سوز ۋە سوز بىرىكمىلىرى بولىدۇ. بۇنداق سوز ۋە سوز بىرىكمىلىرى ھەرخىل خىزمەت ئاتقۇرۇپ، گۇرۇپپىلارغا بولۇنىدۇ. شۇلارنىڭ بىر تۈرى — قىستۇرما سوز ۋە قىستۇرما جۈملىلەر.

قىستۇرما سوز ۋە قىستۇرما جۈملىلەر دېگىنىمىز سوزلىگۈچىنىڭ ئېيتىلىۋاتقان پىكىرگە مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەپ، جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق جەھەتتىن باغلانمىغان سوز ۋە سوز بىرىكمىلىرىدۇر. مۇنداق سوزلەر پۈتۈن جۈملىگە ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمىغا، مۇچىسىگە تېگىشلىك بولىدۇ ۋە جۈملە ئىنتوناتسىيىسىگە قارىغاندا ئىلدام ۋە پەسرەك ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: شۈكىلاشقىمۇ، ئەتىمالىم، ئۇنداق چاغلاردا ھەرقاچان بولسا ئومىلىقلاردا ئاتامنىڭ مۈكلىنىپ ئېيتقان ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇزاقتىن ئەمدى ئۇنتۇلغان بىر نەرسىدەك ئېسىمگە كېلەتتى. (ئو.م.) ئىلەمنىڭ مولجاسىچە، بۇلار چۈش پېشىنلار بىلەن ئۆيگە كىرىپ بارماقچى ئىدى. (م.ھ.) ھە، ئەلۋەتتە، كۆڭۈلمۇ ئىسسىق. (ج.ب.)

قىستۇرما سوزلەر ئۈچ خىل فورمىدا كېلىدۇ: قىستۇرما سوزلەر،

قىستۇرما بىرىكمىلەر، قىستۇرما جۈملىلەر.

قىستۇرما سۆزلەر بىر سۆزدىن ئىبارەت بولۇپ، سۆزلىگۈچىنىڭ ئېيتقان پىكرىگە بولغان ھەر خىل كۆزقاراشلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئەلۋەتتە، ئۇرۇشتىن كېيىن تامامەن باشقا ئىسىملىق، باشقا كىشى بولۇپ كەتتى. (ھ. ئا.) بەلكى، مەن يانالمايمەن. (ئو. م.) — راست، دادام مۇشۇ ئاش ـ تاماق مەسىلىسىدە ناھايىتى تەرسا. (ھ. ئا.)

قىستۇرما بىرىكمىلەر بىرنەچچە سۆزدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، سۆزلىگۈچىنىڭ ئېيتىۋاتقان پىكرىگە بولغان ھەر خىل مۇناسىۋەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: بەختكە يارىشا، كۈن ئېچىلىپ كەتتى. ("ك. ت.") شۇنداق قىلىپ، داموللا ئۆز تەلەپلىرى بىلەن ۋەھشى ھايۋانلار ئۇگۇسى بولغان چول ـ جەزىرىلەرگە كىرىپ كېتىپتۇ. (چوچەك.)

قىستۇرما جۈملىلەرمۇ، قىستۇرما سۆز ۋە قىستۇرما بىرىكمىلەرگە ئوخشاش، سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆز پىكرىگە بولغان ھەر خىل مۇناسىۋەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: كىم بىلىدۇ، ئۇمۇ يۇرت چوڭلىرىدىن قورقاندۇ. (ئو. م.) بوۋاينىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇ يەرلەر ئىلگىرى سازلىق بولغان ئىكەن. ("ك. ت.") مەتبۇئاتنىڭ خەۋەر قىلىشىغا قارىغاندا، بۇ چوپنىڭ سىرىنى تېپىش ھەركىتى قىزغىن يۈرگۈزۈلمەكتە. ("ك. ت.")

مەنە تەرىپىدىن قىستۇرما سۆزلەر، قىستۇرما بىرىكمىلەر ۋە قىستۇرما جۈملىلەر تۆۋەندىكى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنىدۇ.

1. ئېيتىلغان ئوي ـ پىكىرنىڭ قانچىلىك ئىشەنچلىك، راستلىقىنى ئىپادىلەيدىغان كىرىش سۆزلەر. بۇلارغا: ئېھتىمال، بەلكى، راست، سۆزسىز، ھەقىقەتەن، ئەتىمالىم، ئەلۋەتتە، دەر ھەقىقەت، ئەسلىدە، شۈبھىسىز" ۋە باشقا سۆزلەر كىرىدۇ. مەسىلەن: بەلكى، مەن يانمايمەن. (ئو. م.) شۇنىڭغىچە مەلە تەرەپتىكى قاپتالدا، ئەتىمالىم، بىزدىنمۇ ئارتۇق ھودۇقۇپ قاراپ تۇرغان ئۇنىڭ قىرى دوستلىرى بىلەن ئوغۇل ۋە قىزلىرى داغدۇغۇلۇق مورىشىپ كەتتى. (ھ. ئا.) سۆزسىز، مۇنداق ياخشى ئەتكەن چايىنى ئەتىسلا ئاياللار كوككە كوتىرىپ چىقىشىدۇ. (ج. ب.) — ئەلۋەتتە، يەنە نىمە يار ئىسدى تەبرىكلەيدىغان؟ (ن. ي.) ئەسلىدە، سىلەرنى ئاۋال

www.uyghurkitap.com

مېنىڭ يوقلۇشۇم كېرەكتى. (ھ.ئا.) ـ راست، شۇ ئوي ـ خىيال بىلەن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ يۈرىپتىمىز. (چوچەك.) تايلىق سىز ئاشۇ جىرەن رىساكىنى كون زاۋۇتتىن يىگىرمە ـ ئوتتۇز مىڭ سومغا ئېلىپ... بېتىقۋاتەسىز، راستمۇ؟ (ھ.ئا.)

2. سۆزلىگۈچىنىڭ ئېيتىلىۋاتقان ئوي ـ پىكىرگە بەرگەن باھاسىنى، ھاياجانلىق مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان كىرىش سۆزلەر. بۇلار: "بەختىمىزگە، ئەپسۇسكى، تەلىيىمىزگە، ئەجەبا، بەختكە قارشى، ئەتتەڭ" ئوخشاش سۆزلەر. مەسىلەن: ئەپسۇسكى، ئۇ ئاخىچىنىڭ يېرىمى نەق مېنىڭ ئىزىمغا چۈشۈپ قالغان بىر مەخپى ئاگېنتىنىڭ فوتو ئاپاراتىنى سىتىۋېلىشقا كەتتى. (ھ.ئا.) تەلىيىمگە، شۇ پەيتى بىلەن ئېرىم كەلمىدى. (ئو.م.) تەلەيگە يارىشا، ئۇلارمۇ كورمىدى. (ئو.م.) بەختىمىزگە ماشىنا كېلىپ قالدى. ("ك.ت.")

3. جۈملىنىڭ ئاساسىي قىسمى ياكى ئاساسىي قىسمىنىڭ ئايرىم تەركىۋى قىسملىرى ئارىسىدىكى ئالاقە ۋە مۇناسىۋەتلەرنى ئىپادىلەيدىغان كىرىش سۆزلەر. بۇنداق سۆزلەر قاتارىغا شۇنداق قىلىپ، دېمەك، ئەكسىچە، بىرىنچىدىن، ئىككىنچىدىن، مەسىلەن، بىر تەرەپتىن، يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك، ئاخىرى، ئومۇمەن، ئىككىنچى تەرەپتىن، ئاساسى ئوخشاش سۆزلەر كىرىدۇ. مەسىلەن: چۈنكى، بىرىنچىدىن، جەرەنلەر يېقىن بولسا، ئىككىنچىدىن، ئۇلار ئەمدى ماڭا قاراپ ئۇدۇل ئەمەس، توغرا بويلاپ كېتىپ بارماقتا ئىدى. (ھ.ئا.) ـــ شۇنداق قىلىپ، مەن، ئاتام ئۆلگەندىن كېيىن، ھوشۇر دېگەن بىر بايغا چاكارلىققا كىردىم. (ن.ئى.) مەسىلەن، ئۇ مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدە...مۇغامبىرىۋۇنى ھاقارەتلەۋاتىدۇ...(ھ.ئا.) ئەكسىچە، ئۇ سەلبىي تەمسىلنىڭ تىغىنى باراتوۋلارغا تىخمۇ تىقىش ـ سانجىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇشۇنداق دېگەندەك ئېنىقلىمىنى قوشقان (ھ.ئا.) ئىككىنچى تەرەپتىن...بۇ بىر بالا بولدى. (م.ھ.)

4. ئوي ـ پىكىرنىڭ مەنبەسىنى، قەيەردىن ئېلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان كىرىش سۆزلەر. مەسىلەن: مېنىڭچە، ئاشۇ روگازا دىگىنىڭىزمۇ ئالمۇتىدىن كەلگەن. (ھ.ئا.) مېنىڭ بىلىشىمگە قارىغاندا، قەشقەرنىڭ سىيىت

باي دېگەن ئاتاقلىق بېيى بۇ ئاداشنىڭ دادىسى بولىدۇ. (ن.ئى.)

5. سۆزلىگۈچىنىڭ ئوي-پىكرىنى ئىپادىلەش يولىغا مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان كىرىش سۆزلەر. ئۇلار: باشقىچە ئېيتقاندا، توغرىسىنى ئېيتقاندا، بىر سۆز بىلەن ئېيتقاندا، توغرىسى، قىسقىسى، گەپنىڭ ئوچۇقى، ئومۇمەن ئېيتقاندا ئوخشاش سۆزلەر. مەسىلەن: بىر سۆز بىلەن ئېيتقاندا، باراتوۋ دېگەندەك...بۇ مەسىلىدە ئاساسىي ۋە دەسلەپكى گۇنا باراتوۋدا ئەمەس...(ھ.ئا.) قىسقىسى، ئەتىسى يولغا چىقتۇق. قىسقىچە ئېيتقاندا، شۇ پارتىيىگە كىرگىنىمدىن بېرى پارتىيىنىي ئىشلارنى ئېلىپ كېتىپ بارىمەن. (ن.ئى.)

بۇلاردىن باشقا، جۈملىدە ئېيتىلغان ئوي-پىكىرنىڭ ئادەتتىكىدەك ئىكەنلىكىنى، تەسىرلىكلىگىنى بىلدۈرىدىغان كىرىش سۆزلەر بولىدۇ. مەسىلەن: ئادەتتە، كونا ئىلقىچىلار مۇنداق كېچىلىرى ئۆيدە ئۇخلىمايدۇ. (ھ.ئا.)

ئېغىزچە ۋە يازما نۇتۇقتا پۈتۈن جۈملىنى ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمىنى قوشۇمچە بايان قىلىپ، ئىزاھلاپ كېلىدىغان جۈملە ۋە سۆزلەر قوللىنىلىدۇ. بۇلار رۇس تىلى گىراماتىكىسىدا "вставные"، "предложения" دېگەن نام بىلەن يۈرگۈزۈلمەكتە. ئۆزبېك تىلى گىراماتىكىسىدا بولسا "قىستۇرما سۆز" دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىدا بۇنداق جۈملىلەر بىلەن سۆزلەر ئىلمىي جەھەتتىن تەكشۈرۈلمىگەنلىكتىن ۋە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولىنىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا نام بېرىلمىگەنلىكتىن، ئۇ شەرتلىك رەۋىشتە "كىرىش جۈملىلەر ۋە كىرىش سۆز ھەم بىرىكمىلەر" دەپ ئاتالدى.

كىرىش جۈملە ۋە كىرىش سۆز ھەم بىرىكمىلەر قىستۇرما سۆز ۋە قىستۇرما جۈملىلەردىن ئۆزئارا پەرق قىلىپ، يېزىقتا ئىسكوپكىغا ئېلىنىدۇ ياكى سىزىق بىلەن ئاجرىتىلىدۇ. مەسىلەن: ھەتتا كېيىملىرىمۇ — تۇتۇنىدەك شىلىك پولوتنودىن تىكىلگەن خالات ۋە چىپچىكلىرىگىچە — ئۇنىڭ قىزغۇچ شەپەقلەر ئەكس ئېتىلىپ تۇرغان تازا ئاق يۈزى ۋە قارامتۇل

www.uyghurkitap.com

چاچ، قارامتۇل قاشلىرى بىلەن ماسلىشىپ...(ھ.ئا.)...ئارىدىن بىر دىخانلارچە كىيىنگەن (بايىقى پالۋان ئىلانغا ئوخشاتقان) بىر قارا ساقاللىق كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ...(ن.ئى.)

كىرىش جۈملىلەر بىلەن قىستۇرما جۈملىلەرنىڭ ئۆزئارا پەرقى شۇنىڭدىكى، ئەگەر قىستۇرما جۈملىلەر جۈملىنىڭ ئاساسىي قىسمى ياكى ئۇنىڭ ئايرىم مۇچىسى بىلەن زىچ باغلىنىپ كېلىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ ئېيتىلغان ئوي-پىكرىگە بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرسە ۋە جۈملىنىڭ بېشىدا، ئوتتۇرىسىدا، ئاخىرىدا كەلسە، كىرىش جۈملىلەر جۈملىدىكى ئوي-پىكىرگە قوشۇمچە سۈپىتىدە ئىزاھلاش يولى بىلەن يېڭى پاكىتنى بايان قىلىدۇ، جۈملە بىلەن باغلىنىشى كۈچسىز بولۇپ، كۆپرەك مۇستەقىللىككە ئىگە بولىدۇ ۋە ئۇ پەقەت جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئاخىرىدا كېلىدۇ.

كىرىش جۈملىلەر شۇنداقلا بىر سۆزدىن ۋە سۆز بىرىكمىسىدىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: شۇ سەۋەپلىك كېيىنكى كۈنلەردە مەزكۇر رېستوراننىڭ تائاملار تەركىۋى (تۈرلىرى) بىرقەدەر ئۆزگىرىپ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىمۇ خېلى مۇكەممەللەنگەن ئىدى. (ھ.ئا.) قولىدا بار بىر كىتاپ (ئەتىمالىم، «تاڭ نۇرى»). (ئى.ب.)

مەزمۇن جەھەتتىن كىرىش جۈملە ۋە سۆزلەر ھەر خىل بولىدۇ:

1. خاراكتېرىستىكا بېرىدۇ. مەسىلەن: بوتۇكىنى ئۆلتۈرگەن كىشى (ساۋۇتبەگنىڭ يېڭى چاكىرى — رامزان) تەرىنى تۈردىدە...ئوڭ قول تەرەپكە بۇرۇلۇپ كەتتى. (ن.ئى.)

2. پىكىرگە ئېنىقلىق كىرگۈزىدۇ. مەسىلەن: لەھمەننىڭ سىپىسى (قېيىمىسى) ھەققىدىمۇ نەزىرىيە تامامەن باشقىچە بولۇپ...ھودا پىششى شەرت ئىكەن. (ھ.ئا.) زالنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئولتارغان مۇسلىم (گېزىت مۇخبىرى) بۇ گەپلەرگە قىزىقىپ...تىڭشىغىلى باشلىدى. (ن.ئى.)

بۇلاردىن باشقا ھەر خىل مەزمۇننى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: پالۋان نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى بېقىمسىز، ئاچ-يالىڭاچ، ئادەملەرنىڭ قالغان-قاتقان ئاشلىرىنى — تېخى شۇمۇ تېپىلسا — يەپ...رەڭگىگە خېلى قان كىرىپ

قالدى. (ن.ئى.) مېنىڭ بىلەن بىللە ئوقۇيدىغان مۇرات، ئالىم، ئۇمستقانلار بىر توپ قىز بىلەن جىدەل قىلىۋېتىپتۇ (ئەتىمالىم، ئىنىستىتوتقا بۇ يىل كەلـگەن قىزلار بولۇش كېرەك). (م.ب.) كېيىن بىر كۈنى (بەشىنچى يىلنىڭ كۈز مەزگىلى ئىدى) ماڭا بىر كەمبەغەلنىڭ رەھمى كېلىپ، مېنى مۇشۇ زاۋۇتقا ئىشقا كىرگۈزۈپ قويدى. (ن.ئى.)

قاراتما سوزلەر. جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق جەھەتتىن باغلانـمايدىغان سوزلەر قاتارىغا قاراتما سوز ۋە سوز بىرىكمىلىرىمۇ كىرىدۇ.

قاراتما سوز ۋە سوز بىرىكمىلىرى جۈملىگە مەزمۇن تەرەپتىن باغلانسىمۇ، گىراماتىكىلىق جەھەتتىن جۈملىنىڭ ھېچبىر مۇچىسى بىلەن باغلانمايدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلار جۈملە مۇچىسى بولالمايدۇ. قاراتما سوزلەر نۇتۇققا، ئېيتىلىۋاتقان ئوي-پىكىرگە تىڭشىغۇچىنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلىدۇ، سوزلىگۇچىنىڭ نۇتقى قارىتىلغان شەخسنى، بەزىدە جانسىز نەرسىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، قاراتما سوز دەپ، نۇتۇقنىڭ كىمگە قارىتىلغانلىقىنى ئاتاپ كورسىتىدىغان سوز ۋە سوز بىرىكمىلىرىنى ئېيتىمىز. مەسىلەن: يۇرۇتلار، دوستلار، كولگە بارايلۇق. (ئى.ب.) ئەزىز قەشقەر، مېنىڭ ئانا شەھرىمسەن. (خ.ھ.) ھاي، جانەم، نىمە ئارمىنىڭىز بار؟ (م.ھ.) — سېنىڭ بۇگۇنكى كوز ياشلىرىڭنىڭ سەۋىۋىنى ئۇقتۇم، چولپان! (م.ب.)

قاراتما سوزلەر باش كېلىشتىكى ئىسىم، ئىسىملاشقان سوزلەر بىلەن ئىپادىلىنىپ، ئىگىگە ئوخشاپ كېلىدۇ، ئەمما ئۇ ئۇندەش ئىنتوناتسىيىسى ۋە جۈملە مۇچىلىرى بىلەن سىنتاكسىسلىق جەھەتتىن باغلانماسلىقى بىلەن ئىگىدىن پەرق قىلىدۇ.

قاراتما سوزلەر بەدىئى ئەدەبىيات تىلىدا دىئالوگلارنى كورسىتىشتە كەڭ قوللىنىلىپ، ئالاھىدە پائۇزا بىلەن ئاجرىلىپ تۇرىدۇ، ئۇز ئالدىغا ئۇندەش، چاقىرىش، بۇيرۇق، سوراش ئىنتوناتسىيىسىگە ئىگە. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ تەركىۋىدە قاراتما سوز بار جۈملىلەر كوپىنچە ئۇندەش، سوراق، بۇيرۇق، جۈملە بولىدۇ. مەسىلەن: — ھەدە، سىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قايسى دەرستىن توت ئېلىپ قالدىڭىز ھە؟ (ج.ب.) مۇدەن، مايەرگە كەلگىنە. ئولتۇرغىنا...(ق.ت.) بۇ يىلى ئەمدى ھەممىمىز بىللە ئىشلەيمىز، چولپان! (ئو. م.)

جۈملىدە قاراتما سۆزلەر تەكرارلىنىپ، بىر خىل بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. مۇنداق قاراتما سۆزلەرنىڭ، تەكرارلانمىغان قاراتما سۆزلەرگە قارىغاندا، ھاياجانلىق ئاھاڭى، ئۇنىدىش مەنىسىنى ئىپادىلىشى كۈچلۈك بولىدۇ. مەسىلەن: سىڭلىشتۇرۇك: — دادا، دادا نەگە كېتىپ بارىسەن؟ — دادا، قاچان كەلدىڭىز؟...(ق.ت.) موسكۋا، موسكۋا، قانداق گۈزەل شەھەرسەن! — موسكۋا، قانداق گۈزەل شەھەرسەن! ("ك.ت")

تۈزۈلۈشىگە قاراپ، قاراتما سۆزلەر يىيىق ۋە يىغىق دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. مەسىلەن: پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى، بىرلىشىڭلار! ماقۇل، ئانا، مەن ساڭا ئېيتىمەن. (ئو.م.) — دادا، بۈگۈن كۈنگە نىمە؟ — جۈمە، ئوغلۇم، بۈگۈن كۈنگە. (ج.ھ.) جېنىم ئانا، مەن سىزنىڭ يالغۇز ئوغلىڭىز بولسام...(ج.ب)

يىيىق ۋە يىغىق قاراتما سۆزلەرنىڭ بىر بىرىدىن پەرقى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، يىيىق قاراتما سۆزلەردە يىغىق قاراتما سۆزلەردىكى ئۇنىدىش ئىنتوناتسىيىسى بولمايدۇ، كۈچسىز، پەسرەك بولىدۇ. سىڭلىشتۇرۇك: يولداشلار، بىز بۈگۈن پىلاننى ئورۇنلىدۇق — ھۆرمەتلىك يولداشلار، بىز بۈگۈن پىلاننى ئورۇنلىدۇق. سىز، ئانا، مېنىڭ قەلبىمدە مەڭگۈ ياشايسىز. — سىز ئەزىز ئانا، مېنىڭ قەلبىمدە مەڭگۈ ياشايسىز.

قاراتما سۆز سۆز مەنىسى جەھەتتىن ئاساسەن كىشى ئاتلىرى بولۇپ كېلىدۇ. بەزىدە بەدىئىي ئەسەرلەردە، كۆپىنچە پوئېزىيىدە، جانسىز نەرسىلەرنىڭ نامى قاراتما سۆز بولۇپ كېلىدۇ. ئۇنداق بولغاندا جانسىز نەرسىلەر تىرىك نەرسىلەرنىڭ ئوبرازىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئېخ، باھار، شاقىراتماڭغا بولغۇم بار قاينام ئورگىشى. (ل.م.) ئېزىز قەشقەر، مېنىڭ ئانا شەھىرىمسەن. (خ.ھ.) كوكلەم، بول چاپسان، تەبئەتكە جان سال. (ل.م.)

قاراتما سۆز ۋەزىيىسىدە تۆۋەندىكى سۆزلەر كېلىدۇ:

1. شەخس ئاتلىرى، فامىلىلىرى، قېرىنداشلىق تېرمىنلىرى.
مەسىلەن: — ئاكا، ئېيتقىن، نىمىشقا ئاي بىر تاللا، يۇلتۇز كوپ؟ (ئى.ب.)
— سىز، سىرەلى مەجىدوۋىچ، كىرمىنالىستىقۇ ھە؟ (ھ. ئا.) قوي. دادا، قويساڭا، ئېيتمىساڭا ئۇ ناخشاڭنى. (ن.ئى) لېكىن ھازىر كورسەڭ ئىدى مېنى، ئانا، بەلكى تونىماس ئىدىڭ. (ئو. م.) — سىڭىللىرىم، سىلەر نەگە بارىسىلەر؟ (ن.ئى.) — ياخشىمۇسىز، قىزىم. (ھ.ئا.)

2. كەسىپ، ئۇنۋان، مەشغۇلات، ئەمەلنى بىلدۇرىدىغان سوزلەر.
مەسىلەن: مايور، سىز بايىقاپ پاراڭ قىلىڭ! (ھ. ئا.) ئىشچىلار، ئىنجېنېرلار، ۋە تېخنىكلار! ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بارلىق سۇپەت كورسەتكۇچلىرىنى ياخشىلاش ئۇچۇن... كورىشىڭلار! ("ك.ت.")

تەسىرات ۋە ھاياجانلىقنى ئىپادىلەش ئۇچۇن قوللىنىلىدىغان قاراتما سوزلەر سوزلىگۇچىنىڭ سوھبەتداشقا بولغان ھەرخىل مۇناسىۋەتلىرىنى — ئەركىلەش، ھورمەت، خەيرخالىق، يېقىنلىق، قېرىنداشلىق ئوخشاش مەنالارنى — بىلدۇرىدۇ. مەسىلەن:
— ئويىڭىز ناھايىتى دۇرۇس، يولداش مەسۇموۋ. (ج.ب.) — دوستۇم ئېلەم دۇنيادا قانداق قىزىق ۋەقەلەرنىڭ بارلىغىنى مەن سوزلەي... (م.ھ.) — قېنى، بۇرادەر، ئېيتىڭ! (ن.ئى.) — ئەمدى ئىككىڭلار ئالاھىدە مەسلىھەتلىشەرسىلەر، پاتىمدە، دىلبىرىم، — دىدى شاراپەتخان ھەر ئىككىسىگە مۇراجەت قىلىپ. (ج.ب.) — ئېلىڭلار، بالىلىرىم، ئەمدى تويغىچە يەڭلار، ھېچ تارتىنماڭلار... (م.ھ.) — ھەي، رەخمىدىنكا، سىلەر، كونا ئادەملەر، مۇشۇنداق قالاق كېلىسىلەردە. (ھ.ئا.)

قاراتما سوزلەردە ھېسسىياتلارنى ئىپادىلەش ئۇچۇن سوزلەرنىڭ كوچكەن مەنىدە ئىشلىتىلىش ھالەتلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:
— ئوغلۇم، ئالتۇن ئوغلۇم، كۇمۇچ، ياقۇت ئوغلۇم، كوز نۇرۇم، سەن... سەن... قوي... (ن.ئى.) — سەن چىداڭلار، قوزىلىرىم. (ج.ب.)

ئىملىق جۇملىلەر. ئاددى جۇملىلەرنىڭ قاتارىدا يا ئىككى سوستاۋلىق جۇملىلەرگە، يا بىر سوستاۋلىق جۇملىلەرگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە ئاددى جۇملىلەرنىڭ تۇرلىرى بار. بۇنداق جۇملىلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكى
www.uyghurkitap.com

بەزىبىر تىلچى ئالىملار "سۆز-جۈملىلەر" دېگەن نام بىلەن يۈرگۈزسە، بەزى بىرلىرى ئۇنى "ئىملىق جۈملىلەر" دېگەن نام بىلەن يۈرگۈز-مەكتە. مەكتەپ گىراممەتىكىلىرىدا بولسا، مەسىلەن، رۇس تىلى گىراممەتىكىسىدا: "ھەۋە ياق سۆز-جۈملىلەر" ھەم "ئىملىقلار" دەپ ئاجرىتىپ قارايدۇ. ئۇيغۇر تىلى گىراممەتىكىسىدا "ياق ھەم ھەئە دېگەن سۆزلەر" ۋە "ئىملىق سۆزلەر" دەپ ئاجرىتىپ قارايدۇ. بۇ يەردە "سۆزلەر" دېگەن تېرمىن ناتوغرا ئىشلىتىلگەن، چۈنكى ئۇلار، ئۆزئارا ئاجرىلىپ قارىلىشىدىن قەتئىينەزەر، جۈملىلەر ھېساپلىنىدۇ.

ئىملىق جۈملىلەرنىڭ باشقا ئاددى جۈملىلەردىن پەرقى شۇنىڭدىكى، ئۇلار سىنتاكسىلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتىن قىسىملارغا بۆلۈنمەيدۇ. ئۇلاردا ئىگە، خەۋەر ياكى ئەگەشمە مۇچىلەر بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلاردا مەخسۇس ئىنىقلىغۇچى بىلەن يېيىق كېلىدىغان سۆزلەر يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىملىق جۈملىلەرنى تەشكىل قىلىدىغان سۆزلەرنى بىرەر جۈملە مۇچىسى دېيىش مۇمكىن ئەمەس.

ئىملىق جۈملىلەر بىر سۆز ياكى پۈتۈن بىر ئاجرالمايدىغان بىرىكمىلەر بىلەن ئىپادىلىنىپ كېلىپ، ئوي-پىكىر، ھىس-تۇيغۇ، كەيپىيات، ئىنكار، تەستىق ۋە مودالىلىق باھانى ئىپادىلەيدۇ. ئىملىق جۈملىلەر ئۆز ئالدىغا بولەك ئىشلىتىلمەيدۇ، ئۇ شەكىللەنگەن جۈملىگە بولغان ھەرخىل تەسىرلىك-مودالىلىق، ئىنكار، تەستىق تۇخشاش مۇناسىۋەتنى بىلدۈرۈپ، كۆپىنچە دىئالوگلاردا، شۇنداقلا مونولوگ، سوئال، جاۋاپ خاراكتېرىدىكى نۇتۇقلاردا قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن: خوش، مېنىڭ تويۇمنى سىز نەدىن بىلدىڭىز، شۇنى ئېيتىڭا؟ (ج.ب) خوپ، ئەلۋەتتە، كېلىمەن، (ن.ئى.) ۋايىيەي، ھېلىمۇ تازىمۇ ئولتاردىم. (ج.ب.) بەللى، ئاغا، ئولمەك، ياشاڭ. (م.ھ.)

— ئىملىق جۈملىلەر، ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنىغا قاراپ، بىر-

نەچچە تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

1. بۇيرۇقنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق جۈملىلەرنىڭ مەزمۇنى بىرەر ئوي-پىكىرگە بولغان مۇناسىۋەتنى، سوھبەتدىشىگە بىرەر ئىش-ھەركەتنى ئورۇنلاشنى بۇيرۇش، خىتاب قىلىشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: چۇ، جانىۋارلار... (ئو.م) ھاي، بۇ نېمە قىلغانلىرى... (ن.ئى.) — دە، ئوقۇپ چىق... (ن.ئى)

2. ئۈندەشنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق جۈملىلەر. بۇنداق جۈملىلەر سۆزلىگۈچىنىڭ بىرەر ھادىسە، ئوي-پىكىرگە ياكى سوھبەتدىشىنىڭ ئۆتقىغا بولغان بىۋاسىتە كۈچلۈك، ھاياجانلىق باھاسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ئىخ! كۆرەشنىڭ ئاداققىسى مۇشۇمۇ دەپ، ئېغىر يىللارنىڭ باتۇرلىرى چومۇلۇپ تۇرمايدۇ. (ل. م.) ھەي! ئادەملەر، ئادەملەر... قىزىق ئادەملەر ئىكەن بۇلار. (ئو. م.) ھەي! مۇساپىرچىلىق... — دېدى ھەسەن. (ن. ئى.) "ۋاي!" دەپتۇ-دە، زالىم شاكىيۇ يەرگە يېتىپتۇ. (خ. ھ.) ئوھا! تازىمۇ ئوخلاپتىمىز! (م. ھ.) ئوھا! — دەپ ئۇلۇغ كىچىكمۇ تىنىپ قويدى. (ج. ب.)

3. تەستىق ۋە ئىنكارنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق جۈملىلەر. بۇ جۈملىلەر سۆزلىگۈچىنىڭ ئېيتىلغان ئوي-پىكىرگە بولغان مۇناسىۋىتىنى، يەنى تەستىقلاش، ئىنكار قىلىش، توغرا، ناتوغرا ياكى رازى، نارازىلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: — قادىر دېگەن سەنمۇ؟ — ھە، دارىسىن، مەن (ن. ئى.) ئىشىكىدىن يەنە سوغات ئالدىڭمۇ يە؟ — دەپ سورىدى. — ياق ئاپا، (ج. ب.) بۇ ئۈچ كىشىگە ئىشنىڭ تاپشۇرۇلىشىغا ھېچ قارشىلىق يوقمۇ؟ — يوق، يوق! — دەپ ئاۋازلار چىقتى. (ن. ئى.) ئاندىن كېيىن كېلىدىغان يىلغا ئىككىلەنلا ئوقۇشقا كېتىمىز ھە، پاتەك! — ھە، كېتەسەن. (ئو. م.) — بىر ياقىقا بېرىپ كەلگەندەك ئوخشايسەن! — ھە، بىر ئىشلار بىلەن موسكۋاغا كېتىۋىدىم. (ج. ب.) — ۋىيەي، كېلىڭلار، كېلىڭلار، ئولتۇرۇڭلار! — ياق، بىز ئولتارمايمىز. (ئو. م.)

4. مۇئامىلە ئادەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق جۈملىلەر. بۇنداق جۈملىلەر سالاملىشىش، خەيرلىشىش، تەشەككۈر، كەچۈرۈم سوراش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىننەتدارلىقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: — ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، تاغا! — دېدى ھەسەن. — ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام، ئوغلۇم، كېلىڭ، كېلىڭ! خەير، يىگىتلەر، خاپا بولمايسىلەر... (ن. ئى.) ھە، كەچۈرسىز، يولداش سايىتوۋ سىزمىدىڭىز، سالامەتمۇسىز، — دەپ ۋاسىلي ستېپانوۋىچ قولىنى سۇندى... (ج. ب.) — ئەسسالام — ئەسسالام. (ب. ى.)

5. ئۈنلۈك جۈملىلەر ئۈنلۈك جۈملىلەر شاتلىق، تەنە، ئېچىنىش، ھەيران بولۇشنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: قېرىنداششىم! قوي، كوز يېشىڭنى توكمە. (ن. ئى.) توختى! تۇروي، بىز كەلدۇق، — دەپ يەنە بىر قېتىم ۋاقىرىدى سادىق.

## قوشما جۈملە

### قوشما جۈملە توغرۇلۇق چۈشەنچە

جۈملە — ئاساسىي سىنتاكسىسلىق بىرلىكتۇر. ئادەم ئوز ئوي-پىكرىنى بىر (ئاددى) جۈملە ياكى ئىككى، يا بولمىسا بىرنەچچە (قوشما) جۈملە ئارقىلىق ئىپادىلىشى مۇمكىن. مەنە، تۈزۈلۈش ۋە ئىنتوناتسىيە جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغان ئىككى ياكى بىرنەچچە ئاددى جۈملىلەر قوشۇلمىسى قوشما جۈملىلەر دەپ ئاتىلىدۇ. قوشما جۈملە مەنە ۋە ئىنتوناتسىيە جەھەتتىن بىر پۈتۈن سىنتاكسىسلىق بىرلىكتۇر. مەسىلەن: سانى بار، ساپاسى يوق. (ماقال.) دەم ئېلىش كۈنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئانا ھەقىقەتەنمۇ بالىلارغا ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىش مەقسىدى بىلەن دۇكانغا كەلگەن. (ج. ب.) مېنىڭ قارشى ئالدىمدا چالامەس بولۇپ مىۋىلىك ئولتۇرىدۇ، ئۇ تاپانچىسىنى ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا ئېلىپ ئويناپ قويىدۇ، ئوزى بولسا كىرپىك قاقماي ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇرىدۇ. (م. ش.)

گىراماتىكا ۋە سوز مەنىسى جەھەتتىن قوشما جۈملە خۇددى ئاددى جۈملىگە ئوخشاشلا پۈتۈن بىر بىرلىكتۇر. ئاددى جۈملىمۇ،

قوشما جۈملىمۇ ئوي-پىكىرنى شەكىللەش، ئىپادىلەش ئۈچۈن بىردەك خىزمەت قىلىدۇ.

قوشما جۈملە تۈرلۈك سىنتاكسىسلىق ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بىرنەچچە جۈملىدىن ھاسىل بولىدۇ. قوشما جۈملىنىڭ تەركىۋىدىكى ئايرىم جۈملىلەر بىر پۈتۈن قوشما جۈملىنىڭ بىر بىرىنى تولدۇرىدىغان، بىر بىرى بىلەن ئۆزئارا باغلانغان قىسىملىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

قوشما جۈملە بىلەن ئاددى جۈملىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ئاساسەن شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئاددى جۈملە ئايرىم سوزلەردىن تۈزۈلسە، قوشما جۈملە ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددى جۈملىلەردىن تۈزۈلىدۇ. قوشما جۈملە تەركىۋىگە كىرگەن ئاددى جۈملىلەر ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىغىنى يوقىتىدۇ. قوشما جۈملە تەركىۋىدە ئاددى جۈملىلەر بىر بىرىگە ئۆزئارا زىچ باغلىنىپ كېلىدۇ، لېكىن جۈملىگە خاس بولغان خۇسۇسىيەتتىن — مۇستەقىللىقتىن — مەھرۇم بولغان قىسىملارغا ئايلىنىدۇ. قوشما جۈملىنىڭ قىسىملىرى بەلگىلىك دەرىجىدە ئاددى جۈملىلەرگە يېقىن بولۇشى مۇمكىن. ئاددى جۈملىلەرگە كوپىنچە باغلانغان قوشما جۈملىنىڭ قىسىملىرى يېقىن تۇرىدۇ: ”مەن بىرنەچچە قېتىم سەيلە قىلىپ باردىم، لېكىن بۇنىڭ بارلىغى نەتىجىسىز بولۇپ چىقتى.“ (گ. ب.) قوشما جۈملىنىڭ تەكرارلىنىپ كېلىدىغان باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلانغان قىسىملىرى ياكى بېقىندۇرغۇچى باغلىغۇچىلار، شەرت پېئىللار...ئاددى جۈملىلەردىن يىراق تۇرىدۇ: ”ئەگەر سىز ماقۇل بولسىڭىز، مەن سىزنى چوڭ سەپەرگە سايە قىلماقچى بولۇپ كەلدىم“. (ج. ب.) بىرىنچى جۈملىنىڭ — باغلانغان قوشما جۈملىنىڭ — قىسىملىرى ئاددى جۈملىلەرگە يېقىن تۇرىدۇ، ئۇلار بىلەن باراۋەر. بۇ قوشما جۈملىنى ئىككى ئاددى جۈملە ئارقىلىق بولۇپ ئېيتىشقا بولىدۇ: ”مەن بىرنەچچە قېتىم سەيلە قىلىپ باردىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇنىڭ بارلىقى نەتىجىسىز بولۇپ چىقتى.» ئىككىنچى جۈملىدىكى بېقىندا قوشما جۈملىدە — ئۇنى ھاسىل قىلغان قىسىملار شەرت بىلدۈرۈش ئارقىلىق بىر-بىرى بىلەن بېقىندۇرغۇچى ھەم بېقىنغۇچى قىسىملار تەرىقىسىدە باغلىنىپ كەلگەن. بۇ جۈملىنى ئۇنى ھاسىل قىلغان ئىككى ئاددىي جۈملىگە بولۇپ ئېيتىشقا بولمايدۇ.

قوشما جۈملە بىلەن ئاددىي جۈملە تۈزۈلۈشى جەھەتتىنمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. قوشما جۈملىنىڭ تەركىبىدە ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق خەۋەر بولسا، ئاددىي جۈملىنىڭ تەركىبىدە بىر ئىگىگە باغلىنىپ كەلگەن بىر ياكى بىرنەچچە بىرخىل خەۋەر بولىدۇ؛ قوشما جۈملىنىڭ تەركىبىدىكى خەۋەرلەر ھەر خىل بولۇپ، ھەر تۈرلۈك ئىگىلەرگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن: ھېيتاخۇن باشقىلارنىڭ ئالدىدا خېلى ئۇققۇمۇشلۇق. سىياسىي ساۋاتلىق ۋە سولەتلىككىنە بىر كىشى ئىدى. (ن. ئى.) شۇنىڭ ئۈچۈن... ئاشلىقى ئۆز ۋاقتىدا سۇغۇرىلماي، ئوتالماي قالغانتى. (م. ھ.) يالغۇزلۇق ھەسەنىي زېرىكتۈردى، ئۇ ئۇ ۋاقىتتا مۇڭلۇق ناخشىلار بىلەن بىرئاز بولسىمۇ كۆڭلىنى بەزلەر ئىدى. (ن. ئى.) قاتتىق سوغ دېرىزىنىڭ ئەينەكلىرىنى شۇنچە نەقىشلەۋەتكەنىكى، نېرى يېقىدىن ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدۇ. (گ. ب.)

قوشما جۈملىنىڭ قىسىملىرى بولغان ئايرىم جۈملىلەرنىڭ ئاددىي جۈملىلەر بىلەن ئوخشاشلىقى ئۇلارنىڭ گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈشىدە باشقىچە ئېيتقاندا، قوشما جۈملىنىڭ قىسىملىرى بولغان ئايرىم جۈملىلەرنىڭمۇ، ئاددىي جۈملىلەرنىڭمۇ باش مۇچىلىرى بار (ئىككى تەركىبلىك جۈملىلەردە) يا بولمىسا بىر باش مۇچىسى بار (بىر تەركىبلىك جۈملىلەردە). قوشما جۈملىنىڭ تەركىبىدىكى ئايرىم جۈملىلەر بىلەن ئاددىي جۈملىلەرنىڭ ئوخشاشلىقى يەنە شۇنىڭدىكى، ئۇلارنىڭ تەركىبىدە ئەگەشمە مۇچىلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن. خۇددى ئاددىي جۈملىدىكىدەكلا، قوشما جۈملىنىڭ ھەر بىر قىسمىدىكى ئەگەشمە مۇچىلەر مۇشۇ قىسىمنىڭ باش مۇچىسىگىلا باغلىنىپ كېلىدۇ.

قوشما جۈملىنىڭ تەركىبىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئاددىي جۈملىلەردىن پەرقى شۇنىڭدىكى، ئۇلارنى مۇستەقىل، ئاياقلاشقان دەپ ھېساپلاشقا بولمايدۇ. قوشما جۈملىنىڭ تەركىبىدىكى ئايرىم جۈملىلەرنىڭ ئاياقلىشىش ئىنتوناتسىيىسى يوق، پەقەت پۈتۈن قوشما جۈملىنىڭ مۇنداق ئىنتوناتسىيىسى بولىدۇ. ئاياقلىشىش ئىنتوناتسىيىسى پەقەت قوشما جۈملىنىڭ ئاخىرقى سۆزىگىلا چۈشىدۇ. ئەمدى قوشما جۈملىنىڭ ئاخىرقى جۈملىسىدىن باشقا جۈملىلىرى شۇنداق ئىنتوناتسىيە بىلەن (يا كۆتىرەڭگۈ، ياپەس) تەلەپپۇز قىلىنىدۇكى، ئۇلارنىڭ ئاياقلاشمىغانلىقى، داۋاملاشتۇرۇلىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. لېكىن گىرامماتىكىلىق تۈزۈلىشى بىردەك جۈملە، ھەم قوشما جۈملىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. مۇستەقىل بولۇشى ئۈچۈن جۈملە پەس ئىنتوناتسىيە بىلەن ئاياقلىشىشى لازىم، قوشما جۈملىنىڭ بىر قىسمى بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى كۆتىرەڭگۈ ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىلىشى كېرەك.

قوشما جۈملىنىڭ تەركىبىدىكى جۈملىلەرنىڭ بىر پۈتۈن بولۇپ بىرىكىشى، ئۇلارنىڭ بىر بىرى بىلەن تۈرلۈك ئالاقىدا بولۇشى ئاساسەن تۆۋەندىكى سىنتاكسىسلىق ۋاستىلەر ياردىمى بىلەن ۋۇجۇتقا كېلىدۇ: 1) ئىنتوناتسىيە، 2) باغلىغۇچىلار، 3) جۈملىلەرنىڭ ئورۇن تەرتىۋى...

ئىنتوناتسىيە قوشما جۈملىنىڭ تەركىۋىگە كىرگەن جۈملىلەرنىڭ بىرىككەنلىگىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ بولسا قوشما جۈملىنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئاياقلاشتۇرۇش ئىنتوناتسىيىسى بىلەن ئېيتىش ۋە ئاخىرقى جۈملىدىن باشقا جۈملىلەرنى ئۇلارنىڭ ئاياقلاشمىغانلىغىنى كۆرسىتىدىغان كۆتىرەڭگۈ ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىش ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئىنتوناتسىيە قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى ئايرىم جۈملىلەرنىڭ ئارىسىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىنتوناتسىيە ھەرخىل بولىدۇ: ساناش، قارشىلاش، بېقىندۇرۇش ۋە ئىزاھلاش ئىنتوناتسىيىسى. ھەرخىل ئىنتوناتسىيە رولى خۇسۇسەن سوز تەركىۋى بىردەك جۈملىلەرنى تۈرلۈك ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتقاندا روشەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: "بىز قايتىپ كەلدۇق، ئۇلار قالدى" دىگەن جۈملىنى ئالايلى. بۇ جۈملىنىڭ بىر خىل مۇچىلىرىگە خاس بولغان ساناش ئىنتوناتسىيىسى بىلەن ئوقۇشقا بولىدۇ، مۇنداق ئىنتوناتسىيە بىلەن ئوقىغاندا، خۇددى بىر خىل مۇچىلەرنى ساناپ ئۆتكەندەك، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى، قاتارلىشىپ كەلگەن ۋەقە، ھەركەت، ھادىسىلەر تەسۋىرلىنىدۇ. دەل مۇشۇ جۈملە قارشىلاش ئىنتوناتسىيىسى بىلەن ئوقۇلىشى مۇمكىن، مۇنداق ئوقۇلغاندا، ئۇنىڭ ئىككى قىسمىدا ئېيتىلغان ئوي-پىكىر بىر بىرىگە قارشى قويۇلىدۇ. مەزىن ئەزان ئېيتتى، مەھەللە ئىچى جىم بولدى. (ل. ت.) دىگەن جۈملىنى ھەم ساناش، ھەم بېقىندۇرۇش ئىنتوناتسىيىسى بىلەن ئېيتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: "مەزىن ئەزان ئېيتتى — مەھەللە ئىچى جىم بولدى" دىسەك، بىرىنچى جۈملە ۋاقىت ياكى سەۋەپنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى ئۇنى "مەزىن ئەزان ئېيتقاندا" ياكى "مەزىن ئەزان ئېيتقانلىقتىن" دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئىزاھلاش ئىنتوناتسىيىسى بىرەر چۈشەندۈرۈشنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، يېزىقتا قوش چېكىت ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئىش قىيىن: كۆرۈك يوق، سۇ تېخىمۇ كۆتىرىلمەكتە.

قوشما جۈملىلەرنى بىرلەشتۈرۈشتىكى ئاساسىي ۋاستىلارنىڭ بىرى باغلىغۇچىلاردۇر. باغلىغۇچىلار جۈملىلەر ئارىسىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ.

قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى ئايرىم جۈملىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى بىلىشتە، بەلگىلەشتە ئۇلارنىڭ ئورۇن تەرتىۋى چوڭ رول ئوينايدۇ. جۈملىلەرنىڭ تۇراقلىق تەرتىۋى خۇسۇسەن باغلىغۇچىسىز قوشما

جۈملىلەردە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ”مەن...سىرتقا چىقتىم ۋە ئەتراپقا كوز يۈگۈرتتۈم: كەينىمىزدە، يىراق يەردە، ئىككى يۈك ماشىنىسى كېلىۋاتىدۇ.“ (م. ش.) دېگەن قوشما جۈملىنىڭ ئىككىنچى قىسمى بىرىنچىسىنىڭ مەزمۇنىنى ئېچىپ، تولدۇرۇپ كەلگەن، بىرىنچىسى ئاگاھلاندۇرۇش ئىنتوناتسىيىسى بىلەن ئېيتىلىدۇ. بۇ ئىككى ئاددىي جۈملىنىڭ ئورۇن تەرتىۋىنى ھېچ ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنى ئالماشتۇرغاندا، بىر بىرى بىلەن ھېچقانداق باغلىنىشى يوق، قوشما جۈملىنى ھاسىل قىلالمايدىغان ئىككى ئايرىم جۈملە پەيدا بولىدۇ (كەينىمىزدە، يىراق يەردە، ئىككى يۈك ماشىنىسى كېلىۋاتىدۇ). ”مەن...سىرتقا چىقتىم ۋە ئەتراپقا كوز يۈگۈرتتۈم.“

جۈملىلەرنىڭ تۇراقلىق ئورۇن تەرتىۋى باغلىغۇچىلىق جۈملىلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ”ئۇ بىر سوزنىڭ يېرىمىدىلا ھېكايىسىنى ئۈزۈۋەتتى ۋە مەن شۇ ئارىدا ھوكۇم سۈرگەن جىم-جىتلىقتا ئۇنىڭ ئوپكىسى ئۇرۇلۇپ، تامىقىنىڭ خىرىلدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم.“ (م. ش.) دېگەن قوشما جۈملىنىڭ قىسىملىرىنىڭ ئورۇن تەرتىۋىنىمۇ ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. بەزىدە قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئورۇن تەرتىۋى تۇراقلىق بولماي، ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. مۇنداق ئالماشتۇرۇشتىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت ئوزگەرمەيدۇ. مەسىلەن: تۈن قاراڭغۇ، ئاي كىچىك ئىدى. (ل. ت.) — ئاي كىچىك، تۈن قاراڭغۇ ئىدى. بۇ شالاقلىغان سۇنىڭ ئاۋازى ئەمەس، مېنى ئالدالمايسەن. (م. ل.) — مېنى ئالدالمايسەن، بۇ شالاقلىغان سۇنىڭ ئاۋازى ئەمەس.

قوشما جۈملە قىسىملىرىنىڭ ئورۇن تەرتىۋىنىڭ تۇراقلىقلىقى ئۇلارنىڭ مەنىۋى مۇناسىۋىتىگە باغلىقتۇر.

# جۈملىلەرنى باغلاش ۋە بېقىندۇرۇش

قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ ئارىسىدىكى مەنىۋى مۇناسىۋەت، ئۇلارنىڭ بىرلىشىش دەرىجىسى ۋە باغلىنىش ئۇسۇللىرى تۈرلۈك تىپتىكى قوشما جۈملىلەردە تۈرلۈك بولىدۇ. تەركىۋىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ مەنىۋى باغلىنىشىدىكى پەرقلەرگە ۋە بۇ باغلىنىشنىڭ شەكىللىنىش ئۇسۇللىرىغا قاراپ، قوشما جۈملىلەر ئىككى چوڭ گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ: باغلانغان قوشما جۈملىلەر ۋە بېقىندا جۈملىلەر. باغلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق مۇستەقىل، تەڭ ھوقۇقلۇق، بىر خىل جۈملىلەر بىرلىشىدۇ. بېقىندۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن بىرى ئىككىنچىسىنىڭ مەزمۇنىنى ئېچىپ، تولدۇرۇپ، ئىزاھلاپ ۋە شۇنىڭغا بېقىنىپ كېلىدىغان تەڭ ھوقۇقسىز جۈملىلەر بىرلىشىدۇ. گىرامماتىكا جەھەتتىن باشقۇرىدىغان، مۇستەقىل، ئىزاھلىنىدىغان جۈملە باش جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

باغلانغان قوشما جۈملىلەردە پەقەت ئۆزلىرىگە خاس بولغان بىرىكتۈرگۈچى، قارىمۇ-قارشىلىق ۋە ئايرىغۇچى باغلىغۇچىلار قوللىنىلىدۇ. بۇ باغلىغۇچىلار، باغلانغان قوشما جۈملىلەر قىسىملىرىنىڭ بىرىنچىمۇ تەركىۋىگە كىرمەي، پەقەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، ئالاقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدۇ.

باغلىغۇچىلارنىڭ تەكرارلىنىپ كېلىشى مۇمكىن، بۇ بولسا باغلانغان قوشما جۈملە قىسىملىرىنىڭ بىر خىللىقلىغىنى، تەڭ ھوقۇقلىقلىغىنى كۆرسىتىدۇ. بېقىندا قوشما جۈملىلەر تەركىۋىدە ئاددىي جۈملىلەردە (باغلانغان قوشما جۈملىلەردىمۇ) قوللىنىلمايدىغان باغلىغۇچىلار قوللىنىلىدۇ: شۇڭلاشقا، شۇنىڭ ئۈچۈن، سەۋەبى، چۈنكى، ئەگەر...

بېقىندا قوشما جۈملىلەردە باغلىغۇچى يا باش جۈملىنىڭ، يا بېقىندا جۈملىنىڭ تەركىۋىگە كىرىدۇ.

باغلانغان قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى ئايرىم جۈملىلەر كۆپىنچە بىر پۈتۈن قوشۇلما بولۇپ، بىرسىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆز جايىدا بولىدۇ، بىرىنى ئىككىنچىسىنىڭ تەركىۋىگە قىستۇرۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بىزلەرنى ئالدايمىز دەپ ئويلىمىسۇن، بىز ئالدىنىپ بولدۇق، ئەمدى ئالدانمايمىز (م. ھ.)

بېقىندا قوشما جۈملىدە بېقىندا جۈملىنىڭ باش جۈملە ئوتتۇرىسىدا كېلىشىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. بۇ بولسا بېقىندا جۈملىنىڭ مۇستەقىل ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: تاڭ، كېۋىرنى قويچىنىڭ خوتۇنى ئويغاتقاندا، ئاپپاق ئېتىپ قالغان ئىدى. (م. ھ.)

## باغلانغان قوشما جۈملىلەر

گىرامماتىكىلىق جەھەتتىن تەڭ ھوقۇقلۇق، بىر خىل، بىر بىرىگە بېقىنمايدىغان جۈملىلەردىن تۈزۈلگەن قوشما جۈملىلەر باغلانغان قوشما جۈملىلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

باغلانغان قوشما جۈملىنىڭ تەركىۋىدىكى جۈملىلەرنىڭ بىرىكىشى ۋە ئالاقە باغلاش ۋاستىلىرىغا قاراپ، ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ: 1) باغلىغۇچىسىز باغلانغان قوشما جۈملىلەر ۋە 2) باغلىغۇچىلىق باغلانغان قوشما جۈملىلەر.

باغلىغۇچىلىق ۋە باغلىغۇچىسىز باغلانغان قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەر بىر بىرى بىلەن مەنىۋى (بىر مەزگىللىك، قارشىلىق، شەرتلىك، سەۋەپ-نەتىجىلىك) مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. لېكىن باغلانغان قوشما جۈملىنىڭ تەركىۋىدىكى قىسىملار بىر بىرى بىلەن باغلىغۇچىسىز باغلىنىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋەت روشەن ئىپادىلەنمەيدۇ، ئەگەردە ئۇلار باغلىغۇچىلار، ئۇلانمىلار... ئارقىلىق باغلىنىپ كەلسە، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەرنىڭ ئۆزئارا مەنىۋى مۇناسىۋەتلىرىگە قاراپ، باغلانغان قوشما جۈملىلەر بىر نەچچە تۈرگە بولىنىدۇ.

كوپ چاغلاردا ھەم باغلىغۇچىسىز باغلانغان قوشما جۈملىلەر، ھەم باغلىغۇچىلىق باغلانغان قوشما جۈملىلەر بىردەك مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلارنى ئالاھىدە قارىماي، بىر يەردە، بىللە قارىغان دۇرۇس.

## بىرىكتۈرۈش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان باغلانغان قوشما جۈملىلەر

بىرىكتۈرۈش مۇناسىۋىتى باغلىغۇچىسىز باغلانغان ۋە باغلىغۇچىلىق باغلانغان قوشما جۈملىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مۇنداق جۈملىلەرنىڭ قىسىملىرى ئايرىم ھادىسە، ۋەقە، خەۋەرلەرنى بىر-بىرلەپ ئاتاپ، پۈتۈن بىر بىرىكمىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن: دەل-دەرەخلەر، ئوت-چۆپلەر كوكەرمەكتە ۋە ھاۋا كۈندىن-كۈنگە ئىسسىماقتا.

باغلىغۇچىسىز باغلانغان قوشما جۈملىلەر ئىككى، ئۈچ ۋە ئۇلاردىمۇ ئارتۇق ئاددى جۈملىلەردىن تەركىپ تاپقان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: كۈن ئانچىلا سوغ ئەمەس ئىدى، قار ئۈنىڭ ئاياق ئاستىدا بىلىنەر-بىلىنمەس غىچىلدايتتى. (ئا. چ.) ئەنە ئۇلارنىڭ قىزىل، سېرىق، ئاق رەڭدە گۈللەر ئېچىلىپ، يېيىلىپ كەتكەن باراڭلىرى، ئۈنىڭ ئىچى سالقىن، ئۇ يەردە ھاكىمنىڭ ھەدىلىرى، سىڭىللىرى ۋە ھاكىم ئۆزى ياتىدۇ. (ئو. م.)

باغلانغان قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەرنىڭ

بىر خىللىقلىقى كۆپ چاغلاردا ئۇلارنىڭ خەۋەرلىرىنىڭ بىر خىللىقلىقى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: "ئانامنىڭ كۆزلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، سارغايغان يۈزىدىكى ئۇستىخانلىرى دومبىيىپ چىققان." (ئو. م.) "خوتۇن-قىزلارنىڭ روھسىز ئۇنلىرى ئاستا چىقىپ تۇراتتى، ئەركەكلەر ئىچىنغان ھالەتتە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ تۇراتتى، گايىدا ئاستا تىل تەككۈزۈشلەرمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى." (م. گ.) "كوچا تەرەپتىن بارغانسېرى خەلق يىغىلماقتا ئىدى ۋە ئادەملەر... تار كوچىغا تىقىلماقتا ئىدى." (م. گ.) بىرىنچى باغلانغان قوشما جۈملىنىڭ تەركىۋىدىكى ئاددىي جۈملىلەر ئۆتكەن زامان سۈپەت پېئىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن خەۋەرلەر بىلەن ئاياقلاشقان، ئىككىنچى جۈملىدىكى ئاددىي جۈملىلەر بىردەك شەكىلدىكى ئۆتكەن زامان پېئىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن خەۋەرلەر بىلەن ئاياقلاشقان.

بىرنەچچە جۈملىنىڭ ئىچىدە تەكرارلىنىپ كەلگەن خەۋەر بىرىنچى جۈملىدىلا بولۇپ، قالغان جۈملىلەردە چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. خەۋەرنىڭ چۈشۈپ قېلىشى خۇسۇسەن ماقاللاردا، تەمسىللەردە كۆپ ئۇچرايدۇ: دۇدۇق سوزگە يارىمايدۇ، ئوغرى-كۆزەتكە. (ماقال.) يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە مەكتەپنىڭ يېڭى بىناسى جايلاشقان، ئۇنىڭدىن يۇقۇرىراق يەردە — كىتاپخانا. يولنىڭ سول تەرىپىدە — نۇرغۇنلىغان يېڭى تۇرغۇن ئۆيلەر. پاكا تاغ يايلاققا يارىماس، قىسقا يىپ — كۆرمەككە. (ماقال.)

باغلىغۇچىسىز باغلانغان قوشما جۈملىلەر كۆپىنچە بىر مەزگىلدىكى ھادىسىلەر بىلەن ۋەقەلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: يامغۇر توختىماستىن ياغماقتا، ئېرىقتىكى سۇلار شاقىراپ ئاقماقتا، كۈنلۈك كوتەرگەن ئادەملەر ئالدىراشلىق نېرى-بېرى ئۆتمەكتە. سولدا،...تاغ تۈۋىدە، ئوتلار يېنىپ، ئوچۇپ تۇرىدۇ، سوزۇلۇپ ئىس چىقىپ تۇرماقتا، ئوتنىڭ چورىسىدە كىشىلەر يۈرىدۇ. (ل. ت.)

باغلىغۇچىسىز باغلانغان قوشما جۈملىلەر بىرسىنىڭ كەينىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرى، پەيدىن ــ پەي كەلگەن ۋەقەلەرنى، ھەركەتلەرنى ئىپادىلەپ كېلىشى مۇمكىن: شۇ ئارىدا دەڭچى قايناپ تۇرغان ساماۋارنى ئېلىپ كىردى، مەن ھىلىقى يېتەكچىنى چايغا تەكلىپ قىلدىم، ئۇ تۇۋەن چۈشتى. (ئا. پ.) ئۇلارغا قەغەز ئېلىپ بەردى، ئۇلار ئۆيلىرىگە خەت يازدى. (ل. ت.) تاۋاق ئېلىندى، نۆۋەت شوۋىغا كەلدى. (م. ھ.)

باغلىغۇچىسىز باغلانغان قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدىكى بىرىنچى جۈملىنىڭ خەۋىرى ھال پېئىل شەكلىدە كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: يېزا كوچىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېرىقلار بولۇپ، بۇلاردا سۈپ ــ سۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇراتتى. (مۇشىرا پىلوۋ.) تەنلىرى كۆپ ــ كۆك بولۇپ كۆك چۈشمىگەن يېرى قالمىدى. (م. ھ.) بۇلارنىڭ تاماقلىرى چاكىلداپ ئىللىرىمۇ قۇرىدى. (م. ھ.) ئاشلىق يىغىلىپ بولۇپ، ئېرىق ــ ئۆيمانلارنى ساپ ــ سېرىق غازاڭ قاپلىغان.

باغلانغان قوشما جۈملىلەرنىڭ بىرىنچى قىسمىنىڭ خەۋىرى ھال پېئىل شەكلىدە كېلىشى ياكى ئۇ قوشما خەۋەر بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىۋىدىكى ئاخىرقى سۆز "بولۇپ" سۆزى شەكلىدە كېلىشى ئەدەبىي تىلغا خاس. مۇنداق شەكىلدىكى خەۋەرنى ئىشلىتىش بىردەك قوشۇمچىنى ياكى ياردەمچى پېئىلنى تەكرارلىماس ئۈچۈن قوللىنىلغان سىنتاكسىسلىق ئۇسۇلدۇر. مەسىلەن: يېزا كوچىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېرىقلار بولاتتى، بۇلاردا سۈپ ــ سۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇراتتى. يېزا كوچىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېرىقلار بولۇپ، بۇلاردا سۈپ ــ سۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇراتتى. ...بۇ كنيازنانى باققان قېرى ئايال بولغان ئىدى، كنيەز بۇ قىزنىڭ ئۆيىگە... تامامەن كىرمەس بولغان ئىدى. (ل. ت.) ــــ ...بۇ كنيازنانى باققان قېرى ئايال بولۇپ، كنيەز بۇ قىزنىڭ ئۆيىگە... تامامەن كىرمەس بولغان ئىدى.

مۇنداق باغلانغان قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدىكى بىرىنچى ئاددى جۈملىنىڭ خەۋىرى ھال پېئىل شەكلىدە كەلسىمۇ، ئۇ بېقىندا جۈملە ئەمەستۇر، ئۇ ئىككىنچى جۈملە بىلەن باراۋەر، تەڭ ھوقۇقلۇق، مۇستەقىل جۈملىدۇر. بۇ تىپتىكى قوشما جۈملىلەرنىڭ بىرىنچى

قىسىم شەكلى جەھەتتىن بېقىندا جۈملىگە ئوخشىمىسىمۇ مەزمۇن جەھەتتىن باشقا (ئىككىنچى) جۈملىگە بېقىنمايدۇ. تۈركىي تىللارنىڭ گىراماتىكىسىغا ئائىت كېيىنكى جۈملىلەردە نەشر قىلىنغان بەزىبىر ئەسەرلەردە مۇنداق قوشما جۈملىلەر باغلانغان قوشما جۈملىلەرنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن①.

ھازىرقى زامان جانلىق ۋە ئەدەبىي ئۇيغۇر تىلىدا بىرىنچى قىسىم ھال پېئىل شەكلىدە كەلسە خەۋەر بىلەن ئاياقلاشقان قوشما جۈملىلەرنىڭ تولىسى بېقىندا قوشما جۈملىلەردۇر، ئۇلار ھەم تۈزۈلىشى، ھەم مەنە قىسىملىرىنىڭ باغلىنىشى جەھەتتىن بېقىندا قوشما جۈملىلەردۇر. لېكىن بەزىدە مۇنداق قوشما جۈملىلەرنىڭ مەنىسىگە قاراپ يا باغلانغان قوشما جۈملە، يا بېقىندا قوشما جۈملە ئىكەنلىكىنى ئاجرىتىش تەس. بۇ تىپتىكى قوشما جۈملىلەرنىڭ قاتارىغا، مەسىلەن: "توختاخۇننىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئوتتۇرا ھاللىق كىشىلەر بولۇپ، ھېچقايسى شۇكۇنگىچە مەنسەپ كۆرمىگەن ئىدى" (م. ھ.) ئوخشاش جۈملىلەر ياتىدۇ. بۇ قوشما جۈملىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ئېيتىلغان ئوي-پىكىرنىڭ، ھادىسىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا ئېيتىلغان ئوي-پىكىرگە يا باغلىق، يا باغلىق ئەمەس ئىكەنلىكىنى، بىرىنچى جۈملىدە ئېيتىلغان ئوي-پىكىرنىڭ ئىككىنچى جۈملىدە ئېيتىلغان ئوي-پىكىرنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىغا يا ئاشمىغانلىقىغا سەۋەپ بولغانلىقىنى كونتېكستسىز ئېنىقلاش تەس.

بىرىنچى قىسمىنىڭ خەۋىرى ھال پېئىل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن باغلانغان قوشما جۈملىلەر تۈزۈلىشى جەھەتتىن بىرىنچى قىسمىنىڭ

---

① غ. ئا. ئابدۇراخمانوۋ «قوشما گەپ سىنتاكسىسى» تاشكەنت، 1964، 63-بەت؛ ئا. ك. بوروۋكوۋ «ئۆزبېك تىلىنىڭ قىسقىچە گىراماتىكىسى» (رۇس تىلىدا) «ئۆزبېكچە-رۇسچە لۇغەت» II موسكۋا، 1959، 714-بەت؛ ئا. غ. غولاموۋ. مەزكۇر ئەسەر، 192—193-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خەۋىرىگە ”ـ دە“ ئۇلانغان باغلانغان قوشما جۈملىلەرگە ئوخشاش. مەسىلەن، ”...تۇيۇقسىزلا بولمىنىڭ ئىشىكى ئاستا ئېچىلدى ـ دە، بوسۇغىدا بېشىغا ياغلىق تاڭغان پراسكوۋىيە ساۋىشنا كۆرۈندى.“ (ل. ت.) بۇ جۈملە بىرىكتۈرۈش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەپ، ”ـ دە“ ئۇلانمىسى بىر مەزگىلدە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كەلگەن ئىككى تۈرلۈك ھادىسىنى، ۋە قەنى بىرىكتۈرۈپ كەلگەن.

بىر مەزگىلدە بولغان ياكى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بولغان ئىككى تۈرلۈك ۋەقەنى، ھادىسىنى ئىپادىلەيدىغان باغلىغۇچىسىز باغلانغان قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىبىدە قوشۇمچە لېكسىكا ـ گىرامماتىكىلىق ۋاستىلار سۈپىتىدە ”بەزىلەر ـــ بەزىلەر، ئاۋال ـــ ئاندىن كېيىن (ئاندىن)، بىر تەرىپىدە ـــ بىر تەرىپىدە، ئوڭ تەرەپتە ـــ سول تەرەپتە، يۇقۇرىدا ـــ تۆۋەندە“ ئوخشاش سۆزلەر قوللىنىلىدۇ: بەزىلەر تاۋاق ـ قوشۇق يۇلاشماقتا، بەزىلەر لىگەن ـ لىگەن ئاشلارنى چەت ـ چەتكە ئېلىپ چىقىشماقتا. (م. ھ.) ئاۋال چاقماق چېقىلىپ، ئاندىن كېيىن يامغۇر قۇيۇۋەتتى.

شۇنداقلا، مۇنداق جۈملىلەرنىڭ بىرىنچى قىسمىدا ”ئاۋال“ دىگەن رەۋىش كەلمەي، لېكىن ئىككىنچى قىسمىدا ”ئاندىن، ئاندىن كېيىن“ دىگەن رەۋىشلەرنىڭ بىرىنىڭ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: ناخشا ئاھاڭلىرىمۇ تىترەپ كەتتى، ئاندىن يەنە ئاۋالقىدىنمۇ ئىلدام ۋە قاتتىق ئاۋاز كۆتىرىلىشكە باشلىدى. (م. گ.)

جۈملىنىڭ بىرەر مۇچىسىنى قوشما جۈملىنىڭ ھەر قىسمىدا تەكرارلاش ئارقىلىقمۇ بىرىكتۈرۈش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان باغلىغۇچىسىز باغلانغان قوشما جۈملىلەرنى تۈزۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن: بۈگۈن ھېچكىم بىزگە كەلمىدى، ھېچكىم مېنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشمىدى. **ئاينىڭ ئون بەشى** قاراڭغۇ، ئون بەشى يورۇق. (ماقال.) **ئاسقاق قوي ئۆر تالىشار، ئايىسلار تۆر تالىشار.** (ماقال.) ئۇمۇ يوق، **بۇمۇ يوق، ئېرىقتىكى سۇمۇ يوق.** (ماقال).

باغلانغان قوشما جۈملىلەر تەركىۋىدىكى ئايرىم جۈملىلەر بىر
بىرى بىلەن باغلىغۇچىلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىقمۇ بىرىكىدۇ. قوشما
جۈملە تەركىۋىدىكى ئايرىم جۈملىلەر "ۋە" "يا — يا" بىرىكتۈرگۈچى
باغلىغۇچىلار ئارقىلىق بىرىكىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا "ۋە" باغلىغۇچىسى
ئادەتتە جۈملىنىڭ بىر خىل مۇچىلىرىنى بىرىكتۈرۈش ئۈچۈن قوللىنى-
لىدۇ، لېكىن ئاددى جۈملىلەرنى بىرىكتۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى ئاز
قوللىنىلىدۇ. قوشما جۈملە تەركىۋىدە "ۋە" باغلىغۇچىسىنىڭ ئايرىم
جۈملىلەرنى بىرىكتۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلغانلىقىنى كۆپىنچە رۇس
تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان تېكىستلەردە ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.
مەسىلەن: "مۇنداق قاراڭغۇ تۈندە يىگىرمە چاقىرىمغا سوزۇلغان
بوغازدىن ئۆزۈپ ئۆتۈشكە بەل باغلىغان ئادەم يۈرەكلىك بولۇشى
كېرەك ۋە ئۇنى ئۆزۈپ كېلىشكە مەجبۇر قىلغان بىر مۇھىم سەۋەپ
بولۇش كېرەك." (م. ل.) "يۈز - كۆزىنى ساقال باسقان توكۇر بوۋاي
بىكاردىنلا ئاتىنىڭ بېقىنىغا ئۇردى ۋە ئۆزى كېلىۋاتقانلارغا ئىگىشىپ
سالام بەردى." (ئى. ت.) "ئى" باغلىغۇچىسى رۇس تىلىدا ئەڭ
كۆپ قوللىنىلىدىغان باغلىغۇچىلاردىن بىرىدۇر. تەركىۋىدە "ئى"
باغلىغۇچىسى كەلگەن قوشما جۈملىلەر ھەر تۈرلۈك مۇناسىۋەتنى
ئىپادىلەيدۇ: مەزگىل مۇناسىۋىتىنى — ۋەقەنى، ھادىسىنىڭ بىر
مەزگىلدە يا بولمىسا ئۇلارنىڭ پەيدىن-پەي، بىرىنىڭ كەينىدىن
بىرى بولغانلىقىنى، سەۋەپ-نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ.
ئۇيغۇر تىلىدىكى "ۋە" باغلىغۇچىسى بىلەن رۇس تىلىدىكى "ئى"
باغلىغۇچىسى بىر بىرىگە باراۋەر ئەمەس، بىر بىرىنىڭ مەنىسىنى
تولۇق بېرەلمەيدۇ. مەسىلەن، م. شولوخوۋنىڭ «ئادەمنىڭ تەقدى-
رى» دېگەن پوۋېستىدىكى "Я сбоку взглянул на него, и —
мне стало что-то не по себе" دېگەن جۈملە "مەن ئۇنىڭغا
كۆزۈمنىڭ قىرى بىلەن قارىدىم ۋە نېمىشقىدۇ بىردىنلا ئىچىم سىيرىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كەتتى...» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ئۇيغۇرچە جۈملىدىكى «ۋە» باغلىغۇچىسى رۇسچە جۈملىدىكى и باغلىغۇچىسىنىڭ مەنىسىنى بېرەلمىگەن، سەۋەبى и باغلىغۇچىسى بۇ جۈملىدە سەۋەپ-نەتىجە مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. «ۋە» باغلىغۇچىسى بولسا ئۇنداق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلىمەيدۇ. شۇڭلاشقا رۇس تىلىدىكى تەركىبىدە и باغلىغۇچىسى كەلگەن قوشما جۈملىلەرنى، ئۇلارنىڭ مەنىسىگە قارىماي، ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا и باغلىغۇچىسىنىڭ ئورنىغا «ۋە» باغلىغۇچىسىنى ئورۇنسىز قوللىنىش، ئەلۋەتتە، ناتوغرا. بەزىدە تەركىبىدە «ۋە» باغلىغۇچىسى كەلگەن باغلانغان قوشما جۈملىلەر ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ ئۇچرىشىدۇ. مەسىلەن: بوۋاي ئىلاننى بىر-ئىككى پىقىرتىپ يەرگە ئۇردى ۋە شۇ مىنۇتتا ئىلان جانسىزلاندى. (ن. ئى.) ھەسەن... بوۋاينىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى ۋە سادىق، بوۋايغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قاراپ قويۇپ، ئالدىغا قانداقتۇ بىر مەسىلىنى قويدى. (ن. ئى.)

ئانچە كۆپ قوللىنىلمايدىغان باغلىغۇچىلاردىن بىرى «ھەم» باغلىغۇچىسىدۇر. بۇ باغلىغۇچى كۆپىنچە جۈملىنىڭ بىر خىل مۇچىلىرىنى باغلاش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. بەزىدە بۇ باغلىغۇچى قوشما جۈملىنىڭ تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنى باغلاپ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدە تەكرارلىنىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: ھەم گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىمەكتە، ھەم قاتتىق يامغۇر ياغماقتا. ئاتتىپ ئېسىمگە چۈشتى ھەم مەن كورگىنىمنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردىم. (ئى. ت.) ئورۇشقىمۇ ئاسان ھەم دىنى ئانچە چېچىلىپ كەتمەيدۇ. (قاد.)

ئاددىي جۈملىلەرنى بىرىكتۈرۈپ، باغلانغان قوشما جۈملىلەر تۈزۈشتە «يا» باغلىغۇچىسىمۇ كەڭ تۈردە قوللىنىلىدۇ. بۇ باغلىغۇچى ئىككى تۈرلۈك مۇناسىۋەتنى — بىرىكتۈرۈش ۋە ئايرىش مۇناسىۋىتىنى — ئىپادىلەيدۇ. «يا» باغلىغۇچىسى ھەم بولۇشلۇق، ھەم بولۇشسىز جۈملىلەردە كېلىدۇ: بولۇشلۇق جۈملىدە كەلگەندە، ئايرىش

مۇناسىۋىتىنى، بولۇشسىز جۈملىدە كەلگەندە، بىرىكتۈرۈش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ باغلىغۇچىنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، جۈملىدە ئۇ يالغۇز كەلمەي، پەقەت تەكرارلىنىپ كېلىدۇ. ”يا“ باغلىغۇچىسى بىرىكتۈرۈلىدىغان جۈملىلەرنىڭ بىر خىللىقلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ... ئۇنىڭ يا يۈزىدە بىرەر ئۆزگىرىش بولمىدى، يا كالپۇكلىرى قىمىرلاپ قويمىدى. (م.ل.) ئۇ يەردە يا ئوت - چۆپ چىقمايدۇ، يا دەرەخ ئۆسمەيدۇ.

ئاددىي جۈملىلەرنى بىرىكتۈرۈپ، قوشما جۈملە تۈزۈشتە ”-مۇ“ ئۇلانمىسىمۇ بەلگىلىك رولغا ئىگىدۇر. بۇ ئۇلانما، بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇپ، قوشما جۈملە قىسىملىرىنى باغلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ ئۇلانما قوشما جۈملىنىڭ ئىككىلا قىسمىدا تەكرارلىنىپ كېلىشى مۇمكىن. باغلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەن بۇ ئۇلانما بىرىكتۈرۈلىدىغان جۈملىلەرنىڭ بىر خىللىقلىقىنى كۆرسىتىپ، بىرىكتۈرۈش، باغلاشتۇرۇش ئالاقىسىنى روشەن ئىپادىلەپ، مەنە تەرىپىدىن بىر بىرىگە ناھايىتى يېقىن ئىككى قىسمىدىن (ئاددىي جۈملىلەردىن) تۈزۈلگەن باغلانغان قوشما جۈملىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدىكى بىرەر سۆزگە (كۆپىنچە ئىگىگە) ئۇلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: مارىيە يىغلايتتى، ئۇنىڭغا قاراپ قىزلارمۇ يىغلىشاتتى. (ئا. چ.) بوۋاي يەنە ئالدىرىدى، مەنمۇ ئۇنى گەپكە تۇتمىدىم. (گ. ب.) ئۇ... ئاۋتوروتىدا شوپۇر بولۇپ ئىشلەيتتى، مەنمۇ شۇ يەردە ئىشقا كىردىم. (م. ش.) بۇ يىل بىزنىڭ شەھەردە نۇرغۇنلىغان يېڭى ئۆيلەرمۇ سېلىندى، مىڭلىغان كوچەتلەرمۇ تىكىلدى. بىزمۇ كېچىكمەي كېلەيلى، سىلەرمۇ ئۆز ۋاقتىدا كېلىڭلار.

ئاي بىلەن كۈنۈم كېلىپ،
ئەلچى ئەۋەتتىم مەن ساڭا.
ئايمۇ ياندى، كۈنمۇ ياندى،
ھېچ خەۋەر يوقتۇر ماڭا.

(قوشاق.)

بەزىدە تۆرلۈك ھادىسە، ۋەقەلەر بىر مەزگىلدە بىرىنىڭ كەينى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىن بىرى پات نوۋەتلىشىپ، پات ئالمىشىپ كېلىشى مۇمكىن. مۇنداق بىر مەزگىلدە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تېز ئالمىشىپ كېلىدىغان ھادىسە، ۋەقەلەرنى ئىپادىلىگەن ئاددىي جۈملىلەرنى بىرىكتۈرۈپ باغلانغان قوشما جۈملە تۈزۈشتىمۇ "-مۇ" قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: پەردىمۇ ئېچىلدى، كونسېرت باشلاندى. مەنمۇ ماشىنىدىن چىقتىم، ئۇ مېنىڭ قېشىمغا يۈگرەپ يېتىپ كەلدى.

باغلانغان قوشما جۈملىنىڭ تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنى بىرىكتۈرۈش ئۈچۈن شۇنداقلا "-دە" ئۇلانمىسى ئىشلىتىلىدۇ. باغلىغۇچى ۋەزىپىسىدىكى بۇ ئۇلانما، پەقەت بىرىنچى جۈملىدە كېلىپ، خۇددى "ۋە" باغلىغۇچىسى ئوخشاش، بىرىكتۈرۈش خىزمىتىنى ئاتقۇرىدۇ. مەسىلەن: بىر چاغدا ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلدى-دە، بولمىسا... بىر قۇچاق ئوتۇننى كوتەرگەن ھالدا يېنىچە ئاستا بېسىپ بىر بوۋاي كىرىپ كەلدى. (گ. ب.) بىر كۈنى شەھەرنىڭ بىر كوچىسى شلاگباۋم بىلەن تورىلىپ قالدى-دە، پۈتكۈل ئىككى كۋارتالدا ھەركەت تامامەن توختىدى. (گ. ب.)...ئاي بۇلۇتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى-دە، بىردىنلا ئەتراپ قاراڭغۇلۇققا چۆكتى. (ئا. چ.)

باغلانغان قوشما جۈملىنىڭ خەۋىرى "-دە" ئۇلانمىسى بىلەن شەكىللەنگەن بىرىنچى قىسمى ئاياقلاشمىغان بولسىمۇ، ئۇنى بېقىندى جۈملە دەپ ھېسابلاشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئىككىنچى جۈملىگە بېقىنمايدۇ، تەڭ ھوقۇقلۇق: بىرىنچى جۈملىنىڭ خەۋىرىگە ئۇلىنىپ كەلگەن "-دە" ئۇلانمىسى بىر مەزگىلدە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بولغان ھادىسىنى، ۋەقەنى ئىپادىلەيدۇ، مۇنداق ۋەقە، ھادىسىلەرنىڭ ئىككىنچىسى بىرىنچىسىگە باغلىق ئەمەس، يەنى بىرىنچى جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ۋەقە ئىككىنچى جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ۋەقەنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولالمايدۇ. مۇنداق باغلانغان قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ بىر خىللىقلىقى شۈبھىسىز: ھەسۇم مۇلايىمغىنا كۈلگەندەك قىلدى-دە، كۆزلىرىنىڭ

قاپاقلىرى سىلىققىنا يېپىلدى... (م. ھ.) ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلدىدە، ئۇلار ئالدىراشلىق بىلەن چىقىپ كەتتى. ...مېنىڭ كەينىمدىن مېڭىشىنىڭ كېرەكلىگىنى ئۇقتۇرۇپ قويدۇمدە، ئۆزەم نېرى كېتىۋەردىم. (گ. ب.) بىر چاغدا ھارۋۇ غاچچىدە قىلدىدە، ئوقى سۇنۇپ كەتتى. (م. ھ.) ستارتىسىۋ پەيتۇننى شەھەرنىڭ چەت تەرىپىدىكى تار كوچىلارنىڭ بىرىدە قالدۇردىدە، ئۆزى زەرەتكالىققا پىيادە كەتتى. (ئا. چ.)

بەزىبىر باغلانغان قوشما جۈملىلەرنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ئىپادىلەنگەن ۋەقە، ھادىسە بىرىنچى قىسمىدا ئىپادىلەنگەن ۋەقە، ھادىسىنىڭ سەۋەبىدىن پەيدا بولغاندەك كۆرىنىدۇ. مەسىلەن: يۇقۇرىدا مىسال ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن "...ئاي بۇلۇتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتىدە بىردىنىلا ئەتىراپ قاراڭغۇلۇققا چۆكتى" دېگەن باغلانغان قوشما جۈملىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ئىپادىلەنگەن ۋەقە، ھادىسە خۇددى بىرىنچى قىسمىدا ئىپادىلەنگەن ۋەقە، ھادىسىنىڭ نەتىجىسىدە پەيدا بولغاندەك كۆرىنىدۇ. لېكىن مۇنداق جۈملىلەرنىڭ ئىككىنچى قىسمىنىڭ بىرىنچى قىسمىغا باغلىق بولغاندەك كۆرۈنۈشى مۇنداق باغلانغان قوشما جۈملىلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق تۈزۈلىشىگە باغلىق بولماي، بەلكى بىرىكتۈرۈلىدىغان ئايرىم جۈملىلەرنىڭ كونكرېت مەنىسىگە باغلىقتۇر. يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن "بىر كۈنى شەھەرنىڭ بىر كوچىسى شالاڭسىبائوم بىلەن تورىلىپ قالدىدە، پۈتكۈل ئىككى كۋارتالدا ھەركەت تامامەن توختىدى" دېگەن باغلانغان قوشما جۈملە بىلەن "...مېنىڭ كەينىمدىن مېڭىشىنىڭ كېرەكلىگىنى ئۇقتۇرۇپ قويدۇمدە، ئۆزەم نېرى كېتىۋەردىم" دېگەن باغلانغان قوشما جۈملىلەر بىر بىرسى بىلەن سىنتاكسىسلىق تۈزۈلىشى جەھەتىدىن پەرق قىلمايدۇ. بەزىدە مۇنداق باغلانغان قوشما جۈملىلەرنىڭ يا سەۋەپ، يا نەتىجە مۇناسىۋىتىنى، يا بىرىكتۈرۈش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەۋاتقانلىقى نا ئېنىق. مەسىلەن: "كۈن پاتتىدە، ھاۋا سالقىنلاشقا باشلىدى." ھاۋانىڭ سالقىنلىشى كۈننىڭ پېتىشىغا باغلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بولىسمۇ، بۇ جۈملىنى "كۈن پاتتى. شۈگۈلاشقا ھاۋا سالقىنلاشقا باشلىدى" دەپ پەقەت سۈنئىي ھالەتتىلا ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئەكسىچە، بۇ جۈملىدە ئىككى تۈرلۈك ھادىسە بىر بىرىگە بېقىنمايدىغان رەۋىشتە تەسۋىرلىنىپ، ئۇلارنىڭ تىزىمى بېرىلگەن.

باغلىغۇچى خىزمىتىدە كەلگەن "-دە" ئۇلانمىسى ئاددىي جۈملىلەرنى باغلاشتۇرۇشتىن كۆرە، تولاراق جۈملىنىڭ بىر خىل مۇچىلىرىنى — خەۋەرلىرىنى — باغلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ: "بانيۇشكا... ماڭا قايرىلىپ قارىدىدە، قىپ-قىزىرىپ كەتكەن قوللىرىنى شىلتىدى." (م. ش.) "پالۋان ھارۋىدىن چۈشتىدە،...توپ-توغرا ئىدارىغا كىرىپ كەتتى." (ن. ئى.) "ئاندىن كېيىن ئىستاكاننى قولۇمغا ئالدىمدە، ئىككى سومرۇپ يۇتتۇەتتىم." (م. ش.) ئاددىي جۈملىلەرنىڭ تەركىبىدىمۇ باغلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەن "-دە" ئۇلانمىسى بىر مەزگىلدە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بولغان ھەركەتلەرنى باغلاشتۇرىدۇ. "-دە" ئۇلانغان پېئىلدىن كېيىن پەشنىڭ قويۇلۇشىنىڭ سەۋەبى "-دە" ئۆز ئالدىغا قوللىنىلمايدۇ، ئۇ ئۆز ئالدىدا كەلگەن سۆز بىلەن بىر پۈتۈن بولەك بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

## قارىمۇ-قارشىلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان قوشما جۈملىلەر

باغلانغان قوشما جۈملە تەركىبىدىكى جۈملىلەر بىر بىرىگە قارشى ئىككى تۈرلۈك ھادىسە، ۋەقە، ئوي-پىكىرلەرنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. باشقىچە ئېيتقاندا، قارىمۇ-قارشىلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان باغلانغان قوشما جۈملىلەر قانداقلا بولمىسۇن بىر بىرىگە قارشى مەنىنى ئاڭلىتىدىغان ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلگەن سىنتاكسىلىق بىرلىكتۇر. مۇنداق باغلانغان قوشما جۈملىلەرنىڭ بىر قىسمىدا

ئىپتىلغان ئوي ـ پىكىر ئىككىنچى قىسمىدا ئىپتىلغان ئوي ـ پىكىرگە قارشى قويۇلىدۇ. قارىمۇ ـ قارشىلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان باغلانغان قوشما جۈملىلەر كۆپىنچە باغلىغۇچىلار ھەم ئۇلانمىلار ياردىمى بىلەن، بەزىدە ئۇلارسىزمۇ تۈزۈلۈشى مۇمكىن.

تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئۇلار چەكلەنگەن، يەنى ئىككىلا قىسمىدىن ھاسىل بولالايدىغان سىنتاكسىسلىق بىرلىكلەردۇر. قارىمۇ ـ قارشىلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلىگۈچى باغلىغۇچىسىز باغلانغان قوشما جۈملىلەر مەنە جەھەتتىن ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ: بولۇشلۇق ـ قارشىلىق ۋە بولۇشسىز ـ قارشىلىق باغلىغۇچىسىز باغلانغان قوشما جۈملىلەر.

بولۇشلۇق ـ قارشىلىق باغلىغۇچىسىز باغلانغان قوشما جۈملىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا ئىپتىلغان بولۇشلۇق ئوي ـ پىكىرگە نىسبەتەن ئىككىنچى قىسمىدا قارشى ئوي ـ پىكىر ئىپتىلىدۇ. مەسىلەن: مەن ئۇنىڭغا پات ـ پات خەت يېزىپ تۇرىمەن، ئۇ ماڭا ئاندا ـ ساندا يېزىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بويى ئېگىز مېنىڭ بويۇم پاكا. قايسى بىرلىرى خۇشال، قايسى بىرلىرى خاپا. قوشۇلماق تەس، ئايرىلماق ئاسان. (ماقال).

بولۇشسىز ـ قارشىلىق جۈملىلەرنىڭ بىرىنچى قىسمىدا بولۇشسىز ئوي ـ پىكىر ئىپادىلەنسە، ئىككىنچى قىسمىدا ئۇنىڭغا قارشى ئوي ـ پىكىر قويۇلىدۇ — بولۇشلۇق ئوي ـ پىكىر ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: مەن بارمىدىم، ئۇ باردى. مەن ماكسىم ماكسىمىچ ئەمەس، مەن شتابس ـ كاپىتان. (م. ل.) ئۇنىڭ ئالدىدا گاداي ئەمەس، ئۇنىڭ ئالدىدا پومىششىك تۇراتتى. (ن. گ.)

قارىمۇ ـ قارشىلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مۇنداق باغلانغان قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدىكى ئايرىم جۈملىلەر مەخسۇس ئىنتوناتسىيە بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ — بىرىنچى جۈملە كۆتىرەڭگۈ ئىنتوناتسىيە، ئىككىنچى جۈملە پەسەيگەن ئىنتوناتسىيە بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

باغلانغان قوشما جۈملە قىسىملىرىنىڭ ئارىسىدىكى قارشىلىق

www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن "لېكىن، ئەمما، بىراق، ئەمما لېكىن" ئوخشاش باغلىغۇچىلار ۋە "ـ زە، بولسا، پەقەت" ئوخشاش ئۇلانمىلار بىلەن ياردەمچى سۆزلەر ئىشلىتىلىدۇ. "لېكىن، ئەمما، بىراق، ئەمما لېكىن" قارىمۇ-قارشىلىق باغلىغۇچىلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغىنى "لېكىن" باغلىغۇچىسى. مەسىلەن:

سوئاللار ئىككىنچى قېتىم سورىدى، لېكىن جانەمدىن يەنە ئۈن چىقمىدى. (م. ھ.) ئانا بىرى كېلەمدىكىن دەپ كۈتكەن ئىدى، لېكىن ھېچكىم كەلمىدى. (م. گ.) مەنىڭغۇ ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، لېكىن ئۇ مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلمەيدۇ. (گ. ب.) ئىككىنچى ئوغلى تېخنىكومدا ئوقۇپ يۈرگەن ئىكەن، ئەمما ھازىر ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى مەلۇمسىز. (گ. ب.) بالىلىرىمىز، مەنمۇ ئۇنى بەزلەۋاتىمىز، لېكىن زادىلا پەسلىمەيدۇ. (م. ش.) ئەمدىغۇ شۇنداق، ئەمما لېكىن قانداق ئۇرۇشتىمۇ گەپ بار ئىكەن. (قاد.) بوۋاي بۇ يەردە قۇش تولا دەيدۇ، بىراق ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. (گ.ب.)

بەزىدە بىر قوشما جۈملىنىڭ تەركىۋىدە ئىككى قارىمۇ-قارشىلىق باغلىغۇچىلارنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. بىر جۈملىنىڭ تەركىۋىدە مەنداش ئىككى باغلىغۇچى ئىستىلىستىكىلىق مەقسەت بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: قايسى ۋاقىتلاردا جاھانغا كۆلۈپ قاراپ چىرايلىق ئاي چىقمىدۇ. ئاندىن سالقىنىدا ئوما ئورۇيلى دەپ يەنە ئومغا چۈشسەن. ئەمما كېچىسى كۈندۈزىگە قارىغاندا ئوڭايراق، لېكىن تاتلىق ئويقۇڭ قالىدۇ. (ئو. م.)

قارشىلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان باغلانغان قوشما جۈملىلەر ھەمىشەم ئىككىلا ئاددىي جۈملىدىن ھاسىل بولماي، بەلكى ئۈچ ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق جۈملىلەردىن ھاسىل بولۇشى مۇمكىن. مۇنداق باغلانغان قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدىكى ئاخىرقى ئاددىي جۈملىدە ئېيتىلغان ئوي-پىكىر ئالدىنقى ئاددىي جۈملىلەردە ئېيتىلغان ئوي-پىكىرلەرنىڭ ھەممىسىگە بىردەك قارشى قويۇلىدۇ: ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئۆتتى، ئۇستەڭنىڭ ئۇ يېقىدىكى ۋە بۇ يېقىدىكى يېقىلغان ئوتلار ئۆچتى، لېكىن تۇۋەندىكى كوك مايسىدا ۋە مەيخانىدا ئويۇن-كۈلكە تېخىچىلا داۋام

قىلماقتا ئىدى. (ئا. چ.)

باغلانغان قوشما جۈملىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا "پەقەت" دىگەن ياردەمچى سۆزنىڭ كېلىشى مۇمكىن. بۇ ياردەمچى سۆز چەكلەش مەنىسىنى ئاڭلىتىدۇ. مەسىلەن: بۇ قېتىمقى ئۇلۇم مېنىڭ قېشىمدىن ئۆتۈپ كەتتى، پەقەت ئۇنىڭ سوغ سىلىكىنى بىر ئۇرۇپ ئۆتتى. (م. ش.) ھاۋا ياخشى ئىدى. لېكىن يەرلەر تېخى قۇرۇپ تۈگىمىگەن، كوچىلار تىزغىچە لاي، چەت ـ چەتلەر، تام تۈۋلىرىدىلا خېلى ئەكچىپ قالغان ئىدى. (ن. ئى.)

بۇ ياردەمچى سۆز كۆپىنچە ئىككىنچى جۈملىدە، بەزىدە بىرىنچى جۈملىدىمۇ كېلىشى مۇمكىن: "پەقەت مەنلا ئۇ يەردە بولدۇم، باشقا ھېچكىم بولمىدى." جانلىق تىلدا "پەقەت" دىگەن سۆزنىڭ ئورنىدا "يالغۇز" دىگەن سۆزنىڭ ئىشلىتىلىشىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ: يىغىنغا ھەممە كەلدى، يالغۇز قادىرلا كەلمىدى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا چەكلەش مەنىسى "پەقەت، يالغۇز" دىگەن سۆزلەر ئارقىلىقلا ئىپادىلەنمەي، بەلكى "ـ لا" ئۇلانمىسى ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىنىدۇ: ھەممە قول كۆتەردى، ئۇلا كۆتەرمىدى. قىشچە ئانچە سوغ بولمىدى، فېۋرالنىڭ ئاخىرىدىلا بىرئاز سوغ بولدى.

قارىمۇ ـ قارشىلىق مۇناسىۋەتلىك باغلانغان قوشما جۈملىلەرنى تۈزۈشتە "بولسا" ياردەمچى سۆزى چوڭ رولغا ئىگىدۇر. بۇ ياردەمچى سۆز بىلەن "ـ زە" ئۇلانمىسى بىردەك ۋەزىپىنى ئاتقۇرىدۇ، لېكىن "ـ زە" ئۇلانمىسىنىڭ ئورنىدا كۆپىنچە "بولسا" ياردەمچى سۆزى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ژىلىن ئاتلىق ماگدى، يۈكلىرى بولسا ھارۋۇغا سېلىنغان ئىدى. (ل. ت.) ئۇ ئاپتوماتنى راسلاشقا باشلىدى، مەن بولسام ئۈنچىقماي توپ ـ توغرا ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرىمەن. (م. ش.) تېخى چىداملىق بوۋاي ئىكەن بۇ، باشقىلار بولسا ئاللىقاچان يىقىلىپ ئۆلگەن بولار ئىدى. (ن. ئى.) ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تۈگەل ئۆيلىرى بىلەنلا كۆچۈپ كېتىپ بارغان، بەزىلىرى بولسا كېيىن بارماقچى بولۇۋاتقان. (ج ب.)

باغلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەن "ـ زە" ئۇلانمىسى ئۆزى قوشۇلۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەلگەن سۆزگە تەكىتلەش مەنىسىنى بېرىدۇ. مەسىلەن: ئۆرۈك چېچەكلىدى، ئالمىزە تېخى چېچەكلىمىدى. بىز بۇ تەكلىپنى قوللىدۇق، ئۇزە قارشى چىقتى. مەن ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، ئۇزە مېنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىمنى بىلمەيدۇ. ئۇ يەردە، بەلكىم، مېنىڭ يولداشلىرىم ئۆلۈپ كېتىپ بارغاندۇ، مەنزە بۇ يەردە ئارىسالدى بولۇپ تۇرىمەنمۇ؟ (م.ش.)

باغلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەن "ـزە" ئۇلانمىسى باغلانغان قوشما جۈملىنىڭ ئىككىلا قىسمىدا كېلىشى مۇمكىن: مەنزە مەكتەپنى بۇ يىل تۈگىتىمەن، ئۇزە كېلەدىغان يىلى تۈگىتىدۇ.

بۇ ئۇلانما بەزىدە ئىككى تۈرلۈك ئوي-پىكىرنى، ۋەقەنى، ھادىسىنى سېلىشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىپ، قارىمۇ-قارشىلىقنى بىلدۈرمەي، بەلكى پەرقنى بىلدۈرىدۇ: ئاكام ئىنستىتۇتتا ئوقۇيدۇ، ھەدەمزە فابرىكىدا ئىشلەيدۇ. بىز بۇ يېڭى بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە تۇرىمىز، ئۇلارزە ئۈچىنچى قەۋىتىدە تۇرىدۇ.

## ئايرىش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان قوشما جۈملىلەر

ئايرىش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان باغلانغان قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەردە ئېيتىلغان ئوي-پىكىرلەرنىڭ، ۋەقەلەرنىڭ، ھادىسىلەرنىڭ پەقەت بىرسىنىڭلا ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن. ئايرىش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدە ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئوشۇق ئاددىي جۈملىلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن. ئايرىش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن "يا—يا، ياكى—ياكى، يابولمىسا—يا بولمىسا، بىردەمدە—بىردەمدە، بەزىدە—بەزىدە (گايىدا — گايىدا)، بىردە — بىردە" ئوخشاش باغلىغۇچىلار بىلەن باغلىغۇچىلار ۋەزىپىسىدە كەلگەن رەۋىشلەر ئىشلىتىلىدۇ. يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك، "يا — يا" باغلىغۇچىسى، جۈملىنىڭ بولۇشلۇق يا

بولۇشسىزلىغىغا قاراپ، ئىككى تۈرلۈك مۇناسىۋەتنى — بىرىكتۈرۈش ۋە ئايرىش مۇناسىۋەتنى — ئىپادىلەيدۇ. بولۇشلۇق جۈملىنىڭ تەركىۋىدە "يا — يا" باغلىغۇچىسى ئايرىش مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: "يا ئۇ بارىدۇ، يا مەن بارىمەن. بۈگۈن يا يامغۇر ياغىدۇ، يا قار ياغىدۇ." تەركىۋىدە "يا — يا" باغلىغۇچىسى كەلگەن باغلانغان قوشما جۈملە تەركىۋي قىسىملىرىنىڭ بىرىدە باش ياكى ئەگەشمە مۇچىلەرىنىڭ بىرى تەكرارلانماي، چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن، يەنى قوشما جۈملە تەركىۋي قىسىملىرىنىڭ ئومۇمىي بىر مۇچىسى بولۇشى مۇمكىن: "يا ئۆمەر چىقىپ سۆزلەيدۇ، يا — سادىق." "ياكى، يا بولمىسا" ياردەمچى سۆزلىرى "يا" باغلىغۇچىسى بىلەن بىردەك ۋەزىپە ئاتقۇرىدۇ: تۈنۈگۈن بىر يوقتا بىزنىڭكىگە يا ئەخمەت كېلىپ كەتتى، يا بولمىسا تۇرسۇن كېلىپ كەتتى.

بەزى بىر رەۋىشلەر، مەسىلەن: "بەزىدە، بىردەم" باغلىغۇچىلار ۋەزىپىسىدە كېلىپ، ئايرىم جۈملىلەردىن باغلانغان قوشما جۈملىلەر تۈزۈپ، ئايرىش مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. مۇنداق باغلىغۇچىلار، باغلانغان قوشما جۈملىنىڭ ھەر بىر قىسمىدا تەكرارلىنىپ كېلىپ، ۋەقەنىڭ، ھادىسىنىڭ نۆۋەتلىشىپ ئەمەلگە ئېشىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: بىردەم چانا يېتىلەپ ئوينايمەن، بىردەم بويناقنىڭ بويىنىغا يىپ بىلەن چانىنى باغلاپ ئوينايمەن. (ئو. م.) بەزىدە سولداتلار توختاپ قالىدۇ، بەزىدە ھارۋىلارنىڭ چاقى چىقىپ كېتىدۇ... (ل. ت.)

## بېقىندا قوشما جۈملىلەر

ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ قىسىملاردىن تەركىپ تاپقان قوشما جۈملىلەرنىڭ بىر ياكى بىرنەچچە تەركىۋي قىسمى باشقا بىر جۈملىگە بېقىنىپ، ئۇنى ئېنىقلاپ، تولۇقلاپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرىكىپ قوشما بېقىندا جۈملە ھاسىل قىلىدۇ. مۇنداق قوشما جۈملىلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىسىملىرى ئىككى توپقا — باش ۋە بېقىندا جۈملىلەر توپىغا — بولىنىدۇ.

گىراماتىكىلىق جەھەتتىن باشقۇرىدىغان جۈملە باش جۈملە، ئۇنى ئىزاھلاپ، ئۇنىڭغا بېقىنىدىغان جۈملە بېقىندا جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

باش جۈملە بىلەن بېقىندا جۈملە ئارىسىدىكى سىنتاكسىسلىق باغلىنىشلارنى بەلگىلەيدىغان تۈرلۈك گىراماتىكىلىق ۋاستىلار بار. ئۇ ۋاستىلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: بېقىندا ۋە باش جۈملىلەرنىڭ خەۋرىگە ئۇلىنىپ كېلىدىغان گىراماتىكىلىق كورسەتكۈچلەر، باغلىغۇچىلار، نىسبىي سوزلەر ۋە ئىنتوناتسىيە. بەزىدە باش جۈملە بىلەن بېقىندا جۈملە ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىقمۇ بىرىكىدۇ.

بېقىندا قوشما جۈملىلەر، باغلانغان قوشما جۈملىلەرگە قارىغاندا، مۇرەككەپرەك بولغان ئوي-پىكىرنى ئاڭلىتىدۇ. باغلانغان قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدىكى ئايرىم جۈملىلەر بىر بىرى بىلەن ئاددى مەنىۋى مۇناسىۋەتلەر ئاساسىدا بىرىكىدۇ. بېقىندا قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدىكى ئايرىم جۈملىلەر بولسا بىر بىرى بىلەن مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر ئاساسىدا بىرىكىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى تىل تەرەققىياتىنىڭ يۇقۇرى دەرىجىسىنى كورسىتىدۇ.

بېقىندا جۈملە باش جۈملىگە ئىككى تۈرلۈك يول بىلەن بېقىنىپ كېلىدۇ:

1. بېقىندا جۈملە باش جۈملىنى پۈتۈنلەي ئىزاھلاپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: تاپانلىرى ئىششىپ، كېرەكتىن چىققانلىقتىن، ئۇ ئۇبدانغىنە يەر-دەسسەپ ماڭالمايتتى. (ن ئى.) كەڭ ئېتىزنىڭ بىر چېتىدە تۇرۇپ بۇ كولخوز-چىلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا زوقلىنىدىغان بولساڭ، كوڭلۇڭدە ئاللىقانداق قىزىقىش خىسلىتىنىڭ ئويغانغانلىقىنى بىلىسەن. (ن. ئى.)

2. **بېقىندا جۈملە باش جۈملىنىڭ بىرەر مۇچىسىنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ.** مەسىلەن: كىمدۇ ـ كىم كېتىمەن دېسە، ئۇ چاپسانراق كەلسۇن، چۈنكى ماشىنا بىر سائەتتىن كېيىن كېتىدۇ. بىزگە مەلۇمكى، بۇدا ۋە پېشت ئىلگىرى ئىككى شەھەر بولغان. ("ك. ت.")

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بېقىندا جۈملىلەر بىرنەچچە تۈرگە بۆلىنىدۇ. ئۇلارنى تۈرلەرگە ئاجرىتىشتا تۆۋەندىكىلەر ئېتىۋارغا ئېلىنىدۇ: 1) بېقىندا جۈملىنىڭ باش جۈملىگە نىسبەتەن ئاتقۇرىدىغان ئاساسىي مەنىۋى خىزمىتى؛ 2) باش جۈملە بىلەن بېقىندا جۈملە ئارىسىدىكى مەنىۋى ئالاقىنىڭ گىرامماتىكىلىق جەھەتتىن ئىپادىلىنىشى. مۇشۇلارغا ئاساسلانغان ھالدا بېقىندا جۈملىلەرنى تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن: ئىگە بېقىندا، خەۋەر بېقىندا، تولۇقلىغۇچى بېقىندا، ئېنىقلىغۇچى بېقىندا، ۋاقىت بېقىندا، ئورۇن بېقىندا، سەۋەپ بېقىندا، شەرت بېقىندا، مەقسەت بېقىندا، قارشىلىق بېقىندا، نەتىجە بېقىندا، ھالەت بېقىندا، مىقدار ـ دەرىجە بېقىندا، ئوخشىتىش ـ سېلىشتۇرۇش بېقىندا جۈملىلەر.

## ئىگە بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەر

بېقىندا قوشما جۈملىنىڭ باش جۈملىسىنىڭ ئىگىسى ئالماش ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، بېقىندا جۈملىسى مۇشۇ ئىگىنى ئىزاھلاپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئېچىپ، كونكرېتلاشتۇرىدۇ. مۇنداق بېقىندا قوشما جۈملىلەرنىڭ باش جۈملىسىنىڭ ئىگىسى ئېيتىلماي، چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. باش جۈملىنىڭ ئالماش ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ياكى ئېيتىلماي قالغان ئىگىسىنى ئىزاھلاپ كەلگەن بېقىندا جۈملە ئىگە بېقىندا جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: "كوچەتنى كىم تىكسە، سايىسىدا شۇ ئولتۇرار. (ماقال.) كىمنىڭ بوش ۋاقتى بولسا،

www.uyghurkitap.com

كەلسۇن.» بىرىنچى بېقىندا قوشما جۈملىنىڭ بېقىندا جۈملىسى (كوچەتنى كىم تىكسە) باش جۈملىنىڭ ئىگىسى «شۇ»نى، ئىككىنچى بېقىندا قوشما جۈملىنىڭ بېقىندا جۈملىسى (كىمنىڭ بوش ۋاقتى بولسا) ئېيتىلماي قالغان ئىگىنى ئىزاھلاپ كەلگەن.

ئىگە بېقىندا جۈملە باش جۈملىگە «-سا، -سە» قوشۇمچىلىرى، «-كى» باغلىغۇچىسى بىلەن تۈرلۈك لېكسىكىلىق ئېلېمېنتلار ئارقىلىق باغلىنىدۇ. ئىگە بېقىندا جۈملە باش جۈملىگە «كىم، كىمكى، كىمدۇ-كىم، نېمە» ئوخشاش ئالماشلار ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ. ئىگە بېقىندا جۈملىنىڭ ئىگىسى بولۇپ كەلگەن «كىم، نېمە» ئالماشلىرى ھەممە كېلىشلەردە كېلىشى مۇمكىن. مۇنداق ھالەتتە باش جۈملىنىڭ ئىگىسى «شۇ، ئۇ، ھەممىسى، ھېچكىم» دېگەن كۆرسىتىش ئالماشلار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: جاپانى كىم تولا تارتسا، گوھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن. (ماقال) كىمنىڭ ئېتى ئاتالسا، شۇ چىقسۇن. ئېتىڭ نېمە، ناخشىچىمۇ؟ كىم ئەزەن قىچقارغان بولسا، شۇ بىلىدۇ. (م. ل.) نېمە تەرسەڭ، شۇ چىقىدۇ. كۆڭۈل كىمنى سۆيسە، چىرايلىق شۇ. (ماقال،) كىمدىن سورىما، ھېچكىم بىلمەيدۇ. كىمكى ئەمگەكنى ياخشى كۆرسە، ئۇ ئىشسىز ئولتۇرالمايدۇ ھەم ھەمىشەم تىرىشىپ ئىشلەيدۇ. كىمدۇ-كىم ئۆز ئىشىنىڭ ساپاسى ياخشى بولسۇن دېسە، ئۇ ئۆز ئىشىغا جان-دىلى بىلەن بېرىلىپ كېتىشى كېرەك. كۆپچىلىك نېمە دېسە، شۇ بولىدۇ. كىمدىن سورىما ھەممىسى بىلىدۇ. كىمنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىساڭ. ھەممىسى «تېرىلغۇ كامپانىيەسى!...» دەپ تىنچ ئولتۇرۇشمايدۇ. (ن. ئې.)

ئىگە بېقىندا جۈملىنىڭ ئىگىسى «نېمە» ئالمىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ كەلسە، باش جۈملىنىڭ ئىگىسى «شۇ نەرسە» دېگەن سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ كېلىشى مۇمكىن: ساڭا نېمە كېرەك بولسا، شۇ نەرسە بۇ يەردە تېپىلىدۇ.

ئىگە بېقىندا جۈملىنىڭ خەۋىرى ھەمىشەم شەرت پېئىل فورمىسىدا كېلىۋەرمەي، بەزىدە باشقا فورمىدا كېلىشى مۇمكىن: كىمنىڭ سالامەت

بولغىنى بار ئىكەن، ئۇ ئىسپورت بىلەن مەشغۇل بولۇشى كېرەك.

ئەگە بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىنىڭ باش جۈملىسىنىڭ ئىگىسى "شۇنى" دېگەن كورسىتىش ئالمىشىدىن بولۇپ، بېقىندا جۈملە ئۇنى ئىزاھلايدۇ. مۇنداق ھالەتتە بېقىندا جۈملە باش جۈملىگە ئۇنىڭ (باش جۈملىنىڭ) خەۋىرىگە ئۇلانغان "-كى" باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ. مەسىلەن: شۇنىسى ئاجايىپكى، ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە سۇدىن چىقمايدۇ. شۇنىسى قىزىقكى، بىر دەرەختە نەچچە تۈرلۈك مېۋە بار ئىكەن.

بەزىدە ئەگە بېقىندا جۈملىنىڭ ئىگىسى "كىم، كىمكى" ئالماشلىرىدىن كېلىپ، باش جۈملىنىڭ ئىگىسى "شۇ ئادەم، ئۇ كىشى، ئۇنداق ئادەم" ئوخشاش سوزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ: كىم ئوز ئىشىنى پىلانسىز باشلىسا، ئۇنداق ئادەم يامان ئىشلەيدۇ... (م. ئى. كالىنىن) كىم ئەمگەك تەرتىۋىنى بۇزسا، ئۇ كىشى ئەمگەكنى ياقتۇرمايدۇ.

ئەگە بېقىندا جۈملە باش جۈملىگە "-سا" ئارقىلىق باغلىنىپ كەلسە، ئۇ چاغدا ئۇ باش جۈملىنىڭ ئالدىدىن كېلىدۇ: "يېنىڭدا كىم ئولتۇرسا، چىرايلىغىڭ شۇ، بېشىڭنى كىم سىلىسا، ماشايىغىڭ شۇ." (ماقال.) ئەگە بېقىندا جۈملە باش جۈملىگە "-كى" ئارقىلىق باغلىنىپ كەلسە، ئۇ چاغدا ئۇ باش جۈملىدىن كېيىن كېلىدۇ: شۇنىسى قىزىقكى، شۇنچە ئادەم ئۇنىڭ چىقىپ كەتكىنىنى كورمەپتۇ.

## خەۋەر بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەر

قوشما جۈملىنىڭ باش جۈملىسىنىڭ ئالماش ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن خەۋىرىنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاپ، كونكرېتلاشتۇرۇپ كەلگەن بېقىندا جۈملە خەۋەر بېقىندا جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

خەۋەر بېقىندا جۈملە باش جۈملىگە "-كى" باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ، باش جۈملىنىڭ خەۋىرى ۋەزىپىسىدە "شۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇنداق، شۇنىڭدا" ئوخشاش سوزلەر كېلىدۇ. مەسىلەن: ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، سىلەرنىڭ بۇ قىلمىشىڭلار ماڭا ياقمايدۇ. (ئا. چ.) بۇگۈنكى بۇ باراڭنىڭ بىرلا كامچىلىغى شۇنىڭدىكى، ئۇ بولسىمۇ ھەر خىل ياڭزىدا چۇشۇپ تۇرىدىغان كۈن شولىسى بۇگۈن يوق ئىدى. (م. ھ.) مېنىڭ سىلەرگە ئېيتاي دېگىنىم شۇكى، ئەتە كەچقۇرۇنلىغى ھەممىڭلا كۇلۇپقا كېلىڭلار. سوزنىڭ راستى شۇكى، مەن ئۇنى ھېچقاچان كورمىگەن. بىزنى ھەيران قالدۇرغان نەرسە شۇكى، ئۇ بۇ مەسىلە ھەققىدە خەۋەردار ئەمەس ئىكەن. گەپ شۇنىڭدىكى، سەن ئۇنى يەڭدىڭ. (گ. ب.) بۇ كول شۇنداقكى، يىلدا كۇزنىڭ كۇنى قۇرۇپ كېتىدۇ.

خەۋەر بېقىندا جۇملە باش جۇملىگە كورسىتىش ئالمىشى بىلەن "ئىبارەت، بولدى، ئىدى" سوزلىرىنىڭ بىرىكىشى ۋە "-كى" باغلىغۇچىسىنىڭ ياردىمى ئارقىلىقمۇ باغلىنىدۇ. مەسىلەن: سېنىڭ ۋەزىپەڭ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، سەن بۇ يىل ئوتتۇرا مەكتەپنى تۇگىتىشىڭ كېرەك. مېنىڭ بولمەمدىن بۇ بولمىنىڭ پەرقى شۇنىڭدىن ئىبارەت ئىدىكى، ئۇنىڭ دېرىزىسى مېنىڭكىگە ئوخشاش جاڭگال تەرەپكە ئەمەس، بەلكى ھويلىغا قارايتتى. (گ. ب.) يىغىننىڭ كامچىلىغى شۇ بولدىكى، چىقىپ سوزلىگۇچىلەر ئاز بولدى.

## تولۇقلىغۇچى بېقىندا جۇملىلىك قوشما جۇملىلەر

بېقىندا قوشما جۇملىنىڭ تەركىۋىدىكى قىسىملارنىڭ بىرى ئىككىنچى قىسمىنىڭ بىرەر مۇچىسىنىڭ مەزمۇنىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، ئىزاھلاپ كېلىشى مۇمكىن. تولۇقلىغۇچى بېقىندا جۇملە باش جۇملى-دىكى كورسىتىش ئالمىشى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن تولۇقلىغۇچىنىڭ ياكى قوللىنىلمىغان (چۇشۇرۇلگەن، يوشۇرۇن) تولۇقلىغۇچىنىڭ مەزمۇنىنى، مەنىسىنى كونكرېتلاشتۇرىدۇ، ئىزاھلايدۇ. مەسىلەن: مەن دېمەكچى-مەنكى، ياخشى باللارنى ئەستىن چىقىرىشقا بولمايدۇ. (گ.ب) زېلىن كور-دىكى، ئىش يامان. (ل.ت.) شۇنى بىلىپ قويۇڭكى، مەن يەنە ئوز ھەققىمنى

تېپىپ ئالىمەن. (ن.ئى.)

بۇ مىساللاردىن كۆرۈپ ئولتۇرىمىزكى، تولۇقلىغۇچى بېقىندا جۈملىلەر باش جۈملىدىكى پىكىرگە ئوبيېكت سۈپىتىدە خىزمەت ئاتقۇرىدۇ، ئۇلار باش جۈملىلەر تەركىۋىدىكى تولۇقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرغان چۈشۈم، بېرىش ۋە ئورۇن-ۋاقىت كېلىشلىرىدىكى "شۇ" كۆرسىتىش ئالمىشىنىڭ ۋە باش جۈملە خەۋىرىنىڭ مەزمۇنىنى ئېچىپ بېرىپ، ئىزاھلاپ، ئۇلارنىڭ مەنىسىنى تولۇقلاپ، كونكرېتلاشتۇرۇپ كەلگەن.

تولۇقلىغۇچى بېقىندا جۈملە باش جۈملىگە "-كى، -سا" ئوخشاش گىراماتىكىلىق ۋاستىلار ئارقىلىق باغلىنىدۇ. بۇ ۋاستىلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغىنى "-كى" باغلىغۇچىسىدۇر. بۇ باغلىغۇچى، باش جۈملىنىڭ خەۋىرىگە ئۇلىنىپ، بېقىندا جۈملىنى باش جۈملىگە باغلايدۇ. كۆپىنچە باش جۈملىنىڭ تەركىۋىدە تولۇقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە "شۇ" كۆرسىتىش ئالمىشى كېلىپ، بېقىندا جۈملە مۇشۇ ئالماشنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلايدۇ، كونكرېتلاشتۇرىدۇ. مەسىلەن: "شۇنى ئۇنۇتماس كېرەككى، پەقەت تىرىشىپ ئىشلىگەندىلا ئەمگەك ئۇنۇمىنى كۆتۈرۈشكە مۇمكىن. بارلىق بەلگىلەر شۇنى كۆرسىتىدۇكى، فاشىستلار بالىنى تالاي قېينىغان بولۇش كېرەك." (ۋ.ك.) "شۇنىڭغا ئىشىنىسۇنكى، پەقەت ئادەمنى دۇرۇس تەربىيىلەشتە ئەمگەك چوڭ رول ئوينايدۇ. مەن شۇنىڭدىن قورقىمەنكى، ئۇلار كەچ كىرگىچە داۋاندىن ئۆتەلمەيدۇ. ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ئوغۇتسىز يەر يىلدىن-يىلغا ناچارلىشىپ كېتىدۇ." ئاخىرقى جۈملىدە "شۇنى" دېگەن تولۇقلىغۇچى ئېيتىلماي، چۈشۈپ قالغان، ئەمما ئۇنىڭ مەۋجۇتلىقى ئۆز ئۆزىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ.

مىساللاردىن كۆرۈپ ئولتۇرىمىزكى، "شۇ" كۆرسىتىش ئالمىشى بىلەن "-كى" باغلىغۇچىسىنىڭ قاتنىشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان

www.uyghurkitap.com

تولۇقلىغۇچى بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەرنىڭ باش جۈملىلىرىنىڭ خەۋىرى ئاساسەن پېئىللاردىن بولىدۇ. بۇ تىپتىكى تولۇقلىغۇچى بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەرنىڭ باش جۈملىسى بەزىدە بىر تەركىپلىك شەخسسىز جۈملە شەكلىدىمۇ كېلىشى مۇمكىن: شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ھازىر پەن بىلەن تېخنىكا كۈندىن-كۈنگە ئۆسمەكتە. ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇش لازىمكى، بىلىمسىز ھۈنەر ئۆگىنىۋېلىش ناھايىتى تەس.

تولۇقلىغۇچى بېقىندا جۈملە باش جۈملىگە ئۆزىنىڭ شەرت پېئىلىدىن بولغان خەۋىرى ئارقىلىق ۋە تەركىۋىدە باش، چۈشۈم، بېرىش، چىقىش، ئورۇن-ۋاقىت كېلىشلەر شەكلىدىكى ”كىم، نېمە“ ئالماشلىرىنىڭ قاتنىشى ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ. مۇنداق بېقىندا جۈملە باش جۈملىدىكى توغرا ۋە يانداش تولۇقلىغۇچىلارنىڭ سوئاللىرىغا (كىمنى؟ كىمدىن؟ نېمىنى؟ نېمىگە؟...) جاۋاپ بولىدىغان ئوبيېكتنىڭ مەزمۇنىنى ئېچىپ، تولۇقلاپ، كونكرېتلاشتۇرىدۇ. باش جۈملىنىڭ تەركىۋىدە، بۇ ئالماشلارغا ماسلىشىپ، تولۇقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە ”ئۇ، شۇ“ كۆرسىتىش ئالماشلىرى كېلىدۇ. بېقىندا جۈملىدىكى سوئال ئالماشلىرى بىلەن باش جۈملىدىكى كۆرسىتىش ئالماشلىرى بەزىدە بىر بىرىگە ماسلاشماي (ھەر خىل كېلىشتە) تۇرۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: كىم ئەلا ئىشلىگەن بولسا، شۇنى مۇكاپاتلىدى. كىمدىن ئالغان بولساڭ، شۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەرگىن. خوش، ئوغلۇم پېتر، كىمگە قەسەمياد قىلساڭ، شۇنىڭغا چىن ئىخلاسىڭ بىلەن خىزمەت كۆرسەت. (ئا.پ.) پېشانىمىزغا نېمە يېزىلغان بولسا، شۇنى كۆرەرمىز. (ن.ئى.) ئاتاڭغا نېمە قىلساڭ، بالاڭدىن شۇنى كۆرىسەن. (ماقال.)

تولۇقلىغۇچى بېقىندا جۈملە باش جۈملىگە ”-مۇ(-ما)“ سوئال ئۇلانمىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ. بۇ ئۇلانما ”-ئا، -ئە“ شەكلىدىكى ھال پېئىللارغا ”-م“ شەكلىدە ئۇلىنىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆز نۆۋىتىدە

"- سەن، - سىز، - سىلەر" ئوخشاش شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ بىرى ئۇلىنىپ كېلىدۇ. مۇنداق گىراماتىكىلىق قوشۇمچىلار ئۇلانغان سۆز باش جۈملىنى ھاسىل قىلىدۇ، تولۇقلىغۇچى بېقىندا جۈملە مۇشۇ سۆزنى — جۈملىنى (ياكى مۇشۇ سۆز قاتناشقان جۈملىنى) — تولۇقلاپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى كونكرېتلاشتۇرىدۇ. مەسىلەن: بىلەمسەن، سوتسىيالىستىك چېپىشتا بىزدىن ئۇلار ئۆزۈپ چىقتى. بىلەمسىلەر، بۇ يىل بىزنىڭ كولخوز مال ئوستۇرۇشتە رايون بويىچە بىرىنچى ئورۇن ئالدى.

تولۇقلىغۇچى بېقىندا جۈملە باش جۈملىگە "-مۇ (-ما)" سوئال ئۇلانمىسى ئارقىلىقمۇ باغلىنىپ كېلىدۇ: ئاڭلىدىڭمۇ، ئۇلار بۈگۈن ئېكسپېدىتسىيەگە كەتمەكچى.

بەزىدە تولۇقلىغۇچى بېقىندا جۈملە باش جۈملىگە ھېچبىر گىراماتىكىلىق ۋاستىسىزمۇ باغلىنىپ كېلىشى مۇمكىن: ئېيتىپ قويغىن، ئۈچ كۈنلەردىن كېيىن بارارمەن. (ئا.چ.)

## ئېنىقلىغۇچى بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەر

بېقىندا قوشما جۈملىنىڭ بىر قىسمى ئىككىنچى قىسمىنىڭ ئىسىم ئارقىلىق ياكى ئىسىم ۋەزىپىسىدە ئىشلىتىلگەن سۆز ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مۇچىسىنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭ بەلگە-خۇسۇسىيىتىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. باش جۈملىنىڭ ئىسىم ياكى ئىسىم ۋەزىپىسىدە ئىشلىتىلگەن مۇچىسىنى ئېنىقلاپ كەلگەن بېقىندا جۈملە ئېنىقلىغۇچى بېقىندا جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇ شۇنداق ئادەمكى، ھېچكىم بىلەن سۆزلەشمەيدۇ... ئۇي ئىچىدە قانداق تىنچلىق ھۆكۈم سۈرسە، كوچىدىمۇ شۇنداقلا تىنچلىق ھۆكۈم سۈرەر ئىدى. (ن.ئى.)

باش جۈملىگە ئېنىقلىغۇچى بېقىندا جۈملە "-كى" باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، باش جۈملىنىڭ تەركىبىدە "شۇنداق" دېگەن سۆز بولىدۇ. مەسىلەن: "بۇ شۇنداق گۈلكى، ياز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىمۇ ئېچىلىدۇ، قىشتىمۇ ئېچىلىدۇ. ئۇ شۇنداق دەرياكى، يازدا سۈيى ئاز، ئەتىيازدا سۈيى كۆپ بولىدۇ. بىزنىڭ كوچىدا شۇنداق ئۆيلە سېلىنىدىكى، ئۇلار ھەم پۇختا، ھەم چىرايلىق. تۇرسۇن شۇنداق كىتاب ئېلىپ كەلدىكى، ئۇنى ھەم چوڭلار، ھەم بالىلار بىردەك قىزىقىپ ئوقۇيدۇ." بۇ قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدىكى ئېنىقلىغۇچى بېقىندا جۈملىلەر باش جۈملىدىكى "شۇنداق" دېگەن سۆزنىڭ مەزمۇنىنى، مەنىسىنى ئېچىپ، تولۇقلاپ، ئىزاھلاپ كەلگەن.

ئېنىقلىغۇچى بېقىندا جۈملە باش جۈملىگە "قايسى، قانداق، شۇ، شۇنداق" ئوخشاش سۆزلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ. باش جۈملىنىڭ تەركىۋىدە "شۇ، شۇنداق" سۆزلىرى بولۇپ، بېقىندا جۈملىدە "قايسى، قانداق" سۆزلىرى قاتنىشىدۇ. مەسىلەن: قايسى يول بىلەن كەلگەن بولساق، شۇ يول بىلەن قايتتۇق. بۇ مەسىلە توغرىسىدا مەن قانداق پىكىردە بولسام، ئۇمۇ شۇنداق پىكىردە بولدى. ...مەن "ئادەم قايسى يەر ياخشى بولسا، شۇ يەرنى ئىستەيدۇ" دېگەن ماقال بويىچە ھەرىكەت قىلدىم. (گ.ب.)

مۇنداق ئېنىقلىغۇچى بېقىندا جۈملىلەردە شەرت مەنىسى سېزىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇلارنى شەرت بېقىندا جۈملىلەر دەپ ھېساپلاشقا بولمايدۇ، سەۋەۋى ئۇلارنىڭ ئېنىقلاش مەنىسى شەرت مەنىسىدىن بېسىم، تۈزۈلۈش جەھەتتىنمۇ شەرت بېقىندا جۈملىلەردىن پەرقى بار — ئۇلارنىڭ تەركىۋىدە ئېنىقلىغۇچى سۆزلەر قاتنىشىدۇ.

## ۋاقىت بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەر

بېقىندا قوشما جۈملىلەرنىڭ بىر قىسمى ئىككىنچى قىسمىدا ئىپادىلەنگەن ۋەقەنىڭ، ھادىسىنىڭ، پاكىتنىڭ ۋاقتىنى كۆرسىتىپ كېلىدۇ. باش جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ۋەقەنىڭ، ھادىسىنىڭ ۋاقتىنى

ئىنقىلاپ كەلگەن ۋاقىتتا جۈملە ۋاقىت ھالىتىدىكى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.
مەسىلەن: كېۋىرنى قويىچىنىڭ خوتۇنى ئويغاتقاندا، تاڭ ئاپپاق ئېتىپ قالغان ئىدى. (م.ھ.) توختى ئەنە شۇ سېپىدىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ تۈۋىدە بىلدىرلاپ يېنىپ تۇرغان بىر ئوت كۆرۈندى. (ج. ب.)

ۋاقىت ھالىتىدىكى جۈملە باش جۈملىگە ئۆز خەۋىرىنىڭ تۈرلۈك گىراماتىكىلىق شەكلىدە كېلىشى ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ. ۋاقىت ھالىتىدىكى جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى تۆۋەندىكىچە ئىپادىلىنىپ كېلىدۇ.

1. "-غان، -گەن، -قان، -كەن" شەكلىدىكى سۈپەت پېئىللارغا ئورۇن-ۋاقىت كېلىشىنىڭ "-دا، -دە" قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: "ئوت گۈرۈلدەپ يېنىشقا باشلىغاندا، مەن مەشىنىڭ تۈۋىگە بېرىپ...ئوت سۇنۇپ ئولتۇرىمەن. (ئو.م.) ئۇ ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ كىرەي دېگەندە، قۇچقىدىكى ئوتتۇن پولغا چۈشۈپ، تاراقلاپ چېچىلىپ كەتتى. (گ.ب.)...پىشىپ شالدىرلاپ كەتكەن قىچىغا ئوغاق سالغاندا، ئۇنىڭ ئالتۇندەك يالتىراق دانلىرى ھەر تەرەپكە چېچىلىپ زايا بولۇپ كېتىدۇ. (قاد.) يامغۇر شاقىراپ يېغىۋاتقاندا، بىز ئۆۋچىنىڭ كەپىسىدە ئولتۇراتتۇق." بۇ شەكىل ۋاقىت ھالىتىدىكى جۈملىلەر خەۋىرىنىڭ ئاساسىي شەكلىدۇر. كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىن كۆرۈپ ئولتۇرىمىزكى، ۋاقىت ھالىتىدىكى جۈملىنىڭ مۇنداق شەكلىدىكى خەۋىرى ھەم ئاددىي ھەم قوشما بولۇپ كېلىدۇ.

ۋاقىت ھالىتىدىكى جۈملىنىڭ خەۋىرى "-غان، -گەن، -قان، كەن" شەكلىدىكى سۈپەت پېئىللار بىلەن "ۋاقىتتا، چاغدا" ئوخشاش سۆزلەرنىڭ تىركىلىپ كېلىشى ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىنىدۇ: دوكلات باشلانغان چاغدا، ئۇ بىرىنچى قاتاردا ئولتۇراتتى. باتۇر بىزنىڭ ئۆيىمىزنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان ۋاقىتتا، مەن تومۇرچىلەر دۇكىنىنىڭ قېشىدا تۇراتتىم.

خەۋىرى مەزكۇر شەكىلدە كەلگەن ۋاقىت ھالىتىدىكى جۈملىدە ئېيتىلغان ئىش-ھەرىكەت باش جۈملىدىكى ئىش-ھەرىكەت بىلەن بىر

www.uyghurkitap.com

ۋاقىتتا ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەسىلەن: بېشىڭنى تەكىيدىن كوتىرىپ، چورۇ-غىڭنى تۈزەشكە باشلىغانىدا، كوزلىرىڭ ئۆز-ئۆزىدىن يۇمۇلۇپ كېتىدۇ. (ئو.م.)

جۈملىنىڭ مەنىسىگە قاراپ، بەزىدە خەۋىرى مۇشۇ شەكىلدە كەل-گەن بېقىندا جۈملىلەر باش جۈملىدە ئىپتىلغان ئىش-ھەركەتنىڭ، ۋەقەنىڭ، ھادىسىنىڭ ۋاقتىنى ئىپادىلىمەي، بەلكى شەرتىنى ئىپا-دىلەپ كېلىدۇ. مەسىلەن: سەن كىچىكمەي كەلگەنىدە، بىز ئىشىمىزنى ۋاقتىدا تۈگىتەتتۇق. تۈنۈگۈن قاتتىق يامغۇر ياغمىغاندا، بۈگۈن ئېرىقتىكى سۇلار تېشىپ كەتمەس ئىدى.

خەۋىرى "-غان+-دا (-سەن+-دە، -قان+-دا، -كەن+-دە)" شەكىلدە كەلگەن بېقىندا جۈملىنىڭ يا ۋاقىت بېقىندا جۈملە، يا شەرت بېقىندا جۈملە ئىكەنلىكىنى ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق ۋە خەۋەرنىڭ — پېئىلنىڭ زامانىغا قاراپمۇ بىلىشكە بولىدۇ. بېقىندا جۈملە، شەرت مەنىسىنى بىلدۈرسە، ئۇ چاغدا بېقىندا قوشما جۈملىنى ھاسىل قىلغان قىسىملاردىكى ئىش-ھەركەت تېخى ئەمەلگە ئاشمىغان بولىدۇ، ئەگەردە ۋاقىت مەنىسىنى بىلدۈرسە، بېقىندا قوشما جۈملىنى ھاسىل قىلغان قىسىملاردىكى ئىش-ھەركەت ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ. شەرت مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن بېقىندا جۈملىنىڭ خەۋىرىنى شەرت پېئىل بىلەن ئالماشتۇرۇپ ئىپتىشقا بولىدۇ: بۇرۇنراق كەلگەنىدە، ئۇمۇ پويىزغا ئۈلگۈرەتتى. — بۇرۇنراق كەلسە، ئۇمۇ پويىزغا ئۈلگۈرەتتى.

2. شەخس قوشۇمچىسى ئۇلانغان ھەركەت نامىغا بىلەن (بىلەنلا) دىگەن ياردەمچى سۆزنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ: "ئات كەپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىشى بىلەن، ئومەر ھارۋۇدىن سەكرەپ چۈشتى. (م.ھ.) پىر باللارنىڭ يېنىغا كىرىشى بىلەنلا، قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازلار ھەم ۋاراڭ-چۇرۇڭ تېخىمۇ كۈچەيدى. (ل.ت.) سىم-سىم يامغۇر، ئۈزۈن، قاراڭغۇ كۈز كېلىشى بىلەن، بىز مەلىدە، بايىقى ئەسكى، قاراڭغۇ، زەي ئۆيىمىزدە (ئو.م)"

مەزكۇر شەكىلدىكى خەۋەر ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان ۋاقىت بېقىندا
جۈملىسى بار بېقىندا قوشما جۈملىلەر كۆپ ئۇچرىشىدۇ.

3. بولۇشسىز شەكىلدىكى سۈپەت پېئىللارغا "-تىن" ياكى "-
تىن+-لا" قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسى-
لەن: يېتىپ كەلمەستىنلا، قار يېغىشقا باشلىدى. (گ.ب.) ئۇلار كەتمەس-
تىنلا، بىز يېتىپ باردۇق.

بولۇشسىز تۈردىكى سۈپەت پېئىللارغا "-تىن" قوشۇمچىسى ئۇلى-
نىپ، ئاندىن كېيىن "بۇرۇن، ئىلگىرى، ئاۋال" ئوخشاش رەۋىشلەر-
نىڭ قوشۇلۇپ كېلىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەزكۇر سۆزلەر "-
تىن" قوشۇمچىسى بىلەن شەكىللەنگەن ھەرىكەت ناملىرىدىن كېيىنمۇ
كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: بوران چىقماستىن بۇرۇن، ئۇلار ئۆيلىرىگە
يېتىپ باردى. كېمە كېلىشتىن بۇرۇن، پىرىستانغا نۇرغۇنلىغان ئادەملەر
يىغىلدى.

4. "-غان، -گەن، -قان، -كەن" شەكىلدىكى سۈپەت پېئىللارغا
چىقىش كېلىشىنىڭ قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ، ئاندىن كېيىن "بېرى،
كېيىن، بۇيان" دېگەن ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ياندىشىپ كېلىشى
ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ: بىرەر مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، ھەممە نەرسە
جىم بولۇپ قالدى. (گ.ب.) ژىلىن قاتتىق ۋاقىرىغاندىن كېيىن، باللار
ئارقىسىغا قاراپ قاچتى. (ل.ت.) ئەخمەت كەتكەندىن بېرى، مەن ھېچ
قاياققا بارمىدىم.

5. پېئىللار ئاساسىغا "-غىچە، -گىچە، -قىچە، -كىچە" قوشۇمچى-
لىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: دوكلات باشلان-
غىچە، بىز زالدىكى فوتو كۆرگەزمىنى قاراپ چىقتۇق. پويىز كۆزدىن ئۆچ-
كىچە، تاشكەنتنىڭ كەڭ ۋوگزالىدا مەستۇرەم باشقا جىق ئۇزاتقۇچىلارنىڭ
قاتارىدا قول ياغلىقىنى لەپىلدىتىپ-لەپىلدىتىپ قالدى. (ن.ئى.) تاز تاران-
غىچە، توي تارقاپتۇ. (ماقال.) سۇ كەلگىچە، تۇغان سال. (ماقال.) ئىگىزنىڭ
ئاچچىقى كەلگىچە، پاكارنىڭ جېنى چىقىپتۇ. (ماقال.)

www.uyghurkitap.com

6. ”-غان، -گەن، -قان، -كەن“ شەكلىدىكى سۈپەت پېئىللارغا ”-سىرى“ قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ: ئۇنىڭ قارىسى كۆزدىن يىراقلاشقانسىرى، چوقان كۆچەيمەكتە ئىدى. (م.گ.) كۈن ئىسسىغانسىرى، تاغ چوققىسىدىكى قار ئازايماقتا. قىش يېقىنلاشقانسىرى، كۈن قىسقىراۋەردى.

7. ۋاقىت بېقىندا جۈملە باش جۈملىگە شەرت پېئىل ئارقىلىقمۇ باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: بىر كۈنى، دادام يەر هايداۋاتقان مەزگىلدە، چۈشلۈكى چاي كوتىرىپ ئېتىزغا چىقسام، ئېتىز ئىچى ۋاڭ-چۇڭغا تولۇپ كېتىپتۇ. (ج.ب.) ...مەن دەررۇ سىزگە كىرسەم، سىز يوق ئىكەنسىز (گ.ب.)

”-سا (-سە)“ قوشۇمچىسى ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلىنىپ كەلگەن بېقىندا جۈملىدىكى ئىش-هەركەتنىڭ ۋاقتىدىن كۆرە كۆپىنچە ئۇنىڭ شەرتىنى كۆرسىتىدۇ. خەۋىرى ”-سا“ قوشۇمچىسى بىلەن شەكىللىنىپ، ۋاقىت مەنىسىنى ئىپادىلىگەن بېقىندا جۈملە باش جۈملىدىكى ئىش-هەركەت بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەمەلگە ئاشقان هەر-كەتنى بىلدۈرىدۇ، شەرت مەنىسىنى ئىپادىلىگەن بېقىندا جۈملە بولسا باش جۈملىدىكى ئىش-هەركەتتىن ئىلگىرى بولىدىغان ئىش-هەر-كەتنى بىلدۈرىدۇ. ۋاقىت بېقىندا جۈملىنىڭ ”-سا (-سە)“ قوشۇم-چىسى بىلەن شەكىللەنگەن خەۋىرىنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتىپ، ”-سا“ نىڭ ئورنىغا ”-غاندا (-گەندە، -قاندا، -كەندە) -غان (-گەن، -قان، -كەن) چاغدا، ۋاقىتتا“ ئوخشاش فورمىلارنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ: مەن كىتابخانىغا كىرىپ كېتىپ بارسام، ئۇ كارىدوردا تۇرۇپتۇ. — مەن كىتابخانىغا كىرىپ كېتىپ بارغاندا (بارغان چاغدا)، ئۇ كارىدوردا تۇرۇپتۇ.

8. ۋاقىت بېقىندا جۈملە باش جۈملىگە ”-پ+-لا (بەزىدە-پ)، -ماي، -مەي“ شەكلىدىكى هال پېئىل بىلەن ئىپادىلەنگەن خەۋەر ئارقىلىقمۇ باغلىنىپ كېلىدۇ: پالۋان كېتىپ، ئىككى-ئۈچ كۈن ئۆتمەستىن، مەرشەپ پارتىيىدىن هەم كومسومولدىنمۇ هايدالدى. (ن.ئى.)

بىز كېتەپلا، ئۇلار كەپتۇ. يامغۇر توختاپلا، بىز ئىشىمىزنى داۋام ئەتتۇق.

دەريا بويىغا كېلىپ،
قىلۋىدىن بوران بولدى.
لاشمانلىققا ماڭغانلار
يىغلىشىپ راۋان بولدى.

(قوشاق.)

ئارىدا ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتمەي، ئۇ بالىنى بىر - ئىككىسى تۇتۇپ ئېلىپ، پوپۇزا قىلىپ، قويىۋېتىپتۇ. (ن.ئى.)

بەزىدە مۇنداق شەكىلدىكى خەۋەرگە "تۇرۇپ" دېگەن سۆز يانىدىشىپ كېلىدۇ: سادىر سۆزىنى ئۆگەتمەي تۇرۇپ، كىمدۇ بىرى ئۇنىڭغا سوئال بەرگىلى باشلىدى.

ۋاقىت بېقىندا جۈملىلەر "قانداق...شۇنداق، قاچان...شۇ چاغدا" دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ قاتنىشى بىلەن تۈزىلىدۇ. مەزكۇر جۈپلىشىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ بىرىنچىسى (قانداق، قاچان)، بېقىندا جۈملىنىڭ تەركىۋىدە كېلىپ، ئىككىنچىسى (شۇنداق، شۇ چاغدا) باش جۈملىنىڭ تەركىۋىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: پۇل قانداق كەلدى، شۇنداق قويىۋېتىمەن. (ل.ت.) قاچان ھەممە يىغىلىدۇ، شۇ چاغدا يىغىن باشلىنىدۇ....بىزنىغا قاچان كېتىشنى خالىساڭ، شۇ ۋاقىتتا كېتىشكە رۇخسەت ئېلىپ بېرىمەن. (م.ھ.)

ۋاقىت بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەرنىڭ قىسىملىرى ئاسانە تۇراقلىق ئورۇنغا ئىگىدۇر: بېقىندا جۈملە باش جۈملىنىڭ ئالدىدىن كېلىدۇ. لېكىن بېقىندا جۈملە باش جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ كېلىشى مۇمكىن: ھەسەن قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ كەلگەندە، كۈن ئىگىز تيانشان تاغلىرىدىن غېرىچ يۇقۇرى ئورلىگەن ئىدى. (ن.ئى.) كۈن، ھەسەن قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ كەلگەندە، ئىگىز تيانشان تاغلىرىدىن غېرىچ يۇقۇرى ئورلىگەن ئىدى. بۇ كېلىپ توپقا قوشۇلۇشى بىلەن، ئادەملەر ھەممىسى بىردىنلا قاقاخلاپ كۈلۈشۈەتتى. (ن.ئى.) — ئادەملەر ھەممىسى، بۇ كېلىپ توپقا قوشۇلۇشى بىلەن، بىردىنلا قاقاخلاپ كۈلۈشۈەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئورۇن بېقىندا جۈمللىك قوشما جۈمللەر

قوشما جۈمللەر تەركىۋىدىكى بېقىندا جۈملە باش جۈملىدىكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ، ۋەقەنىڭ، ھادىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش، ئورۇنلىنىش، جايىنى، ئورنىنى كۆرسىتىپ كېلىشى مۇمكىن. باش جۈملىدىكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ، ۋەقەنىڭ، ھادىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ئورنىنى كۆرسەتكەن بېقىندا جۈملە ئورۇن بېقىندا جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: قەيەردە پاسكىنىچىلىق بولسا، شۇ يەردە ئاغرىق بولىدۇ. شامال قاياققا ھەيدەلسە، ئىس شۇ ياققا ماڭىدۇ. ئۇلار قاياققا بارسا، بىزمۇ شۇ ياققا بارىمىز.

سەۋەپ، ۋاقىت بېقىندا جۈمللەرگە قارىغاندا، ئورۇن بېقىندا جۈمللەرنى ھاسىل قىلىدىغان ۋاستىلار ئاز. ئورۇن بېقىندا جۈمللەر بىلەن باش جۈمللەر ئاساسەن تۆۋەندىكى رەۋىشلەرنىڭ ياردىمى بىلەن باغلىنىدۇ. ئورۇن بېقىندا جۈمللىك قوشما جۈمللەرنىڭ قىسىملىرى بىر بىرى بىلەن تۆۋەندىكىچە باغلىنىپ كېلىدۇ: بېقىندا جۈمللەرنىڭ تەركىۋىدە "قايەردە (قايسى يەردە)، قايەرگە (قايسى يەرگە)، قايەردىن (قايسى يەردىن)، قاياقتا، قاياققا، قاياقتىن، قايەر بىلەن، نەدە، نەگە، نەدىن" ئوخشاش رەۋىشلەر كېلىپ، ئۇلارنىڭ خەۋىرى "-سا" قوشۇمچىسى بىلەن شەكىللىنىدۇ-دە، باش جۈمللەردە "شۇ يەردە، شۇ يەرگە، شۇ يەردىن، شۇ يەر بىلەن، شۇ ياقتا، شۇ ياققا، شۇ ياقتىن" ئوخشاش رەۋىشلەر كېلىدۇ. مەسىلەن: قاياقتىن شامال چىقسا، شۇ ياقتىن بەخت كېلىدۇ. قايەردە ناخشا ئېيتىلسا، شۇ يەردە بەخت بولىدۇ. (م.ل.) قايسى يەردە ناخشا ئېيتىلسا، شۇ يەردە ھاراقمۇ ئىچىلىدۇ. (گ.ب.) يىغىر نەدە بولسا، چىۋىن شۇ يەردە (ماقال.)

ئورۇن بېقىندا جۈملە باش جۈملىگە "قايەردە، قايەرگە، قايەر-

دىن، نەگە، نەدە، نەدىن، قاياقتا، قاياقتا، قاياقتىن" دىگەن رەۋىشلەر بىلەن بولۇشسىز شەكلىدىكى بۇيرۇق پېئىل ئارقىلىق باغلىنىدۇ. مۇنداق ھالەتتە باش جۇملىنىڭ تەركىۋىدە "ھەممە يەردە" دىگەن رەۋىش قاتنىشىدۇ: قايەردە بولمىغىن، ھەممە يەردە ئىش قىزىماقتا. قاياققا بارمىغىن، ھەممە يەردە يېڭى تۇرغۇن ئۆيلەر سېلىنماقتا. قايەردە ئىشلىمىگىن، ھەممە يەردە تەرتىپلىك بولۇشىڭ كېرەك.

## سەۋەپ بېقىندا جۇملىلىك قوشما جۇملىلەر

بېقىندا قوشما جۇملىلەرنىڭ بىر قىسمى ئىككىنچى قىسمىدا ئىپادىلەنگەن ۋەقەنىڭ، ھادىسىنىڭ. پاكىتنىڭ سەۋەۋىنى كورسىتىپ كېلىشى مۇمكىن. باش جۇملىدە ئىپادىلەنگەن ۋەقەنىڭ. ھادىسىنىڭ سەۋەۋىنى ئىپىنقلاپ كەلگەن بېقىندا جۇملە سەۋەپ بېقىندا جۇملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: بۇ سازلىق فابرىكىغا قارايتتى، شۇڭلاشقا يېڭى دىرىكتۇر...ئۇنى قۇرۇتماقچى بولدى. (م.گ.)...ئاخىرقى دەرمانى پۈتكىنى ئۈچۈن، ئىككى چېكىلىرى زىڭىلداپ يىرىلغىسدەك يەرگە يەتتى. (م.ھ.) بۇ مەزگىل چىلگىلەرنىڭ ئالدى توختىغان مەزگىلى بولغاچقا، جانەم ئىنىسى بىلەن ھارۋۇنى قېتىپ، سەھەردە قوغۇنلۇققا كوچمەك تەرەددۇتىغا كىرىشتى. (م.ھ.)

سەۋەپ بېقىندا جۇملە بىلەن باش جۇملە ئاساسەن تۈرلۈك باغلىغۇچىلار بىلەن باغلىغۇچى سوزلەر ۋە بېقىندا جۇملىنىڭ خەۋىرى تۈرلۈك شەكىللىنىشى ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ. سەۋەپ بېقىندا جۇملىلەر بىلەن باش جۇملىنى باغلاشتۇرۇپ كېلىدىغان باغلىغۇچىلار بىلەن باغلىغۇچى سوزلەر ئانچە كوپ ئەمەس، ئۇلارنىڭ قاتارىغا، "مەسىلەن، سەۋەۋى، شۇڭلاشقا، چۈنكى، شۇ سەۋەپتىن، شۇنىڭ ئۈچۈن..." ياتىدۇ. مەزكۇر باغلىغۇچىلار بىلەن باغلىغۇچى سوزلەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەنە جەھەتتىدىنمۇ، ئاتقۇرىدىغان سىنتاكسىسلىق خىزمىتى جەھەتتىدىنمۇ تەڭ باھالىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قوشما جۈملىلەر تەركىۋىدە ئورۇن تەرتىۋى، جايلىششى جەھەتتىن بىردەك ئەمەس. بۇلارنىڭ ئىچىدىن ”سەۋەۋى“ بىلەن ”چۈنكى“ باغلىغۇچىلىرى بېقىندا جۈملىلەرنىڭ، قالغانلىرى باش جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: ”ئانامنىڭ قولىغا قايتىپ بارالمايتتىم، چۈنكى ئۇنىڭ مېنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى ئوغۇل، ئۈچ قىزى بار ئىدى.“ (ن.ئى.) بۇ ئىككى تۈرلۈك باغلىغۇچى سىنونىملىق سۆزلەر بولغاچقا، ئۇلارنى بىرىنىڭ ئورنىغا بىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ”شۇڭلاشقا شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇ سەۋەپتىن“ باغلىغۇچىلىرى بىلەن باغلىغۇچى سۆزلەر سىنونىم سۆزلەر بولغاچقا، ئۇلارنىمۇ بىرىنىڭ ئورنىغا بىرىنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ: ئۇنىڭ قوللىرى ئەركەكلەرنىڭ ئېغىر ـ ئېغىر ئىشلىرىغىمۇ ئۆگەنگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ بۇگۈنكى هارۋا قوشۇش، هارۋا هايداشلىرىمۇ جاي ـ جايىدا ئىدى. (م.ھ.) — ئۇنىڭ قوللىرى ئەركەكلەرنىڭ ئېغىر ـ ئېغىر ئىشلىرىغىمۇ ئۆگەنگەن، شۇڭلاشقا (شۇ سەۋەپتىن) بۇنىڭ بۇگۈنكى هارۋا قوشۇش، هارۋا هايداشلىرىمۇ جاي ـ جايىدا ئىدى.

يۇقۇرىدىكى جۈملىلەردىن كورۇپ ئولتۇرىمىزكى، قانداق باغلىغۇچى ياردىمى ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىشىگە قاراپ، باش جۈملە بىلەن بېقىندا جۈملە بىرى بىرىنىڭ كەينىدە ياكى ئالدىدا كېلىشى مۇمكىن. مەزكۇر باغلىغۇچىلار، يا باش جۈملىنىڭ، يا بېقىندا جۈملىنىڭ تەركىۋىدە كېلىشىگە قارىماي، ھەممىشەم ئىككىنچى جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ.

سەۋەپ بېقىندا جۈملە باش جۈملىگە باشقا گىراممىماتىكىلىق ۋاستىلار ئارقىلىقمۇ باغلىنىپ كېلىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، بېقىندا جۈملە باش جۈملىگە ئۆز خەۋىرىنىڭ تۈرلۈك گىراممىماتىكىلىق قوشۇمچىلار بىلەن شەكىللەنگەن سۆزلەردىن كېلىشى ئارقىلىقمۇ باغلىنىدۇ. سەۋەپ بېقىندا جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى تۆۋەندىكىچە ئىپادىلىنىدۇ:

1. ھال پېئىلنىڭ بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز شەكلى ئارقىلىق، مەسىلەن: لېكىن شۇ زامانلا ئۇنىڭ بېشىغا بىر ھەسرەتلىك ئوي كېلىپ، چىرايى بىردىنلا تۇرۇلدى. (ج.ب.) ئۇنىڭ قاپىقىنى ھەرە چېقىپ ئېلىپ، ئىششىپ كەتكەن ئىدى. (ن.ئى.) بۇ يىل يامغۇر - يېشىن مول بولۇپ، ئاشلىقتىن ياخشى ھوسۇل ئالدۇق. بوش ۋاقتىم بولماي، مەن ئۇ يەردىن تېز قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئىراھۋاي ئۇز ۋاقتىدا كەلمەي، بىز پائالىيەت مەيدانىغا بىر ئاز كېچىكىپ باردۇق.

2. سۈپەت پېئىللارنىڭ بولۇشسىز تۈرىگە چىقىش كېلىشىنىڭ "- تىن" قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى (-ماس+تىن، -مەس+-تىن) ئارقىلىق. سەۋەب بېقىندا جۈملىنى باش جۈملىگە باغلاشتا "- ماي، - مەي" قانداق رول ئوينىسا، "- ماس + - تىن، -مەس+-تىن" قوشۇمچىلىرىمۇ شۇنداق رول ئوينايدۇ. مەسىلەن: سوۋخوزلارغا ئىشچىلار يەتمەستىن، سوۋخوز ئۆز ئادەملىرىنى يېزا - يېزىلارغا ئىشچى ئالغاپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. (ن.ئى.) كۈن ئىسسىماستىن، تاغدىكى قارلار ئېرىش ۋاقتىقىچە ئېرىمەي ياتتى.

3. "-غان، -قان، -كەن، -گەن" شەكلىدىكى سۈپەت پېئىللارغا "-لىق+-تىن، -لىك+-تىن" قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق: قىزلار ئىتتىۋار قىلمىغانلىقتىن، ئۇ.. قەدىمىنى يەنە ئىتتىكلەتتى (ن.ئى)... مەن كومسومول ئەزاسى بولغانلىقتىن، مىڭلىغان باشقا ياشلار قاتارىدا بىزمۇ شۇ ئىشقا قوشۇلىشاق دېۋىدىم (ج.ب)

4. پېئىل ئاساسلىرىغا "-غاچقا، -گەچكە، -قاچقا، -كەچكە" قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق: بۇ كۈنلەردە تېرىلغۇ ئىشى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تەييارلىنىپ تۇرغاچقا، يېزا خەلقى بىر كۈننىمۇ بىكارغا ئۆتكۈزمەسكە تىرىشار ئىدى (م.ھ). ۋاقىت يەتمىگەچكە، بىز بۇ شەھەرنىڭ كۆپ يەرلىرىنى ئارىلاپ چىقالمىدۇق. ئەتىياز ۋاقتى بولغاچقا، گۈللەر چىرايلىق چېچەكلەپ ئېچىلىشقا باشلىدى(ئو.م)

5. "- غانلىقى، - گەنلىكى، - قانلىقى، - كەنلىكى ياكى - غان، - گەن، - قان، - كەن" شەكلىدىكى سوزلەرگە "ئۈچۈن" ياردەمچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سۆزنىڭ ئۆلىنىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ: بۇ كىشىنىڭ قاپىقى يامان بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنى مەشرەپ ھەرقاچان چاقچاق بىلەن "قاپاق ئەكى" دەپ يۈرگۈزەر ئىدى. (ن.ئى.) ئۇزاقتىن بېرى يامغۇر - يېشىننىڭ ياغمىغاندلىغى ئۈچۈن، ئوت - چۆپلەر سارغىيىشقا باشلىدى.

6. "-غان، -گەن، -قان، -كەن" شەكلىدىكى سۈپەت پېئىللارغا چىقىش كېلىشىنىڭ "-دىن، -تىن" قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ، ئاندىن "كېيىن" دىگەن رەۋىشنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ: ئۇلار ئۇنچىقمىغاندىن كېيىن، بىزمۇ ھېچنىمە دىمىدۇق. كۆن ناھايىتى ئېسىپ كەتكەندىن كېيىن، بىز كەپىگە كىرىپ دەم ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇق.

— بۇنىڭغا ئوخشاش بېقىندا جۈملىلەر ھەم سەۋەپ، ھەم ۋاقىت مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ سەۋەپ مەنىسى بىلەن ۋاقىت مەنىسىنى بېقىندا قوشما جۈملىنىڭ مەنىسىگە قاراپ ئاجرىتىۋېلىشقا بولىدۇ. مۇنداق تۈردىكى سەۋەپ بېقىندا جۈملىنىڭ تەركىۋىدىكى "كېيىن" دىگەن رەۋىش ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق (ۋاقىت) مەنىسىنى يوقىتىپ، باشقا مەنىگە ئىگە بولىدۇ. مۇنداق سەۋەپ بېقىندا جۈملىنىڭ خەۋىرىنى ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ: ئۇلار ئۇنچىقمىغاندىن كېيىن، بىزمۇ ھېچنىمە دىمىدۇق. — ئۇلار ئۇنچىقمىغانلىقتىن (ئۇنچىقمىغاچقا، ئۇنچىقمىغانلىغى ئۈچۈن)، بىزمۇ ھېچنىمە دىمىدۇق.

7. سەۋەپ بېقىندا جۈملە باش جۈملىگە "دەپ" ئارقىلىق باغلىنىدۇ. مۇنداق سەۋەپ بېقىندا جۈملە باش جۈملىدىكى ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلىشىغا سەۋەپچى بولغان ئىش - ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئۇزى ئېيتامدىكىن دەپ، مەن سورىمىدىم. بالا يىقىلىپ چۈشەمدىكىن دەپ، قورقۇپ كەتتىم.

8. سەۋەپ بېقىندا جۈملىگە خەۋىرى شەرت پېئىلدىن بولۇپ، ئۇنىڭغا "كېرەك" سۆزى يانداشىپ كېلىش ئارقىلىق باغلىنىدۇ. مۇنداق سەۋەپ بېقىندا جۈملە باش جۈملىدىكى ئىش - ھەرىكەتنىڭ، ۋەقەنىڭ سەۋەۋىنى تەخمىنەن، مۆلچەرلەپ كۆرسىتىدۇ: بولمىدى.

كوپ ئادەم ئولتۇردۇ، يىغىن بولۇۋاتسا كېرەك. ئۇ ياغاچنىڭ تۈۋىدە دەم ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ، ھېرىپ كەتسە كېرەك. تۇرسۇن بىرىنچى ئىسمېندا ئىشلەۋاتسا كېرەك، كۈندە ئۇنى ئەتىگەنلىكى ئاپتۇۋۇزدا كورىمەن.

9. سەۋەپ بېقىندا جۈملىنىڭ خەۋىرىگە "-مىكىن (-مۇ+ئىكەن)" ئۇلىنىپ كېلىشى مۇمكىن. مۇنداق سەۋەپ بېقىندا جۈملىلەر سوئال مەنىسىنى بىلدۈرمەي، بەلكى تەخمىني سەۋەپ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: بىرسى قىچقاردىمىكىن، ئۇ ئالدىراشلىق چىقىپ كەتتى.

سەۋەپ بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەردىكى بېقىندا جۈملىلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك تۇراقلىق ئورۇنغا ئىگە دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. بېقىندا جۈملە باش جۈملىنىڭ ئالدىدىن كەلسە، بەزىدە ئۇنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ، بەزىدە باش جۈملىنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىشىمۇ مۇمكىن: ئۇزاقتىن بېرى يامغۇر-يېشىن بولمىغاچقا، ئوت-چوپلەر سارغىيىشقا باشلىدى. ئوت-چوپلەر سارغىيىشقا باشلىدى، چۈنكى ئۇزاقتىن بېرى يامغۇر-يېشىن بولمىدى. ئوت-چوپلەر، ئۇزاقتىن بېرى يامغۇر-يېشىن بولمىغاچقا، سارغىيىشقا باشلىدى. توختى ئاكا، كونىدىن مۇنداق ئىشلارغا قىزىقىپ يۈرىدىغان بوۋاي بولغانلىقى ئۈچۈن، سوتنىڭ ھېچبىر مەجلىسىدىن قالماستىن قاتنىشىپ كەلگەن ئىدى. (ن. ئى.)

بەزىدە بىر قوشما جۈملىنىڭ تەركىۋىدە ئىككى سەۋەپ بېقىندا جۈملە بولۇپ، ئۇلارنىڭ خەۋەرلىرى تۈرلۈك شەكىلدە كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: پاتەم كومسومولارنىڭ خەتچىسى بولغانلىقتىن ۋە سادىق ئۇنىڭغا ياخشى تونۇش بولغاچقا، سادىق بۈگۈن ئۇلارنىڭكىگە كەلگەن ئىدى (ئو.م).

## شەرت بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەر

بېقىندا قوشما جۈملىنىڭ بىر قىسمى ئىككىنچى قىسمىدىكى ئىش-ھەركەتنىڭ قانداق ئەمەلگە ئېشىش شەرتىنى بىلدۈرىدۇ. باش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارقىتىش ئالدىرىسى

جۈملىدىكى ئىش - ھەرىكەتنىڭ، ۋەقەنىڭ ئەمەلگە ئېشىش شەرتىنى بىلدۈرىدىغان بېقىندا جۈملە شەرت بېقىندا جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئەگەردە ئەمگەكچى دېھقانلار بولمىسا، ئالىقاچان ئۇ تەييارتاپلار كويۇپ، كۈل بولۇپ، كۆلى شامالغا ئۇچقان بولار ئىدى (ن. ئى)...ئاشۇ تاغنىڭ باغرى مەن بولسام، ھېچقاچان مۇنداق زۇلۇم - جاپا تارتمىغان بولار ئىدىم... (ن. ئى).

شەرت بېقىندا جۈملە باش جۈملىگە تۈرلۈك گىرامماتىكىلىق ۋاستىلار ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ. ئاساسەن شەرت پېئىلى ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: يېتىپ بارالمىساق، جاڭگالدا قونۇمىز. (ل. ت.) زامان تۈزەلسە، يامانمۇ تۈزۈلەر (ماقال).

مۇنداق بېقىندا قوشما جۈملىلەرنىڭ ئىككى قىسمىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئىگىسى ئېيتىلماي، چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن ئىگىنى خەۋەرنىڭ تەركىۋىدىكى شەخس - سان قوشۇمچىلىرىغا قاراپ ئېنىقلىۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: ئاز سۆزلىسەڭ، كۆپ ئاڭلايسەن (ماقال). (سەن ئاز سۆزلىسەڭ، سەن كۆپ ئاڭلايسەن). خالىسا، بارىمەن، خالىمىسا، بارمايمەن. (ئۇ خالىسا، مەن بارىمەن، ئۇ خالىمىسا، مەن بارمايمەن). بەرسەڭ، ئالىمەن، تەرسەڭ، ئورۇيسەن (ماقال). يىقىلسا. يۆلىمەيمەن. ئۆلسە، تۇلىمەيمەن (ماقال).

خەۋىرى شەرت پېئىل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مۇنداق شەرت بېقىندا جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدە "ئەگەر، ئەگەردە" باغلىغۇچىلىرىنىڭ كېلىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ باغلىغۇچىلار بېقىندا جۈملىدە خاھىشەن رول ئوينايدۇ. چۈنكى ئۇلار سىزمۇ - سا (- سە) قوشۇمچىسى شەرت مەنىسىنى بېرەلەيدۇ. مەسىلەن: "ئەگەر سىز ماقۇل بولسىڭىز، مەن سىزنى چوڭ سەپەرگە سايە قىلماقچى بولۇپ كەلدىم." (ج. ب.) شەرت بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەر ماقال، تەمسىللەردە كۆپ قوللىنىلىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەركىۋىدە "ئەگەر، ئەگەردە" باغلىغۇچىلىرى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

شەرت پېئىل بىلەن ئىپادىلەنگەن خەۋەرگە "ئىدى، ئىكەن" ئوخشاش ياردەمچى پېئىللارنىڭ ياندىشىپ كېلىشى مۇمكىن. مۇنداق بېقىندا قوشما جۈملىلەرنىڭ باش جۈملىسىدىمۇ "ئىدى" ياردەمچى پېئىلى كېلىدۇ: بوش ۋاقىت بولسا ئىدى (بولسىدى)، مەنمۇ بارار ئىدىم (باراتتىم).

خەۋىرى شەرت پېئىل بىلەن ئىپادىلەنگەن شەرت بېقىندا جۈملىلەر تۈرلۈك مەنە پەرقلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مۇنداق شەرت بېقىندا جۈملىلەر تەنبىھ بېرىش، نەقلىيە، نەسىھەت، ئاگاھلاندۇرۇش مەنىلىرىنى بىلدۈرۈپ، تولاراق ماقال، تەمسىللەردە ئۇچرىشىدۇ: "ئەگەر كولخوزچىلار يەرنى مىنېرال ئوغۇتلىرى بىلەن ئوغۇتلىمىغان بولسا، ئۇلار نۇرغۇن ھوسۇل ئالالمىغان بولار ئىدى. ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-روييۇڭ سامان بولماس (ماقال). ئەگەردە ئۇ يەردە بولمىسا، شۇ سىز ئېيتقان يەرگە بېرىپ باقمىز. (ن. ئى.) كۆڭۈلگە كەلگەن قولدىن كەلسە، پۈتمەيدىغان ئىش بولماس (ماقال)" مەركۇر بېقىندا جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدىكى بېقىندا جۈملىلەر باش جۈملىلەردىكى ئىش-ھەركەتنىڭ، ۋەقەنىڭ ئورۇنلىنىش شەرتىنى بىلدۈرىدۇ.

شەرت پېئىل بىلەن ئىپادىلەنگەن خەۋىرى بار بېقىندا جۈملىلەرنىڭ ھەممىسىلا شەرت بېقىندا جۈملە بولۇۋەرمەيدۇ، بەزىدە ئۇلار قارشىلىق بېقىندا جۈملە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: "ئاچكۆزنىڭ ئۆزى تويسا، كۆزى تويماس (ماقال) تاز كۆل تاپسا، قىسىدىغان يەر تاپالماپتۇ (ماقال)." مۇنداق قارشىلىق بېقىندا جۈملىلەرنىڭ خەۋىرىنى ئۆزگەرتىپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ: ئاچكۆزنىڭ ئۆزى تويسىمۇ، كۆزى تويماس. تاز كۆل تاپسىمۇ، قىسىدىغان يەر تاپالماپتۇ.

"-سا (-سە)" قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن پېئىل-خەۋەر ئارقىلىق پەقەت شەرت بېقىندا جۈملىلەرلا ھاسىل بولماي،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پۈتكۈل تور ئادرېسى

ۋاقىت بېقىندا جۈملىلەرمۇ ھاسىل قىلىنىدۇ. مەسىلەن: "مەن چىقسام، ئۇ كىتىپ قاپتۇ (ۋاقىت بېقىندا جۈملە). — مەن چىقسام، ئۇ كىتىپ قالىدۇ (شەرت بېقىندا جۈملە)." خەۋىرى بىردەك گىراماتىكىلىق شەكىلدە كەلگەن شەرت بېقىندا جۈملە بىلەن ۋاقىت بېقىندا جۈملىنى مەنىلىرىگە، باش جۈملىدىكى پېئىل-خەۋەرنىڭ زامانىغا قاراپ ئاجرىتىۋېلىشقا بولىدۇ.

شەرت بېقىندا جۈملىلەر باش جۈملىگە "-غان+-دا (-گەن+-دە، -قان+-دا، -كەن+-دە)" قوشۇمچىسى بىلەن شەكىللەنگەن سوز — خەۋەر ئارقىلىقمۇ باغلىنىدۇ. مۇنداق بېقىندا جۈملىلەر شەكلى جەھەتتىن ۋاقىت بېقىندا جۈملىلەرگە ئوخشىسىمۇ، جۈملىنىڭ مەزمۇنىدىن، مەنىسىدىن ۋە باش جۈملە خەۋىرىنىڭ زامانىدىن ئۇنىڭ شەرت بېقىندا جۈملە ئىكەنلىكىنى كورۇۋېلىشقا بولىدۇ. مۇنداق شەرت بېقىندا جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدە "ئەگەر، ئەگەردە، ناۋادا" ئوخشاش باغلىغۇچىلار كەلسە، بېقىندا جۈملىنىڭ شەرت مەنىسى تېخىمۇ ئېنىقلىنىدۇ. مەسىلەن: "ئەگەر سەن ئۇنداق دېمىگەندە، ئۇ كەتمەيتتى. مەن سۇ قۇيمىغاندا، بۇ گۈل ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەن بولاتتى." دېمەك، خەۋىرى "-غان+-دا" شەكلىدە كەلگەن بېقىندا جۈملىنىڭ يا ۋاقىت، يا شەرت بېقىندا جۈملە ئىكەنلىكىنى ئاجرىتىش ئۈچۈن "ئەگەر، ئەگەردە، ناۋادا" ئوخشاش باغلىغۇچىلار ئاساسىي گىراماتىكىلىق ۋاسىتىلاردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شەرت بېقىندا جۈملە ئادەتتە باش جۈملىنىڭ ئالدىدىن كېلىدۇ. بەزىدە شېئىرلاردا، ماقالىلاردا شەرت بېقىندا جۈملە باش جۈملىدىن كېيىن كەلگەن مىساللارنىمۇ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

ئەل ياشارماس، يەر كوكەرمەس،
بولمىسا كوك تامچىسى.

شائىر شېئىرىنى قايدىن ئالسۇن،
بولمىسا ئىلھامچىسى.

(ئا. توقاي.)

شەرت بېقىندا جۈملە باش جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ كېلەلەيدۇ: مەن، ئەگەر بىرى نىمشقا شۇنداق دەپ ئويلايسەن دەپ سورىسا، بەلكىم، جاۋاپىمۇ بېرەلمىگەن بولار ئىدىم. (گ. ب.)

## مەقسەت بېقىندا جۈمىلىك قوشما جۈملىلەر

مەقسەت بېقىندا جۈملە باش جۈملىدە ئېيتىلغان ئىش ھەركەتنىڭ نىمە ئۈچۈن، قانداق مەقسەت بىلەن ئورۇنلانغانلىغىنى كورسىتىدۇ. مەسىلەن: سۈت ئىچىپ كەتمىسۇن دەپ، ئۇنى خولودىلنىكقا سېلىپ قويدى.

مەقسەت بېقىندا جۈملە باش جۈملىگە ئاساسەن باغلىغۇچى ۋەزىپىسىدىكى "دەپ" ھال پېئىلى ئارقىلىق باغلىنىدۇ. بېقىندا جۈملىسىنىڭ خەۋىرى تەركىۋىدە "دەپ" كەلگەن قوشما جۈملە ئىنگىسى كوپىنچە ئومۇمى بولىدۇ، باشقىچە ئېيتقاندا، باش ۋە بېقىندا جۈملىلەردىكى ئىش ـ ھەركەت بىر شەخس تەرىپىدىن ئورۇنلىنىدۇ.

"دەپ" باغلىغۇچىسى بېقىندا جۈملىنىڭ بۇيرۇق ـ خالاش پېئىللىرىنىڭ ئاساسەن ئۈچىنچى شەخس ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن خەۋىرىگە قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: كوكتات ياخشى ھوسۇل بەرسۇن دەپ، بىز يىلدا يەرنى ئوغۇتلايمىز. مېنى ئالدىغان ھارسىزلارغا توسالغۇ بولسۇن دەپ، ئۇنىڭ ئېيتىنى ئالدار قويۇپتۇ. (چوچەكتىن)

بەزىدە مەقسەت بېقىندا جۈملە باش جۈملىگە "ئۈچۈن" باغلىغۇچىسى ئارقىلىقمۇ باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: قاتتىق شامالدا سۇنۇپ كەتمەس ئۈچۈن، ئالما دەرەخلىرىگە تىرەك قويۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## قارشىلىق بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەر

قارشىلىق بېقىندا جۈملە باش جۈملىگە ئېيتىلغان ئىش ـ ھەركەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا قارشى قويۇلىشى كېرەك بولغان، لېكىن ھەقىقەتتە قارشى قويۇلمىغان ھەركەتنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: كۆنلەر بىرخىلدا ئۆتكەندەك قىلسىمۇ، ئېغىر كۈنلەرمۇ بولاتتى (ئۇ. م). خوشخۇيلۇقنى تەلەپ قىلىدىغان ۋە كۆلكىلىك قىلىپ ئېيتىلىدىغان ئەرسىلەرنى ئۇ ياخشى چۈشىنەلمىگىنى بىلەن، ئەمما خەلق ناخشىلىرىدا ئېيتىلىدىغان ھەسرەتلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇ تولۇغى بىلەن تۇيالايتتى (ۋ. ك). قالغان بىرمۇنچە دېخانلار ئىشنى داۋام قىلىش ئۈچۈن قالدۇرۇلغان بىلەن، ئۇلاردا ھېچبىر ئىشقا قىزىقىش يوق ئىدى، (ن. ئى).

قارشىلىق بېقىندا جۈملىلەر باش جۈملىلەرگە بېقىندا جۈملە خەۋەرلىرىنىڭ مەخسۇس گىراماتىكىلىق كورسەتكۈچلىرى ۋە مەخسۇس فورمىدىكى سوزلەر ئارقىلىق باغلىنىدۇ.

قارشىلىق بېقىندا جۈملە خەۋىرى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:

1. شەرت پېئىل فورمىسىغا "ـ مۇ" ئۇلانمىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق. مەسىلەن: بۇ توغرىلىق ئۇ تېخى ھېچكىمگە ئېيتمىغان بولسىمۇ، ساۋۇتبەككە خەۋەر بېرىپ يەتكەن ئىدى (ن. ئى).

2. "ـ غان، ـ گەن، ـ قان، ـ كەن" شەكلىدىكى سۈپەت پېئىللارغا "بىلەن" باغلىغۇچىسىنىڭ ياندىشىپ كېلىشى ئارقىلىق. مەسىلەن: بۇ يەردە كۈندۈزى ئىسسىق بولغان بىلەن، كېچىسى تولىمۇ سالقىن بولىدۇ. كۈن ئولتۇرۇپ كەتكەن بىلەن، تىنجىق تېخىلا بېسىلمىغان ئىدى.

3. پېئىلنىڭ بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز تۈردە تەكرارلىنىپ كېلىشى ئارقىلىق. مەسىلەن: ئېيتقىن، ئېيتمىغىن، چۈشەنمەيدۇ. مەيلى ئېيت، مەيلى ئېيتما، ئۇ كەلمەيدۇ.

بۇ يەردە باش جۈملە كوپ ۋاقىتلاردا "بەرىبىر" دېگەن سۆزدىن باشلىنىدۇ. ئېيت، ئېيتما، ئۇ بەرىبىر كەلمەيدۇ.

4. "قانداق، قانچە" دېگەنگە ئوخشاش بەزى سوزلەرگە بولۇشسىز شەكلىدە قوللىنىلغان پېئىللارنىڭ ياندىشىپ كېلىشى ئارقىلىق. مەسىلەن: قانچە چوڭقۇر بولسىمۇ، مەن ئۇ يەرگە چۈشەتتىم، ـ دېدى ئومەرجان چەكسىز روھلىنىپ (ھ. ئا). قانچە ياخشى ھېساپلىمىغىن، ئۇز ئاناڭ ئاللىقاچاندىن بېرى يەر ئاستىدا (ئو. م.).

5. بولۇشسىزلىق قوشۇمچىلىرى بىلەن كەلگەن پېئىللارغا شەرت پېئىل قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق، ياكى "ـغىنى، ـگىنى، ـقىنى، ـكىنى" قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان پېئىللارغا "بولمىسا، دېمىسە" دېگەنگە ئوخشاش سوزلەرنىڭ ياندىشىپ كېلىشى ئارقىلىق. مەسىلەن: مەن ئۇنى ئاكاڭدا بىر كۈتمىگەن چاغدا كورۇپ قالمىسام، ئۇ مېنى بىر يىلدا بىر كورمەيدۇ. مەريەمنىڭ بۇ قىزنى پەقەت سىرتىدىنلا كورگىنى بولمىسا، تېخى پاراڭ قىلىشىپ كورمىگەن ئىدى. (ھ. ئا.)

## نەتىجە بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەر

بېقىندا قوشما جۈملىلەر قىسىملىرىنىڭ بىرى ئىككىنچىسىدە ئېيتىلغان ئوي ـ پىكىرنىڭ، ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنى، خۇلاسىسىنى كورسىتىشى مۇمكىن. باش جۈملىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ، ۋەقەنىڭ نەتىجىسىنى، خۇلاسىسىنى بىلدۈرىدىغان بېقىندا جۈملە نەتىجە بېقىندا جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: پات ـ پېقىندا مېنىڭدىن ئايرىلىش پىكرى ئاپامنىڭ يۈرىكىگە شۇنداق ئوت تۇتاشتۇردىكى، ئۇنىڭ قولىدىكى قوشۇق كاستريۇلكىغا چۈشۈپ كەتتى (ئا. پ). بەزىدە يۈرىكىم شۇنداق قىسىلىپ، ئاغرىمغا تىقىلىپ قالىدۇكى، كوزۇمگە يورۇق دۇنيا قاراڭغۇ بولۇپ كورىنىدۇ. (م. ش).

نەتىجە بېقىندا جۈملە، باش جۈملىگە باش جۈملىنىڭ خەۋىرىگە ئۇلىنىپ كېلىدىغان "ـكى" ئارقىلىق باغلىنىپ، باش جۈملىدىكى "شۇ قاتارلىق، شۇنداق، شۇنچە، شۇنچىلىك، شۇ قەدەر"

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوخشاش سۆزلەرنىڭ مەزمۇنىنى ئىزاھلاپ، كونكرېتلاشتۇرۇپ كېلىدۇ. بېقىندا جۈملە بىلەن باش جۈملىنى باغلاشتا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ۋاستىلاردىن بىرى "شۇنداق" سۆزىدۇر. مەسىلەن: شۇنچىلىك قاتتىق ۋاقىرىدىكى، ھەتتا ئاغزىلىرىدىن شۆلگەيلىرى چاچراپ چىقىپ كەتتى. (ل. ت.) ئۇنىڭغا شۇنچە دىققەت بىلەن تىكىلىپ قارىدىكى، ھەتتا قىز خىجالەت بولۇپ قالدى. (گ. ب.)

بەزىدە باش جۈملىدە "شۇنداق، شۇنچىلىك" دېگەن سۆزلەرنىڭ ئورنىغا "بىر" دېگەن ياكى "شۇنداق" بىلەن "بىر" دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ: مۇشتۇمى بىلەن ئۈستەلنى شۇنداق بىر ئۇردىكى، پەتمۇستىكى، ئىستاكانلار جاراڭلاپ كەتتى. (ئا. چ.)

نەتىجە بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ بېقىندا جۈملىسى "ھەتتا، نەتىجىدە، ئاقىۋەتتە" ئوخشاش سۆزلەر بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ سۆزلەر بېقىندا جۈملىدىكى ئىش-ھەرىكەت باش جۈملىدىكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ، بەلگىنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان نەتىجە، خۇلاسە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىقلاش، تەكىتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىن تولاراق "ھەتتا" سۆزى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: تۈن شۇنچىلىك جىم-جىت ئىدىكى، ھەتتا كىچىككىنە ئاۋازمۇ ئاڭلىناتتى (ئا. ف). زالدىكىلەر چاۋاكنى شۇنداق قاتتىق چالدىكى، نەتىجىدە ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلىماي قالدۇق.

نەتىجە بېقىندا جۈملىدە ئېيتىلغان پاكىت باش جۈملىدە كۆرسىتىلگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ ياكى بەلگە-سۈپەتنىڭ نەتىجىسىدۇر.

دېمەك، باش جۈملىنىڭ خەۋىرى ئاددىي ياكى قوشما بولۇپ، پېئىلدىن يا بولمىسا باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن (خۇسۇسەن سۈپەتتىن) بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: كۈن شۇنداق قىزىپ كەتتىكى، مەن ھەتتا يولغا سولداتلارنىڭ پاختىلىق شىمى بىلەن پوپايكىسىنى كىيىۋالغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم (م. ش). قاتتىق سوغ دەرىزىنىڭ ئەينەكلىرىنى شۇنچە نەقىشلەۋەتكەنكى، ئېرى يېقىندىن ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدۇ (گ. ب). ئېرىقتىكى سۇ

شۇنداق سۈزۈككى، ھەتتا ئۇنىڭ تۈۋىدىكى نەرسىلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ ياغاچ شۇنداق قاتتىقكى، ھەتتا ئىتتىك پالتىمۇ ئۆتمەيدۇ.

نەتىجە بېقىندا جۈملىدە رېئال پاكىت — نەتىجە توغرىلىق سۆز بولۇۋاتسا، باش ۋە بېقىندا جۈملىلەرنىڭ خەۋەرلىرى ئۆتكەن زامان ياكى ھازىرقى زامان فورمىسىدا بولىدۇ. مەسىلەن: "سۇنى بەردىدە، ئۆزى تىزىنى پۈكۈپ ئولتاردى، شۇنداق ئېگىلگەنىكى، مۈرىسى تىزىدىنمۇ تۆۋەن چۈشۈپ كېتىپتۇ. (ل. ت.) موتور شۇنداق گۈرۈلدەۋاتىدۇكى، ھەتتا يېقىندا تۇرغان كىشىلەرنىڭ ۋاقىراپ ئېيتقان سۆزلىرىمۇ ئاڭلانمايۋاتىدۇ." بېقىندا جۈملىدە كېلەچەكتە بولىدىغان بىرەر ئىش-ھەرىكەت، ھالەت توغرىلىق سۆز بولسا، باش جۈملىنىڭ خەۋىرى بۇيرۇق فورمىسىدا، ھازىرقى ياكى كېلىدىغان زامان فورمىسىدا بولۇپ، بېقىندا جۈملىنىڭ خەۋىرى "-سۇن" شەكلىدىكى بۇيرۇق پېئىل فورمىسىدا ياكى كېلىدىغان زامان فورمىسىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: بىز شۇنداق تىرىشىپ ئىشلەيلىكى، ھەممە ھەيران قالسۇن. سەن شۇنداق كېلىشتۈرۈپ ئېيتقىنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردىنلا ئىشەنسۇن. بىز شۇنداق ئىشلەيمىزكى، كولخوزىمىز ئىلغارلار قاتارىغا ئۆتىدۇ.

"شۇنداق" سۆزى پەقەت نەتىجە بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەرنىڭلا تەركىۋىدە ئۇچرىماي، بەلكى ئېنىقلىغۇچى بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدىمۇ ئۇچرايدۇ. ئېنىقلىغۇچى بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىنىڭ تەركىۋىدە "شۇنداق" سۆزى نەرسىنى ئېنىقلاپ كەلسە، نەتىجە بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىنىڭ تەركىۋىدە ھەرىكەت بىلەن سۈپەتنىڭ بەلگىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: بۇ شۇنداق مېۋىكى، پەقەت كۈزنىڭ ئاخىرقى ئېيىدا پىشىدۇ (ئېنىقلىغۇچى بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملە). بەزىدە يۈرىكىم شۇنداق ئېچىلىپ، ئاغزىمغا تىقىلىپ قالىدۇكى، كۆزۈمگە يورۇق دۇنيا قاراڭغۇ بولۇپ كۆرۈنىدۇ (م. ش.).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەتىجە بېقىندا قوشما جۈملىلەرنىڭ مەنىسىدە مىقدار-دەرىجە ئاھاڭىمۇ سوزۇلىدۇ. لېكىن بېقىندا جۈملە باش جۈملىنىڭ خەۋىرىدىن ئاڭلانغان ھەرىكەتنىڭ، ھالەتنىڭ، بەلگە-سۈپەتنىڭ مىقدار-دەرىجىسىدىن كۆرە كۆپرەك ئۇنىڭغا ئائىت بولغان نەتىجىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇنداق جۈملىلەرنىڭ مىقدار-دەرىجە مەنىسىگە قارىغاندا نەتىجە مەنىسى بېسىم كېلىدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ مىقدار-دەرىجە مەنىسى ئىككىنچى دەرىجىلىك رولغا ئىگە بولۇپ، ئاساسىي مەنە ئۈچۈن — نەتىجە مەنىسى ئۈچۈن — خىزمەت قىلىدۇ، ئاساسىي مەنىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. نەتىجە بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەرنىڭ مىقدار-دەرىجە مەنىسى ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەنىسىنى — نەتىجە مەنىسىنى — ئىپادىلەش ۋاستىسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

بەزىدە قوشما جۈملىنىڭ تەركىبىدە ئىككى ئاددىي جۈملە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىككىنچىسى بىرىنچىسىدىكى ھەرىكەتنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان نەتىجىنى كۆرسىتىپ كېلىدۇ، بۇ ئىككى جۈملە بىر-بىرى بىلەن مەخسۇس گىراماتىكىلىق ۋاستىلارسىز باغلىنىدۇ؛ ئىسنى ئىچىمگە شۇنداق تارتىۋىدىم، كۆزلىرىم چانىقىدىن چىقىپ كېتەيلا دېدى (گ. ب).

## ھالەت بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەر

ھالەت بېقىندا جۈملە باش جۈملىدە ئېيتىلغان ئىش-ھەرىكەتنىڭ قانداق ئورۇنلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ھالەت بېقىندا جۈملە بىلەن باش جۈملە بىر-بىرى بىلەن ئاساسەن "قانداق — شۇنداق" دېگەن نىسبىي سۆزلەر ئارقىلىق باغلىنىدۇ. "قانداق" دېگەن سۆز بېقىندا جۈملىنىڭ تەركىبىدە، "شۇنداق"

ەنگەن سۆز باش جۈملىنىڭ تەركىۋىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: ئاگرونوم يەرنى قانداق هايدە دېسە، بىز شۇنداق هەيدىدۇق. ئۇلار قانداق مەسلىهەت بەرگەن بولسا، مەن شۇنداق قىلدىم.

هالەت بېقىندا جۈملە باش جۈملىگە ئۆزىنىڭ "ـن (ـئىپ، ـئۇپ، ـئۈپ)" شەكلىدە كەلگەن هال پېئىل بىلەن ئىپادىلەنگەن خەۋىرى ئارقىلىق باغلىنىدۇ. مەسىلەن: خوشاللىقتىن كۆزلىرى چاقناپ، قاسىم ئۆيگە ئىلدام كىرىپ كەلدى.

هال پېئىللىق ئوبوروت. ئاددى جۈملىلەرنى بېقىندا قوشما جۈملىلەردىن پەرق قىلىشتا هال پېئىللىق ئوبوروتنى بىلىش چوڭ ئەهمىيەتكە ئىگىدۇر. ئايرىم ئاپتورلار، هال پېئىللىق ئوبوروت بىلەن (ياكى يالغۇز هال پېئىل بىلەن) بېقىندا جۈملىنى چاتاشتۇرۇپ، تەركىۋىدە هال پېئىللىق ئوبوروت (ياكى يالغۇز هال پېئىل) بار ئاددى جۈملىلەرنى بېقىندا قوشما جۈملە دەپ هېساپلىماقتا.

بېقىندا جۈملە باش جۈملىگە باغلىنىپ، ئۇنى ئىزاهلاپ، تولۇقلاپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ تەركىۋىدە ئىگە بىلەن خەۋىرى بولىدۇ، ئۇ خىلمۇ-خىل مۇرەككەپ مەنىۋى ۋە گىرامماتىكىلىق مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ. هال پېئىللىق ئوبوروت بولسا مۇنداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئەمەس.

جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدىكى هال پېئىللار بىلەن ئىپادىلەنگەن بەزىبىر ئەگەشمە مۇچەلەر ئادەتتىكىدىن ئوشۇغراق دەرىجىدە مۇستەقىللىككە ئىگە بولۇشى مۇمكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار، بېقىندا جۈملىلەر ئوخشاش، پائۇزا، ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق ئاجرىتىلىدۇ. ئايرىم هال پېئىللار ۋە هال پېئىللىق ئوبوروتلار مەنە جەهەتتىن جۈملىنىڭ تەركىۋىدە خەۋەرگە بېقىنىشىدۇ، ئىككىنچى دەرىجىلىك سۇسلاشقان خەۋەر سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. مەنە جەهەتتىن ئۇلار خەۋەرگە بېقىنىشىپ، مۇستەقىللىككە ئىگە بولۇپ، ئىنتوناتسىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق ئاجرىتىلىدۇ (ئىنتوناتسىيە جەھەتتىن ئۇلار بىقىندا جۈملە-
گە ئوخشاپ كېلىدۇ). مەسىلەن: "ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، ئۇ دەم
ئالغىلى كەتتى. بۇلار نىمە قىلىشىنى بىلمەي، ھاڭ-تاڭ بولۇپ
ئولتۇرۇشار ئىدى (ن. ئى). يۇيۇنۇپ، ھەممىمىز تاماق ئىچىشكە
كىرىشتۇق. بۇك ياغاچلارنىڭ ئىچىدىن تۇيۇقسىزلا ئىرغىپ چىققان
توشقاننى كورۇپ، پانتېلىي پروكوفيېۋىچ چوچۇپ كەتتى. (م. ش.)"
بۇ مىساللاردىن كورۇپ ئولتۇرىمىزكى، ئاددى جۈملىلەرنىڭ تەر-
كىۋىدىكى ئايرىم ھال پېئىللار ۋە ھال پېئىللىق ئوبوروتلار خەۋەرلەر-
نى ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئۇلار توغرۇلۇق قوشۇمچە مەلۇمات بېرىش
ئۈچۈن ئىشلىتىلمەكتە. ئۇلارنىڭ قوشۇمچە خاراكتېرغا ئىگە ئىكەنلى-
كى ئۇلارنىڭ ئىنتوناتسىيىسىدىن بىلىنىپ تۇرماقتا. ئىككىنچى
دەرىجىلىك خەۋەر بولۇپ ھىساپلىنىدىغان ھال پېئىل بىرئاز مۇستەقىل-
لىككە ئىگە بولۇپ، ئىنتوناتسىيە جەھەتتىن ئاجرىتىلىپ، يېزىقتىمۇ
پەش ئارقىلىق ئاجرىتىلىدۇ.

بەزى بىر ھال پېئىللار ۋە ھال پېئىللىق ئوبوروتلار مەنە جەھەتتىن
ۋاقىت، ھالەت، سەۋەپ، شەرت، قارشىلىق بىقىندا جۈملىلەرگە
بىرئاز ئوخشاپ كېلىدۇ. بىرنەچچە مىساللار كەلتۈرەيلى:

1) ۋاقىت مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان ھال پېئىل ياكى ھال پېئىللىق
ئوبوروت: پالۋان، ئاشنى ئىچىپ بولۇپ، ئېشىپ قالغان ئىككى پارچە ناننى
ئېلىپ، يانچۇقىغا سالدى (ن. ئى).

2) سەۋەپ مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان: پالۋاننىڭ بۇ ھالىنى بىلىپ،
ئاشپۇزۇلچى... ئۇنىڭغا بىر ئاپقۇر سۇيۇق ئاش بىلەن قالغان-قاتقان نانلارنى
يىغىشتۇرۇپ بەردى (ن. ئى). پاتەم، ... ئاكىسىنىڭ قارا بولۇتتەك تۇتۇلۇپ
كەتكەن سوغ چىرايىنى كورۇپ، ئوز يولىغا كېتىۋەردى (ج. ب)؛

3) شەرت مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان: تىرىشىپ ئوقۇپ، چوڭقۇر
بىلىم ئېلىشىڭ مۇمكىن.

4) ھالەت مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان: كىچىككىنە بولسىمۇ خۇشپۇراق ھاسىل قىلىپ، بوۋاينىڭ تاماكىسىدىن پۇقىراپ ئىس چىقىپ تۇرىدۇ (گ. ب)
ئابدۇل، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، قولىنى سىلكىپ، ژىلىنغا بىر نىمىلەر دىگىلى باشلىدى (ل. ت)

5) قارشىلىق مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان: بارمايدىغىنىمنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇ مىنى بىرنەچچە قېتىم چاقىردى.

لېكىن بېقىندا قوشما جۈملىلەرگە قارىغاندا ھال پېيىللىق ئوبوروت ۋاقىت، سەۋەپ، ھالەت، شەرت، قارشىلىق مەنىلىرىنى ئانچە روشەن ئىپادىلەلمەيدۇ. قوشما جۈملىلەردە بولسا مۇنداق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان مەخسۇس نىسبىي سوزلەر، باغلىغۇچىلار، ئۇلانمىلار بولىدۇ. مەسىلەن: زېرىكىپ كېتىپ، مەن كونا ژورناللارنى قاراشقا باشلىدىم (تەركىۋىدە سەۋەپ مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ھال پېيىللىق ئوبوروت كەلگەن ئاددى جۈملە). — كونا ژورناللارنى قاراشقا باشلىدىم، سەۋەۋى مەن زېرىكىپ كەتتىم (بېقىندا قوشما جۈملە).

يۇقۇرىدا ئېيتىلغانلاردىن ۋە كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىن مۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ:

1) ھال پېيىللىق ئوبوروتنىڭ خەۋىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئالاھىدە ئىگىسى يوق. ھەم ئاددى جۈملىنىڭ خەۋىرى، ھەم پېيىللىق ئوبوروتنىڭ خەۋىرى بىر ئىگىگە باغلىنىدۇ، يەنى ئىككى خەۋەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئىش-ھەركەتنى بىرلا شەخس-ئوبيېكت ئورۇنلايدۇ.

2) ھال پېيىللىق ئوبوروتلار (ۋە ئايرىم ھال پېيىللار) تۈرلۈك مەنىلەرنى ئىپادىلەپ كېلىشى مۇمكىن.

3) ھال پېيىللىق ئوبوروتلار ھالەت بىلەن بېقىندا جۈملە ئارىسىدىكى بىر بىرىكمىدۇر.

4) ھال پېيىللىق ئوبوروتلار (ۋە يالغۇز ھال پېيىللار)، جۈملە ئەمەستۇر، ئۇ جۈملىدە ئىككىنچى دەرىجىلىك، سۆزلاشقان خەۋەر سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ، ئاددى جۈملىنىڭ خەۋىرىنى تولۇقلاپ، ئىزاھ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پۈتكۈل تورى

لاپ كېلىدۇ.

5) ھال بېيىلىق ئوبوروتلار مەنە ۋە ئىنتوناتسىيە جەھەتىدىن بېقىندا جۈملىلەرگە ئوخشىسىمۇ، بېقىندا جۈملە بولۇپ ھېساپلىنالمايدۇ، چۈنكى ئۇلاردا بېقىندا جۈملىلەرگە خاس بولغان بەلگىلەر يوق.

ھال بېيىلىق ئوبوروتلار (ۋە ئايرىم ھال بېيىلار)، مەنە ۋە ئىنتوناتسىيە جەھەتتىن ئاجرىتىلىپ، جۈملىنىڭ بېشىدا يا ئوتتۇرىسىدا كېلىشى مۇمكىن: موماي، تېخىچىلا باللارنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ، ئۇلاردىن كۆز ئۈزمەيدۇ ۋە ئۇخلاشنى ئېسىگىمۇ ئالمايدۇ. (ن. گ.). — تېخىچىلا باللارنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ، موماي ئۇلاردىن كۆز ئۈزمەيدۇ ۋە ئۇخلاشنى ئېسىگىمۇ ئالمايدۇ.

## مىقدار ـ دەرىجە بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەر

بېقىندا قوشما جۈملىلەرنىڭ بىر قىسمى ئىككىنچى قىسمىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ، ھالنىڭ دەرىجىسىنى، مىقدارىنى كۆرسىتىپ كېلىشى مۇمكىن. "مىقدار دەرىجە بېقىندا" جۈملە باش جۈملىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ، ھالنىڭ دەرىجىسىنى، مىقدار ـ ھەجمىنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن: قانچە ياخشى ئىشلىسەك، ئىشىمىز شۇنچە ساپالىق بولىدۇ. قار قانچە قېلىن ياغسا، يەرنىڭ نېمى شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

مىقدار ـ دەرىجە بېقىندا جۈملە باش جۈملىگە تۆۋەندىكى ۋاستىلار ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ.

بېقىندا جۈملىنىڭ خەۋەرى شەرت بېيىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىۋىدە "قانچە" باش جۈملىنىڭ تەركىۋىدە "شۇنچە" دېگەن نىسبىي سۆزلەر قاتنىشىدۇ: بۇزۇلغان جاي قانچە كۆپ بولسا، شەھەر ھاكىمىنىڭ شۇنچە ئىشچان ئىكەنلىكى كۆرۈنىدۇ (ن. گ). سۇ قانچە ئىسسىق بولسا، تەن ساقلىق شۇنچە ياخشى بولىدۇ.

بەزىدە بېقىندى جۈملىدە "قانچىلىك" باش جۈملىدە "شۇنچىلىك" سۆزلىرى قاتنىشىدۇ: مال قانچىلىك كۆپ بولسا، گۆش بىلەن سۈتمۇ شۇنچىلىك مول بولىدۇ.

مىقدار-دەرىجە جۈملىلەر، خەۋەرنىڭ شەكلىگە قاراپ، شەرت بېقىندى جۈملىلەرگە ئوخشاپ كېلىدۇ. شەرت بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملىلەرنىڭ بېقىندى جۈملىسى شەرتنى ئىپادىلەپ، باش جۈملىدە ئېيتىلغان ئىش-ھەرىكەتنى ئورۇنلانغاندىن كېيىن، ئورۇنلىنىدىغان ۋەقەنىڭ نەتىجىسىنى بىلدۈرىدۇ. مىقدار-دەرىجە بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملىلەرنىڭ بېقىندى جۈملىسى شەرتنى، باش جۈملىسى نەتىجىنى بىلدۈرمەي، بەلكى ئىككى قىسمىدىكى ئىش-ھەرىكەت ياكى ھالنىڭ مىقدارى بىلەن دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ تەركىۋىدە مەخسۇس نىسبىي سۆزلەر بولىدۇ.

## ئوخشىتىش-سېلىشتۇرۇش بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملىلەر

ئوخشىتىش-سېلىشتۇرۇش بېقىندى جۈملە باش جۈملىدە ئېيتىلغان ئىش-ھەرىكەتنى باشقا بىر ھەرىكەتكە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. سېلىشتۇرۇلىدىغان باشقا ھەرىكەت بېقىندى جۈملىدە ئىپادىلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق بېقىندى جۈملىلەر ئوخشىتىش-سېلىشتۇرۇش بېقىندى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئوخشىتىش-سېلىشتۇرۇش بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملىلەرنىڭ ئىككى قىسمىدا ئېيتىلغان ئىش-ھەرىكەت ئادەتتە بىر بىرىگە ئۆزلىرىنىڭ بىرەر بەلگىلىرى بىلەن ئوخشاپ كېلىدۇ. ئاساسىي ھەرىكەت باش جۈملىدە بولۇپ، شۇ باش جۈملىنىڭ ھەرىكىتى بېقىندى جۈملىدە ئېيتىلغان ھەرىكەتكە سېلىشتۇرۇلىدۇ-دە، شۇ ئارقىلىق باش جۈملىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۇبيېكتنى ياكى ئوبيېكتنى توغرىلىق چۈشەنچە تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ. مەسىلەن: كوچىلاردا ئوينىشاق باللار، خۇددى كەينىدىن بىر يېغا قوغلىغاندەك، داتاڭ تەرەپكە يۈگرىشىپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى (ن. ئى).

بۇ جۈملىدە باللارنىڭ قاياققا يۈگرىشىپ كېتىپ بارغانلىقى توغرىلىق ئېيتىلغان. ئەمما باللارنىڭ قانداق يۈگەرگەنلىكىنى ئوبرازلىق ۋە روشەن كورسىتىش ئۈچۈن، "خۇددى كەينىدىن بىر يېغا قوغلىغاندەك" دېگەن ئوخشىتىش ـ سېلىشتۇرۇش بېقىندا جۈملە قوللىنىلغان.

ئوخشىتىش ـ سېلىشتۇرۇش بېقىندا جۈملە باش جۈملىگە تۆۋەندىكىچە باغلىنىدۇ:

1. سۈپەت پىېللار بىلەن ئىسىملار "ـــ دەك، ـــ تەك" شەكلىدە ئىشلىتىلىپ، بېقىندا جۈملىنىڭ خەۋىرىنى ھاسىل قىلىش ئارقىلىق: شاگىرغا نىسبەتەن ئۇنىڭ ئاتىلىق ھوقۇقى بىر غايىۋانە قۇدرەتنى ھاسىل قىلىۋاتقاندەك، زوردۇنباي ئۆز دۈشمىنىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن قادىلىپ قاراپ ماڭدى (ھ. ئا).

ئوخشىتىش ـ سېلىشتۇرۇش بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەردە باش ۋە بېقىندا جۈملىلەرنى مانا مۇشۇ "ـــ دەك، ـــ تەك" فورمىسىدا قوللىنىلغان خەۋەر باغلاشتۇرۇپ تۇرىدۇ ۋە بېقىندا جۈملە ئادەتتە "خۇددى، گويا، گوياكى، بەجايىكى، بەئەينى" ئوخشاش باغلىغۇچىلار بىلەن باشلىنىدۇ. مەسىلەن: خۇددى سەھنىنىڭ پەردىسى چۈشكەندەك، ئاي بۇلۇتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى (ئا. چ). گويا بىر سېھىرلىك ئەيزىنىڭ تىغى سانچىلغاندەك، ئۇنىڭ كىچىككىنە ئىلپىز كوزلىرى داكىرىنىڭ ئۇ يېقىدىن بۇ يېقىغا ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى. (ھ. ئا.) خۇددى يىگىتلەر قىزلارغا كوز قىسقاندەك، ياپ ـ يېشىل ئاسماندىكى بۇلۇتلار چىملىدىشىپ، كوزلەرنى چاقىدۇ. (ن. ئى.)

بۇ تىپتىكى ئوخشىتىش ـ سېلىشتۇرۇش بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەردە باش ۋە بېقىندا جۈملىلەرنىڭ ئورۇن تەرتىۋى ئاساسەن

ئىككى خىل:

1) بېقىندا جۈملە باش جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىشى مۇمكىن؛ خۇددى دېرىزىنىڭ پەردىلىرى بىردىنلا چۈشۈپ كەتكەندەك، ئۇيىنىڭ ئىچى قاپ ـ قاراڭغۇ بولۇپ كەتتى. (ئا. ق.)

2) بېقىندا جۈملە باش جۈملىنى ئىككىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ: ياپ ـ يېشىل ئاسماندىكى يۇلتۇزلار، خۇددى يىگىتلەر قىزلارغا كوز قىسقاندەك، چىملدىشىپ، كوزلەرنى چاقىدۇ. (ن. ئى.)

2. چىقىش كېلىش فورمىسىدا كەلگەن "ـــ غان، ـــ گەن، ـــ قان، ـــ كەن" شەكلىدىكى سۈپەت پېئىللارغا "كورە" سوزىنىڭ ياندىشىپ كېلىشى ئارقىلىق: يالغان ئېيتىپ قۇتۇلغاندىن كورە، راستىنى ئېيتىپ تۇتۇل. (ماقال.) بىكار ئولتۇرغاندىن كورە، سىلەرگە ياردەم بېرەيلى.

3. پېئىل ئاساسىغا "ـــ غىچە، ـــ گىچە، ـــ قىچە، ـــ كىچە" قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق. مەسىلەن: بىكار ئولتۇرغىچە، بىكار ئىشلە. (ماقال.) بەككە ئىشلەپ دەپسەندە بولغىچە، ئازادە هايات ئۈچۈن كۈرەشتە قۇربان بولغىنىمىز ئارتۇق. (ن. ئى.)

خەۋىرى مۇشۇ ئۇلانمىلار ئارقىلىق ياسالغان بېقىندا جۈملە بەزىدە باش جۈملىدىكى هەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: مەن شەھەرگە يېتىپ بارغىچە، يولدا بىرمۇ ئادەم ئۇچراشمىدى.

ئوخشىتىش ـ سېلىشتۇرۇش بېقىندا جۈملىلەر تۈزۈلىشى جەھەتتىن بىر تەركىپلىك ۋە ئىككى تەركىپلىك بولۇپ بولىنىدۇ. بىر تەركىپلىك بېقىندا جۈملىنىڭ ئىگىسى ـــ شەخسى ـــ ئېنىقسىز بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: خۇددى مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋەتكەندەك، ئۇ سەنتۇرۇلۇپ كەتتى.

ئىككى تەركىپلىك ئوخشىتىش ـ سېلىشتۇرۇش بېقىندا جۈملىلەرنىڭ ئىگىسى ئېنىق بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ۋەيران بولغان ئۇردىدا چۇمۇلىلەر لومشىپ يۈرگەندەك، بۇ يەردە يۈزلىگەن هارۋا ۋە مىڭلىغان ئادەم مىغىلداپ يۈرەتتى. (ئا. ق.)

ئوخشىتىش ـ سېلىشتۇرۇش بېقىندا جۈملە بىلەن ئوخشىتىش ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىلىشتۇرۇش ئوبوروتىنى بىر بىرىدىن پەرق قىلىش كېرەك. بۇلار-نىڭ بىر بىرىگە ئوخشاپ كېلىدىغان بىر تەرىپى شۇلىكىدىن ئىبارەتكى، ئوخشىتىش-سىلىشتۇرۇش بېقىندا جۈملىدىمۇ ۋە سىلىشتۇرۇش ئوبوروتىدىمۇ ئوخشىتىش ۋەزىپىتى بار. لېكىن ئۇلار سۆز مەنىسى، تۈزۈلۈش، باغلىنىش جەھەتىدىن بىر بىرىدىن پەرق قىلىدۇ. سۆز مەنىسى جەھەتىدىن ئوخشىتىش-سىلىشتۇرۇش بېقىندا جۈملە مەلۇم دەرىجىدە ئاياقلاشقان ئوي-پىكىرنى بىلدۈرىدۇ. ئوبوروت بولسا مەنە جەھەتتىن سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى بولۇپ، تەركىبىدە ئۆزى كەلگەن جۈملىنىڭ بىرەر مۇچىسىنى ئىنتقلاپ كېلىدۇ. بۇ جۈملىدىن تاشقىرى تۇرغاندا ئۇ ئوبوروت ئۆزىنىڭ مەنىسىنى يوقىتىدۇ. مەسىلەن: "خۇددى ئوق تەككەن ئېيىق دومىلىغاندەك (ئوخشىتىش-سىلىشتۇرۇش بېقىندا جۈملە)، زوردۇنباي تۇرخان ئاچىنىڭ پۇتىغا يېرىپ يىقىلدى. (ھ. ئا.)... خۇددى يەر ئاستىدىن چىققاندەك (ئوخشىتىش-سىلىشتۇرۇش ئوبوروتى)، ھىلىقى قوپال ۋە سوزۇق ۋاقىرىغان ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى." (ئا. چ.) بۇ ئاددى جۈملىدىكى "خۇددى يەر ئاستىدىن چىققاندەك" دېگەن ئوخشىتىش-سىلىشتۇرۇش ئوبوروتى باش جۈملىنىڭ خەۋىرىنى (ئاڭلاندى) ئېنتقلاپ كەلگەن.

تۈزۈلۈشى جەھەتىدىن ئوخشىتىش-سىلىشتۇرۇش بېقىندا جۈملە، بەلگىلىك دەرىجىدە، ئاددى جۈملىگە بىرقەدەر ئوخشاش: ئۇنىڭ تەركىبىدە ئىگە بىلەن بىر قاتاردا ئەگەشمە مۇچىلەرمۇ بولىدۇ. ئەكسىچە، ئوخشىتىش-سىلىشتۇرۇش ئوبوروتىدا ئىگە بىلەن خەۋەر بولمايدۇ.

ئوخشىتىش-سىلىشتۇرۇش بېقىندا جۈملە مەنە تەرىپىدىن باش جۈملىنىڭ خەۋىرىگە باغلىنىپ كېلىدۇ. لېكىن ئوخشىتىش-سىلىشتۇرۇش ئوبوروتى جۈملىنىڭ ھەم باش مۇچىسىگە، ھەم ئەگەشمە

مۇچىسىگە باغلىنىپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن، ئوخشىتىش-سېلىشتۇرۇش ئوبوروتى جۈملىسىنىڭ تۆۋەندىكى مۇچىلىرىگە باغلىنىپ كېلىشى مۇمكىن:

1) جۈملىنىڭ ئىگىسىگە باغلىنىپ كېلىدۇ: ئادەملەرنىڭ بارلىق ھەر كەتلىرى، خۇددى ئۇستەڭنىڭ دولقۇنلۇق ئۇلۇق سۇيىدەك، پەقەت بىرلا تەرەپكە ئاقىدۇ. (ن. ئى.)

2) جۈملىنىڭ خەۋىرىگە باغلىنىپ كېلىدۇ: قاتتىغراق يەرگە ئېقىپ چۈشكەن قانلار، خۇددى لوق بېغىرلارغا ئوخشاش، ئۇيۇپ قالاتتى. (ن. ئى.)

3) ھالەتكە باغلىنىپ كېلىدۇ: خۇددى ھېچنىمىنى چۈشەنمىگەندەك، ئۇ مۇنچىقماي ئولتاردى.

## باغلىغۇچىسىز بېقىندا قوشما جۈملىلەر

قوشما جۈملىنىڭ تەركىۋىگە كىرگەن ئاددى جۈملىلەر بىر-بىرى بىلەن تۈرلۈك گىراماتىكىلىق ۋاستىلار (باغلىغۇچىلار، ئۇلانمىلار، باغلىغۇچىلار ۋاستىسىدا كەلگەن سوزلەر، ئىنتوناتسىيە) ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ. لېكىن قوشما جۈملىنىڭ تەركىۋىگە كىرگەن ئاددى جۈملىلەرنىڭ ئارىسىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەشتە بۇ ۋاستىلار بىردەك مۇمكىنچىلىككە ئىگە ئەمەس. قوشما جۈملە قىسىملىرىنىڭ ئارىسىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەشتە باغلىغۇچىلارغا قارىغاندا ئىنتوناتسىيەنىڭ مۇمكىنچىلىگى ئاز (ۋە مۇنداق مۇناسىۋەتنى ئېنىق، روشەن ئىپادىلەشتە ئىنتوناتسىيە ھەممىشەم بىردەك قابىلىيەتكە ئىگە ئەمەس). قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەرنىڭ ئارىسىدا تۈرلۈك مۇناسىۋەت بولىدۇ. قارشىلىق، سەۋەپ، نەتىجە...تەركىۋىدىكى قىسىملىرىنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىنى، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ۋاستىغا قاراپ قوشما جۈملىلەر

www.uyghurkitap.com

باغلىغۇچىلىق قوشما جۈملىلەر بىلەن باغلىغۇچىسىز قوشما جۈملىلەرگە بۆلىنىدۇ. باغلىغۇچىسىز قوشما جۈملىلەرنىڭمۇ تەركىۋىدىكى تەركىۋى قىسىملارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ھەر تۈرلۈك بولىدۇ. باغلىغۇچىسىز قوشما جۈملىلەرنىڭ باغلىغۇچىسىز باغلانغان ۋە باغلىغۇچىسىز بېقىندا قوشما جۈملىلەرگە بۆلۈنىشى باغلىغۇچىسىز قوشما جۈملىلەر تەركىۋىدىكى ئايرىم جۈملىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىگە باغلىق. مەنە جەھەتتىن باغلىغۇچىسىز قوشما جۈملىلەرنىڭ باغلىغۇچىلىق قوشما جۈملىلەردىن ھېچبىر ئۆزگىچە خاس، ئالاھىدە پەرقى يوق، باشقىچە ئېيتقاندا، باغلىغۇچىسىز قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدىكى ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق باغلانغان قىسىملار باغلىغۇچىلىق قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدىكى تۈرلۈك باغلىغۇچىلار ياردىمى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن قىسىملىرىدىن يا مەنە جەھەتتىن، يا تۈزۈلۈشى جەھەتتىن، يا ئۆزئارا مۇناسىۋەت جەھەتتىن ئانچە پەرق قىلىنمايدۇ. دېمەك، باغلىغۇچىسىز قوشما جۈملىلەرنىڭ باغلىغۇچىلىق قوشما جۈملىلەردىن ئاساسىي پەرقى باغلىنىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەتتۇر — باغلىغۇچىسىز قوشما جۈملىلەرنىڭ قىسىملىرى باغلىغۇچىسىز باغلىنىپ كېلىدۇ.

باغلىغۇچىسىز بېقىندا قوشما جۈملىلەر مەنە جەھەتتىن باغلىغۇچىلىق بېقىندا جۈملىلەردىن پەرق قىلىنمايدۇ.

باغلىغۇچىلىق بېقىندا قوشما جۈملىلەر قىسىملىرىنىڭ ئارىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بولسا، باغلىغۇچىسىز بېقىندا قوشما جۈملىلەر قىسىملىرىنىڭ ئارىسىدىمۇ شۇنداق مۇناسىۋەت بولىدۇ. لېكىن باغلىغۇچىلىق بېقىندا قوشما جۈملىلەرنىڭ ھەر تۈرىگە باغلىغۇچىسىز بېقىندا قوشما جۈملىلەردىن لايىق جۈپ فورمىسى بولىۋەرمەيدۇ.

باغلىغۇچىسىز قوشما جۈملىلەر قىسىملىرىنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن ئىنتوناتسىيە قوشما جۈملە قىسىملىرىنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى باغلىغۇچى-

لاردەك ئېنىق، روشەن ئىپادىلەلمەيدۇ. ئىنتوناتسىيىنىڭ تۈرلىرىمۇ ئاز، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ قوشما جۈملىلەر تەركىۋىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ ئارىسىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتنىڭ ھەممىسىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە مۇمكىنچىلىكى يوق.

باغلىغۇچىسىز بېقىندا قوشما جۈملىلەر تەركىۋىي قىسىملىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان ئاساسىي ئىنتوناتسىيە ئىزاھلاش ئىنتوناتسىيىسىدۇر. ئىزاھلاش ئىنتوناتسىيىسى بىلەن تەلەپپۇز قىلغاندا، بىرىنچى جۈملىدىن كېيىن تاۋۇش بىرئاز پەسىيىپ، بىردىن ئۈزۈلۈپ، بۇنىڭدىن كېيىن بىرىنچى جۈملىدە ئېيتىلغان خەۋەرنىڭ، ۋەقەنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئېنىقلىنىدىغىنىنى ئەسكەرتىدۇ، ئىككىنچى جۈملىنىڭ ئاخىرى پەسەيگەن ئىنتوناتسىيە بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

باغلىغۇچىسىز بېقىندا قوشما جۈملىلەر، تەركىۋىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋىتىگە قاراپ، تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ:

سەۋەپ بېقىندا جۈملىلىك باغلىغۇچىسىز قوشما جۈملىلەر. بۇ تىپتىكى باغلىغۇچىسىز قوشما جۈملىلەرنىڭ بىر قىسمى (بېقىندا جۈملىسى) ئىككىنچى قىسمىدا (باش جۈملىسىدە) ئېيتىلغان ھەركەتنىڭ، ۋەقەنىڭ، ھادىسىنىڭ سەۋەبىنى كۆرسىتىپ كېلىدۇ. باش جۈملىدىكى ھەركەتنىڭ، ھادىسىنىڭ سەۋەبىنى كۆرسىتىپ كەلگەن بېقىندا جۈملىنىڭ تەركىۋىگە "چۈنكى"، "سەۋەبى" ئوخشاش باغلىغۇچىلارنى كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. يېزىقتا ئۇلارنىڭ قىسىملىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قوش چېكىت قويۇلىدۇ. (بەزىدە تىرە قويۇلغىنىنىمۇ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ). مەسىلەن: ... ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق؛ ئۇ تەنتەنىلىكنى ياقتۇرمايدۇ. (ئى. ت.) ئۇ بىچارىنىڭ ئاشلىقى بولماپتۇ؛ ئۇنىڭ بالىسىمۇ ئىشچىلىقتا كېتىۋىدى. (م. ھ.) بارالمىدىم: ۋاقتىم بولمىدى.

بەزىدە مۇنداق قوشما جۈملىلەر قىسىملىرىنىڭ ئورنى ئالماشتۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رولسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەۋەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىغا نەتىجە مۇناسىۋىتى پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: ”ئەتىگەنرەك تۇرۇشقا توغرا كەلدى — ئىش جىق“ ۋە ”ئىش جىق — ئەتىگەنرەك تۇرۇشقا توغرا كەلدى“ (ئىش جىق، شۇڭلاشقا ئەتىگەنرەك تۇرۇشقا توغرا كەلدى).

شەرت بېقىندا جۈملىلىك باغلىغۇچىسىز قوشما جۈملىلەر. مۇنداق قوشما جۈملىلەرنىڭ بىرىنچى قىسمى ئىككىنچى قىسمىدا ئېيتىلغان ۋەقەنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش شەرتىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ تىپتىكى قوشما جۈملىلەرنىڭ بىرىنچى قىسمى كۆتىرەڭگۈ ئىنتوناتسىيە بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىپ، ئىككىنچى قىسمىنىڭ ئىنتوناتسىيىسى پەسىيىپ كېتىدۇ، بىرىنچى قىسمىدىن كېيىن قىسقىچە پائۇزا بولىدۇ. مەسىلەن: ”سەن تىنچ-خوشناڭ تىنچ. (ماقال.) ئۆزەڭدە يوق-ئالەمدە يوق. (ماقال.) ئىش تۈگىدى — ئۆيگە قايتىمىز. تەگدىڭ — بالاغا قالىسەن.“ مىساللاردىن كۆرۈپ ئولتۇرىمىزكى، مۇنداق قوشما جۈملىلەرنىڭ قىسىملىرى ئاساسەن شەرت مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نەتىجە ۋە ۋاقىت مۇناسىۋىتى مەنىلىرىنىمۇ ئىپادىلەيدىغىنى سېزىلىپ تۇرىدۇ. بەزى جۈملىلەرنىڭ بىرىنچى قىسمىنىڭ خەۋىرى ئۆتكەن زامان، ئىككىنچى قىسمىنىڭ خەۋىرى كېلىدىغان زامان پېئىلى بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكىنى يۇقۇرىدىكى مىساللاردىن كۆرۈشكە بولىدۇ.

نەتىجە بېقىندا جۈملىلىك باغلىغۇچىسىز قوشما جۈملىلەر. مۇنداق قوشما جۈملىلەرنىڭ ئىككىنچى قىسمى بىرىنچى قىسمىدا ئېيتىلغان ھەرىكەتتىن كېلىپ چىققان نەتىجىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ئەتىگەندىن باشلاپ توختىماستىن يامغۇر ياغدى — ئېرىقتىكى سۇلار تېشىپ كەتتى. پاۋېل قولىنى يۇقۇرى كۆتەردى — تۇغ ئىغاڭلاپ كەتتى. (م. گ.) ئۇ چوڭقى دۇئاغا قول كۆتەردى — قالغانلارمۇ ئەگىشىپ دۇئا قىلىپ،... ھەرقايىسى ئۆز ئورنىغا تارقىلىشقا باشلىدى. (م. ھ.)

نەتىجە بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەرنى ماقاللار ئارىسىدىمۇ

ئۇچرىتىشقا بولىدۇ: ساتتىڭ — پۇتتىڭ، ئالدىڭ — ئۇتتۇڭ. (ماقال.)

ئوخشىتىش سېلىشتۇرۇش بېقىندا جۈملىلىك باغلىغۇچىسىز قوشما جۈملىلەر. مۇنداق جۈملىلەر كۆپىنچە ماقال‌لاردا ئۇچرىشىدۇ: قار ياغدى — نان ياغدى، يامغۇر ياغدى — ماي ياغدى. (ماقال.)

ۋاقىت بېقىندا جۈملىلىك باغلىغۇچىسىز قوشما جۈملىلەر. بىرىنچى تەركىۋىي قىسىم بېقىندا جۈملە بولۇپ، ئىككىنچى تەركىۋىي قىسىمدا — باش جۈملىدە — ئېيتىلغان ۋەقەنىڭ، ھادىسىنىڭ ئورۇنلىنىش ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ: قىش كەلدى — تاققا ئوۋغا چىقىمىز. مۇئەللىم سىنىپقا كىردى — ساۋاق باشلىنىدۇ.

مىساللاردىن كۆرۈپ ئولتۇرىمىزكى، مۇنداق قوشما جۈملىلەر تەركىۋىي قىسىملىرىنىڭ خەۋەرلىرى تۈرلۈك زاماندىكى پېئىللار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن: بىرىنچى تەركىۋىي قىسىمنىڭ خەۋىرى ئۆتكەن زامان، ئىككىنچى تەركىۋىي قىسىمنىڭ خەۋىرى كېلىدىغان زامان پېئىلى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

قارشىلىق بېقىندا جۈملىلىك باغلىغۇچىسىز قوشما جۈملىلەر. مۇنداق قوشما جۈملىلەر قىسىملىرىدا ئېيتىلغان ھەركەتنىڭ، ئوي-پىكىرنىڭ بىر-بىرىگە قارشى بولۇشىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ بىرى ئەمەلگە ئاشىدۇ: ئىت ھۈرەر — كارۋان يۈرەر. (ماقال.) ئۆزى بىر لىمە دەۋاتىدۇ — كۆڭلى باشقا نەرسىدە.

ئىگە بېقىندا جۈملىلىك باغلىغۇچىسىز قوشما جۈملىلەر. بۇ تىپتىكى قوشما جۈملىلەرنىڭ ئىككىنچى قىسمى (بېقىندا جۈملىسى) بىرىنچى قىسىمنىڭ (باش جۈملىنىڭ) يوشۇرۇن ئىگىسىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرىدۇ ياكى مۇنداق جۈملىلەرنىڭ بىرىنچى قىسىمنىڭ ئىگىسى بولۇپ كەلگەن ”بىر نەرسە، شۇ نەرسە“ ئوخشاش بىرىكمىلەرنى ئىزاھلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن: شۇلا ئېسىمدە قالدى: قانداقتۇ بىر ئادەم بىزنى تار يول بىلەن جاڭگالدىن يېتىلەپ چىقتى. بىزگە بىر نەرسە ئېنىق: ئۇلار ھازىر تېرىلغۇ ئىشلىرىغا قىزغىن تەييارلىنىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خەۋەر بېقىندا جۈملىلىك باغلىغۇچىسىز قوشما جۈملىلەر. مۇنداق جۈملىلەرنىڭ بىرىنچى ئورنىدا باش جۈملە كېلىپ، ئۇنىڭ تەركىۋىدە "مۇنداق، شۇنداق، ئاشۇنداق، شۇ" ئوخشاش ئالماشلاردىن ئىپادىلەنگەن خەۋەرلەر بولىدۇ. بۇ تىپتىكى جۈملىلەر قىسىملىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قوش چېكىت قويىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭ ھەمىشەم ئېيتىدىغىنى شۇ: ياخشى ئوقۇڭلار، تەرتىپلىك بولۇڭلار. مېنىڭ ئادىتىم شۇنداق: يازغان نەرسەمنى بىرنەچچە قېتىم ئوقۇپ چىقىمەن. مېنىڭ ساڭا بېرىدىغان مەسلىھىتىم مۇنداق (مونۇ): قولىڭدىن كەلمەيدىغان ئىش بىلەن ئاۋارە بولما.

تولۇقلىغۇچى بېقىندا جۈملىلىك باغلىغۇچىسىز قوشما جۈملىلەر. مۇنداق جۈملىلەرنىڭ ئىككىنچى قىسمى تولۇقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ، بىرىنچى قىسمىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن: "... ئۆزەڭ ئويلاپ كور: ئۇرۇشتىن ئىلگىرى مېنىڭ سالمىغىم سەكسەن ئالتە كىلوگىرام ئىدى، كۆزگە تارتىپ بولسا ئەللىك كىلوگرامدىن ئاشمىدى. (م. ش.)ئۇ مېنىڭدىن سىلىقلىق بىلەن سورىدى: "كىتاۋىڭىزنى ئوقۇشقا بېرىپ تۇرسىڭىز". مەن بىلىمەن: ئۇ ئۇز ئىشىنى ياخشى كورىدۇ. ئۆز كوزۇم بىلەن كوردۇم: ئۇلار ئالدىراشلىق بىلەن جاڭگال تەرەپكە كەتتى." بۇ مىساللاردىن كورۇۋېلىشقا بولىدۇ(!)—ئولتۇرىمىزكى، قوشما جۈملىلەرنىڭ ئىككىنچى قىسمى بىرىنچى قىسمىنىڭ خەۋىرىنى تولۇقلاپ كەلگەن. بۇ تىپتىكى قوشما جۈملىلەرنىڭ ئىككىنچى قىسمى بىرىنچى قىسمىنىڭ چۈشۈم كېلىشىتىكى "شۇ، بۇ" كورسىتىش ئالماشلىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن تولۇقلىغۇچىسىنىڭ مەنىسىنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ: شۇنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ: بۇ يەردە تاماكا چېكىشكە بولمايدۇ.

ئېنىقلىغۇچى بېقىندا جۈملىلىك باغلىغۇچىسىز قوشما جۈملىلەر. باغلىغۇچىسىز قوشما جۈملىلەرنىڭ ئىككىنچى قىسمى (بېقىندا

جۇملىسى) بىرىنچى قىسمىدىكى كوپىنچە "شۇنداق" دىگەن ئالماش بىلەن ئىپادىلەنگەن ئېنىقلىغۇچىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ بېرىدۇ؛ بەزى يەرلەردە شۇنداق گۇللەر بار: ئۇلار پەقەت كېچىسىلا ئېچىلىدۇ. ئۇ شۇنداق ئادەم: يازنىڭ كۈنىمۇ، قىشنىڭ كۈنىمۇ ئۇ يالاڭباش يۈرىدۇ.

باغلىغۇچىسىز قوشما جۇملىلەرنىڭ ئىككىنچى قىسمى بىرىنچى قىسمىنىڭ ئومۇمى مەزمۇنىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، ئىزاھلاپ، بىرىنچى قىسمىدا ئىپادىلەنگەن ئوي ـ پىكىرگە قوشۇمچە مەزمۇن بېرىدۇ، بىرىنچى قىسمىنىڭ مەنىسىنى ياكى ئۇنىڭ بىرەر مۇچىسىنىڭ (ئادەتتە، خەۋەرىنىڭ) مەنىسىنى تولۇقلاپ كېلىدۇ، سوزلىگۇچىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا ئېيتىلغان ئوي ـ پىكىرگە بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ. بىرىنچى قىسمىدا ئېيتىلغان ھەركەتتىن كېيىن نىمىلەرنىڭ روي بېرىشىنى كورسىتىدۇ. مۇنداق جۇملىلەر باغلىغۇچىسىز قوشما جۇملىلەرنىڭ ئالاھىدە گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن: نىكولاي پېتروۋىچ بولسا بېشىنى توۋەن ساڭگىلىتىپ چىرىپ كەتكەن پەلەمپەيلەرگە قارىدى: يوغان چىپار چۈجە ئوزىنىڭ يوغان سېرىق پۇتلىرى بىلەن توك ـ توك قىلىپ پەلەمپەينىڭ ئۇستىدە ئاستا مېڭىپ يۈرەتتى. (ئى. ت.) رەئىس خوشال: كەلگەن كىشىلەرگە ئوزىنىڭ خېلى ساقىيىپ قالغانلىغى... توغرىسىدا سوزلەپ بەردى. (ن. ئى.) تۇيۇقسىزلا ياش چېغىدا كورگەن بىر مەنزىرە ئۇنىڭ ئېسىگە چۈشتى: زائۇسايلوۋلار دىگەن بايلارنىڭ كونا بىر ھاركىدا ئۇستىنى ئاق گۈللۈك كوكات بېسىپ كەتكەن بىر كول بار ئىدى. (م. گ.) ئۇ خۇددى ساماۋەرگە ئوخشايتتى: دۇپ ـ دۇگىلەك، پاكا بويلۇق، نوينى يوغان، قوللىرى قىسقا ئىدى. (م. گ.)

باغلىغۇچىسىز بېقىندا جۇملىلەرنىڭ مۇرەككەپلەشكەن تۇرلىرىمۇ ئۇچرىشىدۇ. مۇنداق جۇملىلەرنىڭ ئىككىنچى قىسمى تۇزىلىش جەھەتتىن ئاددى جۇملە بولۇپ كەلمەي، بەلكى مۇرەككەپ بولۇپ كېلىدۇ ـــ ئۇلار يا تەڭ ھوقۇقلۇق ئىككى جۇملىدىن، يا بولمىسا باش جۇملە بىلەن بېقىندا جۇملىدىن ئىبارەت بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەر كېچە دىگۇدەك ئۆزەمنىڭ مەرھۇملىرىمنى چۈشۈمدە كورىمەن؛ ھەرقاچان دىگۇدەك گويا مەن تىكەنلىك سىمنىڭ ئارقىسىدا، ئۇلار بولسا نېرىقى يېقىدا ئەركىن يۈرۈشىدۇ. (م. ش.) كېچىكمەي يېتىپ بارىمىز؛ يول ياخشى، سەۋەۋى ئۇنى يېقىندىلا ئاسپالتلاپ بولدى.

## بىر نەچچە بېقىندا جۈمىلىلىك قوشما جۈملىلەر

بېقىندا قوشما جۈملىنىڭ تەركىۋىدە بىرلا بېقىندا جۈملە بولماي، بىر نەچچە بېقىندا جۈملىنىڭ بولۇشى مۇمكىن. قوشما جۈملىنىڭ باش جۈملىسىگە ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن كوپ بېقىندا جۈملىلەر باغلىنىپ كېلىدۇ.

قوشما جۈملىنىڭ تەركىۋىدە تۈرلۈك تىپتىكى بېقىندا جۈملىلەر بولىدۇ. مەسىلەن، بىر باش جۈملىگە باغلىنىپ كەلگەن بىر نەچچە بېقىندا جۈملىنىڭ ئارىسىدا ۋاقىت، شەرت، سەۋەپ ۋە باشقا بېقىندا جۈملىلەرنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. قوشما جۈملىنىڭ تەركىۋىدىكى بېقىندا جۈملىلەر باش جۈملە بىلەن ۋە بىر بىرى بىلەن ھەرخىل باغلىنىپ كېلىدۇ. بۇ بولسا بىر نەچچە بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىگە خاس ئايرىمچە خۇسۇسىيەت بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

دىمەك، قوشما جۈملىنىڭ تەركىۋىدىكى بېقىندا جۈملىلەر مەنە ۋە بېقىنىش يوللىرى جەھەتتىن ھەر تۈرلۈك بولىدۇ.

قوشما جۈملىدىكى بىر نەچچە بېقىندا جۈملىلەر باش جۈملە بىلەن ۋە ئۆزئارا بىر بىرى بىلەن ئىككى تۈرلۈك بېقىنىش ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ: 1) تەڭداش بېقىنىش ئارقىلىق 2) پەيدىن-پەي بېقىنىش ئارقىلىق.

تەڭداش بېقىنىش ئارقىلىق بېقىندا جۈملىلەر باش جۈملىنىڭ بىرەر مۇچىسىگە ياكى پۈتۈن باش جۈملىگە بىۋاستە، نەك ھوقۇقلۇق

بولۇپ باغلىنىپ، بىردەك ياكى ھەر خىل سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ، يەنى بېقىنىش جەھەتتىن بىر خىل بولۇپ، مەنە جەھەتتىن بىر خىل ھەم ھەر خىل بولۇپ كېلىدۇ. باش جۈملە بىلەن تەڭداش بېقىنىش ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەن بېقىندا جۈملىلەر تەڭداش بېقىندا جۈملىلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

تەڭداش بېقىندا جۈملىلەر باش جۈملىگە باغلىنىش جەھەتتىن بىردەك، بىر خىل بولسىمۇ، لېكىن مەنە جەھەتتىن ھەر خىل بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا تەڭداش بېقىندا جۈملىلەرنى مەنە جەھەتتىن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: 1) بىر خىل تەڭداش بېقىندا جۈملىلەر، 2) ھەر خىل تەڭداش بېقىندا جۈملىلەر.

**بىر خىل تەڭداش بېقىندا جۈملىلەر.** باش جۈملىنىڭ بىرەر مۇچىسىگە ياكى پۈتۈن باش جۈملىگە تەڭ ھوقۇقلۇق، بىردەك، بىۋاستە باغلىنىپ، مەنە جەھەتتىن بىر تىپتىكى (مەسىلەن، بىرنەچچە سەۋەب، ۋاقىت، شەرت بېقىندا) جۈملىلەر بولۇپ، باش جۈملىنىڭ بىرەر مۇچىسىنى ياكى پۈتۈن باش جۈملىنى بىردەك ئېنىقلاپ، بىردەك سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. بىر خىل تەڭداش بېقىندا جۈملىلەر، خۇددى جۈملىنىڭ بىر خىل مۇچىلىرى ۋە باغلانغان قوشما جۈملىنىڭ تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەر ئوخشاش، ئۆزئارا بىر بىرى بىلەن ھەم باغلىغۇچىلار ئارقىلىق، ھەم باغلىغۇچىلارسىز باغلىنىپ كېلىشى مۇمكىن.

بىر خىل تەڭداش بېقىندا جۈملىلەر مەنە جەھەتتىن ھەر تۈرلۈك بولىدۇ: سەۋەب، نەتىجە، شەرت، ۋاقىت... مەسىلەن: "شۇنداق قاتتىق شامال چىقتىكى، ئۇرغۇنلىغان دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى سۇنۇپ، تېلېفون، ئېلېكتىر سىملىرى ئۈزۈلۈپ كەتتى. سادىق ئۆزىدىن ئۆزىلا شۇنچە كۈچلۈك ھاياجانلاندىكى، ھەتتا ئۈنىڭ دېمى بوغۇلۇپ، كۆزلىرىنى ياش ئەگىپ، غۇۋالاشتۇردى. (ھ. ئا.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇ شۇنداق تەسىرلىك سوزلىدىكى، ھەممە ئۇنى زور ئىخلاس بىلەن تىڭشىدى ۋە يىغىنىنىڭ ئاخىرىغىچە زالىدا جىم-جىتلىق ھوكۇم سۇردى.“ بۇ ئۇچ بېقىندا قوشما جۇملىنىڭ ھەر بىرسىنىڭ تەركىۋىدە ئىككىدىن نەتىجە بېقىندا جۇملە كەلگەن. ئۇچىنچى مىسالدىكى بىر خىل تەڭداش بېقىندا جۇملىلەر ئوزئارا بىرىكتۇرگۇچى باغلىغۇچى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن. ”بۇ يىل كولخوزچىلار ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئالدى، چۇنكى ئۇلار تىرىشىپ ئىشلىدى، يامغۇر-يېشىن مول بولدى ۋە يەر ياخشى ئوغۇتلاندى. بىز ئىشىمىزنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن تۇگەتتۇق، سەۋەۋى ئىشىمىزدا تۇرلۇك مېخانىزىملار، ماشىنىلار كەڭ تۇردە قوللىنىلدى، ئىشچىلارنىڭ ئەمگىكى ياخشى ئويۇشتۇرۇلدى. بىز تەرەپكە ماڭىدىغان ماشىنا بولمىغانلىقتىن ۋە ھاۋا تۇتۇلۇپ، كەچ كىرەي دەپ قالغانلىقتىن، بىز مۇشۇ يېزىدا قونۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولدۇق.“ بۇ بېقىندا قوشما جۇملىلەرنىڭ ھەر بىرسىنىڭ تەركىۋىدە بىرنەچچە سەۋەپ بېقىندا جۇملىلەر بار. كورۇپ ئولتۇرىمىزكى، بىر بېقىندا قوشما جۇملىنىڭ تەركىۋىدە بىرنەچچە سەۋەپ بېقىندا جۇملە كەلسە، ”سەۋەۋى چۇنكى“ دىگەن باغلىغۇچىلار، تەكرارلىماسلىق ئۇچۇن، ئۇلارنىڭ بىرىنچىسىدىلا بولۇپ، قالغانلىرىنىڭ تەركىۋىدە كەلمەسلىگى مۇمكىن.

بېقىندا قوشما جۇملىنىڭ تەركىۋىدە باشقا تىپتىكى بېقىندا جۇملىلەرنىڭمۇ كېلىشى مۇمكىن.

بېقىندا قوشما جۇملىنىڭ تەركىۋىدە بىر خىل تەڭداش شەرت بېقىندا جۇملىلەرنىڭ كېلىشىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ:

جاھانگىرلار يەر يۈزىدىن تامام يوقالسا،
مەزلۇم ئەللەر يېڭى ھاياتتىن كەڭ يول ئالسا،
زادى تۇگىمەس سائادەتكە قەدەم قويسا،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۇلۇم ئېچىلاتتى.

(ل.م.)

تەركىۋىدە بىرنەچچە بىر خىل تەڭداش قارشىلىق بېقىندا جۈملىلەر كەلگەن قوشما جۈملىلەرمۇ ئۇچرىشىدۇ: قاتتىق يامغۇر ياغسىمۇ، كۈچلۈك شامال چىقسىمۇ، كۈن قايناپ ئىسسىپ كەتسىمۇ، تۇرسۇنتاللار يولىنى داۋام قىلىۋەردى. بۇ يىل يامغۇر-يېشىن ئاز بولسىمۇ، ئەتىياز كەچ كېلىپ، كۈز ئەتىگەن كەلسىمۇ، مالغا يېتەرلىك ئوت-چۆپ تەييارلاندى. بۇ ئاز ۋاقىت ئىچىدە غۇنچەمنىڭ بېشىغا ھەرقانداق خىياللار كەلسىمۇ، بۇرۇنقى ئۆتكەنلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتسىمۇ، ئۇ يەنە شۇنىڭ يولىغا كۆز تىكەتتى. (ن. ئى).

"...سەن توققۇزلارغا كىرگەندە، مەن ئون بىرلەرگە كىرگەندە، يۇرتىمىزدا قالايمىقانلىق بولۇپ كەتتى." (ئۇ. م.) "يوللار قۇرۇپ، كۈن ئىسسىغاندا، يولغا چابدۇندى." (ئا. چ.) مەزكۇر قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدە بىرنەچچە بىر خىل تەڭداش ۋاقىت بېقىندا جۈملىلەرنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ ئولتۇرىمىز. شۇنى ئېيتىش لازىمكى، باش جۈملىگە بىۋاستە، توغرىدىن-توغرا بىرنەچچە ۋاقىت بېقىندا جۈملە باغلىنىپ كەلسە، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئاخىرقىسىدىن ئۆزگىلىرىنىڭ خەۋەرلىرى، ئىستىلىستىكىلىق (تەكرارلىماس) مەقسىدى بىلەن، باشقا گىراماتىكىلىق شەكىلگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن (مەسىلەن، ئىككىنچى جۈملىنىڭ خەۋىرى "قۇرۇغاندا"نىڭ ئورنىدا "قۇرۇپ").

بېقىندا قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدە باشقا تۈردىكى بىرنەچچە بىر خىل بېقىندا جۈملىلەرنىڭمۇ كېلىشى مۇمكىن.

مىساللاردىن كۆرۈپ ئولتۇرىمىزكى، جۈملىنىڭ بىر خىل مۇچىلىرىنىڭ ئارىسىغا قانداق تىنىش بەلگىلىرى قويۇلسا، بىر خىل تەڭداش بېقىندا جۈملىلەرنىڭمۇ ئارىسىغا شۇنداق بەلگىلەر قويۇلىدۇ.

بىر خىل بېقىندا جۈملىلەر بىر بىرى بىلەن "ۋە، ھەم، لېكىن"...

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىشى مۇمكىن: تاك سۆزۈلۈپ كېلىۋاتقاندا ۋە تىراموۋايلار بىلەن تىرالليبۇسلار يېقىملا مېڭىشقا باشلىغاندا، بىز ئۆيىدىن چىقتۇق.

بېقىندا قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدە ئىككىلا بىر خىل بېقىندا جۈملىلەر بولماي، بەلكى ئۈچ ۋە ئۈنىڭدىنمۇ كوپ بىر خىل بېقىندا جۈملىلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن: ئەگەر يەر ئوز ۋاقتىدا ياخشى ھەيدىلسە، كوكتات ئوز ۋاقتىدا تېرىلسا، ھارام چوپلەر چېپىلىپ، يامغۇر-يېشىن مول بولسا، ئۇ چاغدا سوزسىز مول ھوسۇل ئېلىشقا بولىدۇ.

بەزىدە بېقىندا قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدە بىرنەچچە بىر خىل بېقىندا جۈملىلەر بىرلا باغلىغۇچىغا ئىگە بولۇشى مۇمكىن، يەنى بىر باغلىغۇچىنىڭ بىرنەچچە بىر خىل بېقىندا جۈملىلەر ئۈچۈن ئومۇمى بولۇشى مۇمكىن: ئەگەر بارلىق سېير فېرمىلىرى مېخانىكىلاشتۇرۇلۇپ، سېيرلارنى بېقىشنىڭ ئىلغار ئۇسۇللىرى جارى قىلىنسا، ئوبلاست چارۋىچىلىرى بۇ ۋەزىپىنىڭ ھوددىسىدىن شەرەپ بىلەن چىقىدۇ. ("ك. ت.")... لېكىن ئۇ پىچىر-پىچىر سوزلەرنى سىنىڭ كېلىشىڭ بىلەن توختىتىپ قويىدى، سەۋىۋى سەن ئۇلارغا سىرداش ئەمەستە، سىنىڭدىن قورقىدۇ. (م. ھ.)

ھەر خىل تەگداش بېقىندا جۈملىلەر. باش جۈملىنىڭ بىرەر مۇچىسىگە ياكى پۈتۈن باش جۈملىگە بىۋاستە، توغرىسىدىن-توغرا پەقەت بىر خىل تەگداش بېقىندا جۈملىلەرلا باغلىنىپ كەلمەي، بەلكى ھەر خىل تەگداش بېقىندا جۈملىلەرمۇ باغلىنىپ كېلىدۇ. بىر خىل تەگداش بېقىندا جۈملىلەر باش جۈملىنى بىردەك ئېنىقلاپ، مەنە جەھەتتىن بىردەك، بىر تىپلىك بولسا، ھەر خىل تەگداش بېقىندا جۈملىلەر باش جۈملىنى، ئاساسەن ئۇنىڭ خەۋىرىنى، ھەر جەھەتتىن ئېنىقلاپ، ھەر تۈرلۈك، ھەر تىپلىك بولۇپ، ھەر تۈرلۈك سوئالغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. دېمەك، ھەر خىل تەگداش بېقىندا جۈملىلەر، باش جۈملىگە بىۋاستە باغلىنىپ كەلسىمۇ، مەنە تەرىپىدىن پەرق

قىلىنىدۇ.

باش جۈملىگە قارشىلىق بىلدۈرىدىغان جۈملە بىلەن سەۋەب بىلدۈرىدىغان جۈملىنىڭ باغلىنىپ كېلىشى مۇمكىن: قويچى ئابدۇراخمان قىرىققا يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ، بىرىنچى كۆرگەن ئادەم ئۇنى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ دېيىشى مۇمكىن ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ دائىم قىردۇرۇپ تۇرىدىغان چېچىغا ئاق كىرگەن... («يەتتە يىللىقنىڭ ئىزى بىلەن».) بۇ ئىسسىقلىققا بەش كۈن بويى چىدىسىمۇ، ئاخىرقى دەرمانى پۈتكىنى ئۈچۈن، ئىككى چېكىلىرى زىڭىلداپ يېرىلغۇدەك يەرگە يەتتى. (م ھ.)

بۇ مىساللاردىن كۆرۈپ ئولتۇرىمىزكى، باش جۈملىگە قارشىلىق بىلدۈرىدىغان جۈملە بىلەن سەۋەب بىلدۈرىدىغان جۈملە باغلىنىپ كەلگەن تۈزۈلۈشتە باش جۈملە قوشما جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىدۇ. بۇ تۈزۈلۈشنى مۇنداق فورمىلا بىلەن كۆرسەتسەك بولىدۇ: "ق+ب+س" يا بولمىسا "ق+س+ب"①.

"ئەگەر ئالدىرىسىڭىز، تاكسىنى چاقىرىشقا توغرا كېلىدۇ، چۈنكى ترامۋاينىڭ مېڭىشىغا يەنە يېرىم سائەتچە بار. (ھ. ئا.) ئەگەردە ئۇ كېلەلمەيدىغان بولسا، مەن ئۆزەم ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ كېلىمەن، چۈنكى ئۇنىڭسىز بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. بىلىملىك ئادەم بولىمەن دېسەڭ، كىتابنى كۆپ ئوقۇش كېرەك، چۈنكى كىتاب بىلىمنىڭ مەنبەسىدۇر." بۇ مىساللاردىن كۆرۈپ ئولتۇرىمىزكى، باش جۈملىگە ئىككى تۈرلۈك بېقىندى جۈملە باغلىنىپ كەلگەن: شەرت بېقىندى جۈملە بىلەن سەۋەب بېقىندى جۈملە. مۇنداق تۈزۈلۈشتىكى قوشما جۈملىلەرنىڭ فورمۇلىسى: ش+ب+س.

باش جۈملىگە قارشىلىق ۋە ۋاقىت بېقىندى جۈملىلەر باغلىنىپ

---

① "ق — "قارشىلىق بېقىندى جۈملە، "ب — "باش جۈملە، "س — " سەۋەب بېقىندى جۈملە، "ش — "شەرت بېقىندى جۈملە، "ۋ — "ۋاقىت بېقىندى جۈملە، "ن — "نەتىجە بېقىندى جۈملە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېلىدۇ: "خېلى زامان ئۆتكەن بولسىمۇ، مەن بۇ يېزىنىڭ چېتىدىكى كوۋرۇكنى كورگەندە، بۇ يەردە بولغان قاتتىق جەڭلەر كوز ئالدىمغا كېلىدۇ. غۇلام مېنى ياخشى تونۇمىسىمۇ، ئىككىمىز بىرەر يەردە ئۇچ-رىشىپ قالغاندا، ئۇ مېنىڭ بىلەن سالاملاشماي قالمايدۇ." مۇنداق تۈزۈلۈشتىكى قوشما بېقىندا جۈملىلىرىنىڭ باش جۈملىسى بىلەن بېقىندا جۈملىلىرىنىڭ جايلىشىشىنى "ق+ۋ+ب"بەلگىلىرى ئارقىلىق كورسىتىشكە بولىدۇ.

"ئۇلار چولگە يېتىپ بارغاندا، شۇنداق قاتتىق شامال چىقتىكى، بىر دەمنىڭ ئىچىدە ئۇلارنى چاڭ-توپا بېسىپ كەتتى. بىز يېڭىلا زالغا كىرىپ جايلىشىپ ئولتۇرغاندا، هاۋا شۇنداق قاتتىق گۈلدۈرلى-دىكى، هەتتا دەرىزىنىڭ ئەينەكلىرى جاراڭلاپ كەتتى." بۇ يەردىكى هەر بىر بېقىندا قوشما جۈملىنىڭ تەركىۋىدە ۋاقىت بېقىندا جۈملە بىلەن نەتىجە بېقىندا جۈملە كېلىپ، ئۇلارنىڭ هەر بىرى باش جۈم-لىگە بىۋاستە باغلىنىپ كەلگەن. مۇنداق بېقىندا قوشما جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى: ۋ+ب+ن.

باش جۈملىگە شەرت بېقىندا جۈملە بىلەن نەتىجە بېقىندا جۈم-لىلەر باغلىنىپ كېلىدۇ. مۇنداق بېقىندا قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركى-ۋىي قىسىملىرى "ش+ب+ن" تەرتىپتە جايلىشىدۇ. مەسىلەن:

ئەگەردە ئۇنى دىخانلار تۇتۇۋالماقچى بولسا، ئۇ شۇنداق چاپسان قاچىدۇكى، نەتىجىدە دىخانلار بىر بىرىنى ئۇرۇپ كېتىشىدۇ. (ئى. ت.)ئۇ بىزنىڭ زاۋۇتقا كەلسە، بىز ئۇنىڭغا شۇنداق غەمخورلۇق قىلاتتۇقكى، ئۇ ئاز ۋاقىتنىڭ ئىچىدە بىرەر هۈنەرنى ئۆگىنىۋالاتتى.

باش جۈملە بىلەن بىر ۋاقىت ۋە بىر شەرت بېقىندا جۈملىلەردىن تەركىپ تاپقان بېقىندا قوشما جۈملىلەرنىمۇ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: "ياز بولغاندا، ۋاقتىم بولسا، مەھەللىمىزگە بېرىپ كېلەي دېيمەن. شاكىر بىزنىڭكىگە كەلگەندە، ئەگەر مەن ئويدە بولسام،

ئىككىمىز خېلى نەرسىلەر توغرىلىق سۆزلىشىۋالاتتۇق." مۇنداق بېقىندا قوشما جۈملىلەرنىڭ فورمۇلىسى "ۋ+ش+ب". بەزىدە مۇنداق جۈملىلەر "ش+ۋ+ب"شەكلىدە تۈزۈلۈشى مۇمكىن: ۋاقتىم بولسا، ياز بولغاندا، مەھەللىمىزگە بېرىپ كېلەي دەيمەن.

باش جۈملىسىگە ۋاقىت بېقىندا جۈملە بىلەن سەۋەپ بېقىندا جۈملە باغلىنىپ كەلگەن قوشما جۈملىلەرنىمۇ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ؛ دوختۇر دمىترى ئىونىچ ستارتسېۋ... ديالىژگە كوچۇپ كەلگەندە، شۇ يەرلىك كىشىلەر، ئۇ زىيالى ئادەم بولغانلىقتىن، تۈركىنلار بىلەن تونۇشۇش زورۇر- لىكىنى ئېيتاتتى. (ئا. چ.) بىلىندازدىكى ھەممە ئوفىتسېرلار مېنىڭ بىلەن... سەمىمى خوشلاشقاندا، مەن ناھايىتى خوشال بولدۇم، چۈنكى مەن ئىككى يىلدىن بېرى ئىنسانلارچە مۇئامىلىدىن ئايرىلغان ئىدىم. (م. ش.)

بۇ تىپتىكى بېقىندا قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدىكى بېقىندا جۈملىلەر قاتارلىشىپ كېلىشى مۇمكىن: "دوختۇر دمىترى ئىونىچ ستارتسېۋ... ديالىژگە كوچۇپ كەلگەندە، ئۇ زىيالى ئادەم بولغان- لىقتىن، شۇ يەرلىك كىشىلەر تۈركىنلار بىلەن تونۇشۇش زورۇرلى- كىنى ئېيتاتتى." بۇنىڭغا ئوخشاش بېقىندا قوشما جۈملىلەر "ۋ+س+ ب" ۋە "ۋ+ب+س"شەكلى بويىچە تۈزۈلىدۇ.

"...بۇنى ئاڭلاش سىزگە ئېغىر بولسىمۇ، شۇنى ئېيتايكى، پاۋىل قاماقتىن قېچىشقا ئۇنىمايدۇ..." (م. گ.) بۇ تىپتىكى بېقىندا قوشما جۈملىلەرنىڭ باش جۈملىسىگە قارشىلىق بېقىندا جۈملە بىلەن تولۇق- لىغۇچى بېقىندا جۈملىلەر باغلىنىپ كەلگەن. مۇنداق جۈملىلەرنىڭ تەركىۋى قىسىملىرىنىڭ جايلىشىش فورمۇلىسى: ق+ب+ت.

"شام يېنىقلىق تۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچى شۇنداق قاراڭغۇ كورۈندىكى، ئۇ دەررۇ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى." "بۇگۈن يامغۇر ئىككى-ئۈچ سائەتلا ياققان بولسىمۇ، ئېرىقتىكى سۇلار شۇنداق تېشىپ كەتتىكى، بىردەمنىڭ ئىچىدە كوچىلار، كوكتاتلىقلار سۇ ئاستىدا قالدى." بۇ يەردىكى ھەر بىر بېقىندا قوشما جۈملىنىڭ تەر-

www.uyghurkitap.com

كىۋىدە باش جۈملىگە قارشىلىق بېقىندا جۈملە بىلەن نەتىجە بېقىندا جۈملە باغلىنىپ كەلگەن. بۇ تىپتىكى جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىي قىسىملىرىنىڭ جايلىشىش شەكلىنى "ق+ب+ن" بەلگىلىرى ئارقىلىق كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

بېقىندا قوشما جۈملىنىڭ باش جۈملىسىگە باشقا ھەر خىل بېقىندا جۈملىلەرنىڭمۇ باغلىنىپ كېلىشى مۇمكىن. دېمەك، تەركىۋىدە ھەر خىل بېقىندا جۈملىلەر تەركىب تاپقان بېقىندا قوشما جۈملىلەرنىڭ تىپلىرى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئۈلگىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ باشقا تۈرلىرىنىڭمۇ ئۇچرىشى مۇمكىن.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىن كۆرۈپ ئۇلتۇرىمىزكى، بېقىندا جۈملىلەر ئاساسەن باش جۈملىنىڭ خەۋىرىگە باغلىنىپ كېلىدۇ. بەزىدە بېقىندا جۈملىلەر باش جۈملىنىڭ خەۋىرىنى ئەمەس، بەلكى باشقا مۇچىلىرىنى ئىزاھلاپ، تولۇقلاپ كەلگەن بېقىندا قوشما جۈملىلەرمۇ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، "كىمدۇ-كىم بارىمەن دېسە، ئۇ چاپسانراق كەلسۇن، چۈنكى ماشىنا بىر سائەتتىن كېيىن كېتىدۇ" دېگەن بېقىندا قوشما جۈملىنىڭ تەركىۋىدىكى بىرىنچى بېقىندا جۈملە (كىمدۇ-كىم بارىمەن دېسە) ئىگە بېقىندا جۈملىدۇر، ئۇ باش جۈملىنىڭ ئىگىسى (ئۇ)نى ئىزاھلاپ كەلگەن، ئىككىنچى بېقىندا جۈملە (چۈنكى ماشىنا بىر سائەتتىن كېيىن كېتىدۇ) سەۋەب بېقىندا جۈملىدۇر، ئۇ باش جۈملىنىڭ خەۋىرىگە باغلىنىپ كەلگەن.

بېقىندا قوشما جۈملىنىڭ تەركىۋىدىكى ھەر خىل بېقىندا جۈملىلەر، باش جۈملىنى ھەر تەرەپتىن ئىزاھلاپ، مەنە جەھەتتىن تولۇق بولۇپ، باش جۈملىگە ھەربىرى بىۋاستە باغلىنىپ، بىر-بىرى بىلەن بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلانمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي باغلىغۇچىلىرى بولمايدۇ (بىر خىل بېقىندا جۈملىلەرنىڭ ھەممىسىگە

خاس، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بېقىنىشىنى ئىپادىلەيدىغان "ئەگەر،
سەۋەبى، چۈنكى" ئوخشاش ئومۇمىي باغلىغۇچىلىرى بار). بىر خىل
تەگداش بېقىنىدا جۈملىلەر بىلەن ھەر خىل تەگداش بېقىنىدا جۈملە-
لەرنىڭ يەنە بىر پەرقى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىر خىل تەگداش
بېقىنىدا جۈملىلەر ھەممىشەم بىرسىنىڭ كەينىدىن بىرى قاتارلىشىپ
كەلسە، ھەرخىل تەگداش بېقىنىدا جۈملىلەرنىڭ قاتار كېلىشى
شەرت ئەمەس، يەنى بەزىدە ئۇلارنىڭ بىرى باش جۈملىنىڭ
ئالدىدىن، ئىككىنچىسى كەينىدىن كېلىشى مۇمكىن (يۇقۇرىدا كەلتۈ-
رۈلگەن مىساللارغا قاراڭسۇن).
پەيدىن-پەي بېقىنىش. بىرنەچچە بېقىنىدا جۈملىلىك قوشما جۈملە-
لەرنىڭ تەركىۋىدىكى بېقىنىدا جۈملىلەر باش جۈملىگە ھەممىشەم
بىۋاستە، توغرىدىن-توغرا باغلىنىۋەرمەي، بەلكى باشقا يول بىلەن
باغلىنىپ كېلىشى مۇمكىن. بىرنەچچە بېقىنىدا جۈملىلەرنىڭ باش
جۈملىگە بىۋاستە، توغرىدىن-توغرا ياكى ۋاستىلىق باغلىنىپ كېلىشى
ئۇلارنىڭ تۈرلىرىگە، مەنىلىرىگە باغلىق. پەيدىن-پەي باغلىنىش
ئارقىلىق بېقىنىدا جۈملىلەر باش جۈملىگە توغرىدىن-توغرا باغلانماي،
بەلكى ئاۋال بىر بىرىنى ئىزاھلاپ بىرى ئىككىنچىسىگە بېقىنىپ،
ئاندىن كېيىن باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. پەيدىن-پەي باغلىنىشتىكى
بېقىنىدا جۈملىلەر مەزمۇن جەھەتتىدىن بىر بىرىگە چىپىسلىشىپ
كېلىدۇ. مۇنداق باغلىنىشتىكى بېقىنىدا جۈملىلەرنىڭ بىرى باش
جۈملىگە باغلىنىپ، ئۇ بېقىنىدا جۈملىگە باشقا بىر بېقىنىدا جۈملە
باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: "پۈتكۈل قىش ۋە ياز داۋامىدا شۇنداق
ئېغىر سائەتلەر بىلەن ئېغىر كۈنلەر بولۇپ ئۆتتىكى، بۇ ئادەملەر
ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ياشايدىكەن دەپ ئويلاشقا توغرا كېلەتتى.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۈن كەچۈرۈش ناھايىتى دەھ-
شەتلىك كۆرۈنەتتى." (ئا. چ.) بۇ قوشما جۈملىنىڭ باش جۈملىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بېقىندا جۈملىلەرنىڭ ئالدىدىن كېلىپ، ئۇنىڭغا پەقەت بىرىنچى بېقىندا جۈملىلا بىۋاستە باغلىنىپ كەلگەن، ئىككىنچى بېقىندا جۈملە بولسا باش جۈملىگە باغلانماي، بىرىنچى بېقىندا جۈملىگە باغلانغان.

پەيدىن-پەي بېقىنىش يولى بىلەن باش جۈملىگە باغلانغان بېقىندا جۈملىلەر باش جۈملىنىڭ ئالدىدىن يا كەينىدىن كېلىشى مۇمكىن.

**بېقىندا** جۈملىلەرنىڭ باش جۈملىنىڭ ئالدىدىن كېلىشى.

**باش** جۈملىنىڭ ئالدىدىن سەۋەپ بېقىندا جۈملە بىلەن مەقسەت بېقىندا جۈملىلەرنىڭ كېلىشى مۇمكىن (مۇنداق جۈملىلەرنىڭ فورمۇلىسى: س+م+ب):

"كۈن ئىسسىپ كەتكەنلىكتىن، گۈللەر قۇرۇپ كەتمىسۇن دەپ، بىز ئۇلارنى ھەر كۈنى ئىككى قېتىم سۇغىرىمىز."

"ئىدىرىس بىزنىڭ ئىدارە يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغاندا، قانچە ۋاقىردىغان بولساقمۇ، ئۇ ئاڭلىمىدى." "تۈنۈگۈن مەن يىغىندا ئۇنى كۆرگەندە، قانچە ئويلىساممۇ، ئۇنىڭ ئىسمى ئېسىمگە زادى كەلمىدى." بۇ تىپتىكى بېقىندا قوشما جۈملىلەرنىڭ باش جۈملىسىنىڭ ئالدىدىن ۋاقىت بېقىندا جۈملە بىلەن قارشىلىق بېقىندا جۈملە كەلگەن. بۇنىڭغا ئوخشاش جۈملىلەرنىڭ فورمۇلىسى: ۋ+ق+ب.

پەيدىن-پەي باغلىنىش يولى بىلەن باش جۈملىگە باغلىنىپ كەلگەن بېقىندا جۈملىلەرنىڭ بىرىنچىسى ۋاقىت بېقىندا جۈملە، ئىككىنچىسى ئىگە بېقىندا جۈملە بولۇپ كېلىدىغان مىساللارنىمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن (فورمۇلىسى: ۋ+ئى+ب). مەسىلەن: "يىغىن بولىۋاتقاندا، كىمكى سوئال بەرگۈسى كەلسە، ئۇ سوئالىنى دوكلاتچىغا يېزىپ بېرىشى كېرەك."

"قاتتىق شامال چىققاندا، ئالمىنىڭ شاخلىرى سۇنۇپ كەتمىسۇن دەپ، بىز ئۇلارنى تىرەپ قويدۇق." مەزكۇر تىپتىكى قوشما جۈملە-

لەرنىڭ باش جۈملىسىنىڭ ئالدىدىن ۋاقىت بېقىندا جۈملە بىلەن مەقسەت بېقىندا جۈملىلەر جايلاشقان. مۇنداق جۈملىلەرنىڭ فورمۇلىسى: ۋ+م+ب.

”ۋاقتىڭ بولماي كېلەلمەيدىغان بولساڭ، بىز خەۋەردار بولايلى.“ ”قار ناھايىتى قېلىن يېغىپ، يول كۆمۈلۈپ كەتسە، ھەممىمىز ئۇنى تازىلاشقا چىقىمىز.“ مۇنداق قوشما جۈملىلەر باش جۈملە بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدىن كەلگەن سەۋەپ بېقىندا جۈملە ۋە شەرت بېقىندا جۈملىلەردىن ئىبارەتتۇر. بۇلارنىڭ فورمۇلىسى: ”س+ش+ب“. بىز يۇقۇرىدا تەركىۋىدە باش جۈملىگە پەيدىن-پەي بېقىنىش يولى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن بېقىندا جۈملىلىرى بار بېقىندا قوشما جۈملىلەرنىڭ بەزى ئاساسىي تۈرلىرىگىلا توختاپ ئۆتتۇق. ئەلۋەتتە، مۇنداق بېقىندا قوشما جۈملىلەرنىڭ باشقا تىپلىرىنىمۇ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

پەيدىن-پەي بېقىنىش يولى بىلەن باش جۈملىگە باغلانغان بېقىندا جۈملىلەرنىڭ باش جۈملىدىن كېيىن كېلىشى.

باش جۈملىدىن كېيىنكى بېقىندا جۈملىلەر ھەر بىرى باش جۈملىگە بىۋاسىتە باغلانماي، بەلكى ئۇلار بىرىكىپ باش جۈملە بىلەن مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. باش جۈملىدىن كېيىن كەلگەن بېقىندا جۈملە ئۆزىدىن كېيىنكى بېقىندا جۈملە بىلەن زىچ باغلىنىدۇ؛ ئىككىنچى بېقىندا جۈملە بىرىنچى بېقىندا جۈملە ئۈچۈن باش جۈملە بولۇپ كېلىدۇ، يەنى باش جۈملىگە ھەقىقەتتە بېقىندا قوشما جۈملە باغلىنىدۇ، لېكىن مۇنداق بېقىندا قوشما جۈملە بىرىنچى جۈملە ئۈچۈن بېقىندا جۈملە ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرىدۇ. دېمەك، بۇ تىپتىكى بېقىندا جۈملىلىك قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدىكى بېقىندا جۈملىلەر، بىرىنچىدىن، بىرىكىپ باش جۈملىگە بىر بېقىندا جۈملە سۈپىتىدە باغلانسا، ئىككىنچىدىن، ئۇلار ئۆزئارا بىر بىرى بىلەن

www.uyghurkitap.com

زىچ باغلىنىپ، ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى ئىككىنچىسىگە بېقىندا رەۋىشتە باغلىنىپ كېلىدۇ، يەنى باش جۈملە بىلەن بېقىندا جۈملە ئۆزئارا قانداق مۇناسىۋەتتە بولسا، ئۇلارمۇ شۇنداق مۇناسىۋەتتىدۇر. مەسەلەن: "شۇنى ئېسىڭدىن چىقارمىغىنكى، كوڭۇل قويۇپ ئىشلىمىسەڭ. ئىشىڭ ساپالىق بولمايدۇ" دېگەن جۈملە ئىككى قىسمىغا بۆلۈنۈپ. ئۇنىڭ بىرىنچى قىسمى باش جۈملىدىن (شۇنى ئېسىڭدىن چىقارمىغىنكى)، ئىككىنچى قىسمى تولۇقلىغۇچى بېقىندا جۈملىدىن ئىبارەتتۇر؛ بۇ جۈملىنىڭ ئىككىنچى قىسمى ئىككى جۈملىدىن — شەرت بېقىندا جۈملە (كوڭۇل قويۇپ ئىشلىمىسەڭ) بىلەن باش جۈملىدىن (ئىشىڭ ساپالىق بولمايدۇ) تەركىب تاپقان: ئىككىنچى قىسمىدىكى جۈملىلەر بىرىكىپ، باش جۈملىگە (شۇنى ئېسىڭدىن چىقارمىغىنكى) نىسبەتەن تولۇقلىغۇچى بېقىندا جۈملە بولۇپ كەلگەن.

مۇنداق قوشما جۈملىلەرنىڭ ئىككىنچى قىسمىدىكى بېقىندا جۈملەلەر بىرىكىپ، باش جۈملىگە نىسبەتەن ھەر تۈرلۈك بېقىندا جۈملىلەر بولۇپ كېلىدۇ.

باش جۈملىگە نىسبەتەن بېقىندا جۈملىلەر تولۇقلىغۇچى بېقىندا جۈملە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: "شۇنى قانائەتلەنگەنلىك بىلەن تەكىتلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، ئەتىياز پەسلىدە ھاۋا رايىنىڭ تۇراقسىز بولغىنىغا قارىماي، بۇ يىل يازلىق زىرائەتلەر ياخشى ئاگرو تېخنىكىلىق مۇددەتتە تېرىلدى." ("ك. ت.") "ئاگرونوم سىزگە شۇنى ئېيتماقچىكى، ئەگەر كولخوزىمىز مىنېرال ئوغۇتلاردىن تولۇق پايدىلانسا، كوممۇقوناق ياخشى ئۆسىدۇ." ("ك. ت.") بۇ مىساللاردىن كۆرۈپ ئولتۇرىمىزكى، مۇنداق قوشما جۈملىلەرنىڭ باش جۈملىلىرىدىن كېيىن كەلگەن بېقىندا جۈملىلەر ھەر تۈرلۈك بولىسمۇ (مىقدار-دەرىجە، شەرت، قارشىلىق...)، ئۇلار ئۆزلىرىدىن كېيىنكى جۈملىلەر بىلەن بىرىكىپ، تولۇقلىغۇچى بېقىندا جۈملە

ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرىدۇ.

باش جۈملىدىن كېيىن كەلگەن جۈملىلەر بىرىكىپ، باش جۈملىگە نىسبەتەن سەۋەپ بېقىندا جۈملە بولۇپ كېلىشى مۇمكىن: ئۇلار ئىككى كۈن كېچىكىپ بېرىپتۇ، چۈنكى كۈن ئۇچۇق بولماي، ساموليوت ئۇچماپتۇ.

بۇ تىپتىكى بېقىندا قوشما جۈملىلەرنىڭ باش جۈملىلىرىدىن كېيىن جايلاشقان جۈملىلەر بىرىكىپ، باش جۈملىلەرگە نىسبەتەن باشقا تۈرلۈك بېقىندا جۈملىلەر بولۇپ كېلىشىمۇ مۇمكىن.

## ئارىلاش قوشما جۈملىلەر

ئارىلاش قوشما جۈملىلەر قوشما جۈملىلەرنىڭ ئەڭ تەرەققىي ئەتكەن مۇرەككەپ فورمىسىدۇر. قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدىكى بەزى جۈملىلەر باغلىنىش يولى بىلەن، بەزى جۈملىلەر بېقىنىش يولى بىلەن بىرىكىشى مۇمكىن. مۇنداق تۈزۈلۈشتىكى قوشما جۈملىلەر ئارىلاش قوشما جۈملىلەر دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تىپتىكى قوشما جۈملىلەرنى تۈزۈشنىڭ تۈرلۈك ئۇسۇللىرى بولىدۇ.

ئارىلاش قوشما جۈملىلەر تۆۋەندىكى ئۇسۇللار ئارقىلىق ياسىلىدۇ:

1) ئاددىي جۈملە بىلەن بېقىندا قوشما جۈملىنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق. مەسىلەن: ...چايدىن كېيىن دادامىمۇ، ئاپامىمۇ پاراڭ سېلىپ ئولتۇرغان يېرىدە قىيشىيىپ، ئۈگىدەشكە باشلايدۇ، مەنمۇ ئالا مۈشۈكۈم بىلەن ئويناپ ـ ئويناپ ئۇيقۇم كەلگەندە، يېتىپ تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىمەن. (ئو. م.) بۈلتۈر بىز ياخشى ئىشلىدۇق، لېكىن ھەممىمىز بىردەك تىرىشىپ ئىشلەيدىغان بولساق، بىزنىڭ كولخوز رايوندا بىرىنچى ئورۇنغا سۆزسىز ئىگە بولىدۇ.

بۇ ئارىلاش قوشما جۈملىنىڭ سخېمىسى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ①:

① سخېمىلاردا باش جۈملىلەر ئۈچۈن دۈگىلەك (◯)، بېقىندا جۈملىلەر ئۈچۈن تۆت بۇرجەك (▭) ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كورۈپ ئۆلتۈرىمىزكى، بىرىنچى مىسالدىكى ئاددىي جۈملە بېقىندا قوشما جۈملە بىلەن باغلىغۇچىسىز ئارقىلىق، ئىككىنچى مىسالدىكى ئاددىي جۈملە باغلىغۇچى ئارقىلىق بىرىككەن.

2) بېقىندا قوشما جۈملە بىلەن ئاددىي جۈملىنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق. مەسىلەن: ئۇ ئىشىكنى تاقىلداتقاندا، ئۆيىنىڭ ئىچكىرىسىدە كىملەرنىڭدۇ پاراڭ سېلىۋاتقىنى، يوتەلگىنى ئاڭلاندى، لېكىن ھېچكىم ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلمىدى. يول ئۈستىدە ياتقان سامانلارنى شامال قوزغىسا، ئاسلان شۇ سامانلار بىلەن ئوينايتتى، باللار ئۇنىڭغا قىزىقىپ خوشال بولۇشاتتى. (ل. ت.)

بۇنى توۋەندىكى سخېمىدىن كورۈشكە بولىدۇ:



بۇ مىساللارنىڭ بىرىنچىسىنىڭ تەركىۋىدىكى بېقىندا قوشما جۈملە بىلەن ئاددىي جۈملە ”لېكىن“ باغلىغۇچىسى ئارقىلىق، ئىككىنچىسىنىڭ تەركىۋىدىكى بېقىندا قوشما جۈملە بىلەن ئاددىي جۈملە باغلىغۇچىسىز بىرىكىپ كەلگەن.

3) باغلانغان قوشما جۈملە بىلەن بېقىندا قوشما جۈملىنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق. مەسىلەن: بوۋاي يەلكەمدىن مەككەم تۇتۇپ، ئىشىك تەرەپكە سورەپ ماڭدى، ئۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكىنىمدىن يىغلىۋەتكىنلى تاسلا قالدىم، ئۇ شۇنداق كەڭ ۋە ئىلدام چامدىدىسكى،... بىر دەم ئىلىشىنىڭ ئارىسىدا ئۆزەمنى كوچىدا كوردۇم. (م. گ.)

بۇ مىساللارنىڭ سخېمىسى:



4) بېقىندا قوشما جۈملە بىلەن باغلانغان قوشما جۈملىنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق. مەسىلەن: ئاخشىمى ھەممىمىز ئوتىنىڭ چورىسىگە يىغىلغان مەزگىلدە، لايكىمۇ كەلدى، ئۇنىڭ چىرايى سۇس، رەڭگى ئۆچكەن. (م. گ.) ئاياللار مېرۋانەمىنىڭ ئەھۋالىنى سوراشنى چەكسىز خالىغان بولسىمۇ، لېكىن ۋىراچنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قاراش بىلەنلا چەكلەندى، ۋىراچنىڭ چىرايى بولسا ئۇلارغا، ئادەتتە، جىددى ئىش ئۈستىدە بولىدىغان جىددىيلىكتىن باشقا ھەر بىر يېڭىلىقنى ئىپادە قىلاتتى، لېكىن ياش ئاياللار-



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىڭ كۆڭۈللىرىدە ھەر خىل جۇرۇش تۇيغۇلىرى پەيدا بولغان ئىدى. (ھ. ئا.)

بۇ مىساللارنىڭ سخېمىسى: (603-بەتتىكى 2-رەسىمگە قاراڭ)

5) ئىككى بېقىندا قوشما جۈملىنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق. مەسىلەن: "كۈن پاتقىلى ئاز قالغاندا، پىيونېرلار يولغا چىقتى، لېكىن يول يامان بولسىمۇ، ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا لاگېرغا يېتىپ كەلدى."

"ئاي قاراڭغۇ بولسىمۇ، بىز خاماندا ئىشلىدۇق، بارلىق بۇغداي تازىلانغاندىن كېيىن، بىز ئۆيگە قايتتۇق."

بۇ مىساللارنىڭ سخېمىسى:



بۇ ئارىلاش قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدىكى بېقىندا قوشما جۈملىلەر "لېكىن" باغلىغۇچىسى ئارقىلىق ۋە باغلىغۇچىسىز باغلانغان.

6) بېقىندا قوشما جۈملە ئالدىدىن ۋە كەينىدىن كەلگەن ئاددىي جۈملىلەرنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق. مەسىلەن: ئۇ ئالدىراشلىق بىلەن ئوت چىقىرىپ، قارىغاي يىلتىزىنىڭ چالا كۆيگەن قالدۇغىنى تۇتاشتۇردى ۋە ئوت بىردىنلا لاۋۇلداپ يانغاندا... يوپ-يورۇق بولۇپ كەتتى، لېكىن ئۆيچۆرىدە سۇدىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمىدى. (ئا. س.)

بۇ جۈملىنىڭ سخېمىسى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:



## كوچۇرمه ۋه ئۇزلەشتۇرمه گەپلەر

كىشىلەر سۆزلىگەندە ياكى يازغاندا، دائىم ئۆزىنىڭ پىكرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بايان قىلىنىۋاتقان پىكرىنىڭ ئىچىگە ئۆزگىنىڭ سۆزىنىمۇ قىستۇرۇپ ئېيتىشى مۇمكىن.

ئۆزگىنىڭ پىكرىنى بايان قىلغۇچى شەخس ئاپتور بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزى ئاپتور سۆزى دەپ ئاتىلىدۇ. ئاپتور باشقا بىرىنىڭ پىكرىنى ئەينى ئۆزى بويىچە ئىشلەتسە، ئۇ ئۆزگىنىڭ سۆزى ھىساپلىنىدۇ.

ئاپتور بايان قىلىپ تۇرغان پىكرىنى تەستىقلاش ۋە قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن ئۆزگىنىڭ سۆزىدىن پايدىلىنىدۇ. بۇ بولسا ئېيتىلىۋاتقان پىكىرنىڭ راۋان ۋە خىلمۇ-خىل بولۇشىنى تەمىنلەيدۇ: — شۇ كېۋىر بىزنىڭ بېشىمىزغا بىر بالا بولىدى، — دىدى شېرىپ، — قانداقلا قىلىپ بولسىمۇ ئۇجۇقتۇرۇش كېرەك ئىدى. (ئو. م.) — ئويلىنىشقا رۇخسەت قىلسىلا، تەخسىر، — دەپ جاۋاپ بېرىشىدىكەن. (چوچەك.)

ئەمدى ئۆزگىنىڭ سۆزىگە ھەرقاچان باشقا بىرىنىڭ ئېيتقانلىرىلا ياتماي، ئايرىم ھاللاردا شۇ سۆزلىگۈچىنىڭ بەزىبىر ئويلىرىمۇ كىرىدۇ: — سىلەرنىڭ ياسىغان بېغىڭلارنىڭ راھىتىنى مەنمۇ بۈگۈن خېلىلا كوردۇم، — دىدىم. (ئو. م.) — "ھەي يىتىملار، مانا سىلەرنىڭ ئاناڭلار.

www.uyghurkitap.com

بۇ سىلەر ئۇچۇن ئۆزىنى قۇربان قىلدى" — دېدىم. (ئى. ت.)

ئۆزگىنىڭ سۆزىنى ئاپتور تەرىپىدىن ئىشلىتىش ھەر خىل بولۇشى مۇمكىن: بىر ئورۇندا ئۆزگىنىڭ سۆزى ھېچقانداق ئۆزگىرىشسىز، ئەسلى نۇسخىسى بويىچە قوللىنىلسا، ئىككىنچى بىر ئورۇندا ئازدۇ-تولا ئۆزگەرتىلىدۇ، ئۇنىڭ ئومۇمى مەزمۇنى ساقلانغان ھالدا بەزىبىر گىراماتىكىلىق فورمىلار قوشۇلۇپ، ئاپتورنىڭ سۆزى شەكلىدە بېرىلىدۇ. ئايرىم ھاللاردا بولسا ئۆزگىنىڭ سۆزى كۆچۈرمە گەپ بىلەن ئۆزلەشتۈرمە گەپنىڭ ئارىلىقىدىكى ھالەتتە بولىدۇ. بۇنىڭدا ئۆزگىنىڭ پىكرى سېمانتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە سىنتاكسىسلىق تەرىپىدىن تولۇق ساقلىنىشىغا قارىماي، ئاپتور سۆزىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۆزگىنىڭ سۆزى كۆچۈرمە گەپ، ئۆزلەشتۈرمە گەپ ۋە ئۆزىنىڭكى بولمىغان كۆچۈرمە گەپ بولۇپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## كۆچۈرمە گەپ

كۆچۈرمە گەپ جانلىق تىلدا ۋە بەدىئىي ئەسەرلەردە كۆپ تەرەققىي قىلغان بولۇپ، تۈزۈلۈشى جەھەتتىن بىر سۆز ۋە مۇرەككەپ قوشما جۈملىلەر تۈرىدىمۇ كېلىۋېرىدۇ. ئاپتورنىڭ سۆزى بولسا كۆپىنچە بىر ئاددىي جۈملە، بەزىدە قوشما جۈملە شەكلىدىمۇ كېلىشى مۇمكىن: كىشىلەر ئالاقزادە بولۇشۇپ، ئۇنىڭدىن قېچىپ، بۇلۇڭلارغا موكىتى ۋە بىر بىرسىگە:

— ئۇر! — دەپ ۋاقىراشتى. (م. گ.) — ئۇھ! — دېدى ئازات تەپەس ئېلىپ. (ھ. ھ.) — بىز بۇ دەرەخلەرنى تىككەندە، سەن يوقمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى. (ئو. م.) — ئاسماندىكى غازنىڭ شورۋىسىغا نان چىلاپ يەپ يۈرۈۋېرىمىز دېگىن. بۇمۇ چوڭ قەيسەرلىك، — دەپ سادىر ئۆز تەنىسىنى توختاتقىسى يوق. — تۆكۈپ قويغان چوشۇرىلەر نۇرغۇن دېگىن؟ بىر كۈنى

تەلىيىڭلار بولسا، ئۇ چوشۇرلەر پىشىپمۇ قالار! — قوللىرىنى ئىككى يامپىشىغا ئۇرۇپ، قاقاقلاپ كۈلدى سادىر. (ج. ب.)

ئۆزگىنىڭ سوزى ئاپتور تەرىپىدىن كەلتۈرۈلگەندە، ئاپتورنىڭ سوزى كوپچىلىك ھاللاردا پېئىللار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭغا "دىمەك" پېئىلى تۈرلۈك فورمىلاردا كېلىپ (دىدى، دەپ، دىيىشتى، دەپتۇ، دىگەن، دىسە، دىگەندەك ...)، ئاساسىي پىكىرنى بايان قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ: — مانا ئوغلۇممۇ چوڭ بولۇپ قالدى. جىنىمىزغا ئەسقىتىپمۇ قالدى. يەنە 6 — 7 يىلدىن كېيىن بىزنى بەخۇدۇك باقىدۇ — دەيتتى. (ئو. م.) — ئىشچىلار ئىلگىرى، بۇرادەرلەر! — دەپ يىراقتىنلا ۋاقىرىدى ئۇ. (ج. ب.) ئاخشاملىرى ئۇ مېنىڭ بىلەن ساشىغا قاراپ:

— نىمىگە بىكار ئولتۇرىسىلەر؟ سوقۇشۇپ تۇرساڭلار بولمامدۇ، — دەيدىغان. (م. گ.)

ئەگەر ئاپتورنىڭ سوزى "دىمەك" پېئىلى بىلەن ئىپادىلىنىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن "-دە" ئۇلانمىسى كەلسە، ئېيتىلماقچى بولغان پىكىرنىڭ تېزلىك بىلەن ئەمەلگە ئاشقانلىغىنى بىلدۈرىدۇ: — توختا، مەن سېنى تۇتۇپ چىقىپ، ئىككى پۇتۇڭنى تامام كېسىپ تاشلىمىسام... — دەپتۇ-دە، ئۇزىنى تىك ياردىن دەرياغا تاشلاپتۇ. (چوچەك.)

ئايرىم ھاللاردا كوچۈرمە گەپنى ئۇيۇشتۇرغۇچى ئاپتور سوزى يۇقۇرىدىكى پېئىللارسىزمۇ ئېيتىلىدۇ: — قېنى، بۇرادەر، ئېيتىڭ! — ھەر تەرەپتىن قىزىقسىنىش، ئاۋازلىرى ئاڭلاندى، — كورەيلۇق. (ن. ئى.)

— ھوي، راستلا، ئۇ نىمە قەغەز، مەھەممەت؟ ئەپكەلگىنە بىرى، ساۋۇت يېزىۋاتقان دەپتىرىنى كىتاۋنىڭ ئارىسىغا سېلىپ، كىتاپنى ئاۋايلاپ ياپتى-دە... (ج. ب.)

بايان قىلىنىۋاتقان پىكىرنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ كوچۈرمە گەپنىڭ ئىنتوناتسىيىسىمۇ ھەرخىل بولىدۇ، يەنى كوچۈرمە گەپ قايسى ئورۇندا كەلمىسۇن، ئاپتور سوزىگە قارىغاندا كۈچلۈكرەك ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلىدۇ: — دولەتلىرىدە دىيىشىنى قارىسىلا تېخى، — ھەممە كۈلۈشتى. (ن. ئى.) لېكىن شۇندىمۇ ئۇ ئۆز سوزلىرىنى سوئال شەكلىدە بىۋاستە

www.uyghurkitap.com

زاھىدەمگە قاراتماي، مەسىمكام ياكى زوراخىندەمگە مۇراجەت قىلغاندەك ئېيتتى:

— زاھىدەمنىڭ كىتاۋى جىققۇ دەيمەن؟... (ھ.ئا.) توپ-توغرا بىرسېپ پاتنىڭ يۈزىنى ئاچتىم. ئاپپاق بولۇپ، سوزۇلۇپ، كۆزىنى يۇمغان ھالدا:

— سەن، سەن مېنى شۇنداق قىلدىڭ، دوختۇرغا ئاپىرىمەن دەپ ئالدىدىڭ، — دېگەندەك ياتىدۇ. (ئو. م.)

شۇنداقمۇ بولۇشى مۇمكىنكى، كوچۇرمە گەپ ھەر قاچان بايان قىلىنغان پىكىرنىلا كۆرسىتىپ كەلمەي، بەزىدە ئادەمنىڭ ئۆيىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. بۇنىڭدا ئېيتىلماقچى بولغان سۆز ئۆزگە بىرىگە ئەمەس، بەلكى سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزىگە قارىتىلغان بولىدۇ: قىز ئۆز كۆڭلىدە: "ئاقىۋەتتە ئۆزەم ئۆتۈپ چىقارمەن! يەنە لەۋزىمنى ئالمىدى دەپ رەنجىپ قالمىسۇن" دەپتۇ-دە، بېشىنى يۇماقچى بولۇپ، دەرياغا ئېڭىشكەندە، جادىگەر كەينىدىن ئىتتىرىۋېتىپتۇ. (چۆچەك.) "مېنىڭ ئۆلگىنىم راستىلا چىققان ئوخشايدۇ..." دېگەن ئوي يەنە كەلگەندە، كۆڭلۈم تېخىمۇ بۇزۇلدى. (ج. ب.)

ئايرىم ھاللاردا، يەنى گېزىت بېتىدە، تۈرلۈك تېخنىكىلىق قىيىنچىلىقلارنى يېنىكلىتىش مەقسىدى بىلەن كوچۇرمە گەپ ئادەتتىكىچە سىزىق ياكى قوش تىرناققا ئېلىنماي، پەش بىلەن ئاجرىتىلىدۇ. ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى ھەر خىل ئورۇنلاردا كەلگەن كوچۇرمە گەپلەر مىسال بولالايدۇ: ئاددىس-ئەببا كونفېرېنسىيەسىدىن كېيىن ئۆتكەن يىللار ئىچىدە ئافرىقىدىكى كولونىيالىزىمغا يېڭى زەربىلەر بېرىلدى، دەپ داۋام قىلدى ئۇ. ("ك.ت.") ئې ن س ئۇتتاكراگ ئۆز ماقالىسىنىڭ خۇلاسىسىدا، مەن دانىيە بىلەن سوۋېتلەر سويۇزىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرى ئىككى مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئىشەنچلىك ۋە خاتىرجەم ھالدا تەرەققىي قىلىدۇ دەپ ئۈمىت قىلىمەن ("ك. ت.")

جۈملىدە كوچۇرمە گەپ بىلەن ئاپتور سۆزىنىڭ كېلىش ئورنىمۇ ھەر تۈرلۈك بولىدۇ. ئەگەر كوچۇرمە گەپتىن كېيىن ئاپتور سۆزى كەلسە، بۇ ئىككى گەپنى "دېمەك" پېئىلى تۈرلۈك فورمىلاردا

كېلىشى بىلەن باغلاپ كېلىدۇ ۋە ئاپتور سۆزىدىكى جۈملە مۇچەلىرى-
نىڭ ئورنى ئالمىشىلغان بولۇپ، خەۋەر ئالدىن، ئىگە كېيىن كېلىدۇ:
— ساقىيىپ قالادىلا، تولا خاپا بولماستىن ياتسىلا، — دېدى ئىشىكتىن كىرگەن
كىشى. (ن.ئى.) — مەن توزنى كۆندىكدەكلا سىلىۋىدىم، ھەجەپ ئىش
بوپتىغۇ، — دېيىش بىلەنلا چەكلەندى چولپان. (ج. ب.)

ئاپتور سۆزىدىكى "دېمەك" پېئىلى جۈملىگە مەلۇم بىر ئاياقلاشقان
تۈسىنى بېرىش بىلەن، كوچۇرمە گەپنى باشقۇرىدۇ ۋە جۈملىدە
خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرىدۇ. بەزىدە بولسا "دېمەك" پېئىلى
سۆزلەشمىشكە باغلىق بولمىغان پېئىللار بىلەن بىللە كېلىپ كوچۇرمە
گەپنى ئاپتور سۆزى بىلەن باغلايدۇ. بۇنىڭدا ئاپتور سۆزى بىر ياكى
بىر نەچچە ئاددى جۈملىلەردىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن: — ئەسكى
چاپان كېيگەن ئادەمگە تويدا نېمە بار؟ — دەپ ئەپەندىنى قوغلاپ چىقىرى-
ۋېتىپتۇ. (ئە.ل.) — سالام، يەڭگە، ھارماڭلار! مانا، بىر توپ بولۇپ،
ھال-ئەھۋال سورىغىلى كەلدۇق، — دەپ دۈيشەن چاقچاق ئارىلاش سالام
بېرىپ، بىر توپ باللارنى كەينىگە ئەگەشتۈرۈپ، ھويلىغا كىرىپ كەلدى.
(چ. ئا.)

كوچۇرمە گەپ ئاپتور سۆزىدىن كېيىن كەلگەندە، جۈملە ئاددى-
تىكىچە بولىدۇ: بازارنىڭ دەللالى بىر كۈنى ئەپەندىدىن سوراپتۇ:
— ئەپەندىم، شەيتاننىڭ چىرايى قانداق بولىدۇ؟ ئەپەندى جاۋاپ
بەردى:
شەيتاننىڭ چىرايىنى كۆرمەن دېسىڭىز، ئەينەككە قاراڭ. (ئە. ل.)

بەزىدە ئاپتور سۆزى ئالدىن كېلىپ، ئۆزىدىن كېيىن كوچۇرمە
گەپنىڭ كېلىشىنى ئىشارە قىلغان تەقدىردە، "مۇنداق (شۇنداق)
دېدى" سۆزلىرى بىلەن تەكىتلىنىدۇ: بىر كۈنى مەن خوجايىنىمنىڭ
ئاچچىغىدا بەرگەن تاپشۇرۇغىنى ئورۇنلاپ، گرىگورىغا مۇنداق دېدىم:
— سېنىڭ خىزمەتچىلىرىڭ يامان... (م. گ.)

كوچۇرمە گەپ ئاپتور سۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەندە بولسا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاپتور سوزىنىڭ ئىگە تەركىۋى كوچۇرمە گەپتىن ئالدىن كەلگەندە، خەۋەر قىسمى كوچۇرمە گەپتىن كېيىن كېلىشى كوپ ئۇچرايدۇ: پالۋان ھاسانغا جىددى قارىغاندىن كېيىن:

— سەل تونىغاندەك قىلىمەن، لېكىن ياخشى تونىيالمايمەن، — دېدى ئۇماقلىق بىلەنگىنە چىشىنى كورسىتىپ. (ن. ئى.) ئاي يورۇغىدا قولۇڭىدىكى سائەتكە قاراۋېتىپ:

— ئەمدى ئۇمۇت ئۇز. بىز بولغاندىكىن سېنى خار قىلمايمىز. قىزلار كوپىقۇ، ئاجايىپ ياخشىلىرى بار، — دەپ تاغ تەرەپكە كوز تاشلىدىلىك. (ق.ت.)

كوچۇرمە گەپ شۇنداقلا ئاپتور سوزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىنمۇ كېلىدۇ. بۇنىڭدا ئاپتور سوزى ئورۇن ئالماشتۇرىدۇ، يەنى خەۋەر تەركىۋى ئالدىن، ئىگە قىسمى كېيىن بولۇپ ئورۇن ئالمىشىدۇ. — باللار، مەن سىلەرگە ھەرپ يېزىشنى، ئوقۇشنى، ساناشنى ئۇگىتىمەن. — دېگەن ئىدى شۇۋاقىتتا دۇيشەن. — ئوزەم نىمە بىلسەم، سىلەرگىمۇ شۇنى ئۇگىتىمەن... (چ. ئا.) — مەسىلەن، — دېدى داموللىسى، — يانچۇغىڭدا توت سوم پۇلۇڭ بار ئىدى. شۇ پۇللار چۇشۇپ قالسا، يانچۇغىڭدا نىمە قالىدۇ؟ (ئە. ل.)

## ئوزلەشتۇرمە گەپ

ئەمدى شۇ ئوزگە پىكىرنى ئاپتور دائىم ھېچقانداق ئوزگەرىشسىز پايدىلانماي، بەزىدە گىراماتىكىلىق جەھەتتىن ئوزگەرتىپ، ئوز سوزى بىلەن ھىكايە قىلىپ بېرىدۇ. تۇۋەندىكى جۇملىدە ئوزگەنىڭ سوزى ئاپتور تەرىپىدىن ھىكايە قىلىنغانلىغىنى كورىمىز: رەيھان ئولۇمدىن قورقۇش — ئاجىزلىق، لېكىن قورقمايمەن دەپ، ئوزىنى ئوتقا ئۇلۇمگە تۇتۇپ بېرىش — ئەخمەقلىق بولىدىغانلىغىنى، شۇنىڭ ئۇچۇن ھەر- قەدەمدە كومسومولارچە ھوشيار بولۇشنىڭ كېرەكلىكىنى، ئويلىماستىن ھەرقانداق ئىشقا تەۋەككۇل قىلىشمۇ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى توغرىسىدا سوزلەپ

كەتتى. (ج. ب.)
بۇ جۈملىدىكى ئاپتور سوزى "رەيھان سۆزلەپ كەتتى" بولۇپ،
قالغىنى ئاپتور تەرىپىدىن بايان قىلىنغان ئۆزگىنىڭ سوزى ياكى
كوچۇرمە گەپ بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. يۇقۇرىدىكى ئۆزلەشتۈرمە گەپتىن
كوچۇرمە گەپ ھاسىل قىلىنسا توۋەندىكىچە بولىدۇ: — ئۆلۈمدىن قور-
قۇش — ئاجىزلىق، لېكىن قورقمايمەن دەپ، ئۆزىنى ئوكايلا ئۆلۈمگە تۇتۇپ
بېرىش — ئەخمەقلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقەدەمدە كومسومولىلارچە
ھۇشيار بولۇش كېرەك. ئويلىماستىن ھەرقانداق ئىشقا تەۋەككۈل قىلىسمۇ
خەتەرلىك، — دەپ سوزلەپ كەتتى رەيھان.

كوپچىلىك ھاللاردا كوچۇرمە گەپتىن ئۆزلەشتۈرمە گەپ ھاسىل
قىلىشقا بولىدۇ ۋە سوزلىگۈچى شەخس ئۆزگىنىڭ كېپىگە بەزىبىر
ئۆزگىرىشلەرنى كىرگۈزىدۇ، ئۆز سوزى بىلەن بايان قىلىدۇ: —
بەزىبىر — دىدۇق — ئۈچ - توت ھوقۇقسىزلار پايدىلىنىۋاتىدۇ. (ئو. م.)
بەزىبىر ئۈچ - توت ھوقۇقسىزلارنىڭ پايدىلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتتۇق.

شۇنداق قىلىپ، كوچۇرمە گەپتىكى ئاپتور سوزى ئاساسەن
"دىمەك" پېئىلىنىڭ ھەر خىل فورمىلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان
بولسا، ئۆزلەشتۈرمە گەپ ھاسىل قىلىنغاندا، "ئېيتماق" پېئىلى بىلەن
ئالمىشىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۆزلەشتۈرمە گەپ كوچۇرمە گەپتىن
ئىنتوناتسىيىسى ۋە ئايرىم پېئىل فورمىلىرىنىڭ ئىشلىتىلمەسلىكى
بىلەنمۇ پەرقلىنىدۇ. كوچۇرمە گەپتە بىرنەچچە جۈملە بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر ئۆزلەشتۈرمە گەپكە ئايلاندۇرۇلغاندا، بىرنەچچە ئاددى
تولۇقلىغۇچى بېقىندا جۈملىلەر ھالىتىدە كېلىپ قالىدۇ. توۋەندىكى
كوچۇرمە گەپلەرنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلگەن شەكلى مۇنداق بولىدۇ: —
مېنىڭ بىربالام بارئىدى، شۇنىڭغا، ئۇ تېنەپ كەتكىنىگە ئىككى - ئۈچ ئاي
بولۇپ قالدى، شۇ چاققىچە ھىچ خەۋەرسىز، — دىدى ھەسەن. (ن. ئى.)
ھەسەن بىر بالىسىنىڭ بارلىغىنى، ئۇنىڭ تېنەپ كەتكىنىگە ئىككى - ئۈچ ئاي
بولۇپ قالغانلىغىنى، شۇ چاققىچە ھىچ خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. —
جەنۇبىينىڭ ئاپتۇۋى يامان. ئابدۇگايىت بىلەن ماڭا ئوخشاش ھول ياغاچلار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ىنىڭمۇ يېنىپ كېتىشى مۇمكىنىدە، — دېدى قولىغا بىر تۇدەك ئىشان تارىسىنى يۇگەۋاتقان دۇتارچى يىگىت. (ھ. ئا.) قولىغا بىر تۇدەك ئىشان تارىسىنى يۇگەۋاتقان دۇتارچى يىگىت جەنۇپ ئاپتۇۋسىنىڭ يامانلىقىنى، ئابدۇگايىت بىلەن ئۇنىڭغا ئوخشاش ھول ياغاچلارنىڭمۇ يېنىپ كېتىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتتى.

كوچۇرمە گەپ بىرنەچچە قوشما جۈملىلەر شەكلىدە كەلسە، ئۇلاردىن ئۆزلەشتۈرمە گەپ ھاسىل قىلىنغان تەقدىردە، بىر باش جۈملىگە بىرنەچچە ئاددىي تولۇقلىغۇچى بېقىندا جۈملىلەر سۈپىتىدە يانداشىپ كېلىدۇ.

ئەگەر كوچۇرمە گەپ سۆزلىگۈچىنىڭ تۇرلۇك مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلىگۈچى تەسىرلىك سۆزلەر بار جۈملىدىن تۈزۈلگەن بولسا، ئۇ جۈملىنى ئۆزلەشتۈرمە گەپكە ئايلاندۇرغاندا، ئۇنىڭ پەقەت سىرتقى فورمىسىلا ئەمەس، بەلكى ئايرىم ئىستىلىستىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، يەنى ئۆزلەشتۈرمە گەپ ھاسىل قىلىنغاندا، جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر چۈشۈپ قالىدۇ: — ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، سەۋىر-تاقەت لازىمدۇر، — دەپ تەكىتلىدى ئەمىردىن ئىمام. (ھ. ئا.) ئەمىردىن ئىمام سەۋىر-تاقەتنىڭ لازىملىقىنى تەكىتلىدى. — دېمەك، مەن سىلەرگە لەرقسىز كونسېرت قويۇپ بېرىپتىمەندە، — دەپ بىر ئاز ئېچىلدى نارىمان. (ھ. ئا.) نارىمان ئۇلارغا نەرقسىز كونسېرت قويۇپ بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ، بىر ئاز ئېچىلدى. — ھە، ئەمدى قولغا چۈشۈردۇق، — دېيىدۇ ئۇلار. (چوچەك.) ئۇلار ئەمدى قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى ئېيتتى.

لېكىن كۆپچىلىك سوئال ۋە ئۈندەش جۈملىلەردىن، دەبدەبىلىك سوئالدىن تۈزۈلگەن كوچۇرمە گەپلەردىن ئۆزلەشتۈرمە گەپ ھاسىل قىلىشقا بولمايدۇ: — ۋاي-ۋاي، جېنىم ئۇكام، بولدى، ئولدىغان بولدۇم، ئولدىغان بولدۇم! — بۇ ئاۋازغا قوشۇلۇپ، تېخىمۇ ۋاقىرىغان ئاۋاز كەينىمدىن ئاڭلاندى. (ئو. م.) — ۋاي! بۇ نېمە ئىش؟! بۇ قانداق گەپ؟! بۇنىڭدا بىرگەپ بارمۇ؟ — دېدى-دە، ھاشىمخان ئۆز-ئۆزىگە تېرىككىپ،

ئويلىنىپ قالدى. (م. ھ.)

كوچۇرمە گەپتىن ئۇزلەشتۇرمە گەپ ھاسىل قىلىنغاندا، كوچۇرمە گەپنىڭ خەۋىرى ھەرخىل زاماندا كەلگەن پېئىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇزلەشتۇرمە گەپكە ئوتكەندە گىراماتىكىلىق ئوزگىرىشلەرگە ئۇچرايدۇ، يەنى كوچۇرمە گەپتە خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇپ كەلگەن پېئىلنىڭ تومۇرىغا ئوتكەن زامان سۇپەت پېئىلىنىڭ قوشۇمچىسى "-غان (-گەن)" ۋە سوز ياسىغۇچى قوشۇمچە "-لىك"ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن چۇشۇم كېلىشىنىڭ قوشۇمچىسى "-نى" ئۇلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: — مەن "ئەخمەت ياخشى ئوقۇيدۇ"، — دىدىم دىگەن جۇملىنى ئۇزلەشتۇرگىنىمىزدە، مەن ئەخمەتنىڭ ياخشى ئوقۇيدىغانلىقىنى ئېيتتىم بولۇپ ئوزگىرىدۇ.

ئەگەر كوچۇرمە گەپنىڭ خەۋىرى پېئىللاردىن بولماي، باشقا سوز تۇركۇملىرىدىن بولسا، ئۇزلەشتۇرۇلگەندە شۇ سوزگە "-لىقىنى (-لىكىنى)" قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشى ياكى شۇ سوزدىن كېيىن "ئىكەنلىكى" پېئىلىنىڭ ئارتتۇرۇلىشى مۇمكىن: — ئۇنىڭدا تۇرغان نىمە... — دەيدۇ ھېكىماخۇن. (چوچەك.) ھېكىماخۇن ئۇنىڭدا تۇرغان نىمە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. — بەرىبىر، باردىغان يېرى شۇ بولغاندىن كېيىن، ۋاقتىدا ئۇزىتىلگىنى ئەۋزەل، — دىدى كىمدۇ بىرى. (ج. ب.) كىمدۇ بىرى بەرىبىر باردىغان يېرى شۇ بولغاندىن كېيىن، ۋاقتىدا ئۇزىتىلغانلىقىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئەمدى سوراق مەنىسىنى ئاڭلاتىدىغان كوچۇرمە گەپلەر ئۇزلەشتۇرۇلگەندە، ئىككى ھالەتنى كورۇش مۇمكىن.

1) كوچۇرمە گەپنىڭ خەۋىرى سوئال ئۇلانمىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بولسا، ئۇزلەشتۇرمە گەپكە ئايلاندۇرۇلغاندا، سۇپەت پېئىلى بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز فورمىدا ئىككى قېتىم تەكرارلىنىدۇ: — ھېلىقى ئاشتىن قالدىمۇ، قىزىم؟ — دەپ سورىدى ئۇ ناھايىتى زەئىپ ئاۋاز بىلەن. (ھ. ئا.) ئۇ قىزىدىن ناھايىتى زەئىپ ئاۋاز بىلەن ھېلىقى

www.uyghurkitap.com

ئاشتىن قالغان ـ قالمىغانلىقىنى سورىدى. ئەپەندىدىن بىر ساددا ئادەم سورىدى: ــ ئەپەندى، ئادەمنى تۇپىدىن ياسالدى دېگەن گەپ راستمۇ؟ (ئە. ل.) بىر ساددا ئادەم ئەپەندىدىن ئادەمنىڭ تۇپىدىن ياسالغانلىقىنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى سورىدى.

2) ئەگەر كوچۇرمە گەپ سوئال سۆزلىرى بىلەن تۈگىسە، ئۇ جۈملە ئۆزلەشتۈرمە گەپكە ئۆتكەندە، بىر سۈپەت پېئىلدىن ھاسىل بولغان ئىسىم بىلەن ئالمىشىدۇ. بۇ جۈملە قانچىلىك ئۆزگىرىپ كەتمىسۇن، ئۇنىڭ سوئال جۈملە ئىكەنلىكىگە سېزىلىپ تۇرىدۇ:

داموللىسى ئەپەندىدىن سورىدى:

ــ تۇتتىن تۇتنى ئالسا، قانچە قالىدۇ؟ (ئە. ل.) داموللىسى ئەپەندىدىن تۇتتىن تۇتنى ئالسا، قانچىسى قالىدىغانلىقىنى سورىدى. بىر كۈنى ئەمىر تىمۇر ئەپەندىدىن سورىدى:

ــ ئەپەندى، ئادەملەر قاچانغىچە تۇغۇلۇپ ئۆلۈۋېرىدۇ؟ (ئە. ل.) بىر كۈنى ئەمىر تىمۇر ئەپەندىدىن قاچانغىچە ئادەملەرنىڭ تۇغۇلۇپ ـ ئۆلىدىغانلىقىنى سورىدى.

شۇنداق قىلىپ، ھەرقانداق كوچۇرمە گەپتىن ئۆزلەشتۈرمە گەپ ھاسىل قىلىشقا بولمايدۇ. كوچۇرمە گەپنىڭ خەۋىرى ئۈچىنچى شەخستە كەلگەن پېئىل بولسا، ئۆزلەشتۈرۈشكە مايىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## شەرتلىك قىسقارتمىلار

ئا. ك — ئا. كۇپرىن
ئا. ق — ئا. قادىرى
ئا. ن — ئا. نىزارى
ئا. پ — ئا. پۇشكىن
ئا. س — ئا. سېرافىموۋىچ
ئا. ف — ئا. فادېيېۋ
ئا. ت — ئا. تولستوي
ئا. چ — ئا. چېخوۋ
«ئەد» — «ئەدەبىيات»
«ئە. ل» — «ئەپەندى لەتىپىلىرى»
«ئە. ئە. پ» — «ئەل ئەدەبىيات پارچىلىرى»
ب. ن — بىلال نازىم
ۋ. گ — ۋ. گيۇگو
ۋ. ك — ۋ. كورولېنكو
ۋ. ر — ۋ. رادلوۋ
گ. ب — گ. بريانتسېۋ
گ. ل — گ. لېدوۋ
ج. ب — ج. بوساقوۋ
ز. ق — ز. قاھاروۋ
ئى. ب — ئىليا بەختىيا

ئى. س — ئى. ساتتاروۋ
ئى. ت — ئى. تۇرگېنېۋ
«ئى. ئۇ» — «ئىلھام ئۇچقۇنلىرى»
«ك. ن» — «كۆرەش ناخشىلىرى»
«ك. ت» — «كوممۇنىزم تۇغى»
قاد — ق. قادىرى
ك. ت — ق. توختاموۋ
ل. م — ل. مۇتەللىپ
ل. ت — ل. تولستوي
م. ئە — م. ئەۋنىزوۋ
م. — مەسىلەن
م. گ — م. گوركى
م. ب — م. باقىيېۋ
م. ز — م. زولپىقاروۋ
م. ل — م. لېرمونتوۋ
م. ش — م. شولوخوۋ
م. خ — م. ھەمرايېۋ
ن. گ — گوگول
ن. ئى — ن. ئىسرايىلوۋ
ن. ئو — ن. ئوستروۋسكىي
ن. ت — ن. تىخونوۋ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇ. م. — ئۇ. مۇخەممەدى
پ. — ئا. پانتېلېيېۋ
ر. ق. — ر. قادىروۋ
س. ئە. — س. ئەيىنى
س. م — س. مۇقانوۋ
«ئۇ. س. ئە» — «ئۇيغۇر سوۋېت ئەدەبىياتى»
خ. ھ. — خ. ھەمرايېۋ
ھ. ئا. — ھ. ئابدۇللىن

ھ. ئى. — ھ. ئىسكەندەروۋ
«ھ. ك.» — «ھەر خىل كىشىلەر»
ھ. ھ. — ھ. ھېزىموۋ
چ. ئا. — چ. ئايتماتوۋ
«ش. ئە. س» — «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى»
«ش. ل.» — «شەرق لەتىپىلىرى»
يۇ. ۋ. — يۇ. فۇچىك
«يا. ئا» — «ياشلار ئاۋازى»

بۇ كىتاب قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ 1966 - يىلى ئالمۇتىدا سلاۋيان يېزىقىدا ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان نۇسخىسىدىن كۆچۈرۈپ نەشر قىلىندى.

本书根据哈萨克苏维埃社会主义共和国科学院维吾尔学学部编写的1966年阿拉木图用斯拉夫文出版的维吾尔文版本转写出版。

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى

## 2 - قىسىم

## مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا 306№)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا داھىيلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 19.625 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1985 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى
1985 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M9098·37
تىرازى: 1 — 8,600
باھاسى: 2.10 يۈەن

www.uyghurkitap.com

现代维吾尔语　（维吾尔文）
（第二册）

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　民族印刷厂排版
新疆乌苏县印刷厂印刷
850×1168毫米　32开本　19.625印张　2插页
1985年2月第1版　1985年8月第1次印刷
印数：1—3,600

书号：M 9098·37　　定价：2.10元